ئابدۇكېرىم قادىر

# تۆتىنچى ئېراغا سەپەر



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئابدۇكېرىم قادىر

تۆتىنچى ئېراغا سەپەر

مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت تەۋەت

ISBN 978-7-105-09838-5
9 787105 098385 >
定价：32.00元



ئابدۇكېرىم قادىر

# تۆتىنچى ئېراغا سەپەر

(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئېيتىلىشىچە، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بۇ زېمىن يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە شىمالىي دېڭىزغا تۇتىشىدىغان بىپايان دېڭىز بولغانىمىش. دېڭىزنىڭ ئەتراپى ئورمانلار، دەريا ۋە كۆللەر بىلەن قاپلانغان مۇنبەت سۇلۇق تۈزلەڭلىك بولۇپ، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق قىلىشقا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدىكەنمىش. چەكسىز كەتكەن بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان خەلق تەبىئەتنىڭ بىھېساب ھىممىتى ئىچىدە ياشاپ، نۇرغۇنلىغان چوڭ شەھەرلەرنى، بەگلىكلەرنى بەرپا قىلغانىمىش. مۇكەممەل ھالەتتە ياسالغان كوچىلار، سودا-كارۋان يوللىرى شەھەر ۋە يېزىلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، تېرىكچىلىك ۋە مەدەنىيەت يۇقىرى پەللىگە چىققانىمىش. كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ھايات، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى بىلىملىرى ناھايىتى مول ۋە توغرا بولغانىمىش... شۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار كېيىن قۇم ئېرلىسى باشلىنىپ، توپان بالاسى بېسىپ كېلىپتۇ، تاغلار ئوت بولۇپ يېنىپ، سۇلار ھورغا ئايلىنىپتۇ، زېمىن قۇرۇشقا باشلاپتۇ. جانلىقلار، ئادەملەر قىرىلىشقا باشلاپتۇ. جان ساقلاش كويىغا چۈشكەن كىشىلەر ئامالسىز تېرەپ-تېرەپكە كۆچۈشكە باشلاپتۇ...




— بۇ رومانىمنى بىباھا مېھنىتى ئارقىلىق قۇم-
لىشىۋاتقان زېمىننى كۆكەرتىۋاتقان ئاق كۆڭۈل
دېھقانلارغا، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان بالىلارغا
بېغىشلايمەن.

— ئابدۇكېرىم قادىر

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# نەشرىياتتىن

14 ـ 15، ـ ئەسىرلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، شۇنداقلا «تۇمارىس» مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، ياش يازغۇچى ئابدۇكېرىم قادىر 1969 ـ يىلى يەكەندە تۇغۇلغان. 1989 ـ يىلى قەشقەر مالىيە ـ سودا مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بويىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى تولۇق كۇرسىنى؛ شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى تولۇق كۇرسىنى تاماملىغان. ھازىر يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

2005 ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر ئابدۇكېرىم قادىرنىڭ «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «قەشقەر»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا «ئۆتكۈن كېچىسى»، «قىزىل قۇيۇن»، «تەشنارەڭ كۆڭۈل»، «خوتۇن تەگلىكى»... قاتارلىق يەتتە پارچە پوۋېست، 30 پارچىدىن كۆپرەك ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «دولقۇنلۇق تارىم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. «كونا كوچا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن 14 ـ نۆۋەتلىك؛ «ئەقىدە» ناملىق پوۋېستى بىلەن 15 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. 2007 ـ يىل 5 ـ ئايدا پروزا ئىجادىيىتى، جۈملىدىن ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە

«تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «تۆھپە» مۇكاپاتى بېرىلدى. «تارىم»، «قەشقەر»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللار ئارقا ـ ئارقىدىن «تىرىلىش، ئۆزىنى تونۇش، يۈرەكتىكى سۆز»، «‹دولقۇنلۇق تارىم› نىڭ تىل ئىزچىللىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «يىگىتلىك كوچىسى تولىمۇ ئەگرى ـ توقاي»، «يەنە يىگىتلىك ھەققىدە» دېگەن تېمىلاردا سۆھبەت خاتىرىسى، ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. «تەشنارەڭ كۆگۈل»، «زەينەپ»، «چۇۋۇق چىتلاق» قاتارلىق ئۈچ پارچە ھېكايىسى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 2008 ـ يىلدىن باشلاپ «غەربىي يۇرت ئەدەبىياتى»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. قولىڭىزدىكى «تۆتىنچى ئېراغا سەپەر» ناملىق بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ تۇنجى رومانى.

ئابدۇكېرىم قادىر يۇقىرىقىدەك ئىجادىي نەتىجىلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، يىرىك ئەسەر ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. ئىشىنىمىزكى، ئاپتورنىڭ مەزكۇر رومانى قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى، دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىچە تەرەپلىرىنى يارقىن، جانلىق سۈرەتلىيەلىگەنلىكى، پېرسوناژلار ئوبرازىدىكى غايە، ئىشەنچىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقى بىلەن ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى، جۈملىدىن رومانچىلىقىمىزغا يېڭى جۇلا بەرگۈسى!



ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# ئىچىدىكىلىرى

بىرىنچى باب ........................ 1
ئىككىنچى باب ........................ 51
ئۈچىنچى باب ........................ 101
تۆتىنچى باب ........................ 146
بەشىنچى باب ........................ 195
ئالتىنچى باب ........................ 243
يەتتىنچى باب ........................ 310
سەككىزىنچى باب ........................ 355
توققۇزىنچى باب ........................ 416
ئونىنچى باب ........................ 464
ئون بىرىنچى باب ........................ 509
ئون ئىككىنچى باب ........................ 560

# بىرىنچى باب

## 1

ئەتىگەندە كوْن چىقىشتىكى قىزغوْچ قوْم بارخانلىرىنىڭ
كەينىدىن ئاستا ـ ئاستا كوْتوْرۈلگەن قوْياش بىر كوْنلوْك
هاراربتىنى زېمىنغا تەقدىم قىلىپ بولوْپ، ئاخىرى بارا ـ بارا
كوْن پېتىشتىكى دولقوْنسىمان قوْملارنىڭ كەينىگە ئوْتوْپ
كەتتى. ئارائاۋاتتىكى ئابباسخاننىڭ ئوغلى هاپىز بىلەن قوْم-
ئاۋاتتىكى هەسەن خالۋاپىنىڭ قىزى نۇربوْۋىنىڭ توي مەرىكى-
سى كەچكى شەپەق جىلۋىسى ئىچىدە ئاخىرلىشىپ، ئارائاۋات-
لىقلار نەغمە ـ ناۋا ئىچىدە قىزنى يوْتكەپ كېتىشتى. يىراق ـ
يېقىندىن كەلگەن مېهمانلار، ئوْرۇق ـ توْغقانلارمۇ بىر ـ بىر-
لەپ ئوْزاپ، توي توْگىگەن بولدى.

— ئېلىنجاق ـ سېلىنجاق بىر كېلىشىپتىكەن بوْ خەق،
— دېدى نازىلخان توپا توزوْتوْپ يىراقلاپ كېتىپ قالغان تاك-
سى ۋە قاتارى ئېشەك هارۋىلىرىنىڭ كەينىدىن بويۇنداپ، —
خوْددى ئوْۋىسىغا سوْ كىرىپ كەتكەن هاشار چوْموْلىلىرىدەك!

— نازىلخاننىڭ ئاق سوْزوْككىنە كەلگەن يوْمىلاق چىرايىدا
چوڭ توي قىلىپ، قىز چىقارغانغا توْشلوْق خوْشاللىق يوق بو-
لوْپ، ئەل ـ يوْرتقا سالغان داستىخىنىغا قورسىقى ئاغرىغاندەك

ئېغىزى بېسىلمايتتى، — ئۇ خەق خىيالىدا، مۇشۇنداق قۇمدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قۇمئاۋاتلىقنى راسا بىر چۇكۇلدىتىپ قويايلى دېگەن چېغىۋا.

— ئۇنى بىر دېمەڭا ئاچا، — دېدى نايىمخان تېشىلەلمەي تۇرغاندەك تۇم لەۋلىرىنى كۆپۈشتۈرۈپ، — تويىنىڭ ئاش سۇيىنى دېيىشكەن ۋاقتىمىزدا ئەر قۇدىمىز ئاباسخان يۈزدىن ئارتۇق مېھمان ئەكەلمەيمىز، دەپ چىڭگىزلىك قىلىپ بىر باش زەدەك، تۆت سەر گۆشنىڭ ئۇستىدىمۇ تىك تۇرغان. ئايال قۇدىمىز ئاغىچىخانمۇ ھە دېگەندە ئېرىنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋېلىپ، بويىنىنى غازنىڭ بويىنىدەك سوزۇپ ئولتۇرۇپ دېمىدىگەن چىرايلىق گەپلىرى قالمىغان. مانا بۇگۈن ھاشىرىنى ساتىدىغاندەك بىر پاتمان ئادەمنى باشلاپ كەپتۇ! ئارائاۋات بىلەن قۇمئاۋاتنىڭ ئارىلىقىدىكى تار قۇملۇق يولغا قانداقمۇ پېتىشقاندۇ، شۇنچە ئادەم.

— كۆرمىدىڭلارمۇ، ئاچچىق ئۇچەيدەك ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سوزۇلۇپ كەلگىنىنى، — دەپ كۇلكە چىقاردى ئارىدا تۇرغان چوكانلاردىن بىرى، — تېخى قىزلىق قۇدا ئوغۇللۇق قۇدىنىڭ ئالدىغا ئۇسسۇل ئويناپ چىقسۇن دېيىشى قىزىق، ئۇلارنىڭ...

— بۇ گەپكە چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن كۇلۇپ كېتىشتى.

— ۋۇي، شۇنداقمۇ دېدىمۇ تېخى؟

— دېمەمدۇ، ئارائاۋاتلىقنىڭ دېمەيدىغان نېمە گېپى بار!

— ئۇ گەپنى كىم تاپقاندۇ، ئەمدى؟

— شۇلارنىڭ شەھەردىن چىققان تۇغقانلىرىدىن بىرى دېگەنمىش.

— ۋاي قوۋۇرغامەي، گاھى خەقلەر ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقتا لايغا دەسسەپ يۈرگىنىدىن خەۋىرى يوق، چۈشىدە شەھەرلىك-





نىڭ پوقىغا تېيىلىپ يۈرەمدۇ، نېمە؟ بىر نان تاپسا داپ چاپتۇ، دېگەندەك، قازانغا يىگىرمە - ئوتتۇز چارەك گۈرۈچ سېلىپ، توي قىلغۇدەك بولسا، تاپمايدىغان قىلىقى، بىر - بىرىگە قويمايدىغان شەرتى قالمايدىكىنا، ئەجەب؟!

ئەتىگەندىن بېرى نازىلخان ئۇچۇن كايىپ - جوۋاپ مېھمان ئۇزاتقان قوشنا ئاياللار، يەڭگىلىرى، كېلىن - قىزلىرى پەرتۇقنى يېشىۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ھەيرانلىق بىلەن غەيۋەت ھېسسىياتى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر كەيپىياتتا قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئىدى.

— ۋېيىەي، ئەمىسە مەن ئەجەب نازىلخاچامنىڭ ئايال قۇدىسى ئۇچۇن ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىنىنى كۆرمەي قاپتىمىنا؟

— نازىل ئاچام قۇدىسى ئۇچۇن ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىغان بوشاڭ خوتۇنلاردىن ئەمەس، — دېدى سۆزمەن ئاياللاردىن بىرى.

— ئەمىسە، ئۇلار تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىدۇ؟

— تاس - تاس قالدى، نازىل ئاچامنىڭ قۇدىسى ئۇسسۇلنى ئۆزى ئوينىغىلى.

— قانداق بولدى؟

— ئەر قۇدىنىڭ ئاچچىقى يامانكەن، ئاياللارنىڭ ھويلىغا كىرمەي قوللىرىدىكى زەللىسىنى كۆتۈرگىنىچە دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ، قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك يۆگىشىپ تۇرغان بۇرۇتىنى لىكىلدىتىپ شۇنداق بىر ئالىيىۋىدى، ئاغىچىخان تاتىرىپ كەتتى. يېنىدىكى ئاياللارغا ئېرىنى ئىما قىلىپ بىرنېمىلەرنى دەپ بەدەر ھويلىغا ماڭدى.

— بۇرۇتىغا لايىق سۈر - ھەيۋىسى بار ئادەمكەن ھە، ئە-

مىسە ئۇ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

— بەزى خوتۇنلارغا شۇنداق ئەرلەرمۇ ھەق !

— شۇنداق قىلىپ، ئايال قۇدىلارنىڭ بىر - بىرىنى
ئۇسسۇلغا سېلىش خىيالى سۇغا چىلاشتى، دەيلى؟

— كۆپۈككە ئايلاندى. ئەمما مېھمان بەك جىق بولغاچقا،
ئۇلارنى ئۇزاتقىچە نازىل ئاچام ئۇسسۇل ئوينىغاندىن ئۆتە جىق
چۆرگىلەپ قالدى.

— زادى مېغىزى يوق كو ياڭاقتەك پۇچەك خەقلەر بىلەن
قۇدىلىشىپ قاپتىكەنمىز، — دېدى نازىلخان پاگى سالغان
خېمىردەك ئۆزىچە ئۆرلەپ، — خۇددى قىزىمىز چوڭ بولۇپ
ئولتۇرۇپ قالغاندەك، ئەر چىقماي قالىدىغاندەك ئالدىراپ -
تېنەپ ئۇچۇر بېرىۋېتىپتىكەنمىز. ئىشنىڭ بىسمىللىستا
ھەشقاللىسى، نانلىقى، تويلۇقىدىن باشلاپ بىر چېقىۋالغىلى
تۇرۇپتى، ئاخىرى توي تۈگىگىچە قىلغان قىلىقى شۇ بولدى.

— نۇربۇۋىنى ئۆيگە ئاپىرۋالغاندىن كېيىنمۇ يەنە شۇ
قىلىقىنى قىلىپ، ئۇچىسىغا كىيىم، قورسىقىغا نان بەرمەي،
يات - يالۋاغلىقىنى كۆرستەرمۇ ئۇ تۆمۈر تىرناقلار؟!

— يامان بولسا بىر شۇنداق قىلىپ باقسۇن قېنى، قى-
زىمنى ئولتۇرغۇزىۋېلىپ، ئوساللىق قىلغىنىغا ئىلگىرى -
كېيىن دوڭغايتارمەن، ئۇ خەقنى! — دېدى نازىلخاننىڭ ئۆپ-
كىسى ئۆرلەپ.

— ئوبدان دېدىڭىز تازا، بىزمۇ ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىمىز-
نى كۆرستىپ قويمىساق، بىز ئۆلگىچە ئىشەك ئېتىپ بويند-
مىزغا مىنىۋالىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇلار... ئوغۇل چوڭ قىلغان
ئادەم چوڭ ئادەم ئەمەس... تېخى قىز بالا ئەتىۋارلىشىپ كې-





تىۋاتىدۇ، بۈگۈنكى كۈندە!

— هاي - هاي! توي تۈگىسىمۇ، تويغۇلۇقى تۈگىمىگەندەك
نېمە تۈگىمەيدىغان كوت - كوت ئۇ؟ — ئوغۇل تەرەپ قىزنى
كۆچۈرۈپ مېڭىشقاندىن كېيىن هويلا - ئارامنى يېسىقتۇ-
رۇش، ئۆتنە ئەكەلگەن قازان بېشى لازىمەتلىكلىرىنى ئىگىلد-
رىگە قايتۇرۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرگەن ھە-
سەن خالۋاپ، توي قازىنىنىڭ قارىسى يۇقۇپ قالغان قولىنى
دەسمال بىلەن سۈرتكەچ ئايالىلارنىڭ يېنىغا كەلدى، — ئاچا -
سىڭىل ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارچە ئۇلۇغ ئوتتا قالغان چۆگۈندەك
قايناپ كەتتىڭلارغۇ؟ ياكى قوشنىلارنى ئەتىگەندىن بېرى ھې-
رىپ قالدى، دەپ ئۇلارغا بىر - ئىككى پەدە ئويۇن قويۇپ بې-
رەي دەمسىلەر؟

— تاڭ ئاتقاننىڭياقى بۇ هويلىدا يوقتەك گەپ قىلمىسىلا
- ھەي، — دېدى نازىلخان ئېرىنىڭ هارغىن چىرايىغا پەرۋا-
سىز قاراپ، — خەق ئۆزىنى ئەرشئەلادا، بىزنى يەر - پەگادا
ھېسابلاپ قىز بەرگەنگە تويغۇزۇپ ئانى قىلىۋاتسا، يەنە غەملد-
رىدە يوق بىر ئاھاڭدا گەپ سورايدىكەنلا كىشىدىن.

— ئەمىسە سىلىنىڭ قاش - كۆزۈڭلارغا بېقىپ، خوتۇنۇم
خاپا بولۇپ قالدى دەپ خەق بىلەن سوقۇشسام بولامتى؟ —
ھەسەن خالۋاپنىڭ پېشانىسىدىكى تۇرۇم - تۇرۇم قورۇقلارنىڭ
بىرى مىڭ بولدى، — خۇدايىم قىزلىق تەرەپكە تاشتەك ئې-
غىرلىق بېرىمەن دەپتىكەن، خەق بىلەن تەڭ بولۇپ شىنىنىڭ
كاللىسىغا تەڭ مىنسەك، ئەل - جامائەتنى قارىتىپ قويۇپ
توينى بۇزساق بولىدۇ - شۇ! مېڭىڭلا، تولا گەپ قىلماي ئاۋۇ
كىگىز - كېچەكلەرنى يىغىشتۇرۇڭلار! — ھەسەن خالۋاپ خو-
تۇن - بالىلىرىغا چالۋاقاپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى جىملىدى.

چۆلدەرەپ قالغان ھويلا جىمجىت بولۇپ قالدى. ھويلىنىڭ ئالدىدىكى قۇمساڭغۇ يول، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئازغىنە سۇ بىلەن تېگى كۆرۈنۈپ قالغان ئۆستەڭ، يول ياقىسىغا جايلاشقان ئۆيلەر كەچكى شەپەق جىلۋىسىدە سۇس نۇرلىنىپ تۇراتتى.

ئەتىگەن تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ مەھەللە شاۋقۇن - سۈرەنگە تولدى. ھەممەيلەن ھەسەن خالۋاپنىڭ ھويلىسىغا جەم بولۇپ بىرلىرى قول سۇيى ئېلىپ، بىرلىرى داستىخان سېلىپ، بىرلىرى ئاش توشۇپ، يەنە بىرلىرى چاي قۇيۇپ دېگۈدەك ئاۋۋال مەسچىت - مەسچىتلەردىن كەلگەن جامائەتنى ئۇزاتتى. ئاندىن يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتتى. كۈن قوزىچۇشتىن ئۆتكەندە ئايال مېھمانلارنىڭ ئالدى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مېھمان ئۇزىتىش ئىشىنى ئاياللار ئۆتكۈزۈۋالدى.

قۇدا تەرەپتىكىلەر كەلگەندىن كېيىن ھەسەن خالۋاپ، نازىلخانلار بىردىنلا پايپاسلاپ قالدى. بۇنداق بولۇشى، قۇدىلارنىڭ مېھمىنى تويدىن ئىلگىرى پۈتۈشۈۋالغىنىدىن ئاز كەم بىر بار ۋەر كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھمانلار بىراقلا كەلگەن بولغاچقا، شۇنچە كەڭرى ھويلىغا پېتىشماي پاتىپاراقچىلىق پەيدا بولدى. مېھمان ئۇزىتىدىغان ئىشتا قۇدا مېھمىنىنى ئۇزىتىشتىنمۇ تەس ئىش بولمىسا كېرەك. كۆپىنچە قۇدىلار ھەر بىر ئىشتا ساھىبخانىنىڭ ئىپادىسىگە، ھەرىكىتىگە ئىنچىكە سەپ سالىدۇ. سالغان داستىخىنىغا، قويغان چېيىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارايدۇ. بايا نازىلخانىنىڭ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كېتىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن. ئۇ ئايال قۇدىسى مېھمانلىرىنى باشلاپ سەپ تارتىپ كەلگەندىن كېيىن شۇنچە





كۆپ مېھماننى كۆرۈپ چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. جابدۇپ قويغان يەتتە ئېغىز ئۆيگە پېتىشماي قېلىپ جىلە بولغان مېھمانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ۋىتىلداق ئاغزىدىن ئانچە - مۇنچە دېمەيدىغان گەپلەرمۇ چىقىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئەر مېھمانلارنىڭ ھالى يوقكەن، ھەسەن خالۋاپ ئۇلارنى ھويلىنىڭ كەينىدىكى ئۆرۈكلۈك باغقا باشلىۋىدى، ئوشۇق - تۆشۈك گەپ - سۆز قىلماي، ئۆرۈك سايىسىدىلا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشتى. ئەمما كۈيئوغۇلغا يىگىت قولدىشى بولۇپ كەلگەن ياش باللار ياشلىقىنى قىلىپ بىرئاز شوخلۇق قىلغان بولدى...

خۇداغا شۈكۈر، ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن، چوڭ ئىش يۈز بەرمەي تويمۇ ئۈزىدى. نۇربۇۋىنى چىرايلىق يۆتكەپ كېتىشتى. كونىلار مۇسۇلمانچىلىق دېگەن ئاستا - ئاستا بولىدۇ دەيتتىكەن، بۈگۈن لايىقىدا بولماي قالغان قائىدە - يوسۇنلار بولسا ئەتە - ئۆگۈن ئوبدانراق قىلىنىشىۋالامدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ قۇدىلىرىمىز بىلەن يەنە بىز بولغاندىكىن... خىيال سۈرگىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پەس قاراپ تۇرغان ھەسەن خالۋاپ خوتۇن - باللىرىغا ھويلا - ئارامنى يىغىشتۇرۇۋېتىشنى تاپىلاپ قويغاندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئېتىز - ئېرىق لازىمەتلىكلىرى قويۇلغان ئۈستى ئوچۇق ئۆيدىن كەتمىنىنى قولىغا ئالدى. باغ ئىشىكىدىن چىقىپ، ھويلا بىلەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا قىسىلىپ تۇرغان ئېتىزلىققا يېتىپ كەلدى.

بۈگۈن مەھەللىنىڭ سۇ نۆۋىتى بولۇپ، باشاق تارتىش ئالدىدا تۇرغان بۇغداي ئېتىزلىرى سۇغا تەشنا بولۇپ تۇراتتى. ھەسەن خالۋاپ ئېتىز بېشىدا توختاپ ئەتراپقا نەزەر سالدى.

قۇياش قۇم بارخانلىرىغا باش قويغان، كەچكى شەپەق نۇرىغا
چۆمگەن ئېتىزلىقتا كىشىلەر سۇ ياقىلاش بىلەن ئالدىراش
چېپىشىپ يۈرۈشەتتى.

ھەسەن خالۋاپ ياپپېشىل مايسىلار ئارىسىدىكى ئېرىق بو-
يىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كەتمىنىنى ئالدىغا قويدى. توي ھە-
لەكچىلىكى بىلەن يۈرگەن نەچچە كۈندىن بېرى ئىشلەتمەي قو-
يۇپ قويغان كەتمەنگە ئاندا ـ ساندا دات ئورناشقان، سېپىمۇ
بىرئاز بوشاپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ كەتمەنىنىڭ چۆلدىسىنى
ئېرىقتىكى قىزغۇچ لاي ئېقىنغا چىلاپ قويدى، بىر ھازا نەم-
دىلىپ كۆپۈشكە باشلىغان كەتمەن سېپى ئۆزلىكىدىن چىڭىپ
قالدى. خالۋاپ يەنە قەيەردىندۇر قولىغا چىقىپ قالغان كېۋەز
مۇندىسى بىلەن كەتمەننىڭ يۈزىدىكى دات ـ داغلارنى سۈرۈشكە
باشلىدى. كەتمەننىڭ يۈزى ئاستا ـ ئاستا پارقىراپ باشقىدىن
ئېچىلدى. ئاپئاق پارقىراپ تۇرغان كەتمەن يۈزىدە ئاخىرقى
شەپەق جىلۋىسىدىن بىر نۇر ئەكسلەندى. كەتمەندىكى نۇر
جىلۋىسىدىن كۆزلىرى چاقنىغان بۇ دېھقان ھاياجان ئىچىدە
بېشىنى كۆتۈرۈپ بىردە كەچكى شەپەق جىلۋىسىگە، بىردە قو-
لىدىكى كەتمەنگە زوقلىنىپ قاراپ كەتتى.

ئېھ، دېھقان... ھەسەن خالۋاپ قۇياشنى كۆتۈرۈۋالغاندەك
ھاياجانغا چۆمدى.

## 2

پىننەخان قېيىنئانىسىنىڭ كوتۇلداشلىرىنى ئاڭلاپ، قو-
لىدىكى سۈپۈرگىنى تامغا يۆلەپ قويدى. ئەتىگەندىن بېرى ئاغ-
چە ئېچىلماي قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ تۇرغان كېلىنچەك ئۆزد-





نى ھۇجرا ئۆيگە تاشلىدى. كېلىنىنىڭ بۇ قىلىقى قېيىنئانى-
نىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئەمما ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
كەينىدىن ھۇجرا ئۆيگە كىرىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، نېمە ئىش
بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئوغلى ھۇسىينا-
خۇننى ئىزدىدى. ھۇسىيناخۇن بولسا ھويلىدا كۆرۈنمەيتتى.

«بۇ كېلىنىمگە نېمە دەرز كەتكەندۇ ئەمدى...» نازىلىخان
كېلىنىنىڭ باتناپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى خىيال قىلغاچ، توپا
تۇزۇتقانچە كىگىزلەرنى قاقتى. ھېچنېمە نەزىرىدىن ساقىت
بولمايدىغان ئىنتىك كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا ئوغلىنىڭ ھۇج-
رىسى تەرەپكە قاراپ قويدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ كې-
لىنىدىن ئەھۋال سوراشقا رايى بارمايتتى.

خېلى بىر ۋاق بولۇپ، ئىشلار بېسىقىغا چۈشكەندە كىچىك
كېلىنىنىڭ ھۇجرىسىدا چوڭ كېلىن روزىگۈل پەيدا بولدى:

— نېمە بولدى، يەڭگەم سىزگە؟ بىردەمنىڭ ئىچىدە
ئالۋاستىڭىز كېلىپ قالدا ئەجەب؟

— ھېرىپ قالدىم، — دېدى پىننەخان.

— ياق، كۆڭلىڭىزدە باشقا گەپ بار، — چوڭ يەڭگە ئېپى
يەڭگىسىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي ئۇنىڭ يېنىغا چۆكتى، —
سىز ھېرىپ قالغانغا يېتىۋالىدىغان پىننەخان ئەمەس.

— راست، روزىگۈل ئاچا، — ئېپى يەڭگە بىر ئاز جانلىد-
نىپ، يەڭگىسىنىڭ بىر جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان بارماق-
لىرىنى سىلىدى.

— يوشۇرمىسىڭىزمۇ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلىپ بولدۇم
خېنىم... قېيىنئانامنىڭ تويىنى ئۈزىتىپ بولۇپ ئارائىۋاتلىقنى
قاساپ كەتكىنى كۆڭلىڭىزگە كەلدىغۇ، تايىنلىق؟

پىننەخان ئۈندىمىدى، يەڭگىسى دېگەندەك بايا ئۇ قېيىنئا-

نىسىنىڭ ئۇلارنى يامانلاۋېرىشىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىغان ئىدى.

— يۇرتلۇقىنىڭ گېپىنى قىلسا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ دەڭا، لېكىن قېيىنئانامنىڭ ئاشۇ ئاغزىنى سىزمۇ بىلىسىز، شۇڭا كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. نۆۋەتتە كەلگەندە ئالەمسازلىقنى راۋرۇس قىلىپ قويۇپ، ئارقىدىن ئاشۇنداق سۆزلەيدىغانغا كۆنۈپ قالغان ئېغىز، ئۇ.

— ھە دېسە قۇمئاۋاتلىق ئاق، ئارائاۋاتلىق كۆك... دەپ خەقنى يامان دەۋەرمەي، ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنىمۇ ئويلاپ قويسا بولىدۇ!

— ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى ئويلايدىغان كىم بار ھازىر. سىز ئاباسخانلارنىڭ قىزى بولمىغاندىكىن خاپا بولماڭا، بولدى، — روزىگۇل پىننەخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بۇ تاۋى نازۇك يەڭگىسىنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— شۇنداق بولسىمۇ كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىكەن.

— ھەي راست، بۇگۇن دېگەن توي تۇرسا، ئالتۇن زىرىڭىزنى سالماپسىزغۇ، يا ئانىڭىزنىڭ ساندۇقىدىمىتى؟

— ياق، مەشەدە ئىدى، كېيىنكى قېتىم يامانلاقتىن يېنىپ كەلگەندە زىرەمنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن... — پىننەخاننىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. يەڭگىسىنىڭ كۆڭۈل ئىزدىشى بىلەن ئازادىلىشىپ قالغان كۆڭلى باشقىدىن يېرىم بولدى.

— ئەمىسە قېنى، نېمىشقا سالمىدىڭىز؟

پىننەخان دېيىش تەس بولغان بىر گەپ ئۈچۈن قىينالغاندەك قوش قاپىقى دۆڭ كەلگەن يۇمۇق كۆزلىرىنى يەڭگىسىنىڭ چوڭ، كۆكۈش كەلگەن كۆزلىرىگە تىكتى:





— نېمە دېسەم بولار؟..

— نېمە بولسا، شۇنى دەڭ، — دېدى چوڭ يەڭگە ئېپى يەڭگىنىڭ ئاغزىغا تېخىمۇ تەقەززا بولۇپ.

— دېسەم مېنى زاڭلىق قىلارسىزمىكىن؟

— بۇ چاغقا قەدەر سىزنى زاڭلىق قىلىپ باققان يېرىم يوققۇ!

— كۆلمەڭ، ئەمىسە دەپ بېرەي... مېنىڭ ئۇ تويلۇق زىرەمنى ئېشەك دەسسىۋېلىپ مىجىلىپ كەتتى.

— ئوھا!... — روزىگۇل ئاغزىنى تۇتقىنىچە ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن كۈلكىسىنى بېسىشقا تىرىشتى.

— مۇشۇنداق كۈلۈپ، مېنى ئانى قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، — پىننەخان چوڭ يەڭگىسىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئۇ گەپنى دەپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلدى.

— ياق، ياق خېنىم، مەن سىزنى ھەرگىز زاڭلىق قىلمىدىم، — روزىگۇل دەرھال كۈلكىسىنى توختىتىپ ئۆزىنى ئاقلىدى، — ئالتۇن زىرە دېگەن ئادەمنىڭ قولىقىدا تۇرىدىغان ئەتىۋارلىق نەرسە تۇرسا، سىزنىڭ ئۇ زىرىڭىز نېمە قىلاتتى ئۇ ئېشەكنىڭ تۇۋىقىدا؟

— ھەممىسى ئاشۇ ھۇسىيناخۇن دېگەن گاچىنىڭ ئىشى بولمامدۇ!

— نېمە بولغان؟

— ئۆتكەن جۈمە كۈنى ئانامنىڭ ئۆيىگە ئازنىلاتقىلى ئاپارغاندا، يول يېرىم بولمايلا ئۇ گاچا ھارۋىدا بېشىنى چۆمكەپ ئۇخلىۋالدى. ئېشەك ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلىپ قالغاندەك مېنى زاڭلىق قىلىپ تېزەك پۇراپ تۇزۇك ماڭغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزەم ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇ

ھايۋاننىڭ تۇمشۇقىغا تاياق بىلەن سىلىپ چۇلۇۋۇرنى شۇنداق
بىر تارتقاندەك قىلغانتىم، ئۇستۇۋىشىمدىن بىر نەرسە توككىدە
چۈشكەندەك بىلىندى. نېمە بولدىكىن، دەپ قارىسام، ئالتۇن
زىرەم ئېشەكنىڭ ئاينىغىدا تۇرىدۇ! ۋاي ئېسىت دەپ قولۇمنى
ئۇزىتىپ ئېلىۋالغىچە، بېشىنى يېگۈرنىڭ ئۇ ئېشكى مەن بە-
لەن قېرىشىپ زىرەمنى دەسسەپ مىجىۋەتتى!
— ۋاي ئېسىت ! چوڭ يەڭگە ئېپى يەڭگىسىنىڭ ئالتۇن
زىرىسىگە ئىچ ئاغرىتقىنىچە ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى، — شۇنداق
بولسىمۇ ئېشەكنىڭ ئايىغىدىن تېپىپ ئېلىۋالغانسىز؟
— ئېلىۋالدىم. مىجىلىپ، دەسسەپ سالغان جىگدىدەك
بولۇپ كېتىپتىكەن...
— ئېرىڭىز ھۆسىيناخۇن ئۇقتىمۇ؟
— ئۇقتى. زىرەمگە ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاۋاتسام، مېنى
زاڭلىق قىلغاندەك ئالدى ـ كەينىدىن تەڭ خورەك تارتىپ
خىرامان ياتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «كۆزۈڭنى بىر ئاچقىنا خۇدا
سەتى گاچا» دەپ ئېشەك سانچىيدىغان ئۇچلىغۇچ بىلەن سوڭ-
گىچىگە بىر سانچىسام ، چۆچۈپ ئويغىنىپ تېخى « تاڭ ئاتتى-
مۇ خوتۇن» دەپ، چالا ئەسنەپ تاس ـ ماس قالدى ئېشەك ھار-
ۋىسىدىن تىك موللاق چۈشكىلى!
— ۋىيەي، كېيىن قانداق بولدى؟ زەرگەرگە ئەكىرىپ
ئوڭشىتىپ بېرىدىغان بولدىمۇ؟
— ئوڭشىتىپ بېرىش ئەقلىگە كېلەمدۇ ئۇنىڭ؟ تېخى ئۇ
نېمەڭلىنى ئېشەكنىڭ تۇۋىقىغا ئېسىپ قويغانمۇ خوتۇن دەپ،
تىزىغا شاپاللاپ ۋاقلاپ كۇلۇپ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ھارۋىغا چىققىلى ئۇنىماي يولنىڭ بويىدا ئول-
تۇرۇۋېلىپ راسا يىغلاپتىمەن. مېنىڭ يىغامغا قاراپ ئۇ گاچى-





مۇ جىلە بولۇپ بىردەم ئېشەكنى ئۇردى. كېيىن يېنىمغا كې-
لىپ يالۋۇردى. يەنە ھارۋىغا چىققىلى ئۇنىماي ئولتۇرۇۋالسام،
نۇربۇۋىگە تويلۇق ئالغىلى شەھەرگە كىرگەندە قايتا ياسىتىپ
بېرەي، دېدى شۇ...
— ئەمىسە ياساتماپسىزغۇ، مانا قېيىنسىڭلىمىزنىڭ تو-
يىمۇ تۈگىدى.
— ۋايجان...، — دېدى پىننەخان ئىچىگە تىنىپ، —بىز
خوتۇن خەقنىڭ ئارزۇلىغان ئىشىمىزنى قىلمىقىمىز ئەجەب
تەسكەن. تويلۇق ئالغىلى كىرگەن كۈندىكى ئىشتىن سىزنىڭ-
مۇ خەۋىرىڭىز بار. ئۇ كۈنى سودىلىق قىلغاندا بار مەسلىھەت
ئىش قىلىمىز دەپ، قىز تەرەپنىڭ ھەم يىگىت تەرەپنىڭ بولۇپ
بىر مۇنچە ئادەم شەھەرگە كىرىپتىمىز. ھارۋىلارنى شەھەرنىڭ
ئارقا كوچىسىدىكى دەڭدە قويۇپ، كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقساق،
چوڭ ئاپتوبۇسقا لىق كەپتىمىز. شەھەر ئىچىدە ئاپتوبۇستىن
چۈشسەك رەستىلەر تار كەلدى. دۇكانلارغا كىرسەك، بېشىمىز
دۇكاننىڭ ئىچىدە، ئايىغىمىز ئىشىك ئالدىدا ئاچچىق ئۇچەي-
دەك سوزۇلۇپ تۇرۇپ قالدۇق. مال تاللىغاندا بىرسىمىز ئۇنى
دەپ، بىرسىمىز بۇنى دەپ نەچچە دۇكانچى بىلەن ئۇرۇشۇپ
قالدۇق. ھېرىپ ـ ئاچقاندا ئاشخانىغا كىرسەك پېتىشماي
نەچچە ئاشخانىدىن يېنىپ چىقتۇق... شۇنداق تارتىشىپ ـ
سۆرىشىپ يۈرۈپ سودىلىقنىمۇ پۈتتۈرەلمەي خۇپتەندە ئاران
ئۆيگە يېنىپ چىقتۇق. مېنىڭ زىرەمنىڭ گېپىنى قىلىدىغانغا
ئادەم چىقمىدى. شۇنداق بولغاندىكىن، تويدىن بۇرۇن پەم بىلەن
يامانلىۋېلىپ، بۇنداق جاپانىمۇ تارتماسمەن دېۋىدىم...
— تويلۇق ئالغىلى كىرگەن كۈنى شۇنداق ئىشلار بولدى-
مۇ؟ — دېدى كۈلكىسىنى باسالمىغان چوڭ يەڭگە يەنە ئاغزىنى

تۇتقىنىچە، — مەن تېخى بۇ ئۆيدە ئىش قىلىدىغان — جاپا تارتىدىغان چاغدا ھەممىنىڭ ئاغزىغا ئاۋۋال مەن چىقىمەن، ئەجەب شەھەرگە كىرىدىغان، ئۇنى - بۇنى ئالىدىغان چاغدا ھېچكىمنىڭ يادىغا يەتمەي قاپتىمەن، دەپ خاپا بولۇپ يۈرەتتىم.

— ۋاي قويۇڭە، ئۇ كۈنى شەھەرنى تارچىلىق قىلغانغا تۇشلۇق ھېچبىر ئىشنىڭ تايىنى بولمىدى. ماڭىمۇ بىرەر تامباللىق چىت رەختكە چاغلىق ئەسكى لاتىمۇ ئېلىپ بېرىشمىدى.

— بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ خاپا بولغۇچىلىكى يوقكەن ئەمىسە، مەن تېخى سىزنى كېلىن قىلىپ ئەكىرىشكەندىن بېرى قېيىنئانامنى سىزگە بېرىلىپ ماڭا سىڭايان قاراۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۆز - ئۆزۈمچە كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يۈرۈپتىمەن.

— قېيىنئانا دېگەن كېلىنگە قانچىلىك ئېتىبار قىلاتتى، — دېدى پىننەخان ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — مەن كۆرسەم، قىزىنى ئالا قويماي تۆنەپ چىقتى بولمىسا، تويلۇققا لاتا - پىتىنى ئاز ئېلىپ، ئالتۇن جابدۇققا تازا پۇل خەجلىدى. ئىشنى چالا تاشلاپ ئۆيگە يېنىپ كىرىشىمنىڭ يەنە بىر سەۋەبىمۇ شۇ، ئويلىغانچە قورسىقىم كۆپۈپ قالدى.

— باتنىساق ئۆزىمىزگە زىيان شۇ، — دېدى روزىگۈل خۇرسىنىپ، —بۇرۇن مېنىڭمۇ سىزدەك پات - پات خۇيۇم تۇتۇپ قالاتتى. ئاشۇنداق چاغدا قېيىنئاكىڭىز بىلەن تولا ئۇرۇشۇپ قالاتتۇق. قېيىنئاكىڭىزنىڭ ھۇسىناخۇندەك باغرى يۇمشاق ئەمەس، قولى ئىتتىك، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئادەمنىڭ قاش - قاپىقىنى كۆكەرتىپ قويىدۇ . ئەر خەق شۇنداق تۇرسا بىز قانداق قىلالايتتۇق، ئۇنىڭدىن كۆرە، گەپ بولسا چىرايلىق قىلىپ، ئاستا - ئاستا ئۆزىمىزگە مايىل قىلىۋال-





مامدۇق. سىز كىچىك بولغاچقا بىلىپ كەتمەيسىز يەڭگەم، مېنىڭ تويۇم بولغان يىللاردا ھازىرقىدىن جىق نامراتچىلىق ئىدى. يازلىق، قىشلىق بولۇپ ئاران ئىككى قۇر كىيىم بىلەنلا تويۇمنى قىلىپ يۆتكەپ كېلىشكەن. ھازىرقىدەك بەش - ئالتەمىڭ كويلاپ تويلۇق بېرىدىغان، قۇلىقىدىن تىرنىقىنىڭ ئۇچىغىچە ئالتۇن جابدۇق ئالىدىغان ئىشلار يوق ئىدى... ئاشۇ ئىشلارغا قاراپ، كېيىنرەك تۇغۇلسامچۇ كاشكى، دەپ مەندىن كېيىن توي قىلغانلارغا ئىچىم ئېچىشىپ، ئېرىم بىلەن جېدەل قىلىپ ھېچبىر پايدا ئالالمىغاندىن كېيىن ياۋاشلاپ قالدىم. كېيىن ئارقىمۇ ئارقا ئىككىنى تۇغۇۋەتتىم. ئۆي ئايرىپ چىققاندىن كېيىن قېيىنئاكىڭىزنى شىلاپ، ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ تۆت - بەش يىل ئىچىدە قۇلىقىمدىكى ئايخاڭزا بىلەن مۇشۇ بىر جۈپ ئۈزۈكنى ئالدۇرۇۋالدىم قاراڭ. سىزمۇ خاپا بولۇپ يۈرىكىڭىزنى زىدە قىلىپ يۈرگىچە، ھۇسىناخۇننىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقىپ ئالداپ - سىلاپ بىر ئىش قىلمامسىز.

— ئۇ گاچا شىغا ماڭمايدۇ، شۇ. يەنە تېخى ئەللىك تىيىن پۇل خەجلەيدىغان ئىش بولسىمۇ دادىسىدىن سورايدۇ.

— پۇل خەجلەشتە چوڭلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلغىنى يامان ئىش ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ سەممىيلىكى، قالغىنىغا مەن دېگەندەك قىلىڭ. قايسى بىر كىنودا يېرىم يالىڭاچ سېرىق چاچ ئايال ئۆزى كۆندۈرگەن شىرغا مىنىپ ئوينايدىكەنغۇ! ئەر كىشىنىڭ ئاچچىقى ھەرقانچە يامان بولسىمۇ ئادەم يەيدىغان شىرچىلىك بولماس.

— ئۇنى دېسەڭغۇ، ئۇ گاچا يالغۇز قالغان چاغلىرىمىزدا ماڭا بەك ئامراق.

— ھەببەللى...

ئۆي ئىچىدىن ئىككى يەڭگىنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار يەنە قانداق تاتلىق گەپلەرنى قىلىشتىكىن ؟!

— قاراڭغۇ ئۆيدىن ئاڭلانغان نىمە پىچىر - پىچىر ئۇ؟

— گۇس - گۇس دەسسەپ تالادىن كىرىپ كەلگەن ھۇسىيناخۇن چىراغنىڭ پىيىنى تارتىپ، ئۆي ئىچىنى يورۇتىۋەتتى، — ئوھوي، ئىككى يەڭگە بىشىڭلارنى بىر يەرگە تىقىپ مۇڭداشقىلى تۇرغانمىدىڭلار؟

# 3

توي يۆتكەپ ماڭغان تاكسى ئىشەك ھارۋىلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاراڭاۋاتقا يىتىپ كىلەي دەپ قالغان ئىدى. تاكسىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا تويى بولغان يىگىت ھاپىز، كەينىدىكى ئۇچ كىشىلىك ئورۇندا كىلىن قىز نۇربۇۋى بىلەن ئىككى يەڭگىسى ئولتۇرغان بولۇپ، تاكسىنىڭ چاقىدىن توزۇغان توپا - تۇمان دەستىدىن كابىنكا ئىچىنى بىر خىل بۇرۇقتۇملۇق قاپلىغان ئىدى.

— ۋايجان - ۋايجان، توخۇ كاتىكىگە سولاپ قويغاندەك ئەجەب قىينالدىما ! — ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان سىمىز يەڭگە تاكسىنىڭ ئىچىگە ھىچ ئەپلىشىپ بولالماي جان كىرىپ قالغان گۆش تاغىرىدەك قىمىرلىدى، — ئاتايىن قۇمئاۋاتتىن ئاراڭاۋاتقا خوتۇن ئالىمەن دەپ بىلىنى باغلاپ كەلگەن ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ئىچى يوغانراق ماشىنا تاپماي!

يىگىت كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كەينىگە قاراپ قويدى. ئاق





سىرىق ئۆڭى بىر قىزىرىپ، بىر تاتاردى. يىڭىياچە قىرقىپ، قارلىغاچ قانىتى شەكلىدە ياسىتىۋالغان بۇرۇتى بوش قىمىرلاپ، ئىچىدە نىمىلەرنىدۇر دىگەندەك قىلدى. ئەمما تەرلەپ سۇ بولۇپ ئىقىپ كەتكەن سىمىز يەڭگىنىڭ يىگىتنىڭ نىمە دىيىشى بىلەن كارى يوق، ئىچ پۇشۇقىدا ئاغزى بىسىلماي غوتۇلدايتتى. سول تەرەپتە ئولتۇرغان يەڭگە بۇنداق غوت - غوت گەپ چىقىۋەرسە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك چىقىپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ، سىمىز يەڭگىنىڭ ئاغزىدىن گەپنى تارتىۋالدى:

— بىز ئەرگە تەگكەندىغۇ كوپىراتسىيەنىڭ تراكتورى بىلەن كىلىن كۆچۈرەتتى. قىز - چوكانلار تراكتورنىڭ ئالدى خاپىنىدا ئولتۇرساق، يىگىتلەر كەينى خاپىنىدا ئۆرە تۇرۇۋىلىپ ئۆلەڭ توۋلايتتى. كىيىن كوپىراتسىيەنى تارقىتىۋەتكەندىن كىيىن خەق ئىشەك ھارۋىسى بىلەنلا توي يۆتكەيدىغان بولۇۋىلىشتى. ئەمدىلىكتە خەقنىڭ كۆزى ئاشقا تويغاندىن كىيىن قىز كۆچۈرۈشكىمۇ ماشىنا تاپمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

— قويسىلا، ئايىغىدىن چىققان توپىنى ئۆزىنىڭ بىشىغا سورۇپ ماڭىدىغان بۇنداق ئەبجەق ماشىنىنى... نىمە ئازاب بۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ ئىشەك ھارۋىمىز ياخشىكەن جۇمۇسلا! ياكى جان كىتىدىغان ئىش بولسىمۇ چىداپ بىر تۈزۈك ماشىنا تاپسا بولىدىكەن !

ماشىنىدا لام - جىم دىمەي ئولتۇرغان يىگىتنىڭ بىردىنلا پىغانى ئۆرلىدى. سىمىز يەڭگىنىڭ ماشىنىغا چىققاندىن بىرى توختىماي ئاغرىنىپ ئىيتقانلىرى يىگىتنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگكەن ئىدى. ئۇ بىردىنلا سول يانغا بۇرۇلدى - دە، شوپۇرغا بۇيرۇق قىلدى:

— ماشىنىنى توختىتىڭلار، ئاداش !

ئىتتىك كېتىۋاتقان ماشىنا قاتتىق تورمۇزلاندى. ئاچچىقتىن زەردىسى قايناپ تۇرغان يىگىت بېلىدىكى قىپقىزىل دۇخاۋا بەلۋېغىنى يەشتى، بېشىدىكى چەمەن دوپپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى - دە، سەكرەپ دېگۈدەك كابىنىكىدىن چۈشتى. سېمىز يەڭگە ئولتۇرغان تەرەپتىكى ئىشىكنى غەزەپ بىلەن تارتىپ ئاچتى:

— ھە، ماشىنىدىن چۈشۈشسىلە!

— ۋوي ئۇكام، نېمە بولدىڭىز؟

— نېمە بولغىنىنى ئەمدى كۆرىلا! — يىگىتنىڭ كۆزلىرى قان چاچرىغاندەك قىزارغان، كۆشۈلداپ تىنىشلىرى كۆزدۇرۇلمىگەن توپاقنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

— ۋوي نىم بولاۋاتىسىز؟ — سېمىز يەڭگە يىگىتنىڭ قىلىقىدىن چۆچۈپ قات - قات كۈمۈش بىلەزۈكلەر شاراقلاپ تۇرغان قوللىرىنى شىلتىدى، — بىز سىزنى بىر نېمە قىلدۇقمۇ يا؟

— بىر نېمە قىلدىغان ئىشىڭىزمۇ بارمىتى، ئاچا؟

— تولا گەپ قىلماڭا، ئۇكامەي... بۈگۈن سىز بېشىنى باغلىمىغان توپاق ئەمەس، تويى بولغان يىگىت جۇماڭ ئۇكام، ئالدىمىزدا ياۋاشراق بولسىڭىز بولارمىكىن؟!

— ياۋاشلىقىمنى ھازىر كۆرىسىز يەڭگە ئاچا، چۈشۈڭە يەرگە! — يىگىت شۇنداق دېگىنىچە قىز، يەڭگىلەرنى قولىدىن تارتىپ تاكسىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. قىزمۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي يەرگە دەسسەپ ئوشۇقىغىچە توپىغا پاتتى.

— ھە... ماۋۇ لاقا - لۇقىرىنىمۇ ئېلىشىسىلا! — يىگىت تاكسىنىڭ كەينىدىكى ساندۇقىنى ئېچىپ، قىزنىڭ تويلۇق چامادان، بوخچا دېگەندەك نەرسىلىرىنى بىر - بىرلەپ يەرگە





تاشلىدى — ، ھەببەللى، مانا ئەمدى ئەسكى ماشىنىدىن ئازاد بولۇشتىلا، ئەمدى كەڭتاشا تراكتورغا چىقىشاملا ياكى ھاۋالىق ئېشەك ھارۋىسىغىمۇ، ئىختىيار ھەرقايسىلىرىدا! — يىگىت شۇنداق دەپلا تاكسىغا چىقتى - دە، شوپۇرغا بۇيرۇق قىلدى، — ھە ئاداش، ماشىناڭلارنىڭ رولىنى بۇراپ، شەھەرنىڭ ئەڭ تاماشالىق كوچىلىرىغا ھەيدەڭلا!

— ھەي، ھەي ئۇكامەي... — يەنە بىر يەڭگە ئەپۇ سوراش ئاھاڭىدا يىگىتنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. ئەمما ئۇنىڭ چاقىرىشى جاۋابسىز قالدى. تاكسى شەھەر تەرەپكە بۇرۇلدى، كېلىن بىلەن ئىككى يەڭگىنى توپا - تۇمان ئىچىدە قالدۇرۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

كېلىن تاكسىنىڭ كەينىدىن توزۇغان توپا - تۇمان ئىچىدە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى ۋە يەل چىڭقالغان شار پاڭڭىدە ئېتىلغاندەك، يىغا سالدى.

— بولدى كۆزۈڭنىڭ سۈيىنى ئېقىتمىغىنا نۇربۇۋى، — سېمىز يەڭگە تاكسىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، كېلىننىڭ يېنىغا كەلدى، — ئۇ تۈك سويما پوچىلىق قىلىپ ئۆزىنى ئوخشىتىپ كۆتىنى قىرغا تارتقىنى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ ھېلىغىچە توققۇز تەزىم قىلىپ ئالدىمىزغا كەلمىگىنىنى بىر كۆرەي! ماڭە، ئۆيگە يېنىپ كېتىمىز!

— سەل توختىسىلا شەرۋانەم، — دېدى تىت - تىت بولۇپ تۇرغان يەنە بىر يەڭگە يولغا تاشلانغان تويلۇقنى قاشقا تارتىپ، — ھەقىچان ئوغلى كىچىكلىك قىلغان بىلەن چوڭلىرى ئۇنداق قىلماس. شۇڭا مۇشۇ يەردە بىر دەم ساقلاپ تۇرايلى. تويدىن ئات - ئېشەك ھارۋىلىرى بىلەن يانغانلار كەلسە، نۇربۇۋىنىڭ قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىنىڭ چىرايىغا بېقىپ بىر

ئىش قىلارمىز. بەلكىم ئۇلار ئوغلىنىڭ كىچىكلىك قىلغىنىنى ئۇچۇن بىزدىن ئەپۇ سوراپ، نۇربۇۋىنى ئېلىپ كېتىشەر.

— بىز تېخى خەقنىڭ چىرايىغا بېقىپ ئىش قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالمىدۇق خانزۆھرەم، — دېدى شەرۋانەم ئىد-سىملىك يەڭگە قېنىق ئوسمىسى تېگىدىكى ئاچچىق بۇقسۇپ تۇرغان غورا كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ ئۆزىنى باسال-ماي، — ئارائاۋاتلىقنىڭ ئالدىدا چۈشۈپ قالغان قىز يوق، ئۇ قوڭالتاق نۇربۇۋىنى ئېرغىتمىسىمۇ تۇۋىگە تۆكۈلۈپ قالىدىغان قۇرتلۇق جىگدىگە ئوخشىتىپ قالدىمۇ - يا؟!

— بىزدىنمۇ ئۆتۈلدى، ئۇ ئەبگا ماشىنىدا قىينالساقمۇ بىردەم گەپ قىلماي ماڭساق بولۇپتىكەن.

— چىدىغانغا چىقارغان خانزۆھرەم، كىم ئۇ خەقنى ئاران بالالىقتا ئاشۇ ئەسكى شالىنى ئەكەلسۇن دەپتۇ! بۆلەك ماشىنا بولمىغاندىكىن يەڭگە بولۇپ كېلىدىغان باشقا تۇغقانلار، نۇربۇ-ۋىنىڭ ئاداشلىرى ھېچقايسى كېلەلمىدى ئەينىكا.

— تاپقىنى شۇ بولغىيدى قارىسىلا، ئۇنىڭسىزمۇ ئەتىگەن-دىن بېرى قۇدىلارنىڭ پۈرچىقى پېتىشمىغىلى يەر ئىستەپ كۆڭۈلسىزرەك بىر توي بولغان...

— ئۇمۇ شۇ ئارائاۋاتلىقنىڭ ئىشىغۇ چاغلىق ! كىم ئۇ خەقنى دېگەن چېنەكتىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ مېھمان ئەكەل-سۇن دەپتۇ! خۇددى سېكرېتار، مۇدىرلار ھاشار قوزغىغاندەك تاس قاپتۇ پۈتۈن بىر يۇرتنىڭ ئادەملىرىنى كۆچۈرۈپ كەلگىد-لى! كوچىدىن يىغىۋالغاندەك ئۇششاق شۇمنىڭ جىقلىقىنى دەيمۇ، نېمە تولا بالا ئۇ؟

— ئەمدى، توي مېھمىنى دېگەننى چاغلىغىلى بولمايدۇ قارىسىلا، بىرسىگە باغاق بېرىپ بىرسىگە بەرمىسە تېخى كۆ-





ڭۈل ئارازچىلىقى پەيدا بولغان، باغاق بەرسە ئاشۇنداق ئۆيىدد-كى ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى لەشكەر تارتىشىپ چىققان... ئىشقىلىپ ھازىر تويغا بارسا تويۇپ بېرىشنى، بەش بالىسىنى قويۇپ بېرىشنى بىلىدىغانلار ئانچە قالمىدى، شەرۋانەم .

— شۇنداق بولسىمۇ چاغلاپ ئىش قىلغۇلۇقتى، خانزۆھ-رەم. ياكى باشتىلا ئەكىلىدىغان مېھمىنىنىڭ سانىنى تولۇق ئېيتمىغان... بىچارە ھەسەن ئاكام بىلەن نازىلخان ئاچام بالا-يىپەتە مېھمانىنى كۆرۈپ، تەتۈر قۇيۇندا قالغاندەك چۆرگىلەپلا قالدى، دېسە! سىلى بىلمەيلا، بۇ خەقلەر توينىڭ ئالدىدا ھەسەن ئاكامنىڭ داستىخىنىغا جاۋابەن ئۆيىگە چاقىرىۋالغاندىمۇ شۇنداق پۇچەكلىك قىلغان. نازىلخاچام ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ سىنچاي، ئەتكەنچاي، ھالۋا، ھاردۇق ئېشى، چۆچۈرە، لەڭمەن، قورداق، قېتىق، لەڭپۇڭ، مانتا، كاۋاپ، ئۆپكە - ھېسىپ، پولۇ بولۇپ 13 قازان بىلەن ئۇزاتقان. تۆردە ئولتۇر-غان چوڭ ئانىكىسىدىن تارتىپ پەگادا ئولتۇرغان قۇچاقتىكى بالىكىسىغىچە بىر داستىخاندىن زەللە قىلىپ قولتۇقلاتقان. بىزنى چاقىرىۋالغاندا قانداق قىلدى دېمەملا؟ — شەرۋانەم ئاغزى بېسىلماي سۆزلىگىنىچە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئېشەك ھارۋىسىنى توستى ۋە قىزنىڭ تويلۇقىنى ھارۋىغا بې-سىپ، نۇربۇۋى بىلەن خانزۆھرەمنى زورلاشتۇرۇپ ھارۋىغا چىقىرىپ كەينىگە ياندى، — ئۇ خەق بىزنى ئاران يەتتە قازان بىلەن ئۇزاتتى قارىسىلا! تېخى قورداقنى قېرى ئىنەكنىڭ گۆشىدە ئېتىپتىمىكىن، ئادەمنىڭ چىشى ئۆتمەيدۇ. پولۇغا سەۋزە تاپالمىغاندەك كاللەك بەسەي ساپتىكەن، لېۋىمگە بىر جىجىغان بولسام كاشكى... شۇنىڭ بىلەن نازىلخاچامنىڭمۇ قا-پىقى تۈرۈلۈپ قالدى...

شەرۋانەم ئاغزى بېسىلماي سۆزلىگىنىچە، هارۋىكەشنىڭ قولىقىنى تولغىدى. ئۇلار چوڭ يولنى تاشلاپ ئارا يول بىلەن كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مۇبادا كەلگەن يول بىلەن ماڭسا، تويدىن يېنىپ كېلىشىۋاتقان قۇدىلار يولدا ئۇچراپ سۇلهى ـ سالا قىلىشىپ، ئوغلىنىڭ قىلغانلىرىغا ناماقۇل بولۇشۇپ، قىزنى كەينىگە ياندۇرۇپ ئېلىپ كېتىشەرمىش. شۇڭا شەرۋانەم ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ، ئارائاۋاتلىقلارنى راسا بىر تويغۇزۇپ قويمىسا بولماسمىش...

يۇزىگە چۈمبەل قىلىپ ئارتىلغان ناۋات رەڭ گىجىم رومال ئىچىدە توختىماي ياش تۆكۈۋاتقان نۇربۇۋى بارغانچە ئىچ ـ ئىچىدىن ئېسىلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى يۇرتنىڭ گۇۋاهلىقى بىلەن بىر يىگىتكە نىكاھ قىلىنىپ ماڭغان قىز ئەمەس، بەلكى يولۇچىلار يول بويىدىن ئۈزۈۋېلىپ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ قويغان بىچارە گۈلدەك تويىنىڭ بىسمىللىسىدىلا خارلىنىپ قالغىنىغا ئۆكۈنەتتى.

— هوش، پادىدىن چۈشۈپ قالغان ئوغلاقتەك مەرەۋەرمەڭگا، خېنىم! — ئاغزى تېخىچە يۇمۇلمىغان شەرۋانەم بىردىنلا كوتۇلداشتىن توختاپ نۇربۇۋىگە شالىنى چاچتى، — هاپىزاخۇن تاشلىۋەتسە، ئەمدى ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتامسىز؟! مەن سىزگە دېسەم ئۇكام، تۆشۈك مۇنچاق هەرگىز يەردە قالمايدۇ. بىرى كەتسە مىڭى بار. ئۇ هاپىز قورۇق تاشلاپ كەتسە، سىزنى ئالسام دەيدىغان نوچىلار يەنە هەسسەن ئاكامنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ دوڭغىيىدۇ. بىز ئۇ ئارائاۋاتلىققا دوم چۈشمىسەكمۇ، بىزنىڭ قۇمئاۋاتتىمۇ نى ـ نى يىگىتلەر بار. مەن سىزنى ئەمدى چېكىپ تاللاپ، ئۇنىنىڭ ئىچىدىن بىرنى خىللاپ تازا نوچى يەرگە ئەرگە بەرمىسەم، شەرۋا-





نەم دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن! يىغلىماڭ ئۇكام، يىغلىماڭ... هە ماڭا قاراپ بىر كۈلۈپ قېنى...

تار، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا هېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ئىككى تەرەپكە تەڭ چايقىلىپ كېتىۋاتقان هارۋا بارغانچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. نۇربۇۋى ئەمدى ئىچ ـ ئىچىدىن ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. شەرۋانەم بولسا قىزنى يىغىدىن توختىتالماي تىنىمسىز كوتۇلدايتتى. لېكىن قىز يىغلىماي تۇرالايتتىمۇ!

## 4

قۇمئاۋاتتا توي ئويناپ يانغان مېهمانلار خۇپتەن بولغاندا مەهەللىگە كىرىپ كەلدى، ئاندىن مەهەللە دوقمۇشىدىلا ئابباسخان ، ئاغىچىخانلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىشتى.

— بۈگۈن هاپىز قارىينىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، بۇ بەڭۋاش توپاقنىڭ مۈڭگۈزىگە ئاخىرى بىر باغلانچا چاتتۇق. ئەمدى بىر يەردە جىم تۇرمايدىغان تاكىراڭ مىجەزىدىن قالار دەيمەن، ئانىسى؟

— شۇنداق بولار ئىلاهىم، — دېدى ئاغىچىخان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك بىر ئاهاڭدا، ـ بۇ بالا ئاكىسىغا ئوخشىماس بىر بالا بولدى، بىر يەردە بىردەمگىنە ئۆزىنى بېسىپ جىم تۇرالمايدىغان، بارغان ـ تۇرغان يېرىدە هايت ـ هۇيت دېگۈچە بىر كىملەر بىلەن مۇشتلىشىپ قالىدىغان...

— شۇ، كەينىمدىن مېڭىپ ئانچە ـ مۇنچە چار بازار كۆ-

روپ، ئېلىپ ـ ساتارغا پىشارمىكىن دەپ كىچىكلا مەكتەپتىن چىقىرۋاپتىكەنمەن، ئىلگىركىن تويغۇزدى بۇ ئالا قانات شۇم! بىزنىڭ جەددى ـ جەمەتىمىز ئىچىدىغۇ ئۇنداق ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئاقسالاردىن يوقتى، كىمنى دورىدىكىن تاڭ؟

— هۇي، ئۆزلىرىگىمۇ ئازراق ئەپ قويسىلا، ئوغۇل بالا دېگەن دادىسىنى دورىماي كىمنى دورايتتى؟ — ئاغىچىخان نېملا دېمىسۇن، ۋاقتى كەلگەندە يەنىلا ئوغلىغا چاپان ياپاتتى، ئۇنىڭغا چىدىمايتتى.

— ئەهەي... قىزىقكەنسىلە خوتۇن، مەن قانداقتىم؟ — ئاباسخان مىيىقىدا كۇلۇپ ئايالىدىن سورىدى.

— سىلى هېچقانداق ئەمەستىلە، ئاخۇنۇم. ناهايىتى شۇ ئاشۇ تويدا بىر كۆرۈپ قالغان باهانە بىلەن مۇشۇ ئارائاۋاتتىن قۇمئاۋاتقا ئىزلاپ كېلىپ بىزنىڭ هويلىنى چۆرگىلەپ ئۆگزىگە چالما تاشلاپ خاپا قىلغان. دادام رەهمەتلىك تاش يۇرتقا قىز بەرمەيمەن دەپ ئەلچىلىرىنى ياندۇرۇۋەتسە، مېنى ئالداپ ئېلىپ قاچقان... سىلىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇنداق ياۋاشتىلە!

— ها... ها... ها... ها... ها... خوشلۇقتىن مىننەتدار بولۇپ دەۋاتىسىلىغۇ مۇشۇ گەپنى خوتۇن، هە؟

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، ئاباسخان! مەن شۇ چاغدا بەك ئەر سېغىنىپ كېتىپ سىلىنىڭ كەينىلىرىدىن ماڭغان! — ئاغىچىخاننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، بىر خىل ئۆكۈنۈش، قېيىداش هېسسىياتىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — هازىر ئويلىسام، ياشلىق دېگەندە بەرىبىر ياشچىلىق قىلىپ قالىدىكەنمىز. شۇ چاغدا چوڭلار ئىشنىڭ ئاخىرىنى چىرايلىق يىغىشتۇرۇپ تويىمىزنى قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزۈمنى دادامنىڭ ئالدىدا بىر ئۆمۈر گۇناهكاردەك هېس قىلدىم. دادام ياشىنىپ





بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمغىچىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قارىيالىغان بەندە ئەمەسمەن. شۇڭا هەر كۇنى نامىزىمدا قىزلىرىمنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ـ دىيانەت تىلەپ كەلدىم. بالىنىڭ گېپى چىقىش سەۋەبلىك ئارىمىزدا بۇ گەپ تېشىلىپ قالدى، ئەمدى ئۇ ئىشنى ئىككىنچىلەپ تىلغا ئېلىشىپ سالمايلى، دادىسى.

— تىلغا ئالمىغىلى نېمە بولغان، مەن هازىر ئويلىسام شۇ چاغدا كىچىك بولسامۇ يىگىتلىك قىپتىكەنمەن، دەيمەن. مانا بىز هازىر ئۈچ ـ تۆت بالىغا ئاتا ـ ئانا بولۇپ، بىر هويلىنى ئاۋات قىلدۇق، خۇدايىم بەرسە يەنە كۆلۆگە[1] يېڭى نەۋرىلىكمۇ بولۇپ قالىمىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن مۇشۇ هاپىز قارىيدىن تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، ئۇنىڭغا ئالدىراپ ـ تېنەپ خوتۇن ئېلىپ بېرىپ قالدۇق.

— ئەمدى خوتۇن بىلەن بولۇپ بىر يەردە جىم تۇرالمايدىغان تاكىراڭلىقىدىن قالار دەيمەنغۇ.

— دېگەنلىرى كېلەر.

ئاي قاراڭغۇسى مەهەللىنى ئۆز قوينىغا چۈمكەپ تۇراتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن خۇشاللىق، ئەندىشە تۇيغۇسىدا مۇڭداشقاچ مەهەللىگە كىرىپ، هويلا ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

— ئۇھ، ئاخىر كەلدۇق، — دېدى ئاباسخان تىمتاس تۇرغان هويلىنىڭ ئېغىر قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنى ئىتتىرىپ. هويلىدا چىراغلار ياندۇرۇلمىغان، هېچبىر كېلىن كۆچۈرۈپ كەلگەننىڭ ناۋا ـ نىشانى يوق ئىدى. — هۇي، هويلا ـ ئارام جىمجىتچىلىققۇ، بۇ بالىلار نەگە كەتكەندۇ؟ هوي هاپىز

① كۆلۆ(كۇلۇ) — كېلەر يىلى

قارىي، خەينىساخان قېنى سەن؟
ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن باللارنى تۇۋلىغاچ، پېشايۋاننىڭ
چىراغلىرىنى ياندۇردى ھەم توي يېڭىلىقىدىن خالىي تۇرغان
ھويلىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. دەرۋازا ئالدى، دەرۋازىنىڭ ئى-
چى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ ئۈچ يەرگە بىر قۇچاقتىن
قومۇش پاخىلى دۆۋىلەپ قويۇلغان بولۇپ، كېلىننى ئوتتىن
ئاتلىتىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان بۇ تۇتروق ئۆز پېتىچە
تۇراتتى.
— ۋاي ئانام، نېمە ئىش بۇ؟! — ئاغىچىخان پېشانىسىگە
شاپىلاقلىغىنىچە ھويلا ئىچىدە ھېلى ئۇ ئۆيگە، ھېلى بۇ ئۆيگە
يۈگۈرۈشكە باشلىدى، — ۋاي ھاپىز، ۋاي خەينىسا... قېنى
سىلەر ؟!
— ئوۋ... — ئەنسىز تۇۋلاشلار ئىچىدە قايسى بىر ئۆيدە
ئۇخلاپ قالغان خەينىسا كۆزىنىڭ چاپىقىنى ئۇۋۇلىغىنىچە
چوڭلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئابباسخاننىڭ سىڭ-
لىسىنىڭ قىزى بولۇپ، بۈگۈن مۇشۇ ئۆيگە قارىشىپ بەرسۇن
دەپ قالدۇرۇلغان ئىدى.
— ۋاي نەدىدىڭ بالامەي؟!
— ئەتىنىڭيۇزى ھويلىدا ئولتۇرغان ، قاراڭغۇ چۈشۈپ
يەتتە خۇپتەنگىچە كەلمىدىڭلار، شۇنىڭ بىلەن قورققۇم كېلىپ
ئۆيگە كىرىۋالغان، كېيىن مۈگدەپ قاپتىمەن...
— بېشىڭنى يە! ئادەمنى بۇنچە ئەنسىرەتكىچە بىردەم چىد-
دىساڭ بولمامدۇ؟
— مەندە نېمە ئامال، مەنمۇ قورقتۇم شۇ.
— ھاپىز ئاكاڭ قېنى، كېلىنچۇ؟
— ۋاي تاڭەي، نامازدىگەردىن بېرى ھويلا ـ ئارامنى نەچ-





چە سۈپۈرۈپ ـ تازىلاپ، گۈلخان سېلىشقا پاخال تاييارلاپ قو-
يۇپ ساقلاپ ئولتۇرىمەن، سىلەردىن باشقا ھېچكىم كەلمىدى.
— يالغان گەپ قىلىپ بىزنى ئەنسىرەتمىگىنە، — ئاب-
باسخان قاتتىق چۆچۈپ، بېشىدىكى بادام دوپپىسىنى يەرگە
چۈشۈرۈپ قويدى، — ئاكاڭ بەك ھېرىپ كەتكەن بولسا ئاغى-
چىسى بىلەن ھۇجرىغا...
— راست دەۋاتىمەن، — دېدى خەينىسامۇ بىردىنلا ھەيران
بولۇپ، — بىر كىم بۇ ھويلىغا كېلىن كۆچۈرۈپ كەلمىدى.
— ۋايجان... ۋاي ئانام، نېمە بالايىزىم بولغاندۇ ئەمدى،
— خەينىسانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى
كۆرگەن ئاغىچىخان بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان خورما
رەڭ روملى بىلەن قوشۇپ ئاق ئارىلاپ چارلاشقان چاچلىرىنى
يۇلغىنىچە ھويلىنىڭ ئىچىدە چۆرگىلەپ يىغلاشقا باشلىدى.
— ھاي، ھاي... موزىيىنى يىتتۇرۇپ قويغان ئىنەكتەك
مۆرىمەي تۇرۇڭلار ئانىسى! بۇنداق سەت بۆكۈرگىلى تۇرساڭلار،
ئەتراپتىكى قوشنىلار يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ، يۈگۈرۈشۈپ
كىرىدۇ، — ئابباسخان ئېڭىشىپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن دوپ-
پىسىنى قولىغا ئېلىپ بېشىغا كىيىۋالدى. بىردەم ئويلىنىپ
تۇرغاندىن كېيىن قىزىغا قارىدى، — ئاكاڭ كېلىننى يەڭگى-
لىرى بىلەن ماشىنىغا چىقىرىپ ئالدىمىزدا يېنىپ كەلگەن،
بىز ماشىنىغا پاتماي هارۋا بىلەن كەلدۇق. كەچىنىڭ بۇ تەرد-
پىدە ئىشىك ئالدىدىن ماشىنا ئۆتكەندەكمۇ قىلمىدىمۇ؟
— ياق.
— بىر كىم ئاكاڭ توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز گەپمۇ يەتكۈز-
مىدىمۇ؟
— ياق.

— سەن ئىشلىك ـ داۋزىلارنى قۇلۇپلاپ قويۇپ بىرەر يەر-
گە كەتكەنمىدىڭ ـ يا؟
— ياق، بوبا.
— قانداق ئىش بولۇپ كەتكىنى بۇ؟ ياكى بۇ ئۇدۇل كەل-
گەن ئادەملەردىن سورىغىلى بولىدىغان گەپ بولمىسا...
ئابباسخان بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن
خەينىساغا بۇرۇلدى:
— ماڭ ژۇگۇ، ئاۋۇ كۈپتىكى مۇزدەك سۇدىن بىر نوگاي
ئەكەلگىنە.
ئابباسخان سوغۇق سۇدىن قانغىچە ئىچىپ بولۇپ، نوگاي-
دىكى ئاشقان سۇنى خوتۇنىغا تەڭلىدى. پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا
بىردەم ئولتۇرۇپ ئۆپكىسىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قىزىغا
بۇرۇلدى:
— ئۆيگە يېڭى ئورناتقان ئاۋۇ تېلېفون دېگەن بىر نېمىدە
گەپلەشكىلى بولامدۇ؟
— بولىدۇ.
— شۇنىڭدا ئاكاڭغا گەپ قىلىپ باققىنا قېنى.
— ئاكامنىڭ يېنىدىكى قول تېلېفون ھازىر يوق.
— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا شۇ بىرنېمىدە گەپ سېتىپ
يۈرەتتىڭغۇ؟
— خەق كۆتۈرۈپ يۈرگەن كونا بىرنېمىنى ئاپتىكەن، بۇ-
زۇلۇپ قېلىپ يەنە يوق قىلدىڭغۇ، تاڭ. يەنە تېخى پۇلى تۈگەپ-
تىكەن دېگەندەك قىلاتتى.
— مۇشۇ بۈگۈنكى كۈننىڭ باللىرىنى ـ زە... قىلغانلىكى
ئىشىنىڭ تايىنى يوق!
— ئاكا ـ ئاچىلىرىمنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئۇرۇپ باقايمۇ





ـ يا؟
— ھەممىسىنىڭ ئۆيىدە بولمىسا ئۇ تېلېفون دېگىنىڭ؟
— ئۇلارنىڭكىدە بولمىغىنى بىلەن ، قوشنىلىرىنىڭكىدە
بار.
— ھە مەيلى، شۇنداق قىلىپ باققىنا.
ھويلىنىڭ ئىچى ئەنسىزلىك، پاتىپاراقچىلىققا تولدى. تې-
لېفون ئارقىلىق بۇ خاپىلىقنى ئاڭلىغان ئاباسخاننىڭ ئىنى ـ
سىڭىللىرى كېچىلەپ بۇ چوڭ ھويلىغا ئۇنۇپ بولدى. بۇ ئىش-
نى ھەممەيلەن ھەر خىل قىياس قىلىشاتتى. بىرلىرى ماشىنا
بۇزۇلۇپ قېلىپ يولدا تۇرۇپ قالدىمىكىن دېسە، بىرلىرى
يولدا ماشىنا ئۆرۈلۈپ كەتتىمىكىن دەپ كۆز قورقۇتۇشاتتى.
ئارىدىن كىمدۇر بىرى ئارىلىقتىكى ئاۋات ئۆستەڭنىڭ ئېگىز
كۆۋرۈكىنىڭ گېپىنى چىقىرىۋىدى، تولا يىغلاپ ھالىدىن كەت-
كەن ئاغىچىخان بىردىنلا يىقىلىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ئىنى ـ
سىڭىللار ۋاي ئانام دەپ يىغا سېلىشقا باشلىدى. ھويلىنىڭ
ئىچىنى باشقىدىن پاتىپاراقچىلىق قاپلىدى. بىرلىرى دوختۇر
چاقىرغىلى ، بىرلىرى توي يۆتكىگەن ھېلىقى كىچىك ماشى-
نىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلغىلى ماڭدى.

## 5

شەرۋانەم نۇربۇۋىنى يۆلەشتۇرگىنىچە ئاللا ـ توۋا سېلىپ
يىغلاپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ يول بويى توختىماي كو-
تۇلداپ كۆيئوغۇلنى غايىبانە تىللاپ كەلگەچكە، جاۋغىيىدىن
كۆپۈك ئۆرلەپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئىدى.
— بىزنىڭ جەمەتىمىز ئىچىگە چىرايىنىڭ قېنى، ئادەم-

دەك خۇيى بار بىرى كۇيئوغۇل بولۇپ كىردىمىكىن دېسەم، پېيىنى بوغمىغان تەخەيدىن بىرى كۇيئوغۇل بولۇپ قاپتىكەن، بۇگۇن مانا قىزىمىزنى نىكاھىغا ئالا - ئالماي ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىنى كۆرسەتتى!

جەينامازدا ئولتۇرۇپ، ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ - دىيانەت، تۇرمۇشىغا ياخشى كۇن تىلەۋاتقان نازىلخان چالا دۇئا قىلىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. پۇتىغا كېپىشىنى كىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ ھويلىدا بىرىنى تىللىغىنىچە يىغلاۋاتقان يەڭگىسى شەرۋانەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— ۋۇي ئۇكام، نېمە بولدى، نېمىگە يىغلايسىز؟ — نازىلخان شەرۋانەمنىڭ كەينىدە تۇرغان نۇربۇۋىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى، — ئوھ... ۋاي خۇدايىم! بۇ قىز بالىمۇ سىز بىلەن يېنىپ كەپتىغۇ ؟!

— يېنىپ كەلدى، مەن ياندۇرۇپ ئەكەلدىم! ئادىمىلىكنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەنمىگەن ئۇنداق ھايۋانغا خوتۇن بولغىنىدىن قايتىپ كەلگىنى ياخشى بولدى! — شەرۋانەم چالۋاقاپ، پوتلا - ماڭقىسىنى ئېقىتقىنىچە ھۆي تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ۋىيەي، نېمە ئىش بولغاندۇ؟ — پېشايۋاننىڭ دەرۋازىغا يېقىن تەرىپىدىكى ھۇجرا ئۆيدە يوتقانغا كىرىپ بولغان پىننەخان بىلەن ھۇسىناخۇن بىر - بىرىدىن ئاجراپ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئىزدەشتۇردى.

— مەن ئېگىنىمنى كىيىپ چىقىپ باقاي، — دېدى ھۇسىناخۇن چىراغنى يېقىشقا تەمشىلىپ.

— بۇنداقلا چىقساڭ بولمايدۇ،گاچا، — دېدى پىننەخان ئېرىنى توسۇپ، — ئېرىراق يات، تېخى بالدۇر دېسەم، ئۇنىماي





چاپلىشىۋالسەن، مانا ئەمدى...

— ھېچنېمە بولمايدۇ، نۇربۇۋى يىغلاۋاتسا ئەينا؟

— بىتاھارەت چىرايىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنسەڭ يامان بولىدۇ. شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

— يۈزىمىزگە ئىزى چىقىپ قالمىسا - يا؟

— چىقما، بەغەرەز گاچا. ئانام شەرۋانەم ئاچاملارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتسە غىپپىدە ئارقىغا ئۆتۈپ بويىمىزنى سۇغا سېلىۋېلىپ ئاندىن چىقايلى.

ياش ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن تالاش - تارتىش قىلىشقاچ ئوپۇل - توپۇل كىيىنىۋالدى. دېرىزىدىن ھويلىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئۆيگە كىرىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

شۇ ئەسنادا دەرۋازا ئېچىلىپ، بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان ھەسەن خالۋاپ كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم بۇگۇن خۇپتەن نامىزىدىن كەچ يانغان ئىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — ھەسەن خالۋاپ ھويلىدا يىغلىشىپ تۇرغان ئاياللارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، — ۋاي نۇربۇۋىخان قىزىم، بۇ سىزمۇ؟... — ھەسەن خالۋاپ كۇچلۇك ئېلېكتىر چىراغنىڭ نۇرىدا كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى، — سىز ئەجەب؟...

ئېسەدەپ تۇرغان نۇربۇۋى يېڭىباشتىن ئۇن سېلىپ يىغا باشلىدى. قىزىنىڭ ھالىغا قاراپ نازىلخاننىڭمۇ ئېرىگە بىر نەرسە دېگۇدەك ھالى قالمىغان ئىدى. كۆڭلى بىر خاپىلىقنى تۇيۇپ يەتكەن ئاتا دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىۋېتىپ ئاياللارنى دالان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.

ھويلىدا ئادەم قالمىغانلىقىنى كۆرگەن ھۇسىناخۇن بىلەن پىننەخان چۆگۈن - چەينەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ غىپپىدە

ئارقا ھويلىغا ماڭدى.

ھەسەن خالۋاپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاڭلاپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەمدى تېخى 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان قىزىنىڭ ئەرنىڭ ئۆيىگە بارا ـ بارماي بېشىغا كەلگەن كۈنگە ئۆكۈندى، ھەسرەتلەندى.

— ئاشۇ ئارائاۋاتلىق بىلەن قۇدىلىشىدىغان ئىشنى كىم تېپىپتىكىن، — دېدى شەرۋانەم يەنە يىغلاپ. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يۈزىدىكى قېنىق گىرىمنى ئېقىتىپ، تولۇپ تۇرغان ئىككى مەڭزىنى شالتاق قىلىپ چالا يۇيغان چىنىگە ئوخشىتىپ قويغان ئىدى، — ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى، سولتەكلىرىنىڭ پوچىلىقى!

— نىكاھ غايىپ دېگەن گەپ بار ئۇكام، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئېغىر تىنىپ، — قىزىنى كىمگە بېرىش قىز چوڭ قىلغان ئادەمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس. مەن ئۇلارغا ئۇچۇر قىلىشتىن ئاۋۋال ئاباسخانلارنىڭ ياخشى ئادەملىكىنى ئاڭلىغان، ئەمما ئوغلىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيتتىم. بىزدە ئاتا ـ ئانىسى ياخشى ئادەملەردىن بولسا بالىۋاقىسىمۇ چوقۇم ياخشى ئادەم بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. كۆيئوغۇل بالىمۇ تۇزۇكتەك قىلغان، شۇڭا بۇ ئىشتا ھەممىنى ئۇ ئادەملەردىن كۆرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئېھتىمالىم بىزدىنمۇ ئۆتكەن يېرى باردۇر. سىزمۇ نېمە قىلاتتىڭىز ماشىنىنىڭ ئىچىدە تولا غەلۋە قىلىپ؟

— ئەمدى مېنى يامان دېمىگەن سىز قاپتىكەنسىزمۇ، ئاكا؟! — شەرۋانەمنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى، — ھەممىگە مەن يامان... ئەر بىلەن كېلىشەلمىسەممۇ مەن يامان، خەق يېرىم يولدا قىزىڭىزنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەتسىمۇ مەن يامان...





ئېسىت، ئېسىت، نېمە قىلاتتىم بۇ شۇمغا يەڭگە بولمىسەن دەپ دەللاللىق قىلىپ! ھۇ... ھۇ... ھۇ... چاشقان دورىسىدىن كاپ ئېتىپ بىر ئۆلۈپ بېرىمەن بىكار...

— ھاي، ھاي شەرۋانەم، — خانزۆھرەم شەرۋانەمنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، — ئاكىلىرى بىر چىرايلىق گەپ قىلىۋاتسا، نېمە ئانداق ساراڭلىق قىلىلا؟

ئۈن ـ تىنسىز كۆزلىرىنى ياشلاپ ئولتۇرغان نازىلخان شەرۋانەمنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ھۇسىناخۇن، ھاي ھۇسىناخۇن! قېنىسەن؟ مۇشۇ باللىنىڭ نامازشام توخۇسىدەك چالا پېشىندا يوتقانغا كىرىۋالىدىغان ئىشىنىزە...

— ئوۋ... دادا، — ئارقا ھويلىدىن كېپىشنى شىپىلداتقىنىچە چىقىپ كەلگەن ھۇسىناخۇن چۆگۈننى قويۇپ دادىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كىردى.

— ئادەمنىڭ پەقەت ئاچقان يېرىگە بارمايدىكەنسىلە ئوغلۇمەي... — ئاتا ئېلېكتىر چىراغىنىڭ يورۇقىدا ھۇسىناخۇننىڭ بويىنى سۇغا سېلىپ كىرگەنلىكىنى سېزىپ قالدى ھەم ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيلەنگەن چاغلىرىدىكى ياشلىق قىلىشلىرى غىل ـ پال ئېسىگە كېلىپمۇ ئۈلگۈردى. شۇڭا ئۇنى خىجىل قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئوغلىغا ئۇدۇل تىكىلىپ قارىماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەتىنيۇزى ماۋۇ ھويلىدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئانىڭىز بىلەن مەن نېمىگە خاپا بولۇۋاتىمەن، بۇنىڭ بىلەن پەقەت كارىڭلار بولمىدى.

ھۇسىناخۇن چىرايىغا تېپىپ چىققان ھىجىيىشىنى بېسىپ، گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇردى.

— مېڭىڭلار، دىڭىلداپ چىقىپ ئاكاڭلارنى ئويغىتىپ

كىرىڭلار.

— ماقۇل.

ھۇسىناخۇن چۇمبەل ئىچىدە مىشىلداپ ئولتۇرغان سىڭلىسىغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ھەسەن خالۋاپ ئىچ - ئىچىدىن ئاچچىق بۇقسۇپ، ئۆز - ئۆزىدىن بوغۇلدى. بىر قىزنى ئەتلىمە گۆش ۋاقتىدىن تارتىپ بېقىپ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ چوڭ قىلىپ ئاران بىر ئادەم بولغاندا ئەرگە بەرسەڭ، قىزىڭ ياتلارنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ يۈرسە ھە! ئۆز قىزىنىڭ خورلانغىنىنى، يىغىسىنى كۆرگەن ئاتا - ئانا بۇنىڭغا قانداق چىدايدۇ؟ بۇگۈنكى كۈندە خەق ئوغۇل چوڭ قىلامدۇ ياكى ھايۋانمۇ! مەن ئابباسخاننىڭ ئۇلاغ بازىرىدىكى كېلىشىملىكى، ئالارمەن، ساتارمەنلەر ئالدىدىكى ئىناۋىتىگە ئاساسەن « بېدىك » ئەمەس « خان » ئاتالغانلىقىغا قاراپ بالا - چاقىلىرى قانچىلىك تۈزۈك ئادەم بولغاندۇ دەپ، كۈيئوغۇل بولىدىغان بالىنىڭ قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قۇدىلىشىشقا ئۇچۇر قىلسام، ئىشنىڭ بىسمىللىسىدا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى مۇشۇ بولدىمۇ؟ ئابباسخاننى ئادەم باقتىمىكىن دىسەم، ئۆزىنىڭ كەسپىگە لايىق ھايۋان بېقىپتىكەنمۇ دەيمەن! تۇۋا - تۇۋا، ما بېدىكنى... ماقۇل، ھاپىز قارىيغۇ كىچىكلىك قىلىپ شۇ قىلىقنى قىپتۇ، بالىسى شۇنداق قىلسا، ئا دادىسى بولغان ئادەم نېمىشقا ھاي بالام ئۇنداق قىلماڭ، سىزمۇ قىز چوڭ قىلىپ، تالالىق قىلىپ بېقىپ ئاندىن نوچىلىق قىلىڭ دېمەيدىغاندۇ؟ تۇۋا - تۇۋا ...

كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ھەسەن خالۋاپقا بەك ئېغىر كەلدى. بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بېشى قاتتى.





— ۋايجان، تاس قالدىما... — نازىلخان ئېگىز بوسۇغىدىن پۇتلىشىپ مۇدۇرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ شەرۋانەم بىلەن خانزۆھرەمنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن ئىدى.

— زادى نېمە ئىش يۈز بېرىپتۇ، ھەقىقەتەن كۈيئوغۇل ئوساللىق قىپتىمۇ ياكى بىزدىن ئۆتۈلگەن يېرىمىز بارمىكەن؟ — تىت - تىت بولۇپ كەتكەن ھەسەن خالۋاپ يەنە كوچىلاپ سورىدى.

— مەن خانزۆھرەم بىلەن ئايرىم مۇڭداشتىم، — دېدى نازىلخان ئۆكسۈز بىر ھالدا، — قىزنى ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن ماشىنىغا ئولتۇرا - ئولتۇرماي شەرۋانەمنىڭ يەنە زوۋانى ئېچىلغان ئوخشايدۇ. بىردەم ئاراتاۋاتلىقنى سۆكۈپ بىر نېمىلەرنى دەپتۇ، بىردەم قىز كۆچۈرگەن ماشىنىنى ياراتماي كوتۇلداپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېرىم يولغا بارغاندا كۈيئوغۇلنىڭ خۇيى تۇتۇپ بۇ ئۇچىنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ شۇ.

— قۇدىلارچۇ، ئۇلار ئوغلىنى ھاي دېمەپتىمۇ؟

— قۇدىلار مېھمانلىرى بىلەن ماشىنىنىڭ كەينىدە قاپتىكەن، بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قالغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرۋانەم ئەمدى ئۇ خەقنى يالۋارتىپ، تەزىم قىلدۇرىمەن دەپ نۇربۇۋىخاننى باشقا يول بىلەن ياندۇرۇپ ئەكەپتۇ.

— ماۋۇ بېشىنىڭ پىتى بار ساراڭنىچا...، — ھەسەن خالۋاپ شەرۋانەمنىڭ ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چېچىپ، ھەممە ئىشنى بۇزغانلىقىنى چۈشەندى ھەم نازىلخانغا چېچىلدى، — سىلىنىڭمۇ ئەزەلدىن ئەقلىڭلار يوق خوتۇن! شەرۋانەمنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلگەندىكىن نېمە قىلاتتىڭلار ئۇ ئوت قۇيرۇقنى يەڭگە قىلىپ قوشۇپ بېرىپ؟ ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ كېلىنىمىز روزىگۈل مۇۋاپىقتى ئەمەسمۇ!

— ۋۇي ئۆزى دەپ تۇرۇۋالدى . تېخى قىزنى يۆتكەشتىن بۇرۇن بوغجۇما ئاچقان چاغدا ئەتلەس كۆڭلىكى ساپ يىپەكتىن ئەمەسكەن، دەپ ئەمەس گەپتىن بىرنى دەپ قويۇپ، ئاياللارنىڭ ئارىسىدا تاس قالغان جېدەل چىقارغىلى!

— مانا دېمىدىمۇ، ھەممە گەپ سىلى خوتۇننىڭ چولتا كېلىپ قالغىنىڭلاردا، شەرۋانەمنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلگەندىكىن، ئۇنداق ئىشلاغا يېقىن كەلتۈرمەيدىغان گەپتى!

— توۋا خۇدايىم، ماۋۇ ئادەمنى، — نازىلخان يىغا ئارىلاش بوغۇلدى، — بۇ ئۆيدە قاملاشمىغانلىكى ئىشنىڭ ئىگىسى مەنمۇ؟ شەرۋانەم دېگەن سىلىنىڭ بىر قورساق سىڭىللىرى، ئۇنداق ئىشلاغا كەلگەندە ئۇ يەڭگەمنى نېرى تۇرۇڭ دېسەم، مەن سىلىنىڭ جەمەتلىرىنىڭ ئىچىگە قانداق پاتىمەن؟ ھېلىمۇ قېيىنئانامدىن تارتىپ ھېچكىم ياخشى دېمەيدۇ، مېنى!

نازىلخان راسا يىغلاۋاتقاننىڭ ئۈستىگە ئۇرۇق - تۇغقان، بالىلىرى ئارقىمۇ ئارقىدىن كىرىپ كەلدى.

— ۋاي نېمە ئىش بولدى ئاكا، ئاچا؟

ئۇلار يىغلاپ ئولتۇرغان نۇربۇۋىنىڭ ، ھەسەن خالۋاپ بىلەن نازىلخاننىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى . نازىلخاننىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ، سىڭلىسىنى بەزلىدى . يۈز بەرگەن ئىشلانى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— تويلۇق ئالتۇن لاقا - لۇقا، لاتا - پېتىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى بەڭگىدەك خۇيى تۇتۇپ قالغان چوڭ ئوغۇل يۇنۇس.

— ئېلىپ كەپتۇ. كۆيوغلىمىز تويلۇق جابدۇقىنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ ، — دېدى ئانا ئوغلىنىڭ ئۇ گەپنى نېمە مەقسەتتە سورىغانلىقىغا ئېرەن قىلماي.





— ھەببەللى، — دېدى ئۇ بىردىنلا غالىب ئاھاڭدا، — ئەمدى بىزدىن نوچى ئادەم يوق. ئەتە ئالدىمىزغا دوڭغىيىپ كېلىپ باقسۇنچۇ قېنى !

— ھە مۇنداق ھە، مەنمۇ شۇنداق ئويلاپتىم، — دېدى ھۇسىناخۇنمۇ ئاكىسىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — بىزنىڭ سىڭلىمىز قۇرتلاپ قالغان ئالما ئەمەس خالىسا ئېلىپ كېتىپ، خالىسا تاشلىۋېتىدىغان. مۇشۇنداق توي كۈنى يېرىم يولدا قوغلىۋەتكەن دەپ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلىپ، تويلۇق مەللىسىنىڭ ھېچنېمىسىنى بەرمەي خېتىنى ئالىمىز تازا !

— شۇنداق قىلايلى!

— قۇدىلاشقانغا تويغۇزۇپ، بىزگە قىلىدىغان ئوساللىقنى قىلغاندىكىن، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى. قېنى ئەتە خۇدانىڭ كۈنى تۇغۇپ، بىر تاڭ ئاتسۇن!

— ئەمدى بىزنىڭ مەھەللىگە يالغۇز كېلىپ قالماس ئۇ قوڭالتاق!

— پايخۇنىنى چېقىۋېتەرمىز!

— پومداقلاپ دەسسەپ، چالا ئۆلۈك قىلىۋېتەرمىز!

— ئاكىلىرىڭىز ئوبدان گەپ قىلدى بالام، — جىمجىت ئولتۇرغان نازىلخان ئەمدى نۇربۇۋىگە بۇرۇلدى، — ھۇجرىڭىزغا كىرىپ تويلۇق كۆڭلىكىڭىزنى سېلىۋېتىپ ئاستا يېتىپ ئۇخلاپ قېلىڭا بالام، بولمىسا نايىم ئاچىڭىز ئېرىنىڭ ئۆيىگە چىقماي سىزگە قونۇشۇپ بەرسۇن.

— نەدە يېتىپ قالىدۇ، نەدە ؟! — باياتىن بېرى بالىلىرىنىڭ قارارلىرىغا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغان ھەسەن خالۋاپ تۇيۇقسىز ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر ئاۋازدا ۋارقىراپ كەتتى ، — ھەر قايسىڭنىڭ ئادەم بولغىنىڭ شۇما ؟ مەن سەنلەرنى

جېدەلنى ئۇلغايتىپ تېخىمۇ كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ بېرەمدى-
كىن دەپ چاقىرتقانما ؟ ھەر قايسىڭغا پۇل ـ مال زۆرۈرمۇ يا-
كى يۈز ـ ئابروي، كۆڭۈل ئازادىلىكى زۆرۈرمۇ؟ ھۇ ئادەم بول-
غىنىنى تۇيمىغان ھارامتاماقلار !

باللار دىڭگىدە چۆچۈپ تۇرۇپ قېلىشتى، ئۇزۇندىن بېرى
دادىسىنىڭ بۇنچىلىك توۋلاپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ باقمىغاچقا،
بېشى چاترىقىغا كىرىپ كەتتى. دادىسىنىڭ قانداق قارارغا
كەلگىنىنى بىلىش ئۈچۈن يەرنىڭ تېگىدىن دادىسىنىڭ ئاغزى-
غا قاراشتى.

ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى. ھەسەن خالۋاپ باللى-
رىدىن ئۈمىدسىزلەنگەندەك ھېسسىياتتا بىر ھازاغىچە جىم-
جىت ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك
بىر ئاۋازدا دېدى:

— جاھاندارچىلىق قىلماق ئاسان ئەمەس، باللىرىم.
پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىساق ئوبدان بولماس.
ئاچچىقىمىزغا، مۇشتىكىمىزگە تايىنىپ قۇدىۋاجىلىق ئىشىنى
بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەقلىڭلارنى ئىشقا سېلىپ
ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭلار. مېنىڭ پىكرىمگە كەلسەك،
كۈيئوغلىمىز بىر ئاز ياشلىق قىلىپ قاپتۇ، ئەمما بىزدىنمۇ
ئۆتۈلگەن يېرى باركەن. شۇڭا سىڭلىڭلارنى چىرايلىقچە ئاپى-
رىپ قويساق دەيمەن.

— نېمە !— يۇنۇسنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئۆي كۆزلىرى پار-
قىراپ كەتتى، — نۇربۇۋىنى باقالماي قالغان يېرىمىز بارمۇ ـ
يا، دادا؟

— بۇنداق ئويلىساق بولمايدۇ، بالام. بۇ ئىشتا قۇدىلارنىڭ
ئوساللىق قىلغان يېرى يوق، مەن قىزنى ئاتا ـ ئانىسىغا بەر-





گەن، مۇبادا ئۇلارنىڭ كېلىن قىلغۇسى بولمىسا، قىزىمنى
شۇلارنىڭ قولىدىن ئالىمەن.

— كېلىن قىلغۇسى بولسا بۇ چاغقا ئىزدەپ كېلەرتى،
دادىسى؟!

— سىلە پوقىقا پاكى سالماي تۇرۇڭلار خوتۇن، — دېدى
ھەسەن خالۋاپ ئايالىغا چېچىلىپ، — كىم بىلىدۇ، شۇ تاپتا
ئۇلارمۇ پاتىپاراق بولۇپ چېپىشىپ يۈرگەندۇ تايىنلىق. دې-
دىمغۇ: خۇدايىم قىزلىق تەرەپكە يەتتە پاتمان تاشنىڭ ئېغىر-
لىقىنى بېرىمەن دەپتىكەن، شۇڭا بىز بۇ ئىشتا ئېغىرلىق قى-
لىپ، بالىنى چىرايلىقچە ئاپىرىپ قويمىساق بولمايدۇ.

— قانداق قىلغىلىرى بولسا شۇنداق قىلسىلا ئەمىسە،
— نازىلخان باتنىغىنىچە ئېرىگە تەتۈر قاراپ ئولتۇردى.

— ماڭ بالام ھۆسىيناخۇن، سەن چىقىپ ھارۋىنى قات،
بۇ كېچىدە ئېشەكنى سۆرەپ يۈرمەي تۆگە ھارۋىسىنى قوش،
جۇمۇ... ماۋۇ چوڭ ئىككىڭلار نۇربۇۋىخاننىڭ ساندۇق، تويلۇق
مەللىسىنى بىرنى قويماي ئاچىقىپ ھارۋىغا بېسىڭلار. ھە قى-
زىم، سىزمۇ تەييار بولۇڭ.

ھەسەن خالۋاپ خاپىلىقىنى بېسىش مەقسىتىدە باللارنى
ئۆز لايىقىدا ئىشقا بۇيرىدى. ئوغۇللار دادىسىنىڭ قارارىغا
نارازى بولۇپ، غۇدىرىغىنىچە ئارائاۋاتقا يولغا چىقىشىنىڭ تەي-
يارلىقىغا چۈشتى. شۇ چاغدا ئارقا ھويلىدىكى خورازنىڭ سو-
زۇپ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

« باش توخۇ چىللاپ كەتتى، شۇنچە كېچىدە ھە... »دەپ
ئويلىدى ھۆجرىدىن ئېرىنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ چىققان
پىنىنەخان.

# 6

— ئاجايىپ ئىش قىلدىڭلىيا ئادىشەي...؟ — دېدى تاكسىچى ھاپىزغا قاراپ، — خۇددى ئاداش بولۇپ بىرگە ئويناۋاتقان باللارنى تۇيۇقسىز قوغلىۋەتكەندەك...

— سىلە ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، — دېدى پېشانىسىدە تۇرۇم - تۇرۇم قورۇقلار ھاسىل بولغان ھاپىز كۆرەڭلىك بىلەن. تاكسىچى سىنچى كۆزلىرىنى ھاپىزغا تىكتى:

— يەڭگىلتەكلىك قىلىپ قالدىڭلا ئادىشىم. ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەتكىنىڭلار سىلىگە رىزق نىكاھى قېتىلىپ بولغان خوتۇن، جۇما!

— مېنى چوقچىلىماڭلار ئاداش، خەقنىڭ ئوساللىقىنى سىلىمۇ كۆردۈڭلىغۇ!

— ئىشقىلىپ تويىنى بۇزمىساڭلار بولاتتى.

— ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، — دېدى ھاپىز سوغۇق كۈلۈپ، — مېنى نېمە كۆردۇ ئۇلار، گەپ قىلمىسام ئاغزى بېسىلماي كوتۇلداۋېرىدا، ئۇ بادالڭ خوتۇن!

— خوتۇن خەق دېگەن ئاشۇنداق، بىردەم چىدىغان بولساڭلار كوتۇلدىسىمۇ خوتۇنۇڭلارنى ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىپ كېتەتتى.

— بۈگۈنكى كۈندە خوتۇن دېگەن جىق ئاداش، ئاغزىمنى ئاتىلاۋەرمەي ھەيدەڭلا ماشىنىنى!

— ئۇنداق قىلماڭلار، كەينىمىزگە يېنىپ، ئاۋۇ يەڭگىلىرىنى ئالمىساقمۇ، كېلىنچەكنى ماشىنىغا سېلىپلا ئەكەتمەيمىزمۇ؟

— يولنى ئۇزارتىپ، تاكسى پۇلۇمنى بەرمەي قالارمىكىن





دەپ قالدىڭلار ئاداش - ھە! تۇتۇڭلار ماۋۇ پۇلنى ... — ھاپىز يانچۇقىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن ئىككىنى «شارتتىدە» سۇغۇرۇپ ئېلىپ شوپۇرنىڭ مەيدە يانچۇقىغا تىقىپ قويدى، — ھە، ئەمدىغۇ نەگە دېسەم شۇ يەرگە ھەيدەرسىلە!

«ئارائاۋاتتا ئاتالغان بېدىكىنىڭ بۇ كەنجىسى ئەجەب ئاتىكاچا ئادەم بولۇپ قاپتۇ، بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام ئەتىگەندىلا ئىشىم بارتى دەپ يولۇمغا ماڭارتىم...» تاكسىچى شۇلارنى ئويلاپ ماي تەپكىسىگە قاتتىق دەسسىدى. تاكسى قۇيۇندەك توپا توزۇتۇپ ناھايىتى ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

دوپپىنىڭ چېكىسىدىن چىقىپ تۇرغان چېچى كۆزىنى توسۇۋالغان يىگىت ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ قويغاندەك، راسا بىر كېرىلىۋالدى - دە، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ لېۋىگە قىستۇردى. ئۇ — يىگىت بولغان ئادەم بىر خوتۇننى ئالدىم دېگەن كۈندىن باشلاپ مۇشۇنداق قىلىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى. تاكسى يېزا يولىدىن چوڭ يولغا چىقىپ شەھەرگە بۇرۇلدى. ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلىشىۋاتقان يولدا چىراغ تارتىۋالغان سانسىز ماشىنىلار ئاقار يۇلتۇزدەك نۇر بەلۋېغى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئىمىر - چىمىر چىراغ شولىسى ئىچىدە ئۆزىچە باشقا بىر دۇنياغا كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلغان يىگىت تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە مۈگدەككە چۈشتى. شۇ تۇرقىدا ھايات، تۇرمۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئويۇن، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ توي ئۈچۈن چەككەن جاپاسى بىر تىيىن، ئىككى يۇرت جامائىتىگە داستىخان سېلىنىپ قىلىنغان توي ھېچنېمە ئەمەس ئىدى...

تاكسى ئىككى سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن شەھەرگە يېقىنلاپ كەلدى ھەم يىگىتنىڭ يولسىزلىقى، ئاۋارىچىلىق تاپ-

قىنىدىن كەيپسىزلەنگەن تاكسىچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇيقۇڭلارنى ئېچىڭلار ئادىشوي، شەھەر دېگەن مۇشۇ شۇ.

ھاپىز چالا ئەسنەپ بېشىنى كۆتۈردى. تۈن قوينىدىكى شەھەر ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدە جىمىرلاپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ ماشىنىدىن چۈشكىسى يوق، ھارغىن كۆزلىرىدە ئۇيقۇ ئەگىيتتى.

— مەن ئەمدى يولۇمغا ماڭسام بولار؟ — دېدى شوپۇر ھاپىزنىڭ ھالىغا قاراپ.

— كەتمەيسىلەر، — دېدى ھاپىز كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — بىز ماشىنىنى دېيىشكەن ۋاقتىمىزدا توي تۈگىگىچە قاردىشىدىغانغا دېيىشكەن.

— توينى ئالىلقاچان تۈگەتتىڭلار، ئاداش! — تاكسىچىنىڭ ھەقىقەتەن جۇدۇنى ئۆرلەپ كەتتى.

— ۋارقىرىماڭلار، دەيمەن!

— ئەمىسە، يەنە قانداق قىلىپ بېرىمەن؟

— بىللە ئوينايمىز.

— ماشىنامنىڭ شەھەر ئىچىدە ماڭىدىغان رەسمىيىتى يوق ئاداش، ئەمدى مېنى ماڭغىلى قويۇڭلار.

— رەسمىيىتى يوق، ئەمىسە ئارقا كوچىدىكى قىزىل چىراغخانىلارغا ھەيدەڭلار! — دېدى ھاپىز ماشىنىدا مىدىر - سىدىر قىلماي.

— ئاداش، ئۇنداق قىلماڭلار...

— بۇگۈن مېنىڭ كۆڭلۈم پاراكەندە ئاداش، نەگە دېسەم شۇ يەرگە ھەيدەڭلار... لېكىنزە، كىرا پۇلىدىن غەم قىلماڭلا جۇما، لازىم بولسا ئەل - ئاغىنىلىرىم ئادىمىگەرچىلىك قىلىپ





قويغان پۇلنىڭ ھەممىنى تۆكۈۋېتىمەن!

« ئەجەب يېتىم قوۋۇرغىسى ئارتۇق، پو گۇيكىنا بۇ! كىم بەرگەن ئاتىكاچىلىقتۇ بۇ... شۇ تاپتا ئاتا - ئانام نېمە بولۇشۇۋاتقاندۇ، ماڭا تەگدىم دەپ لەۋزىنى بېرىپ تۈز چايىنىغان قىز قايسى ھالدىدۇ دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمىدى... » شوپۇر تاكسىنى ھەيدەۋەردى ۋە شەھەرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ئارقا كوچىغا كىرىپ، قاتار دۇكانلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

*　　*　　*

شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئاباسخانلارنىڭ ھويلىسى پاتىپاراقچىلىققا تولغان ئىدى. يىگىت بىلەن كېلىننىڭ جىن ئېلىپ قاچقاندەك ئۈن - تىنسىز غايىب بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ كېچىلەپ چوڭ ئۆيگە يىغىلغان ئىدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دەيتتى ئاباسخان چاپچىپ قالغان ئايغىردەك بىر ئورنىدا ئولتۇرالماي، — زادى نېمە ئىش بۇ؟ يا ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بارمىسا، ياكى ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىدە بولمىسا، نەگە كەتكەندۇ ئۇ بەڭۋاش؟!

— خوتۇن ئېلىپ بېرىشكە سەل بالدۇر كېلەتتى، خوتۇننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگۈدەك بولغاندا ئاندىن ئۆيلەسەك بولۇپتىكەن، ئۇ تاكىراڭنى ...

— خوتۇنغا گول بولۇپ ئادەم بولۇپ قالارمىكىن، دەپ خام ئويلاپ قاپتىكەنمىز.

— ئەمدى پۇشايمان قىلىدىغان گەپنى قىلىۋەرمەي، تى-

رىكى نەدە، ئۆلۈكى نەدە بىر ئىز - دېرىكىنى قىلساق بولاتتى ئۇ بالىنىڭ.

تولا ئەنسىرەپ جىددىيلىشىپ كەتكەن ئاغىچخان چاچلىرىنى يۇلغىدەك بولۇپ ئاغزىغا كەلگەننى دېگىلى تۇردى:

— ئىشىنىڭ بىسمىللىسىدا يىگىت بالامغا خوتۇننىڭ ئايىغى ياراشمىدى. بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولساق قىلماسكەنمىز بۇ توينى!

— تويىنىڭ مەسلىھەتىنى پىشۇرۇشتىن ئاۋۋال چىمكەش قىلدۇرۇپ موللامنىڭ ئاغزىغا قاراپراق بىر ئىش قىلىدىغان ئىشكەن.

— ھېلىمۇ خۇدايىم ئۆزى بىرنېمە دەر. يامان يول، يامان كۈندىن ئۆزى ساقلار!

پۈتۈن ئائىلە شۇنداق پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە تۇرغاندا تۇغقانلاردىن بىرى ھويلىغا كىرىپ ھېلىقى تاكسىچىنىڭ ئۇچۇرىنى ئالغانلىقىنى، ھازىر ئۇلارنىڭ شەھەرنىڭ قايسى بىر كوچىسىدا ھاپىزنى ئۆيگە ياندۇرۇپ ئاچىقالماي ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

— توۋا، توۋا... بىز ئاۋۋال ئاخشامنىڭ بۇ تەرىپىدە ئۇيقۇ يوق، ئەنسىزچىلىكتە پاتىپاراق بولۇپ يۈرسەك، نېمە ئۇ شەھەردە پوق دەسسەپ يۈرۈيدىغاندۇ ئابدالنىڭ پۈشتى! — ئاباسخان بالىلارنى تېلېفونغا چاپتۇردى، — چاقىقان بولۇڭلار، شەھەرگە تېلېفون قىلىڭلار، ئابدۇراخمان ئاكاڭلار ئانجىسىنى تېپىپ چىقسۇن.

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئاكاملارنى ئاۋارىچىلىققا سېلىپ قويارمىزكىن، دادا.

— ھېچنېمە بولمايدۇ ، ئۆزىمىز كىرىپ ئىزدىگۈچە تاڭ





ئېتىپ كېتىدۇ.

— مەيلى ئەمىسە، تېلېفون ئۇرۇپ باقايلى.

— ئۇرۇپ باقايلى دەپ مىكى - مىكى گەپ قىلماي، ئېنىق گەپنى دەڭلار... ئەكىلىڭلار بولمىسا ئۆزۈم دەي... ئادەم ئەسكىسى گۈي ئۆيگە چىقىپ باقسۇن قېنى، قۇلىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالمايدىغان بولسام...

ئابباسخان شەھەرگە تېلېفون ئۇرۇپ، چوڭ ئوغلىنى ئويغاتتى، بولغان ئەھۋاللارنى قىسقىچە ئېيتىپ، ھاپىزنى ئىزدەپ تېپىشنى تاپىلىدى. ئابباسخاننىڭ ئىنىسى تاكسىنىڭ نومۇرىنى ۋە تۇرغان يېرىنى ئېيتىپ بەردى.

جىددىي كەيپىيات بىرئاز پەسكويغا چۈشتى. ئەمما ئاباسخاننىڭ ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغان، دالان ئۆيدە ئۆزىنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان بالا - چاقىلىرىغا قاراپ توختىماي سۆزلەيتتى:

— ھوي، مۇشۇ ئىش خەلقئالەمنىڭ قۇلىقىغا يېتىدىغان بولسا نى ئات، نى نومۇس بىزگە - ھە! ھەسەن خالۋاپلارنى بۇرۇندىن چوڭ ئۆتكەن، ئىمان - ئېتىقادى كۈچلۈك، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئايايدىغان، ئابرويلۇق كىشىلەردىن دەپ ئاڭلىغانىمىز، ئەمدى مۇشۇ ئىشنى ئۇقسا قانداق ئويلاپ كېتەر! بىز ئەمدى قۇدىلىرىمىزنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز...

تۇغقانلار، بالىلار دادىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىممىدە تۇرۇشتى، ئەتىگەندىن بېرى توي ئۇزاتقىچە تارتقان جاپا، ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھاپىز بىلەن كېلىننىڭ يولىغا قاراپ ئۆرە ئولتۇرۇشتى.

* * *

خوراز ئۈچىنچى قېتىم چىللىغاندا يولدا ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. دادىسىنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان بالىلار گۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ تالاغا يۈگۈردى. دېگەندەك قاپقاراڭغۇ كېچىدە يىراقتىن چىراغ تارتىپ كېلىۋاتقان بىر ماشىنا ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاپ كەلدى. تەشۋىشلىك كۆزلەر ئۈمىد بىلەن ماشىنىغا باقتى. ئەپسۇس، كىم بىلسۇن، بۇ ماشىنا قارىشىپ تۇرغانلارغا توختىماستىن ئۆتۈپ كەتتى. ماشىنىنىڭ رەڭگىمۇ قىزىل ئەمەس، توپىرەڭدەك قىلاتتى. چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئۈمىدى ماشىنىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ تۇماندەك توزۇپ كەتتى.

يا ئاللا، نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەندۇ، بالا ساقمىدۇ ياكى بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇپ قالغانمىدۇ، ئاغىچىسى يېنىدىمىدۇ، ياكى... ھەممە كۆزلەرگە يىراقتىن چىراغ تارتىپ كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ چىرىغى پىلىلدىغاندەك بىلىنەتتى. ھەممە قۇلاقلارغا ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن يولدا ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۈمىدسىزلەنگەن ئاباسخان يولدا تۇرۇپ بولالماي ئاخىرى بالىلىرىنى باشلاپ يەنە ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

خوراز تەكرار ـ تەكرار چىللىغىلى تۇرغاندا، دەرۋازا ئالدىدا ئاخىرى ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قولىقى سەگەكلەشكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يەنە ئۈمىد بىلەن يۈگۈرۈلۈپ تالاغا چىقىشتى.

مەستلىكتە قۇرۇق تاغاردەك ئۆرە تۇرالمايۋاتقان ھاپىزنى ئاكىسى ئابدۇراخمان يۆلەشتۇرۇپ باشقا بىر ماشىنىدىن چۈ-





شۈۋاتاتتى. شەھەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئابدۇراخماننىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، چۈشتىن بۇرۇن توي تۈگىمەستىلا شەھەرگە كىرىپ كەتكەن ئىدى.

— ۋاي قانداق قىلاي ماۋۇ چۈلە مەستنىڭ ھالىنى، ئەمدى! — ئاباسخان خۇدىنى يوقاتقان، ئۈستۈبېشى قۇسۇق دەستىدىن قارىغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن ئوغلىنى كۆرۈپ كەڭ، يوغان ئالىقىنى بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى تۇتۇۋالدى، — بۇنىڭ خوتۇنى قېنى، ئەمدى؟

سوئالى جاۋابسىز قالغان ئاباسخان ئەمدى ئابدۇراخماندىن سورىدى:

— نەدىن تاپتىڭلا بالام بۇ خامزاڭنى؟

— سەل توختاڭا دادا، ما ئاداش ماشىنىدا قۇچىقىمغا قۇسۇپ رەسۋا قىلىۋەتتى، ھويلىغا كىرىپ بىر تىنىۋېلىپ ئاندىن گېپىڭىزگە جاۋاب بېرەي.

ئەرلەر ھاپىزنى كۆتۈر ـ كۆتۈر قىلىپ ھويلىغا ئەكىرىشتى. يىغىسى ئىچىگە پاتماي قالغان ئاغىچىخان چۆگۈندە سۇ ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئۈستۈبېشىنى يۇدى. بۇ ئىشلار ئۈچۈن كېچىچە ئاۋارە بولغىنىغا خاپا بولغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان ئابدۇراخمان چۈۋۈلۈپ قالغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تاراپ تۇرۇپ غۇدىرىدى:

— سىز تېلېفون ئۇرغاندا كۆزۈم ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىپتىكەن دادا، ئۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال كىيىنىپ سىرتقا چىقتىم. سىلەر نىشان بەرگەن تەرەپكە چاپتىم. سائەت بىردىن ئاشقاندا ھېپىزەم سەتەڭنىڭ قاۋاقخانىسىنىڭ ئالدىدىن تاپتىم. قارىسام، شۇ يەردە يۈندىدا چىلىشىپ ياتىدۇ. بېشىدىكى دوپپىسى، ئۇچىسىدىكى كاستۇمى، قولىدىكى سائەت، ھېچنې-

مىسى يوق، تاس قاپتۇ كوچا گاۋۇرۇشلىرى ئىشتىنىنىمۇ سالدۇرۇۋالغىلى!

— بۇنىڭ ئاغىچىسى قېنىدۇ ئەمدى؟

— نېمە، ئايالىمۇ يوقما؟

— بۇلار ماشىنا بىلەن ئالدىمىزدا يېنىپ كەلگەن، كەينىدىن كەلسەك بولغان ئەھۋال شۇ.

— ئەستا... ما ئىشنى...

— ھېلىقى كىراكەش شوپۇرمۇ ئۇقمامدىكەن؟

— قېشىدا ھېچكىم يوق، سۇرۇشتۇرۇپ باقسام، تويى يۆتكىگەن ھېلىقى تاكسىچى بۇ زاغۇنباشقا گەپ يېگۈزەلمىگەندىكىن ئاچچىقىدا كېتىپ قاپتىمىش!

— ھەي... ما ئىشنى كۆرۈڭ!

— ئەستاغپۇرۇللا، ئەتىيازنىڭ يۈزى قىزى باركى خەقكە دوڭغاقلاپ، نەچچە يەردىن يېنىپ، نەچچە ئۆيگە ئادەم قويۇپ ئاخىرى مىڭ تەستە ھەسەن خالۋاپلار بىلەن قۇدىلىششقا پۈتۈشۈپ، بۈگۈن ھەشەم تارتىپ تويىنى قىلىپ بەرسەم، ماۋۇ لاتا غىلاپىنىڭ ئاغىچىسىدىن خەۋەر يوق پۇرلىشىپ ياتقىنىنى! بېشىڭنى كۆتۈرگىنە ھەي ئۆلۈك، خوتۇنۇڭ قېنى؟!

— مەن نەدىن بىلەي...، — ھاپىز دادىسىنىڭ قاتتىق تۇرتۇشى بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ غۇدىرىدى، — مەن يا ئۇ قىز بالا بىلەن تونۇشمىسام...

— ئېغى يوق ئىشتان كىيىدىغان بالىدەك گەپ قىلغىنىنى ما ئۆلۈمتۈكنىڭ، — ئىچىگە ئاچچىق پاتماي قالغان ئابباسخاننىڭ پۇت ـ قولى ئوغلىغا ئۇزاي دەپ قالدى، — ئەمدى نېمە دېگىنىڭ سولاش ھەي، بۇ؟!

— شۇ... شۇ... تونۇشمايدىغان قىز بالىنى ئادەمگە خوتۇن





دەپ ئېلىپ بېرىپ دەيمەن.... مەن يا ئۇ قۇمئاۋاتلىق قىز بىلەن ئا... ئاينۇرخان بىلەن تونۇشقاندەك بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىچ سىرىنى بىلىشمىسەك...

— ئامىچا... دۆيۈزنىڭ ئاغزىغا جۇما! — ئابباسخاننىڭ تېخى كۆچىدىن قالمىغان توقماقتەك مۇشتۇمى ئوغلىغا سوزۇلدى، — كىم ئۇ ئاينۇرخان دېگىنىڭ ئەمدى؟!

— ئاي...ۋاي كا... كايىماڭا، ئادەمگە. سىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا بوبامنىڭ گېپىنى گەپ ئەتمەي، ئانامنى قۇمئاۋاتتىن ئېلىپ قېچىپتىكەنسىزغۇ؟ ئاينۇرخان دېگەن ئاشۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى تارتقان...

— تىلىڭنى تارت، ئۆكتەم!

— ۋايجان، ۋاي ئا داداڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار! — ئاغىچىخان شۇنداق دېگىنىچە، يەرگە تۇزۇك دەسسىيەلمەي گىلدىڭلاپ تۇرغان ئوغلىنى قولىدىن سۆرەپ، كېلىن ئۈچۈن جابدۇپ قويغان ھۇجرا ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئابدۇراخمان ئىنىسىنى پالاق ـ پۇلۇق سىلىۋەتكەن دادىسىغا ئېسىلدى. قىز ـ ئاياللار ئۇسسۇزلۇق ئەكىلىپ، ئەسەبىيلەشكەن ئابباسخاننىڭ ئاچچىقىنى باسماقچى بولدى.

ئوغۇل پەيدا بولغان بولسىمۇ، كېلىندىن خەۋەر بولمىغاچقا، ئۆيدىكىلەر يېڭىباشتىن پاتىپاراقچىلىققا چۆمدى. ئۇ بىر نېمە دەپ، بۇ بىر نېمە دەپ ئاخىرى دادىسىنىڭ گېپى بىلەن قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە ئادەم ماڭماقچى بولدى...

دەل شۇ پەيتتە دەرۋازا ئالدىدا تۆگىنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھويلىدىكىلەر ئۇيۇر ـ توپۇر تالاغا چىقىپ دەرۋازا بېشىدىكى چىراغنى ياندۇردى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەسەن خالۋاپىنىڭ ئىككى ئوغلى، كېلىنلىرى تېخىچە يىغلاۋاتقان

نۇربۇۋنى يۆلەشتۇرۇپ تۇراتتى.

— ۋاي جېنىم قىزىم، — ئاغىچىخان كېلىننى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. يۈزىنى قىزنىڭ يۈزىگە يېقىپ يىغلاپ سالدى، — سىزنى ماشىنىغا چىقىرىپ قويغىچە ئۆزۈم كۆچۈرۈپ كەلسەمچۇ، قىزىم. مەندەك ئەقلى چولتا ئانىڭىزنى نېمە دەپ قالغانسىز، قىزىم!

ئابباسخان ياش لىغىرلاپ قالغان كۆزلىرىنى يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ بىر هازا گەپ قىلالماي سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى. كېيىن تەستە زۇۋانغا كەلگەندەك بولۇپ، مېهمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. لېكىن ئۇلار تۆگىنى كەينىگە بۇراپ بولغان ئىدى. شۇ تاپتا مېهمانلارنىڭ ئۆيگە كىرمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. توي كۈنى ئېرى بىلەن يامانلىشىپ قالغان قىزنى ئاپىرىپ قويغاندا قۇدىلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ياندىغان قائىدە قاچانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەپتىكىن... ئابباسخان كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا ئۆكۈنگەن، پۇچۇلانغان هالدا بوغۇلدى:

— هەرقايسىلىرىنى جاپاغا سېلىپ قويۇپتىمەن، ئالدىلىرىدا مەن ناماقۇل!

ئابباسخاننىڭ سۆزىگە تۆگىنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى. تۆگە هارۋىنى سۆرەپ كەتتىمۇ، ياكى هۇسىيناخۇن ئۇ جانىۋارغا قامچا سالدىمۇ، هارۋا بىردەمدىلا يىراقلاپ كەتتى.

ئابباسخان كېلىننى ئەكەلگەن قۇدىسىنىڭ بالىۋاقىلىرىنى ئېلىپ كۈن پېتىش تەرەپكە كەتكەن هارۋىنىڭ كەينىدىن ئۇن-تىنسىز قاراپ قالدى...

شۇ چاغدا ئۇيۇق ئاقىراي دەپ قالغان ئىدى.





# ئىككىنچى باب

## 7

قۇياش كۈلۈپ چىقتى. قۇملۇق باغرىدىكى ئېتىزلاردا باشاقلىرى تولۇشقا باشلىغان بۇغداي مايسىلىرى يېشىل ياقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئەمدىلەتىن ئۈچ قۇلاق، تۆت قۇلاق بولۇشقا باشلىغان ئاجىز كېۋەز مايسىلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى تېخىچە توپا رەڭدە بوزىرىپ تۇراتتى. مەهەللە-كويلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان باغلار، يول بويىدىكى كۆككە بوي سوزغان سۇۋادان تېرەكلەر كىشىنىڭ كۆزىگە، كۆڭلىگە ئاراملىق بېرەتتى. ئۆز توپىنى ئەگەشتۇرۇپ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان موللاقچى كەپتەرلەر، هويلا-ئاراملاردىكى ئۈجمە شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ، ئالا بولغان ئۈجمىلەرنى چوقۇلاۋاتقان قۇشقاچلار، قوتاندىن قېچىپ چىقىپ، مەهەللىدە چاپراقلاپ يۈرگەن قوزا-ئوغلاقلار، موزايلار ماڭغان-تۇرغانلارنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى.

تويىنىڭ جاپاسىدا هېرىپ هالىدىن كەتكەن ئابباسخان بۈگۈن بازاردىن قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۈگۈن تويىنىڭ يەنە بىر قىسىم رەسىم-قائىدىلىرى ئورۇندىلىدۇ. ئەتىگەندە هاپىزقارىي قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارىدۇ، ئاندىن قۇدا تە-

رەپتىكى ئاياللار قىزنىڭ كەينىدىن ناشتىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشلار گەرچە ياش بالىلار، ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئورۇندىلىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، ئائىلىنىڭ چوڭى بولغان ئەرلەر ئۆيدە بىللە تۇرۇپ ھە - پە قىلىشىپ بەرمىسە بولمايدۇ. ئۇيقۇسىزلىقتا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغان ئابباسخان خىيال سۈرگەچ ئارقا ھويلىغا ئۆتۈپ ئۇلاغ - ئىلمەكلەرنى يوقلاپ چىققاندىن كېيىن، ھويلىدىكى ئۈزۈم تېلىنىڭ تۈۋىدە چۆگۈندىكى سۇدا قولىنى چايقىدى. ئاندىن پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدىكى كۆرپىگە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى.

— بالىلار ناشتىغا چىقمىدىغۇ؟

— قايسى بالىلار؟... — دېدى ئاغىچىخان قەدىناسىنىڭ ئالدىغا داستىخان سالغاچ ئەمدى بۇ ئۆيدە بالا قالمىدى، دېگەننى قىلىپ.

— ھاپىزقارىي بىلەن يېڭى كېلىنچەكچۇ؟ — ئابباسخان ئاۋازىنى پەسەيتىپ بالىلارنىڭ ھۇجرىسىنى ئىشارەت قىلدى.

— ھاپىز قارىي تېخى ئۇخلاۋاتىدۇ، كېلىنىمىز تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇرىدۇ. بايا ئەھۋال سورىغاچ ناشتىلىق ئەكىرىپ بېرىپ چىقتىم.

— قانداق بوپتۇ؟ — ئابباسخان ئايالىنىڭ قۇلىقىغا بوش شىۋىرلىدى.

— نېمە قانداق بوپتۇ؟ — ئاغىچىخان كۆزلىرىگە چۈشۈپ قالغان مايسارەڭ ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ پىچىرلىدى.

— بالىلار بىر - بىرىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقاندەكمۇ، ئارقا ھويلىدىكى غۇسلىتارەتخانىدىغۇ سۇ تۆكۈلگەننىڭ نىشانى يوق.

— چىك، ئا... — دېدى ئاغىچىخان ئېرىنىڭ ئۆسۈك





قاشلىرى ئاستىدىكى ھەييار كۆزلىرىگە تەتۈر قاراپ، — خىياللىرىغا نېمە كەلسە شۇنى دېمىسىلە. ھېلى بىكار سەت گەپ قىلغان ئاغىزلىرى قىزىق سۈتتە كۆيۈپ قالىدۇ!

— ما خوتۇننى، ئارىغا بىر ئىسسىقچىلىق چۈشكەندەكمۇ، كېلىنىمىزنىڭ ئوغلىمىزغا بېرىشكە تېگىشلىك ئامانىتى ساقمىكەن دەپ سوراۋاتىمەن.

— ئاغىزلىرىنى جىملىسىلە، بالىلارنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئوچۇق دەيمەن. نېمە ئانداق غەرەز ئۇقمايدىغان كىچىك بالىدەك...

ئابباسخان شۈك بولۇپ قالدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن قېتىپ قالاي دېگەن ناننى ئوشتۇپ سۈتكە چىلاپ، ياڭاق مېغىزى بىلەن قوشۇپ ئالدىرىماي ناشتا قىلدى. ئاغىچىخان پاراڭنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، بۈگۈن ھاپىز قارىينىڭ سالامغا بارىدىغانلىقى، قۇدا تەرەپنىڭ قىزىغا ناشتىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھەم بۇ ئىشلارنىڭ تەييارلىقى توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ئولتۇردى.

ناشتىدىن كېيىن ئابباسخان ھېلىقى گەپنى يەنە سورىدى:

— ئوغلىمىز روپاشتەك ئەجەب ھۇجرىسىدىن چىقمايلا كەتتى، نېمە بولۇشۇپتۇ ئۇلارغا؟

— كىچىكلىك قىلىشىۋاتامدىكىن، ياكى تۈنۈگۈن قىلغانلىرىغا خىجىل بولۇۋاتامدىكىن، تاڭ!

— ئاغىچىسى بىلەن قانداقراق تۇرىدۇ، بىر - بىرىنىڭ تىنىقىنى ئالغاندەكمۇ؟

— يېڭى كېلىن بولغاندىكىن ئەھۋال سوراپ قوياي دەپ كىرسەم، — دېدى ئاغىچىخان بالىلارنىڭ ھۇجرىسىغا يىراقراق بولغان مېھمانلىق ئۆيدىكى ئويما نەقىشلىك تۈۋرۈككە يۆلىنىپ

تۇرۇپ، — ئارىغا ھېچبىر ئىسسىقچىلىق چۈشكەندەك ئەمەس، دادىسى!

— تۇۋا دەڭلا ھاي، — دېدى ئاباسخان زىناقلىرىغا بىر كەلتۈرۈپ ئۆستۈرۈۋالغان بۇرۇتىنى يۆگەپ تۇرۇپ، — ئوغلىمىزنىڭ تويدىن بۇرۇنقى قىلىقلىرىغا قارىسام، خېلى بىر ئىشنىڭ ئېپى-جىپىنى ئۇقۇپ قالغاندەك تۇراتتى.

— ئاخشام ئاغىچىسىنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپ قويغاندا، ئەلەڭگۈپ تۈزۈك ماڭالمىغاندەك قىلغان، ئاشۇ ھاراق دېگەن نەرسە كارغا كەلمەس گالدۈڭ قىلىپ قويدىمىكىن، يا؟ — ئاغىچىخاننىڭ روھسىز كۆزلىرىگە بىرخىل مەيۈسلۈكنىڭ ئالامىتى يامراپ چىقتى.

— ئىككىسى بىر تەكىيگىمۇ باش قويماپتىمۇ؟

— ئۇنداق ئىنجا كەلگەندەك ئەمەس، ھاپىزقارىي يوتقانغا بېشىنى چۈمكەپ ئۇخلاۋاتىدۇ، كېلىنچەك بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى تۆۋەن بالىكەن، تۈنۈگۈن قانداق كەلگەن بولسا شۇ پېتى تۇرغاندەك قىلىدۇ. بىچارە بالىنىڭ يىغىدىن قاپاقلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ.

— قانداق گەپ بۇ؟ — ئاباسخان ئورنىدىن تۇردى، — توختاڭلا بولمىسا، بۇ بالىغا ئۆزۈم بىر نەسىھەت قىلاي!

— ھاي، ھاي، — ئاغىچىخان دەرھال ئېرىنىڭ ئالدىنى توستى، — ساقال-بۇرۇتلىرى ئاق ئارىلىغىلى تۇرغاندا، يۈزلىرى بارغانچە قېلىنلاپ كېلىۋاتامدۇ، سىلىنىڭ؟!

— نىم بولدى؟ — ئاباسخان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ خوتۇنىغا گۆلەيدى، — ئەمىسە، ئاشۇنداق ياتامدۇ؟

— كونىلار مۇسۇلمانچىلىق دېگەن ئاستا-ئاستا بولىدۇ دەپتىكەن، دادىسى. ئوغلىمىز ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز-





كۆزىنى يۇيۇپ، ئاغىچىسى بىلەن ناشتا قىلسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن پەم بىلەن ئالداپ-سىلاپ قېيىنئاتىسىنىڭكىگە سالامغا يولغا سالايلى، قالدى — قاتتى ئىشلارنى بالىنىڭ مىجەزىگە قاراپ ئاندىن بىر نېمە دېيىشەرمىز ياكى مولLAMغا ئوقۇتۇپ ئىسسىتقۇ قىلارمىز.

ئاباسخان ئايالىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ھاپىز تېخى كىچىك، خوتۇننىڭ قەدرىگە يەتكىدەك ئەقلى يوقلىقىنى چاندۇرۇپ قويغىلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئوغلىنى كىچىك ئۆيلەپ قويۇپتىمەن دەپ ئۆز-ئۆزىگە ئىقرار ئىدى.

بالىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار تىنچ-ئامانلىق سوراپ كىرىشتى. نەۋرىلەر ھويلىنى بازار قىلدى. كېيىن ئۇ بىرنېمە دەپ، بۇ بىرنېمە دەپ ئاخىرى ھاپىزنى ھويلىغا ئاچىقتى، ۋاق بولۇپ قالغان بولغاچقا، چاققانراق جابدۇنۇپ قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىشقا ئالدىراتتى. ھاپىزنىڭ نەۋرە ئاكىلىرىدىن بولۇپ تۇنىيازاخۇن، قادىرجان، مەمەتخان ئۈچەيلەن سالامغا بىللە بارىدىغان بولۇشتى.

— كۈچۈكۈم، كۈچۈكۈم دەپ كۆزۈڭلەرنىڭ تېگىگە قاراپ، بەلەن تەربىيىلىيەلمىگەنلىكىمنى ئەمدى تۇيۇۋاتىمەن بالام، — دېدى ئاباسخان ئاكىلىرىنىڭ ئالدىدا گەدىنىنى قاشلاپ تۇرغان ھاپىزنى بىر يانغا تارتىپ، — تۈنۈگۈن قىلغان قىلىقىڭلار يىگىت بالىنىڭ ئىشى بولماي قاپتۇ. سىلى ئەمدى ئىككى يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا تۈز چايناپ بىر خوتۇننى ئەمرىڭلارغا ئالغان ئەر بولۇپ قالدىڭلار، يەنە بىر نەچچە ۋاق ئۆتسە دادا بولىدىغان گەپ. شۇڭا بۇگۈندىن باشلاپ شەپشەكىلىكنى تاشلاپ ئېغىر-بېسىق، تەمكىن ئادەم بولمىساڭلار بولمايدۇ جۇمۇڭلار. ئاخشام قېيىنئاتاڭلارنىڭ كۆڭلى ئازار يەپ قالدى.

ئەمما ئۇ كىشى ئىلگىرى ئاڭلىغىنىمىزدەك قائىدە - يوسۇن-
لۇق، تۈزۈك ئادەمكەن، بىز ناماقۇل بولۇپ ئالدىغا بارغىچە،
ئۆزلىرى قىزىنى ئەكىلىپ قويدى. بىر قىسىم قاپاق ئۈش-
شۈق، كۆكەمە ئادەملەرگە ئوخشاش قىزىنى ئولتۇرغۇزۇپلا
سېسىق ئوسۇرۇپ ئولتۇرسىمۇ ھېچنېمە دېگىلى بولمايتتى.
شۇڭا بۈگۈن سالامغا بارغاندا، ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىدىن ئەس-
سالامۇئەلەيكۇم دەپ، چىرايلىق كىرىڭلار. كۆرۈشكەن
ۋاقتىڭلاردا بىر قىسىم ياش بالىلارنىڭ قىلىقىنى قىلىپ سى-
ڭا قولۇڭلارنى تەڭلىمەي، ئىككى قوللاپ قىزغىن كۆرۈ-
شۈڭلار. ئۆيگە باشلىغاندا چوڭلارنىڭ ئالدىدا چازا قۇرۇپ كې-
رىلىپ ئولتۇرماي، يۈكۈنۈپ يىغىنچاق، مۇلايىم ئولتۇرۇڭلار.
داستىخان ئۈستىدە جىق گەپ قىلماڭلار، ئادىمىگەرچىلىك
قىلىپ ئالدىڭلارغا رەخت - پەخت ياكى كىيىم - كېچەك دې-
گەندەك بىر نەرسىلەرنى قويسا، قېتىپ گۆشۈيۈپ ئولتۇرۇۋال-
ماي، دەس ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ: رەھمەت دادا، ھەشقاللا ئانا،
دەپ مىننەتدارلىقىڭلارنى بىلدۈرۈڭلار. خوشلىشىپ ياندىغان
چاغدا: ھەرقايسىلىرىنىڭ باشلىرىنى ئاغرىتىپتىمىز، كايىتىپ
قويدۇق، دېگەندەك كۆڭۈل يارىشىقى گەپلەرنى دېيىشنى ئۇنتۇپ
قالماڭلار. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ھە ئەمدى مېڭىڭلار، ھېلىمۇ نى ۋاق
بولۇپ كەتتى شۇ تاپتا...

قۇياش بارا - بارا تىكلىنىپ، كۈچلۈك ئاپتاپ يەر -
زېمىننى قىزدۇرۇۋاتقاندا ئاكىلىرى ھاپىز قارىينى ئېلىپ،
موتسىكلىتلىرىنى گۈركىرەتكىنىچە قۇمئاۋاتقا يۈرۈپ كەتتى.
ئۆيدە قالغان ئاياللار بولسا نۇربۇۋىنىڭ يېنىغا كىرىۋالغان بو-
لۇپ، ئۇلار تارتىنىش، يېتىرقاشنىڭ ئاسارىتىدە ھۇجرىسىدىن
چىقماي ئولتۇرغان بۇ يېڭى كېلىننى چۆرىدىشىپ، ئۇنى بۇ





ئۆيگە كۆندۈرۈۋېلىش كويىدا بولۇۋاتاتتى.

## 8

ھەسەن خالۋاپنىڭ ھويلىسى پەتىگە كېلىۋاتقان كۈيئو-
غۇلغا داستىخان تەييارلاش، قىزىنىڭ كەينىدىن ناشتىلىق ئا-
پىرىش دېگەندەك ئىشلار ئۈچۈن پاي - پېتەك بولۇشۇپ يۈرگەن
يېقىن - يورۇق ، ئۇرۇق - تۇغقان بىلەن توشقان بولۇپ، ئا-
ياللارنىڭ پۇت - قولى يەرگە تەگمەي قالغان ئىدى. خالۋاپ
بولسا، قۇچىقىغا چىقىۋالغان نەۋرىسى ياسىننى ئەركىلىتىپ،
شاخلىرى پېشايۋان ئالدىغا بىر كەلگەن ئۈجمىنىڭ سايىسىدا
ئولتۇراتتى. بالىنىڭ ئوتىدىن نەۋرىنىڭ ئوتى يامان دەپ، بۇ
ئادەم نەۋرىلىرىگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى.

— بوبا، — دېدى بالا بوۋىسىنىڭ قىسقا ياساتقان كەكە
ساقىلىغا ئېسىلىپ، — ھېلىقى كالتە پەمنىڭ ھېكايىسىنىڭ
ئاخىرىنى دەپ بېرىڭە، ئۇ خوتۇنىنى يامانلىتىپ قويغاندىن
كېيىن قانداق قىپتۇ؟

— بۈگۈن بولمايدۇ بالام، ئەتىگىچە بىر گەپ بولسۇن،
ھە.

— ھىم... دەپ بېرىڭە...

— ئەتە دېدىمغۇ؟

— ياق، بۈگۈن... بۈگۈن...

— ھەي... ما بالىنىزە... — خالۋاپ نەۋرىسىنىڭ مەڭزى-
گە سۆيدى، — مەن ساڭا ھېكايە، چۆچەك ئېيتىپ بېرىشكە
قەرزدارمىدىم؟ سەندىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن، ھە... قۇ-
لىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، ئەمىسە! شۇنداق قىلىپ غورىگىل

تۇرمۇشتىن زەردىسى قايناپ قالغان كەمبەغەل كالتە پەم ئاچچىقتا ئاغىچىسىنى يامانلىتىپ قويۇپ كونا ئۆيدە غۇقتەك يالغۇز قاپتۇ. ئاش ئېتىپ بەرگۈچىسى يوق، مۇڭدىشىپ بەرگۈچىسى يوق ناھايىتى قىينىلىپتۇ. ئۇ كۈندىن - كۈنگە جۇدۇن بولۇپ شۇنداق ئولتۇرسا، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن ئۆمىلەپ چىققان بىر جۈپ چاشقان ئۇيان تىمىسقىلاپ، بۇيان تىمىسقىلاپ ئاخىرى بۇلۇڭغا يىغىپ قويغان كونا كۆرپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ - دە، بىر - بىرىگە تۇمشۇقىنى يېقىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن مۇڭدىشىپتۇ. كېيىن بىر - بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ئويۇنغا چۈشۈپتۇ.

- قانداق ئويۇنغا؟ دۇم - دۇم ئويۇنىمۇ ياكى چامغۇرچەكمۇ؟

— بۇنى چوڭ بولغاندا بىلىسەن، بالام...

— مۇشتەكتەك بالىغا نەدىكى ئىشنى ئۆگەتمەي، تۈزۈك گەپ قىلسىلا! — ئۇجمىنىڭ تۈۋىدە گۈرۈچ يۇيۇۋاتقان نازىلخان ئېرىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ قاپىقىنى تۈردى. ئېرى ئايالىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، ئاندىن نەۋرىسىدىن سورىدى:

— قانداق، بولدىمۇ بالام؟ چوڭ ئاناڭنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويغىنە ، ياكى بولمىسا يوگۈرۈپ بېرىپ قۇلىقىدىن تارتىپ تۇرۇپ بىرنى سۆيۈپ قوي.

— ھىم... تېخى تۈگىمىدى، ئايىغىنىمۇ دەپ بېرىڭە، — بالا يەنە قەغىشلىك قىلدى. نازىلخان ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ھەسەن خالۋاپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— چاشقانلارنىڭ قىلىقىغا قاراپ، بويتاق قالغاندا ئۆزىنى مازاق قىلىنىۋاتقاندەك، ئۆزىچە يۈزى قىزارغاندەك تۇيغۇدا





بولغان كالتە پەمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ - دە، پۇتىدىكى كەشنى سېلىپ چاشقانلارغا ئېتىپتۇ. چاشقانلار ۋىچ - ۋىچ قىلىشىپ كۆلگىنىچە بۇلۇڭ - بۇلۇڭغا تىكىۋېتىپتۇ.

— ھى... ھى... ھى... — بالا كۈلۈپ كەتتى، — كېيىنچۇ، كېيىن قانداق بوپتۇ، بوبا؟

— كېيىن، — دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى خالۋاپ، — يالغۇز ئۆيدە تۇرىۋېرىشكە رايى قالمىغان كالتە پەم كەشنى شېپىلداتقىنىچە ھويلىغا چىقسا، باش ئۈستىدىلا پاختەكنىڭ گۈگۈلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. كالتە پەم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، چەللىگە ئۇۋا سالغان بىر جۈپ پاختەكنىڭ چىشىسى تۇخۇم بېسىپ ياتقىدەك، ئەرى بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ گۈگۈلاۋاتقىدەك. چاشقاندىن ئاچچىقى يانماي تۇرغان كالتە پەم ئۆزىچە پاختەكتىن ئىزا تارتىپ قاپتۇ ھەم بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە مېكىيان قوغلاپ كەلگەن بىر خوراز كالتە پەمنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ھېلىقى مېكىياننى بېسىۋاپتۇ... بۇ ئىشلاردىن ئۆزىچە خۇدۇكسىرەپ قىزىرىپ كەتكەن كالتە پەم تېخىمۇ ئۇجۇقۇپ كېتىپتۇ - دە، دەرھال باغلاقتا تۇرغان ئېشىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ: « يۇر بۇرادەر، قېيىنئاتامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاغىچامنى ئەكىلىشىپ بەر، بولمىسا سەنمۇ ھېلىغىچە باغلاقتىن بوشىنىپ كېتىپ ئۇلاردەك كۆزۈمگە كۆرسەتكىلى تۇرما» دەپتۇ.

— ھى... ھى... ھى... بەك قىزىقكەن، كېيىنچۇ؟ كالتە پەمنىڭ خوتۇنى ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن كەلگىلى ئۇناپتىمۇ، بوبا؟

— كېلىدۇ، كېلىدۇ... پەسرەك گەپ قىل، مېھمان كەلدى، — ھەسەن خالۋاپ دەرۋازا ئالدىدا توختىغان ئىككى موتسىكلىتنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى، — ھاي ئانىسى، مېھمان

كەلدى، بېرى چىقىڭلار!

ھاپىز بىر قىزىرىپ، بىر سارغىيىپ قېيىنئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى. دادىسىنىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە خېلى قائىدە - يوسۇن ئۆگەنگەن بولۇپ، قېيىنئاتا، قېيىنئانىسى بىلەن ئۆز لايىقىدا سالاملىشىپ سىپايىلىق بىلەن مېڭىپ مېھمانلىق ئۆيدىن ئورۇن ئالدى. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش، داستىخان سېلىش، تاماق تارتىشلار باشلاندى. تۆر تەرەپتىكى كۆرپىدە تاغىلىرى، نەۋرە قۇردىشى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ھاپىز ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدە روبىرو ئولتۇرۇپ بىردەم مېھمانلارنى تاماققا زورلاپ، بىردەم ئۇياق - بۇياقنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرغان قېيىنئاتىسى، قېيىنئاغىلىرىغا قاراپ، ئۇلار ھېلىلا بىر يەردىن گەپ تېشىپ ئاخشام قىلىپ قويغان ئوساللىقلىرىنى يۈزىگە سالىدىغاندەك، ئۇنى داستىخان ئۈستىدىلا ئوسال قىلىۋېتىدىغاندەك كۆڭۈلسىز تۇيغۇدا قورۇنۇپ ئولتۇردى. ئەمما باشتىن ئاخىر بىر خىل كۈلۈمسىرەش كەيپىدە تۇرغان قېيىنئاتىسى ئۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋەرسىزدەك، بۈگۈنكى كۈندە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىنىڭ يىلدىن - يىلغا تارتىلىپ كېتىۋاتقانلىقى، قۇرغاقچىلىقتىن غالىب كېلىش ئۈچۈن زامانىۋى يېڭى ئېگىلىككە ئۆتۈش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يەرگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنىڭ ئېشىپ كېتىپ، دېھقانچىلىقتا قەرزدار بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقى دېگەندەك باشقا بىر گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇردى. چوڭلار نېمىدىن خۇشال، نېمىگە خاپا بولۇۋاتىدۇ، ھاپىز بۇ ئىشلارنى ئانچە بىلىپ كەتمىگەچكە، دادىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە ئۇقمىغان گەپكە گەپ قىستۇرماي جىم ئولتۇردى. ئاكىلىرى بولسا ئۇ گەپلەر قۇلىقىغا بەك





خوش يېقىپ كەتكەندەك ھەممە گەپكە تەڭ لوقما سېلىپ گەپكە گەپ قوشۇپ ئاغزىنى يۇمالماي قېلىشتى.

شۇ ئەسنادا ھويلىدا ئويناۋاتقان ياسىن يۈگۈرۈپ كىردى - دە، بوۋىسىغا قاراپ:

— بوبا، ھاپىزقارىي ئاكامغا ھېلىقى كالتە پەمنىڭ ئاغىچىسنى يامانلىتىپ قويۇپ، كېيىن قانداق بولغانلىقىنى دەپ بېرىڭا، — دېدى.

— ھۇي شەيتان، — دېدى ھەسەن خالۋاپ نەۋرىسىگە ئىككى تال قاقنى تۇتقۇزۇپ، — ماڭ تالاغا چىقىپ ئوينا، جۇگۇ!

— ۋاي بالام، بوبىڭىزنى خاپا قىلماي، تالادا ئويناڭ، — ئۆيگە چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن روزىگۈل چاينەكنى داستىخانغا قويدى - دە، بالىنى دەس كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مېھمانلار كۈلگىنىچە بالىغا قاراپ قالدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ھاپىز كۆڭلىدە: ئۇ نېمە گەپ بولغىيدى، كالتە پەمنىڭ خوتۇنى نېمىشقا يامانلاپ كەتكەن بولغىيدى، دەپ يەر تېگىدىن قېيىنئاتىسىغا قاراپ قويدى.

كۈيئوغۇل ئۇزىغاندىن كېيىن نازىلخان كېلىن، قىزلىرىغا بىردىن داستىخاننى قولتۇقلىتىپ نۇربۇۋىنىڭ كەينىدىن ناشتىلىق ئاپىرىشقا تەييار قىلدى. بۇ رەسىم - قائىدىنى ئورۇنداش ئۈچۈن خاس ئاياللار بارىدىغان بولغاچقا، تۆگىنى جايلىغىدەك ئادەم يوق، ئېشەك ھارۋىسىنى جابدۇشتى.

مۇشۇنداق باردى - كەلدى سورۇنلاردا ئالتۇن زىرىسىنى قۇلىقىغا سالالماي كۆڭلى يېرىم بولغان پىنىنەخاننىڭ، ئېشەكنىڭ باشۋېغىنى قولىغا ئېلىپلا جۇدۇنى تۇتتى. بۇ ئۆينىڭ ئېشىكىمۇ قىز - ئاياللارنى زاڭلىق قىلىپ تۇزۇك ماڭغىلى

ئۇنىمايتتى.

## 9

شەرۋانەمنىڭ قاش ـ قاپىقى بوش قويۇلغان ئۆپكىدەك ساڭگىلاپ، يوغان كۆزلىرى ئالا غورىدەك سوغۇق تۇسكە كىردى. ئەتىگەندىن بېرى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە نەچچە رەت بويۇنداپ، تاما قاچىسى تېشىپ كېتەي دەپ قالدى: «يەڭگەم دېگەن خوتۇنغۇ ياتلىقنى قىلسۇن ماقۇل، ئاۋۇ ئاكام بولغان ئادەممۇ ماڭا مۇشۇنداق ياتنىڭ قىلىقىنى قىلامدۇ؟ قىزنى ئارائاۋاتلىقتا ئۇچۇر قىلىپ، توي تەييارلىقىغا چۈشكەندىن كېيىن باپكارنىڭ موكىسىدەك قاتراپ دەللاللىقىنى قىلدىم. مېھمان كەلسىلا ئۆيىدىن چىقماي يۇندىسىنى تۆكتۇم. خەق تويلۇقنى كەم سوراپ ئانى قىلغىلى قوپسا مەيدەمنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇشۇلارنىڭ دېپىنى چالدىم. ئارائاۋاتلىقنىڭ گەپدانلىقىنى ئۆزىنىڭ ئاغزىغا تىقىپ بېرىپ، قومئاۋاتلىقنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ قويدۇم. تاكى تۈنۈگۈن كەچكىچە ئاغزىمغا بىر كاپام سالغىنىمنى بىلمەيمەن. ھېلى نۇربۇۋۇگە پەرداز قىلىش، ھېلى ئايالالارنىڭ ئالدىدا بوغجۇما ئېچىش، ھېلى كىيىم كەيدۇرۇش دېگەندەك ئىشلار بىلەن مىس جېنىم قالسا، كەچكىچە بىر كاپام پولۇ يەڭ، دېگىلى ئادەم يوق، ئاخىردا خاپىلىق چىقسا ھەممىسى مېنى يامان دەيدۇ! كىم ئۇلارنى بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۈيۈقئاش بارمىغان نەدىكى بىر لىڭتاسىمىغا قىزنى بەرسۇن دەپتۇ! ياكى مەن ئۇ سېرىق سويمىغا يېرىم يولدا خوتۇنىڭىزنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىڭ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ھەيدىۋېتىڭ دەپ گەپ ئۆگىتىپ





قويمىسام. توۋا، توۋا ... تېخى ئاۋۇ ئاكام بولغان ئادەممۇ گۇناھنىڭ بەرىنى ماڭا سۇۋاپ: نېمە قىلىتىڭ ئۇ ماشىنىنىڭ ئىچىدە كوتۇلداپ، سېنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭ ھەممە ئىشنى بۇزىدۇ، دەپ كايىپ كېتىشلىرىگە نېمە دەي! ۋاي قوۋۇرغامەي، بۇگۇن بۇلار شۇنداق قىلىپ مەن شەرۋانەمگە رەسمىي كەيىننى قىلىپ، ماڭا ئېيتمايلا ناشتىلىق ئېلىپ مېڭىشتى. مەن يەڭگەمنىڭ نەزىرىدە ئاشۇ ھۇسىيناخۇننىڭ خوتۇنى پىننەخان مايماقچىلىك بولالماپتىمەن، ھە! ۋاي بولدى، ئۇرۇق ـ تۇغقان دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، مەنمۇ ۋاقتىدا بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈم خوش قىلىپ، كۇنۇمنى كۇن ئېتەي !... »

شەرۋانەم ھەسەن خالۋاپىنىڭ يالغۇز سىڭلىسى بولۇپ، ھېلى ئۇ سەۋەب، ھېلى بۇ سەۋەب تۇپەيلى ئەر بىلەن قاملىشىپ بولالماي، مۇشۇ كۇنگىچە تۇل ئولتۇراتتى. ئانىسى قىزىنىڭ تولا غېمىنى يەپ ئۇنى تۇزۇكرەك بىر يەرگە ياتلىق قىلىپ بولالماي قېرىپ كېتىۋاتاتتى. شەرۋانەمنىڭ نەزىرى ئۈستۈن، ئاغزى ئىتتىك، ئالدىغا كەلگەننى پوش دېمەيدىغان، كۆرگەن ـ بىلگەن ئىشقا چېپىلغاقراق مىجەزى بولغاچقا، بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى سۆز تاشلىغانلارنىڭ بىرىنى ئۇنداقكەن، بىرىنى مۇنداقكەن دەپ، دادىسىدىن قالغان مۇشۇ ھويلىدا ئانىسى بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. تۈنۈگۈن توي تۈگىگەندىن كېيىن ئانىسى خوتەندىن كەلگەن بىر تۇغقان سىڭلىسىنىڭ زورى بىلەن خوتەنگە كەتتى. مانا ئەمدى ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى بىر كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئانىسىنىڭ يوقلىقىنى چاندۇرۇپ بولدى. خەپ ئانامۇ كېلەر، ئانامغا ھەرقايسىڭنى راسا چېقىشتۇرۇپ ئەدىپىڭنى بەرگۈزمىسەم، تازا! شەرۋانەم ئاكىسى

بىلەن يەڭگىسىدىن ئاغرىنىپ كۆڭلىدە ئۇلارنى تىللاپ ئىشىك ئالدىدا بىر هازا ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئۆيدە بېقىۋاتقان يازلىق پىلە قۇرتىغا غازاڭ سالمىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، سۇپىدا تاشلىنىپ تۇرغان پىلە ئورغىقى، تانا دېگەندەك لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ ئۆينىڭ كەينىدىكى ئېتىز يولى بىلەن ئۈجمىلىككە ماڭدى.

— باققان قۇرتلىرى خېلى تېتىك تۇرامدۇ، شەرۋانەم؟

چۆچۈپ كەتكەن چوكان بۇغدايلىق ئارىسىدىكى تار يولنىڭ چېتىگىرەك چىقىپ، كەينىگە قارىدى. يولدا توختى گونداز ئېشىكىنى سوكۇلدىتىپ كېلىۋاتاتتى.

— نېمە، مېنىڭ باققان پىلەمنى سوراپ قالدىلىغۇ، توختاخۇن؟ — شەرۋانەم توختى گوندازنى ياراتمىغاندەك ئۇنىڭ ئۈستىرا تەگمىگىلى ئىككى - ئۈچ هەپتە بولۇپ قالغان ساقال - بۇرۇتىغا مۇنداقلا بىر قارىدى.

— ئەمدى، سىلىدەك قاۋۇل چوكانلار باققان قۇرتنى بەك بېقىش تېپىپ، تەۋەڭدە جىم ياتقىلى ئۇنىماي كېچىچە مىدىرلاپ سىلىنى ئۇخلاتمامدىكىن دەيمەنغۇ!

— قىزىقىپ قېلىۋاتامدىلا، — دېدى شەرۋانەم ئويناق كۆزلىرىدە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۇس يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇغدايلىق بىلەن كېۋەزلىككە قاراپ قويۇپ، — ئۇنداق بولسا كېچىسى كېلىپ بىزنىڭ تۆڭلۈكتىن باشلىرىنى تىقىپ ماراپ باقسىلا، قانداق مىدىرلايدىغانلىقىنى بىلىلا! ها...ها...ها... ها... — چوكان ئۆزىگە گەپ ئاتقان ئەركەكنى جايىدا كەلتۈرۈپ باپلىۋالغىنىغا ۋالاقلاپ كۈلۈپ، ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئېتىزلىقنى بېشىغا كەيدى. تويدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكتىن پەيدا بولغان كۆڭۈل ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ، قاش - كۆزلىرى ئوي-





ناپ كەتتى.

ئويلىماي قىلغان چاقچىقى بىلەن بۇرنىغا يەۋالغان توختى گونداز ئېشىكىنى سانچىپ شەرۋانەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، دۇدۇقلىغىنىچە ئېغىز ئاچتى:

— ئە... ئەمىسە هارۋىغا چىقسىلا، سىلىگە غازاڭ ئېلىشىپ بەرگەچ ئۆيلىرىگە باراي...

— نېمە قىلاي دەيدىلا؟

— بىللە قۇرت كۆرمەمدۇق.

— كۈندۈزى كۆرىدىغان نەرسە ئەمەس، غوجام ئۇ؟

— كېچىچە تۆڭلۈكلىرىدىن ماراپ بولغىچە تاقىتىم قالماسمىكىن، شەرۋانەم ...

— كۈندۈزى كۆزلىرى چۈشۈپ قالسا، كۆز تېگىپ كېتىدۇ توختاخۇن! — چوكان يەنە كۈلۈپ كەتتى. ئۈجمىلىككە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەرنىڭ تەكرار دەۋەت قىلىشى بىلەن هارۋىغا چىقىپ، گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلىكى ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان سېمىز پاچاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى.

توختى گوندازنىڭ ئۆيى مۇشۇ مەهەللىنىڭ يۇقارقى تەرىپىدىرەك بولۇپ، خېلىدىن بېرى شەرۋانەمگە يوشۇرۇنچە كۆز سېلىپ يۈرەتتى. ئەردىن قالغاندىن بېرى، ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيتۇ دەپ، هەمىشە ئېگىز شاخلارغا ئېسىلىپ يۈرگەن شەرۋانەم بولسا كۆڭلىدە توختىنى ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا قەرزدىن قۇتۇلالمايدىغان قوڭى ئېغىر گونداز دەپ ياراتمايتتى.

— هە... ئۆزلىرى ئېشەكنى سوكۇلدىتىپ بۇيان مېڭىپلىغۇ؟ — دەپ سورىدى شەرۋانەم توختىغا سىڭايان بۇرۇلۇپ.

— چوڭ ئورمانلىقتىكى ئېتىزلىقنىڭ بېشىدا كولاپ

قويغان جىگدە كۆتىكى بارتى دېسىلە، شۇنى ئەكىلىۋالاي دەپ.

— نېمە تۇرۇپلا جىگدە كۆتىكى لازىم بولۇپ قالدىمۇ، ئەمدى؟

— لازىم بولىدىكەن قايلىسلا، كۆتەك يارىدىغان پالتىمۇ خېلىدىن بېرى يارغىدەك كۆتەكنىڭ تايىنى بولمىغاندىكىن تاتلاپ تۇرۇپ قالدى دېسىلە! — توختى گونداز هارۋىدا پۇختىلاپ ئولتۇرغاننى قىلىپ شەرۋانەمگە يېقىنىراق كېلىپ سۇركىنىۋالدى.

— پالتىلىرى تاتلاپ قالغان بولسا، يامان بولۇپتۇ توختاخۇن! — دېدى شەرۋانەم تېخىمۇ گەپ ئېتىپ، — بىكىرەك تۇرىۋەرگەندىكىن سېپىمۇ بوشاپ كەتكەندۇ تايىنلىق!

— جىگدە كۆتىكىنى كۆرسە سېپى چىقىپ كېتىدۇ، ماقۇلما!

— قانداق بولاركىن، — دېدى شەرۋانەم بۇ ئاغزى بالا گوندازغا گەپ چىقىشتۇرۇپ بولالمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، — بوشاپ قالغان ساپ دېگەن... هوي، هوي غوجام، هارۋىنى توختاتسىلا، بىزنىڭ ئېتىزنىڭ ياپسىرىدىكى ئۇجمىلىككە كېلىپ قالدۇق!

— نېمە ئالدىرايلا، — دېدى توختى گونداز چوكاننىڭ كۆزىنىڭ تېگىگە قاراپ، — بۇ مىق - مىق تۇرقىلىرى بىلەن ئۇجمىگە ئېسىلىپ غازاڭ ئالىمەن دېسىلە، لەڭمەن پىلتىسىدەك سوزۇلۇپ كۇچىنىپ كېتىپ، جاپا تارتىپ قالارلىمىكىن؟

— ۋېيىەي، گەپدانلىقىنى قانداق قىلاي ئەمدى، — دېدى چوكان پىلە ئورغىقىنى قولىغا ئېلىپ نازلىق ئاۋاز بىلەن، — قارىماققا مۇنداق تۇرغىنىم بىلەن، ئۆزۈمنىڭ ھۆددىسىدىن





ئۆزۈم چىققۇچىلىكىم بار! — شەرۋانەم شۇنداق دېگەچ تاختا ئېتىزلارنى كېسىپ ئۆتكەن غول ئېرىقنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تەكشى نوتىلىغان ئۇجمە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ - بىر كۆرۈنمەي توختى گوندازدىن يىراقلىدى. ئۇ ئۇزۇن دەستىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن پىلە ئورغىقى بىلەن غازاڭ ئېلىشقا تۇتۇندى. توختى گونداز ئاتايىن ئېشىكىنى توختىتىپ شەرۋانەمگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن يولىغا ماڭدى.

غازاڭ ئېلىۋاتقان چوكان يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ: « سەت گوندازنىڭ كۆز بېقىشلىرىدىن قانداق قىلاي ئەمدى... كۆتۈمدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجانبۇۋى دەپ، ئۆزىنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان ئەپتىگە قاراپ باقماي، ئادەمگە كۆزىنىڭ ئېشىنى سېلىپ... ئۇنداقلارغا تېگىدىغان ئىش بولسا مەن شەرۋانەم بۇ چاغقا نەچچە ئەرنى يولغا سېلىپ بولمامدىم! مېنى ئەردىن چىقىپ ئەر تاپالماي ئولتۇرۇپ قالدى دەمدىكىن، كۆڭلىدە. لېكىن مۇشۇ قېتىم ئاكام بىلەن يەڭگەمنىڭ ماڭا قىلغانلىرىنى ئويلىسام، چىشى يوق مومىكام ئامۇت تالىلىغاندەك تولا ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئىلغاپ ئولتۇرماي، ۋاقتىدىراق بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئەر ئېتىپ ئولتۇرسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تۇل خوتۇننىڭ ئېتى يامان بولىدىكەن، ھەممىۋا خەق ئاستىرتتىن قارايدىغان گەپكەن، ئاشۇنداق قىلغان ئىشى ئەپلەشمەي قالسا تېخى ئۇنىڭغا بىرنېمە دەيدىكەن...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

چوكاننىڭ كۆڭلى غەش ئوي - خىياللىرى كۆپ ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ پۇت - قولى چاققان، ئىشى ئاۋۇشلۇق ئىدى. ئۇ دادىسى هايات ۋاقتىدىن تارتىپ ئانىسى بىلەن تېرىپ كې-

لىۋاتقان تۆت مو تېرىلغۇ يېرىنىڭ سىرتىدا ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ھەر يىلى بىر قۇتىدىن پىلە قۇرتى بېقىۋاتقان بولۇپ، يازلىق ئورمىنىڭ ئالدىدىكى سېرىقتال مەزگىلدە پىلە غوزىسى سېتىپ ئۈچ - تۆتيۈز سوم كىرىم قىلالايتتى. قولدىكى بار روزىغارىنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا مەبلەغ قىلىپ سېلىپ بولغان، پۈتۈن بىر يازنى كۆزلۈك ھوسۇلغا ئىنتىك يۆلەپ ئولتۇرىدىغان بىر دېھقان ئائىلىسى ئۈچۈن ياز پەسلىنىڭ دەسلىپىدە كىرىم بولىدىغان بۇ پۇل ماغدۇرىدىن كېتەي دەپ قالغان ئادەمگە تۇيۇقسىز جان كىرگەندەك ئوبدان كىرىم ھېسابلىناتتى. شەرۋانەم نەچچە يىلدىن بېرى شۇ خىل تىرىكچىلىك يولىدا كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۆزى تۇل ئولتۇرسىمۇ، ھال كۈنى يامان ئەمەس ئۆتتى. مەھەللىدە ئېرىنى پەش قىلىپ دارىدىيىپ قالغان خوتۇنلاردىن ئانچە چېنىپ كەتمەي، كىيىمەن دېگىنىنى كەيدى، بارىمەن دېگەن يېرىگە باردى، ئەمما بىرلا يامان يېرى يالغۇز ئولتۇرغانسېرى يامان ئاتلىق بولۇپ، بارا - بارا مەھەللىدە ئات كۆتۈرۈپ قالدى. توۋا، ئېرى يوق خوتۇن شۇنچە يامانمىدۇ، ئۆزگە خوتۇنلارنىڭ يەيدىغان رىزقىنى يەپ كېتەمدىغاندۇ، ئۇمۇ يامان دېسە، بۇمۇ يامان دېسە، قانداق گەپ بولار بۇ - ھە!

شەرۋانەم بىر دەم ئۆز - ئۆزىدىن خۇشال بولۇپ، بىردەم ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزى تالاپ يۇرۇپ يىغقان غازاڭلىرىنى بىر يەرگە دۆۋىلىدى، قولىدىكى تانا بىلەن تاڭدى، ئەمما شاخ جىق ھەم ئېغىر بولغاچقا، بىر ئۆزى كۆتۈرۈپ مەھەللىگە ئېلىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، خەقكە بويۇن قىسىپ تۆت تەرەپكە بويۇندىغىلى تۇردى. بىر چاغ بولغاندا توختى گونداز ئېشىكىنى ھاڭراتقىنىچە يەنە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى:





— يالغۇزلۇقلىرى چېنىپ قېلىۋاتامدۇ، شەرۋانەم؟ — ئەر ھارۋىدىن چۈشۈپ شاخنىڭ يېنىغا كەلدى، — كەلسىلە، غازاڭلىرىنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ مەھەللىگە ئالغاچ كېتەي.

— يوللىرىغا مېڭىۋەرسىلە توختاخۇن، — چوكان بىردە ئالدىدا چالا ھىجىيىپ پايپاسلاپ تۇرغان بۇ ئادەمگە، بىردە ھارۋىدىكى كىچىك بالىنىڭ سۆڭگىچىدەك كىچىك، يوقىلاڭ جىگدە كۆتەكلىرىگە قاراپ كۈلۈپ سالدى، — كولىغان كۆتەكلىرى شۇمىدى؟

— بايا بىر يول توشۇدۇم، بۇ ئۈچ تال كۆتەك ھارۋىغا پاتماي قايتا كېلىشىم ئىدى...

— بولدى كېتىۋەرسىلە، — دېدى شەرۋانەم خۇشياقمىغاندەك ئاھاڭدا، — بايا ھارۋىغا چىقىرىۋالغانلىرى يېتىپ ئاشاتتى، شۇ تۇرقىدا ئېتىزلىقتا يۇرگەنلەر كۆرۈپ قالسا نېمە دەپ قالىدۇ؟

— نېمە دەيتتى، — دېدى توختى گونداز سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ، — توختاخۇن شەرۋانەمنى چۆرگىلەپ قاپتۇ، دە شۇ!

— ھوۋش... قاشاڭلىقىنى ما ئادەمنىڭ، — چوكان كەينىگە بۇرۇلۇپ، باشقا ياققا قارىۋالدى. ئەر ئىنجىقلىغىنىچە شاخنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا باستى.

— ئۆزلىرى تارتىنىپ قالغان بولسىلا، كەينىمدىن بارالا. شاخنى ئىشىك ئالدىلىرىغا چۈشۈرۈپ قوياي، ئالدىرىماي بېرىپ قۇرتلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋالسىلا.

توختاخۇن ئۈجمە شاخلىرىنى كۆتەكنىڭ ئۈستىگە بېسىپ، چالا - پۇلا تاڭغاندىن كېيىن مەھەللىگە قاراپ ئېشىكنى سانچىدى. شەرۋانەم پىلە ئورغىقىنىڭ دەستىسىگە تايان-

غىنچە، ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

## 10

خانزۆھرەم، نايىمخان، روزىگۈل، پىننەخانلار قىزغا ناشتىلىق ئاپىرىش ئىشىنىڭ بىر قاتار رەسىم - قائىدىلىرىنى ئورۇندىدى. قۇدىلارنىڭ كايىپ - جوۋاپ تەييارلىغان داستىخىنىغا داخىل بولدى، ئۆيلىرىگە زەللە ئالدى. ئۆيگە قايتىش ئالدىدا نۇربۇۋىگە قىيالمىغاندەك ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتى.

— سىلەر بىلەن كېتىمەن! — دېدى نۇربۇۋى پەرىشان كۆزلىرىنى قىزارتىپ، — ياكى مەن بۇ ئۆيدە ھېچكىمنى تونۇمىسام...

— ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ خېنىم، — دېدى پىننەخان نۇربۇۋىنىڭ بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى سىلاپ تۇرۇپ، — سىز ئەمدى خالىغان يەرگە كېتەلەيدىغان - كېلەلەيدىغان سىكە ماڭلاي نۇرخان ئەمەس، خەقنىڭ نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنى.

— مەن خوتۇن بولمايمەن، — دېدى نۇربۇۋى بىر خىل تەرسالىق بىلەن خۇيلىنىپ، — كېتىمەن!

— ۋاي پەسرەك گەپ قىلىڭ ئۇكام، — دېدى خانزۆھرەم ھويلا تەرەپنى شەرەتلەپ، — ئا قېيىنئانىڭىز ئاڭلاپ قالىدۇ.

— مەيلى ئاڭلىسا، — دېدى نۇربۇۋى مىلىقىقىدە يىغلاپ، — ئەرگە تېگىشنىڭ بۇنداق ئەسكى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، تۇنۇگۇن نىكاھ قىلدۇرغىلى تۇرغاندا، ھەرگىزمۇ تەگدىم دېگىلى ئۇنىماسكەنمەن.





— ھېلىمۇ بەش قېتىمدا ئاندىن ئۇنىڭىز چىقتى ئۇكام، — دېدى روزىگۈل قولياغلىق بىلەن نۇربۇۋىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، — سىز جاھىللىق قىلغانسېرى نىكاھ ئوقۇغان مولاممۇ تاس قالدى چالا نىكاھ قىلىپ يامانلاپ كەتكىلى. ئائىڭىزنىڭ ماڭا دېيىشىچە، سىز تەگدىم دېگىلى ئۇنىمىغان چاغدىلا ھاپىز قارىينىڭ جاھىلى قېتىپ قاپتىكەن. دادىسى كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇۋالمىغان بولسا نىكاھ قىلدۇرغان يەردە ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدىلا ئوساللىق قىلىپ سالاركەن. ئۇ بالا شۇ ئاچچىقىدىن يېنىپ بولالماي تۇرسا، يولدا ماشىنىنىڭ ئىدچىدە شەرۋانەم ئاچام ئاغزىغا كەلگەننى دەپ پوققا پاگى سالغان گەپ، شۇنىڭ بىلەن تېشىلەلمەي ئولتۇرغان ئېرىڭىز ئاچچىقىدا سىلەرنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەتكەن... ھېچ گەپ يوق ئۇكام، ئاستا - ئاستا تونۇشىسىلەر، خۇي - پەيلىڭلارنى ئېلىشىسىلەر، تېخى بىر - بىرىڭلارنى بىردەم كۆرمىسەڭلار چىداشمايدىغان ئامراقلاردىن بولۇشۇپ كېتىسىلەر.

— مېنىڭ قەۋەتلا قورسىقىم كۆپۈۋاتىدۇ، — دېدى بايىتىن بېرى جىيەن قىزىنىڭ رايىغا بېقىپ گەپ قىلماي ئولتۇرغان نايىمخان ئوسمىسى تاراپ كەتكەن قاش - قاپاقلىرىنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىپ، — مېنىڭ تويۇم بولغاندا، قېيىنئانام نەچچە ھەپتىگىچە مېنى پوكىنىغا سولاپ يېتىپ، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىغان. شۇنداق قىلىپ ئۆز بالىسىدەك ئۇ ئۆيگە كۆنۈپ بولغاندا ئاندىن... — نايىمخان دېمەيدىغان گەپنى دەپ سېلىشتىن قورققاندەك قىلىۋاتقان گېپىنى توختىتىۋالدى.

— ئاندىن قانداق بولغان؟ — چوكانلار كۈلۈشكىنىچە نايىمخاننىڭ گېپىگە كىرىشىۋالدى.

— قانداق بولاتتى شۇ... — دېدى ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن نايىمخان، — بىر كۈنى چوڭلار تۇيۇقسىز جاڭگالدىكى تۇغقانلىرىنىڭكىگە بارىدىغان بولۇپ قالدى ھەم ئاخشىمى قايتىپ كېلەلمەي شۇ يەردە قونۇپ قالدى. نەق شۇ كۈنى بىزنىڭ ناشىكەر يىگىت: يالغۇز ئۆيدە ياتسىڭىز قورقىڭىز كېلىپ قالدۇيەي، سىز ئا بۇلۇڭدا يېتىڭ، مەن ما بۇلۇڭدا ياتاي... دەپ مېنى ئالداپ - سىلاپ ئۇخلىتىپ قويۇپ، قوينۇمغا كىرىۋاپتىكەن... ئەمما بۇ قۇدىلار بىزنىڭ سىڭلىمىزغا نېمىشقا مۇشۇنداق ئۇساللىق قىلىدىغاندۇ؟ ئوغلىنىڭ مىجەزى شۇ بولغاندىكىن ئانىسى بولسىمۇ ئالداپ - سىلاپ كۆندۈرۈۋالسا بولمامدىغاندۇ، ياكى بۇ قۇدىلارنىڭ شەيتىنى بىزنى كىچىك كۆرسىتىۋاتامدۇ - يا؟!

— قىچىشمىغان يەرنى قاشلاپ ئىشنى يوغىناتماڭا نايىم ئاچا، — دېدى روزىگۈل ئايىغى چىقمىغان ئۇششاق گەپتىن نارازى بولۇپ، — سىز ئۇ كونا گەپنى سۆزلىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئۇ دېگەن ئونبەش يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشكەنمىش. ئۇ چاغلاردا چوڭلار ئۇرۇق - تۇغقان قوغلىشىپ سىزنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتمايلا ئەرگە بېرىپتىكەن. تويىڭىز بولغاندا سىز تېخى تەلپەك بىلەن ئۇرسا دۈگجۈپ كېتىدىغان، شامال چىقسا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ھەم كىچىك، ھەم ئاجىز قىز ئىكەنسىز. ئېرىڭىز بولسا قوشقا تەييار بولغان توپاقتەك جېنى ئىچىگە پاتماي تۇرغان چاغلىرى بولغاچقا، چوڭلار سىزدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىپتىكەن. ھازىر دېگەن قايۋاخ، سىڭلىمىز نۇربۇۋى ئاللىقاچان 18 ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئاق - قارىسىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار. بۇنچىلىك ئىشلارغا ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويىدىغانغا ماڭقىسى ئېقىپ تۇر-





ىدىغان كىچىك بالا ئەمەس، ھەر ھالدا ئۆزىنى تۇختىتالايدۇ. يەنە كېلىپ ھەممە قېيىنئانىلار سىزنىڭ ئۇ رەھمەتلىك قېيىنئانىڭىزدەك يىراقنى كۆرەر، قاۋۇل، كۆيۈملۈك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا بۇ ئىشتا ئېغىر - بېسىقراق بولغىنىمىز، ئىمكان بار ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلىغىنىمىز تۈزۈك.

— خەقتىن ئۆتۈلسىمۇ، ياۋاش - يۇمشاقلىق قىلىپ يول قويۇۋەرسەك، ئاخىرى ئېشەك ئېتىپ شىللىمىزگە مىنەرمىكىن دەيمەن شۇ. ئاخشام ھەسەن ئاكامنىڭ ھارۋا قوشۇپ نۇربۇۋىنى بىردەممۇ يەر يىلداتماي يولغا سېلىپ قويغىنىغىمۇ بەك ئاچچىقىم كەلدى.

— شۇنداق قائىدە بار نايىمخان. قىز چىقارغان ئادەم قىزى يامانلاپ كەلسە، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق قىزنىڭ رايىغا بېقىپ ئولتۇرغۇزۇۋالىدىغان ئىش يوق، — دېدى خانزۆھرەممۇ روزىگۈلنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — بۇرۇن سىز يامانلىغان ۋاقتىڭىزدىمۇ شۇنداق قىلغان بولغىيدى ھەقىچان؟

— تاڭەي، مېنىڭ ھېچبىر يامانلاپ كەلگىنىم ئېسىمدە يوق، ياكى مەن قېيىنئاتا - قېيىنئانىدىن، ئەردىن يامانلاشنى بىلمەيدىغان گومۇشىمىدىمكىن. خەقكە خوتۇن بولۇپ ئولتۇرۇپ ئۈچنى تۇغۇپتىمەن، بۇ چاغقا ئانامنىڭ ئۆيىگە بوخچا كۆتۈرۈپ كېلىپ باققان يېرىم يوق.

— ئېرىڭىز سۇلۇق ھەم شوخ بولغاچقا، يامانلاتماي كۆندۈرۈۋالغان گەپ.

— ۋايىيەي، ئەر خەقنىڭ تالادا، ئادەم بار يەردە ھېجايغىنى، ۋاي خوتۇن دەپ قويغىنىغا قاراپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، جۇما. بەزىدە مەنمۇ دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن...

— ھەي مۇنداق قىلامسىز - يا بولمىسا، — دېدى پىننە-

خان نۇربۇۋىنىڭ قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىسىغا سۆيۈۋاتقاندەك ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ پىچىرلاپ، — قارىسام ئېرىڭىز تېخى كىچىك بولغاچقا، چۈجە خورازدەك ئۆزىنى چاغلىماي نوچىلىق قىلىپ، سىزنى ئاشۇنداق خاپا قىلىپ قويغاندەك قىلىدۇ. ئەمما قىلغان ئىشىنى تارازىغا سالسا، باسقىدەك ئىشمۇ يوقكەن. شۇڭا بۇنداق خاپا بولۇپ ئېزىلىپ تۇرغاندىن كۆرە، ھازىردىن باشلاپ ئۆزىڭىزنىڭ مىجەزىنى راسا بىر تەڭشىۋېلىپ، قاپىقىڭىزنى يامان قىلىپ ئۇنى ئالدىڭىزغا سالامسىز - يا؟

— ئالدىغا سېلىپ قانداق قىلىدۇ؟ — چوكانلارنىڭ كۆزلىرى تەڭلا پىننەخاننىڭ تەرەقوغۇندەك يۇمىلاق ھەم سۇزۈك چىرايىغا تىكىلدى.

— بەڭۋاش توپاقنىڭ بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزسۇن دەيمىنا!

— ئۇنى ئېرى بىلەن سوقۇشۇپ قاش - قاپىقىنى كۆكەرتىپ كەينىمىزدىن يامانلاپ بارسۇن دەمسىز؟!

— ۋاي توۋا دەڭلا، مەن نۇربۇۋى سىڭلىم بىلەن شۇنداق ئامراق تۇرسام...

— ئەمىسە ئوچۇقتىن - ئوچۇق جېدەلگە سېلىش بولماي، نېمە ئۇ!

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىزنىڭ ئا قۇمئاۋاتتىكى شادىخان ئاپپاقمۇ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان قۇپىنىزاخۇنغا موككىدە تېگىۋېلىپ، ئېرىنى بىراقلا ئالىقىنىغا ئېلىپ، ئالدىغا سالدىغۇ.

— ۋايجان... مۇشۇ پىننەخاننىڭ گوللىقىنى، — دېدى خانزۆھرەم كۈلكىسىنى باسالماي، — ھۇي ئۇ شادىخان ئاپپاق كىم؟ بۇ نۇربۇۋى كىم؟ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ئۇكام... ئۇ شادى-





خان ئاپپاق دېگەنچا، نەچچە نىكاھلىق بولغان، ھەر گۇسمەستەك ئەركەكلەر بىلەن سوقۇشۇپ، زاڭ مالتىلىغۇچ بىلەن ئۇلارنىڭ كاللا - ماللىسىنى يېرىپ ۋايجېنىنى چىقىرىۋەتكەن، خەقنى خوتۇن ئالغانغا پەندىيات دېگۈزۈپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان، شۇنداق يۈرۈپ ئەردىن چىقىپ، ئەرگە تېگىپ ئەركەكلەرنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن داڭقى بار خوتۇن ئۇ. قۇپىنىزاخۇننى قانداق قىلىپ قارا بېسىپ قالدىكىن تاڭ، دېنى ئەمدى قېتىشاي دېگەن كۆكباشتەك تۇرۇپ ئەجەب شادىخان ئاپپاققا نېسىپ بولۇپ، ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى. مانا ئەمدى خوتۇننى ئېلىپ ھېچقانچە بولماستا پىت بوغقان چۈجىدەك شۈمشىيىپ قالدى ئەينىكا... خىيالىڭىزدا ئاشۇ شادىخان ئاپپاق قىلغان ئىشنى بىزنىڭ نۇربۇۋى ئوخشىتالارمۇ؟

— شۇ... ئەمدى... — پىننەخان دۇدۇقلاپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. يەڭگىلىرىنىڭ ئالدىدا گەپدانلىق قىلىپ سالغىنىغا كۆڭلىدە پۇشايمان قىلدى.

يەڭگىلەر ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ھە دەپ تالاش - تارتىش قىلىۋاتقاندا، ئاغىچىخان ئايرىم - ئايرىم قىلىپ تەييارلانغان تۆت كىشىلىك زەللىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. يەڭگىلەرنىڭ دېمى تۇتۇلۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— ئاز بولسىمۇ بىر داستىخاندىن زەللەم باركەن، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىشالا، — ئاغىچىخان دەمقۇت بولۇپ تۇرۇپ قالغان ئاياللارغا بىر - بىرلەپ زەللە قولتۇقلاتتى، — ئەتكەن تاماقلىرىم ئوخشىماي قېلىپ ھەرقايسىلىرىنىڭ ھۆرمەتلىرىدىگە يارىشا ئالدىلىرىغا چىقالمىدىم. ئوبدان بولماي قالغان بولسىمۇ كۆڭۈللىرىگە ئېلىشمىغايلا.

— ۋايىيەي، نېمىلەرنى دەيدىغانلا، — دېدى روزىگۈل قىزارغىنىچە ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ، — ھېلىمۇ ھەرقايسىلىرىنى جاپاغا سېلىپ قويۇپتىمىز. بۇنچە قىلىپ كېتىشلىرى بىھاجەتتى. يەنە... يەنە ئۆزىمىزمۇ بايا تاماق يېگەچ ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن ئېلىپ زەللە قىپتىكەنمىز، ئەمدى كايىمىسىلىمۇ بولاتتى، ئاغچىخاچا...

— كايىساقمۇ زىرەسى يوق، — دېدى ئاغچىخان مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ، — بىز دېگەن ئەمدى تۇغقان، بىر-بىرىمىزگە قانچە قىلساق ئەرزىيدۇ، — ئاغچىخان غەزەلدەك يېقىملىق، ناۋاتتەك تاتلىق گەپلىرى بىلەن ئەتىكى كۈندە قىزلىق تەرەپ ئوغۇللۇق تەرەپكە چىللاققا كېلىدىغان مەسلىھەتنى پىشۇردى. ئارقىدىن دەرۋازا ئالدىغىچە چىقىپ يەڭگىلەرنى ئۇزىتىپ قويدى.

— ۋىيەي، نېمە ئانداق گېپى چىرايلىق ئاچىمىز ئۇ؟ — دېدى يەڭگىلىرى بىلەن ھارۋىدا كېتىۋاتقان روزىگۈل كوچۇم مەھەللىدىن ئۇزاپ چىققاندىن كېيىن يېنىدىكىلەرگە ئېغىز ئېچىپ، — ئاغزىدىن ئۇجمە ھالۋىسىدەك تاتلىق گەپلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن، خۇددى...

— قۇدا مېھمىنى دېگەنگە ئۇنچىلىك قىلىدۇ، كىشى، — دېدى خانزۆھرەم كۈن پېتىشتىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئالدىرىغان ھالدا. نايىمخان بۇ گەپلەرگە ئانچە ئېرەن قىلماي، سىنچى كۆزلىرى بىلەن يەڭگىلىرىگە تەكشى قاراپ چىقتى:

— ئاغزى تاتلىق بولغان بىلەن ئېشۇ بوزىرىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئىچى يامانلىقى چىقىپ تۇرمامدۇ!

— ھېچبىر ئىچى يامانەك قىلمايدۇ، — دېدى روزىگۈل





نايىمخاننىڭ گېپىگە قارشى چىقىپ، — كىشىگە تۇتقان مۇئامىلىسىدىن خېلى تۈزۈك ئايالدەك قىلىدىغۇ.

— كىم بىلىدۇ... ئىشقىلىپ ئاغزى تاتلىق ئاياللار ھىلىگەر كېلىدۇ. مەن ئۇنداق ئاياللارنى جىق كۆرگەن. تويدا تويلۇقتىن تارتىپ قازانغا سالىدىغان سالغۇلۇققىچە قانداق دېيىشكەنلىكىدىن خەۋىرىڭلار بار. ئېرى نوخۇلىسىنى تارتىپ تۇرمىسا، تېقىمىغا نوغۇچ قىستۇرۇپ ئەرلەرنىڭ قاتىرىغا كىرىۋالىدىغان خوتۇنكەن، ئۇ!

— پايدا-مەنپەئەت ئىشى دېگەندە ھەممە خوتۇن ئېرى تەرەپتە تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئاشۇنداق قىلغاندا ئاندىن بىر ئۆينى ئۆي قىلغىلى بولىدۇ.

— ئىشقىلىپ سىڭلىمىزنىڭ ئۇ قېيىنئانىسىنى مەن ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىدىم، قالغىنى كېيىن ئاشكارا بولىدىغۇ!

نايىمخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يەڭگىلىرى يەنە تالاش-تارتىش قىلماي جىم بولۇپ قالدى. ئۇ تۈنۈگۈن كۈيئوغۇلنىڭ جىيەن قىزىغا ئوساللىق قىلغىنىنى تېخىچە كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىگەن ئىدى.

— نۇربۇۋىخاننى بەزلەيمىز دەپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ، كەچ قاپتىمىز، — دېدى روزىگۈل گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراپ، — ئېشەكنى ئىتتىكرەك ھەيدەڭا، پىننەخان.

— كەچ قالساق نېمە غەم، — دېدى ئېشەكنىڭ باشۋېغىنى تۇتقىنىچە ھارۋىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان پىننەخان خىرامان ھالدا، — ھەممىڭلار بىلىسىلەر، ئانامنىڭ مەھەللىسى مۇشۇ ئەتراپقا يېقىن، شۇ يەردە كەچلەپ قالارمىز-يا.

— ۋاي ئۇ گەپنى قىلماڭ، — دېدى روزىگۈل خاتىرجەم ئولتۇرالماي، — مەن بىر يەرگە بېرىپ قونۇپ قالسام، يۇنۇس

ئاكىڭىز كېچىچە ئۇخلىماي ئۆرە ئولتۇرىدۇ.

— نېمىشقا؟ ئامراقلىقتىنمۇ ياكى كۆنچىلىكنىڭ يامانلىقىدىنمۇ؟

— ئامراقمىكىن دېسەم، سەل - پەل ئاچچىقى كېلىپ قالسا كوم - كوم سېلىپ قويىدۇ. ئۆچمىكىن دېسەم، بىر كېچە ئۆيدە بولمىسام چىدىمايدۇ.

— ئەر كىشىنىڭ خوتۇنىنى ئۇرغىنىنى ئۆچلىكى كەلگەنىدىن دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، چوكانلار، — دېدى خانزۆھرەم كۈلۈپ.

— ۋۇي، سىزنىڭ ئېرىڭىز ئامراقلىقى تۇتۇپ كەتكەننىڭ دەستىدىن ئۇرۇپ قويىدىغان ئوخشايدۇ...

— مەنمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

كۈن ئولتۇرۇپ كائىناتمۇ تۈن پەردىسىگە ئورالدى .ئەتىگەندىن بېرى ئاغزى تىنىم تاپمىغان يەڭگىلەر سەھرا ئاسمىنىدا زېمىنغا كۈلۈپ جىمىرلاۋاتقان شالاڭ يۇلتۇزلارغا قاراپ سەل جىمىپ قالدى.

## 11

ھەسەن خالۋاپ بىلەن نازىلخان يولغا قاراپ كۆزى تېشىلگۈدەك بولۇپ كەتتى. لېكىن ئارائاۋاتقا ناشتىلىق ئېلىپ كەتكەن سىڭىل، كېلىنلەرنىڭ ھېچبىر قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

— ئىككى ئارىدا يەنە گەپ تېشىلىپ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالدىمۇ - يا؟ — دېدى ئۆزىنى بېسىپقىنا بىر يەردە ئولتۇرالماي قالغان نازىلخان جىلە بولۇپ، — ئاي ئولتۇرۇپ ئالەم - جاھان زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆككىلى نەۋاخ





— ئۇنداقمۇ بولماس، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ، — نەۋرە سىڭلىمىز خانزۆھرەم بىلەن چوڭ كېلىنىمىز روزىگۈلنىڭ گېپى خېلى جايىدا. شۇڭا ئۇ گەپنى قاملاشتۇرۇپ قىلىپ ئىشنى ئەپلەشتۇرۇپ كېلەلەيدۇ.

— نېمىشقا كەچ قالىدىغاندۇ ئەمىسە، — دېدى نازىلخان يەنە بىتاقەت ھالدا، — ھەر يەردە بولسىمۇ كېلىپ بولىدىغان ۋاقتى بولدى. نۇربۇۋى ئۇلارنى كۆرۈپ يىغىنى سالغان بولسا، شۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرامدىغاندۇ - يا؟

— بوشراق غەم قىلىپ تۇرۇڭلار، ھۇسىيناخۇننى ئالدىغا ئەۋەتىپ باقاي... ھەي ھۇسىيناخۇن، قېنىسەن؟ ماڭ جۇگۇ تۆگىنى هارۋىغا قوشۇپ ئاچىلىرىڭ بىلەن خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ باققىنا!

ھەسەن خالۋاپ ئوغلىنى سىڭىل، كېلىنلىرىنىڭ ئالدىغا يولغا سالغاندىن كېيىن دەرۋازا ئالدىدىكى توغراق كۆتىكىگە كېلىپ ئولتۇردى. قاراڭغۇلۇقتا سىڭىپ كەتكەندەك جىمجىت ئولتۇرغان بۇ ئادەم نېمىشقىدۇر بىر خىل ئېغىر تۇيغۇ ئىلكىدە خىيالغا چۆكتى.

خالۋاپلىق ئۇنىڭغا بوۋىسىنىڭ بوۋىسىدىن قالغان ھۈنەر - كاسىپلىق نامى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە قازناق ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇغان كونا دۇكاننىڭ ياغاچ - تاشلىرىدىن باشقا خالۋاپلىقنىڭ ئىزى قالمىغان. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر توققۇز - ئون مو يەرگە قاراشلىق، قولىدا دېھقانچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق ھۈنەر - كەسىپ بولمىسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى يەنىلا نامدار ئاتا - بوۋىسىنىڭ

خالۋاپلىق نامى بىلەن ئاتاپ ھۆرمەتتىنى قىلىشاتتى...

— كۆرسىلە بۇ بالىنى، ئاناڭ كەلگىچە بىردەم ئۇخلىغاچ تۇر بالام دېسەم، نىزەمبىللا ئۇنىمىدى، بىركىم تېقىمىنى چىمدىۋالىدىغاندەك سىلىدىن باشقا ھېچكىمگە ئېلىقمايدۇ، ئۆزلىرى بىر گوللىسىلا دادىسى، — ھويلىدىن نەۋرىسى ياسىنىنى كۆتۈرۈپ چىققان نازىلخان ئېرىنىڭ خىيالىنى بۆلدى. دەرۋازىدىن ئوخچۇپ چىققان لامپۇچكىنىڭ نۇرى ھەسەن خالۋاپىنىڭ چىرايىنى بىر يورۇتۇپ، يەنە ئۆچتى. ئۇ كۇپتەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئورنىدىن قوزغىلىپ نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بوش شىۋىرلىدى:

— ئوغۇل بالا دېگەنمۇ يىغلامدۇ بالام؟

— ئانام يوق...

— يىغلىما، ئاناڭ ھېلىغىچە كېلىدۇ.

— كەلمىدىيا ئەينا؟

— كېلىدۇ بالام.

— كەلمەيدۇ.

— كېلەر چېغى بولدى، ئىككىمىز بىردەم مۇڭداشقىچە كېلىپ قالىدۇ.

— ئەمىسە كالتە پەمنىڭ ھېكايىسىنى دەپ بېرىسىز...

— ئۇنى قاراڭغۇدا دەپ بەرسەم قانداق بولىدۇ؟ — قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خالۋاپىنىڭ شىۋىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نېمىشقا بولمايدۇ، بوبا؟

— بىزنىڭ ئۇ كالتە پەمنىڭ خوتۇنىنى يامانلاقتىن ئەكىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە كۆن بەرمىگەن مەككار باينى باپلايدىغان قالتىس ئويۇنى بار. ئۇنى كۈندۈزى ئېيتىپ بەرسەم بولارمىكىن، قوزام؟





— ھىم... ھازىر دەپ بېرىسىز.

— ھازىرلىمۇ؟

— ھىم...

— ھەي شەيتان بالا، ئەمىسە ئۇيقۇڭنى ئاچ ھە... كالتە پەم كەمبەغەل خوتۇنىنى يامانلاقتىن ئەكەلگەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ گېلى نان، ئۇستۈشى كىيىم - كېچەك دەپ ئارام تاپقۇزماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن جان بېقىش قايغۇسىغا چۈشۈپتۇ ھەم ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ مەككار بايغا يېلىنماقتىن باشقا يول يوقلىقىنى چۈشىنىپ، باينىڭ كەڭتاشا باغ - ۋارانلىق قورۇسى ئالدىغا كەپتۇ.

— كېلىپ قاپسىلەر، — دەپتۇ باي ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقان بىر تەرزدە قاراپ، — ئوزۇق - تۈلۈكۈڭلار تۈگەپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، باي غوجام، — دەپتۇ كالتە پەم ياچىۋەكتەك ئېگىلىپ تۇرۇپ، — يەنە... يەنە خوتۇنۇم ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ھېلىقى... ھە... ھېلىقى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئىككى پارچە يەرنى ئۆزىمىز تېرىساقمىكىن دەپ ئۆتۈنۈپ كەلگەن بېگىم.

— ئۇ يەرنىڭ تۇپرىقى بەلەن، سۈيى ئەن بولغاچ تالدىشىۋاتقانلار ئاز ئەمەس، — دەپتۇ باي ئىسىلىشىپ قارىيسىپ كەتكەن كۆمۈش غاڭزىسىدا پۇرقىراپ تۇرغان ئىسنى ھۇزۇر بىلەن ئىچىگە تارتىپ، — ئەمدى بولماسمىكىن...

سوئال سوراپ تىنمايدىغان نەۋرىسىنىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى سەزگەن بوۋاي ھېكايىسىنى توختىتىپ بالىدىن سوردى:

— ئاڭلاۋاتامسەن قوزام؟

لېكىن بالا يېنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەن، كۆپتەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى بوۋىسىنىڭ قوچقى ئۇنىڭغا بىھېساب خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان ئىدى.

نەۋرىسىنى باغرىغا تېڭىپ ئولتۇرغان بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىنى نېمىشقىدۇر بىر غېرىب - غۇرۋالىق چىرماپ ئالدى. كۆڭلىدە پۈتمەس - تۈگىمەس ئارزۇ - ئارمانلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرغاندەك، ئەمما ئارزۇ - ئارمانلىرى كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇققا سىڭىشىپ، روھى قۇپقۇرۇق بولۇپ كەتكەندەك... ئىھ، ئادەم نېمىشقا تۈيۈقسىز مۇشۇنداق تۇيغۇ ئىلكىگە ئەسىر بولىدىغاندۇ؟ بوۋاي ئېسىنى يىغىشقا تىرىشىپ، پايانسىز چۆللۈكتە يۈرگەندەك ئېغىر ئۇھسىندى. ئىنساننىڭ قەلبىدە ھېچنېمە بولمىسا، روھى قۇرۇقدىلىپ قالسا كىشىنىڭ قەلب خانىسى ئادەمزاتى بولمىغان كونا تاشلاندۇق كەپىگە ئوخشاپ قالىدىكەن. تاشلاندۇق كەپە قانداق كۆڭۈلسىز ھە! بىراق مەن نېمىشقا مۇشۇنداق تۇيغۇدا بولىدىغاندىمەن؟ بوۋاي ئۆزىنى تەگسىز كۆڭۈلسىزلىك قوينىدىن تارتىپ چىقىش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئىشلارنى خىيال قىلىشقا تىرىشتى. ئىلگىرى چوڭ ئۆتكەن ئاتا - بوۋىسىنى، ھازىرقى كۈنلىرىنى، ئۆزىگە قوشنا بولۇپ ئۆپچۆرىسىدە ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغان تۇغقانلىرىنى، ياشىنىپ قالغان ئانىسىنى، ئوغۇللىرىنى، تىرىكچىلىك غېمىدە يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن ئىنىسى ھەمزىخاننى، ئەردىن بەختى ئېچىلمىغان سىڭلىسى شەرۋانەمنى، كېلىنلىرىنى، نەۋرىلىرىنى، يەنە بېيجىڭدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كىچىك ئوغلى يۈسۈپ... قاتارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ قەلبىنى چىرماپ تۇرغان غېرىب-





لىق كۆڭلىدىن نېرى بولمايتتى.

«تۇۋا، — دېدى بوۋاي ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ماڭا نېمە بولدى؟ يېڭى كۈيئوغلۇمنىڭ بىسمىللا دېمەستە قىزىمغا قىلغان ئاتىكاچىلىقى ھار كېلىۋاتامدۇ - يا؟ ياق، ئۇ ئانچە كۆڭۈلگە ئېلىپ كەتكىدەك ئىش ئەمەس. ياش باللار دېگەن ئۇرۇشۇپ - تالىشىپ قالىدۇ، باتنىشىدۇ، يېقىشىدۇ، ئۆچلىشىدۇ، سېغىنىشىدۇ. بۇنداق ئىش ياشلىقىمىزدا بىزنىڭمۇ بېشىمىزدىن ئۆتكەن...»

بىر چاغدا يىراقتىن ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەسەن خالۋاپنىڭ نېرۋىلىرى سەگەكلىشىپ قۇلىقى دىڭ بولدى. بۇ ئۇنىڭ سۇر ھاڭگىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى، ئەقىللىق ئېشەك ھەر قېتىم يىراق - يېقىن سەپەرنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە، مەھەللە ئېغىزىغا يېقىنلىشا - يېقىنلاشماي مۇشۇنداق كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى جاكارلايتتى... ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى ئاڭلىنىپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە قىز - كېلىنلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەھەللە ئىچىگە كىرىپلا ئۇلارنىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلغان ئىدى:

— يولغا قاراپ كۆزى تۆت بولغاندۇ، مۇشۇ تاپتا.

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر مەن بولمىسامۇ خىيالىدا يوق ئۇخلاۋېرىدۇ. ئويغىتالماي قاچانغىچە دەرۋازا قاقىمەنكىن تاڭ.

— مېنىڭ باللىرىمنىڭ قورسىقى ئاچ، يولۇمغا قاراغلىق، ھەقچان.

— ئېرىڭىزنىڭ قولى تاماققا ئەپلەشمەمدۇ؟

— پىشقىنىنى داستىخانغا ئەكىلىپ بەرسەم شالاپ - شۇلۇپ قىلىپ بەلەن ئەپلەشتۇرىدۇ، مېنىڭ ئېرىم!

— ھى... ھى... ھى....
— ھا... ھا... ھا...
— ھەي، ھەي يەڭگىلىرىم، — ئاياللارنىڭ ئارىسىدا پىننەخاننىڭ بوك - بوك ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى، — بىزنىڭ نۇربۇۋىخان ھاپىزقارىي بىلەن نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ ھازىر؟ مۇشۇ گەپنى بىر قىلىشايلى.
— ئەر - خوتۇن بولغاندىكىن نېمە ئىش قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلغاندۇ!
— ھەي، ھەي... ئۇنداق دېگىنىمىز بىلەن ئاخشامۇ...
— ۋايجان پىننەخان، — روزىگۈلنىڭ ئەيىبلەش ئاھاڭىدىكى ئاۋازى تۈن قوينىنى جىملىدى، — كىچىك بالىدەك گەپ قىلىدىكەنسىز، خۇددى! سىز توي ئاخشىمى ھۇسىيناخۇن بىلەن نېمە ئىش قىلغان؟ ياكى ئالەم - جاھان قاراڭغۇ بولغاندىكىن ھۇسىيناخۇن ھەممىنى ئېچىپ دەۋېتەمدۇ - يا؟
— ئاياللار ئولتۇرغان ھارۋىدىكى ئېشەكنىڭ باشۋېغىنى تۆگە ھارۋىسىنىڭ كەينىگە چېتىۋالغان ھۇسىيناخۇننىڭ ھەجىيىپ ھۇقۇقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ھە، توي ئاخشىمى قانداق قىلغىنىمىزنى دەڭلا خوتۇن.
— ۋايجان، ماۋۇ يۈزى قېلىن گاچىنى... ئۇ گەپنى قانداقمۇ دېگىلى بولىدۇ.!
— سىزنىڭكىنى دېگىلى بولمىسا، باشقىلارنىڭكىنى دېگىلى بولامتىمۇ، پىننەخان؟ بەللى، بەللى...
كۈلكىسى بېسىلماي كەلگەن ئاياللار چوڭ ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلەر - كەلمەيلا بوۋاينىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى.





## 12

شەرۋانەم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. قورقۇنچ ئىچىدە تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ، ئۆگزىدىن كېلىۋاتقان شەپىنى تىڭشىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرىنىڭ گۈس - گۈس ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئېنىقلا ئاڭلاندى. چوكان ۋارقىرىۋېتىشكە تاس - تاس قالدى، لېكىن بەك قورقۇپ كەتكەچكە ئۈنى تېشىغا چىقمىدى. ئاياغ تىۋىشى تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختاپ قالدى. چوكان يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ تۈڭلۈككە قارىدى. كىچىككىنە تۈڭلۈكتىن ئاۋۋال بىرىنىڭ ھاسىراپ خىرقىرىغىنى ئاڭلاندى، ئاندى يوغان بىر خاپان كالىنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈندى.
— ۋاي ئانام ! — چوكان ئالاق - جالاق تىترەپ چىرقىراپ تاشلىدى، — ئوغرى، ئوغرى چۈشتى!
— ھا... ھا... ھا... بى... بىزنى ئوغرى دېسىلە قانداق بولىدۇ، شەرۋانەم؟ مەيلى بولمىسا ئو... ئوغرى دېسىلىمۇ شۇ، كۆ...كۆڭۈل ئوغرىسى...
— كىم، كىمۇ؟! — چوكان بېشىنى كۆتۈرۈپ توۋلىدى. بىراق قاراڭغۇلۇقتا تۈڭلۈكتىن بېشىنى تىقىپ تۇرغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى ئىلغا قىلالمىدى.
— كىملىكىمنى بىلەلمەيۋاتاملا؟
— مەن نىم بىلەي... ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەت، ھېلى بىكار ئادەم توۋلايمەن! — چوكان قورقۇپ قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، چىراغنىڭ پىپىنى تارتتى. بىراق چىراغ يانماي قويدى، — ۋايجان، توك

ئۆچۈپ قاپتىكەنمۇ دەيمەن، قانداقمۇ قىلارمەن! — چوكان قاراڭغۇ ئۆيدە ھېلى شام ياقىمەن دەپ، ھېلى سەرەڭگە ئىزدەپ تۈۋرۈك، مورا بېشىغا ئۇسۇپ يۈرگەندە ئۆينىڭ ئىشىكى جالاقىدە ئېچىلدى ـ دە، بىر قارا گەۋدە كىرىپ كەلدى.

— ۋاي ئانا...! — چوكان ئىشىكنى تاقاشنى ئۇنتۇغانلىقىنى بىلدى. قورقۇپ چىرقىراپ ئۆزىنى بۇلۇڭغا ئاتتى.

— ھى... ھى... ھى... — كۆلەڭگە دىمىغىدا كۈلۈپ خىرىلداپ ھىجايغىنىچە تۈۋرۈك يېنىدا توختاپ قالدى.

— ۋايجان، ۋاي كىمسەن؟

— بىزنى بىلمەسكە سېلىۋالمىسىلا ھاي، ئا... شەرۋانەم؟

— ۋاي بېشىڭنى يېگۈر گونداز! بۇ كېچىدە تام ئاتلاپ نېمە ئىش قىلىسەن؟

— ئۆ... ئۆزلىرى چىرايلىق بولغان بىلەن گەپلىرى سەتمۇ، نېمە... ئادەم تىللىماي گەپ قىلسىلا، كىم ئۇ گونداز دېگەن؟

ئالدىدىكى ئادەمنى توختى، دەپ قىياس قىلغان شەرۋانەم تېخىمۇ ۋەس ـ ۋەسىگە چۈشتى:

— ھۇي توختى گونداز ئەمەس، كىم سىلى؟

— تىھ، ئا... ئاشۇ تو... توختىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ بارماي ياتقانمىدىلە؟ قو... قويسىلارا، ئۇ گونداز چىرايلىق چوكانلارنى دەپ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىدىغانلاردىن ئە... ئەمەس... ھۆ... ھۆ... ھۆ...

— ۋاي ئانا... قايسى مەست سەن؟ چىقە ئۆيدىن! — چوكان ئاللا ـ توۋا قىچقىرىپ قولىغا چىققۇدەك بىر نەرسە ئىزدەشكە تۇتۇندى. قارا كۆلەڭگە بولسا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىمەن دەپ نېمىدۇر بىرنېمىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ، ھۆ قىلغىلى





تۇردى.

شەرۋانەم گۆردەك قاراڭغۇ ئۆيدە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، بۇلۇڭغا قاپسىلىپ زارلاشقا باشلىدى. بىر تۇرۇپ تام قوشنا ئاكىسى ئاڭلاپ قالسا سەت بولامدىكىن، دەپ نومۇس قىلدى. چوكان ئەردىن چىققاندىن بېرى، يۇرت ـ مەھەللىدىكى ئەركەكلەر ئۇنىڭغا باشقىچە كۆزدە قارايدىغان بولۇۋالدى. ئۇچرىغانلىكى يەردە سورۇن تاللىماي چاقچاق قىلىدىغان، يۈزىنى دايتەك قىلىپ كۆيۈپ قالدىم دەپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىدىغان، قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ غەلىتە قىلىقلار بىلەن ئىشارەت قىلىدىغان؛ قوناقلىق دەمدۇ، جىگدىلىك دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئادەمدىن خالىي ياق جايدا ئۇچراپ قالغىدەك بولسا كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەستىن ئالدىنى توسۇۋېلىپ رودىپايىدەك چاپلىشىۋېلىپ نەپسىنى تاقىلدىتىدىغان بولۇپ كېتىشتى. ھەتتا ئۆز بويلۇق قىزلىرى بار، ئەھلى جامائەت ئارىسىدا مۇسۇلمانچىلىق ئەھكاملىرىنى جار سېلىپ يۈرگەن بىر قىسىم داپ يۈزلەرمۇ نومۇس قىلماي: «ئۆزلىرى خىيالىمغا كىرىۋېلىپ، ئىچىمنى كۆيدۈرۈپ، گېلىمدىن غىزا ئۆتمەس، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەس بولۇپ قالدىم، نىكاھ ئوقۇتىۋېلىپ ئارىمىزغا ئىسسىقچىلىق سالساق، كېچىلىرى ئارىلاپ كېلىپ ھاللىرىدىن خەۋەر ئالسام...» دېيىشتىن ئۇيالمىدى. بەزىلەر ھاياسىز كۆزلىرى بىلەن مولۇندەك تىكىلىپ تۇرۇپ ئاشنا بولۇش تەلىپىنى قويدى. كېچىلىرى مۇشۇنداق ئۆگزىگە چالما تاشلاپ ئۇخلاتمىدى. بۇنداق ئىشلار كۆزىگە چېلىقىپ قالغان خوتۇنلار بولسا ئەرلىرىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ، سوقۇشۇشقا تەييار تۇرغان مېكىياندەك شەرۋانەمگە ھۈرپىيىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۇ ئاياللارنىڭ يوقسىزلىق، كېسەل ئازابىدا ياشاڭغىراپ

تۇرىدىغان مۇلايىم كۆزلىرىدىن شەرۋانەمنى كۆرگەندەك بولسا
كۆندەشلىك دەردىدە بىردىنلا ياۋۇزلىشىپ ئوت يېنىپ كېتەت-
تى. شەرۋانەمنىڭ گېپى چىقىپ قالسا، ئاياللىق مېھرى بىلەن
ئەڭ چىرايلىق گەپلەر تۆكۈلىدىغان، « ئاتۇش »، « مىراجىخان
»، « زورىخان » دەك يېقىملىق ناخشىلار ئېيتىلىپ تۇرىدى-
غان، زىل، سۇزۇك، شىپاگويى ئاۋازلىق ئېغىزلاردىن ئەڭ يامان
تىللار مۆلدۈر بولۇپ ياغاتتى. شۇڭا شەرۋانەم مەھەللىدىكى
ھېچقايسى خوتۇنغا نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويمايدۇ. بىر يەرگە
بېرىپ قالسا ھەممىدىن ئېسىل كىيىپ كېرىلىپ ئولتۇرۇپ،
بىرەر - يېرىمى گەپتە چېقىۋالغىدەك بولسا، دەرھال گەپ ياند-
دۇرۇپ نېسىۋىسىنى جايىدا بېرىپ قويۇشقا تەييار تۇرىدۇ.
شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئەردىن چىقىپ يامان ئاتاققا قېلىۋاتقىنى-
دىن بارغانچە نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئاكى-
سى ھەسەن خالۋاپ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا بەكمۇ ئېتى-
بار قىلىدىغان، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئايايدىغان، مىجەز -
خاراكتېرى زىل، نازۇك ئادەم بولغاچقا، مۇشۇنداق ئىشلار بى-
لەن بەتنامغا قېلىپ، ئاكىسىنىڭ ئالدىدا سورۇنغا چىقىپ قې-
لىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى.

شەرۋانەم بەك ۋارقىراپ - جارقىراپ كەتسە ئاكىسىنىڭ
ئاڭلاپ قېلىشىدىن، ئىشنىڭ يوغىناپ كېتىشىدىن ئېھتىيات
قىلىپ، ئالدىدىكى ئادەمگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرت-
تى، ئۇنى ئالداپ - سىلاپ ئۆيدىن چىقىرىۋېتىش كويىغا
چۈشتى:

— ھوي ئابدىسېلىمجان، بۇنداق تەڭ كېچىدە ھويلامغا
چۈشۈپ مېنى قورقۇتماي ئاستا كەتسىلە، ماڭسىلا.

— ئابدىسېلىمجان؟! — مەست قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چو-





كاننى زاڭلىق قىلغاندەك بىر ئاھاڭدا خىرىلدىدى، — كىم
ئۇ؟ ھېلىقى سېلىم تۆشۈكما؟ ھا... ھا... ھا... تۇزۇك گەپ
قىلسىلا شەرۋانەم ھەي... ئۇ تۆشۈك ئۆزىنىڭ تۆشۈكىنى ئەت-
تۇرەمدۇ ياكى بىزگە ئوخشاش كېچىدە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي
تۆشۈك ئىزدەپ كېلەمدۇ، نەچچە بىر ئىشنى قىلىپ بولىدۇ؟
ئۇخلاپ قالغاندەك گەپ قىلىدىكەنلا سىلە...

— ۋايجان، ۋايجان... ئەمىسە قادىخان ئۇستامۇ سىلە؟

— ئە... ئەمەس!

— مەمەتتۇسناخۇن؟

— يا... ياق!

— ئابدۇراخمان قاسساپ؟

— خا... خاتا!

— كېرەم ناۋاي؟

— تو... تونۇمىدىلا!

— ئەمىسە روزى باداڭ؟

— تا... تاپالمىدىلا!

— ۋايجان... ۋايجان... ئۇمۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، قايسى
بېشىنى يېگۈردۇ بۇ؟ نەمۇ نە پۇراپ يۇرۇپ ئېشەك سۈيدۈكىنى
تېپىپ ئىچىپ، مېڭىسىدىن ئېزىپ ئۆيۈمگە كىرىپ مېنى
پاراكەندە قىلغىلى بىر كىم يەتمىش پۇشتىنىمۇ تارتقاندىمۇ!
ئەمدى نېمە كۈن كۆرسەم كۆردۈم، ۋاي يۈنۈساخۇن، ھۇسىنا-
خۇن، قېنى سىلەر؟!

— ھاي، ھاي شەرۋانەم، چۇچۇلىدىن چاچرىغان ئۇتتەك
ئۇنداق چاراسلاپ كەتمىسىلە... — مەست گېپىنىڭ ئاخىرىنى
دېيەلمەي بىردەم چېڭقىلىپ ھۆ بولدى، — تۇ... تۇنۇگۈن
ھەسىنكامنىڭ قىزىنىڭ تويىدا بە... بەك چىرايلىق بولۇپ

كېتىپتىكەنلا، شۇنىڭياقى يۇرىكىم جايىدا ئەمەس. ئاڭلىسام ئانىكىلىرىمۇ خوتەنگە كەتكەنمىش، شۇڭا مۇشۇ تۇرقىدا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاشۇ ئايدەك جامالىلىرىنى كۆرەي، تومۇچۇقتەك ئاۋازلىرىنى ئاڭلاي دەپ، سايىت لوبەنىنىڭ ئۆيىدە ئۇلپەتلەر بىلەن ئولتۇرغان يەردىن يانغانچە ئۆيگىمۇ بارماي ئۇدۇل سىلىنىڭ قاشلىرىغا كېلىشىم. ئىككى كۈندىن بېرى مېنىڭ كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس، يۇرىكىم ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى. مە... مەن مۇشۇ ھالىم بىلەن سىلىنى ياد ئېتىپ كەلسەم، باياتىن بېرى ئاشۇ ئويماقتەك چىرايلىق ئاغىزلىرىدىن ئەڭ يامان تىللارنى ئاڭلىدىم... يە... يەنە ئاشۇ ئاغىزلىرىدىن ئۆز ئىسمى ـ زاتىمنى ئاڭلارمەنمىكىن دەپ شۇنچە تاما كۈتسەم، يۇرەكلىرىدە ساقلاپ يۇرگەن نەدىكى بىر قاتاردا يوق لاتا غىلاپلارنىڭ ئىسمىنى تۆكۈۋەتتىلە! ھۇ... ھۇ... ھۇ... ــ مەست شۇنداق دەپ بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

ــ ۋايجان... تازىمۇ بىر... ــ چوكان نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

ــ ئا... شەرۋانەم، جېنىم ئۆزلىرى نەدە؟ قاراڭغۇغا تىقىلىپ تۇرماي مېنى يۆلىسىلىچۇ!

ــ بېشىڭنى يە... ئوغرى! ــ چوكان يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي جىلە بولۇپ كەتتى. ئادەم توۋلاي دېسە، بۇ ئىشنىڭ باشقا بىر ئۇششاق گەپكە ئايلىنىپ، چۆرۈمە ـ چۆچەك بولۇشىدىن، ئاكىسى، يەڭگىسى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ باشقىچە نەزەردە قارىشىدىن نومۇس قىلدى. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز چاقماق چاققاندەك توك كېلىپ، ئۆينىڭ ئىچى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئىچ كۆڭلەك بىلەن ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىپ تۇرغان چوكان پەگادا غىج قۇسۇقلار ئىچىدە خىر-





قىراپ يىغلاپ ياتقان ئادەمنى كۆرۈپ بوش ۋارقىراپ تاشلىدى:

ــ ۋاي خۇدايىم، غوجىخان سېكرېتارغۇ ئۆزلىرى!

ــ يا... يا ئاللا، مەن تېخى كۆزىگە ياغ تولۇپ قالدىمىكىن دېسەم...

ــ سىلە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىلا؟ ۋايجان، نېمە قىلىق بۇ! كەتسىلە، ماڭسىلا!

ــ كەتسىلە؟ ھى... ھى... ھى... مېنى مۇشۇنداقلا كەتكۈزىۋېتەملا، جېنىم شەرۋانەم ؟

شەرۋانەم يات بىر ئەرنىڭ ئالدىدا لىغىلداپ تۇرغان ئىچ كىيىم بىلەن تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، سېمىز تۇرقىغا ماس كەلمىگەن بىر چاققانلىق بىلەن كىيىملىرىنى قولىغا ئالدى، ئوڭ ـ تەتۈرىنى ئايرىپ ئولتۇرمايلا كىيىنىۋالدى.

ــ ئو... ئوھوي، ــ دېدى مەست سۇپىغا ئۆمىلەپ چىقىپ، ــ مېنى نېمە ئانداق خوشلىمايلا سىلە، ھە... مۇنداق دەيلى تو... توختى گوندار، تۇسۇن قاسساپ، روزى پاداڭلارغا ئىشتەي ساقلاپ، بىز غوجاخۇنغا تاۋىلىرى يوق دەيلى، شەرۋانەم؟

شەرۋانەم بىردە ئالدىدىكى مەستكە، بىردە ھاڭدەك ئوچۇق تۇرغان ئىشىككە قاراپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. تۈن كېچىنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراي دېسە، يەنىلا خەلقئالەم ئالدىدا نومۇس، تاختا بېشىدىن نوغۇچنى ئېلىپ باش ـ كۆزىنى يېرىۋېتەي دېسە، ئالدىدا تۇرغىنى بىر يۇرتنىڭ ــ قۇمئاۋاتنىڭ تىزگىنىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان پۇتۇنسۇرۇك بىر ئادەم... چوكان ئۇنداق قىلالايمىكىن، مۇنداق قىلالايمىكىن دەپ ھېلى ئۇنىڭغا كاللا يوگۇرتۇپ، ھېلى بۇنىڭغا كاللا يوگۇرتۇپ ئويلىنىپ تۇرۇشىغا غوجىخان تۇيۇقسىز بىر خىرقىرىدى ـ

دە، تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلىگىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى.

— ئانا! — چوكان قورقىنىدىن بۇ بۇلۇڭدىن ئۇ بۇلۇڭغا ئۆزىنى ئاتتى.

## 13

ئارائاۋاتتا چىللاققا كەلگەن مېھمانلار ئابباسخاننىڭ كەڭرى تال باراڭلىق ئايۋان سارىيىغا لىق كەلگەن ئىدى. چىللاقتا ئادەتتە تويدىكىدەك مېھمان كۆپ ئەمەس، ھەم ئانچە ئالدىراشچىلىق بولۇپ كەتمىگەچكە، ساھىبخان تەرەپ قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە كايىپ - جوۋاپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى.

— غوجىخان سېكرېتارنى بىللە ئەكەلمەپلا، — دېدى ئابباسخان ئۆز قولى بىلەن ھەسەن خالۋاپىنىڭ پىيالىسىگە چاي لىقلاپ قويۇپ، — ئۇ كىشى بىلەن كوپىراتسىيە زامانىسىدىن تارتىپ ئەل - ئاغىنىدارچىلىقىمىز بار ئىدى.

— ئۈلۈشكۈن باغاق ئەۋەتسەم ۋاي بارىمىز، ھەسىنىكامنىڭ ئىشى ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، دەپتىكەن. بۈگۈن ئەتىگەن يولىغا قارىسام ھېچ كېلەي دېمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۆيىگە بالا چاپتۇردۇم. ئاڭلىسام، مىجەزى يوقمىش...

— ۋۇي ما ئىشنى، مەن تېخى بىللە كېلىدۇ، تۆر بېشى بولۇپ ئولتۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ تاما كۈتكەن.

— ئەسلى كېلىمەن دېگەن، كېلەلمىدى كۆرسىلە.

ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى. قورداق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قىسقا دۇئا قىلىندى، چوڭلارنىڭ قاتارىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرالمىغان ياشلار كۆرپىدىن چۈشۈپ قولىشىپ





قالغان پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەچ باغ تەرەپكە ئۆتۈپ، چاقچىقىنى باشلىدى. چوڭلار بولسا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان پېتى باشلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ پاراڭغا چۈشتى.

— ئارائاۋاتنىڭ سۇ - سەل ئىشلىرى قانداقراق، بەك قۇرغاقچىلىق ئەمەستۇ؟ — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئاۋۋال گەپ باشلاپ.

— ۋاي گەپ قىلمىسىلا، — دېدى ئابباسخان قىستاپ كەلگەن تاماكا خۇمارىنى زورىغا بېسىپ، — پۈتۈن بىر قىش قار ياغمىغاننىڭ سورى ئەمدى بولاۋاتامدىكىن تاڭ، ئېرىق - ئۆستەڭلىرىمىزدە تۈزۈك سۇ يوق، بۇغدايلارنىڭ ئالدى ئىككى سۇ بىلەنلا سارغىيىشقا باشلىدى. سۈيىگە قانمىغاندىكىن، دېنى پۇچەك بولىدىغان گەپكەن دېسىلە! سىلە تەرەپتىچۇ؟

— بىزدىمۇ شۇ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئېغىر تىنىپ،

— بۇ يىل خامان ئالدۇق دەپ، سامان ئالىدىغان ئوخشايمىز.

— زېمىن قۇرۇپ كېتىۋاتامدىكىن دەيمەن، بىز كىچىك چاغلاردا ئۇنداق ئەمەستى، — دېدى ئابباسخان پاراڭغا داخىل بولۇپ ئولتۇرغان مېھمانلارغا قاراپ قويۇپ.

— يادىلىرىدا بارمىكىن، ئۇ چاغلاردا دەل - دەرەخ، باغ - ۋارانلار گىرەلىشىپ تۇراتتى، بىر قېتىم يامغۇر يېغىپ قويىغىدەك بولسا، نەچچە ھەپتىگىچە يەر - زېمىننىڭ نەملىكى كەتمەيتتى... ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى يەر ئاچىمىز دەپ قۇمدۆڭنىڭ باغرىدىكى توغراقلارنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن قۇملۇق بارغانچە مەھەللە تەرەپكە قىستاپ كېلىۋاتىدۇ. ئاچقان يەرلەرگىمۇ سۇ بولمىغاندىكىن تېرىلماي قۇم ئاستىدا قالدى.

— بوبا، بوبا، كالتە پەمنىڭ گېپىنى ئەمدى دەڭا، قانداق

بولدى، ئۇ باينىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن، باي ئۇنىڭغا يەر بەردىمۇ؟ — ھويلىدا باللار بىلەن چېپىشىپ ئويناۋاتقان ياسىن تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ كېلىپ ھەسەن خالۋاپنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ بوينىغا ئېسىلدى.

— ماڭ، بېرىپ ئويۇنىڭنى ئوينا، كەپسىز... — ھەسەن خالۋاپ نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇنى ئەركىلەتتى، — بىردەم گېپىمىزنى قولاشتۇرغىلى قوي!

— بالىنىڭ ئوتىدىن نەۋرىنىڭ ئوتى يامان، — دېدى ئابباسخان قۇدىسىنىڭ نەۋرىسىگە قاراپ، — شەھەردىكى ئوغلۇم نەۋرىلىرىمنى ئېلىپ چىققۇدەك بولسىمۇ مۇشۇنداق كەچكىچە پوكىنىمدىن چىقمايدۇ.

— شۇنداق بولىدىكەن، — دېدى ھەسەن خالۋاپ نەۋرىسىنىڭ قەغىشلىرىنى بېسىش ئۈچۈن ئۇنى جىملەپ، — بەزىدە مۇشۇ نەۋرەمنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۈن كەچ بولۇپ كېتىدۇ...

شۇ تۇرقىدا ئىچكىرى - تاشقىرى مېھمانلىق ئۆي، ساراي ئۆيدىكىلەرمۇ، نۇربۇۋىلەرنىڭ ھۇجرىسىدا قىستىلىشىپ ئولتۇرغان ئايال مېھمانلارمۇ ئۆز ئالدىغا پاراڭنى باشلىغان بولۇپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي كەيگەننىڭ، يېگەن - ئىچكەننىڭ گېپىگە چۈشكەن ئىدى.

يەڭگىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان شەرۋانەمنىڭ بۈگۈن گەپكە تازا تاۋى يوق بولۇپ ، ئەزەلدىن ھېچقانداق گەپتىن قالمايدىغان زۇۋانىدازلىقىدىن قالغان ئىدى. شەرۋانەمنى يەڭگىسى نازىلخان چىللاقتا بېرىپ كېلەيلى، دەپ ئۆزى چاقىرغىلى كىردى. ھويلا - ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ بولۇپ، پىلىگە غازاڭ سېلىشقا تۇتۇنغان شەرۋانەم يەڭگىسىگە قاپىقىنى ئېچىپمۇ كەتمىدى. چىللاقتا بارماسلىقىنىڭ قارىنىنى ئېسىپ





تۇرغاچقا، ئالدىن ئويلاپ قويغىنى بويىچە سەۋەب كۆرسەتتى. ئەمما يەڭگىسى چىڭ تۇرۇۋالدى، ئاكىسىنىڭ يۈزى ئۈچۈن خاپا بولۇپ قالغان تەرەپلىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، بىللە بېرىشنى ئۆتۈندى. كېيىن ئاكىسى ئۆزى كىردى، توي كۈنىدىكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن چىرايلىق ئۆتۈش توغرۇلۇق بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلدى.

شۇنداق قىلىپ شەرۋانەم چىللاقتا بىللە كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن مېھماندارچىلىق ئوينىغانغا تۇشلۇق خۇش كەيپىيات يوق، سۈت رەڭ چىكەن كۆڭلەكتىن ئەكسىلەنگەن نۇردا پارقىراپ تۇرغان ئاق سۇزۇك چىرايىدا بىر خىل ناخۇشلۇق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— بۈگۈن گېپىڭىزمۇ يوق، كۈلكىڭىزمۇ يوق، نېمە بولدى شەرۋانەم ئاچا؟ — دېدى ئۇنىڭ سول يېنىدا ئولتۇرغان روزىگۈل شەرۋانەمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغاندەك.

— كۈلگىدەك ئىش بولسا كۈلمەمدىمەن، — دېدى شەرۋانەم روزىگۈلگە خۇدۇكسىرەپ، — ياكى بىر كىم مېنى قىچىقلىمىسا.

— ۋىيەي، قاچاندىن بېرى قىچىقلىسا ئاندىن كۈلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ ئىلگىرى بۇنداق مېھماندارچىلىقلاردا تۆرمۇ سىزنىڭ، گەپمۇ سىزنىڭ، كۈلكىمۇ سىزنىڭ بولاتتى. بۈگۈن ئەجەب...

— تاۋىم يوق، — دېدى شەرۋانەم گەپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— نېمە بولدى، ئۇزاق كېسەل تارتقان ئادەمدەك كۆزلى-

رىڭىز ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. كېچىدىن ئوبدان ئۇخلىيالمىدىڭىزمۇ، نېمە؟

— ھە، ياق... ئۇخلىغان، — شەرۋانەم روزىگۈلنىڭ چېھرىگە لاپپىدە بىر قاراپ يەنە كۆزلىرىنى قاچۇردى.

— بىز تۈزۈك ئۇخلىيالمىدۇق قاراڭ، باش توخۇ چىللىغاندا، سىلەر تەرەپتە كىمدۇر بىرىنىڭ ۋارقىراشقاندەك، يىغلاۋاتقاندەك ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. كۆيئوغۇللاردىن بىرەر يېرىمى ئىش چىقىرىپ، قېيىنئاتامنىڭ ئۆيىدە بىر خاپىلىق بولۇپ قالمىغان بولسۇن يەنە، دەپ ئەنسىرەپ بالىنىڭ دادىسىنى چىقىپ قاراپ بېقىڭ دەپ ئويغاتسام، ئۇ قورقۇنچاق نىزەمبىللا ئۇنىمىدى. بۇ كېچىدە تالادا نېمە بار، يەنە توكمۇ ئۆچۈپتۇ، دەپ يوتقانغا تېخىمۇ ئىچكىرى كىرىپ ياتىدۇ، قاراڭ! شۇنىڭ بىلەن تاس ـ ماس قاپتىمەن ئىشىك تاقايدىغان دەمنى كۆتۈرۈپ ئۆزۈم يۈگۈرۈپ چىققىلى...

شەرۋانەمنىڭ كۆز چاناقلىرى بىر كېڭىيىپ، يەنە ئەسلىگە كەلدى. يۈرەك رېتىمى تېزلىشىپ، كېچىدىن يۈز بەرگەن ئىشنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قولۇم ـ قوشنىلار بىلىپ كەتكەندەك، كۆڭلىدە يامان ۋەسۋەسە پەيدا بولدى. ئۆلۈمتۈك غوجىخاننى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى. بۇ ئىشقا لايىقىدا بىر گەپ ياساپ، ئۆزىگە يۇقتۇرماي ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئويلىدى.

— ئۇ ئاۋازنى مەنمۇ ئاڭلىدىم، تەڭ كېچىدە يولدا بىر كىملەر ئۇرۇشقاندەك قىلدى.

— لېكىن ئۇ غوۋغانى ئاڭلىغان قېيىنئاتام ھۇسىناخۇننى ئويغىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىقسا، مەھەللىدە ھېچكىم يوقمىش. يىغلىغان، چىرقىرىغان ئاۋازلارمۇ بېسىقىپ قالغانمىش. شۇنىڭ بىلەن ھۇسىناخۇن: « مەھەللىگە ئالۋاستى ئۆگىنىپ قالغان بولسا، شۇ ئالۋاستىلار خوتۇن تالىشىپ چىرقىرىشىۋاتقان ئوخشايدۇ. كېچىدە ئۇلارنىڭ ئويناۋاتقان يېرىگە چىقىپ يامان قىپتىمىز، تېز كىرىپ كېتەيلى » دەپ قېيىنئاتامنىڭ پېشىدىن تارتىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتكەنمىش!

— ئۇھ، — قورقۇپ كەتكەن شەرۋانەم كۆكسىنى تۇتۇپ قويدى، — مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلىپ، كېچىچە كىرپىك قاقماي تۈڭلۈككە قاراپ كەلىمە تەمجىتنى ئوقۇپ چىقتىم دەڭا!

شەرۋانەم ئاغزىدا شۇنداق دېگەندەك قىلسىمۇ، كېچىدىن يۈز بەرگەن ئىشلار چۈش ئەمەس ئىدى. غوجىخان ئۆمىلىگىنىچە كېلىپ چوكاننىڭ يوتقىنىغا كىرىۋالدى. مەستنىڭ ئالدىدىن ۋارقىرىغىنىچە قېچىپ يوتقان ـ كۆرپە يىغىدىغان كاتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان شەرۋانەم ئادەم توۋلاشتىن تېخى نومۇس قىلىپ، پاراكەندىچىلىكتىن تېخى قۇتۇلالماي، يالغۇز جېنىغا تويدى. شۇنداق تۇرۇپ بىر چاغ بولغاندا يوتقاندىن خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. مەستنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرگەن چوكان تېخىمۇ جىلە بولۇپ، ئۇ ئەرنى بىر ئامال قىلىپ ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئەگەر ئۇنى چىقىرىۋېتەلمەستىن تاڭ ئېتىپ كەتسە، تېخىمۇ يامان بولاتتى. غوجىخان سېكرېتارنىڭ قاق ئەتىگەندە شەرۋانەمنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئاجايىپ خەۋەر مەنزىلسىز شامالدەك ئاۋۋال مەھەللە ئىچىگە، ئاندىن كەنتكە، ئاخىرىدا پۈتۈن يۇرتقا بىر كېلەتتى. ئۇ چاغدا تۇل ئۆتۈۋاتقىنىغا يىلدىن ئاشقان شەرۋانەم قىزىل يۈزىنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرۈيدۇ؟ ئاكىسىنىڭ كۆزىگە قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ؟ چوكان شۇلارنى ئويلاپ، يوتقىنىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان مەستنى كۆزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن باش قاتۇردى. ئېشەكنىڭ تاپىنى سۆرىگەندەك

سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ يولغا تاشلىۋېتەي دېسە، كۈچى يەتمەسلىكىدىن، ھەتتا بۇ كالا ئۇستىخاننىڭ تۇيۇقسىز يۇگۇرۇپ قوپۇپ ئۆزىنى خوراز مېكىيانىنى باسماقدىغاندەك بېسىۋېلىشىدىن قورقتى. ھويلىدىكى پالتىنى ئەكىرىپ مېڭىسىگە بىر قوياي دېسە، چوكاننىڭ بۇ ئادەمگە چوڭ ئۆچ - ئاداۋىتى يوق. تولا ئويلاپ بېشى قاتقان چوكان ئاخىرى بىر ئەقىل تاپتى. كاتىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ ئىشىك - دەرۋازىلارنى ئېچىۋەتتى. ئاندىن تۆشۈكلۈكتە تۇرغان بىر چېلەك سۇنى ئەكىلىپ مەستىنىڭ بېشىغا چاچتى. غوجىخان سۇدىن ئەندىكىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۆي ئىچىگە، شەرۋانەمگە ئالاق - جالاق بىر قارىدى - دە، كەلمەيدىغان يەرگە كېلىپ قالغاندەك كەينىگە يېنىپ ئىغاڭلىغىنىچە تالاغا قاراپ ماڭدى...

شەرۋانەم تەمكىنرەك ئولتۇرۇشقا زورۇقتى. ئەمما ئۇنىڭ نېرۋىلىرى تېخىچە جىددىي ئىدى. ئۇ تاڭغا يېقىن مەستىنى قوتۇلغاندىن كېيىن بەدەر چىقىپ ئىشىك - دەرۋازىلارنى يەنە تاقىۋالدى. قۇسۇق، پاراكەندىچىلىكلەر بىلەن بۇلغانغان ئۆي، قۇسۇققا مىلىنىپ تۇرغان مەستىنىڭ دوپپىسى... دېگەندەك مەينەتچىلىكلەرگە قاراپ بىردەم يىغلىدى. كېيىن ياغلىقتا ئاغزى - بۇرنىنى تېڭىپ قۇسۇق - غەلدى - غەشلەرنى كەتمەن بىلەن قىرىپ، ئۆينىڭ تېگىنى پاكىزلاشقا تۇتۇندى.

— تۈل ئۆتىۋەرسىڭىز كېچىلىرى قورقۇپ تۇزۇك ئۇخلىيالمايدىغان گەپ، شۇڭا ئېپىدىرەك يەردىن ئەلچى كېلىپ قالسا يەنە كەينىگە تارتىۋەرمەي، ئەرگە تەگسىڭىز بولغىدەك، — دېدى روزىگۈل. شەرۋانەم ئەندىكىپ كەتتى، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. روزىگۈل كېچىدىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلىپ قالغاندەك تۈيغۇن ھالدا جىلمىيىپ ئولتۇرات-





تى.

— كۆڭلۈمدىكىدەك بولسۇن دېسەم، لايدىن ياسىۋالسام ياكى لاتا - پۇرۇچتىن تىكىۋالسام بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، شۇنداق ياخشى ئەرلەر بارغۇ، ئاچا؟

— قويۇڭا شۇ ياخشىلارنى! — دېدى شەرۋانەم خورسىنىپ، — ساپلا چىقمىسىز، دورغا يارىماسلار... ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەكلىرىنى توڭگۇز تەلەي خوتۇنلار چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ بولدى!

— ۋىيەي، ماۋۇ ئاچامنىڭ گېپىنى، — روزىگۈل كۈلكىسىنى يوشۇرالماي ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، — سىزگىمۇ خۇدايىمنىڭ ئويلىغىنى باردۇ... خۇدايىم ئەر - ئاياللارنى تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇپ قالمىسۇن دەپ، بىر - بىرىگە نىكاھ، رىزقىنى چاتقاندا، بىر يامانغا بىر ياخشىنىڭ رىزقىنى سالارمىش. ئەرلەرنىڭ چوڭ ئەيىبى بولمىسىلا، ئۇلارنىڭ پېشىنى چىڭراق تۇتقان ياخشى. شۇڭا قورسىقىڭىزنى كەڭرەك تۇتۇپ، ئېرىڭىز بىلەن كېلىشىپ قالامسىزكىن - يا؟...

— ۋايىيەي، ئۇ بەڭگىنىڭ ھەرگىز ياخشى گېپىنى قىلغۇچى بولماڭا!

— ئەمىسە ھېلىقى توختىكامچۇ؟ ئاڭلىسام ئۇ ئادەم سىزنى ئەگىپ قالغانمىش.

— توختىكىڭىز؟...

— ھەئە، ھېلىقى...

— قويۇڭا ئۇ گوندازنى...

— ۋۇي ئۇ ئادەمنى شۇنداق رايىش، بەلەن ئادەم دېيىشىدىكەنغۇ؟

— ئۇ گوندازنىڭ خىرىلداپ سەت ھىجىيىشلىرىنى كۆر-
سەم چىشىم قېيىشىپلا كېتىدۇ. يەنە تېخى ئىككى بالىسى بار.
— مەيلى ئەمەسمۇ، بالا دېگەننى باققۇلۇق.
— مەن ئۆگەي ئانا بولالمايمەن.
— ۋاي خۇدايىم ... ئەمىسە ھېلىقى...
تۆردە قۇدىسى ئاغىچىخانىنىڭ ئىززەت - ئېكراملىرى، چاي
قۇيغاندىكى تەكەللۇپلىرى ئىچىدە ئولتۇرغان نازىلخان، يەتتە -
سەككىزچە مېھماننىڭ ئايىغىدىن ئورۇن ئالغان قېيىنسىڭلىسى
بىلەن چوڭ كېلىنىنىڭ خېلىدىن بېرى بولۇۋاتقان تىقىلىشىپ
كۇسۇرلىشىۋاتقىنىغا ئىچى پۇشقاندەك قىمىرلاپ ئولتۇرالماي
قالدى. روزىگۈل قېيىنئانىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ گەپتىن
توختاپ قالدى.
شەرۋانەم كەچكىچە ئېچىلالماي يۈردى.





# ئۈچىنچى باب

## 14

قۇياش كۈندىن - كۈنگە تىكلىنىشكە باشلىدى. قۇياشتىن
زېمىنغا چېچىلىۋاتقان يال - يال ئىسسىق قۇملۇق باغرىدا يې-
يىلىپ ياتقان ئېتىزلاردىكى بۇغداي باشاقلىرىنى بۇغدايلىقنىڭ
ئېرىسىدىكى زۇمچەك - زۇمچەك قوم دۆۋىلىرىدەك ئالتۇن
رەڭگە كىرگۈزمەكتە ئىدى.
ئورما پەيتى يېقىنلىشىپ ئىش كۆپەيگەنسېرى، پىننەخان-
غا ئىش خۇشياقماس بولۇپ قالدى. كېلىنلىرىنىڭ روھىي ھا-
لىتىدىكى تېرىقتەك ئۆزگىرىشنىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىل-
مايدىغان نازىلخان بۇ كېلىنىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تاپا
- تەنە قىلىۋاتقاندەك بىر تەرزدە دېدى:
— ھە... قاقىرامدا قالغان يۆگىمەچتەك سولىشىپ قاپ-
تىلىغۇ، خان؟
— پۇت - قولۇمدا جان يوق، يېنىم يەر تارتىپلا تۇرىدىغۇ
تاڭ!
— ئىم بولغانغا شۇنداق بولىدۇ، قورساقلىرىدا بارمۇ -
يا؟ — قېيىنئانا كېلىنىنىڭ چۆگۈندەك كىچىك تۇرقىغا بۇ-
لەكچە سەپ سالدى.

— خەپ خۇدايىم ساقلا، — دېدى كېلىن چوغقا دەسسىۋالغاندەك ئەندىكىپ.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ سىلى بىزگە كېلىن بولۇپ كىرگىلى نىكەم. بۇ چاغقا كۆكرەك پۇرمە كۆڭلەك كىيىدىغان ۋاقلىرى بولۇپ قالدى پىنىنەخان...

— قورساق كۆتۈرسەممۇ بۇ ئۆيگە ئايىغىم ئىسسىغاندىراق بىر گەپ بولارا!

كېلىن شۇنداق دېدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. قېيىنئانا كېلىنىنىڭ كەينىدىن چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئاغزىنى مىتىلدىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ غوڭشىدى:

— كۆرسىلە، ما ئىشنى... بۇ ئۆينىڭ كېلىنلىرى تۇرۇپلا خۇي چىقىرىۋالدىيا؟

كېلىنىنىڭ قىلىقىدىن قولى ئىشقا بارماي قالغان نازىلخان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېتىپ تۇرۇپ كەتتى. خوتۇننى باشقۇرالمىغان ئوغلىنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ قويۇش ئۈچۈن ھۇسىيناخۇننى ئىزدىدى. كۈن پېشىندىن ئۆتكەندە ھۇسىيناخۇن ئېشەكنى سانچىپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ كونا ـ يېڭى ئورغاقلارنى قاقتۇرۇش، چاقلىتىش ئۈچۈن بازارغا بارغان ئىدى.

ھۇسىيناخۇن ئورغاقلارنى جايىغا قويۇپ، ئېشەكنى ھارۋىدىن چىقىرىپ ئوتقا قويۇپ تۇرۇشىغا، ئانىسى ئۇنى چاقىرىپ قالدى. ئۇ قولىدىكى نېمىدۇر بىر نېمىنى قىزىل يالتىراق خالتىسى بىلەنلا ھارۋىنىڭ يان تەرىپىدىكى سايمان ساندۇقىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئارقا ھويلىدىن ئانىسىنىڭ يېنىغا چىقتى.

— ھۇسىيناخۇن مەيەرگە كېلىڭا، گەپ بار، — نازىلخان





ئوغلىنى باشلاپ قوش قانات ئىشىكلىك دالان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھۇجرا ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ تۇرغان پىنىنەخاننىڭ ئۆڭ ـ سۆلى ئۆچتى. ئېرى ئانىسىدىن گەپ ئاڭلاپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋېتىدىغاندەك سالپىيىپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى... «بولسا، بىر گەپ ئۆگىتىپ مېنى تاياققا قويسۇن قېنى، كۇدە ـ كۆرپەنى يىغىشتۇرۇپ ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن. مۇشۇ كۈنلەردە يامانلىۋالىدىغان بولسام، يالغۇزچىلىقتا ئىش قىلىپ بولالماي تۇرغان ئانامغىمۇ راسا خۇشياقىدۇ، تازا...» پىنىنەخان بولار ـ بولماس خىياللارنى قىلىپ تۇرغاندا، ئېرى ئانىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ ھويلىدا بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇردى. كېيىن كەتمەننى كۆتۈرۈپ تالاغا ماڭدى. ئوغلىنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىققان نازىلخان چېھرى ئۆڭگەن ھالدا بىردەم قاراپ تۇرۇپ ئارقا تەرەپكە ماڭدى.

« ئوش... بىردەم يېتىپ ئۇخلىۋالايچۇ، ئەتىگەندىن كەچكىچە قاچىسىنى يۇيۇپ يۇندىسىنى تۆكسەممۇ تۈزۈككىنە ياخشى گېپى يوق، قىلغان گېپى شۇ بولغاندىكىن... » پىنىنەخان ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا يىغىقلىق تۇرغان يوتقان– كۆرپىسى ئۈستىدىن تەكىينى ئېلىپ بېشىغا قويدى. ئۇنىڭ ئۆزىچە قورساق كۆپۈكى ئۆرلەپ قالغان ئىدى.... چوكان ئالتۇن سۆكە زىرىسىنى قۇلىقىغا سالدى، ئۈزۈكلەرنى بارمىقىغا ئۆتكۈزدى. ئايدەك ئېچىلىپ، كۈندەك كۈلۈپ يەڭگىلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. يەڭگىلىرىنىڭ كۆزلىرىدە ھەسەت ئۇچقۇنلىرى پىلىلداپ تۇرسىمۇ، ئەمما زورىغا كۈلۈشۈپ، ئۇنىڭ بارماقلىرىنى سىلىشىپ كەتتى. قۇلىقىغا گەپ قىلغان بولۇپ، ئالتۇن سۆكىسىگە سۆيدى. «قالتىس يارىشىپتۇ، چىرايلىقسىز» دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى.

— ھۇسىناخۇن ئېلىپ بەردى، — دېدى چوكان خوشلۇقىنى باسالماي، — دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا چىرايلىققىنا سېلىڭ خوتۇن، دېدى.

— ئېرىڭىزنىڭ خوتۇنغا كۆيۈمى باركەن، — دېدى يەڭگىلىرى ئاغزىنى تامشىتىپ، — بىزنىڭ ئەرلىرىمىز شۇنچىلىك بولسىچۇ، كاشكى!

— كۆيگۈچىلىكى بولسا، كۆيىدۇ، — دېدى چوكان كۆكسىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭ ھۇسىنەم دېگەن شۇنداق.

— ئەھھەي...، — دېيدى يەڭگىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ، — قانداق قىلىپ كۆيدۈرۈۋالدىڭىز ئۇنى؟ ئوتقا قاقلاپ بەردىڭىزمۇ يا...

— ئېتىزلىقتا ئاپتاپ كۆرگەن، — دېدى چوكان بوش كەلمەي.

— ئوھۇ، — دېدى يەڭگىلەر كۆز قىسىشىپ، — ئاپتاپ كۆرسە قاق بولىدۇ، سۈيى قېچىپ زاڭ بولىدۇ!

چوكان گەپ قىلالماي يۈزىنى تۇتۇۋالدى. يەڭگىلىرى ئۇنىڭغا قانداقمۇ گەپ بەرسۇن! ئۇلار قەھ - قەھلەپ كۈلۈشتى. چوكان يەرگە كىرىپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى... پىننەخان چۆچۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى. ئاۋۋال قۇلىقىنى، ئاندىن بارماقلىرىنى سىلىدى. بابا ئۇنى خۇش قىلغان ئالتۇنلار يوق، قۇلىقىدا سۈپۈرگە ياغىچى، بارمىقىدا خېمىر قاقىچى قېتىپ تۇراتتى. چوكان تامدىكى گۈل باسقان زەدىۋالغا يۆلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ۋاي - ۋاي... نىم بولدى خوتۇن سىزگە؟ — يەرگە قاڭ ئۇرغاندەك گۈس - گۈس دەسسەپ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ھۇسىناخۇن خوتۇنىغا قاراپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىلا





تۇرۇپ قالدى، — ئېمىزگىسىنى تاپالمىغان بوۋاقتەك يىغلاپ قاپسىزغۇ؟

— نىم بولۇشۇم بىلەن كىمنىڭ كارى! — دېدى پىننەخان ئېرىگە تەتۈر قاراپ، — ئېشەكنى هارۋىغا قوشۇپ مېنى ئانامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭ !

— ۋاي نېمىشقا؟ ۋاي ئەمدى مانى...

— سىز بىلەن قاملىشىپ بولالمىغۇدەكمەن.

— ۋاي بىر بەلەن قاملىشىغلىق ئەمەسمىدۇق؟ — ھۇسىناخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدى، — ياكى مېنىڭ بىر يېرىم قىر قويۇپ چىقمىسا...

— سىز بىلەنغۇ قاملاشقان، ئانىڭىز مېنى پاتۇرمايدىغان ئوخشايدۇ!

— ۋاي - ۋاي... نىم دەيدىغاندۇ ماۋۇ! — ھۇسىناخۇن ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، دېرىزىگە قاراپ قويدى، — مەن كۆرسەم، ئانام ھېچبىر سىزنى پاتۇرمايدىغان چىراي ئەمەس؟

— سىزگە ئۇنداق كۆرۈنمىگىنى بىلەن، ماڭا شۇنداق. باياتىنمۇ بىكار تۇرغىچە بىرمۇنچە يامان گەپ ئاڭلىۋالدىم.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— خۇپسەنلىك قىلماڭا، دېرىزىدىن ماراپ تۇرسام سىزنىمۇ ئەكىرىپ قۇلىقىڭىزنى تولغاپ بولدىغۇ!

ھۇسىناخۇننىڭ دۆڭ قاپاقلىرى لىپىلداپ كەتتى:

— خىيالىڭىزغا نېمە كەلسە شۇنى گۇمان قىلىدىكەنسىز خوتۇنەي، ئۇششاق گەپ قىلغىچە يەيدىغىنى بولسا كاپۇر - كۇپۇر يەپ، كىيىدىغىنى بولسا چىرايلىق كىيىپ، ئىش بولسا چاقچان - چاقان قىلىۋېتىپ، كۈلۈپ ئولتۇرسىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈممۇ...

— ۋاي، ئۇششا غوجام شۇنداق قىلاي، قولىقىم تىل -
دەشنام، يامان گەپتىن قۇتۇلالمىسىمۇ، ئالتە ئايدا بىر قېتىم
كىيىم ئېلىپ بەرمىسىمۇ، مېنى باشقا كېلىنلەردەك كۆرمە-
سىمۇ شۇنداق قىلاي، ماقۇلما!

— ۋاتاقلاۋەرمەڭا خوتۇنەي! ئاھاي... قورسىقىڭىزنىڭ
خېمىر تۇرۇچى ئېشىپ كېتىپتىمۇ دەيمەن، سىزنىڭ! — پىنى-
نەخاننىڭ كوتۇلداۋېرىشىگە چىدىمىغان ھۇسىيناخۇن چالۋاقاپ
ئۇنى سىلكىشلىدى.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ تالاش - تارتىشى ئۇزاققا
سوزۇلدى. ئۇلار ياش، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلار
ئۆتمىگەن بولغاچقا، ساددىلىق بىلەن تۇزلۇك ئارىلىشىپ كەت-
كەن ھېسسىيات ۋە كۆز قاراشلىرىدا كۇلكىلىك ئىبارىلەرمۇ،
ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارمۇ بار ئىدى. ھۇسىيناخۇن ئۇنى
دەپ، بۇنى دەپ ئاخىرى خوتۇنىنى ئالدىدى. ھارۋىنىڭ ساندۇ-
قىغا تىقىپ قويغان نەرسىنى ئەكىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— گۆش يەڭلار، خوتۇن.

— كاۋاپ... ۋىيەي، بۇنى كىم بەردى؟

— ئۇش...، — ھۇسىيناخۇن خوتۇنىنىڭ قولىقىغا پى-
چىرلىدى، — بىركىم بېرەتتىمۇ؟ چۈشتە بازارغا بارغاندا سى-
لىنى دەپ ئالغان.

— ۋىيەي، مېنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىڭىزنى، — پىنىنە-
خان يۇمشاق ناننىڭ ئارىلىقىغا سىيرىلغان كاۋاپتىن بىر تىكە
ئېلىپ ئاغزىغا سالدى ، — ھەر قېتىم بىرەر ئىش كۆڭلۈمگە
كېلىپ يامانلىۋالاي دېگەندە، مېنى مۇشۇنداق ئالدىۋالامسىز...
ھۇ، شىلامچى گاچا.

— بۇ شىلىغىنىم ئەمەس، ئوبدانىراق باقاي دېگىنىم،





باچكىدەك ئاجىز تۇرسىڭىز.

— ھۇسىيناخۇن، — ئاغزىغا لىق گۆش تولدۇرۇۋالغان
پىنىنەخان ئېرىگە يۆلەندى.

— ئوۋ... نېمە دەيسىز؟

— ئالتۇن زىرەمنى ئوڭشىتىپ بېرىڭە.

— كىم سىزنى ئۇ بىر نېمىنى ئېشەكنىڭ تۇۋىقىغا ئې-
سىپ قويسۇن دەپتۇ! — ھۇسىيناخۇن خوتۇنىنىڭ چىشىغا
تەگدى، — ئەمدى بوغجىمىڭىزغا سېلىپ تەۋەرۇك قىلىپ
ساقلاڭ.

— ۋايجان... نېمە دەيدىغاندۇ بۇ ئۇۋال تەگكۇر گاچا...
ئۇنداق دېمەڭ، قالاڭا مەن سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي.

— خۇش بولىدىغان ئىش بولسا، ياساتسام ياسىتىپ بې-
رەي. لېكىن ھازىرقى زەرگەرلەرنى بەك ساختىلىشىپ كەتتى
دەيدۇ. كونىسىنى يوق ھېسابىتا ئۆتكۈزۈۋېلىپ يېڭىسىغا ئال-
ماشتۇرۇپ بېرەرمىش، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ سېتىش باھاسى بو-
يىچە پۇل تۆلەيدىغان گەپكەن. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇرۇنقى
زەرگەرلەر ئۆزىنىڭكىنى ئۆزىگە ياساپ بېرەرمىشكەن.

— خوتۇن كىشىگە ئېرى ئۆز قولىچە ئالتۇن ئېلىپ
بەرسە، بەختى ئېچىلارمىش، دېسە.

— ھىم، شىلامچى.

— ياق، شىلىغىنىم ئەمەس، بايا چۈشۈمدە سىز مېنىڭ
ھەممە يېرىمنى ئالتۇنغا تولدۇرۇۋەتكىدەكسىز... مەن ئاشۇ
ئابرۇيپەرەس يەڭگىلىرىمنىڭ ئالدىدا گۈلدەك ئېچىلىپ كې-
تىپتىمەن.

— ئوھوي، — ھۇسىيناخۇننىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، خو-
تۇنىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، — قېنى ئۇ ئالتۇنلار؟

— يەڭگىلىرىم كۆرەلمەي زاڭلىق قىلغانتى، ئاچچىقىمدا يىغلاپ تاشلاپتىمەن، يىغلىغان پېتىم ئويغانسام، ئالتۇلارنىڭ ئۇۋۇقىمۇ يوق، يەنە شۇ سۇپۇرگە ياغىچى، خېمىر قاقىچى تۇرىدۇ. كۆڭلۇم بۇزۇلۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانچە بىر هازا يىغلاپتىمەن.

— هەمدەم خىيالسىز جۇمۇ سىز. ئۆچكە داڭگال چۇشەيدۇ، توخۇ داڭگال دەپ، شۇنىڭدىن باشقا گېپىڭىز يوق سىزنىڭ!

پىنىەخان يەنە دومسىيىپ قالدى. هۇسىيناخۇن دادىسىنىڭ چاقىرىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ هويلىغا چىقىپ كەتتى.

## 15

ئابباسخان ئەتىگەندە ئاتنى ئېگەرلەپ بازارغا جابدۇندى. توي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كۆڭلى تىنغان بۇ كونا بېدىك ئۆتكەن هەپتە بازارغا بارالمىغاچقا، بازار خۇمارى ئەدەپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتكەندىن كېيىن قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك بىر پەس توختاپ قالدى. ئوغلىنىڭ هۇجرىسىغا قاراپ ئۇنى چاقىردى:

— هاپىز قاربي... بېرى چىقىڭلار، ئوغلۇم!

ئىشىكتىكى ئاق تور پەردە قايرىلىپ، هاپىزنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىرايى بىر ئاز سۇزۇلۇپ رەڭ تۇزۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— بازارغا بارغىڭلا بارمۇ، بالام؟

— قانداق قىلىدىغان ئىشكىن، — هاپىز گەدىنىنى قاشلاپ كەينىگە قاراپ قويدى. ئاببسخان ئىلگىرى هەر هەپتە





بازارغا قاچىدىغان ئوغلىنىڭ راۋرۇس بىر ئەر بولغاندا تىلىنى چايناپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنى هىمىرىپ بۇيرۇق قىلغاندەك دېدى:

— بېرىپ كېلىڭلار، ئاغىچاڭلارنى ئاپىرىپ بازار كۆرسىتىپ كېلىڭلار، ئۇنى - بۇنى ئېلىپ بېرىڭلار... ئورما باشلانسا تاكى خامان ئالغىچە بىر يەرگە مىدىرلىغىلى بولمايدىغان گەپ، ئۇ چاغدا ئىچىڭلار پۇشۇپ قالىدۇ.

— ئۇغۇ بار گەپ، بارساق بارايلى ئەمىسە .

— يانچۇقىنىڭ مىجەزى قانداق، خەجلىگىلى ئاقچا بارمۇ - يا؟

— هى... هى... شۇ... — هاپىز چالا هىجىيىپ، ئەركىلىك بىلەن دادىسىنىڭ كۆزىنىڭ تېگىگە قارىدى.

— يوقمىتى ؟ بولمىسا تۇتۇڭلا ماۋۇ ئەللىك كوينى. ئوغۇل بالىنىڭ قولىدا پۇل بولمىسا بولمايدۇ. ئەمما زە... ئوغلۇم، خوتۇنىنى بازارغا ئېلىپ بارغان ئادەم دېگەن تۈز بېرىپ رۇس قايتىپ كېلىمىز جۇما. بۇرۇنقى سالتاڭ چاغلىرىڭلار كەتتى ئەمدى.

— چاتاق يوق.

— ئاشۇ تايىنى يوق، تۇتامسىز گېپىڭلارنى تاشلىۋېتىڭلار بالام. بىزنىڭ ماقۇل، گەپ ئاڭلايمەن... دېگەندەك چىرايلىق گەپلىرىمىز بارغۇ!

— هە ماقۇل، گەپ ئاڭلايمەن، دادا.

— هەببەللى، — ئاببسخان ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەندەك قاراپ قويۇپ، بالىلىرىنىڭ ئانىسىغا گەپ تاپىلىغاندىن كېيىن ئاتنى يېتىلەپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

كۆن نەيزە بويى تىكلەنگەندە، ۋېلىسىپتىنى يېتىلىۋالغان

ھاپىز نۇربۇۋنى كەينىگە سېلىپ يولغا چىقتى. بېشىغا قىزىل شارپا چىگىپ، قىپقىزىل چىكەن كۆڭلىكىنى كىيىپ، يىپىنجاپ تۇرغان ئوت يالقۇنىغا ئوخشاپ قالغان بۇ كېلىنچەك يېڭى ئۆي، يېڭى مەھەللىدە تارتىنىش، تەمتىرەش، ھودۇقۇشتىن ئاران – ئاران يەر دەسسەپ ماڭاتتى. «خۇداغا ئامانەت گۈل كېلىنىم، ئېرىڭىز بىلەن گۈلدەك ئېچىلىپ ئويناڭ، خۇشال كۈلۈڭ، كەچ قالماي پاتراق كېلىڭ، ھاردۇقىڭىزغا چۆچۈرە تۈگۈپ ساقلاپ تۇرىمەن...» ئۇ كېتىۋېتىپ پېشانىسىنى سىلاپ قويدى. بابا قېيىنئانىسى شۇنداق تاتلىق گەپلىرى بىلەن ئۇنى بازارغا ئۇزاتتى، پېشانىسىگە سۆيدى. كېلىن كۆنمىگەن باچكىدەك ئۈركۈپ، تەمتىرەپ تۇرسىمۇ، ۋۇجۇدى ئىللىپ قالغان ئىدى.

مەھەللە ئىچىدە قەدەمدە بىر چوڭلار ئۇچراپ تۇرغاچقا ئەر – خوتۇن ئىككىيلەن ۋېلىسىپىتكە مىنمەي، ئۇچرىغانلار بىلەن سالاملىشىپ پىيادە ماڭدى. ئىشىك ئالدىدا باللارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغان ئانا كېلىنىنىڭ ئۆتكەن – كەچكەنلەرگە قىلغان سالام – سەھىتىگە قاراپ: «خېلى قائىدە – يوسۇنلۇق، يۈزى تۆۋەن كېلىن ئەكىرىپتىمەن » دەپ، كۆڭلىدە رازىمەنلىك ھېس قىلدى. ئوغلىنىڭ ئەمدى بەڭۋاشلىقنى تاشلاپ باشقىدىن ئادەم بولۇشىنى، ئۆينىڭ ئېغىر – يېنىكىنى تەڭ كۆتۈرۈپ، دادىسىنىڭ ئېغىرىنى تارتىشىپ بېرىشىنى تىلەپ قالدى.

ھاپىز مەھەللە ئىچىدىن ئۇزاپ چىققاندىن كېيىن نۇربۇۋنى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە مىندۈرۈۋالدى. يول قۇمساڭغۇ، توپىلاڭ بولسىمۇ، يول ياقىسىدىكى قويۇق تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغانلىقتىن، كىشىگە بىر خىل كۆڭۈللۈك تۇيغۇ بې-





رەتتى. شۇ تۇرقىدا شاخلار، يوپۇرماقلار گىرەلىشىپ تۇرغان يېشىل كارىدوردا ھاپىز بىلەن نۇربۇۋى ئەمەس، لاۋۇلداپ تۇرغان بىر پارچە ئوت ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

كەنت، مەھەللىلەردىن ئات – ئېشەكلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلگەن كىشىلەر ئاللىقاچان بازارنى ئاۋات قىلىۋەتكەن ئىدى. يازلىق يىغىم – تېرىمدىن بۇرۇن سودىسى جانلىنىپ كېتىدىغان تۆمۈرچى ئۇستىلارنىڭ تاراڭ – تۇرۇڭى، تىراكتورلارنىڭ تاتىلداشلىرى، كۆنگەن ئېغىل – قوتانلىرىدىن ئايرىلىپ سېتىلىش ئۈچۈن ھەيدەپ كېلىنگەن قوي – كاللارنىڭ ياتسىراش، مەرەش – مۆرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، توخۇلارنىڭ قاقاقلاشلىرى بازارنى بىر ئالغان ئىدى.

كەينىگە ئادەم ئېلىپ ئۇزاق يولدا ھېرىپ كەتكەن ھاپىز ھاسىراپ – ھۆمىدەپ بازارغا كىرىپ كەلدى. چوڭ ئايلانما دوقمۇشنىڭ چېتىدىرەك توختاپ، كەپكە شەپكىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ بىردەم دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن كەينىدە تۇرغان نۇربۇۋىگە بۇيرۇق قىلغاندەك بىر ئاھاڭدا:

— مەشەدە بىردەم ساقلاپ تۇر، مەن ۋېلىسىپىتنى ئاتەرەپتىكى تونۇش دۇكانچىغا ساقلاشقا بېرىپ كېلەي، — دېدى ئۇنى سەنلەپ.

— ماقۇل، — دېدى نۇربۇۋى ئېرىگە بەكرەكمۇ قارىيالماي، — ئۇزاققا قالماسسىز؟

— ماقۇل دېسەڭ بولدى، — ھاپىز ئايالىنىڭ گەپ قىستۇرغىنىنى ياقتۇرمىغاندەك ئۇنىڭ كۆزىگە ئالىيىپ بىر قاراپ قويدى.

— پات كەلمىسىڭىز قورقىدىكەنمەن شۇ، — نۇربۇۋى يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي شۇنداق دېدى.

— مۇشۇ كۈپكۈندۈزدىمۇ؟ كىچىك بالىدەك گەپ قىلىدىكەنسەن، — ھاپىز ئۆزىنىڭ ئەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندەك يوقىلاڭ گەپكە ئاچچىقلانغانچە كەتتى. نۇربۇۋى يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولۇپ، ئۇنى ئېرىم دەپ ئەركىلەپ ئاغزىدىن چىقىرىپ سالغان گېپىگە پۇشايمان قىلغانچە قالدى.

ھاپىز ۋېلىسىپىتنى ساقلاشقا بېرىپ، كەينىگە ياناي دەپ تۇرۇشىغا، بىرى ئۇنى چاقىرىپ قالدى:

— ھاپىز، ھاي ھاپىز ئاداش!

ھاپىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، يولنىڭ ئۇ چېتىدىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان سەمەتنى كۆردى. ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقىتلاردا بىللە ئۇچۇشقان ئالا قاناتلار ئىدى. ئىككىسى بىر بولۇپ يەتتە-سەككىز بالىنى كەينىگە سېلىپ چىقمىغان دۆڭ، كىرمىگەن ئازگال قالمىغان. سىنىپ مۇدىرى خانىمنى ئوقۇتقۇچى بولغانغا بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويغۇزغان ئىدى.

— ئوھوي... تەمرەتكىلىرىڭ چۈشۈپ سۈزۈلۈپ قاپسەنغۇ، ئاداش؟ — سەمەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىنى سىقتى. بېشىدىن پۇتىغىچە بىر قېتىم قاراپ قويدى. ھاپىز ھەقىقەتەن تونۇغۇنكى ھاپىز تاكىراڭ ئەمەس ئىدى. پاكىز يۇيۇلغان كالتە يەڭ ئاق كۆڭلىكى، قىرى چىقىپ تۇرغان قارا كۆك شىمى، توپا بولسىمۇ يېڭىلىقى بىلىنىپ تۇرغان ئايىغى، بىلىكىگە تاقىۋالغان سائىتى، كەمىرىگە ئېسىۋالغان چاققانغىنە غىلاپ پىچىقى، ئاق كۆڭلەكنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەللىك سوملۇق پۇل ئۇنى باشقىچە بىر ئادەم قىلىپ قويغان ئىدى، — كادىر سۈپەت بولۇپ قاپسەن. نېمىنىڭ دۆلىتى بۇ؟

— خوتۇنۇمنىڭ دۆلىتى ئاداش، — ھاپىز قاملىشا-





قاملاشماس بىر كېرىلىپ قويدى.

— نېمە، توي قىلىۋالدىڭ؟ — ئاغىنىسى ئىشەنمىگەندەك بىر ئاھاڭدا سورىدى، — ئەمىسە قېنى باغىقىڭ، بىزنى چاقىرمايلا توي قىلىۋالمىغانسەنا؟

— ھەممىڭلارغا خەۋەر سالغان، لېكىن سېنى قاراقاشقا دېدىمۇ، بىر يەرگە كېتىپتۇ، دېدى.

سەمەت ئۆزىگە تەئەللۇق بولىدىغان مۇھىم بىر نەرسىدىن مەھرۇم قالغاندەك غوچچىدە تۇرۇلۇپ قالدى. پاخما چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تاراپ قويۇپ ئەيىبلەش نەزىرىدە ھاپىزغا گۆلەيدى:

— پايلاپ تۇرغاندەك ئادەم بىر يەرگە مىدىرلاپ بولغىچە ھاپىلا-شاپىلا توي قىلىۋالغىنىڭنى قارا سېنىڭ!

— خوتەن تەرەپلەرگە ئۆتكەنمىدىڭ، نېمە ئىش قىلىدىڭ ئۇ يەرلەردە؟ ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ بارمۇ؟

— نەدىكى ئۇرۇق-تۇغقان دەيسەن، خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ قاشتېشى ئىزدەپ باردۇق شۇ.

— قاشتېشى؟

— ھەئە، خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ھازىر تەلىيى بارلار يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كاچۇڭ، قوشراپ دېگەن يەرلەرگە بېرىپ قاشتېشى تېپىپ ئاز-تولا پۇل تېپىپ يۈرمەمدۇ. مەنمۇ شۇنىڭغا قىزىقىپ قالغان. لېكىنزە، بۇ تەرەپلەردىن پۇلغا يارىغۇدەك تاش تاپالمىدۇق. شۇنداق يۈرۈۋاتسام باشقا تاشچىلار خوتەننىڭ گېپىنى قىلدى. شۇلار بىلەن بىللە بارغان.

— قانداق بولدى، پۇل تاپالىدىڭلارمۇ؟

— بۇنى دەپ كەلسەم بىر پاتمان گەپ. جۆرە بىردەم

مۆكۈدۈشمىز، ساڭا گەپ قىلىپ بېرىمەن، مەن.

— ياق، مەن ئالدىرايمەن ئاداش، خوتۇن بازارنىڭ ئاۋۇ دوقمۇشىدا ساقلاپ قالغان.

— ۋاي جۆرە، خوتۇن دېگەن ساقلاپ تۇرىدۇ.

— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ ئاداش، بىسمىللا دەپ ئىشىكتىن چىقىشىمىز تېخى بۈگۈن...

— ما گۇينىڭ خوتۇن ئالا - ئالمايلا تىلىنى چاينايدىغان بولۇپ قالغىنىنى... تازا يامان يەردىن جۇۋان خوتۇن ئېلىپ قالغان ئوخشايسەن - ھە!

— ۋاي ماڭغىنا.

— نېمە قورقىسەن ئەمىسە؟

— قورققىنىم ئەمەس...

— قورقمىساڭ، مەن بىلەن ماڭە ئەمىسە. ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى بار.

— ھەممىسى... نەدە؟

— ئى ئارقا تەرەپتىكى « ياۋا توشقان » دېگەن دۇكاندا.

ھاپىز ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بىر كۆزى بازارنىڭ دوقمۇشىدا قالغان خوتۇنىدا، بىر كۆزى ئاغىنىلىرىدە. قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ يېنىدا تەڭ دېمەتلىكلىرىدىن ئىككىيلەن پەيدا بولدى ۋە ئۇنى: «ھېلىتىتىن خوتۇنۇڭنىڭ كۆزىگە قارايدىغان بولۇپ قالدىڭمۇيەي، قاپىقى يامان خوتۇن ئېلىپ قالغان ئوخشايسەنەي، قانات ياساپ ئۇچىدىغان ھاپىز شۇمىدىڭيەي...» دەپ قوشلاپ زىتىغا تەگدى. ئىككىسى ئىككى قولتۇقىدىن ئېلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ كەينى تەرەپتىكى قاتارى قاۋاقخانىلارنىڭ بىرىگە سۆرەپ مېڭىشتى.





بازار داشقايناقتەك قاينايتتى. بازار ئىچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يول ۋە كوچا بويىدىكى چىنارلار تامامەن كېسىۋېتىلگەنلىكتىن، پۈتۈن بازار ئىچى ئالا يارلىق ئاقتاملىققا ئوخشاپ قالغان ئىدى. توپا - توزان ئۇچۇپ تۇرغان قاقىرامدا ساتقۇلۇق، ئالغۇلۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۇلاغ - ئىلمەكلىرىنى يېتىلىشىپ يۈرگەن كىشىلەر كۈن چۈشكەن بېشىغا سايە ئىزدەيتتى، قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاشقىنىچە دوغچى، لەڭپۇڭچىلارنىڭ لەمپىسى ئاستىغا قىستىلىشاتتى.

نۇربۇۋى ئېرىنى ساقلاپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. كەينىدىن ئىزدەپ بېرىپ باقايمىكىن دېسە، ئۇنىڭ كەتكەن يېرى بازار ئىچىدىن چەترەك، ساپلا بىكار تەلەتلەر، بەغەرەزلەر چۆگىلىشىپ يۈرگەن يەر بولغاچقا، ئۇ تەرەپكە يالغۇز ئۆتۈشتىن ھېيىقتى. شۇنداق تۇرۇپ قوشۇقتەك كىچىككىنە يۈزى، ئەمدىلەتىن سارغىيىشقا باشلىغان كىشمىش ئۆرۈكنىڭ ئېتىدەك يۇمران تېرىسى ئاپتاپتا كۆيۈپ، كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. گېلى قۇرۇپ، پۇتلىرى ماغدۇرسىزلاندى. كۆڭلىدە ئېرىنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئاغرىنىپ بۇ يەردىن كەتكىدەك بولدى. ئەمما مۇنداقلا كەتسە، يەنە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك، تۇرغان يېرىدىن مىدىر - سىدىر قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

— بۇ ئاپتاپلىقتا نېمە ئىش قىلىسىز، ئۇكام؟

نۇربۇۋى چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى. تاغا ئىگىچىسى شەرۋانەمنى كۆرۈپ « پاڭڭىدە » يىغلاپ تاشلىدى. شەرۋانەم ئاپئاق پىلە غوزىلىرى لىقلانغان سېۋەتلەرنى ھارۋىغا بېسىپ بازارغا كەلگەن ئىدى.

— ۋۇي ئاللا... نېمە بولدىڭىز جېنىم ئۇكام؟! — شەرۋا-

نەم هاردىن ئىرغىپ چۈشۈپ، نۇربۇۋىنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، — يىغلىماي، نېمە گەپ بولسا ماڭا دەڭا.

نۇربۇۋى ئۇندىمەي تۇردى. ئېسەدەپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى.

— ۋاي بىچارە شۇم، مۇشتەكتەك تۇرۇپ... — شەرۋانەم نۇربۇۋىنى يىغىدىن پەپىلىگەچ كوچىلاپ سورىدى، — قېيىنئانىڭ دېگەن خوتۇن بىر نېمە دېدىمۇ؟

— ...

— ئەمىسە، ئېرىڭ ئۇردىمۇ؟

— ...

— ئۆيدىن يامانلاپ چىقتىڭمۇ؟

— ...

— نېمە بولدى ئەمىسە؟! — نۇربۇۋىنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئالالماي جىلە بولغان شەرۋانەم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىدى، — خۇدا ھەققىدە بولسىمۇ زۇۋانىڭنى ئاچساڭچۇ! ياكى سەنمۇ مېنى نازىل ئاچامغا ئوخشاش يامان كۆرۈۋاتامسەن-يا؟

— ياق، سىز دادامنىڭ يالغۇز سىڭلىسى تۇرسىڭىز، نېمىدەپ يامان كۆرگىدەكمەن، — نۇربۇۋى ئاخىرى ئېسەدەپ تۇرۇپ بولغان ئەھۋالنى تىلغا ئالدى. ئەتىگەن قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىنىڭ بازارغا بېرىپ كېلىڭلار بالام، دەپ يولغا سالغانلىقىنى، بازارغا كەلگەندە ئېرىنىڭ ئۆزىنى تاشلاپ قويۇپ يوقاپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ يەنە يىغلاپ تاشلىدى.

— دېمىدىمما ئەينا، — دېدى شەرۋانەم بىردىنلا شاخلاپ،





— باشتىلا ئالدىرىمايلى، خەقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپراق بىر ئىش قىلايلى دېسەم، ئاكام بىلەن يەڭگەم مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالماي ئارائاۋاتلىقتا دۈم چۈشكەن، تېپىلماسىنىڭ خورمىسىنى تېپىۋالغاندەك ئالمان-تالمان توي قىلغان. مانا ئەمدى بولار يېرى شۇ. تېخى توي كۈنىمۇ كۈيئوغۇلنىڭ ئاتىكاچىلىق قىلغىنىدىن خەۋىرى يوق ھەممىسى: «مۇشۇ شەرۋانەم ئىش بۇزۇقى» دەپ، مېنى يامان دېيىشىدۇ. ئەمدىغۇ بىلگەندۇ كۈيئوغۇلنىڭ قانداقلىقىنى... ماڭە مەن بىلەن، پىلەپونكىتىغا بىللە كىر، غوزىلارنى سېتىپ بولۇپ ئۆيگە كېتىمىز. ئارائاۋاتلىقنىڭ ئالدىدا خارلىقتا قالغان كېلىن يوق بىر يەردە.

نۇربۇۋى ئۇندىمەي تۇرۇپ كەتتى. ياش توختىمىغان كۆزلىرى ئېرىنىڭ يولىدا ئىدى.

— مەن بىلەن ماڭ دەيمەن! — شەرۋانەم تەئەددى بىلەن توۋلىدى.

— مەن يەنە بىردەم ساقلاپ باقايمىكىن، ناۋادا قايتىپ كېلىۋاتقان بولسا...

— ۋايىيەي... ما ئاخماقنى، خىيالىڭدا ئۇنى كېلەمدىكىن دەۋاتامسەن؟ سېنى بازارنىڭ دوقمۇشىغا تاشلاپ قويۇپ، كۆتىنى قىرغا تارتقان ئادەم ئەمدى سېنى ئويلاپ قوياما!

— ھېچ بولمىسا سىز غوزىنى سېتىپ قايتىپ چىققىچە ساقلاپ تۇراي، شەرۋانەم ئاچا.

— ئەرگە دۈم چۈشكەن ساراڭ! — دېدى شەرۋانەم ئېشەككە تاياق ئۇرۇپ، — ھەرقانچە ياۋاش خوتۇن بولسىمۇ سەندەك بولماس. ئاكام ئالدىراپ ئەرگە بېرىۋەتمىگەن بولسا، بۇ چاغقا ئەر ئىزدەپ ئۆيدىن قېچىپ چىقارسەنكەنمۇ دەيمەن!

شەرۋانەم ئاغزى بىسىلماي غوتۇلدىغىنىچە ئىشىكنى ھەيدەپ كەتتى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، خاپىدچىلىقتا تۇرغاندا بىر مۇنچە تىل ـ دەشنام ئىشتىۋالغان نۇربۇۋىنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق ياشلار تۆكۈلدى.

## 16

نازىلخان قۇدىسى ئاغىچىخان بىلەن تەگىشىپ قالدى. ئۇلار لاتا ـ پىتە بازىرىنىڭ تۆگۈنىدىكى تارچىلىقتىلا تۇتۇشۇپ قالغان، چۆرىسىگە نۇرغۇن ئاياللار يىغىلغان ئىدى. بۇ ئاياللار ئارائاۋاتلىق ۋە قۇم ئاۋاتلىق بولۇپ ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ، قىزىق تاماشا كۆرۈۋاتاتتى.

— قىزىدا گۇناھ يوق، ئانىسى يامان دەپ، بىكار ئېيتىلماپتىكەن، — دېدى ئاغىچىخان نازىلخانغا بويۇنداپ، — بىر بەلەن ئولتۇرغان قىزلىرىنى بۇزۇپ يامانلىتىۋالدىلىغۇ، ئەمدى!

— ئانىسى قانداق قىپتۇ، — دېدى نازىلخانمۇ بوش كەلمەي، — قىزىمنىڭ ئېرى بەلەن، قېيىنئانىسى ئۇسال دەپ، ھەممە ئىش سىلىدىن چىقىۋاتىدۇ قۇدام!

— قېيىنئانىسى قانداق قىپتۇ؟! — دېدى ئاغىچىخان قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ، — ئاۋۋال ئۆزلىرىدىن سورىسىلا.

— مەن قانداق قىپتىمەن؟ ماڭا توقۇم توقۇۋەرمەي، ئۆزلىرىدىن سوراپ باقسىلا بولامدىكىن!

— ئۆزۈمگە! قانداقچە، ھە؟!

— مانا مۇنداق، — نازىلخان سەھنىدە رول ئېلىۋاتقان





ئارتىستەك بىر ئاھاڭدا دېدى، — قۇدا كۆرپىسى ئېپىز، زىلچا ئورنىدا كىگىز... داستىخىنى قۇرۇق، قويغان چېيى مۇزلۇق... مانا بۇ سىلە قىلغان گەپلەر، توي كۈنى مېھمانلارغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ سىلى ماڭا شۇنداق ئاھانەت قىلغان!

— ئۆزلىرىچۇ ھە، سىلە قانداق قىلغان؟!

— مەن قانداق قىپتىمەن؟

— مانا مۇنداق قىلغان، — ئاغىچىخان كۇرۇك توخۇدەك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قاقاقلاپ كەتتى، — ئوڭ يېنىمدا ئوتتۇز، سول يېنىمدا ئوتتۇز قۇدا مېھمىنىمنى باشلاپ كەلسەم، توخۇم باسقان كۇرۇك مېكىياندەك، تۇكلىرى تەتۈر يېنىپ ئالدىمغا چىرايلىقىنا چىقمىغان!

— سىلىچۇ؟

— ھەئە، مەنچۇ؟

— قۇدام كەپتۇ، دەپ ئالدىلىرىغا شاپاشلاپ چىقسام، ھاللىرىنى كۆتۈرەلمەي قالدىم. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەمدىكىن دەپ، غۇلاچ كېرىپ كەلسەم، ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ سول قوللىرىنى تەڭلىدىلە!

— سىلىچۇ؟! — ئاغىچىخان بوراندەك گۈركىرەپ ئاغزىنى قويۇۋەتتى، — مېھمانغا ئادەمگەرچىلىكلىرى، قۇدا ـ باجىغا ھۆرمەت ـ ئىلتىپاتلىرى يوق... پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كەلگەنلىرى لېۋى پۇچۇق سۇنۇق ئاپقۇر، چاي قۇيۇشلىرى كەيپىمىزنى ئۇچۇردى قىلىپ كۇر ـ كۇر...

— هاي، هاي، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا باش ـ كۆزىنى چاقا بېسىپ كەتكەن كەيمە تازدەك ئەيىبىم جىققەن مېنىڭ... ئاخىرىنى دەپ باقسىلا، يەنىچۇ؟

— قۇدا كۆرپىسىنى جايىدا سالمىدىلا، مەن باشلاپ كەل-

گەن مېھمانلىرىمىنىڭ كۆڭلى ئۇچۇن قايسى ئۆيگە چىقسام قۇدا كۆرپىسىنى كەينىمدىن كۆتۈرۈپ چىقىشلىرى كېرەكتى!

— سىلە بەك قائىدە - يوسۇنلۇقكەنلا ئاپئاق قۇدام! — نازىلخان ئاچچىقىدا چاقماق بولۇپ چىقىلدى، — سىلىنىڭ ئىچىلىرى موردىن ئاق، يىلىق تۇخۇمدىن ساق. تويلۇق تارغاقنى تېگىشىۋاپتۇ، تاۋار تامبالنى تىقىۋاپتۇ، دەپ توي ئەھلىنىڭ ئالدىدا ئەزان توۋلىغان كىم؟!

— ئا، نىكاھ قىلدۇرغاندا قىزغا گەپ ئۆگىتىپ، تەگدىم دېگۈزمىگىنىچۇ، ھە؟! قېنى گەپ قىلسىلا، ئەرلەر ئاچچىقلىنىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ئىشنى ئوڭشىمىغان بولسا قانداق قىلاتتىلە؟

نازىلخانىنىڭ قۇدىسىغا تەن بەرگۈسى كەلمىدى. گەپنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چىللاقتا بارغاندا قۇدىسىنىڭ سالغان داستىخىنىدىن نارازى بولغان يەرلىرىگە يۆتكىدى:

— ئالدىمدا تولا گەپ يورغىلاتمىسىلا، سىلىمۇ چاغلىقكەنلا، شۇنچە يەردىن مېھمان بولۇپ بارساق، داستىخانغا تىزغان نانلىرى كۆيۈك، دەملىگەن چايلىرى بىمەززە - چۇچۇك، پىچقان تاۋۇزلىرى توڭ - ئالا، تىزغان قاق - جىگدىلەر چالا، قۇدا گۆشى كىچىك، قىز بەرگەننىڭ كۆڭلى قالار...

— قۇدا گۆشى كىچىك، قىز بەرگەننىڭ كۆڭلى قالار؟!

— ئاغىچىخان بازارنى بېشىغا كىيىپ قاھ - قاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — سىلى قايسى گۆشنى كىچىك دەيدىلا، قۇدام؟

— ئا، قورداق - پورداق، پولا - بالاغا بېسىپ ئاچىققان گۆشنى دەيمەن!

— ھوي قۇدام، — دېدى ئاغىچىخان بويىنىنى سوزۇپ، — ئۇ كۈنى تۇتسا سىقىمغا چىققۇدەك، گالدىن ئۆتسە قورساققا چىققۇدەك يوغان گۆش ئەكەلگەنيا ئالدىلىرىغا! شۇنچە يوغان گۆشمۇ تېتىمىدىمۇ ئاغىزلىرىغا؟

— تېتىدى قۇۋۋەتلىك قۇدام، گۆشلىرىدىن بەك گۆليىشلىرى، يەل - يېمىشتىن كۆپ ھومىيىشلىرى، چىنە - چەينەكتەك چېقىۋېلىشلىرى بۇ جېنىمدىن ئۆتۈپ ئۇ جېنىمغا تېتىدى.

— شۇنىڭ بىلەن تۇزۇمنى يەپ تۇزلۇقنى چېقىپ، خوش - پوش دېمەستە غىمبىلغوپ چىقىپ، ھاپىلا - شاپىلا ئېشەكنى توقۇپ خاپىلىق ئىچىدە داد - پەرياد ئوقۇپ تىكىۋەتتىلە قۇمئاۋاتقا!

— ھەئە، تىكىۋەتكەن سىلىگە ئوخشاش ئارائاۋاتقا!

— ھەي... ھەي قاغىدەك ئاپئاق قۇدام، كىرپىدەك يۇمشاق قۇدام، — دېدى ئاغىچىخان قوناقلىقتا غەزەل ئوقۇغاندەك ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، — ئۆزۈمنى ئۆزۈم سورىمايمەن، سەۋەبىنى سەندىن ئىزدەيمەن دەپ، چىللاقتا پۇتۇشكەن مېھمان ئوتتۇز، باشلاپ كەلگەنلىرى توقسان توققۇز؛ بۇنىڭغا چوڭ - كىچىك ئىگە - ئىگە مەممە ئىمەنى قوشقاندا جىمى مېھمان بولۇپتۇ بىر يۈز ئوتتۇز توققۇز. شۇنىڭ بىلەن مېھمانىنىڭ تېگى تۆردە، تېگى تۆشەكتە، پاتقىنى باغ - ۋارانغا، پاتمىغىنى قاقاس خامانغا سورۇن تۈزدى. ئالدىن كېلىشكەن بويىچە چىللىغان مېھمانغا ئوتتۇز كىشىلىك، ئارتۇق كېلىپ قالسا دەپ توققۇز كىشىلىك قورداق، پولۇغا تەييارلىق قىلغان ئاشچى ئۇستام بىر پادا مېھماننى كۆرۈپ ئاللىقاچان قايناپ پىشقان قازانغا پولدۇڭشىتىپ لاي سۇنى قۇيۇپ شورپىنى شورتاڭ، پولۇنى شويلاڭ قىلدى...

— يادىلىرىدا باركەن ھە، ئۇششا قۇدام، — نازىلخان ئا-

غىچچىخاننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — دەل ئاشۇ شورتاڭ شورپا،
يىلمان شويلا بىلەن قۇمئاۋاتتىن كەلگەن قىچقارسا ئېتى بار،
تۇتسا سېپى بار داڭلىق مېھمانلىرىمىنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى پو-
لو قىلىپ گېپىمنى ئۆتمەس، ئىككىنچى كەلمەس قىلىۋەتكەن-
تىلە!

— ئىككىنچى كەلمەس؟! — دېدى ئاغىچچىخان، — ئايلى-
ناي... ئايلىناي ئاشۇنداق ئالدىغا كەلگەنگە شۈكۈر قىلماي، ئا-
ياللىرى قازناقتىكى توقاچنى، بالىۋاقىسى باغدىكى توغاچنى،
ئەركەكلىرى قوغۇن قويماي پاساڭداپ، ئېشەكلىرى كۆچەت
قويماي قوۋزاغداپ ماڭسا يەنە قايسى يۈزى بىلەن كېلىدۇ!
— هاي، هاي... يانتاقتەك تىكەنسىز قۇدام، يالمانتاقتەك
يۇگەنسىز قۇدام، — نازىلىخاننىڭ ئاۋازى خاماندا لاي - لاي
توۋلاۋاتقاندەك پۈتۈن بازارغا بىر كەلدى، — سىلە مېھمانلىرى-
نى بىزنىڭكىگە باشلاپ بارغاندا، خامان كالىسىنى باشقۇرغا-
دەك بوينىغا بويۇنتۇرۇق، ئاغزىغا سېۋەت كۆشۈك سېلىپ ئا-
پارغان. قازان تەييار بولغىچە تەكتىكى چېكىلمىگەن ئۈزۈمنى،
كاتەكتىكى توخۇ باسقان تۇخۇمنى، ئۆگزىدىكى بادام، ياڭاق،
گۈلىنى، باغدا چۈشكەن يېڭى سورت ئەينۇلىنى قۇرۇقدىما-
غان. داستىخانغا كەلگەن پولۇنى پەتنۇسى بىلەن، چاينى چى-
نىسى بىلەن خۇرجۇن - قاچا، چاپان - چاكاغا تىقىشىپ، ئا-
قاتارغا ئاش، ما كامارغا گۆش كاملىدى، دەپ غەلۋە قىلىشما-
غان !...

— چىدىسىلا، چىدىسىلا قۇدام ، قىزىل تاۋاردا بېلىنى
باغلاپ، قىز ئالىمىز دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ مەھەللىلىرىگە
بارغاندىكىن ئاشۇنداق ئالىمىز قىزلىرىنى! — ئاغىچچىخان بىر
ئېغىزمۇ گەپتىن قالاي دېمەيتتى. نازىلىخان ئۇنىڭدىن ئۆتە ئى-





دى:
— بەك ئاسان ئالدىلا قۇدام، تەگدىم دېگۈزەلمەي بىر
هازا تۇرۇپ، ئۆيدىن چىقىرالماي ئىشىككە ئۇرۇپ...
— ئا، گەپ ئۆگەتمىگەن بولسىلا ئاسانراق تەگدىم دەيتى-
تى!
— ئا ئۆزلىرىنى ئوخشاتمىغان بولسىلا گەپ ئۆگەتمەيتى-
تى!
ئىككى قۇدا جاۋۇلداشقىنىچە قەدەممۇ قەدەم بىر - بىرىگە
يېقىنلاشتى. يوپۇرۇلۇپ كېلىپ چاچ يۇڭدىشىپ، چىرقىرىشىپ
كەتتى. باياتىن بېرى ئىككى قاش بولۇپ تاماشا كۆرۈپ تېلى-
قىپ كەتكەن ئاياللارمۇ ئەمدى توساتتىن بىر - بىرىگە خىرىس
قىلىشتى. ئاستا - ئاستا ئالدىغا سىلجىپ تۇيۇقسىز تۇتۇشۇپ
كەتتى. ئۇلار ئارائاۋات، قۇمئاۋات بولۇپ ئىككى قاشقا بۆلۈن-
گەن ئىدى...
بۇرۇنلاردا ئاياللار ئۇرۇشۇپ - تالىشىپ قالغىدەك بولسا،
ئەرلەر ئارىغا چۈشۈپ ئاجرىتىۋالاتتى. ئەمما، بۈگۈن ئەرلەرنىڭ
ئاياللىرى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇلار سوقۇشقاق توخۇلىرىنى
ئوتتۇرىغا تاشلاپ قويۇپ بەخىرامان تاماشا كۆرۈپ تۇرغان تا-
ماشىچىلاردەك يۈز - كۆزى قانغا بويالغان، چىرقىرىشىۋاتقان،
يىغلىشىۋاتقان ئاياللارغا قاراپ قاه - قاهلاپ كۈلۈشۈپ، ئىچ
- پۇشۇقىنى چىقارماقتا ئىدى. تېخى ھېلىلا ساتىراشخانىدا
چاچ - ساقاللىرىنى ياسىتىپ پارقىراپ ياشىرىۋالغان كۆتمەك
ساقال ھەسەن خالۋاپ بىلەن ئۇلاغ بازىرىدا يۈرۈپ بىر بازارلىق
پايدىسىنى چۆنتىكىگە سېلىپ بولغان ئاباسخان بىر - بىرى-
گە خوتۇنلىرىنى كۆرسىتىپ قاه - قاهلاپ كۈلۈشكىنىچە
كۆزلىرى پۈرۈشۈپ كەتكەنىدى!

چېكىسىدىن پۇرۇلداپ تەر قۇيۇلۇۋاتقان نازىلخان خىر-خىراپ، چىرقىراپ، تېپچەكلەپ يۇمىلىنىپ كەتتى. ئۆزىدىن ياش، تەمبەل كەلگەن چىشى قۇدىسى ئۇنى يەرنىڭ تېگىگە نىقتاپ تىنالماس قىلىۋەتتى. چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈز-كۆزىنى قانغا بويىۋەتتى. ئۇ ھالسىزلىنىپ ھەريان يۇلقۇنۇۋاتقاندا، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە شەرۋانەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نازىل ئاچا، ھوي نازىل ئاچا!

نازىلخان قېيىنسىڭلىسىنىڭ ئۇنىنى ئاڭلاپ بىر ئاز جانلاندى. ئۇنىڭ تېزراق يېنىغا كېلىپ ئۆزىگە بولۇشۇپ بېرىشىنى، ئاغىچىخانىنىڭ ئەدىبىنى راسا بىر بېرىشىنى ئۆتۈنمەكچى بولدى. ئەمما قۇدىسى ئالۋاستىنىڭكىدەك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋالغان بولغاچقا، ئاۋازى تېشىغا چىقماي قالدى.

— نازىل ئاچا، ھوي نازىل ئاچا، سىلىگە نېمە بولدى؟

— شەرۋانەم تېپچەكلەپ ياتقان يەڭگىسىنى سىلكىپ ۋارقىرىدى. نازىلخان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، چاچراپ بېشىنى كۆتۈردى. تۆت ئەتراپقا ئالاق-جالاق بىر قاراپ، ئۆزىنىڭ ھويلىدا — پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا ياتقانلىقىنى كۆردى.

— ئۇھ، — دېدى نازىلخان كۆكرىكىنى تۇتۇپ، — ئاۋۇ كۇپتىن بىر نوگاي سۇ ئۇزىتىۋېتىڭا جېنىم ئۇكام.

نازىلخان مۇزدەك سۇدىن بىر قانغىچە ئىچىپ سەل ئەسلىگە كەلدى ۋە ئىچىدە پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۈردى.

— نېمە بولدىڭىز، ئاچا؟ — دەپ سورىدى شەرۋانەم يەڭگىسىنىڭ ھالىدىن قورقۇمسىراپ، — ھويلىغا كىرسەم ھەريان يۇمىلىنىپ جۆيلۈپ يېتىپتىكەنسىز، مەنمۇ قورقۇپ كەتتىم.





— توۋا خۇدايىم، — دېدى نازىلخان ياتقان ئورنىدىن قوزغىلىپ، — ئادەمنى شۇنداقمۇ قارا باسامدۇ، بەئەينى قىيامەت قايىم بولدىغۇ!

— يامان چۈش كۆرۈپ قاپسىزمۇ؟

— ھەئە.

— قانداق چۈش؟

— بولدى سورىماڭا، تېخىچە يۈرىكىم قاماپلا تۇرىۋاتىدۇ، — نازىلخان ئالدىراپ بىر كىمگە يامان چۈش ئۆرۈمەيتتى. شەرۋانەم يەڭگىسىنىڭ بۇ مىجەزىنى ئېسىگە ئېلىپ جىمىپ قالدى. كېيىن يەنە كۆڭلى تىنماي سورىدى:

— ھۆي راست، نۇربۇۋىنى چۈشەپ قالمىغانلا؟

— ياق...، نۇربۇۋىگە بىر ئىش بوپتىمۇ؟

شەرۋانەم ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ نۇربۇۋىنىڭ ھالىغا چىدىمىغاچقا بازاردىن يانغانچە ئۇدۇل مۇشۇ ھويلىغا كىرگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە يەڭگىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئۇ گەپنى دېيىمۇ، دېمەيمۇ دەپ كۆڭلى بۇرۇختۇم بولدى. نامازشام بولار-بولماستا چالا ئۇخلاپ قارا بېسىپ قالغان يەڭگىسىنىڭ ھالى ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ قويغان ئىدى.

— گەپ قىلىسىڭىزچۇ، بازارغا بېرىپ يانغىچە نۇربۇۋى توغرىلىق بىرەر گەپ-سۆز ئاڭلاپ قالمىغانسىز؟

شەرۋانەمنىڭ سۆزلەپ كۆنگەن ئاغزى ئاخىرى تېشىلدى:

— دېمەي دېسەم يۈرىكىم چىدىمىدى ئاچا، نۇربۇۋىنىڭ بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان... بازاردا يىغلاپ تۇرىدۇ!

— ۋاي ئېسىت، كۆرگەن چۈشۈم بىكار ئەمەسكەندە! — نازىلخان پېشانىسىگە شاپىلاقلىغىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، — ئۇنچىۋالا بولۇپ كەتكىدەك نىم بالايىزىم بولۇپتۇ؟

سىز ئۇقالىدىڭىزمۇ؟

— پىلە پونكىتىغا كېتىۋاتسام، بازاردىكى ئۆرگىلىۋايدا بىر ئۆزى يالغۇز تۇرۇپتىكەن، ئۇ بىچارىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى هارۋىدىن يەرگە ئاتتىم، ئالدىغا بېرىپ: نېمە تۇرىسىز ئۇكام، دەپ سورىسام، پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغىنى سالدى. نېمە بولغاندۇ ئەمدى، دەپ كۆڭلۈم ئۆرىدەپ كوچىلاپ گەپ سورىسام، خۇدا ھەققى ھېچنېمە دېگىلى ئۇنىمىدى. شۇ، ئېرىم مەشەدە ساقلاپ تۇرۇڭ دەپ ئاۋۇ تەرەپكە كېتىپتى، نى ۋاخ بولدى كەلمىدى... دەيدۇ.

— شۇنىڭغا يىغلاپ كېتىپتىمۇ، ۋاي مۇشۇكىنىڭ ئاسلىنىدەك ياۋاش بالام، — نازىلخان بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان ياغلىقىنى ئېلىپ تالاغا چىقىشقا تەمشەلدى، — ھەقىچان باشقا بىر ئىش چىققان ئوخشايدۇ، بازاردا ئېرىنى ساقلاپ تۇرغانغا ئۇنچە يىغلاپ كەتمەستى ئۇ بىچارەم!

— شۇ، شۇ... مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلدىم، ئەمما خېلى گەپ كوچىلاپ سورىسام، چىش يېرىپ بىر نېمە دېگىلى ئۇنىمىدى.

— ئەمىسە هارۋىغا چىقىرىپلا مەھەللىگە ياندۇرۇپ كەلسىڭىز بولمامدۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق قىلاي دېگەن، لېكىن ئۇ ئۇنىمىدى. پىلە غوزىسىنى سېتىپ بولۇپ هايالشىمايلا قايتىپ چىقسام، ئۆزى ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق!

— ۋاي ئانام، ۋاي ئانام، ماۋۇ كەم ئەقىل ئۇۋال تەگكۇرنىڭ بالىسىنى! سەن يا ئانىسى يوق، دادىسى يوق يېتىم بالا بولمىساڭ، بېشىڭغا كۈن چۈشسە ئۇ خەقكە چاپلىشىۋالماي، پېشىڭنى قېقىپلا يېنىپ كەلسەڭ بولمامدۇ! — نازىلخان غا-





يىپقا سۆزلەپ، قىزىنى ئەيىبلەپ قالدى.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ كەتتىم، كېيىن چىقسام، يوق...

— ئۇش...ئا، كىچىك كېلىنىمىز كېلىۋاتىدۇ، — نازىلخان بوش شىۋىرلاپ، تالادىن بىر تاغار ئوت - چۆپنى يۈدۈپ ئىنجىقلاپ كىرىۋاتقان پىننەخاننى ئىشارە قىلدى. شەرۋانەم يەڭگىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، باشقا گەپ قىلغان بولۇپ تۇرۇۋالدى.

— ۋاي - ۋۇي پىننەخان، تاغارنى ئوتقا تولدۇرۇپ كەپسىزغۇ، بۇنداق ئوخشىغان ئوت - چۆپلەر نەدە باركەن؟

— ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاق يەر قوناقلىقىدا...

— پىننەخان تاغارنى تامغا يۆلەپ قويۇپ شەرۋانەم بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئىككى قولىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ كەلدى.

— قوناقلىقتا ئوت ئالغىلى بارسىڭىز ھوسيناخۇن باشقىچە گۇمان قىلىپ كەينىڭىزدىن ماراپ يۈرمىسۇن يەنە!

— ئۇنچىلىك ئىشنى قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ ئۇ كۆزلەمچى گاچىنى!

— ئاغزىلىرىنى ئۇشۇتمىسىلە جۇمىسىلا بالام، گاچا بولسىمۇ سىلىنىڭ ئەرلىرى ئۇ! — قېيىنئانىسى كېلىنگە نەشتەردەك قادالدى.

پىننەخان قېيىنئانىسىنىڭ ئاچچىقىنى كۆرۈپ، ئۇدۇللا دەپ سالغان گېپىگە ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى.

## 17

ھەسەن خالۋاپ ئۆز كۆڭلىدە خامان قىلىشقا مۆلچەرلىگەن يېرىدىن رازى بولدى. مەھەللىنىڭ شامال تام تەرىپىدىكى

دۆڭرەك يەرگە جايلاشقان بۇ بىر پارچە يەر شامالغا ئوڭ، ئورنى
ئېگىز بولغاچقا، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك يەنە مۇشۇ يەرنى
خامان قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. ئەمدى بىرنەچچە كۈن
ئىچىدە بۇ ئېتىزنىڭ بۇغدىيى تولۇق پىشسىلا باللارنى ھە -
ھۇ قىلىپ ئاۋۋال خامان ئورنىنىڭ بۇغدىيىنى ئوروپ يۆتكەپ
تۇرۇپ، تېگىنى ئېگىز بىلەن قوشۇپ تەكشى قىرىپ راسلى-
سىلا بولاتتى.

— بوبا، سىز ئېيتىپ بېرىدىغان كالتە پەممۇ خامان قى-
لىش ئۈچۈن مۇشۇنداق دۆڭ، داقىلاڭ يەرنى تاللىغانمۇ؟ —
ئالا غورا غاجىلىغىنىچە بوۋىسىنىڭ كەينىدە سىيپىلىپ يۈر-
گەن ياسىن سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭ مۇلايىم، ئويچان كۆزلىرى-
گە قارىدى.

— ئۇنى ھازىر سورىماي تۇر بالام، كېلەر ھەپتە ئەنجى
ئېلىپ بىكار بولغاندىن كېيىن ئىككىمىز ئاسماندىكى يۇل-
تۇزلارنى سانىغاچ خاماندا ياتىمىز. شۇ چاغدا مەن ساڭا ئالدى-
رىماي دەپ بېرىمەن، قانداق، بولامدۇ؟

— ياق، ياق، — دېدى بالا قەغىش قىلىپ، — ئۆتكەندى-
مۇ كېيىن دەپ بېرەي دەپ قويۇپ دەپ بەرمىگەن، سىز مېنى
گوللاۋاتىسىز!

— ئەستا... ما بالىنى، — دېدى ھەسەن خالۋاپ بۇغداي-
لىقنىڭ بېشىدىكى قۇمساڭغۇ ئېرىقنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ،
— سېنىڭ نېمىگە تاۋۇڭ تۇتسا مېنى شۇنى قىلغۇزامتىڭ؟
ماڭە، سەنمۇ قولۇڭغا كەتمەن ئېلىپ ئەمگەك قىلە!

— ھىم...، — بالا تاپان چېلىپ يىغلىغىلى تەييارلاندى.

— كېلە، كېلە قوزام، خۇي چىقىرىپ باتىنىماي، قۇچى-
قىمغا كېلە... مۇشۇ قىلىقلىرىڭ قىل ئايرىغۇسىز داداڭنىڭ





ئۆزى... — بوۋاي نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭ باش -
كۆزىنى سىلىدى، — ئۇ ھېكايىنى ئوقۇپ نەگە كەلگەنتۇق؟
ھە توغرا، باي كالتە پەمگە يەرنى بەرگەن بولسىمۇ، سۈيىنى
بەرمەپتۇ. چۈنكى، يەرنىڭ پايدىسىغا ئۆگىنىپ قالغان باي باغ
-ۋاران، ئوتلاقلارنى بۇزۇپ ھەممە يەردىن ئالا توپا كۆتۈرۈۋەت-
كەچكە، زېمىن قۇرۇپ قۇرغاقچىلىق ئېغىرلىشىپ كەتكەن
ئىكەن. ئۆزىدىن يەر ئالغان كىشىلەرنىڭ سۇ... سۇ... دەپ
بۇلبۇل بولۇپ سايراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باي مىيىقىدا كۈلۈپ
قويۇپ، كۈمۈش غاڭزىسىنى قېنىپ - قېنىپ شوراپتۇ...

— نېمىشقا؟— دەپ سورىدى ياسىن كۆزلىرىنى چىمچىق-
لىتىپ، — باينىڭ كەمبەغەلگە ئىچى ئاغرىمامدۇ؟

— ئىچى ئاغرىمايدۇ، — دېدى بوۋاي كەچكى شەپەق نۇ-
رىدا ئالتۇن رەڭگە كىرىۋاتقان باشاقلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي،
— چۈنكى باي ئاچكۆز، باغرى قاتتىق، ھىلىگەر، قۇۋ، مەككار
ۋە ئالدامچى ئادەم بولغاچقا، كەمبەغەلگە ئىچ ئاغرىتمايتتى.

— ئەمىسە كالتە پەمچۇ؟

— كەمبەغەل كالتە پەم بولغاچقا، كەمبەغەل ئىدى. كەم-
بەغەل بولغاچقا بىقوۋۇل ئىدى. ئۇنىڭغا باينىڭ قىلتىقىغا
دەسسىمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى...

— ھۆي!... ھۆي دادىسى !

ھەسەن خالۋاپ كالتە پەمنىڭ ھېكايىسىدىن توختاپ، ئۆ-
يى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاۋازغا قۇلاق سالدى. باللىرىنىڭ
ئانىسى نازىلخان ئاراق دەڭنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ، بىر كىم
قوغلىغاندەك ئۆزى تەرەپكە چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ھەسەن
خالۋاپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. نېمە بولغاندۇ، سېرىق
ئىنەكنىڭ موزايلايدىغان ۋاقتى يېقىنلاپ قاپتىكەن، شۇ كالا

موزايلىيالماي قىينىلىپ قالغان بولسا قورقۇپ كېتىپ، مېنى توۋلاۋاتامدۇ - يا؟ دېگەنلەرنى تېزلا خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— بوغدايلىقتىكى قارانچۇقتەك قېتىپ تۇرىۋەرمەي، ئالدىلىرىغا مېڭىپ قويسىلىچۇ! — بوغدايلىق ئارىسىدىكى چىغىر يولدا دۈگدىيىپ كېلىۋاتقان ئايال چۈشۈپ قالغان كەشنى پۇتىغا ساپقاچ دوق قىلدى، — بىر ئادەم ئۆلەر - تىرىلىشكە باقماي يۈگۈرۈپ كېلىۋاتسا، ئايىغى قويۇلۇپ قالغان قېرى ئۆيدەك قېتىپ تۇرىدىكەنلا!

— نېمە ئىش بولدى ئانىسى؟ نېمىگە شۇنچە قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىڭلا؟

— ئاۋۇ، نۇربۇۋىخان.... — نازىلخان ھەم جىددىيلەشكەن، ھەم ھارغانلىقتىن نەپسى سىقىلىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى.

— نۇربۇۋى؟... قىزىمىزغا يەنە بىر ئىش بولۇپ قاپتىمۇ؟!

بالا ئۇچۇن كۆيمەيدىغان كىم بار؟ نازىلخان بايا قېيىنسىڭلىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېرىگە تۆكمە قىلدى. گەپ بارغانچە ئاۋۇپ، بىرى ئون بولۇپ ئاڭلىتىلدى. بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان دېگەن گەپ باش - كۆزى قان دېگەنگە ئۆزگەردى...

قۇياش زۇمچەك - زۇمچەك قوم بارخانلىرىغا باش قويدى. يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتقان قۇملۇق قان رەڭگىگە كىردى. مۇلايىم كۆزلىرى قوم قويۇلغاندەك قىزىرىپ چىققان ئاتا ئايالىدىن نەزىرىنى ئۈزۈپ پېتىۋاتقان قۇياشقا قارىدى. قۇياش قوم دۆڭلىرىدە قىزغۇچ مىس لېگەندەك تىكلىنىپ تۇراتتى. قۇياش شۇ يوسۇندا زېمىنغا قاراپ يەنە بىردەم قىزىرىپ تۇر-





دى، كېيىن بارخانلار ئىچىگە ئاستا - ئاستا سىڭىپ كەتتى.

گۇگۇم بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن خىرەلىك ئاتىنىڭ كۆڭۈل قەسرىنى چىرمىۋالدى. ئۇ قىزىغا ئىچ ئاغرىتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆرتەندى. سەن ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاپىرىدە بولۇپ، يۈرەك باغرىڭدىن قۇچىقىڭغا چۈشكەن بىر ئاجىزەنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ، كۆز قارىچۇقىڭغا دەسسىتىپ چوڭ قىلساڭ، پەرزەنتىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ ئەمدى ئاق - قارىنى پەرق ئەتكىدەك بولغاندا بىراۋغا كېلىن قىلىپ بەرسەڭ، ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا خورلۇق تارتسا... ئاتىنىڭ يۈرىكى چىدىمايتتى، ئۇ ھەر قېتىم قىزىنىڭ خاپىلىق تارتقىنىنى ئاڭلىسا، ياش تۆككىنىنى كۆرسە ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىناتتى.

گۇگۇم پەردىسى ئىچىدە تۇرغان ھويلا جىمجىت بولۇپ، كەچلىك تاماق ھەلەكچىلىكى بىلەن ئوچاقتىكى ئوتنى پۈۋلەپ ئولتۇرغان پىننەخان ۋە نەۋرىلەردىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ھەسەن خالۋاپ خوتۇنىغا سوئال نەزىرىدە قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىكى مەنانى چۈشەنگەن نازىلخان بايا ئاڭلىغانلىرىنى دېدى:

— شەرۋانەم بازاردا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتىكەن، ئۇ شۇنداق دەپ كەلدى.

— شەرۋانەمچۇ، ئۇ قېنى؟ — سورىدى ھەسەن خالۋاپ بىسەرەمجان ئاۋازدا.

— بايا ھويلىدا قالغان، ئۇلاغلىرىغا ئوت سالغىلى چىقىپ كەتكەندۇ.

— نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولغانلىقىنى دېمىدىمۇ؟

— گېپىنىڭ ئايىغىنى مەنمۇ ئاڭلىمىدىم مۇسۇلمان. ئۇ

شۇمنى بازاردا شۇ هالدا تۇرىدۇ، دېيىشى هامان پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى. گېپىنىڭ ئايىغىنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالماي، سىلىنىڭ كەينىلىرىدىن بۇغدايلىققا چاپتىم...

ئۇلار ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ئولتۇرغاندا، بازارغا كەتكەن هۆسىناخۇنمۇ قايتىپ كەلدى. ئەمما ئۇمۇ سىڭلىسىنى كۆرمىگەنلىكىنى دېدى. ئاتا جىددىي كەيپىيات ئىچىدە ئەسىر نامىزى بىلەن شامنىڭ ۋاقتىنى كەتكۈزگەنلىكىنى ئۇنتۇدى. كېلىنى پېشايۋاننىڭ چىرىغىنى يېقىپ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، تۇخۇم چېكىپ كۆك چامغۇردا ئەتكەن قىزىق ئۈگرىنى ئالدىغا ئەكەلگەندە، گېلىدىن ئاش ئۆتمىدى. هېچكىمنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغاندا، يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. هاڭدەك كەڭ ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن بىرى كىرىپ كەلدى. ئۇ نۇربۇۋى ئىدى.

— بارمۇ سىز بالام... هارماڭ! — نازىلخان يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر هەرىكەتتە قاڭقىغاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، نۇربۇۋىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. چوڭ - كىچىك هەممەيلەن گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا نۇربۇۋىنىڭ ئۆپچۆرىسىگە ئولاشتى. بىچارە قىز يالاڭباش قالغان، چاچلىرى چۇۋۇق، يۈز - كۆزلىرى يېغىر بولۇپ، سول قاپىقى ياڭاقتەك ئىششىپ كۆكىرىپ چىققان، كۆزلىرى ياش يۇقى ئىدى .

— ۋاي نېمە بولدى جېنىم بالام، كىم نېمە قىلدى، سىزنى؟! — نازىلخان قىزىنى ساراي ئۆيگە باشلاپ ئېلىپ كىرىپ چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ باش - كۆز، بەتتە ئەزايىغا سەپسالدى. كۆڭلىكىنى ئۆرۈپ، بەدەنلىرىگە قارىدى. نۇربۇۋى





ئۈنسىز ياش تۆككىنىچە سۈپىدىكى كىگىزگە كېلىپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كىرگەن پىننەخان بۇ كىچىك يەڭگىسىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن كۆرپە سېلىپ قويدى. هۇجرىسىدىن ئۆزىنىڭ يېڭىراق دەپ ئويلىغان ياغلىقىنى ئاچىقىپ، قېيىنسىڭلىسىنىڭ بېشىغا چىگىپ قويدى. ئاتا بىلەن هۆسىناخۇن بولسا قاپىقى سېلىنغان، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن هالدا ياندا قاراپ تۇراتتى.

— ماڭا دەڭا خېنىم بالام، نېمە خاپىلىق بۇ؟ — ئانا نېمە قىلىشنى بىلمەي قىزنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ چۆرگىلەيتتى. لېكىن نۇربۇۋى ئىچ - ئىچىدىن ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە ئولتۇراتتى. مۇشۇنداق چاغدىمۇ قىزنىڭ زۇۋانسىز خىتىلداپ ئولتۇرغىنىغا جىلە بولغان ئاتا ئاخىرى ئۇنىڭغا دوق قىلدى:

— گەپ قىلغىنە بېشىڭنى يېگۈر! مۇشۇنداق چاغدىمۇ كىرپىدەك تۈگۈلۈپ زۇۋانسىز ئولتۇرغىنىڭ نېمىسى!

نۇربۇۋىنىڭ يىغىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. تۇيۇقسىز سۈپىغا تاشلىنىپ ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى.

— ۋاي ئانام ! — نازىلخان ئۆزىنى قىزىغا ئاتتى. ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ تەسەللى ئېيتتى. قىزى بىلەن تەڭ يىغلاپ ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلىدى. ئۇلارغا قاراپ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ئاتا ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تۇرۇپ كەتتى. كېيىن قىزنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى دېيەلمىگەن چېغى دەپ، ئوغلى بىلەن كېلىنىنى ئىشارەتلەپ تاشقىرىغا يېنىپ چىقتى.

ئالەم - جاهان زۇلمەت قاراڭغۇسىغا چۆمگەن ئىدى. ئاتا پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئۇزاق ئولتۇردى. قىزىنىڭ

ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋاتقان يىغىسى ئۇزاققىچە بېسىلمىدى. شۇنداق ئولتۇرۇپ بىر چاغلار بولغاندا، نازىلىخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ ھويلىغا چىقتى.

— نېمە خاپىلىقكەن؟ — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بېرى كەلسىلە، — دېدى ئايالى ئۇنى يەنە بىر ئۆيگە چاقىرىپ ھەم ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ قىزىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېرىگە دېدى، — قىزىمىزنى ئاتايىن ھەشەم تارتىپ بازارغا ئاپارغان ئادەم ئۇنى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويۇپ ئۆزى يوقىلىپتۇ. قىزىمىز بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېرىنىڭ يولىغا قاراپ چۈش - پېشىنگىچە ساقلاپتۇ. ساقلاۋېرىپ تاقىتى تاق بولۇپ ئۇنى ئىزدەپتۇ. ئىزدە - ئىزدە نامازدىگەر بولاي دېگەندە قىزىل چىراغ يېنىپ تۇرغان بىر شوپاڭخانىدىن تېپىپتۇ. ئۇ يەرگە شۇنداق بېشىنى تىقىپ قارىسا، ئېرى دېگەن كۆڭلى سۇيۇق چالا مەست ھالەتتە چۇۋۇق چاچ ئالۋاستىدىن بىرنى قوچىقىغا ئالغىنىچە ئولتۇرغانمىش! بىچارە بالا ئۇ يەرگە كىرىپ قالغىنىغا نومۇس قىلىپ يەرگە قارىۋاپتۇ ھەم چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ. ئاڭغىچە ئېرى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ: «يېنىمغا كەل» دەپ توۋلاپتۇ. نۇربۇۋى ھامىنى كۆرۈپ قالغاندىكىن دەپ ئېرىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ھەم ئۇنى ئۇ يەردىن ياندۇرۇپ ئاچىقماقچى بولۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ھېلىقى بۇزۇق ئالۋاستى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «سەن نەنىڭ جالىپى، مېنىڭ خېرىدارىم بىلەن نېمە چاتىقىڭ بار؟» دەپ ئۇنىڭغا چاڭگال ساپتۇ.

ھەسەن خالۋاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. چىشلىرى غۇچۇرلاپ غەزىپىنى باسالماي قالدى:





— كۈيئوغۇل بالىنىڭ كارى بولماپتىمۇ؟!

— نەدىكىنى، — دېدى نازىلىخان ئېغىر ئۇھسىنىپ، — ئولتۇرغان يېرىدە تىزىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ھوي ماۋۇ سوقۇشچى مېكىيانلارنى... قېنى قايسىڭلار يامان؟! دەپ باز - بازغا ساپتۇ .

— ھۇي نائەھلى !... — ئاتا تۇرغان يېرىدە پىرقىراپ كەتتى، — ئادەم بالىسىنى كۈيئوغۇل قىلماي نەدىكى بىر ھايۋاننى كۈيئوغۇل قىپتىمەنمۇ نېمە مەن؟!

— كېيىن قۇدىلارنى تونۇيدىغان بىرىسى ئۇ نائەھلىنى چوخچىلاپ، ھېلىقى ئالۋاستىنى نۇربۇۋىدىن ئاجرىتىۋاپتۇ... ئىزا، ئاھانەت، ئەلەمگە چىدىمىغان قىزىمىز شۇ يەردىن چىققانچە چوڭ يولچە ماڭغىلىمۇ نومۇس قىلىپ، ئېتىز ئارىلاپ يۈگۈرۈپ ئۆيگە يامانلاپ كەپتۇ!

— ئاھ، خۇدايىم! — دېدى ئاتا كەكە ساقىلىنى تۇتاملاپ، — شۇنچە ئۇزاق يەردىن پىيادە كەپتىمۇ؟! ئالدىراپ ئەرگە بېرىپ قاپتىكەنمىز، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقاندا ئوغلىنىڭ قانداقلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماپتىكەنمىز، ھەي ئېسىت، ھەي ئېسىت...

چوڭ ھويلا گويا مۇسىبەت قايغۇسى بولۇۋاتقاندەك ئۇزاققىچە جىمجىتلىققا چۆكتى. ئاتا ھويلىدىكى تۈۋرۈككە يۆلىنىپ ئۇزاققىچە ئولتۇردى. ئەل ئايىغى بېسىقىپ، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى توختاپ قالغان مەھەلدە، ئاتا ئېغىر ھالەتتىن ئاستا مىدىرلاپ ئورنىدىن تۇردى -دە، تېخىچە چىرىغى ئۆچمىگەن ھۇسىناخۇنلارنىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىگە بۇرۇلۇپ:

— ھۇسىناخۇن، ئويغاقمۇ سەن؟ ماڭ چىقىپ يۇنۇس ئاكاڭنى قىچقىرىپ كىرە! — دېدى.

ھۇسىيناخۇن ئۆيدىن چىققۇچە، قىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان نازىلخان يۈگۈرۈپ قوپتى.

— ئۇنى قىچقىرىپ نېمە قىلىدۇ؟

— سىڭلىسىنى ئاپىرىپ قويۇپ كەلسۇن!

— خۇدايا توۋا ما ئادەمنى، — دېدى نازىلخان ئېرىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، — سىلىنىڭ يۈرەكلىرى گۆشمۇ ياكى تاشمۇ؟!

— مېنىڭ يۈرىكىممۇ گۆش، — دېدى ئاتا پەس ئاۋازدا، — لېكىن ئەمدى چىدىمىساق بولمايدۇ!

— مەن بالىنى قوشۇپ بېرەلمەيمەن! — دېدى نازىلخان ئۈن سېلىپ يىغلاپ، — مەن ئۇنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ، يېمەي يېگۈزۈپ، كەيمەي كەيگۈزۈپ، ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ ئاران چوڭ قىلغان. ئەتە ئا خەق كەلسە جېنىدىن ئۆتكەندەك دېيىشىپ، خېتىنى ئالدىمەن!

— ھاي، — دېدى ئاتا ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — سەۋر قىلالا!

— ماڭا ئەمدى تەھدىت سالمىسىلا، — دېدى نازىلخان ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — بىزنىڭ قىزىمىز ئولتۇرۇپ قويغان نجاسەت ئەمەس. ئاراڭاۋاتلىقتىن سۆزىنى ئالساق، يەنە بىر يەردىن ئەر چىقىپ قالار... ۋاي، بۇ ئالتە كۈننىڭياقى بىزگە نېمە كۆرگۈلۈك بۇ!

— ئاۋازىڭلارنى پەسراق قىلىڭلار خوتۇن... مەن سىلىگە يەنە بىر دەي: خۇدايىم قىزلىقلارغا تاشتەك ئېغىرلىقنى بېرىدىمەن دەپتىكەن، شۇڭا كۈيئوغلىمىزدىن ئۆتتۈلگەن بولسىمۇ يەنە بىر قېتىم ئېغىرلىق قىلىپ چىرايلىق ئاپىرىپ قويايلى.





— ۋاي پېشانەم، — دېدى نازىلخان ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — نېمانداق باغرىلىرى تاش سىلىنىڭ!

ئاتا گەپ قىلمىدى. ئىككىيلەننىڭ تالاش - تارتىشىغا قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغان ئوغلىغا بۇيرۇق قىلدى:

— بولۇڭلا، ئاكاڭلارنى ئويغىتىڭلار بالام. موتسىكىلىتىنى ئوت ئالدۇرسۇن!

ئانا ھۇي تارتىپ يىغلىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

## 18

كۈندەشلىك ئوتى روزىگۈلنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەيتتى. ھەسەن خالۋاپىنىڭ ئائىلىسىگە كېلىن بولۇپ كىرگەن بۇ چوكان ئىشچانلىقى، مىجەز - خاراكتېرىنىڭ ئوچۇقلىقى، گەپ - سۆزىنىڭ جايىدىلىقى بىلەن قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتتى. ئۇن يىل بولار - بولماستا پاقلاندەك ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بۇ ئائىلىنى ئاۋات قىلدى. ئېتىزدىن چىققاننى تۇزۇككىنە پۇلغا ئالمىغان، چوڭ ئۆيدە بۇ يىلدىن ئۇ يىلغا قەرز ئېشىپ قالىدىغان ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردىمۇ قېيىنئانىسىنىڭ بەرگىنىنى يەپ، تىككۈزۈپ بەرگىنىنى كىيىپ، بىر كىمگە چىراي تۇرمەستىن ئېتىز - ئېرىق، قازان بېشى ئىشلىرىنى قىلىپ، يىلنى يىلغا ئۇلىدى. كېيىن قېيىنئىنىسىنىڭ تويى يېقىنلاشقاندىن كېيىن چوڭلار قائىدە بويىچە ئۇلارغا ئۆي ئايرىپ بەردى.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئۆز ئالدىغا بىر موردىن تۈتۈن چىقارغاندىن كېيىن، روزىگۈل قىلچە ۋايسىماستىن ھۆددە يەرنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلدى. خېلىدىن بېرى ئۇنىڭغا - بۇ-

نىڭغا يالىنىپ ئىشلىگەچ ئۆز ئالدىغا بىر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلىش كويىدا يۈرگەن ئېرى بولسا، ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆزىنى ئىش - ئوقەتكە پىشۇرۇپ يۈرۈپ تېزلا يول تېپىۋالدى، دادىسىنىڭ دۇئاسى بىلەن بېيىش يولىغا كىردى. دەسمىي ئانچە جىق كەتمەيدىغان پاختاپۇرۇچلۇق، ياغاچپۇرۇچلۇق، كۆچەت يۆتكەپ سېتىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن چېپىپ يۈرۈپ، بىرنى ئىككى قىلدى. يېنىنى تومىدى. هويلىدىكى ئوچۇق ئۆيلەرنى ياپتى، موتسىكلىت، تېلېۋىزور دېگەندەك ھەممىلا ئادەم سېتىۋالمايدىغان پۇللۇق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۆيىنى يېزا كادىرلىرىنىڭ ئۆيىدەك ئالىي قىلىۋەتتى. ھەتتا بىرنەچچە تىزىق يالغان مەرۋايىت، مارجاندىن باشقا تۇزۇككىنە زىننەت بۇيۇمى يوق روزىگۈلنى شەھەرگە ئەكىرىپ زەرگەر بازىرىدىن ئالتۇن ھالقا ۋە ئۈزۈك ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا خۇش قىلىۋەتتى. روزىگۈل بۇ ئىشلارنى ئويلىسا گويا چۈش كۆرگەندەك، كۆز ئالدىدىكى خۇشاللىقلارغا ئىشىنەلمەي قالىدۇ. ئەمما مۇشۇ ئەر خەق دېگەننىڭ قولى ئاز - تولا پۇل كۆرسە، باشقا بىر خىياللارغا بېرىلىپ قالىدىغان، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ كېتىپ، ئۆزىنى بىلەلمەيدىغان ئىشلارمۇ بار ئوخشايدۇ... چوكان بىر تەرەپتىن گۇمانسىراش تۇيغۇسىدا دىلغۇل بولسا، بىر تەرەپتىن ئۆز - ئۆزىنى بەزلەيتتى. «ياكى ئۇ گەپ مېنىڭ قۇلىقىمغا خاتا ساقىپ قالغانمىدۇ؟ ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ئاۋارە قىلىۋاتقاندىمەنمۇ... » دەپ ئويلايتتى. لېكىن بەزىدە ئۆزىگە ھاي بېرەلمەي شۇنداق ئويلايتتى: «ياق، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ. خەق ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئۇ يەر - بۇ يەردە سۆيدۈك پۇراپ يۈرگىنىنى كۆرمىسە، قارىسىغا گەپ تاپامدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە يازلىق ئاشلىق ئالىمەن، خامان چىققان ھامان ئىشىمنى باشلايمەن دەپ يۈرگەن نوچى ھازىرغىچە قورۇق يول مېڭىپ لاغايلاپلا يۈرۈيدۇ، يانچۇقىدىكى پۇلىمۇ غازاڭدەك سورۇلۇپ، ھە دېسىلا چەكتىكى پۇلنى پارچىلايمەن دەپ بانكىغا چاپىدۇ... دېسەم - دېمىسەم ئۇنىڭدا بىر گەپ بار!»

چىرايىدا كۈلۈپ يۈرسىمۇ، خېلىدىن بېرى ئېرىنىڭ ماڭغان - تۇرغان يەرلىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرگەن بۇ جۇۋان بۈگۈن ئىچ - ئىچىدىن ئۈھسىندى. خۇيى تۇتۇپ، ئېرى كەلسە ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق بىر سۆزلىشىپ باقماقچى بولدى. ئۇ شۇنداق خىياللار ئىلكىدە پۇچىلىنىپ ئولتۇرغاندا دەرۋازا تۇيۇقسىز قېقىلدى. ئايال چۆچۈپ كېتىپ چىرقىراق ئاۋازدا توۋلىدى:

— كىم، كىمۇ؟!

— مەن، يەڭگە، داۋزىنى ئاچسىلا!

— مەن دېگەن كىمۇ؟

— مەن ھۇسىيناخۇن!

— ۋايجان... كىمكىن دەپتىمەن تېخى.

دەرۋازا ئېچىلدى. چىراي تۇرقىدىن خاپىلىق يېغىپ تۇرغان روزىگۈل قېيىنئىنىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ئاكام ئۇخلاپ بولدىمۇ؟

— ئاكىڭىز... ئاكىڭىز ئۇخلاپ قالغان يەردىن كەلمىدى، ئۇكام!

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى ھۇسىيناخۇن دۇدۇقلاپ، — ياكى ئاۋۋال ئاخشامدا ئىشنى بۇزۇپ يېتىشقان بولساڭلار، بىراۋنىڭ يۈزىگە قاراشتىن نومۇس قىلىپ يوتقانغا ئىچكىرى كىرىپ يېتىۋالدىمۇ - يا؟

— ئۆزىڭىزگە قىياسەن باقماڭ ئۇكام، — دېدى روزىگۇل تېرىكىۋاتقاندەك تەئەددىلىك تەلەپپۇزدا.

— نېمىشقا چىقمايدۇ، ئەمىسە؟

— شۇ دېدىمغۇ ئۆيدە يوق دەپ. ئەتىگەن بازارغا بارىمەن دەپ كەتكەنچە يوقالدى ئۇ تاپىنى تۆشۈك!

— ھۇي، گەپ - سۆزلىرىنىڭ تۈزى ئىتتىكلەپ قاپتىمۇ نېمە يەڭگە؟ نېمە بولدى سىلىگە؟

— بولدى، ئاغزىمنى تاتىلىماڭا ئۇكام. كۆڭلۈم تازا جايىدا ئەمەس... ھەي راست، بۇنچە كەچتە ئاكىڭىزنى ئىزدەپ قاپسىزغۇ، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— يا... ياق، — ھۆسىيناخۇن يەڭگىسىنىڭ چوڭ ئۆيدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمىغاندەك ئاستا كەينىگە ياندى.

— ھەي، ھەي... توختاڭا ئۇكام، مەندىن يوشۇرغىدەك بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ كەچتە شەرۋانخاچامنىڭكىگە ئاش سۇنغىلى چىقسام، بازاردا نۇربۇۋىخاننى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر خەۋىرى بارمۇ؟

ھۆسىيناخۇن يەڭگىسىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئىشىك ئالدىدىن كەينىگە ياندى. ئۇمۇ ئانىسىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۆيدە يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئۇششاق ئىشلارنى يەڭگىسىدىنمۇ، خوتۇنىدىنمۇ يوشۇراتتى. ئەمما بۇنداق ئىشلار قانچە يوشۇرۇلغانسېرى، بۇ ئائىلىنىڭ يەنە بىر قۇتلۇق تېگى يورۇغان ھامان شاماللار بىلەن ئۇچۇپ ئاستا - ئاستا مەھەللىگە تارىلاتتى، چۆرۈمە چۆچەك بولۇپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچەتتى...

ھەسەن خالۋاپ يۇنۇسنىڭ ئۆيدە يوقلىقىنى بىلگەندىن





كېيىن، قىزىنى ئۆزى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ھارۋا جابدۇدى. نازىلخاننىڭ قىزىغا ئېسىلىپ توختىماي ياش تۆكۈشلىرى، يېنىمدا بىر كۈن قونغىلى قويۇپ ئەتە ئاپىرىپ قويسىلا، خوش بولۇپ كېتەي... دەپ قار - يامغۇر يىغلاشلىرىغا سۈكۈت بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۆيگە پەيدا بولغاندىن بېرى ئاغزىغا بىر بۇردا نان سالماستىن توختىماي يىغلاپ چىققان قىزىنى يېتىلەپ ھارۋىغا چىقىرىپ، ئېلىپ ماڭدى. تۈن قوينىدىكى ئۇزاق يولدا ھەمراھ بولسۇن دەپ ھۆسىيناخۇننىمۇ ھارۋىغا چىقىرىۋالدى.

ھەسەن خالۋاپ تۆگىنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ مۈڭ - ھەسرەتكە چۆككەنچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. يول خېلى بار ئىدى. باش توخۇ چىللايدىغان ۋاقىت بولۇپ، ئىككى يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇققا كەلگەندە، تۇيۇقسىز قارا بوران كۆتۈرۈلدى. كەچ كىرگەندىن بېرى ھاۋا بۇزۇلۇپ، كۈن پېتىشتىن سۈرۈلۈپ كەلگەن قىزغۇچ تۇمان ئاخىرى بورانغا ئايلانغان ئىدى.

— ۋاي ئاللا، قارا بوران بېسىپ كەلدى، — دېدى ئاتا ھارۋىدىكى بالىلىرىغا يېپىشىپ، — يامان چاغدا، يامان يەردە بوراندا قالدۇق، قۇم ئاستىدا قالمىساق بولاتتى!

ھارۋا ھېلىلا ماڭغان ئىزىدىن ئاغدۇرۇلۇپ قامغاقتەك ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئەندىشىلىك چايقىلىشقا باشلىدى. ئاتا - بالىلار ئەنسىزلىككە چۆكۈپ، بىر - بىرىگە يېپىشتى. ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىگەن ئاتا ھارۋىنى بىر چەتكە تارتىپ توختاشقا مەجبۇر بولدى.

— بىر - بىرىڭلارغا يېپىشىپ مەزمۇت ئولتۇرۇڭلار بالام. ھۆسىيناخۇن، تېگىڭلاردىكى كۆرپىنى ئېلىپ ئۇكاڭغا

دالدا قىلغىنا، ئۇنى شامال دارىپ قالمىسۇن ! — ئاتا شۇنداق دېدى ـ يۇ، ئۆزى قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى.

ئاتا يۇز ـ كۆزىگە ۋىشىلداپ ئۇرۇلۇۋاتقان قۇمدا كۆزىنى ئېچىشقا ئامالسىز قالدى. ئىگىسىنىڭ رايىغا بېقىپ بېشىنى سىلىپ تۇرغان تۆگە ئەمدى قانداق قىلىمىز، قايسى تەرەپكە ماڭىمىز؟ دەپ سوراۋاتقاندەك، بىر ئىزىدا توختاپ قالدى. ئاتا بىر ئىزدا تۇرۇۋېرىشتىنمۇ، تۆگىنى ئالدىغا دېۋىتىپ مېڭىشتىنمۇ ئەنسىرەيتتى. ئۇ بىلىدۇ، بۇنداق بوراندا كۈن پېتىشتىن كۈن چىقىشقا سەلدەك ئاققان قۇم نى ـ نى ئېكىنزارلىقلارنى يۇتۇپ قۇرۇتۇپ قويغان ئىدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ ئالدىغا ماڭاي دېسە دەھشەتلىك ھۇشقىرىۋاتقان بوراندا ھارۋىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ قۇم بارخانلىرى تامان قامغاقتەك ئۇچۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. بىر ئىزدا تۇراي دېسە، ھارۋىدىكى ئۈچ جان ئادەم كۆزى ئوچۇق پېتى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئوتتۇرىسىدەكلا ئىش ئىدى.

بوران دەھشەتلىك ھۇۋلايتتى، قۇملار يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. ھارۋىدىكىلەرنىڭ كۆزىنى ئېچىشىغا ئىمكان يوق، بوراننىڭ ئەلپازى بىر كەلگۈلۈك كېلىۋاتقاندەك دەھشەتلىك ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ تۇرغان يېرى يۇرت ئىچىدىن يىراق. ئەتراپتا نە ئۆي، نە بوراندىن پاناھلانغىدەك بىرەر دەل ـ دەرەخ يوق ئىدى. مۇشەققەت ئىچىدە يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي ياش باللىرىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ قالغان ئاتىنىڭ غەم ـ ئەندىشە باسقان يۈرىكىدە ئىختىيارسىز ياشلىق چاغلىرىدىكى ئەسلىمىلەر غىل ـ پال چاقناپ قالدى...

ئۇ چاغلاردا ھەسەن خالۋاپمۇ باللىرىدەك مۇشۇنداق كى-





چىك ئىدى. رەھمەتلىك دادىسى ئۇنىڭغا كىچىك تويى قىلىپ بەردى. نازىلخاننىڭ ئايىغى سۇيۇق، ئاغزى ئىتتىك، ھەسەن قارىينىڭ قولى ئىتتىك، مۇشتەكچى يىگىت بولغاچقا، ئىككىلەن ھە دېگەندە ئۇرۇشۇپ قالاتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە خوتۇنىنى ئۇرۇپ پەشۋالاپ، يۇز ـ كۆزىنى كۆكەرتىپ قوياتتى. نازىلخان بوخچىسىنى قولتۇقلاپ ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كېتەتتى. خوتۇنىنى يامانلىتىپ قويۇپ ئاتا ـ ئانىسىدىن تاپا ـ تەنە ئاڭلاۋاتقان ھەسەن قارىي كونا ھويلىدىكى قېرى ئۆرۈككە يۆلەنگىنىچە گەدىنىنى قاشلاپ تۇرغاندا، رەھمەتلىك قېيىنئاتىسى قىزىنىڭ تاپىنىنى يەرگە تەگكۈزمەستىن كەينىگە ياندۇرۇپ ئەكىلىپ قوياتتى ھەم يۇمشاق ـ مۇلايىم ئاۋازدا: «نىم قويغۇلۇق بالام، كېلىشىپ قالىسىلەر... » دەيتتى. ھەسەن خالۋاپ نازىلخان بىلەن ئەنە شۇنداق گاھ ئۇرۇشۇپ، گاھ ئالدىشىپ يۇرۇپ ئۆي تۇتۇپ قالدى، دادىسى قازناقتىكى دۇكانغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپى بولغان خالۋاپلىقنى ئۆگەتتى. خوتۇنىمۇ ئۇنى ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دەپ تىللىمايدىغان، ئۇمۇ خوتۇنىنى ئۇرمايدىغان بولدى. ئەر ـ خوتۇنچىلىق دېگەن مۇشۇنداق ئىش، بىر ـ بىرىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى بىلىشىپ ئۆزىنى تۇتقىدەك بولغۇچە جېدەل ـ ماجىرا، كۆڭۈلسىزلىك دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۆزىنى توختىتالماي چوڭلارغا خاپىلىق تېرىپ بەرگەن مۇشۇ چۈجە خورازلارنىڭمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتا ـ ئانا، قېيىنئانا ـ قېيىنئاتا، بوۋا ـ موما بولىدىغانلىقى بەرھەق... شۇ چاغدا ئەقلىنى تېپىپ، ياشلىق قىلغانلىقىنى، چوڭلارغا باش ئاغرىقى ـ چىش ئاغرىقى تېپىپ بەرگەنلىكى يادىغا يەتكەندە خىجىل بولۇشىدۇ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان يېيىشىدۇ. ھازىر

بۇنداق قىلغىنى بىلەن بىر نەچچە ۋاق ئۆتسە بىر - بىرىنى
بىردەم كۆرمىسە چىداشمايدىغان ئامراقلاردىن بولۇپ كېتەم-
دۇ، تېخى... شۇڭا ھازىر ھەرقانچە مۇشەققەت چېكىدىغان ئىش
بولسىمۇ، ئۇنى قۇدىلارنىڭ ئالدىغا چىرايلىق ئاپىرىپ... ھە-
سەن خالۋاپ خىياللارغا بېرىلىپ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلى-
كىنىمۇ بىلمەي قالدى. بىر چاغدا ھۇسىيناخۇننىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى:

— بوران پەسەيدى دادا، ئەمدى ماڭايلى!

— ئۆتكۈن ئۆتكەنمۇ، نېمە؟ — ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭ-
لىغان ئاتا ئۆزىنىڭ ھېلىقى ھەسەن قارىي دەپ چاقىرىلىدىغان
چاغلىرىدىن ئېسىگە قايتىپ، ئۆزىنىڭ زىلچا توقۇيدىغان ياش
نازىلخاننىڭ يېنىدا ئەمەس، بورانلىق كېچىدە كۆزلىرىگە قۇم
تىقىلغان مۇشكۈل قىيامەت ئىچىدە تۇرغىنىنى ئېسىگە ئالدى.
كوھىقاپنىڭ ئاغزى كىچىكلىگەندەك دەھشەتلىك بوران ئۆتۈپ
كېتىپ، ئاسماندا بىر ئاز سۇزۇكلۇك پەيدا بولغان ئىدى...
كۆزلىرىدە، دىلىدا بىر يورۇقلۇق پەيدا بولغان ئاتا بوۋىسىدىن
ئاڭلىغان بىر رىۋايەتنى ئېسىگە ئالدى: توپان بالاسى ھاياتلىق
دېڭىزىنى تىندۇرۇپ ئاخىرقى چەككە يېتەي دېگەندە، باللى-
رىنى مەھكەم قۇچاقلاپ يۇم - يۇم ياش تۆكۈۋاتقان بىر ئانا
قۇم دۆڭلىرى ئىچىدىن بېشىنى چىقىرىپ كۆككە قاراپ ئا-
خىرقى قېتىم نىجاتلىق تىلىگەنمىش، ئانىنىڭ يىغىسىنى
كۆرگەن تەڭرى غەزىپىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغان-
مىش... ئانىنىڭ كۆز يېشىدىن قۇملۇقتا بۇلاق ھاسىل بولۇپ-
تۇ، ئاتا كەتمىنى بىلەن ئېرىق چېپىپ، بۇلاقنىڭ سۈيىنى
قۇملۇق باغرىدىكى ئاخىرقى ھاياتلىق ئىزلىرىغا باشلاپتۇ...
كېيىن بۇ يەردە ناھايىتى ئۇزۇن بىر دەريا ھاسىل بولۇپتۇ،





ھاياتلىق قايتا كۆكلەپتۇ...

ھەسەن خالۋاپنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى، قامچىنى
قولىغا ئېلىپ تۆگىنى دېۋەتتى:

— چوھ!

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdülcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# تۆتىنچى باب

## 19

قوۋناق ياز ئاراتئاۋاتنى ئۆز مەئىشتى بىلەن بېزىدى. يول بويىدىكى باغلاردىن، هويلا ـ ئارامىلاردىن مارىشىپ تۇرغان ئۆرۈك، ئۈجمە شاخلىرىدا مەي باغلاپ پىشقان ئالتۇندەك ساپسېرىق ئۈرۈكلەر، كۈمۈشتەك ئاق ئۈجمىلەر ئىختىيارسىز هالدا كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يۈگۈرتەتتى. دېهقانلار مەهەللە، ئېتىز ئاراچلىرىدىكى پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە تېرىۋالغان يازلىق تەرە، بېشەكشېرنىلەرنىڭ ئالدى چىققان بولۇپ، ئىشتانسىز، يالاڭئاياغ چېپىشىپ يۈرگەن باللار دادىسى هېلىلا ئۈزۈپ بەرگەن سويمىلارنى كۆتۈرۈپ مەهەللە-كويىلارنىڭ يوللىرىدا چېپىشىپ يۈرەتتى...

شەهەر تەرەپتىن چىققان بىر كىرا ماشىنىسى ئابباسخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختىدى. ماشىنىدىن ئاۋۋال ئابدۇراخمان بىلەن ئايالى راهىلە، ئاندىن بويى بىر ـ بىرىدىن ئاززاقلا پەرقلىنىدىغان 10 ـ 12 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى قىز، ئوغۇل چۈشتى. ئۇلار سومكا، بوخچىلىرىنى قولىغا ئېلىپ هويلا تەرەپكە يۈرۈلىشىغا، هويلىدىن ئابباسخان ئەر ـ خوتۇن خۇشچىراي چىقىپ كېلىشتى.





— هارماڭلار بالىلىرىم، — ئابباسخان ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان بىر خىل خۇشاللىق بىلەن ئوغلى بىلەن كېلىنىدىن ئەهۋال سوراپ، بالىلارنى كۆتۈرىۋالدى هەم ئوغۇل نەۋرىسىنىڭ كىشمىش ئۈرۈكتەك سۈزۈك مەڭزىگە قانماي سۆيۈپ كەتتى.

— ۋىيەي، ما بالىنى يۈزىنى ئەپ قاچقىنىنى، — دېدى راهىلە قېيىنئانىسى ئاغىچىخان بىلەن قۇچاقلىشىپ يۈز يېقىشىپ كۆرۈشۈۋالغاندىن كېيىن ئابباسخاننىڭ قولىدىكى بالىغا قاراپ، — ئۇنداق قىلماي چوڭ داداڭدىن ئەهۋال سورا!

— دادامنىڭ بىرىك بۇرۇتلىرىدىن قېچىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇراخمان كۈلۈپ.

— بوۋىسىنى ئىككى هەپتە كۆرمىسە ئۇنتۇپ قالىدۇ بۇ شەهەرلىك هە! — ئابباسخان مېهمانلارنى ئۆيگە باشلىدى. ئاغىچىخان پېشايۋان ئاستىغا كۆرپە سالدى. ئاڭغىچە باغ تەرەپتىن كىرىپ كەلگەن نۇربۇۋىمۇ تارتىنغانچە كېلىپ، مېهمانلار بىلەن سالام ـ سەهەت قىلىشىپ ئەهۋال سورىدى.

— تەربىيىلەش كۇرسىدىن رۇخسەت سوراپ بولسىمۇ كېلىپ تويدا خىزمىتىڭلارنى قىلارمەن دېسەم، باسقۇچلۇق ئىنتىهانغا توغرا كېلىپ قالدى، دادا، ئاپا... — دېدى راهىلە چاڭىلداپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن، — كۇرس ئاخىرلىشىدىغانغىمۇ ئاز قالدى، بۇ قېتىم پۇرسەت چىقىپ قېلىپ كېلىشىم.

— كۆڭلىڭىز بىزگە تېگىل بولدى بالام، — دېدى ئابباسخان، مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقان كېلىنچەك نۇربۇۋىگە قاراپ قويۇپ، — هېلىمۇ ئابدۇراخمان رۇخسەت سوراپ چىقىپ ئوبدان قارىشىپ بەردى.

— راهىلە قىزىم، — دېدى بالىلىرى ئۈچۈن پۇت ـ قولى

يەرگە تەگمەيلا قالغان ئاغىچىخان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالغاچ، — ئاقسۇ چىرايلىقمىكەن، ئۇ يەرگە بىزنىڭ قەشقەر تەرەپلەردىن ئۆگىنىشكە بارغان مۇئەللىملەر چىقمۇ؟

— ئاقسۇمۇ چىرايلىقكەن كىچىك ئاپا، كۆزۈمگە شۇنداق ئىسسىق كۆرۈندى، — دېدى چوكاننىڭ بىردىنلا ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ ، — بارغان كۈنۈم ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ غۇلجىغا، ئاپامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالدىممىكىن دەپتىمەن... لېكىن قارىسام غۇلجا ئەمەس... قانىتىم بولغان بولسىمۇ تۆشۈك تاغدىن پۇررىدە ئۇچۇپ ئۆتۈپ يالغۇز ئاپامنى يوقلاپ كەلمەسمىدىم!

هويلا بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى. بايا تېخى ماشىنىدىن كۈلۈپ چۈشۈپ، بۇلبۇلدەك سايرىغىنىچە هويلىغا كىرىپ كەلگەن بۇ چىرايلىق كېلىن ئاباسخانلارغا ئاللىقاچان ئۆزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئابدۇراخمان ئۇنى ئىلىدىن ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئىدى. راھىلە ئاقسۇدا ئېچىلغان تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان بولغاچقا، تويغا قاتنىشالمىغان ئىدى.

— شۇ پۇرسەتتە تايىنلىق غۇلجىغا بېرىپ كېلىۋالغان بولسىڭىزمۇ ئوبدان بولاركەن قىزىم ، — دېدى ئاغىچىخان كېلىنىنىڭ پىيالىسىغا ناۋات سېلىۋېتىپ، — هازىر قارمۇزلار ئېرىپ، تۆشۈك تاغنىڭ يوللىرىمۇ ئېچىلغاندۇ، دەيمەن.

— يول ئېچىلىشى ئېچىلدى، لېكىن بېرىپلا قايتالمايمەن، كىچىك ئاپا. ئۆيدە ئۇزاقراق تۇرمىسام، تۇغقانلار، قوشنىلارنىڭكىگە قالدۇرماي چىقىپ كىرمىسەم ئۇلارغا ھېساب بولمايدۇ. بالىلارنى ئېلىپ بارمىسام تېخى...

— بولدى كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىنە ، — دېدى ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بولالماي، — بەربىر يازلىق تەتىلدە بارىمىز ئەمەسمۇ.

بالا - چاقا، نەۋرىلىرىنى كۆرۈپ باشقىدىن تېتىكلىشىپ كەتكەن ئاغىچىخان ھاپىز بىلەن نۇربۇۋىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ ئۆرۈك، ئۈجمە، تەرە قوغۇن، يازلىق ئالمىلارنى داستىخانغا تۆكمە قىلدى، تۇخۇم پىشۇردى، ئارقىدىن ئۈجمە ھالۋىسى قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئاباسخان نەۋرىلىرى قۇچىقىدىن چۈشۈپ ئويۇنغا چۈشكەندىن كېيىن قوتاندىن بىر ئوغلاقنى سۆرەپ كىرىپ ھايت - ھۇيت دېگىچە پۇتىنى چۈشەپ، پىچىقىنى بىلىگىلى تۇردى .

— ئوغلاق سويىمەن دېمەڭ، دادا ، — دېدى ئابدۇراخمان سۇپىدىن چۈشۈپ دادىسىنىڭ قولىدىكى پىچاقنى ئېلىۋالغىلى ئالدىراپ، — مەقسەت يېيىش - ئىچىش بولمىغاندىكىن.

— سىلەر مېھمان بالام، خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا شەھەردىن چىقىمەن دەپلا چىقالمايسىلەر...

— شۇنداق بولسىمۇ بولدى قىلىڭە.

— بولدى سويمايلى دادا ، — دېدى راھىلەمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئابدۇراخماننىڭ قېتىق بىلەن زاغرا يەۋالغىسى بار. مەن نۇربۇۋى سىڭلىم بىلەن تونۇشقاچ، كالا سېغىپ ئۆز قولۇم بىلەن ئەتكەنچاي قىلىمەن. بالىلارمۇ گۆش - پۆشكە ئۆزىنى ئېتىپ كەتمەيدۇ...

— نېمىشقا ئەمدى بالام، بىز سىلەرنى دېمىسەك كىمىمىز بار؟ — دېدى ئاغىچىخان ئاشخانىدىن چىقىپ.

— بولدى كىچىك ئاپا ، — دېدى راھىلە قېيىنئانىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ، — يېمىگەن - ئىچمىگەن ئۆي ئەمەسقۇ بۇ!

— شۇنداق بولسىمۇ بالام، ئەمدى ...

— ئۇنداق بولسا توختاڭلار ئەمىسە، باشقا ئىش قىلايلى... ماڭ بالام ھاپىزقارى، ئاۋۇ ئادەمنى چوقۇپ ئارام بەرمەيدىغان ھېلىقى كاداڭ قىزىل خورىزىڭنى ئاچىقىنا، شۇنى بوغۇزلاپ يۇڭداپ، پولۇغا باسايلى.

باغ – ۋارانلىق چوڭ ھويلىنىڭ ئىچى ھېيت بولغاندەك خۇشاللىققا چۆمگەن ئىدى. ئاتا بىلەن ئوغۇللار خورازغا پىچاق سۇرۇش، ئانا بىلەن كېلىنلەر ھالۋا، ئەتكەن چاي تەييارلاش، سەۋزە قەلەمچە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغاچ قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن ئىدى. نەۋرىلەر بولسا ھېلى قوزا – ئوغلاق، توخۇ-كەپتەرلەرنى قوغلاپ، ھېلى باغدىن ئۆرۈك تېرىپ يەپ يۈرەتتى.

— بۇغدايغا ئورغاق سالىدىغان چاغ بولغاندۇ، دادا؟ — دېدى ئابدۇراخمان دادىسىغا تارتقان قاشلىق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

— ئورمىنى باشلىساق بولاتتى ، — دېدى ئابباسخان يۇڭدىلىپ ئۈكلىنىپ بولغان خورازنىڭ پۇتىنى كەسكەچ ، — ئەمما ئۈلۈشكۈن كېچىدىكى بوران جىق پاراكەندىچىلىك سېلىۋەتتى. شۇڭا توپا – تۇمان سەل بېسىقسىلا ئورغاقنى قولىمىزغا ئالىمىز.

— ھە... مۇنداق دەڭ، يىڭى كېلىنچۇ، ئۇ قانداقراق ئولتۇرىدۇ؟

— كېلىنچەك ناھايىتى يۇزى تۆۋەن، ئوڭلۇق بالىكەن ، — دېدى ئابباسخان مەھەللىدىكى باسما قۇدۇقتىن سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭغان ھاپىزنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ، — لېكىن ئىنىڭلار خەقكە كۆيئوغۇل بولۇپمۇ ئادەم بولمايۋاتىدۇ،





بالام. توي كۈنى يۈز بەرگەن ئاۋارىچىلىقتىن خەۋىرىڭلار بار، ئۇنى شەھەردە ھاراققا چىلىشىپ ياتقان يەردىن تېپىپ چىقتىڭلار. ئۈلۈشكۈن ئاغىچاڭنى ئايلاندۇرۇپ كەل، دەپ بازارغا ئەۋەتكىنىمنى بىلەرمەن، يەنە ئاغىچىسىنى بازارغا تاشلاپ قويۇپ ئاغىنىلىرى بىلەن شوپاڭغا كىرىپتۇ ئۇ مەڭداۋاش... شۇ يەردە خوتۇنىنى ئەسكى بىر نېمىلەر بىلەن ئۇرۇش – جېدەلگە سېلىپ، خەقكە تاماشا قىلىپ بەرگەننى ئاڭلاپ يېرىم يولدىن كەينىمگە يېنىپ بازارغا كەلسەم، ئاغىچىسى يەيدىغان تاياقنى يەپ، ھاقارەت ئاڭلاپ قۇمئاۋاتقا — ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كېتىپتۇ. ئۆزى يەنە قوسۇققا مىلىنىپ ياتىدۇ! قولۇمغا قامچىنى ئېلىپ بولۇنچە ساۋاپ تازا بىر ئادەم قىلاي، دەپ يەنە توختاپ قالدىم. قانداق قىلىمىز ئەمدى، پۇشتۇمدىن تامغان بالىكەن... ئۆيگە سۇپىتەندىن ئۆتكەندە ئاران كەلدۇق. ھارۋا جابدۇپ قۇمئاۋاتقا — قۇدىلارنىڭكىگە بارايمىكىن دەپ تۇرسام بوران چىقىپ كەتتى... سىم يولىنىڭ بىر يەرلىرىدىن كاشىلا چىقىپ پۈتۈن يۇرت – مەھەللىدە توكمۇ ئۆچتى. بۇ بالىنىڭ بېشىمىزنى ساقايتىسغىنىغا ناھايىتى ئاچچىقىم كېلىپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەي ئولتۇرسام، تەڭ كېچە بولاي دېگەندە بىر كىم ئىشىك قاقىدۇ. بۇ كىمدۇ ئەمدى دەپ چىقسام، قۇدىمىز يۆتەلگىنىچە تۇرىدۇ... بىچارە ئادەم شۇنچە يامان بوراندا قىزىنى ئۆزى ئېلىپ كەپتۇ. «كېچىدە شامالغا چېلىقىپ قالسىلا، كەچلەپ ئەتە ماڭسىلا» دېسەم نىزەمبىللا ئۇنىمىدى. توختىسىلا ئەمىسە، دەپ ئۆيگە كىرىپ جوۋامنى ئېلىپ چىقسام مېڭىپ كېتىپتۇ. ناھايىتى زىل، كۆڭلى نازۇك، قۇدا – باجىلىققا بەك دىققەت قىلىدىغان ئادەمكەن... مەن باشقىلارغا جاپا سالىدىغان مۇشۇنداق بالىنى چوڭ قىلغاندىمەنمۇ، دەپ ئۆز –

ئۆزۈمدىن نومۇس قىلىپ كەتتىم. تۆگىنىڭ بويىنىدىكى كولدۇرما ئاۋازى بارغانچە يىراقلاپ قۇلاقلىرىمغا ئاڭلانماي قالغىچە قۇدىمىزنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ كەتتىم... مۇشۇنداق گەپ بالام، بۇنداق بولىۋەرسە ئۆزىمىزنىڭ يۈزىمىزگە سەت بولىدىغان ئىشكەن. شۇڭا ھېلى تاماق يېيىشىپ بولغاندىن كېيىن ئىنىڭلارنى بىرچەتكە تارتىپ ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قويامسىلىكىن!

— ماقۇل. ئۇ كىچىك بولغاچقا كەم ئەقىللىق قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، نەسىھەت قىلساق تۈزۈلۈپ قالار. كېلىن سىڭلىمنىڭ يۈز - كۆزىدىكى نېمە زىدە-چاقىكىن دەپتىمەن، تېخى .

— شۇ كۈندىكى خاپىلىقنىڭ ئىزى، بالام.

كېلىنلەر قەدىناس ھەدە - سىڭىللاردەك چىقىشىپ قالدى. نۇربۇۋى چاچلىرىنى بېشىغا چىرايلىق قىلىپ تۈرمەكلىۋالغان، قۇلىقىدىكى كىچىك ھالقىسىدىن باشقا ھېچقانداق زىبۇ زىننەت سالمىغان، چىرايى يۇمىلاق، ئاق سۈزۈك كەلگەن بۇ خانىم يەڭگىسىنىڭ بىردەمدىلا كىيىم يەڭگۈشلەپ، پەشتاما تارتىپ، ساپما كەش كىيىپ دېھقان ئاياللىرىدەك كالا سېغىشلىرىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالدى. راھىلەدە نە بىر ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، نە بىر ھال تارتىش، يېتىرقاش ئالامەتلىرى يوق، ئاغزىدىن چىرايلىق گەپ، كۈلكە تۆكۈلۈپلا تۇراتتى.

— ھە كېلىنگە ، — دېدى ئۇ نۇربۇۋىگە، — سۈتنى سېغىپ بولغاندىن كېيىن توق ئەلگەك بىلەن سۈزىمىز، ئاندىن قازانغا قۇيۇپ سۇس ئوتتا قاينىتىمىز، تۈز تەمىنى تەڭشەيمىز، ئاخىرىدا ئالدىن دەملەپ قويغان قارا چاينى ۋىل - ۋىل ئوتتا بىر ئاز قويۇپ، شامىسىنى سۈزۈۋەتكەندىن كېيىن قايناتقان سۈتكە ئارىلاشتۇرىمىز... سىلەرمۇ مۇشۇنداق قىلىسى-





لەر ھەقىچان؟

— مەن ئانامدىن قېتىق ئۇيۇتۇشنى ئۆگىنىۋالغان، بۇنداق چاي قىلىشنى بىلمەيدىكەنمەن ، — دېدى نۇربۇۋى ياغاچ قوشۇق بىلەن ئەتكەنچاينى تېتىپ كۆرۈپ، — ۋۇي، راستىنلا ئېچىشلىك بولىدىكەن!

— مەنمۇ ئەتكەنچايغا دەسلەپ غۇلجىدا ئېغىز تەگكەن ، — دېدى ئاغىچىخانىمۇ كېلىنلەرنىڭ پارىڭىغا قوشۇلۇپ ، — كېيىن راھىلە قىزىم بۇ مەززىلىك چاينى ئۆيىمىزگە ئېلىپ كەلدى. مانا ئەمدى بۇ يۇرتتىمۇ جىق ئاياللار يازدا قېتىق ئۇيۇتىسىمۇ، قىشتا ئەتكەنچاي قىلىدىغان بولدى.

— ئەتكەنچايغا تويمايسەن-دە، راھىلە ، — دېدى ئابدۇراخمان تۇيۇقسىز ئاياللارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، — ئوخشىغان گۆش - كاۋاپ بىلەن ئەتكەنچايىنى ئالدىڭدا قويسا، ئاۋۋال شۇ چاينى تاللايسەن - دە، سەن.

— سىزمۇ قېتىق دېسە جېنىڭىزنى بېرىسىزغۇ ! — دېدى راھىلەمۇ بوش كەلمەي.

— قېتىقنى كۆرسەم ئانام كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان، — مەن ئەقلىمگە كەلسەم، ئانام نەدە بار - نەدە يوق سۈت تىلەپ كىرىپ بىزگە قېتىق ئۇيۇتۇپ بېرىدىكەن، بىز قېتىپ كەتكەن زاغرىنى قېتىققا چىلاپ مەززە قىلىپ يەيتتۇق.

راھىلە جىمىپ قالدى. بۇ گەپنى ئۇ دېگۈچە ئېرى دەۋالدى. ئەتكەنچايمۇ راھىلەگە ئانىسىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئاپئاق سۈت بىلەن ئەتكەنچاي تەييارلاش ئارقىلىق ئۆزىنى يىراقتىكى ئانىسىغا ئوخشىتاتتى.

# 20

كەچ كىردى. بىر قولىدا كەتمەن، بىر قولىدا ئىنىسىدىن كەلگەن خەتنى كۆتۈرۈپ كەنت ئالاقىچىسىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققان ھۆسىناخۇن كەنت قورۇسى ئالدىدىكى يولدا تاماشا چىقىرىۋاتقان بىر مەستنى كۆرۈپ، كۆلگىسى كەلگەن ھالدا قەدىمىنى ئاستىلاتتى. تاماشا چىقىرىۋاتقىنى ئەلۋەتتە غوجىخان ئىدى.

ھاراققا بېرىلىپ كەتكەن غوجىخان ئالدىنقى ئاخشامدا لىڭشىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئازراق ئىچىۋالسىلا مۇشۇنداق تېرىسىگە سىغماي ئۇچرىغانلا كىشىگە پوخورلۇق قىلىپ يۈرۈيدىغان بولغاچقا، ئۈچ كوچا يول ئاغزىغا چىقىۋېلىپ ئۆتكەن – كەچكەنلەرگە ئۆزىنى سازايى قىلىپ يۈرەتتى.

— ھاي سېكرېتار ، — قاياقتىندۇر پەيدا بولغان كەنت مۇدىرى ئەستىللاخۇن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە غوجىخاننىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە بىر چەتكە تارتتى ، — جىق ئىچىۋېلىپ مەست بولۇپ قاپتىلا، بۇ ھالدا ئۈچ يولنىڭ بەندىگاھىغا چىقىۋېلىپ سۆزلەپ يۈرسىلە، ئەلكۈننىڭ ئالدىدا يۈز – ئابرويلىرىغا ياخشى بولماس. شۇڭا ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇخلاپ قالسىلا.

— نېمە، نېمە؟ ! — دېدى غوجىخان يەرگە شالاقىدە بىرنى تۈكۈرگەندىن كېيىن ئەستىللاخۇنغا سىڭايان قاراپ ، — كىمكەن ئۇ مەست بولۇپ قالىدىغان؟ ياكى مېنى دورا يەپ قالغان چېۋىنغا ئوخشىتىپ قالدىڭلىمۇ دادۇيجاڭ ئاداش؟!

— ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى ئەستىللاخۇن چۈشەندۈرۈپ ، — ئەل – جامائەتنىڭ خۇپتەن نامىزىغا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. چوڭ يولدا بۇنداق ئاغزىلىرىغا نېمە كەلسە شۇنى





دەپ تۇرىۋەرسىلە، جامائەت كۆرۈپ قالىدۇ، ئەيىب قىلىدۇ...

— ئەيىب قىلغىلى مېنىڭ ئىشتىنىم چۈشۈپ قاپتىكەنمۇ؟ — غوجىخان ئۇنداق دېگەچ ئالدىغا ئېگىلىپ، كىندىكىنىڭ تۆۋىنىنى ئىشارە قىلدى ، — بىر نېمەم ئېچىلىپ قاپتىمۇ – يا؟!

— ئادەمنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ ئۇنداق يامان گەپ قىلسىلا قانداق بولىدۇ، سېكرېتار؟ — دېدى يامان گەپ ئاڭلىۋالغان ئەستىللاخۇن مەستنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ. شۇنداقتىمۇ ئەمدى ئۇ ئادەمنى بۇنداقلا تاشلاپ كېتەلمەي، ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش خىيالىدا ياخشى گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۆزلىرى بىر يۇرتنىڭ بېشى، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى سىلىدە. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتىمىز شەھەر – بازاردىن يىراق. ھاراق ئىچىپ، تاماكا، نەشە دېگەنلەرنى چېكىپ يۈرگەننى ناھايىتى يامان كۆرىدۇ. شۇڭا...

— كىم نەشە چېكىپتۇ؟ — دېدى غوجىخان دەلدەڭشىپ ، — ئەمدى ماڭا تاپمىغان ئاشۇ ئىغۋا قالدىمۇ؟!

— ھاي – ھاي... سىلىنى نەشە چەكتى دېمىدىم، شۇنداق قىلغاننى يامان كۆرىدۇ، دەۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا يوق گەپنى قىلمىسىلا جۇما ، — دېدى غوجىخان تېخىمۇ ساراڭلىق قىلىپ، — بۈگۈن بىزنىڭ ئوينايدىغان كۈنىمىز... ھېلىقى شەرۋانىم دېگەن ئەركەك ئۇجمە مېنى يارىتالمايۋاتىدۇ–يا؟ سىلە گەپ قىلساڭلار ئۇنامدۇ – يا؟

— ھاي، ھاي... يوق گەپنى قىلمىسىلا، ھاي!

ئۇلار شۇنداق تالاش – تارتىش قىلىشىۋاتقان چاغدا كۈن چىقىش مەھەللە تەرەپتىكى ھەسەن خالۋاپلارنىڭ ئۆيى تەرەپتىن

ئىككى ئايالنىڭ كېلىشۋاتقانلىقى كۆرۈندى. بۇ ئەمدىلا كۆز باغلانغان چاغ بولۇپ، بىرەر - ئىككى يۈز مېتىرچە نېرىدا كېلىشۋاتقان ئادەمنىڭ كىيىنىشىگە قاراپ ئەر ياكى ئاياللىقىنى پەرق ئەتكىلى بولسىمۇ، لېكىن كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس ئىدى.

— ئاۋۇ ئىككىسى كىم؟ — دېدى ساراڭلىق قىلىشۋاتقان غوجىخان كېلىشۋاتقانلارغا سەزگۈرلىشىپ.

— مەن پەرق ئېتەلمىدىم، يېقىن كەلسە بىلگىلى بولار.

— پەقەت ئەركەكچىلىكىڭلار يوق ئەستىللاخۇن سىلىنىڭ! — دېدى غوجىخان توختىماي تۈكۈرۈپ، — ئا ھاڭگا ئېشەك جېنىدا بۇ دۆڭدە تۇرۇپ ئۇ دۆڭدىكى مادىنى كۆرۈپ قالسا شۇنچە يىراقتىن ئۇنىڭ مادا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، جېنى ئىچىگە پاتماي ھاڭرىغانچە جاڭگالنى بېشىغا كىيىدۇ، ئارغامچىنى ئۈزىدۇ. لېكىن سىلە بۇرنۇڭلارنىڭ ئۇچىدا تۇرغان خوتۇنلارنىڭ كىملىكىنى بىلمىسەڭلار قەيىرىڭلار ئەركەك سىلىنىڭ! قويۇڭلار سىلىدەك ئادەمنى...

— شۇڭا مەن ئېشەك ئەمەستە! — غوجىخاننىڭ گېپى ئېغىر كەلگەن ئەستىللاخۇنمۇ يولىغا ماڭماق بولۇپ شۇنداق دەۋەتتى. ئەتراپقا يىغىلغان كىشىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. قىزىق گەپكە خۇشتار ھۇسىناخۇنمۇ غوجىخاننىڭ ئويۇنغا قاراپ قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى، قولىدىكى خەتنى ئۆيگە ئەكىرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى.

— ئەمىسە مەن ئېشەككەنمەن - دە! — دېدى ھاراقنىڭ كەيپى بېشىغا چىققان غوجىخان تەتۈرلۈك قىلىپ.

— ياق، مەن دېمىدىم، سىلە ئۆزلىرىنى ئېشەكتەك سەز-





گۈرمەن دېمەكچىغۇ، شۇ.

— ھىم، — دېدى غوجىخان بىردەم ئويلانغاندەك تۇرۇپ كېتىپ، — ماقۇل مەن ئېشەك بولسامۇ بولاي، ئەمما سىلە مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلەيدىغان مۇدىر بولغاندىكىن، بىر ئىشقا ماقۇل دەڭلار...

— نېمە ئىش؟ — دېدى ئەستىللاخۇن مېڭىشتىن توختاپ.

غوجىخان قاڭسىق ھاراق پۇراپ تۇرغان ئاغزىنى ئەستىللاخۇننىڭ قۇلىقىغا ياقتى:

— بىز كېلىشۋاتقان ئاشۇ ئىككى ئايالنى بۆلۈشۈۋالايلى، ئوڭ تەرەپتىكىسى مېنىڭ بولسۇن، سول تەرەپتىكىسى سىلىنىڭ بولسۇن... يېنىمىزغا كەلگەندىن كېيىن بىردىن قولتۇقلاپ كەنت ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ...

— بۇ گەپلىرى بولمىدى، — دېدى ئەستىللاخۇن كەينىگە داجىپ، — بىز ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلمىسەك...

— بىلسەم - بىلمىسەم ئۇ ئىككىسى شەرۋانەم بىلەن روزىگۈل. بىرى ئەردىن چىققان، بىرى ئېرى قارىماس بولۇپ قالغان... ئۇ نايناقلار ئۆيىدە ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ بولالماي زېرىكىپ، تەرلەپ قالغان يەرلىرىنى شامالغا سالغىلى تالاغا چىققان گەپ. دېمەك ئۇلار بىز ئۈچۈن نەق قىزىق مانتا.

— ئۇ ئىككىسى ئۇنداق ئاياللاردىن ئەمەس، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئاۋۇ تاماشا كۆرۈپ قارىشىپ تۇرغانلارنىڭ ئالدىدا قىلغان گەپلىرى سىلىگە ياراشماي قالدى، سېكرېتار.

— قورقماڭلار، بۈگۈن قانداق بولسا بولسۇن، شۇنداق قىلمىسىز زادى! قېنى كېلىڭلار، ئوڭ تەرەپتىكى زىلۋا، ئو-

روقراق كەلگىنى مېنىڭ. سول تەرەپتىكى سېمىز، تومۇلاق كەلگىنى سىلىنىڭ ھە...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھۇسىيناخۇننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، مۇشتۇمى تۈگۈلدى... «شەرۋانخان مېنىڭ تاغا ئىنىچىم، روزىگۈل بولسا يەڭگەم. ئۇ ئاكام بىلەن يامانلىشىپ قالسىمۇ، بىز بىلەن ياخشى. بەرىبىر ئاكامنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ ئانىسى. قېنى بۇ ھاياسىز ئېشەك مۇشۇ تۇرقىدا ئاچىلىرىمغا ئېسىلىپ باقسۇنا قېنى، كەتمەننىڭ چۈلدىسى بىلەن مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتەرمەن!...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى ئاياللار مەستلىكتە تىك تۇرالماي قالغان سېكرېتار بىلەن مۇدىرنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كەلدى. غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرغان غوجىخان تۇيۇقسىز ئالدىغا چامدىدى ـ دە، قوچىقىنى ئېچىپ ئۇلارغا ئېتىلدى.

— ئانا! — ئاياللار ئەنسىز چىرقىراپ غوجىخاندىن ئۆزىنى قاچۇردى. بىرەر ئىش چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئەستىللاخۇن بولسا غوجىخاننى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

— ۋاي دادا، مېنى قويۇپ بېرىڭ! — چىرقىراق تونۇش ئاۋاز ئايالنىڭ قولىغا ئېسىلىپ ئۆلگۈرگەن غوجىخاننى سەگەكلەشتۈردى:

— كىم، كىمسەن؟

— ۋاي مەن!

— ھە... ئايتىللامۇ سەن؟

— ياق، مەن غۇنچەم!!

— ھە؟! — غوجىخان ئۆزىنىڭ قىزىغا ئېسىلىۋالغان بو-





لۇپ، ئۇنى تونۇپلا قولىنى ئىتتىك قويۇۋەتتى، — ۋاي قانجۇق، بۇ قاراڭغۇدا تالادا نېمە سەلەڭلەپ يۈرۈيسەن؟!

— يەنە ئېشەك، سۈيدۈكى ئىچىۋېلىپ، ئالدى ـ كەينىلىرىگە دەسسەپ يۈرەملا؟! — بابا قورقۇنچىدا قېچىپ كەتكەن غوجىخاننىڭ ئايالى سۇلتانبۇۋىمۇ ئېرىنى تونۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭغا تىل سالدى، — ئا... نەۋرە ـ چەۋرىلەرمۇ ئىگەككە تاقاشقىدەك بولدى، كۆندە مۇشۇنداق يۈرۈشكە نومۇس قىلىسىلىچۇ، نومۇس!

— نېمە ئىش قىلىشىسەن بۇ يەردە؟! ماڭ، مېڭىش، كەت، كەت، چاقىقان ئۆيگە كەت! — كالىلىسى بىردىنلا سەگەكلىشىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولغان غوجىخان خوتۇنىنى بىلەن قىزىغا ئەلەملىك ۋارقىرىدى. ئەتراپتىن پاراقلاپ كۈلۈشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ھە كەلسالە قېنى، بىردىن ئېلىپ ماڭمايمىزمۇ سېكرېتار؟ — باياتىن بېرى غوجىخاننىڭ جىق نوچىلىقىنى، يامان گەپلىرىنى كۆتۈرۈپ كەتكەن ئەستىللاخۇن تۇيۇقسىز شۇنداق دېدى.

— بولدى بەس، ئۇ ئىككىسى مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن قىزىمكەن!

— لەۋزىمىز ھالال... مەن غۇنچىگۈل بىلەن... ئۇ ماڭا راۋا كېلىشۈپرىدۇ، ئۆزلىرى خوتۇنلىرى سۇلتانبۇۋى بىلەن...

— ماز گەپ قىلماڭلار، ئاداش! — غوجىخان تۇيۇقسىز ئەلپازىنى ئۆزگەرتىپ ئەستىللاخۇنغا پەشۋا ئاتتى. ئەستىللاخۇن غوجىخاندىن يىراقلىشىپ ئۆزىنى چەتكە تارتتى. پەشۋاسى ئۆزىگە تو كەتكەن غوجىخان سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغانچە غودۈڭشىدى:

— بۇگۇن ئەجەب قارا باستا، مېنى...

— قارا باسىدۇ ، — دېگەن ئاۋاز كەلدى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن، — خەقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ كويىدا يۈرگەندە، ئۆزىنىڭمۇ خوتۇن - قىزلىرىنى ئويلاپ قويمىغان ئادەمنى!...

ئەتراپتىن توختىماي پاراقلاپ كۈلۈشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ھۇسىيناخۇن ھەممىدىن بەكرەك كۈلگەنچە ئۆي تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ بۇ قىزىق ئىشنى يوتقاندا يېتىپ پىننەخانغا دەپ بەرسە، ھەمىشە ئېرىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار پىننەخان نېمە دەركىن؟

## 21

— دادا، ئانا ، — ھۇسىيناخۇن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشاللىق، ھاياجان ئىلكىدە تالادىن يۈگۈرۈپ كىردى، — ئۇكامدىن خەت كەپتۇ!

— قېنى... قاچان؟ — ئېرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئولتۇرغان نازىلخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھەسەن خالۋاپمۇ يېرىم ئۆرە بولۇپ ئوغلىنىڭ قولىغا قارىدى.

— نېمە دېدىڭلا، ئۇ خەتنى كىم ئەكەپتۇ؟

— يېزىدىكى پوچتىكەش كەنت ئىشخانىسىغا گېزىت ئەكەپتىكەن،... بايا ئۆتكىچە ئاڭلاپ قېلىپ، ئېلىۋالدىم.

— ئەكىلىڭلا قېنى... ھەسەن خالۋاپ كونۋېرتنى قولىغا ئېلىپ باشلىنىشى خەنزۇچە ، ئاياغ داۋامى ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئادرېسقا قاراپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ياداپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — ۋاي جېنىم بالام !...

ھۇسىيناخۇن قولاشمىغان قوللىرى بىلەن كونۋېرتنى





يىرتىپ ئاچتى ھەم چىراغنىڭ ئۇدۇلىغىراق كېلىپ ھەجىلەپ ئوقۇشقا باشلىدى: «ھۆرى - ھۆر... مەتى - مەت... ھۆرمەتلىك دادا، مې... مېھرىبان ئانا، ئاغرىپ قالماي سالامەت تۇرىۋاتامسىلەر؟ ئاكا - ئاچىلىرىم، ئۇرۇق - تۇغقانلار، مەھەللىدىكى قولۇم - قوشنىلار، يۇرت - مەھەللىدىكى قوۋمى جامائەت تېچ - ئامانمۇ؟

مەن ھەر سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاۋۋال سىلەرنى ئەسلەيمەن، شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەرب تامان كېتىۋاتقان قۇياشتىن سىلەرگە سالام يوللايمەن. ھەر ئاخشىمى كەچلىك ئۆگىنىشتىن چىقىپ مەكتەپ ئاسمىنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئايغا قاراپ پىچىرلايمەن... دادا، ئانا، مەن ئايغا نېمە دەپ پىچىرلايدىغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟ مەن ئايغا شۇنداق دەيمەن: ئايخان، سەنمۇ قۇياشقا ئوخشاش غەربكە — تەكلىماكان بويلىرىغا بارسەن شۇنداقمۇ؟ مەن بىلىمەن، سەن مۇشۇ ماڭغانچە ئالەمنى كېزىپ ئاخىرى كۆمۈشتەك ئاپئاق تەڭرىتاغ چوققىلىرىغا قونىسەن. ئۇيەردىكى ئاق كۆڭۈل، ساددا، قوۋي كۆزلۈك كىشىلەرگە بىر پەس قاراپ تۇرىسەن. ئۇلارغا ئۆز نۇرۇڭ بىلەن ھاياتنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنى، ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىسەن. شۇنداق، سەن ئۇلارغا ئۈمىد نۇرى چاچىسەن، ئىشەنچ بېرىسەن. سەن بىلىسەنغۇ ئايخان، تەكلىماكان بويىدا مېنىڭ ئاق كۆڭۈل دادام، دىلى يۇمشاق ئانام، ئاكا - ئاچىلىرىم، قان - قېرىنداشلىرىم بار. سەن بۈيۈك تەڭرىتاغلىرىدىن ھالقىپ تەكلىماكاندىكى زۇمچەك - زۇمچەك قۇم بارخانلىرىغا باش قويغىنىڭدا، مېنىڭ ئاتا - ئانام، قوۋم - قېرىنداشلىرىم ساڭا ئەڭ يېقىن يەردە تۇرغان بولىدۇ، ھەم پۈتۈن دىققىتى بىلەن سېنىڭ جامالىڭغا تىكىلىپ قارىشىدۇ. شۇ چاغدا سەن مېنىڭ

شۋىرلاشلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈز. مېنى شەرقتە — بېيجىڭدىكى توققۇزى تەل، باغچىدەك چىرايلىق بىر مەكتەپتە كۆرگەنلىكىڭنى ئېيتىپ قوي... ئايخان، سەن بىلىسەن، مەن تەكلىماكاندىن ئۇچۇپ بۇ يەرگە كەلگەن ئۈچ يىلچە ۋاقىتتىن بېرى يۇرتۇمنى، مەھەللەمنى، ئاتا - ئانامنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى بەكمۇ سېغىندىم. ئۇلارنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇيالمىدىم. سىنىپىمدىكى كۆپىنچە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئاتا - ئانىسى بالىلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئايروپىلاندا ئۇچۇپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ، ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق دىدارلىشىدۇ، مۇڭدىشىدۇ، تېلېفون ئارقىلىق ئاۋازىنى ئاڭلىشىدۇ، بىر - بىرىگە مەدەت، ئىلھام، ئىشەنچ ئاتا قىلىشىدۇ. ئەپسۇسكى، مېنىڭدە ئىنتېرنېت ئەمەس، تېلېفونمۇ يوق. دادامنىڭ ھەر ئايدا چىقىدىغان تېلېفون ھەققىنى تۆلىگۈدەك پۇلى يوق. شۇڭا مەن بىر ساڭىلا قاراپ پىچىرلايمەن، سەندىن ئۆتۈنىمەن ...

دادا، ئانا، ئايخان بىزنىڭ مەھەللىگە كەلدىمۇ؟ ھويلىمىزنىڭ ئۆيچۆرىسىدىكى كۆك بىلەن بوي تالاشقان سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچىغا قوندىمۇ؟ سىلەرگە سالامەتلىك تىلەپ يىراقتا قالغان ئوغلۇڭلارنىڭ سالامىنى يەتكۈزدىمۇ؟ سىلەر مېنىڭ سېغىنىشىمنى كۈندۈزى قۇياشنىڭ، كېچىسى ئاينىڭ مېھرىدىن ئىزدەڭلار...»

نازىلخان يىغىسىدىن توختىيالماي قالدى. ئوغلىنىڭ يۈرەك قېتىدىن چىققان گەپلەر ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى يۈرىكىدە بېسىلماي كەلگەن سېغىنىش ئوتىغا ياغ بولۇپ چېچىلغان ئىدى.

— تۈگىدىمۇ؟ يازىچە كېلەلەيدىغان ياكى كېلەلمەيدىغانلى-





قى توغرىسىدا بىر نېمە دېمەپتىمۇ؟ — دېدى ئاتا خەت ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئوغلىنىڭ ئاغزىغا تەقەززالىق بىلەن قاراپ.

— ئاخىرىنى تېخى ئوقۇپ بولالمىدىم، — دېدى ھۆسىيىناخۇن بىر قانغىچ، سۇ ئىچىۋالغاندىن كېيىن خەتنى يەنە قولىغا ئېلىپ.

«دادا، ئانا: گەرچە سىلەرنى بەك سېغىنىپ كەتكەن بولسامۇ، ئۆزۈم بەك ياخشى ئوقۇدۇم. بۇرۇن ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىلىدا — ئۇيغۇرچىدا ئوقۇغان بولساقمۇ، بۇ ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خەنزۇ تىلى سەۋىيەم تېز ئاشتى. ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋاتىمەن. يۇرتۇم تەكلىماكاننى تەسۋىرلەپ يازغان ماقالەم مەكتەپ بويىچە تاللىنىپ بېيجىڭدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. تەبىئىي پەنلەردىمۇ ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇۋاتىمەن. ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا مەكتەپ بىزگە تەتىل قىلىپ، شىنجاڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بىر تۇتاش، تەشكىللىك ئاساستا ئۆيىگە قايتۇرماقچى. ھازىر شۇ كۈنلەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىۋاتىمەن. دادا، ئانا: ھويلىمىزدىكى ئۈجمە، بېغىمىزدىكى ئۆرۈكلەر پىشىپ تۆكۈلۈپ، مەن قايتىپ بارغىچە غازاڭ بولۇپ كېتىدىغۇ دەيمەن، مەن شۇ ئۈجمە بىلەن ئۆرۈكنى سىلەرنى سېغىنغاندەكلا سېغىنىپ كەتتىم. مەن قايتىپ بارغىچە شۇنىڭدىن بىر نەچچە تال بولسىمۇ ساقلاپ قويۇڭلار ...

سىلەرنى سېغىنىپ، يىراقتىكى ئوغلۇڭلار: يۈسۈپ.

2006 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى. بېيجىڭ»

— ۋاي بىچارە بالام ... ئەۋەتمىسەكمۇ بولاپتىكەن! ۋاي ئىمتىھاندىن ئۆتتى، يېزا بويىچە تاللانغان ئىككىنىڭ بىرى

سىلىنىڭ ئوغۇل بولدى، دەپ ئاغزىمىزغا جىگدە سالسا، خۇش بولۇپ كېتىپ يولغا سېلىپ قويۇپتىكەنمىز. كۆزىمىزدە تۇرغان بولسا كادىر بولمىسا دېھقان بولاتتى، جىق يېمىسە ئاز يەتتى...

— بولدى كۆڭلۈڭلارنى بۇزماڭلار خوتۇن، — دېدى ھەسەن خالۋاپ قېقىلىپ يۆتىلىپ. ئۇ قىزىنى قۇدىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويغىلى بارغان كېچىسى شامال تەگكۈزۈۋالغانچە، ئۆپكىسى شامالداپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئىدى.

— يىغلىماڭا ئانا ھەي، — دېدى ھۇسىيناخۇن خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سېلىپ، — ھۆكۈمەت ئاتايىن بىز دېھقان خەقكە كۆڭۈل بۆلۈپ، نەچچە مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللاپ ئاپىرىپ بېيجىڭدىكى داڭدار ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتۇۋاتقان تۇرسا، ئوشۇقتىن - ئوشۇق كۆزىڭىزنىڭ سۆيىنى ئېقىتىپ نېمە قىلىسىز؟!

— سىزمۇ بالىلىق بولغاندا، بالىڭىز ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىگە كەتكەندە ئاندىن نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىمنى بىلىسىز، بالام!

— ئاھاي ... يىغلاپ نېمە كەپتۇ، — دېدى ھۇسىيناخۇن تالادىن بىر چېلەك سۇ كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان خوتۇنىغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، — ھېلىغۇ بالامكەن، ئۆزۈمنى ئاپارسىمۇ مەيلىدى ئۇ يەرلەرگە...

— ماڭ بالام، ئاناڭنىڭ تولا چىشىغا تەگمەي، ئا دەڭگە چىقىپ تۆگە بىلەن ئېشەكنى سۇغۇرىۋەتكىنە! — دېدى ئاتا ئاچچىقلىنىپ، — ئەكەل، ئۇكاڭنىڭ خېتىنى ماڭا بېرىپ ماڭ.

ھۇسىيناخۇن خەتنى دادىسىغا تاشلاپ بېرىپ بىر نېمە-





لەرنى دەپ غۇدۇرىغىنىچە دەڭگە كىردى. پىننەخان غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كالا - قويلارغا سۇ بېرىۋاتاتتى.

— نەگە بارمانچىدىڭ ھەمدەم خىيال گاچا! — دېدى پىننەخان ئېرىگە دومسىيىپ.

— بېيجىڭغا ، — دېدى ھۇسىيناخۇن ھەييارلىق بىلەن خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ساڭا ئۇ يەردە بىر نېمە سوۋۇتۇپ قويۇپتىكەنمۇ؟

— ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلغىنە، مايماق ، — دېدى ھۇسىيناخۇن خوتۇنىنى ياراتمىغاندەك بىر ئاھاڭدا، — مۇنداقچە، ھۆكۈمەت بىزنىمۇ ئوقۇشقا تاللىغان بولسا ئوقۇيتتۇق، دەۋاتىمەن.

— نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ ماۋۇ بېشىنى قاغا چوقۇۋالغان! سەن ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ قېچىپ يۈرۈپ تۈزۈك ئوقۇماپتىكەنسەن، ئۇ يەرگە بارساڭ بىكارغا ھورنان يەپ، قىغ چۈشۈرەمتىڭ؟!

— ھىم ، — دېدى ھۇسىيناخۇن دىمىغىنى قېقىپ، — شۇ چاغدا بىر گەپ بولاتتى... ئىشقىلىپ مېنىڭ يۇسۇپ دېگەن شۇمتەككە ھەۋىسىم كېلىدۇ. ئۇ يەرلەردە بۇ يەردىكىدەك كۈندە بوران چىقماسمىش، ھەممە يەر پاكىزچىلىق، ئاسماندا ئايروپىلانلار كەپتەردەك ئۇچۇپ يۈرەرمىش، يەردە ماشىنىلار قۇرت - قوڭغۇزلاردەك مىغىلداپ تۇرارمىش، كېچىلىرى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتەرمىش ...

— كىم دەيدۇ؟

— ئۇكام ئۆتكەنكى خېتىدە شۇنداق يېزىپتىكەنغۇ!

— خىيالىڭغا كىرىۋاپتۇ - دە!

— كىرمەمدۇ، بىزمۇ شۇ يەردە ياشاۋاتقانلاردىن قىلىش-

قوچىلىكىمىز يوق مەيدىسىدە توكى بار ئەركەك تورساق!

— ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپسەن ! — دېدى ئىبغىر چىلەكنى كۆتۈرۈپ بولالماي ھېرىپ كەتكەن پىندنەخان تامغا يۆلىنىپ دېمىنى ئالغاچ، — ئەركەك بولغاندىكىن ئاۋۋال مېنىڭ ئالتۇن زىرەمنى ياسىتىپ بەر، ئۇچامغا كۆڭلەكلىك ئېلىپ بەر، يەنە تېخى توپلىيىمىنىڭ پاشنىسى ئاجراپ كەتتى، تالالىق ئەتكىدەك ئايىغىم قالمىدى...

— تولا غەلۋە قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا ! — دېدى ھوسىيناخۇن خوتۇنىغا گۆلىيىپ، — لاتا - پېتىدىن باشقا گېپىڭ يوقمۇ، سېنىڭ!

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن، قىلىپ بەرگۈچىسى، ئېتىپ بەرگۈچىسى يوق تۇل خوتۇندەك مۇشۇنداق يۈرەمدىمەن ئەمەسە؟!

— يۈرسەڭ يۈرەمسىناۋا ساراڭ! ئاغزى بېسىلمايدىغان كوت - كوت!

— ۋۇي، ما گاچىنىڭ گەپلىرىنى كۆرۈڭ، نەچچە كۈندىن بېرى چىرايلىق گەپ قىلىپ مېنى ئاغزىغا قارىتىپ يۈرەتتى، بۈگۈن بىراقلا چىرايلىق گېپىمۇ يوق، ئەجەب توڭ تېگىدا ماڭا!

— نېمە ئانداق ئاغزىلىرىنى بۇزىلا، پىنىنەخان؟ — دەڭنىڭ ئىشىكىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان نازىلىخاننىڭ تەئەددىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى ، — گاچا بولسىمۇچۇ، سىلىنىڭ بىر ئۇبدان خېرىدارلىقلىرىنى قىلىپ ئەتىۋارلاۋاتقان ئەرلىرى بۇ؟ ئاغزىلىرىغا بېقىپ گەپ قىلسىلا جۇما... ئوغلۇمنى پات - پات گاچىدىن گاچىغا سېلىپ تىللاۋاتقانلىرى قۇلىقىمغا كىرىپلا تۇرىدا ئەجەب؟!





پىنىنەخان قاتتىق چۆچۈگەنچە ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى. قىلىۋاتقان ئىشىنى تويۇپ يىغلىغىنىچە دەڭدىن چىقىپ ھوجرا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

## 22

تۇللۇق، يالغۇزلۇق شەرۋانەمنىڭ جېنىغا ئىكەك بولدى. ئورما باشلانغان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇرۇق - تۇغقانلار، مەھەللە - چاقادىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، ئارا كۈندە ئالتە مەرتەم ئۇنىڭغا تاماق سۇنۇپ، ئەھۋال سوراپ تۇرىدىغان تۇغقانلىرىمۇ ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

قاقىرام ئاپتاپتا باش - كۆزىنى ياغلىق بىلەن چۈمكىۋېلىپ يالغۇزلا ئولتۇرۇپ بوغداي ئورۇۋاتقان چوكان ھارغان، ئۇھسىنغان ھالدا ئىمدۇر بىرسىنى ئەسلەپ قالدى... يارمىغان كۆتەكتەك ئۇستىخان، شەپكىسىنى كۆزىگە كىيىۋالىدىغان يوغان باش، كىرپىنىڭ تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇرىدىغان يىرىك ساقال - بۇرۇت... ئاچچىق بوقسۇپ تۇرىدىغان يوغان - يوغان زەردىلىك كۆزلەر... بۇ ئۇنىڭ ئېرى ئىدى. چوكان ئېرىگە ئامراق چىققان، ئەمما ئۇنىڭ قولىدا ئولتۇرۇپ ئۈچ يىلغىچە قورساق كۆتۈرمىگەچكە، ئېرى ئۇنى تۇغمىدىڭ دەپ مەجبۇرىي خېتىنى بەرگەن ئىدى .

— ئوھوي، بىر كىم ئەركىلىتىۋالىدىغاندەك باش - كۆزىنى چۈمكەپ، ئورمىغا چۈشۈپ كەتكىنىنى پىشپىلىخاننىڭ!

شەرۋانەم چۆچۈپ، ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈردى. ئېتىزنىڭ قىرىدا — ئۇنىڭ بېشىدىلا چۈجىنىڭ پېيىگە چۈشكەن سا-

دەكلا غوجىخان قاراپ تۇراتتى.

— ۋىيەي، سىلىمىدىلە؟! — شەرۋانەم هازىرلا يامان بىر ئىش يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك قاڭقىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— هە مەن، توختى گوندازمىكىن دېگەنمىدىڭ، شەرۋانەم؟

— ياق، ياق. بىرەر ئۇقتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بارمىتى سېكرېتار؟

— گەپ - سۆز بولمىسا مۇشۇنداق تىنجىق ئىسسىقتا ئۆزىمىزنى ئاپتاپقا سېلىپ ئېتىزىڭغا كېلەمدۇق... — غوجىخان ئالدىن يۈگەپ قۇلىقىغا قىستۇرۇپ قويغان تاماكىسىنى قويۇق بۇرۇتلىرى ئارىسىغا قىسىپ سەرەڭگە ياقتى.

— دېسىلە ئەمىسە، يۇقىرىغا پىلە غوزىسى سېتىپ بەرگەن تالۇننى تىزىملاملا ياكى سۇ ھەققى يىغامىلا؟

— ئەلۋەتتە گېپىم بولىدۇ - دە، تىرىك ئادەم بولغاندىكىن. ئۇنىڭدىن بۆلەكچە گېپىم بولسىچۇ؟ — غوجىخان ئۆپكىسىگە تولدۇرغان كۆك تاماكا ئىسىنى ئۇچلۇق بۇرنىدىن چىقىرىپ، سارغۇچ كۆزلىرى بىلەن چوكاننىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىدى. تاغىسىدەك ئادەمنىڭ ئالدىدا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان چوكان ئەتراپتىكى ئېتىزلاردا قىزىق ئورما ئورۇۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ قالدى ھەم ئورغىقىنى كۆتۈرۈپ كۆز ئالدىدىكى بۇ شەھۋەتخوردىن يىراقلاپ كېتىشكە تەمشەلدى.

— كۇرۇك توخۇدەك ئالدىمدىن قاچقىلى يەر ئىستىمەي، توختىغىنە، — دېدى غوجىخان بىردىنلا چىرايىنى تۇرۇپ، — ھېلىقى كېچىسى كۆڭلۇمدە ئادەم ئېتىپ، تېمىڭدىن ئارتىلىپ ھويلاڭغا چۈشسەم، كەيپىلىكىمدىن پايدىلىنىپ، مېنى





شۇنداق ئاخماق قىپسەنيا؟!

شەرۋانەم لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى، ئەمما بۇنداق تۇرۇۋېرىشنىڭ ئەپسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— كەيپىلىكتە ئېزىپ كىرىپ قاپتىكەنلا، مەن سىلىنى ھېچنېمە قىلمىدىم، سېكرېتار ئاكا... — دېدى.

— يۈز - كۆزۈمگە يۇندا چېچىپ، رەسۋايىمنى چىقىرىۋېتىپسەنغۇ!

— ياق - ياق ، — دېدى شەرۋانەم ئۆزىنى ئاقلاپ، — يۇندا ئەمەس پاكپاكىز سۇ ئىدى...

— ھەر قانچە پاكىز سۇ بولسىمۇ ئادەمنىڭ قىلىقىمۇ، ئاشۇ؟!

— خۇدىلىرىنى بىلمەي يوتقىنىمغا كىرىپ ئۇخلىۋالدىلا، شۇنداق تۇرۇپ تاڭ ئېتىپ قالسا قوشنا - قولۇم، ئەل - جامائەت ئالدىدا سەت بولمىسۇن دەپ سەگىتىپ قويغان ئىدىم شۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ سۇ قۇيۇپ ئويغىتامسەن؟ ئۇنداق قىلغىچە يېنىمغا كىرىپ بىردەم ياتساڭ يامان بولامدۇ، ياكى مەن سېنى ھاپ ئېتىپ يەۋېتەرمىدىم؟

شەرۋانەم يىراق - يېقىندا ئورما ئورۇۋاتقانلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جايىدا تۇرالماي قالدى. بۇ ئادەم بىلەن گەپ تالىشىپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، بىر نەچچە ئېتىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئورما ئورۇۋاتقان روزىگۈلنىڭ يېنىغا كېتىۋالماقچى بولدى.

— توختىغىنا ، — دېدى غوجىخان بىردىنلا ھىجىيىپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلما جۇما، شۇم. بولمىسا كېچىسى بېرىپ بوسۇغاڭنى كولاپ ئىشىكىڭنى ئۆرۈۋېتىمەن!

خورلۇق، ئىزا دەستىدىن شەرۋانەمنىڭ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. بۇلاقتەك چىرايلىق كۆزلىرىدىن پۇرچاق - پۇرچاق ياشلار تۆكۈلدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى ھاياسىز، ئادەم سىياقىدىكى ھايۋاننى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئالتۇن رەڭ بۇغدايلىقنىڭ قىرى بىلەن روزىگۈلنىڭ ئېتىزى تەرەپكە ماڭدى.

— كەلسىلە شەرۋانەم ئاچا ، — روزىگۈل ئۇنى كۆرۈپ ئورغاقنى قويدى ، — قانداق، ئىشلىرى خېلى ئاۋۇدىمۇ؟

— ئۇسساپ كەتتىم، سۇيىڭىز بارمۇ؟ — دېدى شەرۋانەم ياشلانغان كۆزلىرىنى روزىگۈلنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ.

— ھەئە بار، — روزىگۈل بۇغداي ئەنجىسىنىڭ ئارىسىغا باسۇرۇپ قويغان ئىۋرىقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى، — مانا، ئاچا.

— ئۇھ، يۈرىكىمگە ھەجەپ ياقتى ! — شەرۋانەم ئىۋرىقتىكى مۇزدەك سۇدىن قانغىچە ئىچىپ، بىر ئاز يەڭگىللەپ قالدى. ئۆزىنى تۇختىتىپ روزىگۈل بىلەن ئېتىز بېشىدىكى ئۈجمىنىڭ سايىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. شەرۋانەم ھاۋا - جاھاننىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكى، كەنت تەشكىلىنىڭ ئېكىنز ئورنى قونۇقىنى مۇشۇ ھەپتىدىلا تېرىپ بولۇشقا ئالدىرىتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ ئېچىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقى تەرەپتىن بىرسىنىڭ ئەنسىز توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاي خالايىق ئوت كەتتى، ئوت كەتتى!

ئىككى چوكان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. راست دېگەندەك، شەرۋانەمنىڭ ئېتىزلىقىدا گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى.

— ۋاي، ئىسىت!

كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ شەرۋانەمنىڭ





ئېتىزلىقىغا كېلىشتى. ئورۇلۇپ بولغان ئۈچ سول ئەنجى ۋە ئورغاق تەگمىگەن بىر قىسىم بۇغدايغا ئوت تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئوت شامالنىڭ يۆلىنىشى بويىچە تېخىمۇ ئۇلغايماقتا ئىدى... كىشىلەر ئورغاقلىرىنى تاشلاپ ئوت ئۆچۈرۈشكە باشلىدى. ئوتنى ئۆچۈرۈپ شەرۋانەمنىڭ كۆلگە ئايلىنىۋاتقان ئەجرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا تىرىشتى. بىراق، يېقىن ئەتراپتا سۇ بولمىغانلىقتىن، ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىش ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى. شۇ ئارىلىقتا بېشىدىن ئانچە - مۇنچە ئىش ئۆتكەن كىشىلەر ئەقىل ئىشلىتىپ تاغار، ھۆل شاخ - شۇمبا دېگەندەك نەرسىلەرنى تەرەپ - تەرەپتىن ئوتقا تاشلاپ، يېلىنجاۋاتقان ئوتنى ئاخىرى ئۆچۈرۈۋېلىشتى. ئوت بىر مو يەردىكى بۇغداينىڭ بىر قىسمىنى يالماپ بولغان بولۇپ، قوشنا ئېتىزلارغا تۇتىشاي دەپ قالغان ئىدى. كىشىلەر قاپقارا كۆلگە ئايلانغان بۇغدايلارغا قاراپ ئېچىگە تىنىپ قېلىشتى. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ دەپ سوئال نەزىرىدە شەرۋانەمگە قاراشتى.

— بايا بۇغداي ئورىۋاتسام غوجىخان سېكرېتار مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن ، — دېدى شەرۋانەم يىغلاپ، — ئېتىز بېشىدا تۇرۇپ تاماكا چەككەن، مەن روزىگۈلنىڭ قېشىغا سۇ ئىچكىلى كەتكەندە، مۇشۇ يەردە تۇرغاندەك قىلغان. ئۇ ياقتا بىر ئوتلام سۇ ئىچىپ كېلىمنى نەمدەپ بولغىچە، بۇ ئىش يۈز بەردى!

غەزەپكە تولغان كۆزلەر ھەر تەرەپكە قاراشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ سېكرېتارى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

## 23

نۇربۇۋىنىڭ شەھەرلىك يەڭگىسىگە بەكمۇ ھەۋىسى كەل-

دى. بىلىنەر ـ بىلىنمەس سۇس گىرىم، كۆلۈپلا تۇرىدىغان چاقناق قارا كۆزلەر، باغدىكى قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىدەك يېقىملىق ئاۋاز، چىرايلىق گەپلەر... ئۇ شەھەرلىك ئاياللارنى هالى ئۇستۇن ، ئادەم ياراتمايدۇ ، بولۇپمۇ يېزىلىقلارنى زاڭلىق قىلغىلى ئاران تۇرىدۇ ، كىيىم ـ كېچىكى كونىراق ئادەملەرگە گەپ قىلغاندا گاس ـ گاچىغا گەپ قىلغاندەك هەم ئۈنلۈك هەم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، قاش ـ كۆزلىرىنى ئۇچۇرۇپ هەتتا شەرەتلەپ گەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇ خانىم يەڭگىسى ئۇنداق ئەمەسكەن.

قېيىنئانىسى بىلەن باغدا ئۆرۈك تېرىۋاتقان نۇربۇۋىنىڭ خىيالىغا خېلىدىن بېرى ئاشۇ يەڭگىسى كىرىۋالدى. ئەمما ئۇ تۇنجى يۈز كۆرۈشكەن بۇ يەڭگىسىنىڭ غۇلجا دېگەن يۇرتىنىڭ پارىڭىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىككى قېتىم كۆزىگە ياش ئالغىنىنى چۈشەنمەيلا قالدى . شۇنداق سۆلەتلىك ئېرى، ئوماق باللىرى تۇرۇپ نېمىشقا يىغلايدىكىن تاڭ ...

— ئانا ، — دېدى نۇربۇۋى تېخىچە ئانا دېيىشكە كۆنەلمەيۋاتقان تىلى بىلەن قېيىنئانىسىنى چاقىرىپ، — راھىلە ئاچام نېمىشقا كۆز يېشى قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ يەرلىك ئەمەسمۇ ؟

— هاي بالام ، — دېدى ئاغىچىخان ئۇلۇغ تىنىپ، — ئۇ قىزىمنىڭ توققۇزى تەل، تۇرمۇشتا غېمى يوق. ئەمما ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى غۇلجىدا، سېغىنغاندا بارالمىغان، بارغاندا قېنىشالمىغان. شۇڭا يىغلايدۇ، بالام.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — نۇربۇۋى تېخىمۇ هەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قالدى.

— دەپ كەلسەك بۇ ئۇزۇن بىر گەپ بالام ، — دېدى ئاغىچىخان ئۆرۈك تۈۋىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇپ، — يەڭگەڭنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، ئۇنىڭ دادىسى رازىق ئاخۇن بىزنىڭ ئاراتاۋاتلىق هەم مېنىڭ نەۋرە ئاكام بولاتتى. هېلىقى يامان يىللاردا رەھمەتلىك بوۋام يەر تېرىپ، ئۇلاغ باقانغا، قورسىقىنى تويغۇزۇپ پاكىز كىيىپ يۈرگەنگە پومېشىك قالپىقىنى كىيىپ تارتىپ چىقىرىلىپتۇ . ئادەم بولۇپ ئانىسىدىن تۇغۇلغانغا تويغۇزۇلۇپ، ئاخىر ئۆلتۈرۈۋېتىلىپتۇ. بوۋام ئۆلۈپ كېتىپ بۇ دۇنيانىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن بالىنىڭ چوڭى بولغان رازىق ئاكام بىلەن يالغۇز ئىگىچىسى بالاغا قاپتۇ. ئۇلارنى پومېشىكنىڭ كۈچۈكلىرى دەپ كۆرسەتمىگەن كۈنى قالماپتۇ . دەرد ـ ئەلەم، تاياق ـ توقماققا چىدىمىغان رازىق ئاكام ئاخىرى ئىگىچىسىنى ئېلىپ قومۇئاۋاتقا ئاپىرىپ، يىراق بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويۇپ ئۆزى كېچىلەپ قاچقانچە يۇرتتىن چىقىپ كېتىپتۇ. نەدە جاڭگال، نەدە ساي بولسا شۇ يەردىن مېڭىپ مارالبېشى، ئاقسۇ، كۇچادىن ئۆتۈپ ئاخىرى توقسان نەچچە كۈن بولغاندا تۆشۈك تاغ ئارقىلىق ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇ يىللاردا ئالتە شەھەر تەرەپتىن قېچىپ ئىلىغا بارغان مۇساپىرلار جىقكەن. رازىق ئاكام ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ غۇلجىدا تىرىكچىلىك يولىغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر ـ ئىككى يىل تۇرۇپ يۇرتىنىڭ قۇم ـ توپىسىنى، باللىق، ياشلىق ئىزلىرى قالغان مەھەللىسىنى سېغىنغان رازىق ئاكام شىمال تەرەپلەرنىڭ بىر ئاز تىنچىغانلىقىغا قاراپ يەنە يۇرتىمىزغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. نۇرغۇن هەرەج تارتىپ يۈرۈپ بىر كېچىسى يەنە ئۆز مەھەللىسىگە كەپتۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن قۇچاقلاشقىنىچە هازا ئېچىپ يىغلاپ دىدارلىشىپتۇ. ئەمما بۇ يەردە ئا-



تۆتىنچى ئېراغا سەپەر

دەملەرنىڭ يەنىلا ئىت ـ مۈشۈك بولۇپ تالىشىپ ـ تاتىلىشىپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى هامان قارا كۈنلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ يەنە كەينىگە يېنىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، رازىق ئاكام ئىلى دەرياسىنىڭ بويلىرىغا يەرلىشىپ قاپتۇ . ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ پەرزەنت كۆرۈپ، ئاۋۇپتۇ.... زامان ئۆڭشىلىپ، دېهقانلارنىڭ قولى ئانچە ـ مۇنچە پۇل كۆرگەندىن كېيىن غۇلجىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ تېپىشتۇق. ئۇلارمۇ كەلدى ، بىزمۇ باردۇق... يۇرت مېهرى دېگەن ئاجايىپ بولاركەن بالام، رازىق ئاكام تۇنجى كەلگەندە مۇشۇنداق ئۆرۈك پىششىقى كۈنلەر ئىدى، بىچارە ئاكام قېرىپ، چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ كونا هويلىسىنىڭ ئورنىدا، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلغان يەرلەردىكى خامانلىقتا، بىز ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن سۈيىنى ئىچىدىغان قۇمئۆستەڭ بويلىرىدا كېچە ـ كېچىلەپ تۈنەپ چىقتى. بالىلار: «هۆي تاغا، شامال تەگكۈزىۋالىسىز، پۈتۈن ئەزايىڭىز تۇپا ـ تۇماندا بۇلغىنىپ كەتتى » دېسە، «ئارامىمدا قويۇڭلار، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەرنى قانغۇچە هىدلىۋالاي » دەپ ئىسسىق تۇپىغا بېشىنى قويۇپ ياتتى، كۆز ياشلىرى بىلەن تۇپراقنى نەمدىدى. بىر ياز تۇرۇپ ئاخىرى بىر كۆزى بالا ـ چاقىلىرىدا، يەنە بىر كۆزى ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن تۇپراقتا هەسرەت ئىچىدە كەتتى... شۇنداق بېرىش ـ كېلىش قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئابدۇراخمان ئاكىڭىز بىلەن يەڭگىڭىز ئۈرۈمچىدە بىللە ئوقۇپ قالسا بولىدۇ. ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ، دېگەندەك تېخى بىر ـ بىرىگە كۆيۈك تارتىشىپ قاپتۇ! ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى رەسمىي سورۇنغا چىققاندىن كېيىن دادىڭىزنىڭ بېشىدىن تۈ-





تۈن چىقىپ كەتتى. ئابدۇراخمان ئاكىڭىزغا: «ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن قىز تاپقاندا، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قانچىلىك جاپا تارتىدىغىنىنى، چىقىمدار بولىدىغىنىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ بالام» دەپ ناهايىتى كايىپ كەتتى. غۇلجىدىكى تۇغقانلارمۇ جىق تالاش ـ تارتىش قىلىشىپتۇ ، «سەن ئاپاڭنى، هەدەڭنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنى سېغىنمامسەنمۇ» دەپ راهىلە قىزىمغا تاپا ـ تەنە قىلىشىپتۇ. لېكىن رازىق ئاكام يۈرىكىدە بىر ئۆمۈر يانغان يۇرت مېهرى سەۋەبلىك ئۇنى بىزگە بالا قىلىپ بەردى. ئۇ تويدىن كېيىن قىزىنى ئۇزىتىۋاتقاندا: «سېنىڭ يۇرتۇمدا يىلتىز تارتىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ، يۈرىكىمنى تىنىمسىز كۆيدۈرۈۋاتقان ئوت پەسلەۋاتقاندەك قىلىدۇ قىزىم، دەپتۇ ...»

— ئىتتىك ـ ئىتتىك بولىڭا ئانا ، — قۇرۇق سېۋەتلەرنى كۆتۈرگەنچە باغ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلگەن هاپىز قېيىنئانا بىلەن كېلىنىنىڭ مۇڭدىشىشىنىڭ بېلىگە تەپتى ، — گۆلە ئىسلايدىغانلارنىڭ قولى بەك بېسىقكەن، قالغان ئۆرۈكلەرنى بالدۇرراق ئاپارمىسام قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ قالسا، بىكار يول مېڭىپ قالىمەن.

— ئەمدى قالغان ئۆرۈكلەرنى ساتماي، ئۆگزىگە ئاچىقىپ گۆلە قۇرۇتايلى بالام.

— گۆلىنى يېگەنلەر يا پۇل بەرمىسە، سېتىپ پۇل قىلايلى!

— ئەجەب پۇل، پۇللا دەپ كەتتىڭىز بالام ، — دېدى ئاغىچخان ئوغلىدىن ئاغرىنىپ، — بۇ قېتىم ئاپارغىنىڭىزنى نەچچە پۇلغا ساتتىڭىز؟

— 45 كويغا ! — دېدى هاپىز خوتۇنىغا بىر قاراپ قويۇپ.

— ۋايجان، شۇنچە ئۆرۈكنىمۇ؟ سېۋەت ـ سېۋەت ئۆرۈكلەر هارۋىغا لىق كەپتىكەنغۇ؟!

— 150 كىلوگىرام كەلدى شۇ، كىلوسى ئۈچ موچەندىن بولغاندا...

— ئۈچ موچەندىن پەقەت ئۆرلىگىلى ئۇنىمىدىمۇ؟ ئاكىڭىزنىڭ دېيىشىچە، شەھەردىكى جامە ئالدىدا كىلوسى ئۈچ كويدىن كام ئەمەسمىش، تېخى بىزنىڭ ماۋۇ چولپان، جانان، خۇۋەينى ئۆرۈكتەك خىلىراق بولسا تۆت ـ بەش كويدىن ئىتتىك ساتقىلى بولارمىش ... بىزنىڭ بۇيەردىكى گۈلچىلەر ئەجەب..

— خەقمۇ شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ، لېكىن بىزنىڭ ئارائاۋات شەھەرگە يىراق بولغاندىكىن ئامال يوق. تېخى نېسىي دەپ تۇرۇۋېلىشلىرى بار...

— هەم شاپاق نەرقى، هەم نېسىي ساتقىچە ئۆگزىگە ئاچىقىپ گۈلە سېلىۋېتىڭلار بالام ، — دېدى خامان تەرەپتىن ئارا كۆتۈرۈپ كىرگەن ئاباسخان باغدا پەيدا بولۇپ، — قىشچە گۈلە ئېشى ئىچىمىز ، شەھەردىكى ئۆكىلىرىڭىز يەر.

— بەلەن گەپ قىلدىلا ، — دېدى ئاغىچىخان ئېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — ئانچە ـ مۇنچە گۈلە ـ قاق، ياڭاق ـ بادام قۇرۇتۇپ ساقلاپ قويمىساق ئۆيگە مېهمان كېلىپ قالسا، مەن قولۇمنى كەسكەندەك بولۇپ چۆرگىلەپ قالىدىكەنمەن. نەۋرە ـ چەۋرىلەرمۇ ئادەمنىڭ قولىغا قاراپ قالىدىكەن.

— تېيفۇن جىرىڭلىدى، تېيفۇن جىرىڭلىدى! — هويلا تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كىرگەن نەۋرىسىنىڭ گېپى ئاباسخان، ئاغىچىخانلارنىڭ پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇلار قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، باغنىڭ هويلىغا قارايدىغان ئىشىكىگە يۈگۈ-





رۈشتى...

— هاۋا قىزىدۇ سەن، ئاغرىپ قالماي ساق تۇردۇڭمۇ بالام؟ ! — هەممىدىن بۇرۇن تۇرۇپكىنى ئالغان ئاغىچىخاننىڭ ئاۋازى تىترەپ، كىرپىكلىرى نەملەشتى، — قاچان كېلىسەن جېنىم بالام... كېلەر هەپتىنىڭ ئاخىرىدا يولغا چىقىدىغان بولدۇڭلارما؟...

— كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتىمۇ؟ ئەكىلىڭلار تېلېفوننى ، — ئاباسخان قىزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ كېتىپ، خوتۇنىنىڭ قولىدىن تۇرۇپكىنى ئېلىۋالدى ، — تېچلىقمۇ بالام؟ تېچ ـ ئامان تۇردۇڭما؟ قورسىقىڭ ئاچ ـ توق قالماي، ئۇچاڭ يېلىڭ قالماي، يات يەردە خەقتىن يامان گەپ، يامان تىل ئاڭلاپ ئالماي تېنىڭ ساق، كۆڭلۈڭ ئازادە تۇردۇڭما؟ ئاناڭ ئىككىمىز ئولتۇرساق ـ قوپساق سېنىڭ غېمىڭدە يۈرىمىز، تولا چاغلاردا سېنى چۈشەپ قالىمىز. مۇشتەكتەك تۇرۇپ يېنىمىزدىن ئايرىلىپ كەتتى، غېرىبسىنىپ قالدىمىكىن دەپ ۋايىم يەپلا يۈرىمىز...

— ئەكەلسىلە تېلېفوننى ، — ئەمدى ئاغىچىخان ئېرىنىڭ قولىدىن تۇرۇپكىنى تارتىۋالدى، — كېچىدىن بېشىڭنى تاراپ ئولتۇرۇپ چۈشەكەپ قاپتىكەنمەن... بىچارە شۇمىنىڭ بېشى تاراقسىز قېلىپ پىت ـ جانىۋار بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ كۆڭلۈم غەش يۈردۈم. بېشىڭنى كىم تاراپ قويدى بالام؟ هېلىقى جىگدە يېلىمىنى چىلاپ ئىشلىتەلىدىڭمۇ؟

— ئەكىلىڭلار خوتۇن تېلېفوننى... نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسىلە، سىلىمۇ...

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن يېنىدىكى نەۋرىلىرى ئويۇن تالىشىۋاتقاندەك تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولدىن ـ قولغا ئۆت-

كۈزۈپ خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. توققۇز بالىنىڭ ئوتى توق-
قۇز خىل دەپ، باشقا ئوغۇل - قىزلىرى يېنىدا تۇرسىمۇ، ئاتا
بىلەن ئانىنىڭ يەنىلا بالىنىڭ كىچىكى بولغان يىراقتىكى
قىزى ئۈچۈن يۈرىكى كۆيۈپ كاۋاپ بولاتتى. نۇربۇۋى كۆز ئال-
دىدىكى بۇ ھاياجانلىق مىنۇتلارغا قاراپ قېيىنسىڭلىسىنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ باقتى. بىراق ئۇنى تېخى
كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئانچە ياخشى تەسەۋۋۇر قىلالماي، بېيجىڭدا
ئوقۇۋاتقان ئىنىسى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. «ئەجەب بىر توغرا
كېلىپ قاپتىغۇ، يۇسۇپ شۇ يىلى ئوقۇشقا ماڭىدىغان چاغدا
بىزنىڭ يېزىدىن ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا
تاللانغان بىر قىز بالىمۇ بار، دېگەندەك قىلغان. شۇ قىز مۇشۇ
قېيىنسىڭلىم بولسا كېرەك... ئۇلار ئىككىسى بىر سىنىپتا
ئوقۇيدىغان بولۇپ قالمىسۇن يەنە ...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن
ئۆتكۈزدى ھەم تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ قېيىنسىڭلىسى بىلەن
تونۇشقۇسى، ئۇنىڭدىن مەكتەپىدە يۇسۇپ دەيدىغان قۇمئاۋات-
لىق بىر بالىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپ باققۇسى كەلدى.

## 24

پىننەخاننىڭ ھېچ ئىشقا رايى بارمىدى، قورساق كۆپۈكى
ئۆرلەپ، ئىچ - ئىچىدىن يىغا قاپساپ چىقتى. «مەن بۇ ئۆيگە
كېلىن بولۇپ كىرىپ نېمە خوۋلۇق كۆردۈم، بىر نەچچە قۇر
تويلۇق كىيىم، ئاشۇ قارىداپ قالغان مايماق ئالتۇن زىرىدىن
باشقا كىيىم كىيىپ باقتىممۇ، مۇنچاق چاغلىق نەرسە سېلىپ
باقتىممۇ، مۇز چىراي قېيىنئانامنىڭ قاپىقىغا قارىماي كۆڭ-
لۈم تارتقىدەك تاماق ئېتىپ يېيەلىدىممۇ؟! خۇدانىڭ قۇتلۇق





كۈنى ئەزان ئېيتىلغان ھامان ھۇسىيناخۇن دېگەن گاچا مېنى
نوقۇپ، تۇرتۇپ سىلكىشلەپ ئويغىتىۋېتىدۇ. ئوچاق بېشىغا
چىقىپ تاھارەتكە سۇ ئىسسىتقىن، قورساقتا ناشتىلىق تەي-
يارلا، دەپ ھەيدەيدۇ. چالا ئويقۇچىلىقتا مەڭدىگەنچە چىقىپ
ئوچاققا ئوت ياقىمەن. كېۋەز شادىسى تۇزۇك كۆيگىلى ئۇنىماي
تۈتۈن ياندۇرۇپ كۆزلىرىمدىن ياش ئالىدۇ... سۇ ئىسسىتىپ
بولغاندىن كېيىن ناشتىلىق ئاش ئېتىمەن. ئاش ئېتىپ بىر
پادا ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن قاچا
يۇيىمەن، يۇندا تۆكىمەن. كۈن قىزىل بولغىچە ئاشۇنداق يۈگ-
دىكەشلىك قىلىپ بىكار بولغاندىن كېيىن بىر دەم ئۇھ دەپ
پۇت - قولۇمنى سۇنالماي، يوغان تاغارنى كۆتۈرۈپ قوناقلىق-
مۇ قوناقلىق ئوت ئالغىلى ماڭىمەن. قوناقلىقتا شەبنەم كې-
چىپ يۈرۈپ ئوت - چۆپ يۇلىمەن. ئوت چىڭدالغان باداڭ تا-
غارنى ئىنجىقلاپ مۇشەققەت تارتقانچە كۆتۈرۈپ ئاران ئۆيگە
ئەكەلسەم، ئۇ خوتۇننىڭ قىلچىلىكمۇ مىننەتدارلىقى يوق، يەنە
تېخى يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ: قوناقلىقتا ھايال بولۇپ قالدى-
لىيا پىننەخان، سىلە ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى نەۋاق بولدى،
شۇنچە ۋاققىچە قوناقلىقتا نېمە ئىش قىلدىلا؟ دەپ قاپىقىنى
سوزۇپ غوتۇلداپ كېتىدۇ... چۈشتىن كېيىن ئېغىلدىكى قار-
نى تويمىغۇر ئۆلۈمتۈكلەر يەنە مۆ!... مە!... مۆ!... مە! ... دەپ
ھويلىنى بېشىغا كەيگىلى تۇرسا، ئۇ خوتۇن تەكىيدىن بېشىنى
كۆتۈرمەي: پىننەخان بالام، كالا - قويلار سىلىنى سېغىنىپ
كېتىپ مەرىشىۋاتامدۇ - نېمە...، دەپ تەنە گەپ قىلىپ، مېنى
يەنە ئوت ئالغىلى قوناقلىققا قوغلايدۇ... چۈشتىن كېيىن
داۋاملىق مۇشۇنداق قوناقلىقتا تەرلەپ - پىشىپ ئوت ئالى-
مەن، كەچتە يوغان كاساڭدا خېمىر يۇغۇرۇپ، ئۇ قارنى بالالار-

نىڭ تويماس قورسىقى ئۈچۈن لەگمەن ئېتىمەن، قاچا يۇيىمەن، يوندا تۆكىمەن ... بۇ خەقكە كېلىن بولۇپ كىرىپ يۈزۈم ئېچىلغان سائەتتىن باشلاپ بىر دەم ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ باققان يېرىم يوق. تېخى يەكشەنبە كۈنلىرى قىزلىرى، ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرى قوي پادىسىدەك چۇۋۇلدىشىپ بىر كەلگىلى تۇردىغان بولسا، كۆرۈڭ كارامەتنى، شۇ خەقكە قازان ئېسىپ بولالماي، تاماق ئېتىپ بولالماي، يوندا تۆكۈپ بولالماي بېلىمنى ئالالمايلا قالىمەن. ئۇ خوتۇن ئۆزى كۆرپىدىن چۈشمەي: پىننەخان بالام ئانى قىلسىلا، پىننەخان بالام مانى قىلسىلا، دەپ ئايال پادىشاھتەك ئىشقا بۇيرۇيدۇ! روزىگۈل ئاچام دېگەن چوكان توققۇز يىلغىچە قېيىنئانام بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قانداق چىدىغانىدىكىن تاڭ! ئۇنى دېسىڭىز ئۇ يەڭگەم ماڭا ئوخشاش مىس - مىس، ياۋاش ئەمەس، ئاغزى تاتلىق، لولا - ھىلىگەر... قېيىنئانامدەك خوتۇنلارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىققىلى ئۇستا. ئىشقىلىپ ئالتە - يەتتە ئاينىڭ ياقى ھېچبىر چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئېرىم دېگەن گاچامنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ ئوبدانلىقىنى دېمىسەم، بۇ خەقنىڭ ئۆيىدە بىر كۈنمۇ ئولتۇرغۇم يوق! خېلىدىن بېرى بىرەر قېتىم شەھەر - بازارغا ئاپىرامدىكىن دېسەممۇ ئاپارمىدى. ئالتۇن زىرەمنىغۇ ئۆگشىتىپ بەرمىدى، مانا ئەمدى ئۇ خوتۇن: ھە دېسىلا ئوغلۇمنى گاچىدىن - گاچىغا سېلىپ تىللايدۇ، دەپ ماڭا توقۇناق گۇناھتىن بىرنى تاپتى. قىرىچە - يېنىچە تېگىپ، گەپتە چېقىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئەر - خوتۇن دېگەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنچىلىك گەپ بولمامدۇ ئەمدى. ئەر دېگەنگە ئىچىمىز كۆيۈپ مەستلىكىمىز كەلگەندە، كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلۈپ خۇشلىقىمىز تۇتقان پەيتلەردە ئاشۇنداق گاچا، بوقا دەپ ئەركىلەي-





مىزغۇ، ئايال خەق دېگەن... ئەمدى يەنە كۆزۈمگە كىرىشىۋېلىپ بىر نېمە دەپ باقسۇن قېنى، بىر ئۆلگۈچە جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ ئاغزىمنى بۇزۇپلاۋېتەرمەن، تازا !...»

— ھەي... ھەي... قوناقلىقتا كىرىۋېلىپ كىمگە پىچىرلاۋاتىسەن، ئەزجە كۆككۆل؟!

— ئانا !... —. پىننەخان قورقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئېرىنى كۆردى. ھۆسىيناخۇن شۈبھىلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىنى ماراپ كەلگىنىگە تېخىمۇ قورساق كۆپۈكى بولۇپ چىرقىراق ئاۋازدا تۇۋلاپ كەتتى ، — كىمدىن گۇمان قىلغان بولساڭ شۇنىڭغا پىچىرلىدىم، بېشىڭنى يېگۈر! ئىچىمگە دەرد، خاپىلىق پاتماي يۇرسەم، ئالۋاستىدەك شەپە چىقارماي يېنىمدا پەيدا بولۇپ ھەجەپ قورقۇتىۋەتتىڭغا، مېنى!

— شۇ چاغقىچە نېمە ئىش قىلدىڭ، قۇرۇق تاغار تېخىچە قۇرۇق تۇرىدىغۇ، ئالغان ئوت - چۆپلىرىڭ قېنى؟

— قېنىكىن، تاڭ!

— ما ساراڭنى... ھوي نېمە بولدى ساڭا، قوناقلىقتا ئۇخلاپ قېلىپ جىن ئۇلىشىۋالدىمۇ-يا؟ — ھۆسىيناخۇن يوغان كۆزلىرىنى ئالغايتىپ، كالىدەك پۇشۇلداپ تىنىدى. ھەيۋە بىلەن خوتۇنىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى ، — ھە، نېمە ھۆ... گېپىڭنى ئوچۇق قىلە!

— قايسى گەپنى ئوچۇق قىلىمەن ، — پىننەخان سەل قورقۇمسىراپ كەينىگە داجىدى.

— ئەمىسە نېمە ئىش قىلدىڭ شۇ چاغقىچە، سەن قوناقلىقتا كىرىپ كەتكىلى نەۋاق؟

— مەن بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

— ھوي مەن سېنى خوتۇن قىلىپ ئالغان، نېمىشقا كارىم بولمايدۇ؟!

— كارىڭ بولمىسۇن، خوتۇن قىلىدىغان چاغدا يادىڭغا يەتكەن بىلەن، ئۆيدە ئارام ئالىدىغان، قورسىقىمغا تاماق، ئۇچامغا كىيىم بېرىدىغان چاغدا كارىڭ بولمىغاندىكىن، ئەمدى ئەسلا كارىڭ بولمىسۇن!

ھۆسىناخۇننىڭ كۆز چاناقلىرى تېخىمۇ كېڭەيدى. خوتۇنىنىڭ بىردىنلا تىلى ئۇزىراپ قالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدىن تاپىنىغىچە باشقىدىن قاراپ چىقتى. پىننەخاننىڭ تۇرقىدا ھېچبىر ئۆزگىرىش يوق، يەنە شۇ قوناق قولاقلىرىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن توپىدا رەڭگىنى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن ھال رەڭ گاز ياغلىق، ھاۋارەڭ گىرىپ كۆڭلەك، تاسمىسى چالا - پۇلا ئۈزۈلۈپ كەتكەن قىزىل شىپىلداق كېپىش... ئۇنىڭدا ھېچبىر يېڭىلىق يوق ياكى يوغان گەپ قىلغانغا تۇشلۇق پېشانىسىدە مۈڭگۈزى يوق. «ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە، ياكى باياتىن بېرى بىكار تەلەپ ئىش بۇزۇقى، ئۆي بۇزۇقلىرىدىن بىرەرسى كېلىپ، قوناقلىقتا ئۇنىڭ قولىقىغا شىۋىرلاپ گەپ ئۆگىتىپ، قورسىقىنى ئېسىپ قويدىمۇ - يا؟ ئەگەر شۇنداق قىلغىنىنى كۆرۈپ قالسامغۇ مەندىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۇرۇپ - دۇمبالاپ قاش - قاپىقىنى كۆكەرتىپ، مۆكەر يېرى سامانلىق قىلىۋېتەرمەن!» ئىچ - ئىچىدىن بوقسۇپ چىققان ئاچچىق ھۆسىناخۇننىڭ ئىچىگە پاتماي قالدى، چوقاتماقتەك مۇشتۇمىنى جىم تۇتالماي ھاۋادا پۇلاڭلاتتى. ئەمما ئۇ ئۆينىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋاتقان بۇ خوتۇنىنى ھېچبىر ئاساسسىزلا ئۇرۇپ - دۇمبالاپ قويۇشنىمۇ خالىمايتتى. شۇڭا ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن





كېيىن، خوتۇنىنىڭ قورسىقىدا زادى نېمە چوت سوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سورىدى:

— قورسىقىڭلارنىڭ غومىنى ئوچۇق بىر دەڭلا خوتۇن، ئەجەب ئۆزەڭلىچە بەيدىغان، كىيىدىغانىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدىڭلار... ياكى ئۆيدە بىرسى سىلىنىڭ ئالدىڭلاردىكى ئاشنى تارتىۋېلىپ، ئۇچىڭلاردىكى كىيىم - كېچەكلىڭلارنى سالدۇرۇۋالدىمۇ - يا؟

— ئەمىسە دەپ باقە، سەن مېنى خوتۇنلاپ نىكاھىڭغا ئېلىپ ئۆيۈڭگە ئەكەلگەننىڭياقى ئۆزەڭچە ۋاي خوتۇن، ماۋۇ ئىككى تال قۇرتلۇق جىگدىكەن، ئاغزىڭلارغا سېلىپ بېقىڭلار، ماۋۇ بىر تامبالىلىق چىتكەن، چىرايلىقىنە كىيىڭلار، دەپ باققان يېرىڭ بارمۇ؟!

— ھا...ھا...ھا...ھا... — ھۆسىناخۇن قوناقلىقنى بېشىغا كىيىپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — پىننەخان بىرەر يېرىم ئېچىلىپ قالدىمىكىن دەپ خۇدۇكسىرەپ ئالدى - كەينىگە ئىتتىكلا بىر قاراپ قويدى.

— كۆڭلۈڭلار شۇ يەردىمىتى، مەن ئاتايىن قۇرتلۇق جىگدە بىلەن كۆڭۈل ئىزدىمىسەممۇ، ئۇ سىلىدە بار نەرسە. لاتا - پېتىنىڭ گېپىگە كەلسەك، ئىككىمىزنىڭ تويى بولۇپ بىر نەچچە ئايدا سىڭلىمىزنىڭ تويىغا تۇتۇش قىلغان بولغاچقا، ئۆيدىكىلەر بىزەرە چىقىمدار بولۇپ قېلىپ، دادامنىڭ قول ئىلكىدە پۇل يوق بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇزاققا قالماي خامانىنى ئالساق، ئانچە - مۇنچە ئاش - ئوزۇق ساتساق پۇل پەيدا بولىدۇ... كۆزلۈككە يەنە خۇدايىم پاختىنىڭ بەرىكىتىنى بەرسە...

— يەنىچۇ... يەنە تۆگىنىڭ بويى ئاسمانغا يەتسە، قۇيرۇقى

يەرگە تەگسە... — پىننەخان ئېرىنىڭ گېپىگە لوقما سېلىپ، غەلىتە بىر ئاۋازدا ئۈنى دورىدى.

— ما ۋات - ۋات قانجۇقنىڭ زوۋانىغا بىر سالىمەن ھېلى! — ھۈسىيناخۇن ئۆزىنى دوراپ زاڭلىق قىلىۋاتقان خوتۇنىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى، — بىر چىرايلىق گەپ قىلىۋاتسام، شاتۇتىدەك بىر نېمىلەرنى دەيدۇ - يا بۇ! ھەي كىمىڭنى كۆزگە ئىلمايسەن، سەن؟

پىننەخان قولىدىكى ئوتىغۇچنى تاشلاپ ئېرىنىڭ ئالدىدىن قاچتى:

— سەن گاچا ماڭا ھۆرت - پۆرت قىلغان بىلەن، بەرىبىر ئاناڭنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايسەن! شۇڭا مېنىڭ ھېرىپ ئۆلۈپ كېتىشىم بىلەمسۇ، تۈل خوتۇندەك ساڭگىۋاراڭ كىيىملەرنى كىيىشىم بىلەمسۇ چاتىقىڭ يوق. ئىشەنمىسەڭ ھالىنى ئېشەك تارتالمايدىغان ھېلىقى يەتمىش پۇشتىلىرىڭنىڭ بوينىغا سېلىۋالغان ئالتۇنلىرىغا، ئېرى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرسىمۇ ئەرگە دۈم چۈشكەن سىڭلىڭنىڭ كىيىۋالغان چىكەن، دۇخاۋىلىرىغا قاراپ باق! مەنمۇ شۇلارغا ئوخشاش كۆڭلۈم، چىرايىم، تەقى - تۇرقۇم بار خوتۇنمەن... ئاناڭ خوتۇن ئۆزىنىڭ قىزلىرىغا كەلگەندە خەق بىلەن روبىرو دېيىشىپ سېرىق سىنىتىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ، ماڭا كەلگەندە قىل ئۆتكۈزمەيدۇ... ئەمدى تۇتە ئۆيۈڭنى، يۈنداڭنىمۇ ئۆزۈڭ تۆك، پاداڭنىمۇ ئۆزۈڭ باق ، كېچىلىرى يالغۇز ئۆيدە چۈپۈر، توڭرۇق بېسىپ كەتكەن تىزىڭنى قۇچاقلاپ يات!

ھۈسىيناخۇن يامان گەپ، تىل - ئاھانەتتىن گويا باش - كۆزىگە چالما - كېسەك ياغقاندەك تۈگىشىپ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۆزىدىن نەچچە ئون قەدەم يىراقلاپ غىل - پال قارىسى





كۆرۈنۈپ تۇرغان خوتۇنى كىنولاردا پىلىموت تاتاتىلىغاندەك تاتاتلاپ بىر هازا گەپ ياغدۇرۇپ، ئىچىدىكىنى تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە قوناقلىقتىن غايىب بولدى.

— ھەي توختىغىنە قانجۇقھەي ! — خېلى بىر چاغدا ئۆز ئەسلىگە كەلگەن ھۈسىيناخۇننىڭ دوكۇلداپ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى تىل - ئاھانەت دەستىدىن قاتتىق مۇجۇلدى، — سەن تۈزكور خوتۇن مېنىڭ ئانام، ئاچام ، سىڭلىم... يەتمىش پۇشتۇمنىڭ بىرىنى قويماي قوشۇپ قاماپ تىللاپ كەتتىڭا ! — ئۇ ئەلەم دەستىدىن «ۋاسسىدە » يېرىلىپ كەتمىدى، يەرگە كىرىپ كەتمىدى، ئەمما ئاندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى بولدى. بېشىدىكى چىمەن گۈللۈك ئاق شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ھەر تەرەپكە پىتىرىغان بۇقىدەك خوتۇنىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئىچ - ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئاھانەت دەستىدىن ئەسەبىيلەشكەنلىكتىن قانلىرى قىيان ياسىدى. چىڭ تۈگۈلگەن توقماقتەك مۇشتۇمى ھەريان ئۇچۇپ ھاۋادا پۇلاڭلىدى. دىرىلداپ تىترىگەن پۇتلىرى نەچچە غۇلاچ يەرنى بىر چامداپ يەردىن - يەرگە قاڭقىدى... «توۋا، ھالال لەۋزىڭ بىلەن تۈز چايناپ ھەقلەپ نىكاھىڭغا ئالغان بىر خوتۇن - ھە... ئۇزاق كېچىلەردە يۈرىكىڭنى يۈرىكىگە يېقىپ قۇشلاردەك شىۋىرلىشىپ چىققان لېۋەن خوتۇن - ھە! بىر كېچە ئايرىلىپ بىر - بىرىڭنى كۆرمەي قالساڭ يولىغا تەقەززا بولغان ئوتى يامان خوتۇن - ھە! قاچان قورساق كۆتۈرەرمەن، قاچان تۇغۇپ بېرەرمەن، ئىتتىكرەك بالىمىز بولسا... دەپ قورسىقىنى سىلاتقۇزغان كۆيۈشلۈك خوتۇن - ھە! بىر - بىرىمىزگە ئۆمۈرلۈك ئەقىدە قىلىپ، ھەققى - ھۆرمىتىمىزگە قارا سانىماي مەڭگۈ بىللە ياشاپ، بىللە كەتسەك دەپ ئارمان قىلغان ھالال خوتۇن

— ھە! سېنىڭ ئاناڭنى، يەتمىش پۇشتۇڭنى چىشلەپ تارتقان خوتۇن شۇمۇ؟! » ھۇسىناخۇن توسۇن ئاتتەك چاپچىپ، يوغان مۇشتۇمىنى بازغانچىدەك ھەريان ئۇراتتى، خېمىر پىشۇرغاندەك ئالدىغا كەلگەنلىكى نەرسىنى پىتىقلايتتى.

## 25

مەھەللە ئارىسىدىكى ئېتىزلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە نېرىدىكى قۇم بارخانلىرى بىلەن بەسلەشكەندەك دۆۋە - دۆۋە خامانلار كۆزگە چېلىقاتتى. ھەسەن خالۋاپقا ئوخشاش ئىشقا پىشقان، ئۆز ئىشىغا پۇختا دېھقانلار ئاللىقاچان خامانلىرىنى تېپىپ بولغان. بىر قىسىم قاششاق، پېتى بوشلار بولسا ئەمدىلەتىن ئەنجى ئېلىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئېگىز ئورنى قونىقىنى تېرىش ئىشلىرىنى قىلغاچ خامان تېپىش ئۈچۈن تراكتور ئىزدەپ چېپىشىپ يۈرەتتى.

چۈشتىن كېيىن تىنجىق ھاۋادا غۇر - غۇر شامال پەيدا بولدى. خامان پەسلىدە شامالنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن دېھقان قولىدىكى نېنىنى كەتكۈزۈۋەتكەن دېھقان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق دېھقاننىڭ خامىنى سورۇلۇپ - چېچىلىپ قۇشقاچقا يەم بولغاننى ئاز دەپ، ئاخىرى يامغۇردا قالىدۇ. يامغۇردا قالغان بۇغداي قارمۇق بولۇپ كېرەككە كەلمەيدۇ. خاماننىڭ بىر چېتىدىكى كەپىدە نەۋرىسىگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتقان ھەسەن خالۋاپ ئۈلگىيىۋاتقان شامالنى كۆرۈپ دەس ئورنىدىن تۇردى ۋە بېرىپ بۇغداي ئارىسىنى قولىغا ئالدى. «بىسمىللا» دەپ بىر ئارا تېپىلگەن بۇغداينى ئاسمانغا ئاتتى. شامالدا بۇغدىيى موما تۇۋۇنگە، سامىنى سەل نېرىغا ئۇچۇپ چۈشتى.





— دادا، دادا، ھاي دادا! خوتۇنۇم يامانلاپ كەتتى، ئاينا!

— نېمە دېدىڭلا؟

— پىننەك ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى، دەيمەن!

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ... ئۆزىچە يامانلاپ كەتكىلى بېشى ئىششىپ قاپتىكەنمۇ، ئۇنىڭ؟!

— تاڭەي، ئوت ئالىمەن دەپ تاغارنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ قوناقلىققا كېتىپتى...

— نەدىكى قوناقلىققا؟

— دۆڭلۈكتىكى ئاق يەر قونىقىغا...

— ئانام خوتۇنۇڭنىڭ كەينىدىن بېرىپ ماراپ باق دەپتى، تۈيدۇرماستىن كەينىدىن ئىز قوغلاپ بارسام، قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆزنى مايمۇندەك قىزارتىپ ئولتۇرىدۇ. نېمىگە خۇيى تۇتۇپ قالغاندۇ ئۇ مايماقنىڭ دەپ گەپ سورىسام، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، دەپ بىر تاغار يامان گەپ قىلىۋاتىدۇ.

— نېمە دەپ يامان گەپ قىلدى؟ — نازىلىخاننىڭ چالا ئۇخلاپ ئىششىپ چىققان قاپاقلىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، — بىزنى قوشۇپ - قاماپ تىللىدىما؟!

— يا... ياق، — دېدى ھۇسىناخۇن خوتۇنىنىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ كەتكەنلىرىنى دېگۈسى كەلمەي، — مېنى تىللىيالايتتىمۇ، ئۇ ئىنجىمارۇق! شەپە چىقارماي يېنىغا بارسام، شامال دارىپ سۆزلەپ قالغان ئادەمدەك ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشىپ كەتتى. تاغارمۇ قۇرۇق، بىر قولتۇقمۇ ئوت ئالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن گېپىڭ بولسا ئوچۇق قىل، دەپ ئالدىمغا بىر چاپچىسام، مەندىن ھۈركۈپ پاتىراقشىپ قېچىپ، كونا خاماننىڭ ئالۋاستىسىدەك كۆزۈمدىن غايىب بولدى. كەينىدىن قوغلاپ

ئۆيگە كەلسەم ئالدىغاننى ئېلىپ، ماڭىدىغان يەرگە مېڭىپ بولۇپتۇ!

— نېمىنى ئاپتۇ، نەگە مېڭىپتۇ؟ — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئارىنى يەرگە سانچىپ قويۇپ.

— لاتا - پېتە، ئۇيا - ئەڭلىك... ھەممە نېمىسىنى ئاپتۇ، يوغانلا بىر بوخچا قىلىپ چىگىپتۇ، ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ... ئانىسىنىڭ جايىغا ماڭدىمىكىن دېدىم.

— ئالتۇن زىرىسىچۇ؟ — دېدى نازىلخان پۇتى كۆيگەن توخۇدەك جىم تۇرالماي.

— تاڭەي...

— ئەستاغپۇرۇللا، ئۇنىڭغا نېمە جىن تەگكەندۇ ئەمدى... سەن قاتتىق - قۇرۇق بىر نېمە دېگەنمۇ - يا؟

— مېنىڭ بېشىم ئىششىپ قالمىسا تۇرغان تامغا ئۇسىكىلى...

— ئەمىسە قورسىقىدا نېمە غومى بارلىقىنىمۇ دېمىگەنمۇ؟ — دېدى نازىلخان تۆت ئەتراپتىكى ئېتىزلىقلارغا ۋە خامانلارغا زەن سېلىپ قاراپ.

— شۇ، ئالتۇن زىرەمنى ياستىپ بېرىڭ، دەپ قەغىشلىك قىلاتتى.

— نېمە ئالتۇن زىرىدى ئۇ ؟ — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئوغلىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ، — نىم بولاپتىكەن ئۇ بىر نېمىسىگە؟

— نىم بولا، ئېشەك دەسسىۋېتىپتىكەن ! — دېدى نازىلخان بويىنىدا شاپتۇل قېقىپ، — جىندەك بىر نېمىنى قۇلىقىغا جايلاپ سالالماي ماكچايتىپ قويغان لەقۋا چوكان شۇ ھالىغا يەنە ئالتۇن غەلۋىسى قىلىدۇ. ھەتتا مەن بىلەنمۇ بەسلىشىپ





ئۇستۇۋاشلىرىمغا چەكچىيىپ قاراپ كېتىدۇ...

— ھوي، ھوي!... تۆت بالىغا ئانا بولۇپ كېلىن، كۈيئوغۇل، نەۋرە كۆرگەن ئايال كىشىدەك گەپ قىلىڭلار مەزلۇم ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ خوتۇنىغا ئاچچىقلىنىپ، — ئادەم بىر ئىشنىڭ سەۋەب، نەتىجىسىنى سوراۋاتسا، نېمە ئانداق تايىنى يوق گەپ قىلىسىلە... نېمىكەن ئۇ لەقۋا دېگەن گەپ؟!

نازىلخان ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى كۆرۈپ، ئاغزىنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما ئاغزىنى مىتىلدىتىپ، كۆڭلىدىكى نارازىلىقىنى يوشۇرالماي قالدى.

— گېپىڭلارنىڭ ئايىغىنى دەڭلا ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ھۇسىيناخۇنغا قاراپ ، — ھېلىقى تويلۇق ئالتۇن زىرىسىنىڭ گېپىمىدى؟

— شۇ.

— كۆڭلىدىكى گېپىنى دېگەندىكىن، ۋاي خوتۇن دەپ كۆڭلىنى ئىزدەپ، زەرگەرگە ئاپىرىپ ئوڭشىتىپ بەرسەڭلار بولماسمىدى.

— شۇ، تۇزۇك پۇل بولمىسا...

— دۇنيا بىر نېمە كەتمەستى، ياكى ئوغلاقتىن بىرەر - ئىككىنى ئاپىرىپ سېتىپ پۇل قىلاتتىڭلا.

— قولىمىزغا پۇل پەيدا بولغاندا بىر گەپ بولار دەپتىكەنمەن، دادا.

— سىلىگە خوتۇن بولغان ئادەمنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق كۆڭلى، دەيدىغان گېپى بار بالام، ھېلىمۇ بىزگە كېلىن بولۇپ كىرگەننىڭ بۇ تەرىپىدە تۆشۇكلۇك، ئۇلاغ - ئىلمەكنىڭ ئىشىنى قولىغا ئالدى. غىڭ - پىڭ يوق ئىشلەۋاتىدۇ. مۇنداق قارىسام، ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يوقسىزلىقنىڭ دەردىنى جىق تار-

تىپ، ئىشقا پىشقان بالىكەن، بىزگە بەك ئىشلەپ بېرىۋاتقان. خېلى - خېلى خەقنىڭ قىزىنىڭ ئۇنچىلىك چىقمىغى تەس...

— ئۆزىنىڭ ھالىغا بېقىپ بولار شۇ، بوسۇغىسىنى چىت باسقان تۇل خوتۇننىڭ قىزى بولغاندىكىن، كۆرۈۋاتقان كۈنىگە شۈكۈر قىلسا بولىدۇ! — دېدى نازىلىخان يەنە زەھەردەك گەپ قىلىپ.

— ئەمما زە... ما خوتۇننى! سىلى گەپنى - گەپكە قولاشتۇرامسىلە يا قولاشتۇرمامسىلە؟ — ھەسەن خالۋاپ كەكە ساقىلىنى تۇتاملاپ خوتۇنىغا چېچىلدى.

— ۋاي بولدى گەپ قىلمىدىم، ئارزۇلۇق كۆز مۇنچاقلىرىغا بەك ئىچ ئاغرىتىپ كەتتىلە خۇددى... ئادەمگە يېنىچە قارايدىغان ئەلەس كۆزلىرىگە ئىچى كۆيەمدىكىن تاڭ! — نازىلىخان غوتۇلدىغىنىچە خاماننىڭ چېتىدىكى كەپىگە ماڭدى.

ھەسەن خالۋاپ بىكارلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شامالغا گەپ قىلغاندەك بىر ئاھاڭدا:

— ۋېلىسىپىتكە مىنىپ كەينىدىن قېيىنئاناڭلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقامسىلىكى، بالام، — دېدى.

— تۇرغاچ تۇراي ، — دېدى ھۆسىناخۇن بېشىنى چايقاپ، — ياكى مەن ئۇرۇپ - سوقۇپ يامانلىتىپ قويمىغاندىكىن.

— نېمىشقا؟ ئاراڭلار يىراقلىشىپ قالسا، بىر - بىرىڭلاردىن مېھرىڭلار كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلۈڭلارغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالىدۇ، بالام.

— مەيلى، كۆڭلى سوۋۇپ قالسا، قىزىغاندا بىر گەپ بولار ، — ھۆسىناخۇننىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە خوتۇننى ئۆزىگە ھېلىقىدەك يامان گەپلەرنى قىلار،





بولۇپمۇ ئانىسى بىلەن ئىنگىچە - سىڭىللىرىنى چىشلەپ تارتار دەپ ئويلىمىغان. گەرچە ئۇ خوتۇننىڭ ئوساللىق قىلغىنىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىنالمىغان بولسىمۇ، ئاڭلىۋالغان ئاھانەتلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە توساتتىن تىل - ئاھانەت ياغدۇرىۋەتكەنلىكىنى چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئېيتىشنى خالىمىغان بولسىمۇ، ئىچىدە ناھايىتى خاپا ئىدى. خوتۇننىڭ ئالۋاستىدەك چاچلىرىنى چۇۋۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئانىسىغا، ئاچا - سىڭىللىرىغا تىل تەگكۈزگەن چاغدىكى ئوساللىقىنى ئويلىماي دېسىمۇ سىيالىغا كىرىۋالاتتى. دادىسىنىڭ: «سىلە ئەركەك بولغاندىكىن كەڭ قورساق بولۇڭلار، نېمە بولدۇڭلار خوتۇن، نېمىگە خاپا بولۇپ قالدىڭلار؟ دەپ ھالىنى سورىغاچ ئىككى سەكرەپ كەينىدىن بېرىپ بېقىڭلار» دەپ زورلاشلىرىغا ئۇنىمىدى.

شامال توختاپ، ھاۋا - جاھان دىمىقلىشىپ كەتتى. سامان ئۇچماي دان بىلەنلا مومىنىڭ تۇۋىگە چۈشۈۋالغاندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن ئۈن - تىنسىز خامان سورۇغان ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ قولى ئىشتىن توختىدى. ئۇلار يىراقتىكى قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئارىسىغا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قارىغانچە ھارغىن، جانسىز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ، ئۆيىگە ياندى، كۈن ئولتۇرۇپ ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېپىلىۋاتقاندا، ئارقا ھويلا تەرەپتىكى باغ ئىشىكى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

كۆڭۈلسىز بىر كەچ بولدى. ئېغىلدىكى قوي - كالىلار «مە، مۆ... » لىرى بىلەن ھويلىنى بېشىغا كەيگەن، دەل - دەرەخ، شاخ - شۇمبا ئارىسىدىكى ھويلا - ئاراملارغا قاپسىلىۋاتقان پاشا - كۇمىتىلار ئادەمنىڭ يۈز، بويۇن، بىلەك، ئىشقى-

لىپ ئوچۇق قالغانلا يېرىنى چېقىپ، كىشىگە ھېچبىر ئارام-
چىلىق بەرمەيتتى. ھويلىدا كۈندىكىدەك كەچلىك تاماق ئۈچۈن
چۈچۈتۈلگەن ياغنىڭ مەززىلىك پۇرىقى يوق، نازىلخان ئەمدى
تېخى مەھەللىدىكى ناسۇسلۇق قۇدۇقنىڭ باسمىقىنى يۇقىرى
- تۆۋەن بېسىپ سۇ چىقىرىپ بولالماي ھاسىراپ تۇراتتى.
بۈگۈن شۇنچە كەچ بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۆينىڭ ئوچې-
قىنىڭ كۈلى تارتىلمىغان، قالغۇلۇق ئۈچۈن ئۆگزىدىن شادا،
قازانغا توغراش ئۈچۈن باغدىكى ئوتياشلىقتىن كۆكتات ئەكى-
رىلمىگەن، خېمىرمۇ يۇغۇرۇلمىغان بولۇپ، خاماندا ئىسسىپ
قالغان سۇ بىلەن قېتىقنى ئىچىۋېرىپ يەل پەيدا بولۇپ قالغان
قورساقلار پاقا كىرىۋالغاندەك كۇركىرايتتى.

قاراڭغۇ چۈشتى. نازىلخان تۇتەك چىقىرىپلا تۇرغان كې-
ۋەز شادىسىنىڭ ئوتىنى كۆيدۈرەلمەي، يۆتىلىپ قېقىلىپ
كەتتى. ھۇسىيناخۇن كۆك ئوتقا ئۇگىنىپ قالغان ئۇلاغلارنىڭ
كونا سامانىنىڭ ھەلىپىگە قاراپ قويماي ھەدەپ مەرەش - مۆ-
رەشلىرىنى بېسىقتۇرۇپ بولالماي خۇيى تۇتۇپ قالدى. شۇ
چاغدا ھويلىدا چوڭ كېلىن روزىگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئانا، بولدى، يانمىغان ئوتنى پۈۋلىمەيلا قويسىلا.

نازىلخان مورىنىڭ ئىچىدىن بېشىنى كۆتەردى:

— قانداق دەيلا بالام؟

— تاماقنى بىزنىڭ ئۆيدە يەيلى، دەپ كىردىم.

— ۋۇيىيەي، بۇ... — نازىلخان دۇدۇقلاپ قالدى. كېلىنى-
نىڭ تولا يۇيۇلۇپ ئۆڭۈپ كەتكەن پەشتامىسى بۈگۈن ئۇنىڭ
كۆزىگە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈندى.

— كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغدىمۇ ھەممىلىرى خاماندا تۇر-
غاندەك قىلىشتىلا، ياسىنمۇ چوڭ ئانام ئاش ئەتمىدى دەيدۇ،





شۇڭا كەچتە جاپا تارتىپ يۈرمىسۇن دەپ ھەممەيلەنگە ئاتاپ
مەنلا قازان ئاستىم. شەرۋانەم ئاچامۇ چىقىدىغان بولدى.

— مەيلى ئەمىسە ، — نازىلخانغا بۇ گەپ بەكلا ياقتى.
كىچىك كېلىنىدىن ئاغرىنىپ قالغان كۆڭلى «لەپپىدە » كۆ-
تۈرۈلگەندەك قىلدى. كېلىن بولسا مۇشۇنداق بولسا، دەپ ئوي-
لىدى ئىچىدە.

— ھازىرلا ماڭايلى ئەمىسە. ۋوي راست، دادام بىلەن يەڭ-
گەم پىنىنەخانچۇ؟

— دادىلىرىنىڭ نامازشامدىن يانىدىغان ۋاقتى بولدى.
يەڭگىلىرى... ھە ... ھىم ... ئۆھۆ... ئۆھۆ... — نازىلخان
ھويلىدىن چىققاچ گەپنىڭ ئايىغىنى يۆتەل بىلەن يۇتىۋەتتى.
دەرۋازا ئالدىدا بالىلىرىنىڭ دادىسىنى كۆرۈپ گەپنى بۇرىدى ،

— يۈرسىلە، يۇنۇس ئاخۇن بالام بىزنى تاماق يەپ چىقسۇن دەپ
روزىگۈلخاننى چىقاتىپتۇ.

ھەسەن خالۋاپ چوڭ كېلىنىنى كۆرۈپ سەل يەڭگىللەپ
قالدى ھەم كۆڭلىدە بۈگۈن ئوغلىمىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇشقا چو-
لىسى تەگكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئەتىگەندىن كەچكىچە خامان،
ئېتىزدا چېپىپ يۈرۈپ ھارغان - ئاچقان بولغاچقا، باچكا گۆ-
شى توغراپ ئەتكەن لەڭمەننىڭ ئاچچىقسۇ، مۇچلىرىنى تەڭ-
شەشكىمۇ ئالدىراپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى.

رەڭلىك تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىۋاتقان تۈگىمەس دورا
ئېلانلىرى ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەيتتى. ياسىن بىلەن
روشەننىڭ قەغىشلىك قىلىشىدىن باشقا ھېچكىممۇ بىرەر ئې-
غىز گەپ قىلمىدى. بولۇپمۇ گەپ قىلىپ ھارمايدىغان ھۇسىي-
ناخۇن دانلاققا چۈشكەن خاماندا جۈپتىدىن ئايرىلىپ قالغان

دەمدەردەك شۈمشىيىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئىككى چىنە لەڭمەننىڭ كەينىدىن بىر چىنە سوغۇق سۇنى ئىچىۋېتىپ گارت - گۇرت كېكىرىپ قويۇپ زەدىۋالغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— يۇنۇس ئاخۇن مۇشۇ چاغقىچە پەيدا بولمايدىغۇ ؟! — دېدى قورسىقىنى توقلاپ پۈت - قولىغا ماغدۇر پەيدا بولغان ھەسەن خالۋاپ بىرئاز جانلىنىپ.

— ئۇ ئالدىراش ، — دېدى روزىگۈل قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرىۋېتىپ، — بۇنداق چاغدا ئۆيگە كېلەلمەيدۇ.

— كۈندۈزى تۈگىمەيدىغان نېمە ئىش بار. بۇنداق چاغدا نەدە بولسىمۇ ئۆيگە كېلىپ خوتۇن، بالىلىرى بىلەن چىرايلىق ئولتۇرۇپ تاماقنى يەپ، ئەتە يورۇق جاھاندا بىر ئىش قىلسا بولمامدىغاندۇ.

— بىچارە بالام ئۆيۈم، بالام دەپ ئاشۇنداق كېچە - كۈندۈز تالادا چېپىپ يۈرۈيدۇ ، — دېدى نازىلىخان ئېغىر ئۇھسىنىپ.

— كەچتە كەلسە سەمىگە سېلىپ قويسىلا بالام، ئەتە ئەتىگەندە ماڭا بىر يولۇقۇپ ئاندىن ئىشىغا ماڭسۇن.

— ماقۇل دادا.

ھەسەن خالۋاپ بالىلىرىنىڭ داستىخىنىغا بەركەت، ئۆيىگە قۇت تىلەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغالدى.





# بەشىنچى باب

## 26

ئاباسخان ياز نەۋقىران بولغان مۇشۇ ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەردە ياغ پۇرىتىپ، خاماندا چىراغ قىلدى. دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ئۆز ئەجرىنىڭ بەرىكىتىنى تىلەپ خامان ئۇستى. خامان ئالماق شەھەر ئالماق دەپ، شۇنچە ئىشلارنى تۈگەتكىچە ئاپتاپتا كۆيۈپ چىرايى مىس رەڭگە كىردى. جاپا دەستىدىن ئورۇقلاپ، گۆشلۈك ئىڭەكلىرى ئېتىنى شۈمۈرۈۋالغان ئۆرۈكتەك سولىشىپ خالتىلاشتى. ئەمما خامان ئۇسۇۋاتقاندا ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەت ئىز چەككەن چىرايىدا يەنىلا شۈكۈر - قانائەت ئىپادىسى ئەكس ئەتتى. ئۇ 13 مو يەرنىڭ بۇغدىيىدىن 232 چارەك ئاشلىق چىققانلىقىنى تەخمىن قىلدى. بۇنىڭدىن غەللە - پاراق ئۈچۈن 56 چارەك بۇغداينى ئايرىۋەتكەندىن كېيىن قالغان 176 چارەك بۇغداينى تاغارلاپ ھويلىغا توشۇپ، قازناق ئۆيدىكى ئوقۇرغا تۆكۈپ جايلاشتۇردى. سېرىقتال كۈنلەردە ئاش - ئوزۇقى يېتىشمەي ئۆتنە - يېرىم قىلغانلار قايتۇرۇپ بەرگەن بۇغدايلارنىمۇ ئۇدۇل ئەكىرىپ ئوقۇرغا تۆكتى.

— ھەممىنى ئەكىرىپ قازناققا تىقىۋەرگىچە، قورسىقىمىزغا تۇشلۇق ئەپقېلىپ قالغىنىنى بازاردىكى ئاشچىلارغا ساتساق بولمامدۇ ، — دېدى ھاپىز شۇنچە كۆپ بۇغدايغا كۆزى تويۇپ قالغاندەك، — ھازىر بۇغداينىڭ چارىكى ئازغىنە كەم

توقۇز كويى بولۇۋېتىپتۇ.

بىكار بولغان تاغارلارنى قېقىشتۇرۇپ قاتلاۋاتقان ئابباسخان ئوغلىغا «لەپپىدە» بىر قاراپ قويدى ۋە ئېغىزىنى ئاچتى:

— ھاماقەت بولماڭلار جوما، بالام!

ھاپىز دادىسىنىڭ ئاچچىقلىنىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. قايسى گەپنى خاتا قىلىپ سالغاندىمەن دەپ، دادىسىغا تارتقان قوش قاپىقىنى چىمچىقلىتىپ قالدى.

— مەن ئادەم بولۇپ مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە ئاش سېتىپ باي بولغان دېھقاننى كۆرۈپ باقمىدىم بالام. ئويلاپ بېقىڭلار، بىز بىر چارەك بۇغداينى توگمەنگە ئاپىرىپ ئۇن تارتىپ ئەكەلسەك، ئۇنىڭ ئۇنىدا ئاناڭلار لەڭمەن ئېتىپ، ئاشقىنىدا ئوچاققا كۆمەچ كۆمۈپ داستىخانغا ئاچىقسا، جەددى - جەمەتىدمىزنى بىر قېتىم كەڭ تاشا مېھمان قىلىشۋالغىلى يېتىدۇ. كېپەكلى ئۆلاغلارغا بوغۇز بولىدۇ. ئەمما ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ توقۇز كويغا ساتساق، پۇلىغا ئىككى چىنە لەڭمەن كەلمەيدۇ. بىز شۇ بىر چارەك بۇغداي ئۈچۈن تۆت پەسىل ئېتىزدا ئۆمىلەيمىز، ئورۇق بولۇپ يەرگە كۆمۈلىمىز، ئۈچەككە كىرىپ توڭلايمىز، مايسا بولۇپ ئۇسسايمىز، ھاللاپ سارغىيىمىز، ئوت - ئاتەش بولۇپ كۆيىمىز. شۇڭا ئاشۇ بىر چارەك بۇغداينىڭ ھەر بىر تال دېنىدا بىزنىڭ قان - تەرىمىز بار. دېھقاننىڭ يانچۇقىدا پۇلى بولمىسىمۇ، قازنىقىدا ئاشلىقى بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا تەڭگە تەڭ تارازىلاپ ئالتۇن بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ ئاش - ئوزۇقنى ساتقۇلۇق ئەمەس!

— ئۆزىمىزنىڭ قورسىقىدىن ئېشىنىۋاتىمىزغۇ، يەنە ھەر يىلى ئەتىيازدىن ئورمىغىچە مەھەللە - چاقادىكىلەر «ئوزۇق -





تولۇكۇم توگەپ قاپتى» دەپ خورجۇن - قاپلىرىنى كۆتۈرۈشۇپ كىرسە ئۆتنە - يېرىمگە بېرىۋاتىسىز، يەنە بەزىلەرگە دۇئا قىلدۇرۇۋاتىسىز.

— بۇنىڭ ھۆكۈمى باشقا بالام، ھاجەتمەنلەرگە ئۆتنە - يېرىم قىلغانغا ئاش - ئوزۇقنىڭ بەرىكىتى بىللە يانىدۇ!

ئابباسخان ئاشلىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە قىزىشىپ سۆزلەۋاتقاندا ئۆينىڭ تېلېفونى سايراپ كەتتى. ھويلىدا ئۆزىگە لايىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ھاپىلا - شاپىلا تېلېفوننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. تېلېفوندىن ھاۋانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋاھ، قارلىغاچتەك يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن بۇ ئارزۇلۇق قىز ئۇرۇمچىدە بېيجىڭنىڭ پويىزىدىن چۈشۈپ، قەشقەرنىڭ پويىزىغا ئالمىشىپتۇ. شۇ ماڭغانچە ئەتە سەھەردە كېلىپ بولىدىكەن! يۈرەكلەر ئۇنى سېغىنغان ئىدى. كۆزلەر ئۇنىڭغا تەشنا بولغان ئىدى، شۇڭا ھەممەيلەن شادلاندى. ئۇنى قانداق كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا ئويلاندى.

— مەن ھازىرلا شەھەرگە ماڭاي، — دېدى ئاباسخان ئۇستۇۋېشىدىكى توپا - توزانلارنى قېقىشتۇرۇپ، — ئابدۇراخمانلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، ئەتە سەھەردە ئۇلار بىلەن پويىز ئىستانسىسىغا ئالدىغا چىقاي.

— مەنچۇ؟ — دېدى ئاغىچخان ھاياجان بىلەن.

— سىلە ئۆيدە تەييارلىق قىلىڭلار... كالا سېغىپ قېتىق ئۇيۇتۇڭلار، تونۇرغا ئوت سېلىپ زىغىر يېغىدا قاتلىما يېقىڭلار. باللار باغ ئارىلاپ يەل - يېمىش قاقسۇن، قوغۇنلۇققا چىقىپ قوغۇن پىششىقداپ قويسۇن...

— ھە راست، شۇنداق قىلاي بولمىسا، — دېدى ئاغىچە-

خان ئەقلىنى تاپقاندەك قىلىپ، — ھاردۇق ئېشى ئۈچۈن نېمىگە تەييارلىق قىلسام بولار؟

— باچكا گۆشىدە ئۇگرە ئاش ئېتىڭلار، ھاردۇقنى باسىدۇ.

ئابباسخان مەھەللە دوقمۇشىدىكى ساتىراشخانىغا چىقىپ، ھەپتىلەردىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن چاچ - ساقاللىرىنى پاكىز چۈشۈرتكۈزدى، زىناقلىرىغا بىر كەلگەن بۇرۇتىنى ياساتتى، ئاندىن پاكىز يۇيۇغلۇق ئاق كۆڭلەك، قارا كۆك ئىشتان، بازارلىق ئايىغىنى كەيدى، ئاخىرىدا يالتىراق خالتا بىلەن ئوراپ، ئۆينىڭ تۈۋرۈكىدىكى قوزۇققا ئېلىپ قويغان كۆك بادام دوپپىسىنى كىيىپ يولغا چىقتى ۋە يېزا بازىرىدىن شەھەرگە قاتنايدىغان ماشىنىغا چىقىپ ئۇزاپ كەتتى.

ئاتا - ئانىنىڭ غېمى يەنىلا بالا غېمىكەن. ئابباسخان ئولتۇرسا - قوپسا بالىلىرىنىڭ غېمىنى يەيتتى. ئۇ ئادەتتە كۆڭلىرىنى بازاردا ئۆتكۈزگەندەك قىلغان بىلەن ھە دېسىلا پىكىر - خىيالى بالىلارنىڭ غېمىگە كېتەتتى. چوڭ ئوغلى ئوقۇغان، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېچبىر ئوشۇق - تۆشۈك گېپى يوق، ئۆزىنىڭ تاپقان لايىقى بىلەن توينى قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئۆينى ئۆي قىلىپ ئىككى بالىغا دادا بولدى. كېلىنىمۇ تەربىيە كۆرگەن، كېلىشىملىك، ئېسىل ئائىلىنىڭ قىزى بولغاچقا، سەككىز - توققۇز يىلدىن بېرى ھېچقانداق چىش ئاغرىقى، باش ئاغرىقىنىڭ گېپى يوق، ئۆينى گۈلدەك تۇتۇپ كەلدى. ئەمما غېمى يوق ئادەم بار دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ قاراشقا ئۇلار ھېچنېمىدىن قىسىلمايدىغاندەك، غەمسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، تا ھازىرغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيى يوق ئىدى. ئۇلار مەكتەپنىڭ قورۇسى-





دىكى ئىككى ئېغىزلىق تار ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا سېلىنغان سوۋېت بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى بۇ ئۆيلەرنىڭ لاي لەمپىسى تۆكۈلۈپ، ھېلىلا ئادەمنىڭ بېشىغا چۈشىدىغاندەك خەتەرلىك بولۇپ قالغان ئىدى. ئابدۇراخمان ھەمىشە ئۆينىڭ غېمىنى يەيتتى. ئايلىق ئىش ھەققىدىن كۆپرەك پۇل يىغىپ ئۆي ئېلىپ، ۋاقتىدىراق بېشىنى ساقايتىۋېلىشنى ئويلايتتى. ئابباسخان بولسا ئۇنىڭغا بىر زېمىنلىك ئۆي ئېلىپ بېرىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئۆي ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئۆيىدەك شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جامەنىڭ ئۇدۇلىدا — ئاۋات جايدا بولمىسىمۇ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېڭى بىنا بولغان مەھەللىلەردە بولسىمۇ بولاتتى... جامە ئالدى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن تەڭ ئابباسخاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قالدى. رەھمەتلىك ئاتا - بوۋىلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ بۇرنى ئېچىشتى... ئۇنىڭ بوۋىسى جامە ئالدىدىكى چوڭ زېمىندارلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا شەھەردىكى كاتتا بايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئالەم - جاھان مالىمان بولۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقاندىن كېيىن ئۇلار يەر - زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. چوڭلار ئۆلۈپ تۈگىدى، كېيىنچە كىچىكلەر يېزىغا كۆچۈپ دېھقان بولدى. ئابباسخان شەھەرگە كىرگەندە جامەنىڭ قارشىسىدىكى ئاشۇ ئېگىز بىنالارنىڭ ئالدىدا توختاپ بىر ھازا تۇرۇپ كېتەتتى. ئاۋات رەستىدىكى دۇكان، سارايلىق كەڭرى ھويلىسىنى، باي - باياشاتلىق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى... ئوغلىنى شۇنداقراق يەرلەردىن زېمىندار قىلىپ قويالىسا ئابباسخاننىڭ ئارمىنى قالمايتتى. ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىمۇ خۇش بولغان بولاتتى. لېكىن ھازىر نەچچە مىليونلاپ پۇل

بولمىسا ھەرگىزمۇ بازارنىڭ كۆزىدىن زېمىنغا ئىگە بولغىلى بولمايتتى.

ئابدۇراخماننىڭ ئېيتىشىچە، شەھەرنىڭ چەت - چۆرىسىدىن زېمىنلاپ يەر سېتىۋېلىش ئۇچۇنمۇ يۇزمىڭ كويلاپ پۇل كېتەرمىش. بۇگۇنكى كۇندە شەھەر پۇتۇنلەي پۇلدارلارغا سېتىلىۋاتقانمىش!

ئاباسخان ئوتتۇرانچى قىزىدىن ئانچە غەم يەپ كەتمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ خىيالى ھاپىزغا كۆچتى. ئۇنىڭ بۇ ئوغلى خوتۇن ئالغاندىن كېيىنمۇ كىچىكلىكىنى تاشلىماي يۇرەتتى. ئۆي نېمە، خوتۇن نېمە، ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، بىرنى ئىككى قىلاي دېمەيدۇ. دوست - يار، ئاغىنە دېسە جېنىنى بېرىشتىن يانمايدۇ. ئوينايدىغان، يەپ - ئىچىدىغاننىڭ گېپى چىقسا قانات چىقىرىپ ئۇچىدۇ، ئىچىپ - چېكىدۇ. ئىچىۋالغاندىن كېيىن گېلىدىن ئۆتكەن نەرسە ئىچىگە پاتماي ياۋا توڭگۇزدەك ھەر يەرگە چاپتۇرىدۇ. مەھەللە - كويلاردا ئىش تېرىيدۇ، ئۆيگە كېلىپ خوتۇنىنى دۇشكەلەيدۇ، چوڭلاغا كۆڭۇل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ.... مۇشۇ بالا چوڭ بولۇپ ئادەم بولغىنىنى تويغان بولسا، دېھقانچىلىقتا يانداپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتسا، خوتۇنى بىلەن چىرايلىق ئۆي تۇتسا دادىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالغان بولاتتى.

## 27

ئابدۇراخماننىڭ كۆڭلىنى غەم تۇمانلىرى ئىسكەنجىلەپ تۇرغاندا، راھىلە كۇرسنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى.





— نېمە بولدى، تازا ئېچىلىپ كېتەلمەيسىزغۇ ؟ — دەپ سورىدى راھىلە ئېرىنىڭ بىسەرەمجان كۆزلىرىگە قاراپ.

— يەنە شۇ ئولتۇرىدىغان ئۆيىنىڭ غېمى ، — دېدى ئابدۇراخمان بېشىنىڭ تېرىسى كۆرۈنگىدەك قىلىپ قىسقا ياسىتىۋالغان چاچلىرىنى سىلاپ ، — ئەتىيازدا يېڭى مەكتەپ مۇدىرى كەلگەندىلا ئولتۇراق ئۆي بىناسى سالىدىغان گەپ چىقىدى، قۇيرۇقىنى كۆتەرگەن موزاي ھامان قىلغۇلۇقىنى قىلىپتۇ دەپ، بۇ ئىش ئاخىرى چىڭىغا چىقتى!

— ئۇنچە غەم قىلغىدەك ئىشلار يوقتۇ، باشقىلار كىرگەن كېچىككە بىزمۇ ئەل قاتارى كىرسەك بولىدىغۇ.

— ئۇنىڭدا گەپ يوق، ئەمما ھازىر دەۋاتقىنى بىنانى مۇشۇ كونا ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا سالىدىكەن، 7 - ئاينىڭ 15 - كۇنىگىچە كۆچمىسەك بولمايدىكەن. يەنە تېخى بىنا ئۆيگە تىزىملىتىدىغانلار 80 مىڭ سومدىن پۇل تەييارلايدىغان گەپكەن. بۇنچە جىق پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ راھىلەنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى. بىر - ئىككى مىڭ سوم ئايلىق ئالىدىغان ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن بىر تەرەپتىن تۇرمۇشىنى قامداپ، بىر تەرەپتىن ئۇنداق كۆپ پۇلنى يىغىش ئاسان گەپ ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ نىكاھى جەنۇب بىلەن شىمالدىن رىزىق تاپقان بولغاچقا، تويىنىڭ چىقىملىرى ئېشىپ كېتىپ، ھەر ئىككىلىسى توي قىلىپ ئىككى يىلغىچە توي ئۇچۇن ئۆتنە - يېرىم قىلغان قەرزىنى تۆلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇت، بالا باقماق، ھەر يىلى يازدا غۇلجىغا بارماق دېگەندەك ئىشلار بىلەن ھېچقانچە پۇل تېجىيەلمىدى...

ئۆي ئىچى سۇكۇتكە چۆكتى. پەقەت ئاپىسىنى سېغىنىپ كەتكەن بالىلارنىڭ غەمسىزلىك ئىچىدە ئاپىسىنىڭ بوينىغا

ئىپسىلىپ سۆيۈشلىرىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

— ئىلگىرى ئۆي سېتىۋالغانلار ئۇنچە كۆپ پۇل خەجلىمىگەندەك قىلمىغان، بىزنىڭ مەكتەپ ئەجەب كۆپ پۇل ئالىدىغان بىر گەپنى دەپتىغۇ؟ — سورىدى راھىلە.

— ئۇ دېگەن پاراۋانلىق تىپىدىكى ئۆيلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلىمىمۇ كىچىك ئىدى. ھازىر ئولتۇراق ئۆي ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپى بويىچە پاراۋانلىق ئۆي سېلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپتۇ. شۇڭا ئۆي سېتىۋالساق بازاردىكى تاۋار ئۆيلەرنىڭ باھاسى بويىچە سېتىۋالىدىكەنمىز.

— كۆلىمىچۇ؟ ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكى توغرىسىدا بىر نېمە دېدىمۇ؟

— كۆلىمى 90 كۇۋادرات مېتىردىن 100 كۇۋادرات مېتىرغىچە ئىككى خىل ئىكەن، دېيىشىۋاتىدۇغۇ باشقىلار.

— ئۇنچىلىك چوڭ بولسا، بازاردىكى تاۋار ئۆيلەرگە قارىغاندا ئەرزانكەن، سىرتتىكى ئۆيلەرنىڭ باھاسى ئادەتتە ھەر كۇۋادرات مېتىرى مىڭ سومدىن تۆۋەن ئەمەسكەن، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا مەكتەپ يەنىلا ئەرزان دەپتۇ...

— يەر مەكتەپنىڭ بولغاچقا شۇنداقكەن.

— ئامالنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى ئابدۇراخمان، قانۇنلۇق بىر ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قولىمىزغا ئالمىغىچەغۇ ھامان بېشىمىز ساقايمايدۇ.

— مېنى ئويلىمىدى دەمسەن، ئولتۇراق ئۆي ئىستېمال قەرز پۇلى ئېلىشتىن تارتىپ، قەرز پۇلنى قانچە يىلدا قايتۇرۇپ بولۇشقىچە ھەممىنى ئۇقۇشتۇم. لېكىن بۇ ئىش ئاسان ئەمەستەك قىلىدۇ. قەرز پۇلنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكلىمىسى 40 مىڭ سوم بولىدىكەن، يەنە 40 مىڭ سومنى نەق تاپشۇرىدىكەن-





مىز. مېنىڭ ئىش ھەققىمنى قەرز پۇل ھېسابىغا ئالدىن ئالدۇق دېگەندىمۇ، قالغان نەق تاپشۇرىدىغان 40 مىڭ سومنى قانداق قىلىمىز؟ قارىسام، ئامانەت كارتىمىزدىكى ئېشىنچا پۇلىمىز بەش مىڭ سومغىمۇ يەتمەيدىكەن. يازلىق تەتىلدە بالىلارنى غۇلجىغا ئاپىرىپ ئاپاملارنى يوقلاپ كېلىمىز، دەپ ۋەدە قىلىپ قويغان.

ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. راھىلەنىڭ مۆلايىم كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى ياش بىلەن نەمدەلدى، بىر ھازاغىچە ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئۆي دېگەنمۇ بىر ئائىلىنىڭ بۆشۈكى، ئۇنى ھامان ئالمىساق بولمايتتى. لېكىن بۇ بىزگە بەك بالدۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ. يەنە بىر نەچچە يىل ئىشلەپ ئاز - تولا پۇل يىغىۋالغاندىن كېيىن بۇ گەپ چىققان بولسىمۇ ئېغىر كەلمەيتتى.

— بولمىسا بۇ ئىشنى دادامنىڭ مەسلىھەتىگە سېلىپ، پىكرىنى ئېلىپ باقايلى.

— ئۇنى دېسەك، ياردەم قىل دېگەنلىك بولىدۇ، شۇ.

— دادام ئۆزىمۇ شەھەر ئىچىدىن زېمىن ئېلىپ بەرگىسى بارلىقىنى ئېيتقان.

— ئۇ — دادامنىڭ ئارزۇسى. ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىسىغا، ئىلگىرىكى باي - باياشاتلىق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىگە بولغان سېغىنىشى، راھىلە. لېكىن ئۇ نەچچە مو يەرگە قاراپ جان بېقىپ كەلگەن بىر دېھقاندا نەدىمۇ ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولسۇن. مەن بىزنىڭ ئائىلىدە بىردىنبىر مائاشلىق كادىر تۇرۇپ دادامغا ياردەم قىلالمىغىنىمغا خىجىل بولىمەن.

— ئۇغۇ راست، لېكىن مۇشۇ قېتىم ئۆي ئالالمىساق كېيىن تېخىمۇ تەسلىشىپ كېتەرمىكىن دەيمەن.

— بىنادىن ئۆي ئېلىشنىڭ گېپى چىقسا، دادامنىڭ بىر نېمە دېيىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ شەھەر ئىچىدىن زېمىنلىق بولۇش خاھىشى بەك كۈچلۈك ئەمەسمۇ.

— نېمىشقا ئۇنچە قىلىپ كېتىدىغاندۇ، ھازىر جەمئىيەتتە بىنالىشىش، شەھەرلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن تۇرسا.

— بۇنى سەن - بىزنىڭ كۆز قارىشىمىز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، راھىلە. دادامنىڭ كاتتا جامەنىڭ ئۇدۇلىدىكى كونا زېمىنىنىڭ ئىسپات خەتلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مېڭىپ كەتكەن يوللىرىنى، قىلغان ئەرزلىرىنى سەن بىلمەيسەن. ئىشقىلىپ دادام ئادەتتە بۇرۇتىنى ئوينىتىپ پوك - پوك سۆزلەپ يۈرگەندەك قىلغان بىلەن، زېمىنىنىڭ گېپى چىقسا يۈرەك - باغرى لەختە - لەختە قان بولۇپ كېتىدۇ.

— بۇ بىر دادامنىڭلا بېشىغا كەلگەن كۈن ئەمەسقۇ، ئۇنچە قىلىپ كەتمىسە بولاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تېچ - ئامان ئولتۇردۇڭلارمۇ، بالام! — ئوڭ قولىدا مېۋە - چېۋە قاچىلانغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ، سول قولتۇقىغا چوڭلا بىر بىشەكشىرىن قوغۇننى قولتۇقلىۋالغان ئاببasخان سالام بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ھويلىدا ئويناۋاتقان بالىلار بوۋىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

— ۋىيەي، كېلىڭ دادا، كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كەپتۇ، دەپ ... — راھىلە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قېيىنئاتىسىنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئالدى. مەيۇس چىرايىغا ئاپتاپتەك كۈلكە يۈگۈرتۈپ مېھماننى ئۆيگە باشلاپ كۆرپە سالدى.

— ئامىن... ئاللاھۇ ئەكبەر ، — ئاببasخان قىسقا پاتىھەدىن كېيىن ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ تۇرغان بالىلىرىدىن ئەھۋال سورىدى ، — ھە قىزىم، ئۆزلىرى قاچان كېلىشۋالدىلا؟





— چۈشتىن كېيىن كەلدى ، — دېدى ئابدۇراخمان ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ، — بىكەتتە ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا تېلېفون قىپتىكەن، بالىلارنى ئېلىپ ئالدىغا چىققان.

— بىزگە خەۋەر قىلغان بولساڭلار، ئاناڭلار ئالدىغا كىرەتتى ئەمەسمۇ، بالام.

— ھاۋا ئىسسىپ كەتتى، شۇڭا ئاۋارە قىلمايلى دەپتۇق، دادا.

— بىر - بىرىمىز ئۈچۈن ئاۋارە بولساق ئەرزىيدۇ، بالام. سىڭلىڭلار ھاۋاخان بۈگۈن پويىز بىلەن ئۈرۈمچىدىن مېڭىپتۇ، ئەتە ئەتىگەندە قەشقەرگە چۈشىدىكەن، شۇنىڭ ئالدىغا كىرگەن... شەھەرگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆيۈڭلەرگە تېلېفون قىلسام، تېلېفونغا ئادەم چىقمىدى، مەن تېخى بىر يەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپتىمەن.

— بالىلارنى ئېلىپ بىكەتكە ئاپىسىنىڭ ئالدىغا چىققان، شۇ پەيتكە توغرا كېلىپ قاپتۇ - دە.

— ھە... مۇنداق دەڭلا.

— ھاۋاقىز كەلسە ئەجەب ياخشى ، — دېدى راھىلە ئاقسۇدىن ئالغاچ كەلگەن تاتلىق تۇرۇملىرىنى داستىخانغا تىزغاچ، — ئۇنىڭ ئالدىغا ھەممىمىز بىللە چىقايلى. ئۇكىلىرى ئۇنى كۆرسە تېخىمۇ خۇش بولۇپ كېتىدۇ.

— بۇ گۆدەكلەرنىڭ ھاۋا ئاچىسىنى كۆرمىگىنىگە بىر يىل بولدى، ئۇنتۇپ كەتتىمىكىن ، — دېدى قوغۇن تىلىۋاتقان ئابدۇراخمان بالىلارغا قاراپ قويۇپ.

— مېنىڭچە ئۇنتۇمىدى، — دېدى راھىلە چاي قۇيغاچ، — مەن ئاقسۇغا كۇرسقا مېڭىشتىن بۇرۇن ھاۋاقىز بىلەن تېلېفونلاشساقلا، بەس - بەس بىلەن تۇرۇپكىنى تارتىشىپ گەپ

سوراپ كېتەتتى، قاچان كېلىسىز، نېمە ئەكېلىسىز؟ دەپ سورايتتى، سودىلىق بۇيرۇيتتى.

— ھازىرمۇ شۇنداق، — دېدى ئابدۇراخمان، — تېخى بىزمۇ چوڭ بولغاندا سەن ئوقۇيدىغان مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيمىز... دەپ كېتىشلىرى بار.

— بالىلار كىچىك بولغىنى بىلەن، — دېدى ئابباسخان نەۋرىلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ئارزۇ - ئارمانلىرى كىچىك ئەمەستە، بۇ بالىلىرىمنىڭ.

— بالىلار دېگەن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تەربىيىسى بىلەن ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىدە چوڭ بولىدۇ، — دېدى تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقان راھىلە، — ھاۋاقىزنىڭ شارائىتى ناچار، يىراق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ياخشى ئوقۇپ بېيجىڭدا ئوقۇشقا تاللىنىشى، ئۇكىلىرىنىڭ ئىرادىسىنىڭ يېتىلىشىگە، غايىلىك ئادەم بولۇشىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— شۇنداق قىلالامسىلەر، بالام؟ — ئابدۇراخمان بىرخىل ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن بالىلارغا قاراپ سورىدى.

كۈن ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال كېلىننىڭ لەڭمىنى پىشتى، ئاتا - بالىلارنىڭ گېپى ئازلاپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ تۆت ئادەمگە تارچىلىق قىلىۋاتقان ئۆيدە تەرلەپ - پىشىپ ئولتۇرغان ئابباسخان كۆڭلىدە: «كېلىن بالىنىڭ بۈگۈنلا قايتىپ كېلىشىنى بىلگەن بولسام، يېزىدىن بۇنچە ئالدىراپ كىرمەسكەنمەن، ئەتە ئەتىگەندە ماڭسامۇ ئۈلگۈرەر ئىدىم» دەپ ئازادە ئولتۇرالماي قالدى. دېمىسىمۇ، كەپتەرخانىنىڭ ئۆگزىسىدىكى بالىخانىدەك تار، قىسىلچاققىنە كەلگەن ئىچكىرى - تاشقىرى ئۆي ئادەم-





-نىڭ بېشى پاتسا، ئايىغى تالادا قالغىدەك بەكمۇ تارچىلىق بولۇپ، سىرتتىن كىرگەن ئادەم، بولۇپمۇ ئابباسخاندەك ئاسمىنى كەڭ سەھرادا جاھاندارچىلىق قىلىپ كۆنۈپ قالغان ئادەمنى كاتەككە سولاپ قويغاندەك ئارامسىزلاندۇراتتى. دادىسىنىڭ تىنىقلىرىدىن، قاپىقىنىڭ لىپىلداشلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ ئولتۇرغان ئابدۇراخمانمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تەرلەپ - پىشىپ تۇتقان - قويغىنىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ھېيت - ئايەملەردە ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى پەتىلەپ كىرگەندە مۇشۇنداق خىجىلچىلىق تۇيغۇسىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىر ئامالىلارنى قىلىپ پۇل تېجەپ، كەڭرەك ئۆي سېتىۋېلىشنى ئويلايتتى.

— سىلەر ئارام ئېلىڭلار بالام، — دېدى ئابباسخان دۇئادىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ھېيتگاھ تەرەپلەرگە بېرىپ نامازشام، خۇپتەن نامىزىمنى ئوقۇغاچ ئايلىنىپ كېلەي.

— ۋىيەي، دادا ... — دېدى راھىلە جىددىيلىشىپ، — بۇ مەكتەپ بىلەن ھېيتگاھنىڭ ئارىلىقى يا يېقىن بولمىسا...

— ئۆيدىلا ئوقۇڭا بولىدى، — دېدى ئابدۇراخمانمۇ دادىسىنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

— ھېيتگاھقا بارسام رەھمەتلىك دادامنىڭ، بوۋىلىرىمنىڭ روھى خۇش بولىدۇ، — دېدى ئابباسخان ئېغىر تىنىپ، — شۇڭا مېنى بارغىلى قويۇڭلار، بالام.

— ۋىيەي ما دادامنى... ئابدۇراخمان سىز بىللە ئاپىرىپ كېلىڭە بولمىسا... قاراڭغۇدا يولغا سېلىپ قويغىلى ئەنسىرەپ قالىدىكەن كىشى.

— بۇ گەپمۇ بولدى، دادام بىلەن كوچا ئايلانغاچ دوغاپ
ئىچىپ يۈرىكىمنى سەگىتىپ كەلسەم مەنمۇ روھلىنىپ قالد-
مەن.

— ياق بالام، سىلەر قىپ قېلىڭلار. مەن ناماز خۇپتەندىن
يېنىپ ئوردا ئالدىدىكى پەنەۋرە تۈغقىنىمىزنىڭكىگە بارىمەن،
بەلكىم شۇ يەردە كەچلەپ قالارمەن.

— ئۇنداق قىلسىڭىز راھىلەنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ دادا ،

— ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈ-
شىنىپ يەتتى ، — ئۆيىمىز كىچىك بولىسىمۇ قولايسىز ئە-
مەس، راھىلە بىزگە تاشقىرى ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بېرىپ،
ئۆزى بالىلار بىلەن ئىچكىرى ئۆيگە جايلىشىدۇ. ئاتا - بالا
ئىككىمىز قانغىچە مۇڭدىشىۋالىمىز، ئۇزۇندىن بېرى دېيە-
شەلمىگەن گەپلىرىمىزنى دېيىشىمىز...

— مېنىڭمۇ سىلەرگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى، ئەمما
هازىرچە مېنى ئىختىيارىمغا قويۇڭلار، مەن شۇ يەرگە بېرىپ
كېلەي. ئەته ئەتىگەندە پويىز ئىستانسىسىغا چىقىدىغان كوچا
ئاپتوبۇس بېكىتىدە كۆرۈشەيلى ، — ئاباسخان بالىلىرىنىڭ
شۇنچە تۈتقىنىغا قارىماي ئۆزرە ئېيتىپ خوشلاشتى. ئامالسىز
قالغان ئابدۇراخمان ئىچى تىتىلدىغان هالدا ئالدى - كەينىگە
قارىغىنىچە مەكتەپ ئالدىدىكى چوڭ يولغىچە دادىسىنى ئۇزد-
تىپ چىقتى.

## 28

ۋوگزالغا يېقىنلاپ كەلگەن پويىزنىڭ گۇدۇك ئاۋازى هە-
سەن خالۋاپنىڭ خىياللىرىنى چالغىتتى. پويىز ئۇنىڭ ئالدىغا





پەقەت ئوغلىنىلا ئەمەس، بەلكى باشقىچە بىر دۇنيانى ئېلىپ
كېلىدىغاندەك تۇيغۇ بەردى.

راست، ئوغلىنىڭ يىراقلارغا كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولۇپ
قالدى. بۇ ئۈچ يىل ئېيتماققا ئاسان، ئەمما ئۈچ يىل دېگەن
زېمىستان قىشنىڭمۇ، ئىللىق باهارنىڭمۇ، قوۋناق يازنىڭمۇ،
ئالتۇن كۈزنىڭمۇ ھامىيسى. ئاتا 12 پەسىلنى ئۇزاتقان ئاشۇ
ئۈچ يىلدا ئوغۇل ئۆيلىدى، قىز چىقاردى. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان
كۈنلىرىدە خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق قوشكېزەك بولدى. با-
لىلار بىكار تۇرماي كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە
بىر كۈنمۇ ئارام بەرمىدى. يېڭى ياتلىق قىلىنغان نۇربۇۋى ئارا
كۈندە ئىككى قېتىم يامانلاپ كېلىپ، پۈتۈن ئائىلىنى پاراكەن-
دىچىلىككە سېلىپ تۇرىۋىدى، ئەمدى بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتە
- ئۆتمەيلا كىچىك كېلىنى پىنىنەخان يامانلاپ ئولتۇردى. ئاتا
بۇ ئىشقا باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا، چوڭ كېلىنى بىلەن ئوغلىد-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈل زىدىسى ئاشكارە بولدى. بۇ نېمە
گەپتۇ ئەمدى، ئوغلى يۇنۇسئاخۇن خېلىدىن بېرى خوتۇنى رو-
زىگۈلنىڭ قولىنىڭ ئۈچىنى تۇتۇپ باقماپتۇدەك... مانا ئەمدى
كېچىسى ئۆيگە كىرمىگىلى ھەپتە - ئايلار بولۇپ قالغانمىش!
توۋا ، تېزىنى باسسا مېزى، مېزىنى باسسا تېزى دېگەندەك، بۇ
قېرىغىنىنى تۈيماي قالغانلارغا نېمە بولدى، زادى! بۇ دۇنيادا
ئاتا - ئانا بولغان ئادەمنىڭ بالا - چاقىنىڭ دەردىنى تارتماق-
تىن باشقا ئىشى يوقمىدۇ؟

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ھەسەن خالۋاپ كۈتۈش زالىدىكى ئادەملەر توپى ئىچىدە
تونۇشلا بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ يانغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا قۇ-
دىسى ئاباسخان ئۆزىگە قول تەڭلەپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ھەسەن خالۋاپ قۇدىسىغا دەرھال ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ ئىككى قولىنى ئۇزاتتى، — قانداق ئەھۋاللىرى، ئۆي ئىچى، بالا - چاقىلىرى تېچ - ئامانمۇ؟

— تېچلىق، تېچلىق، — دېدى ئابباسخان ئىككى قولى بىلەن قۇدىسىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — ئۆزلىرىمۇ ئاغرىق - سىلاقتىن خالىي، مىجەزلىرى تۈزۈك، ئوبدان تۇرغانلا؟

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ھەسەن خالۋاپ قۇدىسىنىڭ ئوغۇل، كېلىنى بىلەنمۇ سالاملىشىپ، — ئۆزلىرىمۇ بالىنىڭ ئالدىغا چىققان ئوخشىماملا؟

— شۇنداق، سائەت ئون بىرنىڭ پويىزىدا كېلىمەن دەپتىكەن.

— كۆرسىلە ما ئىشنى، بىزنىڭ ئوغۇل بىلەن ئىككىسى بىر پويىزدا كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ.

— شۇنداقمىدۇ، ئوبدان توغرا كېلىپ قاپتۇ، بۇ ئىش...

دادىسىنىڭ كەينىدە تۇرغان ئابدۇراخمان بۇ ئىككى مويسىپىتنىڭ پارىڭىغا ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئۇ دادىسىنىڭ بۇ قۇدىسىنى ئىنىسىنىڭ تويىدىن ئىلگىرى بىر قېتىم، توي كۈنى بىر قېتىم كۆرگەن ئىدى. كېيىن دادىسىدىن بۇ كىشىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى بار ئوبدان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. مانا ھازىرمۇ كۆزلىرىنىڭ مۇلايىملىقىدىن، گەپ - سۆزلىرىنىڭ سىپايىلىقىدىن تېگىدىن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ئائىلىدىن ئىككى بالىنىڭ بىر - بىرى بىلەن پۈتۈشۈۋالغاندەكلا ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا تاللىنىشى ئاجايىپ ئىشتە!





— بۈگۈن سىلە - بىز ئۈچۈن قۇتلۇق كۈن بولغىدەك، — دېدى ئابباسخانمۇ ئوچۇق چىراي ئېچىپ، — ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىنىڭ كۆزى مۇشۇ بالىلاردا دېسىلە.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۆيدىن يىرە - تېرىم ئادەم يىراقتا، تالادا تۇرۇپ قالغىدەك بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلى پەقەت ئەمىن تاپمايدىكەن دېسە... تۇرۇپلا يادىغا يېتىپ قالغان، بەزىدە چۈشى بۇزۇلۇپ قالغان كىشىنىڭ...

ئىككى قۇدا كونا ئەل - ئاغىنىلەردەك مۇڭدىشىپلا كەتتى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە، كۆزلىرىدە قىلچە مەنمەنلىك، چوڭچىلىق ئالامەتلىرى يوق، ئەكسىچە ھەقىقىي دېھقانچە ساددىلىق، تۈزلۈك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. گەپلىرىنىڭ ئاھاڭىدىن، تەكەللۇپلىرىدىن بىر - بىرىگە بولغان ھۆرمەت، ھېرىسمەنلىك ئۇرغۇپ تۇراتتى. كىشىلەر: «قۇدا - باجىلار ئەپ ئۆتەلمەيدۇ، ئەپ ئۆتسىمۇ، كۆتى قىچىشىدۇ» دېيىشىدۇ. ئەمما شۇ تاپتا ئىككى قۇدىنىڭ سەمىمىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئادىمىيلىككە يات بولغان ئۇنداق تۇيغۇلارنى بايقىغىلى بولمايتتى.

پويىز تاراق - تۇرۇقلىرى يېقىنلاپ، يەر - زېمىننى تىترەتكىنىچە ۋوگزالغا كىرىپ كەلدى. كىشىلەر كۈتۈش زالىنىڭ ئىشىكىگە سەلدەك سىلجىدى. ئۆز يۈرەك پارىلىرىنىڭ ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان بۇ ئىككى دادىمۇ قىستاڭ ئادەملەر توپى ئىچىدە ئىشىك تەرەپكە قاراپ سىغدالدى. خېلى بىر چاغدا كۈتۈش زالىغا ئۇزۇلمەي كىرىپ كەلگەن ئادەملەر ئېقىمى ئازلىدى. ۋوگزالدىن چىقىش ئىشىكى ئېچىلىپ، ھاۋارەڭ مەكتەپ فورمىسى كەيگەن بالىلار قاتار - قاتار تىزىلىپ كۈتۈش زالىغا چىقىپ كەلدى. بۇ بالىلار شۇ تۇرقى بىلەن يىراقلاردىن ئۇچۇپ

كەلگەن ئاق قۇنىڭ ئۆزى ئىدى. ئوخشاش كىيىم، بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بوي، تەكشى ياسىتىلغان چاچ، رەتلىك مېڭىش-تۇرۇش... ئىككى ئاتا بۇ باللارغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلۇقلىرىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. شۇ ئەسنادا باللارنىڭ رېتى بۇزۇلدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارىشىپ تۇرغان ئاتا - ئانىلارغا تاشلاندى. باش - كۆزلىرىدىن، ئوزايىدىن توپا يېغىپ تۇرغان ئىككى ئاتىمۇ توپ ئىچىدىن ئۆزىگە قۇچاق ئېچىپ چىققان باللارنى باغرىغا بېسىپ، پەرزەنتلىرىنىڭ ھىدىنى قانماي پۇرىدى. سېغىنىش، ھاياجان ئىلكىدە يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆز ياشلىرىنى تەستە توختىتىپ، ئاستا قەدەملەر بىلەن ۋوگزالدىن سىرتقا چىقتى. ئاجايىپ ئىش... تۈنۈگۈن تېخى كۈندە غەلۋە بىلەن دادىلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان يىغلاڭغۇ باللار بۈگۈن دادىلىرىنى يېتىلەپ ۋوگزالدىن چىقماقتا ئىدى. ھەسەن خالۋاپ بىلەن ئابباسخان باللىرىغا تويماي قارايتتى. نېمە دېگەن قالتىس... ياخشى مۇھىت، ياخشى شارائىت بۇ باللارنى قانداق چىرايلىق قىلىۋەتكەن، ياخشى تەربىيە ئۇلارنى قانداق ئۆزگەرتكەن - ھە! دۈمبىسىگە، مەيدىسىگە خەنزۇچە خەتلەر بېسىلغان مەكتەپ فورمىسى، سۈزۈلۈپ پارقىراپ كەتكەن چىرايلار، قۇلىقىدىن تارتقاندەك ئۆسۈپ كەتكەن بوي، يېقىن ئارىلىقتىن تەستە ئاڭلىنىدىغان سىپايە گەپ - سۆزلەر... ھەسەن خالۋاپنىڭ ئوغلىنىڭ مايكىسىدىكى خەتلەرنى ئوقۇپ باققۇسى كەلدى. لېكىن ئۇ بىرمۇ خەنزۇچە خەت بىلمەيتتى. ئەگەر ئۇ خەتلەر ئۇيغۇرچە بولغان بولسا، ئۇ تەمتىرىمەيلا ھەممىنى ئوقۇيالىغان، ئۇنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى.

باللار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قانداق ئالاقىلىشىش، قاچان





يىغلىش توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دادىلىرىغا ئەگىشىپ كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتى. ئۇلار بۇ يەردىن ناھىيە ۋە يېزىلارغا قاتنايدىغان بېكەتكە باراتتى - دە، يېزىغا يول ئالاتتى. شۇ تاپتا باللارنىڭ يۈرىكى، كۆزلىرى، پۇتلىرى ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان توپىلىق مەھەللىلەرگە ئالدىرىماقتا ئىدى.

## 29

نۇربۇۋى ھۇي تارتىپ يىغلىغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى. نازىلخان قىزىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قولىدىكى چىدىلەكنى تاشلىدى - دە، ئارقا ھويلىدىكى قوتاندىن يۈگۈرگەن پېتى ھويلىغا چىقتى.

— ۋاي ئانام بالام، يەنە يىغا يىغلاپ كەلدىڭمۇ بالام! — ئانا قىزىغا تاشلاندى. ئۇنىڭ مۇشت - پەشۋا دەستىدىن ئىششىپ كۆكىرىپ قارا باش قوناق بولۇپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرىنى سىلاپ باغرىغا باستى. قىزىنىڭ يىغىسىغا چىدىيالماي ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ يىغا - زارە سالدى، — ۋاي ئەرگە تېگىپ ئەرنىڭ خۇۋلىقىنى كۆرمىگەن بالام، خەققە كېلىن بولۇپ، ياتنىڭ ئۆيىگە پاتمىغان بالام...

نازىلخان قىزى بىلەن تەڭ پېشايۋاننىڭ سۇپىسىغا تاشلىنىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ئازابلىق يىغلاپ كەتتى. بىچارە ئانا قىزىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراشتىنمۇ يالتايغان، قىزىنى كۈيئوغلى — ھېلىقى ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ئاتىكاچى كۈيئوغلى ئۇرغان، ئۇرۇپ - پەشۋالاپ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى.

— ئەمدى خېتىڭنى ئالىمەن، — دېدى نازىلخان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەرگە تەگكەن ئادەم مۇشۇنداق كۈندە كۆنۈشۈپ تاياق يەرمەنمىكىن، يەتتە كۈندە ئالتە مەرتەم قاش - قاپىقىمنى كۆكەرتىپ يۈرەرمەنمىكىن دەپ ئەرگە تېگەمدۇ - ھە! مەن ساڭا دېسەم، ئاشۇ توي كۈنىلا ئارائاۋاتلىقتىن ئەسلا رايىم يېنىپ كەتكەن مېنىڭ. ھېلىمۇ نەچچە ھەپتىلەردىن بېرى ساڭا يۈرىكىم ئېچىشىپلا يۈردۈم، يامان يەرگە كېلىپ بولۇپ قالدى دەپ ئەنسىرىدىم. مانا بۈگۈن ئاخىرى خۇلاسىسى چىقتى. ئەمدى داداڭ شەھەردىن چىققان ھامان يېزىلىق سوتقا بېرىپ ئەرز ئېيتىمەن. يېگەن تاياقلىرىڭنىڭ ئىسپاتىنى دەلىللەپ خېتىڭنى ئالىمەن. ئۇ خەق خىيالىدا بىزنى ياۋاش خەقكەن، مۇشۇنداق قىلساقمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرىدۇ، دەپ قالغان چېغىۋا! ۋايىيەي، تۆشۈك مۇنچاق يەردە قالماپتۇ، دەپ ئۇ پىخسىقلاردىن خېتىڭنى ئالساقمۇ، ۋاي قىزلىرى بىزگە لازىمتى، دەپ بوسۇغامنى چۆرگىلەيدىغانلارنىڭ ئاياغى ئۈزۈلمەيدۇ. مېنىڭمۇ قىزلىقىمدا تەگكەن ئېرىم ئىلگىرىكى بىر نەشكەش بەڭگە بولۇپ چىققان. كۈندە نەشە چېكىپ كېلىپ ئۇراتتى، دۇمبالايتتى. شۇنداق يۈرۈپ ھەر قېتىم تاياق يېسەم ئانامنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىپ زار - زار يىغلاپ يۈرۈپ خېتىمنى ئالدىم. چوكان خوتۇنغىمۇ ئەر چىقىدىكەن، ھايال ئۆتمەي داداڭغا تەگدىم . تەلىيىمگە داداڭ مەندىن توققۇز - ئون ياش چوڭ بولسىمۇ، موللا سۈپەت ، مۆمىن ئادەم بولۇپ چىقتى. شۇڭا ساڭىمۇ خۇدايىم بىر نېمە دەر...

— ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە گەپ ئاچا؟ — بىر ئاياق ئاش كۆتۈرگەنچە ھويلىغا كىرىپ كەلگەن نايىمخان ئاچىسى بىلەن جىيەن قىزىنىڭ خاراب بولغان ھالىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ





تۇرۇپ قالدى ، — بۈگۈن يەنە نېمە خاپىلىق يۈز بېرىپتۇ؟

— سورىماڭ ئۇكام ، — نازىلخان ئېسەدىگىنىچە بېشىنى كۆتۈردى. كىگىزدە يۇمىلىنىپ پۇرلىنىشىپ كەتكەن ماش رەڭ گىرىپ كۆڭلىكىنى تۈزەشتۈرۈپ نايىمخانغا ھال داتلىدى ، — بىز قىزىمىزغا ئېپىدە ئەر چىقماي ئولتۇرۇپ قالارمىكىن دەپ ئالدىراپ - سالدىراپ ئارائاۋاتلىققا ئۇچۇر بېرىۋېتىپتىكەنمىز. تىلى، زۇۋانى يوق گاچىدەك ئاشۇ خەقنىڭ ئاغزىغا قاراپ شۇلار نېمە دېسە ھە - ھە، دەپلا رايىغا بېقىپ ھاپىلا - شاپىلا توينى قىلىپ قىزىمىزنى قېتىپ بېرىپتىكەنمىز. مانا ئەمدى پۇشايماننى ئالغىلى قاچا يوق. ئۇ هاراقكەش غىت قىلدى - يۇ، نۇربۇۋىنى ئۇرۇپ ئۈچ قېتىم يامانلىتىپ بولدى... قارىڭا ئەينا، چۈغۈندەكتەك بالا تۇرسا، بۇا!

نايىمخان قولىدىكى ئاشنى سۇپىدا قويۇپ، نۇربۇۋىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇنىڭ باش - كۆزىنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان قارا گاز ياغلىقى ئىچىدە ئىششىپ كۆكىرۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ كۆزلىرىدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ يىغلىدى. ئۈچ ئايال ئېزىلىپ يىغلاۋاتقاندا، بىر ئېتەك ئاق ئالما كۆتۈرۈۋالغان شەرۋانەم ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. يەڭگىسى، نۇربۇۋىلەرنىڭ يىغىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن كۆڭلىكىنىڭ پېشى قولدىن چىقىپ كەتكەنمۇ - قانداق، مەززىلىك پۇراپ تۇرغان ئالمىلار ئېتىكىدىن تۆكۈلۈپ ھويلىدا ھەر تەرەپكە دومىلاپ كەتتى.

— بۇ دۆرەم يەنە نېمە دەپ ئۇردى ؟ — دەپ سورىدى شەرۋانەم چېچىلغان ئالمىلارنىمۇ تەرمەستىن نۇربۇۋىنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ تەسەللى قىلىپ.

نۇربۇۋى ئۈندىمىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ

يىغلاۋاتقان ئانىسى بىلەن ئاچىسىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچ - ئىچىدىن تىپىلىقسىپ ئېسەدەپ، كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى.

— گەپ قىلىڭا ئوكام، سىزنى ئورۇۋېرىدىغانغا بېشى ئىششىپ قاپتىكەنمۇ-يا ئۇ قاپاق نوچىنىڭ ؟

— قېيىنسىڭلىمنى ئەتىل قىلىپ بېيجىڭدىن كېلىدىكەن دەپ، ئەتىگەننىڭياقى ھەممىمىز ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ، — دېدى نۇربۇۋى ئېسەدەپ ، — سۈت پىشۇرۇپ، قېتىق ئۇيۇتۇپ، ساڭزا - قۇيماق سېلىپ بولغاندىن كېيىن قېيىنئانام ھاردۇق ئېشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىمىز، دېدى. قارىسام چىلەك - چۆگۈنلەردە بىر تېمىمۇ سۇ قالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سۇ ئەكىرەي دەپ چىلەكلەرنى كۆتۈرۈپ مەھەللە دوقمۇشىدىكى قۇدۇق بېشىغا سۇغا چىققان ئىدىم. ئۇ يەردە ئولتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ماڭسۇر ئۇچراپ گەپ سوراپ قالدى. چىلەكلەرگە سۇ ئۇسقاچ ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىپ كەينىمگە يازسام، ئۇ ئالدىمدا پەيدا بولدى.

— ئۇ؟ ھە، ئېرىڭىزمۇ؟

— ھەئە ، — نۇربۇۋى بېشىنى لىڭشىتتى، — نېمە خەقكە گەپ قىلىپ يۇرۇيسەن پاسكىنا، دەپ ئېتىلىپ كېلىپلا مېنى ئۇرۇپ - دۇمبالاپ چۇشتى!

— كەينىڭىزدىن ماراپ چىققاندەكلا، ھە... ئەتراپتا ھاي، دەپ توسۇۋالغىدەك باشقا ئادەم يۇقمىدى؟

— قۇدۇققا سۇغا چىققان، يولدىن ئۆتۈشۈۋاتقانلار بار ئىدى. ئارىغا چۈشكەنلەرگە ھۆركىرەپ ھېچقايسىسىنى يېقىن يولاتمىدى.

— تووا خۇدايىم ئا قارا بىس نائەھلىنى! مېنىڭ قىزىم





نېمىمۇ قىلغان بولغىيدى ئۇ جوھۇتقا!

— مانا دېمىدىممۇ ، — دېدى شەرۋانەم، — مەن باشتىلا ھاي، ھاي ... ئارائاۋاتلىقىقا قىز بەرمەيلى دەپ توسسام، ھېچكىم قۇلاق سالمىغان. ئەسلىدە توي كۈنىلا ئارائاۋاتلىقىنىڭ توقۇمىنى راۋرۇس تىكىپ، نۇربۇۋىنى ئولتۇرغۇزىۋالىدىغان ئىش ئىدى. ئاكام كۆڭۈلچەك، يۇمشاقباش بولغاچقا ھەممىگە چىداپ، مانا ئەمدى نۇربۇۋىنىڭ ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ مۇشۇنداق يامان كۈنگە قالدى!

— ئەمدى مەن زەمبىلگە كىرىپ ياتىمەن! — دېدى نازىلخان چۇۋۇلغان چاچلىرى ئارىسىدىن غەزەپلەنگەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ھەرقانچە جېنىم چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ دېيىشىدىغان يەر بىلەن دېيىشىپ، ئېيتىشىدىغانلار بىلەن ئېيتىشىپ بالىنىڭ خېتىنى ئالىمەن! كۈندە دېگۈدەك ئۇيان ئۆتۈپمۇ ئۇرۇپ، بۇيان ئۆتۈپمۇ ئۇرۇپ - سوقىدىغان بىر كىمنىڭ يېتىم ئوغلىقىمىكەن بۇ، ھە!

شەرۋانەمنىڭ توي كۈنىلا كۆيئوغۇلدىن رايى قايتقان، ئۇنىڭدىن بەك خاپا بولغان بولغاچقا، يەڭگىسىگە تەسەللى ئېيتىپ نۇربۇۋىنىڭ كۆز يېشىنى سۇرتمەكتە يوق، ئەكسىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قولىنى ئاچ بېقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ ھەدەپ ئوتنىڭ ئۇستىگە ياغ چاچتى. قىزنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچ - ئىچىدىن ئوغىسى قايناپ تۇرغان يەڭگىسىنىڭ ئىچىنى ئۆرلەتتى:

— شۇنداق قىلساق بولىدۇ، زادى! مەنمۇچۇ ئەينا، ۋاپا قىلمىغان تازدىن زورلاشتۇرۇپ يۇرۇپ خېتىمنى ئېلىپ ئاجرىشىپتىم، مانا بىر ئوبدان بوش - باكا بولۇپ قالدىم. ئۆزەم ئىشلەپ، ئۆزەم تاپقاننى ئوڭچى يەيمەن، تاپقان - تەرگىنىمنى

تەييارغا ھەييار بولىدىغان بەڭگىنىڭ چۆنتىكىگە سېلىپ بەرمەيمەن...

— بىر قوشۇق ئاش ئىچىڭا ئاچا ، — ھويلىدا بارغانچە گەپ ئاۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نايىمخان بېشىدىكى زەيتۇن رەڭ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئېشى سوۋۇپ قالغان ياغاچ ئاياقنى ئاچىسىنىڭ ئالدىغا قويدى، — شەرۋانەم، نۇربۇۋىخان سىلەرمۇ كېلىڭلار، ئاش سوۋۇپ قويۇق ـ سۇيۇقى ئايرىلىشىپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ، مانا.

كۆكۈل غەش بولسا كىشىنىڭ كۆڭلى تاماق تارتامدۇ! پىننەخان يامانلاپ كەتكەن نەچچە كۈندىن بېرى ھويلا ـ ئارام ئىشى، تۆشۈكلۈك، ئۇلاغ ـ ئىلمەكىنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ بولالماي، بىرئىلىك ئېتىدىن قالغان نازىلخاننىڭ تېخىچە چۈشلۈك تاماق يېمىگىنىگە قارىماي، ئالدىدىكى ئاشقا نەزىرىنى سالغىدەك ھالى يوق ئىدى. بىچارە ئاياللار ئاشۇنداق ئۆزى يىغلاپ، ئۆزى توختاپ، ئۆزى سۆزلەپ، ئۆزى ئاھ ئۇرۇپ كۈننى كەچ قىلىۋاتقاندا، ھەسەن خالۋاپ يۈسۈپنى كەينىگە سېلىپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. چىرايى تۇتۇق، كۆزلىرى پەرىشان ئاياللار « گۆررىدە » ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمدى بۇ ئۆيگە مېھمان بولۇپ قالغان يىگىتكە يېپىشتى.

— قايتىپ كەلدىڭمۇ بالام، ئەمدى بارماسەن جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە! ؟ — نازىلخان كۆكۈل زىدىسىنى ئارام تاپقۇزماقچى بولغاندەك ئايرىلغىلى بىر يىل بولغان ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ چىڭ قۇچاقلىدى. بوتىلىقىغا زار بولغان ئانا تۆگىدەك بوزلاپ ئېزىلىپ يىغلىدى. شۇ تاپتا قىزنىڭ تارتقان خاپىلىقىدىن، دەرد ـ ھەسرىتىدىن كۆكۈل يارىسى كۈنسېرى شەلۋەرەپ كەتكەن ئانا ئوغلىنى كۆرۈپ پارتلىدى، — بۇگۈنكى كۈندە تاز





بولسىمۇ ئوغۇل بولسا بولىدىكەن بالام، نايىم ئاچاڭ ئون نەچچە يىل قېيىنئانىسىنىڭ دەردىنى تارتىپ، ئەمدى تېخى خەقنىڭ ئۆيىدە ئايىغى ئىسسىپ تۇرىۋىدى، ئەمدى نۇربۇۋى ئاچاڭ يامان كۈنگە قالدى. ئۇنى ئەرگە بەرگەننىڭ بۇ تەرىپىدە خەقنىڭ ئۆيىدە يەكلەنگەننى ئاز دەپ، كۈندە كومشىتىپ تاياق يەپ، قىز بولۇپ تۇغۇلغانغا تويۇپ كەتتى. سەن يېنىمىزدا بولغان بولساڭ ئاكىلىرىڭ بىلەن بىر بولۇپ ئاچىلىرىڭغا يانتاياق بولاتتىڭ ئەمەسمۇ بالام!

يىراق شەھەردىن، تىنچ مەكتەپتىن كەلگەن يۈسۈپ كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئانىسى، ئاچىسى، ھامىملىرى... ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى، نۇربۇۋى ئاچىسىنىڭ قاش ـ قاپاقلىرى ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن ...

— ئۇنىڭغا يەنە قول تەگكۈزۈپتىمۇ؟! — كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى كۆرگەن ھەسەن خالۋاپنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — مېنىڭ قىزىم ئارپىسىنى خام ئورىغان بولغىيمىدى ئۇ ئادەم ئەسكىسى قوڭالتاقنىڭ!

ھويلىنى جىمجىتلىق باستى. ئۆگزىدىكى شاخ ـ شۇمبا ئارىسىغا كاكىلاپ قورسىقىنى بوشاتقان قارا مېكىيان تىنىمسىز قاقاقلاۋاتاتتى. مېكىياننىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا جۆر بولغان قىزىل خورازنىڭ قاقاقلاشلىرىمۇ كىشىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى. ئارقا ھويلىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باغقا تۇتاش قوغۇنلۇقتا باغلاپ قويۇلغان ئىت يات بىرىگە ئېتىلغاندەك غەزەپلىك قاۋاۋاتاتتى.

— ھۇسىيناخۇن نەگە كەتتى ؟ — دەپ سورىدى ھەسەن خالۋاپ ئىتنىڭ بىرىگە ئېتىلىپ قاۋاشلىرىدىن خاتىرجەم-

سىزلىنىپ.

— نەگە ماڭدىكىن ئۇ خوتۇن سارىڭى مەجنۇن! — دېدى نازىلىخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — خوتۇنى يامانلاپ كەتكەندىن بېرى چىرايى قار-مۇز بولۇپ تۇتۇلۇپلا يۈرۈيدىغۇ ئۇ، تالادىن كىرەلمەي!

ھەسەن خالۋاپ مادارىدىن كەتكەندەك پېشايۋاننىڭ سۇپىسىدا « لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جاھان ئاستىن-ئۈستىن بولۇپ كەتكەندەك، ھەممە نەرسە ئاستا-ئاستا قىنىدىن چىقىپ يەكپاي بولۇۋاتقاندەك، بۈگۈن ئولتۇرغان يەر-جاھان ئەتە تەتۈر ئايلىنىشقا باشلايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

## 30

خاماننىڭ تېگىنى سۈپۈرۈۋاتقان پىننەخاننى تۇيۇقسىز ھۆ تۇتتى. ئۇ بىردەم ئاۋارە بولۇپ ئېڭىشىپ تۇرغانچە قولى ئىشتىن توختاپ، ئىختىيارسىز ھالدا يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. شۇتاپتا ئۇنى يىراقتا قارىدى دېگەندىن كۆرە، قۇمئاۋاتنىڭ يولىغا قارىدى، دېگەن تۇزۇك ئىدى. ئۇنىڭ يامانلاپ كەلگىنىگە ئۈچ كۈن بولدى. ئۇ ئەسلىدە بوغجۇمىسىنى قولتۇقلاپ يامانلاپ كەلگەن كۈنى ئېرىنى كەينىمدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىدۇ، ئانامنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىۋېلىپ قانداق كەلگەن بولسام شۇنداق ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ تاما كۈتكەن ئىدى. ئەمما ئىشلار ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئېرى ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ قويايمۇ دېمىدى.

— كۈيئوغۇللۇق بولغاندىن كېيىن ئېتىز-ئاياغ، خا-





ماننىڭ جاپاسىنى بۇنچە تارتماسمەن، ئېغىر ئىشلىرىم يېنىك بولار دەپ ئارزۇلاپتىمەن، — دېدى مەھەللە تەرەپتىن بىر تۇڭ سويما بىلەن نان كۆتۈرۈپ دوڭغاقلىغانچە قىزىنىڭ يېنىغا كەلگەن پاتەمخان، — لېكىن ماڭا ئۇنداق كۈيئوغۇل نېسىپ بولماپتىكەن!

پىننەخان ئانىسىنىڭ ۋايساشلىرىنى ئاڭلاپ تاغارلارغا ئۇسۇلۇپ قاتارى تىكلەپ قويۇلغان ئۇن نەچچە تاغار بۇغدايغا، خاماننىڭ جەنۇب تەرىپىگە دۆۋىلەنگەن سامان دۆۋىسىگە يەنە بىر قاراپ چىقتى. ئانا-بالا ئىككىيلەن ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى ئاپتاپتا گۈلە-قاق بولۇپ ئىشلەپ بۇغدايلارنى ئادالاپ بۈگۈن تاغارغا ئۇسسىغان بولسىمۇ، ئۇنى كۆتۈرۈپ مەھەللىگە ئاپىرىپ بېرىدىغان، قازناقتا تۆكۈپ بېرىدىغان ئەركەك بولمىغانلىقتىن تېخىچە خاماندىن نېرى بولالماي، مۇشۇ يەردە ئۈمىلىشىپ يۈرەتتى.

— خۇدايىم مېنى ياراتقان ۋاقتىدا ئەر كىشىگە بېرىدىغان تۆت سەر گۆشنى ئاياپ مۇشۇنداق ئاجىز خوتۇن كىشى قىلىپ قويۇپتىكەن! — دېدى پىننەخان خاماننىڭ ئاپتىپىدا كۆيۈپ كۆمۈرگە ئايلىنىپ قالغان چىرايىدىن خاپىلىق ياغدۇرۇپ، — بولمىسا مەنمۇ يۇرتى يوق، ئۆيى يوق كېلىن بولۇپ، خەقنىڭ گۆرخانىسىدا بويۇن قىسىپ يۈرمەي خوتۇن ئالاتتىم، شىللىسىگە مىنىپ خوتۇن قىلىپ خىزمىتىڭىزگە سېلىپ بېرەتتىم، ئانا!

— دادىڭىز رەھمەتتىمۇ سىزگە قورساق كۆتەرگەن ۋاقتىمدا ناھايىتىمۇ بەك ئوغۇل ئارزۇلىغان. لېكىن قىز تۇغقىنىمنى كۆرۈپمۇ تەرىنى چىگىپ باقمىغان. دادىڭىز سىزگە ئاجايىپ ئامراقتى، قىزىم.

— مەن دادامنىڭ چېھرىنى ئازراقمۇ ئەسلىيەلمەيمەن.

— ئۇ چاغدا سىز خېلىبەك كىچىك ئىدىڭىز، دادىڭىز تۇگەپ، يىراق - يېقىندىن كەلگەن تۇغقانلار بىر - بىرىگە ئېسىلىپ يىغا - زارە قىلىشىۋاتقاندا، سىز بىگىز بارمىقىڭىزنى چىشلىگەنچە ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قارىغان، كېيىن مېنىڭ كۆڭلىكىمنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ يىغلاپ كەتكەن...

ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. چېھرى تۇتۇلۇپ، كىرپىكلىرى نەمدەلدى. ئانىنىڭ كۆز ئالدىدا غىل - پال زاھىر بولغان پاجىئە يەنە يۈرىكىنى مۇجۇپ، قەلبىگە ئازاب ئېلىپ كەلدى. ئۇلار خامانىنىڭ چېتىدىكى بورا كەپىدە بىردەم كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئانا يەنە قىزىنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى:

— قېيىنئانىڭىز چىرايلىق خېرىدارلىقىڭىزنى قىلىپ كەلگۈدەك بولسا، مەنمۇ دەيدىغان گېپىمنى دەۋېلىپ ئاندىن قېتىپ بەرسەم ئېرىڭىزنى ئەر ئېتىپ ئولتۇرامسىزكىن بالام.

پىننەخان يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئانىسىغا تىكىلىپ قارىدى. ئانىسىنىڭ ئاق چۈشكەن نۇرسىز كۆزلىرىدە بىر خىل ئۈمىد نۇرى پىلىلداپ تۇراتتى.

— قېيىنئانامنىڭ كەينىمدىن كېلىپ سېلىشى قانداق بولاركىن ئانا...

— كېلىدۇ ، كېلىدۇ بالام. قانداق ئانا ئوغلىنىڭ خېرىدارلىقىنى قىلمايدۇ؟!

— قېيىنئانامغۇ ئوغلىغا ئامراق، لېكىن ماڭا بىرقىسمىلا قارايدۇ. شۇڭا مەن ئۇ ئۆيگە پاتماي يامانلاپ كەلگەن خوتۇنمەن.





— قېيىنئانىڭىز ھېچبىر يامان خوتۇندەك قىلمايدىغۇ؟

— ياق، قېيىنئانام يامان خوتۇن!

— قانداقسىگە؟

— ئوغلىنى مەندىن قىزغىنىدۇ.

— تووا دەڭا بالام.

— ھوي راست ئانا. بىللە ماڭسام، بىللە تۇرسام يەرنىڭ تېگىدىن قارايدۇ. گەپ - سۆز قىلىشسام، چاقچاقلاشسام چىرايى تۇتۇلىدۇ. ئېرىمكەن دەپ ئەركىلەپ: « گاچا» دەپ قويسام، ئوغلى ئاياندا قېلىپ، ئانىسى كېلىپ تىللايدۇ. ئاخشاملىرى يوتقانغا كىرە - كىرمەستىن ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ بويۇندايدۇ. ئەتىگىنى بېشىمنى تاراپ چىقسام: « كۈندە كۈنۈشمەي سۇغا چۈشەملا» دەپ شۇبھە بىلەن قارايدۇ. مەنمۇ بوش كەلمەي: « ئوغۇللىرىنىڭ يامانلىقىدىن سورىسىلا» دېسەم، ئۇ خوتۇن: « ھىڭگايمىسا دىڭگايمايدۇ، سىلى نېرى ياتسىلا بولىدىغۇ » دەپ نەشتىرىنى سانجىيدۇ... ئىشقىلىپ، مېنىڭ ئۇ خوتۇنغا كېلىن بولۇپ ئولتۇرۇشقا رايىم قالمىدى!

— ئۇنداق دېمەڭ بالام، سىزمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قېيىنئانا بولىسىز.

— ۋايىيەي، ئۇنىڭغا ئالتە قاپاق پىششىقى بار، ئانا تېخى!

— كونىلار كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، دەپتىكەن قىزىم، تەڭ كۆرمەڭ تەڭگە يېتەر، ئالدىرىماڭ سىزگىمۇ يېتەر دېگەن گەپمۇ بار. ئانا بولغۇچى دېگەن ئەلۋەتتە ئوغلىغا ئامراق كېلىدۇ. شۇڭا قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق - مۇنداق كۆڭۈلسىزلىك، كۈنلەشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، شۇڭا سىز كىچىكرەك بولغاندىكىن قورسىقىڭىزنى كەڭرەك تۇتۇپ، بىر مەزگىل تۇرۇپ باققىنىڭىز ياخشى. بۇنىيازخاننىڭ

قىزىمۇ قېيىنئانىسى بىلەن قاملىشالماي تولا يامانلاپ ئاخىرى خېتىنى ئالغان. مانا ئەمدى ئولتۇرۇپلا قالدى.

— ۋاي خۇدايىم... باشقا ئەر چىقماپتىمۇ ؟ — كۆز چاناقلىرى چوڭ ئېچىلغان پىننەخان، ئانىسىنىڭ تور تارتقاندەك قورۇق باسقان يۈزىگە تىكىلىپ قالدى.

— ئەرغۇ چىققان ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك، ياش قۇرامى ماس كەلگىدەك يەردىن گەپ - سۆز يوقمىش. ساقلا ئىككى - ئۈچتىن بالىغا دادا بولغان، ھەتتا قېرىپ خوتۇنىدىن قالغان، ھاسىغا چۈشۈپ قالغان بوۋكاملار باش ئاغرىقى-چىش ئاغرىقى قىلىپ دەرۋازا قاققانمىش، چوكان بولسا ئۇنداقلارنى ياراتماسمىش. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ چىرايى بىلەن ھازىرغىچە تۇل ئولتۇرۇپ قالدى. شۇڭا قىز بالىۋاقىنى قىز چېغىدىكى ئەر بىلەن كېلىشتۈرمەكلىك دۇرۇسكەن، بالام.

— ئۇنى دېسىغۇ ھۇسىيناخۇننىڭ ماڭا كۆيۈمى بار بەلەن يېتىمتى، لېكىن ئالتە - يەتتە ئايدىن بېرى قېيىنئانامنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئۇنى ماڭا ئاش بولمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم.

— ئاش بولىدۇ، بالام. ئەر بىلەن خوتۇن بەلەن قاملىشىپ قالسا، قېيىنئانا دېگەن نېمىتى. دادىڭىز رەھمەتتى بىلەن ئىككىمىزمۇ شۇنداقتۇق ، — پاتەمخاننىڭ چىرايىدا شېرىن بىر ئەسلىمىنىڭ غۇۋا ئىزلىرى جىلۋە قىلغاندەك بولدى. پىننەخان ئانىسىنىڭ چىرايىدىن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ خىل ئىپادىنى كۆرۈپ كىمنىدۇر بىرىنى سېغىنغاندەك قىلدى. ئۇ ھۇسىيناخۇننىڭ ساددا قەلبىنى، ھېچقانداق غەرەز ئارىلاشمايدىغان تۈز، ئوچۇق گەپلىرىنى، يەنە ئۇنىڭ مېھرىنى





سېغىنغان ئىدى.

— ھارمىغايلا ئانا! تېچلىق تۇردۇڭلىمۇ، پىننەخان ! — يەردىن ئۈنگەندەك خاماندا پەيدا بولۇپ قالغان ھۇسىيناخۇن بوك - بوك ئاۋازى بىلەن ئانا - بالا ئىككىيلەننى چۆچۈتىۋەتتى.

— ۋىيەي، ۋاي خۇدايىم ... — ئانا ئىنجىقلاپ دېگۈدەك ئورنىدىن تۇردى ، — ما بالامنى كۆرمەمدىغان، ئەجەب ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تۇيۇقسىزلا ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدىيا... كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كەپتۇ دېگەندەك.

پىننەخانمۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە بىر قىزىرىپ، بىر تەرلەپ يەرنىڭ تېگىدىن ئېرىگە سەپ سېلىپ چاقماق تېزلىكىدە ئويلاپ ئۈلگۈردى: « سەت تاپىنى تۆشۈك گاچا، چوڭ يولنى تاشلاپ ئېتىز ئوتتۇرىسى بىلەن چېپىپ كەلگەنمىكىن قانداق، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقى تىزىغىچە تۈرۈلگەن، تۇرغان تۇرقى توپا، ئۆزى قوشقا سالغان بۇقىدەك ھاسىراپ كېتىپتۇ. چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ، ئاقمىكىن دېسە ئاق ئەمەس، قارىمىكىن دېسە قارا ئەمەس — قىزغۇچ قارا قېتىش بىر ھالغا كېلىپ قاپتۇ....» پىننەخان يەنە يەرنىڭ تېگىدىن ئۇنىڭغا قارىدى. ھۇسىيناخۇننىڭ قولىدا تۆت بولاق قەنت، بىر تاختا قارا چاي دېگەندەك نەرسىلەر تۇراتتى.

ئۇچەيلەن خاماندا، خاماندىكى كەپىنىڭ ئالدىدا بىر پەس قارىشىپ تۇرۇپ كەتتى. ھۇسىيناخۇنمۇ كېلەرىدە كېلىپ بولۇپ، ئەمدى بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندەك، خوتۇنىنى ئىزدەپ كەلسە بولمايدىغاندەك ئوڭايسىزغىنە بىر كەيپىياتقا دۇچار بولدى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق جىددىي كەيپىياتنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمىغان ئانا جانسىز كۈلۈمسىرەپ ئەھۋال سوراش

ئارقىلىق ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئېغىز ئاچتى:

— دادىلىرى بىلەن ئانىلىرى ساق تۇردىمۇ بالام، ئۆي ئىچى ئاغرىق - سىلاق، كۆڭۈل زىدىسى ئىشلاردىن خالىي، چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن تېچ - ئامان تۇرغاندۇ؟

— ھەئە، تېچلىق ... تېچلىق، ئۆزلىرىگە، يەنە بۇنىڭغا سالام ئېيتتى ، — ھۇسىيناخۇن شۇنداق دەپ خوتۇنىغا لەپپىدە قاراپ قويدى. پىننەخان ئۇنىڭ بۇنداق قارىشىدىن يالغان گەپ قىلغاندەك بىر قىلىقنى بايقاپ، كۆڭلىدە: « سالام ئېيتارمىش تېخى، سالام ئېيتقۇسى بولسا ئۆزلىرى ھارۋا جابدۇپ بىللە كېلەتتى، مۇشۇ گاچا ئۆيدە يالغۇز يېتىپ ئىچى پۇشۇپ، كۆڭلىدىكى گەپنى ئانىسىغا دېيىشتىن قورقۇپ ئۆزى غىپپىدە كەلگەن گەپ...» دەپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەپ قالدى.

— سالامەت بولسۇن، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن بالام ، — ئانا يۇمشاق ئاۋازى، چىرايلىق گەپلىرى بىلەن ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى تۈگىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پەقەت ھەقىقىي ئەركەكلا يامانلىشىپ قالغان ۋاقتىدىمۇ مۇشۇنداق خوتۇنىنى ئىزدەپ كېلەلەيتتى.

— مە... مەن ، — دېدى ھۇسىيناخۇن دۇدۇقلىغانچە قولىدىكى قەنت - گېزەكنى خوتۇنىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، — بالدۇرراق كېلىپ خامان ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەرمەن دېسەم، بىزنىمۇ قارا - قويۇق ئىش بېسىۋالدى كۆرسىلە، خاماندىن ئۈلۈشكۈن بىكار بولدۇق، تۈنۈگۈن خامان ئورنىنى ئوسا قىلىپ كۈزلۈك يېسىۋىلەك، چامغۇر تېرىشقا تەييارلاپتىمىز. بۈگۈن بىزنىڭ بىيجىڭدا ئوقۇيدىغان ئىنى كەلمەكچىكەن، دادام قاق ئەتىگەندە شۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. مۇشۇنداق قول -





قولغا، پۇت - پۇتقا تەگمەيدىغان جاھان بولۇپ كەتتى، دېسە. شۇڭا ئۆيدىكىلەر ھارۋا قوشۇپ جابدۇق ئېتىپ ئۆيدىن چىققىچە، ئۆزۈم ئىككى سەكرەپلا بېرىپ يوقلاپ كېلەي، خاماننىڭ چالا ئىشلىرى بولسا قارىشاي دەپ كېلىشىم.

— مىڭ مىراد، رەھمەت بالام، خۇدايىم خوتۇن كىشىنى تۇل قىلمىسا بولىدىكەن، تۇل قىلسىمۇ يالغۇز قىلمىسا بولىدىكەن. مەيدىسىنىڭ تۈكى بار بىر ئەر كىشىنىڭ يوقلىقىدىن ئەتىگەننىڭياقى تەييار قىلىپ تاغارغا ئۇسۇپ قويغان مۇشۇ بۇغدايىنىمۇ ھويلىغا ئاپىرالماي ھېلى ئۇنىڭغا بويۇن قىسىمەن، ھېلى بۇنىڭغا بويۇن قىسىمەن... لېكىن بۈگۈن كەمدە ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغاندىكىن، ياتنىڭ ئىشىغا يات كۆيمەيدىكەن.

ھۇسىيناخۇن قېيىنئانىسىنىڭ ھالىغا، خاماندا قاتار تىكلەپ قويغان بۇغداي تاغارلىرىغا قاراپ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلمىغاندەك قىزاردى ۋە دېدى:

— مەن پىننەخان بىلەن ھارۋا قوشۇپ بۇغدايلارنى ھويلىغا توشۇي، ئاندىن قازناققا...

— خۇدايىم مۇرادىڭلارغا يەتكۈزەر بالام، بىرسى مىڭ بولۇپ كۆكلەپ كېتەرسىلەر. ئەمىسە، مەن يېنىڭلاردا تۇرساممۇ تاغار كۆتەرگۈچىلىكىم يوق، شۇڭا مەن ئۆيگە كىرىپ قازان ئاساي، سىلەر مۇشۇ ئىشنى بىر ... — ئانا شۇنداق دېدى ۋە قىزى ئۇزاتقان قەنت، چاينى ئېلىپ مەھەللە تەرەپكە ماڭدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ قىزى بىلەن كۈيئوغلىنى بىردەم بولسىمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشنى، ئۇلارنى گېپىنى ئوچۇق قىلىپ، كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان تۈگۈنلىرىنى يېشىۋېلىشىنى، ئارىنى ئوچۇق قىلىشنى ئويلىغان ئىدى.

هۆسىناخۇن مۇشۇ ئۆينىڭ كۈنسىدەك ھېچكىمنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرماي قېيىنئانىسىنىڭ بېلى ئېگىلىپ تۇرغان قېرى مادىسىنى هارۋىغا قاتتى. خاماندا قاتارى تىكلەپ قويغان بۇغداي تاغارلىرىنىڭ ئاغزىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىزمىداپ هارۋىغا بېسىشقا تەييار قىلدى. پىننەخان يا خۇشال بولۇشنى، يا خاپا بولۇشنى بىلەلمەي، ئۇنىڭ بەخىرامان ئىشلىشىگە قاراپ قالدى.

— يېنىمغا كېلىپ بۇغداي تاغىرىنى ماڭا يۇدكۈزۈپ قويمامسىلە، خوتۇن؟

— ۋۇي لەقۋا ، — دېدى پىننەخان ئېرىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ ، — ئابىيام ئانامنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئوخشىتىپ شاپاشلاپ قاپتىكەن، مانا ئەمدى بىر تاغار بۇغداينىمۇ كۆتۈرەلمەستىن يېلى چىققىلى تۇردىغۇ، تايىنلىق!

— ها... ها... ها... ، — هۆسىناخۇن گەدىنىنى قاشلاپ، يازنىڭ ئۇزاق كۈنىدىكى هېرىپ - چارچاشتىن خۇماردەپ قالغان كۆزلىرى بىلەن خوتۇنىنىڭ كۆزىنىڭ تېگىگە قارىدى ، — ئەمدى شۇ سىزنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ يۇمشاق كۆرپىنىڭ ئۈستىگە باسىدىغان ئىش بولسىغۇ يېلىم چىقمايتتى، لېكىن بۇ ئىككى يۈز جىڭلىق يوغان تاغارلارغا قاراپ بۆرىكىم چىقىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، قاراڭ.

— ۋۇي قىلىقسىز ، — دېدى پىننەخان ئاغزىنى تۇتقىنىچە تۆت ئەتراپقا قاراپ، — ھەممە گەپنى شۇ يەرگە ئاپىردۇ. يامانلاپ ئىككى كۈن بولغىچە نەپسى تاقىلداپ تۇرالماي كەينىمدىن كېلىپ ئادەمگە سۈركىلىدۇ... ئانامدىنمۇ نومۇس قىلمىدى، ئەجەب!

— نومۇس قىلىدىغان نېمىكەن، ئۇ؟ يا مەن بىر باشقا





خەقنىڭ خوتۇنىنى ماراپ كەلمىسەم!

— ئۇنداق خىيالىڭىزمۇ بارمىتى، تېخى ؟ — پىننەخاننىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئۇنداق خىيال بولمىغاچقا، ئۇدۇل يېنىڭلارغا كەلگەندىمەن، خوتۇن!

— مەنمۇ شۇ كېلىدۇ، دەپ ئىشەنچ قىلغان، ئەينا!

— ئالۋاستىنىڭ خامىنىنى ھەيدەپ قالغان ساراڭ، ئۆزىچە قورسىقى كۆپۈپ يامانلاپ كەلگىنىنى...

— چاپلىشىپ ئولتۇرامدىم ئەمىسە! خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى دىدەكتەك خىزمىتىنى قىلسامۇ هېچكىم ياخشى دېمىگەن، نېمىدىن خۇش بولدىڭىز، نېمىدىن خاپا، دەپ سوراپ قويغىلى ئادەم چىقمىغان!

— توۋا، ماۋۇ خوتۇننى... هوي مانا مەن ئەهۋال سورايمەنغۇ، هالىڭلارغا يېتىمەنغۇ تازا! شۇمۇ يەتمىدىمۇ؟

— ۋايجان... ۋايجان، بۇ مەككارنىڭ شۇنىڭدىن باشقا گېپى يوق، زادى...

— ھەي، ھەي خوتۇن، بەك كەچ بولۇپ كەتتى. كېلىپ ماۋۇ تاغارنى ماڭا يۇدكۈزۈپ قويۇڭلار، بىر - بىرلەپ هارۋىغا بېسىۋالاي... قالغان گەپنى ئىش تۈگىگەندە ئاخشاملىقتا قاراڭغۇ چۈشكەندە يوتقاندا دېيىشىۋالىمىز. خاپا بولغان يېرىڭلار بولسا كۆڭلۈڭلارنى ئېلىۋالىمەن.

— قاراڭغۇ چۈشكەندە؟! — پىننەخان شوخىغا دەسسىۋالغاندەك كەينىگە داجىدى.

— ھەئە، مەن بۈگۈن قونغىلى كەلدىم.

— ماڭغىنە، قېلىن گاچا! — پىننەخان كۆزلىرىنى ئېرىدىن ئېلىپ قاچتى، — بىزنىڭ بۇ يۇرتتا هېچقانداق كۈيئو-

غۇل يامانلاپ ئۆلتۈرۈپ قالغان خوتۇننىڭ كەينىدىن كېلىپ قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىدە قونمايدۇ، ھەم ئۇنداق قائىدىمۇ يوق.

— ئۇنداق قىلسام بولمامدۇ؟

— ھەرگىز بولمايدۇ!

— ۋايىيەي ... — ھۇسىيناخۇن گەدىنىنى قاشلىدى، — قانداق قىلسام بولار ئەمدى... ھە راست، ئىشنى تۈگىتىپ، داستىخاندىن بىكار بولغاندىن كېيىن قېيىنئانامغا كۆڭۈل قويۇپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلسام يۇمشاپ قالار، ئېرىڭىز بىلەن كېتىڭ بالام، دەپ سىلىنى ئارقامغا سېلىپ قويارمۇ - يا؟

— ماۋۇ پىننەخاندىن سوراپ باقاي... مېنى ئەكىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال شەھەرگە — زەرگەر بازىرىغا كىرىپ ئالتۇن زىرەمنى ئوڭشىتىپ بېرىلا، ئاندىن ئۇچامغا قىزىل شىپىڭ دۇخاۋىسىدىن كۆڭلەكلىك ئېلىپ ئېغىزمىنىمنى خۇش قىلىلا. يەنە ئۆتكەندە سىلى يوتقاندا ئوينىشىپ يېتىپ يىرتىۋەتكەن تامبىلىمنىڭ ئورنىغا تامباللىق ئەپ بەرسىلە، ئاندىن كەينىلىرىدىن بارارمەنمىكىن!

— ۋاي پېشانەم ! — ھۇسىيناخۇن بىر تاغارنى دەس كۆتۈرۈپ ھارۋىغا بېسىۋېتىپ، ئۆزىگە ھە - ھۇ قىلىپ تاغارنى يۈدكۈزۈۋاتقان خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قارىدى، — پىننەخانىنىڭ شەرتلىرى نېمىدېگەن جىق؟ ئۇماق پىننەخاندا بارغانچە ھال پەيدا بولۇپ قالدى مۇشۇ كەمدە!

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن تەڭ كۈلۈشۈپ كەتتى . ئۇلار تاغار تۇتىمەن دەپ بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سىلىشقان ئىدى.

كەچكى شەپەق جىلۋىسى بۇ بىر جۈپ ياش ئەر - خوتۇننىڭ چېھرىنى نۇرلاندۇرىۋەتكەن ئىدى.





## 31

گۈگۈم پەردىسى يېيىلدى. مەھەللە ئىچى بارا - بارا قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولدى. كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتەك، چېھرىدىن كۈلكە قاچقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان روزىگۈل ئاخىرى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى. ئەزەلدىن ئېرىنىڭ نەگە بارغان، نەدە تۇرغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقمىغان بۇ جۇۋان بۈگۈن باللىرىنىڭ دادىسىنىڭ زادى نەدە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، ئېرىنىڭ يانفون نومۇرىنى باستى. تېلېفون ئۇلىنىپ تۇرۇپكىدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى:

ئىتلار قاۋىشامدۇ گادايىنى كۆرسە،
ئاشىقى يىغلىشامدۇ مەشۇقىنى كۆرسە.
...

روزىگۈلنىڭ يۈرەك رېتىمى تېزلەشتى. ئىچ - ئىچىدىن ئەسەبىيلىكى قوزغىلىپ، گويا قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك بىر ئورۇندا تۇرالماي قالدى. تېلېفوندىن بىر خوتۇننىڭ دۇتار چېلىپ، ناز – كەرەشمە بىلەن غەزەل ئوقۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئايالنىڭ ئاۋازىدىكى چاكىنىلىق، ھەر بىر ئاھاڭ ئۆزگىرىشى ئارىلىقىدىكى كىچىك تىل كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرەتتى.

« — تۇۋا ، — دېدى روزىگۈل ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ ، — پۇل ئادەمنى مۇشۇنداق بۇزىۋېتەمدىغاندۇ؟ يولدا ماڭسىمۇ دۇرۇت ئوقۇپ ماڭىدىغان، ئېرىق بويىدا دۇم يېتىپ سۇ ئىچسىمۇ بىسمىللا دەپ ئىچىدىغان، ئېتىزلىقتا قىغ توشۇش ئۇ-

چۈن ئىشەك هارۋىسىنى يېتىلەپ بوسۇغا ئاتلىسىمۇ ئاۋۋال ئوڭ پۇتىنى يۆتكەيدىغان مۆمىن بەندە ئەجەب غوزا قۇرتىدەك قانات چىقىرىپ باشقىچە بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ كەتتا! مۇبادا ئۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام...» جۇۋان تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان كۈلكە، پىخىلداشلارغا تاقەت قىلالماي، تۇرۇپكىنى تاشلىدى. تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى بالىلىرىغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى تەمكىنرەك تۇتۇشقا تىرىشىپ، قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇندى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن هويلىغا چىقىپ بالىلارنىڭ ئۇچىسىدىن چۈشكەن كىيىملەرنى كىر ئالغۇغا تاشلاپ كىر يۇيۇشقا باشلىدى. شۇ تاپتا جۇۋاننىڭ قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابقا تولغان ئىدى، كۆڭۈل سىرلىرىنى، ئېرىدىن خاپا بولغان يەرلىرىنى بىر كىمگە ئېيتىپ ئىچىنى بوشىتاي دېسە، ئارىدا ئۇششاق گەپ ئاۋۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ھەممىنى ئىچىگە يۇتاي دېسە، خاپىلىق ئىچىگە ئۆتۈپ مۇشۇنداق دەرد بولاتتى... روزىگۈل ئەلەملىك خىياللار ئىچىدە ئەل ياتقۇغىچە ئۇششاق ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بېسىقتۇردى. ئورۇن سېلىپ، تېلېۋىزورغا قارىغانچە ئۇخلاپ قالغان بالىلارنى جايلاشتۇرۇپ، ئېرىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇنداق بىر پەيتتە، بىرى دەرۋازىنى تېپىپ دېگۈدەك ئېچىپ، پۇت - قولى كالاڭپاي گاچىدەك پالاق - پۇلۇق چامداپ هويلىغا كىرىپ كەلدى. داراڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان جۇۋان تېخىچە دەرۋازىنى تاقاشنى ئۇنتۇغانلىقىدىن چۆچۈپ كېتىپ، هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى:

— كىم، كىمۇ؟

— سە... سەن كىم؟!





روزىگۈل ئۆزىنىڭ سوئالىغا قايتۇرۇلغان قوپال جاۋابتىن بىر پەس مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى - يۇ، لېكىن هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەلدەڭشىپ تۇرغان ئېرىنى كۆرۈپ قورقۇنچى بىر ئاز بېسىلدى:

— ۋۇي يۇنۇساخۇن، نېمە بولدى سىلىگە؟

— هې... هېچنېمە، كىم سەن؟

— توۋا، ماۋۇ كىشىنى ... — جۇۋان ئاۋازىنى سىلىق ھەم يېقىملىق چىقىرىشقا تىرىشىپ چۈشەندۈردى ، — مەندىن باشقا كىم بولماقچىدى؟ سىلىنىڭ خوتۇنۇڭلار روزىگۈلغۇ، مەن.

— هىم، گۈ...گۈلمىش تېخى! روزىنىڭ كەينىدىكى گۈلنى تاشلىۋەتكىنە، ئۇ چاغدا نېمە بولىدۇ قېنى؟!

ئېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان جۇۋاننىڭ ئاسماندىن يەرنىڭ قەھرىگە موللاق ئېتىپ چۈشكەندەك كۆڭلى بىر قىسما بولدى، شۇنداقتىمۇ ئېرىنىڭ كەيپىلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى:

— ۋۇي ئۇنداق دېمەڭلار دادىسى، ئاتا - ئانام مېنى سىلىگە بەرگەندە گۈلى بىلەن قوشۇپ بەرگەن.

— هىم، گۈ... گۈلى بىلەن قوشۇپ بېرەرمىش! مېنى بەكرەك يۈگۈرتۈش ئۈچۈن روزىخاننىڭ كەينىگە گۈل، گۈزەل دېگەندەك چىرايلىق گەپلەرنى قوشۇپ ئاڭلاتقان بولغىيدىڭلار ھەقچان!

— شۇنداق قىلغان يۇنۇسجان، قىز بالىنىڭ ئىسمىنى ئاشۇنداق چىرايلىق ئاتاش سۈننەت. ئەمدى تۇرۇپلا گۈلۈمنى تاشلىۋېتىپ نېمىمۇ قىلارسىلە ؟ — روزىگۈل ئېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانچە نازۇكلىشىپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە

گەپتە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭ كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋېلىشنى خالىمايتتى. ئېرى بولسا بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك كەينىگە داجىغىنىچە كارنىيىنى قىرىپ يەرگە بىرنى تۈكۈردى:

— ھىم، گۇ... گۈلنى ياراشقان يەرگە قىسقۇلۇق!

— ۋۇي، ئەمدى مېنىڭ گۈلۈم ياراشماي قاپتىمۇ؟

— ئۇ... ئۇنى بىر دېمە!

روزىگۈلنىڭ يۈرىكى جىغىلدىغاندەك بولدى. ئاغزىغا نى يامان گەپلەر كېلىپ ئۆلگۈردى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋېرىدىغان، ئاخىردا دەردىنى كۆزىدىن ئالدىغان ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇنداق چاغدا ئېرى بىلەن تەڭ بولماي، ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ چىرايلىققىنە ئۇخلىتىپ قويۇشنى لايىق كۆرۈپ، ئۇنىڭغا دېدى:

— ھەي دادىسى، سىلە كەيىپ بولۇپ قاپسىلە، مېڭىڭلا ئاستا يوتقانغا كىرىپ ئارام ئېلىڭلار.

— يو... يوتقان؟ مې... مېنى بۇگۈن يوتقىنىڭغا كىرىدۇ، دەمسەن؟

— توۋا ما ئادەمنى، پەسراق گەپ قىلىڭلا دەيمەن! مەن سىلىنى يوتقىنىمغا كىرىڭلا دېمىدىم ...

— ھە... ھە شۇ، خىيالىڭ كۆڭلۈڭگە تايىن... سەن بۈگۈن ماڭا يوتقانىڭ گېپىنى قىلماي، ئا ساندۇقۇڭدىكى توي خېتىنى ئاچىق!

— توي خېتى؟ نېمە قىلىسىلە؟

— خې... خېتىڭنى بېرىمەن!

— كاللاڭلار ساقمۇ ياكى ئېلىشىپ قالدىڭلىمۇ؟

— سا... ساق بولسا نېمە قىلىتتىڭ؟





— ساق بولسا ئۇنداق تايىنى يوق گەپ قىلمايتتىڭلار. مېڭىڭلا ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاڭلار. ھېلى بىكار مەھەللە ـ چاقادىكىلەر، قېيىنئانا ـ قېيىنئاتاملار نېمە ئىش بولدىكىن دەپ يۈگۈرۈشۈپ كىرىدۇ!

— سە... سەن دادامنى كىرىدۇ دەپ مېنى قورقۇتماقچىمۇ؟

— قورقۇتماقچى ئەمەس، كىرىپ قالسا سەت بولىدۇ.

— سە... سەت بولسا، سە... سەن سەۋەبچى. سېنىڭ كاساپىتىڭدىن مۇشۇ كۈنگە قالغان نوچىمەن. ما... ماڭە كاسىلىدا ۋەرمەي، خەتنى ئاچىق! — يۇنۇس روزىگۈلنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى. روزىگۈل كەينىگە داجىدى.

— ھۇي راست، دەۋاتامسىلە، ئاشۇ گەپنى؟

— سە... سەن مېنى ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دەيدىغانغا، ئېغى يوق ئىشتان كىيىدىغان بالا كۆرۈپ قالدىڭما؟

روزىگۈلنىڭ ئۆپكىسى ئېسىلدى. ئېلېكتىر چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ، قىلغان گەپلىرى يىغا ئارىلاش چىقتى:

— ئۇنداق قىلماڭلار دادىسى، ئالدىڭلاردا نېمە گۇناھ قىلغىنىمنى بىلمىسەممۇ، مەندىن ئۆتۈلگەن يېرى بولسا مەن ناماقۇل.

— قوي ئۇ گېپىڭنى!

— ئاۋۇ ياسىن بىلەن روشەننى ئويلاپ قويۇڭلا، يەنە ماۋۇ قورسىقىمدىكى بالاڭلار يېتىم بولۇپ خارۇ زارلىقتا قالمىسۇن!

— ئاممىچا، ئا... بالا دېگەن ئاش ـ نان يەپ چوڭ بولىدۇ. ماڭە ژۇگۇ خەتنى ئاچىق، بولمىسا ئاغزىمدىن يامان گەپ چىقىپ كېتىدۇ!

— خەپ، يامان گەپ قىلىپ سالماڭلار ئېرىم، مەن سىلە نېمە دېسەڭلار شۇنى قىلىدىغان خوتۇنمەن. ئەمما ھازىر سەل مىجەزىڭلار يوق بولۇپ قاپسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەستلىكتە دېيىشكەن گەپمۇ گەپ ئەمەس. شۇڭا نېمە گەپ بولسا، ئەتە چىرايلىق ئولتۇرۇپ مۇڭدىشايلى. شۇ چاغدا سىلە نېمە دېسەڭلا ، مەن شۇ...

— سە... سەن مېنى مەست دېدىڭما، ھەي شۇۋىچى، ھەي؟!

— يۇنۇس پىترىغان بۇقىدەك ھۆركىرەپ خوتۇنىغا تاشلاندى. خوتۇنى نېمىدۇر بىر نېمىگە پۇتلىشىپ يىقىلدى...

ھۆركىرىگەن، چىرقىرىغان ئاۋاز مەھەللىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى، ئىتلار قاۋاشتى، توخۇلار قاقاقلاشتى، ئىشىك - دەرۋازىلار غىچىرلاشتى... شۇ ئەنسىزچىلىك ئۈستىدىن تۇيۇقسىز بېسىپ كەلگەن قارا بوران دەھشەتلىك ھۆركىرەپ قۇمئاۋاتنىڭ بۇ دىشۋارچىلىقىنى يۇتۇپ كەتتى.

ھۇۋلاۋاتقان بوران يۇرت - مەھەللىنى يۇتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك، قۇملارنى كۆچۈرۈپ كېلەتتى، يىل بويى سۇ كۆرمەي، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلىماقچى بولغاندەك ھەريان ئېگەتتى. كىشىلەرگە ئاران پاناھلىق بېرىپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىپ ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز ھۇۋلايتتى...

## 32

ئابباسخان ئاتنى ھارۋىغا قوشتى. بىر ئاخشام ئۆيدە بولمىغانغا ئوغلىنىڭ يەنە خاپىلىق تېرىپ خوتۇننى ئۇرۇپ - پەشۋالاپ يامانلىتىۋەتكەنلىكى، يىراقتىن كەلگەن قىزنى ئە-





گەشتۇرۇپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلغانچە شەھەردىن چىققان بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلغان ئىدى.

يۇرتىنى، مەھەللىسىنى كۆرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي قالغان بىر خىل خۇشاللىق بىلەن دادىسىغا ئەگىشىپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەن ھاۋۋا ھويلىدىكى سۈرۈن كەيپىياتنى كۆرۈپ ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا قاراپ ھېچبىر ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالماي تۇرۇپ قالدى.

— بىزنى ئەجەب خاتىرجەم قىلمىدى بۇ جاھانغا پاتمايدىغان ياۋا توڭگۇز! — دېدى ئابباسخان كۆرپە كۆتۈرۈپ چىقىپ ھارۋىغا سېلىۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ، — شۇمۇ ئەركەكنىڭ قىلىقى بولدىمۇ، ھۇ قارغىش قېپى ھارىمى!

— مېنىڭمۇ كۆڭلۇمنىڭ ئارامى يوق ، — دېدى ئاغىچىخان ھاۋاقىزغا تۇزۇك قارىيالمىغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، — بالا چوڭ قىلماي بالايىزىم چوڭ قىپتىكەنمىز! قاچانغىچە بىزگە مۇشۇنداق خاپىلىق تېرىپ بېرەر ئۇ ئادەم بولغىنىنى تۇيمايدىغان !...

ئابباسخان ئوغلىنى قارغىشقا كەتمىسۇن، دەپ قايتا گەپ قىلمىدى. ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ موخۇركا يۆگەپ ئاچچىقىنى مۇخۇركىدىن چىقاردى. ئاغىچىخان ئېرىنىڭ بۇرۇتىنى ئاق ئارىلىغاندىن بۇيان مەھەللە - چاقادىكىلەردىن ئۇيۇلۇپ خۇپپىيانە چېكىپ يۈرگەن موخۇركىسىنى بۈگۈن يولدىلا ئوچۇق - ئاشكارا شوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ قالدى - يۇ، لېكىن چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. ئاغىچىخان ئوبدان بىلىدۇ، ئېرى ئادەتتە كۆڭلى ئوچۇق چاغلاردا بەئەينى مۇلايىم مۇشۇكنىڭ ئۆزى، ئەمما بىرەر ئىش كۆڭلىگە تىك كېلىپ ئاچچىقى كېلىپ قالغان چاغلاردا بولسا ئۇ مۇلايىم

مۇشۇك بىردىنلا ھۆركىرەپ، خۇيلۇق بۇقىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەن چاغدا بۇ ئادەمگە ئۇشۇق-تۆشۈك گەپ قىلماي، نېمە دېسە ھە دەپ رايىغا بېقىپ جىم ماڭغان تۈزۈك.

ئاباسخان ئاتىنىڭ بېشىنى قۇمئاۋاتقا بۇرىدى. ئۇ شەھەردىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگىنىگە قارىماي، كىچىك كېلىنىنى ئەكىلىۋېلىش ئۈچۈن تەخىرسىز بىر كەيپىياتتا قۇدىسىنىڭ ئالدىغا ماڭغان ئىدى. قۇدا-باجىلارنىڭ كۆڭلى بىر-بىردىن نازۇك كېلىدۇ. ئارىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا بولغاندا ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ئەتراپلىق ئويلاپ، ئۆزىنىمۇ، قارشى تەرەپنىمۇ ئاياش تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرمىگەندە، ئارىدا ئاسانلا كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. ئاداۋەت چوڭىيىدۇ...

« قۇدىمىز ھېلىمۇ كۆكسى-قارنى كەڭ، جاھانساز ئادەمكەن. ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا بىزدىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى بىزنى ئادەم ئېتىپ، يامانلىغان قىزىنى بىر كېچىمۇ قوندۇرۇۋالماستىن ئەكىلىپ قويدى. يەنە بۇ قېتىم بىز قانداق قىلىمىز دەپ ئالدى-كەينىمىزگە قاراپ بولغىچە، ئۇ ئادەم مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپ قىزىنى ئېلىپ ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسە، بىزگىمۇ ياخشى ئەمەس. شۇڭا ئالدى-كەينىمىزگە قارىماي بېرىپ ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ ئېيتىپ، ھەم يارىشىقىنى قىلىپ كېلىنىنى ئەكىلىۋالساق، ئۆزىمىزنىڭ يۈز-ئابرويىمىزغا ياخشى.»

ئاباسخاننىڭ پىكىر-خىيالى ياخشى ئىستەكلەر ئەۋجىدە قاناتلانغانسېرى، چېھرىدىكى خاپىلىق تۇمانلىرى تارقاپ، قولىدىكى چالا چېكىلگەن موخوركىنى ھارۋىنىڭ ئايدىغىدىكى قۇمساڭغۇ يولغا تاشلىدى. ئېرىنىڭ كەيپىگە بېقىپ





يېنىدا ئۈن-تىنسىز ئولتۇرغان ھەمراھىنى ئەمدى ئېسىگە ئالغاندەك ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ گەپ تەشتى:

— ھازىر بالىلىق قىلىپ يۈرىشىدۇ-يۇ، كېيىنچە ئاستا-ئاستا ئادەم بولىدۇ، ھامان ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ.

— ئۆزلىرىمۇ كېيىنرەك بىلگەن بولمىسا ... — دېدى ئاغىچىخانمۇ جانلىنىپ.

— كىم شۇنداق دەيدۇ ؟ — دېدى ئاباسخان يېرىك بارماقلىرى بىلەن بۇرۇتىنى يۆگەپ.

— مەنچۇ، ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟

— يوقىلاڭ گەپ قىلماڭلار، خوتۇن.

— يادىلىرىدىن چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئاچچىقلىرى كېلىپ قالىدىغان بولسا، كۆزلىرىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

— قاچانقى گەپ ئۇ؟

— ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى...

— ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى؟ ئۇ چاغدىكى گەپنى بىر قىلماڭلار... خەۋىرىڭلار بار، ئۇ چاغدا مەن بارچە خەقكە ئوخشاش ئاشلىق تېرىپ قورساق تويغۇدەك بىر ۋاق ئاش يەپ باقمىغان، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا كوپېراتسىيەنىڭ ئۇلىغىنى بېقىپ نەچچە ئون يىلغىچە گۆش-ياغنىڭ تەمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن. قايسى بىر يىلى كۈزدە بالىلارنىڭ نان... نان... دەپ يىغلاشلىرىغا چىدىيالماي ئەترەتنىڭ ئېتىزىدىن ئىككى تال كۆكباش ئۈزۈپ قويغىنىمغا نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم، ئوغرىدىن ئوغرىغا سېلىپ پۈتۈن كەنت بويىچە سازايى قىلىشتى، ئۇردى، ئاھانەت قىلدى. ئىش قىلىپ ئادەم بولۇپ ئانىمىزدىن تۇغۇلغانغا سۇبھان تۇۋا دېگۈزگەن... كۈرەشكە تار-

تىلىپ، باي - پومىشچىكنىڭ ئەۋلادى بولغانغا جان - تەنلىرىمىز قىينالغان... شۇ كۈنلەرنى بېشىمدىن كۆچۈرۈپ ھازىرغىچە مۇشۇنچىلىك تىرىك تۇرغىنىمنى ئويلىسام، ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن. بۈگۈنكى كۈندە چوڭ بولغان ئەخمەقلەر ئۇنداق كۈنلەرنى كۆرمىگەن، شۇڭا ئاتىكاچىلىق قىلىپ كۆرەڭلەيدۇ...

جاپا - مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەتلىك يىللارنى بىللە باشتىن كەچۈرگەن قەدىناسلار توي قىلىپ بېشى قوشۇلغاندىن بۇيانقى خۇشاللىق، خاپىلىقلىرىنى ئەسلىشىپ ئالىلقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنى، قۇمئاۋاتتىكى قۇدىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قېلىشقانلىرىنىمۇ تۇيماي قالغان ئىدى.

ئاباسخان ھەسەن خالۋاپنىڭ مېھمانلىق ئۆيىگە كىرىپ قىسقا پاتىھە قىلغاندىن كېيىن قۇدىلىرىنى سورىدى:

— چوڭلار بىر يەرگە كەتكەنمۇ، بالام؟

— پىنىنەخان ئاچامنىڭ جايىغا كەتكەن، — دېدى يۈسۈپ تارتىنىپقىنا. ئاڭغىچە نۇربۇۋى بۇ ئۆيگە كىرىپ سالام بەردى:

— ئەسسالام دادا، ئانا!

— ۋەلەيكۇم ئەسسالام بالام، كېلىڭ، كېلىڭ، — كېلىنىنى كۆرگەن ئاغىچىخان ئورنىدىن دەس تۇردى، — شۇ خاپىلىقتىن كېيىن ئەنسىرەپ تۇرالمايلا كەتتۇق، دادىڭىز شەھەردىن چىققان ھامان ھارۋا جابدۇپ كەينىڭىزدىن كەلدۇق. بىز ناماقۇل بالام...

كېلىن قېينئاتا - قېينئانىسىنىڭ ئالدىدا نېرى - بېرى گەپ قىلىشنى ئەپسىز كۆردى، كۆكەرگەن قاش - قاپىقىدىن ئۇيالغاندەك پەس ئاۋازدا:

— مەن داستىخان سالاي، — دەپ كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتتى.

تىنجىق ئىسسىقتىكى يول جاپاسىدا ھېرىپ - ئېزىلىپ ئولتۇرغان ئىككىيلەن قۇدىلىرىنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ، ئىختىيارسىز كۆڭلىگە يامىرىغان ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئىچىدە باشقىدىن ھاردۇق يەتكەندەك بولدى. شۇنداقتىمۇ ئەمدى ئۇلارنى ساقلاش، يۈز تۇرانە ئۆزرە ئېيتىپ كېلىنىنى ئېلىپ ئاندىن قايتىش ئەڭ ئاقىلانىلىق بولاتتى.

نۇربۇۋى، يۈسۈپلەر تېخى كىچىك بولسىمۇ، قول - قولچە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى، نان ئۇشتۇپ، قوغۇن پىچتى. كېلىنچەك تېخى مېھمانلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي، قازان ئېسىشقا تۇتۇندى.

بىردەمدىن كېيىن ھۆسىناخۇن كەتمەن كۆتۈرگىنىچە تالادىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدە مېھمان بارلىقىنى كۆرۈپ كەتمەننى قويدى، ئالمان - تالمان پاچاقلىرىدىكى لاينى يۇيۇپ، تېزىغىچە تۇرۇكلۇك تۇرغان ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كىردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئاباسخان ئاكا، ئاغىچىخان ئاچا، تېچلىق كېلىشتىڭلىمۇ، ئۆي ئىچى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ساق تۇردىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر ئۇكام، — مېھمانلار ئىززەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن يەنە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، — ئۆزىڭىز قانداقراق، پىنىنەخانچۇ؟

— ھە... ھە... ئۇمۇ ساق تۇردى، — ھۆسىناخۇن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ گەدىنىنى قاشلىدى، — شۇغىنىسى بىزدىن كۆڭلى ئاغرىپ قالغانمۇ نېمە، يوقىلاڭ گەپ بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىپتى، بۈگۈن دادام بىلەن

ئانام شۇنى ئەكىلىۋالىمىز دەپ كەتكەن، بۇ چاغقىچە يېنىپ كەلمەيۋاتىدۇ، قېيىنئانام قوشۇپ بەرمىدىمۇ ـ يا؟

— قوشۇپ بەرمەيمۇ قالمىغاندۇ ، — دېدى ئاغىچىخان بۇ ئاۋارىچىلىقلاردىن ئەپسۇسلانغاندەك ئاھاڭدا.

— تۈنۈگۈن مەن بارسامغۇ ھازىرلا يېنىپ كېلىدىغاندەك قىلغان، لېكىن خوتۇن كىشىنىڭ گېپى دېگەن ھىلە ـ شىلە بولىدىكەن، دېسە. ناۋادا مەسلىھەتى ئۆزگىرىپ قالغان بولسا، تىكلىشىپ تۇرۇپ قالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم.

ئوچۇق سۆزلۈك ھۇسىناخۇن ئۆيان ـ بۇياننىڭ پارىڭىنى قىلىپ مېھمانلارنى ئاغزىغا قارىتىپ ئولتۇردى. بىر چاغ بولغاندا دەرۋازا ئالدىدا تۆگىنىڭ پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاخىرى كەلدى ، — دېدى بالىلار ئالمان ـ تالمان دەرۋازا ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ. مېھمانلارمۇ خېلى جانلىنىپ، ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشەلدى.

شۇ ئاخشىمى ھەسەن خالۋاپ بىلەن نازىلخان يامانلاقتا تۇرغان كېلىنى پىننەخاننى چىرايلىققىنە ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئاباسخان بىلەن ئاغىچىخانمۇ كېلىنى نۇربۇۋىنى ئىززەت ـ ئەتىۋارى بىلەن ئارائاۋاتقا ئېلىپ ماڭدى. قۇمئاۋات بىلەن ئارائاۋاتنىڭ ئاسمىنىدا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىر ـ بىرىگە كۆز قىسىشتى.





# ئالتىنچى باب

## 33

ئىيۇلنىڭ تىنجىق، جاپالىق كۈنلىرى ئاستا ئۆتمەكتە. يۈرەكنى كاۋاپ قىلىدىغان تومۇز ئىسسىق قۇمئاۋاتنى قاپساپ ئالغان، قىزغۇچ قىزمىنىڭ رەڭگىدىكى بىر خىل تۇمان ئاسمان بوشلۇقىغا سىغدىلىپ تۇراتتى. قۇملۇقتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنىدەك قىزىق شامال ھەممە يەرنى قىزدۇرۇپ، كىشىگە ئازراقمۇ ئاراملىق بەرمەيتتى. دەممۇ دەم پەيدا بولىدىغان تەتۈر قۇيۇن قۇملارنى، قامغاقلارنى، قۇرىغان توغراق غازاڭلىرىنى كۆككە سورۇپ، مەھەللىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى تىنتىتىغانچە ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كۆزدىن غايىب بولاتتى. مۇشۇنداق كىلىمات ئۆزگىرىشى قۇمئاۋاتلىقلارغا ئازراقمۇ ئاراملىق يوق، ھە دېگەندە قارا بوران بېسىپ كېلەتتى، دەھشەتلىك بوراندا كەلكۈن بولۇپ ئاققان قۇم يۇرتقا يوپۇرۇلۇپ ھەممىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

يۇسۇپ چاتقاللىق بىلەن قۇملۇقنىڭ ئارىسىدىكى ياۋا چۆپلۈكتە قوي ـ ئۆچكىلەرگە قارىغاچ خىيالغا پاتقان ئىدى. چاتقاللىقنىڭ يۇقىرى تەرىپى كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق بولۇپ، قۇملۇقنىڭ تۆۋەن تەرىپى قۇمئاۋاتنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە،

كۆجۈم مەھەللىلىرىگە تۇتىشاتتى. قۇملۇق باغرىدىكى ئەگرى - بۈگرى ئېرىقنى بويلاپ ئېقىپ كەلگەن ئازغىنە سۇ قۇمئاۋاتنى كۆكەرتىپ تۇراتتى. تەتىل قىلىپ كەلگەن نەچچە كۈندىن بېرى كۆز ئالدىدىكى دۇنيانى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك چەكسىز كەتكەن قۇملارغا، قۇملۇق باغرىدا ھال چۈشكەندەك سارغىيىپ تۇرغان ئېكىنزارلارغا باشقىچە بىر ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغان يۇسۇپنىڭ ئۇچىسىدا ھېلىقى كۈندىكى چىرايلىق مەكتەپ فورمىسى يوق ئىدى، ئەكسىچە ئۇ تار ھەم قىسقا كېلىپ قالغان كونا كانۋاي كۆڭلىكىنى كىيىۋالغان، قۇم، توپا - توزاندا چاڭگىلىشىپ كەتكەن چاچلىرىنى پاكىز چۈشۈرتىۋېتىپ، ئاق شاپاق دوپپىسىنى بېشىغا قوندۇرۇۋالغان ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنى كۆرگەن كىشى مۇشۇ قۇملۇق جاڭگالنىڭ پادىچىسىمىكىن دەپ قالاتتى. لېكىن يۇسۇپ ئەمدى بۇلتۇرقى گۆدەك، پەرۋاسىز يۇسۇپ ئەمەس ئىدى. تەتىل قىلىپ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن ئون نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بۇ زېمىن بارغانچە قۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك، چاتقاللىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قۇم دۆڭلىرى مۇشۇ ئازغىنە ئېكىن يەرلەرنى بېسىپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ يەردىكى ھاياتلىق ئىزلىرىمۇ ئۆچۈپ قالىدىغاندەك يۈرىكى پۇچۇلاندى. ئۇ ئوقۇشقا بېرىشتىن ئىلگىرى قۇمئاۋاتنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىغان، دادىسى بىلەن بىر - ئىككى قېتىم ناھىيە بازىرىغا بارغىنىنى دېمىگەندە تۈزۈكرەك يۇرت كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. شۇڭا ئاشۇ تار نەزەر كۆزى بىلەن قۇمئاۋاتنى يەر يۈزىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئاۋات، چىرايلىق يۇرت دېگەن ساددا قاراش باللىق قەلبىگە سىڭىپ قالغان ئىدى. دېمىسىمۇ قۇمئاۋاتنىڭ ياز كىرىش بىلەن تەڭ مەي باغلاپ





پىشىدىغان ئۈجمىسى بىلەن ئاجايىپ تاتلىق بولىدىغان ئۆرۈكى، ياز ئوتتۇرىسىدا سارغىيىپ پىشىدىغان يازلىق ئامۇتى بىلەن ئاق ئالمىسى؛ ياز نەۋقىران بولغاندا يېسە تىلنى يارىدىغان قوغۇن - تاۋۇزلىرى، شاپتۇللىرى، ئۈزۈملىرى بۇ يۇرتقا كەلگەن كىشىنى بېھىشكە كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. كۈز ئايلىرىدا كىشىلەر يەنە بادام، ياڭاق، چىلان، جىگدىلەرنى قېقىپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئاپتاپقا سالىدۇ. كۈزلۈك قوغۇن، ئۈزۈم، ئالما - ئامۇتلارنى ساپىقى بىلەن ئۈزۈپ گەمىگە ئەكىرىپ قىشچە مېھمان، باردى - كەلدىلەر ئۈچۈن ساقلايدۇ. بالا ئۆيىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلغان بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى قۇمئاۋاتقا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە كاتتا ئاۋات شەھەردە تۇردى، ئۇ يەرنىڭ خىل، ئوخشىمىغان مېۋە - چېۋىلىرىنى تېتىپ كۆردى، لېكىن ئۇنىڭ تىلىغا ھېچ يەرنىڭ سۈيى قۇمئاۋاتنىڭ سۈيىدەك ئىچىشلىك ، ھېچ يەرنىڭ مېۋە - چېۋىلىرى قۇمئاۋاتنىڭكىدەك تاتلىق تۇيۇلمىدى...

يۇسۇپ يۇرتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ئۇنىڭدىن ۋۇجۇدىغا سىڭىپ قالغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببەتكە قاراپ بۇ يەرنىڭ نەچچە يۈز يىل جەريانىدا شەكىللىنىپ قالغان ئادەتتىكىچە بىر بوستانلىق بولماستىن، بەلكى يىراق قەدىمدە گۈللەنگەن، باياشاتلىققا تولغان بىر ماكاننىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا چۆمدى. گۈللىنىش، باياشاتچىلىق... ئۇنداق بولسا قېنى ئۇ باياشاتچىلىق؟ ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان بىر سوئال پەيدا بولدى. سوئالغا يانداشقان توپان، قۇملۇق، ھالاكەت... دېگەندەك ئۇقۇملار مېڭىسىدە چاقماق بولۇپ چېقىلدى. ئىلگىرى ئۇنىڭدا بۇنداق سوئال، بۇنداق تۇيغۇلار پەيدا بولمىغان، پىكىر - خىيالى بۇنچە چوڭقۇرلۇققا،

يىراق زامانلارغا قاناتلىنىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ مەكتەپتە چاغدا دەرسلىكتىن ئوقۇغان، ساۋاقداشلىرى بىلەن مۇلاھىزە قىلغان مەسىلىلەردىن جەنۇبىي قۇتۇپتىكى تاشقا ئايلانغان قۇشسىمان دىنوزاۋرلارنىڭ قىتئەلەر ئارا كۆچمىگەنلىكىنى ، زېمىنلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئاجرىغانلىقىنى ، يەنى يەر قاتلىمىنىڭ، بۆلەكلىرى ئاجرىسا، بەزى بۆلەكلىرى سىغدىلىپ بىرىكىپ، بەزى بۆلەكلەر باشقا بۆلەكلەر تەرەپكە قاڭقىتىپ چىقىرىۋېتىلىشى جەريانىدىكى يانار تاغ پارتلاش، يەر تەۋرەش، شۇنداقلا زەنجىرسىمان ئاراللاردىكى ئۆزگىرىش قاتارلىق ئەھۋاللار تۇپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى خىيال قىلدى... ئۇنداقتا، بۇ زېمىندىكى قۇملىشىش، چۆللىشىش نېمىنىڭ مەھسۇلى؟ كۆز ئالدىدىكى تىلسىمات دۇنياسى، سىرى ئېچىلمىغان شەھەرلەر، توختاۋسىز بېسىپ كېلىۋاتقان قۇملۇق، قۇرۇپ چۆللىشىپ كېتىۋاتقان زېمىن شۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەھسۇلىمىدۇ؟ بۇ ئۆزگىرىشلەر داۋامىدا ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەسلىدىكى ھاياتلىق بۆشۈكى ۋە ياشاش ئاساسىدىن ئايرىلىپ، ئىپتىدائىيلىقتا يۈزلىنىپ، يېڭى قىسمەتلەرگە دوقۇرۇشقانچە قۇم بارخانلىرى ئارا كېزىپ يۈرۈپ ئاخىرى بۈگۈنگە ئۇلاشقانمىدۇ...؟

بالا تەگسىز خىياللار ئىچىدە قۇم بارخانلىرىغا تىكىلگىنىچە كۈننى كەچ قىلدى. ئەتىگەندە كۈن چىقىشتىكى قىزغۇچ قۇملار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياشنىڭ ئەمدى غەربتىكى بارخانلارغا ئاستا - ئاستا باش قويۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. قۇم ئۈستىدە زور مىس لىگەندەك قىپقىزىل قىزىرىپ تۇرغان قۇياشتىن قەلب قەسرىگە بىر ئوت بالقىدى. قەلبىدىن يۈرەككە تۇتاشقان ئوت ئاجايىپ بىر ئىستەككە ئايلىنىپ، ئىختى-





يارسىز يېلىنجاشقا باشلىدى...

— يۈسۈپ، چوڭ بولساڭ نېمە ئىشلارنى قىلارسەن؟

— ساتار چالىمەن، يۇرتىمىزنىڭ ئەلنەغمىچىلىرىگە ئوخشاش بېيجىڭ، توكيو، لوندون، پارىژ دېگەن يەرلەرگە بېرىپ باياۋان ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن ...

— يەنىچۇ، باشقىچىرەك بىر ئىشلارنى قىلالايدىغان ئادەم بولغۇڭ يوقمۇ؟

— ياكى مۇئەللىم بولۇۋېتەرمەن - يا...

— ئەمدىچۇ يۈسۈپ، سەن قۇمئاۋاتتىن تۇنجى بولۇپ بېيجىڭغا ئوقۇشقا كېتىۋاتىسەن، ئوقۇپ كەلسەڭ قانداق چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەرسەن؟

— ئەمدىمۇ، ئەمدى دوختۇرلۇقتا ئوقۇساممۇ بولىدۇ. دوختۇر بولسام، يۇرتىمىزدا كېسەللى شىپا تاپماي ياش - ياش ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى داۋالايمەن!

— باركاللا ئوغلۇم، ئەمدى ئەقلىڭ ئېچىلىشقا باشلاپتۇ.

يۈسۈپ ئىلگىرى ھەمىشە مۇشۇنداق سوئاللارغا دۇچ كېلەتتى. ئۇمۇ كىمگە، نېمىگە ھەۋەس قىلغان بولسا، ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە شۇنى دەپ كەلگەن ئىدى. بۈگۈن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا قاراپ، كىچىككىنە يۈرىكىدە ئىختىيارسىز باشقىچە بىر ئوت يېلىنجىدى. بۇ ئوت مۇھىت، ئېكولوگىيىگە ھەۋەس قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىنىڭ تۇنجى يانغىنى ئىدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى قۇملۇقنىڭ سىرى ھەققىدە ئويلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولغان بالا ئۆچكىلەرنىڭ ئەنسىز مەرەش، پىتراشلىرىدىن چۆچۈپ ئۆزىگە كەلدى. كۈنپېتىشتىن بېسىپ كېلىۋاتقان قارا بوراننىڭ شەپىسىنى كۆرۈپ،

ۋۇجۇدىغا غىل - پال بىر قورقۇنچ ياماشتى. ئەمما ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى بۇنداق بورانىنى تولا كۆرگەن بالا تېزدىن ئەسلى قورقۇمسىزلىقىغا قايتىپ، تەمكىنلىك بىلەن پادىنىڭ ئالدىنى توردى. بۇرۇن ئۆزىگە يادا بولۇپ كەتكەن «چىگ-چىگە»، «قاش-قاشە »لەر بىلەن پادىنى جەم قىلىپ، مەھەللىگە ھەيدەپ ماڭدى. ھاسىراپ -ھۆمىدەپ كەتكەن ھەسەن خالۋاپ تەڭ يولدا ئۇنىڭغا ئۇچراشتى.

— ياندىڭمۇ بالام ؟ — ئوغلىنى كۆرگەن دادا بىر خىل خۇشلۇق بىلەن سورىدى.

— ھەئە، دادا.

— پادىدىن چۇشۇپ قالغانلىرى يوقتۇ؟

— يوق، دادا.

— سۇ نۆۋىتى ساقلاپ كۆچۈرمە بېشىدىن كەلسەم، ئاناڭ مال باققىلى كەتكەن دېدى، كېلىۋاتقان بورانىنىڭ شەپىسىنى كۆرۈپ بەدەر ئالدىڭغا يۈگۈرۈشۈم، ئەمدى ئۆزۈڭنى بۇنداق جاپاغا سالما جۇمۇ، سەن ئەمدى بىزگە مېھمان.

— مەن سىلەرگە مېھمان بولسام، ئۆچكە - قويلىرىم ماڭا مېھمان، دادا. مەن ئۆزۈم باققان ئۆچكىلىرىمنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولدۇم. تېخى ئۆچكىلىرىممۇ مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. قولۇمدىن يەم تاما قىلامدىكىن تاڭ، پات - پات يېنىما كېلىپ قوللىرىمنى ھىدلاۋاتىدۇ.

— بۇ جان - جانىۋارلار سېنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن بالام، سەن كەتكەندىن كېيىن مەن جېنىمدا سېنى سېغىنىپ كەتسەم، ئاشۇ پاقالانلىرىڭنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ قولىقىغا پىچىرلاپ قالغان يېرىم بار...

— ھە؟





— چاققان ماڭ، قارا بوران بېسىپ كەلدى!

كۈچلۈك بوران، دەھشەتلىك ھۇۋلاش يۇرتنى بىر ئالدى. ئاتا - بالا ئىككىيلەن پادىنى ھەيدەپ، ئۆزىنى بوسۇغىدىن ھويلىغا ئاتتى.

توك توختىغان، زۇلمەتتەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قارا چىراغنى ياندۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئىچىشكەن كۆجە ئاش قۇم دانىچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ چىشلاردا گىرىچلايتتى. بوران توختاۋسىز ھۇۋلاپ تۇرغان، ئالەم -جاھان قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولغاچقا، ھەممەيلەن ئىشىك، تۈڭلۈكلەرنى تاقاپ بالدۇرلا يېتىپ قېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. يېقىندىن بېرى ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ ساقىسىز بولۇپ قالغان پىنىنەخانمۇ ئوپۇل - توپۇل قازان بېشىنى بېسىقتۇرۇپ ھۇسىيناخۇننى شەرەتلىگىنىچە ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. يۇسۇپ دادىسى خۇپتەن نامىزىنى ئۆتىگىچە قارا چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ خاتىرە يازدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى دادىسىنىڭ ئورنىغا يانداپ سېلىپ قويغان يوتقانغا كىرىپ ياتتى. ئۇ تەتىل قىلىپ كەلگەندىن بېرى دادىسى: «بىر - ئىككى ئاي بولسىمۇ سەن بىلەن بىللە يېتىۋالاي بالام» دەپ بىر ئۆيدە يانمۇ يان يېتىۋاتاتتى.

نەچچە كۈندىن بېرى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا تارتىنغاندەك كەمسۆز يۈرگەن بالا بۈگۈن دادىسى يېنىغا كېلىشى بىلەن قۇمدەك ئۇششاق سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى:

— دادا، بىزنىڭ قۇمئاۋات بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق چۆلمىدى؟

— نېمە؟ — ئەمدىلا چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈرگەن دادا ئوغلىنىڭ سوئالىدىن ھەيران قالدى ، — مەھەللىمىز قانداقلارچە كۆزۈڭگە چۆل كۆرۈنۈپ قالدى، بالام؟

— ياق، چۆل كۆرۈنگىنى ئەمەس ، — دېدى بالا دادىس-

نىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، — بۇ ئەتراپ بۇرۇندىن مۇشۇنداق قۇملۇقمىدى دېمەكچىمەن.

— ھە... مۇنداق دېگىنە. لېكىن چۆل دېسەڭ كۇپۇرلۇق بولىدۇ، جۇمۇ!

— نېمىشقا؟ — بوراننىڭ گۇرۇلدىشى ئىچىدە بالىنىڭ ئاۋازى ئاران ئاڭلاندى.

— بۇ، ياراتقان ئىگەمنىڭ نەزىرى چۈشكەن بېھىش ئىدىكى ئۇلۇغ يۇرت.

— ھە ... — بالىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، — مەن ئۇنداق ئاڭلىمىدىمغۇ، ئىچكىرىدە بەزى كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ يۇرتىمىزنى بارسا كەلمەس يول، ھالاكەت دېڭىزى، دېگەندەك يامان ئاتاقلار بىلەن ئاتىغىنىنى ئاڭلىدىم.

— شۇم ئېغىزلىق قىلما بالام! — ئاتا بىردىنلا ئوغلىغا ئاچچىقلىنىپ كەتتى، — بۇ بولمىغۇر ئادەملەرنىڭ تاپقان گېپى. يۇرتىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن توغراق مازاردىكى ھەزرەت پىرنىڭ قەبرىگاھى بەيتۇل ھەرەمدىمۇ زىكىر قىلىنارمىش. ئۇلۇغ ھەزرەت پىرنىڭ ھەرەمدىكى ئىخلاسمەنلىرى: «بۇ ئۆمرىمىزدە قۇمراباتقا بېرىپ ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ قەبرىگاھىنى بىر قېتىم تاۋاپ قىلىۋېلىشىمىزغا نېسىپ بولارمۇ» دەپ بىر تەرەپلەردىن بارغانلارنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ يۇم-يۇم ياش تۆكەرمىش ... — بالا گەپ قىلمىدى. ئۇ يەنە ئويلىمىغان يەردىن سۆزلەپ سېلىپ دادىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشتىن قورققان ئىدى. ئەمما ئاتا ئاچچىقىدا بالىسىغا ئىتتىكلا تەنبىھ بېرىپ سالغىنىغا ئەپۇ سورىغاندەك ياندۇرۇپ سورىدى، — بۇرۇنقى ئىشلارنى نېمەدەپ سوراپ قالدىڭ، بالام؟





— بىلگۈم كەلدى، مەن كۆرگەن يەرلەردە سۇ ناھايىتى مول ئىكەن، ھۆل-يېغىن ھايالسىز دېگۈدەك يېغىپ تۇرىدىكەن. مەكتەپتىن قايتىپ كەلگىچە يول بويلىرىدا كىشىلەرنىڭ سۇلۇقلار ئىچىدە مايسا كۆچۈرۈۋاتقىنىنى كۆردۈم. قارىسام ھەممە يەر يېشىللىق...

— نېمە، مايسا كۆچۈرۈۋاتقان، دېدىڭما؟ ئەمىسە شال كۆچۈرگەننى كۆرگەن ئوخشايسەن بالام! ئىلگىرى بىزنىڭ مۇشۇ يەرلىرىدىمۇ شۇنداق شال كۆچۈرەتتۇق، شال ئۆستۈرىدىغان سۇلۇق يەرلەر شۇنداق كەڭرى ئىدى.

— قۇمئاۋاتتىمۇ شال كۆچۈرگىدەك سۇ بارمىتى دادا؟

— ھەيرانلىق، ھاياجان ئىچىدە يۈسۈپنىڭ ئاۋازى بوراننىڭ گۈركىرىشىنى بېسىپ كەتتى.

— شۇنداق، ھەر يىلى شال كۆچۈرىدىغان چېغىمىزدا دادام رەھمەتتى سۇدا ئىشلەپ سوغىشىپ قالىسىلەر بالام، دەپ ئاتايىن قوي سويۇپ، ئانامنى قىچا ياكى زاغۇن يېغى بىلەن پولۇ دۇملەشكە بۇيرۇيتتى. بىز قىن-قىنىمىزغا پاتماي چېپىپ يۈرۈپ شال كۆچۈرۈپ، چوڭلارنىڭ جاپاسىنى يېنىكلىتەتتۇق. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن دادىمىز بىلەن بىر داستىخاندا، بىر لىگەندە ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن پولۇ يەيتتۇق. مەن كىچىكلىكتە ئاشنى چېچىپ قويسام، ئانام ھۆي ئاغزى پۇچۇق چۆجە، ئاشنى چاچماي يە، بولمىسا ساڭا ئەمدى ئاش يوق، دەپ كايىپ كېتەتتى.

— چۆجە؟

— ھەئە.

— ھى... ھى... نېمە دېگەن قىزىق ... — بالا بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، — كېيىن يەنە سورىدى،

— ئۇ چاغلاردا شال ئوخشامتى؟

— ئاجايىپ ئوخشايتتى، بالام.

— ئەمىسە ھازىرچۇ؟

— نېمە، ھازىر؟...

— ئاشۇ شال ئۆستۇرىدىغان سۇ، شاللىق يەرلەر قېنى؟

— نېمە ئانداق تەتۈر توخۇناق گەپلەرنى سوراۋېرىسىلەر بالامەي؟ ياكى بېيجىڭدىكى خەنسۇ مۇئەللىمىڭلار مۇشۇنداق نەدىكى پاسار باسماس گەپلەرنى سوراشنى ئۆگەتتىمۇ - يا سىلەرگە؟

— ئۇنداق ئەمەس ، — دېدى يۇسۇپنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ ، — بۇرۇنقى ئىشلارنى بىلىپ قويسام زىيىنى بولماس دەيمەنغۇ شۇ.

— دەپ كەلسەم بۇ بەك جىق گەپ بالام ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئۇلۇغ بىر تىنىۋېلىپ، — مېنى خەتنە قىلدۇرغان يىللى كوپىراتسىيەنى قۇردۇق، قۇمئاۋاتلىقنىڭ ئىگىلىكىدىكى ھەممە يەرلەرنى خەلق كوممۇنىسىغا ئۆتكۈزىۋالدۇق. بۇ مەزگىلدە يەنە چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ئەمگەك كۈچى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ يەر كېڭەيتتۇق. يۇرت ئىچى بىلەن قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى - دوناي توغراقلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، پارچە - پۇرات يەرلەرنى كەڭرى ئورمانغا ئۆزگەرتتۇق. يەرلەرنىڭ زېيىنى قاچۇرۇپ، شۇ چاغلاردا ئېھتىياج كەڭ بولغان بۇغداي، قوناق، كېۋەزلەرنى تېرىدۇق.

— شال كۆچۈرۈش ئىشچۇ؟ بىزنىڭ قۇمئاۋاتتا ھەممە ئادەم پولۇغا ئامراق تۇرسا...

— كېيىنچە يەرلىرىمىز بارغانچە سۇغا قانماس بولۇپ كەتتى، شۇنداق بولغاندىكىن نەدىكى شال - گۈرۈچ بالام، ئۇ...





— ئېچىلغان يەرلەرچۇ؟ مەن ئەقلىمگە كېلىپ قۇمئاۋاتتا ھېچبىر سالالاشتۇرۇلغان كەڭرى ئېتىزلارنى كۆرمىدىمغۇ؟

— كېيىن زورلاپ ئاچقان يەرلىرىمىزنى تامامەن دېگۈدەك قۇم بېسىپ كەتتى، بالام! — ئاتىنىڭ ئېچىنىش ئاھاڭىدىكى سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىنى بوران يۇتۇپ كەتتى.

— ھېلىقى ئايكۆلچۇ؟

— ئۇ كۆلىمىزنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قېلىپ قۇرۇپ كەتتى.

— نېمىشقا؟

— كۆلگە سۇ ئېشىنالمىدۇق، بالام.

— كۆلنىڭ بېلىقلىرىچۇ؟

— لايدانغا چىقىپ قۇرۇپ قالغان ئاشۇ بىچارە بېلىقلارنىڭ بىزدە ھېلىھەم قىساسى بار!

— توغراقلىقتىكى ياۋا تۆگە، كىيىك، تۈلكە، ياۋا توشقان، ئۇچار قاناتلارچۇ، ئۇلار نەگە كەتتى؟

ئاتا ئۇخلاپ قالغاندەك بىردەم جىمىپ قالدى، كېيىن نارازى بولغاندەك بىر ئاھاڭدا سورىدى:

— نېمە ئانداق تۈگىمەيدىغان گەپ بالام، بۇ؟

— مۇئەللىم بىزگە يۇرتۇڭلارنىڭ قىياپىتى، تەرەققىياتى، مۇھىتى، سىلەر كېيىن كۆرگەن جايلار بىلەن بولغان پەرقى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ماقالە يېزىپ كېلىڭلار، دەپ تاپشۇرۇق بەرگەن. شۇڭا سىزدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئۇنى - بۇنى سوراپ چوڭقۇرراق تەكشۈرۈپ، ئۆگىنىپ بىرنەرسە يازاي دەيمەن.

— يەنە بىر دەڭلا بالام، ئۇ گەپنى؟ ! — ھەسەن خالۋاپ بىر ئىشتىن ئەنسىرىگەندەك ئورنىدىن تۇردى. تەكىي بېشىنى

سىلاپ - سىيپاپ يۈرۈپ سەرەڭگىنى تېپىپ چىراغ ياقتى، — خىيالىڭلاردا مۇشۇ گەپلەرنى ئەسلەرگە كۆتۈرۈپ بارماقچىمۇ سىلە؟ — ئاتىنىڭ چىرايى تاتارغان، گەپ - سۆزلىرى تاققا - تۇققۇ ئىدى. دادىسىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتكەن بالا جىم بولۇۋالدى.

— دېگىنە، شۇ خىيال بىلەن مەندىن گەپ كوچىلىغانمىدىڭ؟

كىرسىنىنىڭ ئىسسىنى پۇرقىرىتىپ تۇرغان قارا چىراغ سۇس پىلىلداپ تۇراتتى. بوران ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتكىدەك گۈركىرەيتتى. بالا ئاتىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن قارا چىراغقا تىكىلگىنىچە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. قەلبىدە پەيدا بولغان تۇيغۇلار بوران بىلەن تەڭ ھەريان ئۇچاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تالاغا چىققۇسى، بوران بىلەن تەڭ چەكسىز قۇملۇق باغرىنى كەزگۈسى كەلدى. غەزىپى ئۆرلەپ قالغان ئاتىسى بولسا قولىقىنىڭ تۈۋىدە توختىماي سۆزلەۋاتاتتى:

— ئەجەب ئىمانىمنى ئېزىقتۇردۇڭ - يا بالام، خىيالىڭدا مەندىن گەپ ئېلىپ بېيجىڭغا كۆتۈرۈپ بېرىپ نېمە پايدا كۆرەرسەن، سەن؟

بالا ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر قاقاس قۇملۇققا ئوخشاپ قالغان ناتىۋان قەلبىدە بوران ھۇۋلىماقتا ئىدى.

— سىز تېخى كىچىك، بالام، بېشىڭىزدىن ھېچقانچە ئىش ئۆتمىدى ، — دېدى ئاتا بالىنىڭ روھىي كەيپىياتىغا قاراپ بىرئاز يۇمشاپ، — شۇڭا مۇشتۇمدەك تۇرۇپ كەلسە - كەلمەس ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرمەڭ. بولۇپمۇ قۇمئاۋاتتا بولغان - بولمىغان ئىشلارنى خەقنىڭ يۇرتىغا بېرىپ سۆزلەشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ. ئەتە يۇرتىمىزنىڭ جامائىتى قۇملۇق-





نىڭ ئېتىكىگە چىقىپ ئىككى رەكەت تىلاۋەت نامىزى ئوقۇماقچى، سىزمۇ كەينىمىزدىن بېرىپ بىزگە قېتىلىڭ.

— تىلاۋەت نامىزى ؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈردى بالا ، — ئۇ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ئەمەستۇ؟

— ياق، ئۇ دېگەن بۇرۇندىنلا بار بولغان ئۆرپ - ئادەت، بىز ئىلتىجالىق كۆز ياشلىرىمىز ئارقىلىق ئاسماندىن يامغۇر تىلەيمىز. بۇ يىل كىرىپ مۇشۇ كەمگىچە قۇمئاۋاتتا بىر تېمىممۇ قار - يامغۇر يېغىپ باقمىدى ئەمەسمۇ! شۇنداق قىلساق، تىلىكىمىز ئىجاۋەت بولۇپ يامغۇر يېغىپ،زىرائەتلىرىمىز ئوخشىسا، ھۆكۈمەتكىمۇ ياخشى بالام.

— ماقۇل ئەمىسە، مەنمۇ بېرىپ كۆرۈپ باقاي.

— كۆرۈپ باقاي ئەمەس، سىزمۇ تىلاۋەت قىلىڭ! بۇ مۇشۇ زېمىنغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ھەر بىر كىشىنىڭ بۇرچى، بالام!

— ماقۇل.

## 34

جۇمە نامىزىدىن يانغان جامائەت مەھەللىدىن چىقىپ، قۇملۇق ئېتىكىگە سەلدەك ئاقتى. چېھرىدە مىڭ يىللىق ھەسرەت - نادامەت قېتىپ قالغان بۇ كىشىلەر يۈزگە ئوت بولۇپ ئۇرۇلۇۋاتقان تىنجىق ئىسسىقتا، لەۋلىرىنى بوش مىدىرلىتىپ دۇرۇت ئوقۇغىنىچە تۇخۇم پىشىدىغان قوقاستەك قىزىق.قۇملۇقتا سەپ تۈزمەكتە ئىدى.

جامائەتنىڭ قۇملۇق تەرەپكە كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئۇلۇغ - ئۇششاق ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى قىلىۋاتقان ئىشىنى،

مېڭىۋاتقان يولىنى تاشلاپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوملۇققا كەل-
دى. دادىسىنىڭ گېپى بويىچە كىشىلەرگە سوغدىشىپ يېتىپ
كەلگەن يۇسۇپمۇ جامائەتنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئاكىسى ھو-
سىناخۇننىڭ يېنىغا سىغدالدى. بېشىغا سەللە يۆگىۋالغان
دادىسى بولسا ھەممىنىڭ ئالدىدىكى رەتتە تۇرغان ئىدى. يۇسۇپ
كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ مەكتىپىدىكى مەيدانغا توپلىنىدىغان
ساۋاقداشلىرى بىلەن بۇ يەردە تۇرغان جامائەتنى سېلىشتۇرۇپ
كۆرۈپ، كۆز ئالدىدىكى بۇ كىشىلەرنى تۆت يۈزدىن ئاشارمى-
كىن دەپ تەخمىن قىلدى.

كەنت تەرەپتىن كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئېسىققاندا، جا-
مائەت ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ كەينىدە تۇرۇپ بىردە قولىقىنى تۇ-
تۇپ، بىردە ئاسمانغا قاراپ، بىردە ئىككى تەرەپكە سالام قىلىپ
تىلاۋەت نامىزىنى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، چوڭ ئورالغان
ھەيۋەتلىك سەللىسى، مەيدىسىگە بىر كەلگەن ئاپئاق ساقىلى
بىلەن كىشىگە تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان ئىمام ئاخۇنۇم
ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇناجات ئوقۇپ قۇمئاۋاتتىكى مۆمىنلەرنىڭ
تىلىكىنى ياراتقۇچىغا يەتكۈزدى ھەم بىردىنلا ئۈن سېلىپ
يىغلاپ، ئۆزىگە ئىخلاس قىلىپ تۇرغان جامائەتنىڭ يۈرىكىنى
ئەزدى. جامائەت خۇددى ئىمام ئاخۇنۇمغا ئەگىشىپ خور ئېيى-
تىۋاتقاندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇناجات ئوقۇدى. بايرامغا تەييار-
لىق قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئالدىن مەشىق قىلىۋالغان خورغا
ئوخشاش بىر -بىرىگە جۈر بولۇپ ئۈلگىيىپ كەتكەن ياڭراق
ئاۋازدىن ، قۇملۇق باغرىدا ئاجايىپ بىر ئەكس سادا پەيدا بول-
دى.

جامائەت ئارىسىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان يۇسۇپ
خىيالغا چۆكتى: «چېھرىدىن تۇپا يېغىپ تۇرغان بىزنىڭ بۇ





ئادەملەرنىڭ ئادەتتە روھى ئۆلگەندەك، قەلبى قۇپقۇرۇق تۇر-
غاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە يۈرىكىدە باشقا بىر دۇن-
يا بار ئىكەن ئەمەسمۇ! مەن تەتىل قىلىپ كېلىپ ئېتىز -
ئېرىق بويلىرىدا، پادا باققان يەرلەردە كۆرگەن ھەر بىر كىشى-
نىڭ چېھرىگە، تۇرقىغا قاراپ بىزنىڭ بۇ ئادەملەرگە نېمە بول-
غاندۇ، ئۇلارنىڭ تۇرقىلا ئادەممۇ ياكى ئۇلار قۇملۇقتا قۇرۇپ
قاقشال بولۇپ قالغان توغراققا ئايلىنىپ قالدىمۇ، دېگەن سو-
ئال يالت قىلىپ كاللامدىن كەچكەن، لېكىن بۇ گەپنى ھەر-
گىزمۇ ئاغزىمدىن چىقىرالمىغان ئىدىم. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلار
ھەر ھالدا توغراقتەك قۇرۇپ قالماپتۇ، ھېسسىيات، ئارزۇ -
ئىستەكلەر ئىلكىدە ياشاۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتا تىلاۋەت
قىلىمىز دەپ قىلىۋاتقان ئىشى مېنىڭ ھەم بۈگۈنكى زامان
كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە سېپى ئۆزىدىن ساراڭلىق، خۇراپاتلىق
بولار. ھالبۇكى، بۇنى خۇراپاتلىق دېگەندىن كۆرە ھالاكەتتىن
قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىگەنلىك دېگەن تۈزۈك. ھەرقانداق ئىش
ئارزۇ ـ تىلەك ئارقىلىق روياپقا چىقىدىغۇ. مۇشۇ مەنىدىن
ئېيتقاندا، قۇمئاۋاتلىقلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا بىر خىل گۈ-
زەل روھىي دۇنيا بار. ئۇلار ئۇنىڭدىن كېيىن تىلىكىمىز چو-
قۇم ئىجاۋەت بولىدۇ، دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئۆز تىرىكچىلىكى-
نى داۋاملاشتۇرىدۇ، يامغۇر ياغقىچە قولىدىن كەلگەنلىكى ئا-
ماللارنى قىلىپ كېۋەز، قوناق مايسىلىرىنى، دەل ـ دەرەخلەر-
نى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىدۇ. تەبىئەتمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىتىگە
شەپقەت قىلىپ، سۇغا چاڭقىغان بۇ زېمىنغا ۋە بۇ زېمىندىكى
ئارزۇلۇق يۈرەكلەرگە شىپالىق يامغۇرنى ياغدۇرىدۇ...»

سەپ ئىچىدىن بىرىنىڭ مۇناجات ئوقۇپ ئۈن سېلىپ
يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تونۇش ئاۋازدىن قولىقى سەگەك-

لەشكەن يۇسۇپ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقان كىشىگە قارىدى. كۆز ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان دادىسى جامائەتكە قوشۇلۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىغانچە تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى:

— ئى ياراتقان ئىگەم، ھەممىنى بىلگۈچى ھەم مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلغۇچىمىز ئۆزۈڭدۇرسەن. سەن بىزنى ياشاشقا نېسىپ قالغان بېھىش ماكانىمىز قۇمئاۋات ئەقلىمىزگە كەلگىنىمىزدىن بېرى سۈيى ئەلۋەك، يەرلىرى مۇنبەت، باغلىرى جەننەت ئاۋات يۇرتلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەن. كىشىلەر كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ ئېتىز - باغلارغا ئىش - ئەمگەككە چىققۇدەك بولسا، بېشىدا خۇشناۋالىق قۇشلار سايراپ نەغمە - ناۋا قىلىشىدىكەن، ئەتراپىدا قوزا - ئوغلاقلار سەكرەپ سەيىر قىلىپ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەركەن. بېلىقچىلار قېيىقىنى ھەيدەپ ئايكۆلنىڭ زۇمرەتتەك سۈيىدە ئۈزسە، سۇ بېتىگە ئوخچۇپ چىققان بېلىقلار ئۆزىنى ھەريان ئاتاركەن... ئارىدىن يېرىم ئەسىرچە ۋاقىت ئۆتتى، مانا كۆز ئالدىمىزدا چەت - چۆرىسىدىگە كۆز يەتمەس ئايكۆلدىن دېرەك يوق، بارخان - بارخان قۇم دۆۋىسى، قۇم توزانلىرى ياشلانغان كۆزلىرىمىزگە تىقىلىپ تۇرۇپتۇ. تۆت ئەتراپى توغراق، شال، بۇغداي ئېتىزلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرغان ئايكۆل بەختسىز بەندىلەرنىڭ كۆز يېشىدەك ئاستا - ئاستا قۇرۇپ كەتتى. توغراقلارنىڭ يوقىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەۋرەپ تۇرغان قۇم دۆڭلىرى يۇرتنى بېسىپ كېلىپ ئايكۆلنى تىندۇرۇپ بولدى. قىشمۇ ياز لۆمشۈپ پەۋەس سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان قۇمئاۋات ئۆستىڭى مانا ئەمدى بىلەكتەك سۇ ئاقىدىغان ئېرىققا ئايلىنىپ، يەرلىرىمىز يىل بويى سۇغا قانماي ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مانا بۇ يىل تاپالىغانلىرىمىز ئۈچ سۇ بىلەن، تاپالمىغانلار ئىككى سۇ بىلەنلا بۇغدايلارنى ئورۇغان





بولغاچقا، باشاقلارنىڭ دېنى تولماي ھوسۇلىمىز كەملەپ كەتتى. كۆرۈپ تۇرۇپسەن ئىگەم، يەر - جاھان كۈندىن - كۈنگە ئىللىپ قىش پەسلى قىشتەك بولماي، قار - مۇزسىز ئۆتۈپ كېتىدىغان، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئەتىياز كېلىپ ھايالسىزلا كوھقاپنىڭ ئاغزى، ئېچىلىپ يۇرتنى قۇم - بوران باسىدىغان، ھۆل - يېغىندىن ئەسەر يوق، كۈندە قۇم - توپا ياغىدىغان بىر زامان بولۇۋاتىدۇ. مانا بىز تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشاۋاتقان بۇ بىر يىلنىڭ ئىككى يۈز كۈنى ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىككى يۈز كۈننىڭ تەڭدىن تولىسىدا بوران چىقىپ توپا ياغقان بولغاچقا، زەپ - زىرائەتلىرىمىزنىڭ يوپۇرماقلىرى قېلىن چاڭ - توزان ئىچىدە كېسەل تەگكەندەك سولىشىپ سالپىيىپ قالدى. كېۋەز مايسىلىرىغا كېسەل تېگىپ پىت بېسىپ كەتتى. يۇرت ئەتراپى، دالىلاردا پادا باققىدەك يەرمۇ ئازلاپ، ھەممە يەر قۇرۇپ قاغجىراپ قىزغۇچ قۇمنىڭ رەڭگىدە بوزىرىپ تۇرىدۇ...

بىلمەپتىمىز ئىگەم، بىز ئەقىلسىز بەندىلىرىڭ بىلىپ - بىلمەي نادانلىق قىلىپ قويدۇق. سەن بىزگە ئاتا قىلغان ھەممە نېمىسى تەل بېھىشتەك ئۇلۇغ زېمىننىڭ قەدرىگە يەتمەي، زېمىننىڭ نەملىكىنى قوغداپ تۇرغان ئانا توغراقلارنى پالتا - كەكىلەر بىلەن چاناپ ۋەيران قىلدۇق. بەخۇدۇك ياشاۋاتقان ئۇچار قاناتلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزدۇق، تويماس نەپسىمىز ئۈچۈن قولىمىزغا ياچاق، يەل مىلتىقلارنى ئېلىپ جانلىقلارنى قوغلاپ ئۇرۇپ - سوقۇپ، ئېتىپ، تۇتقاننى تۇتقان يەردە تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ كاۋاپ قىلىپ يەۋەتتۇق. يېگەننى سىڭدۇرەلمەي شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ توغراقلىقلاردا، قوناقلىقلاردا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇش ئۈچۈن ئايكۆلنىڭ سۈيىنى بۇلغاپ غەزىپىڭنى كەلتۈردۇق... شۇنىڭ بەدىلىگە ھالا بۇگۇن-

كى كۆڭگە كەلگەندە ئۆزىمىزمۇ تۇيمايلا مۇشۇ كۈنگە قالدۇق. شۇڭا، بۈگۈن بىز ئەھلى جامائەت مۇشۇ قاقاس قۇملۇققا — ئوچۇقچىلىققا چىقىپ، قۇرىغان كۆز ياشلىرىمىز بىلەن ئالدىڭدا گۇناھىمىزنى تىلەش بىلەن سەندىن يامغۇر تىلەۋاتىمىز. ئۇلۇغ ئىگەم، بىزنىڭ ئالدىڭدا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىز يالغۇز بۇلا ئەمەس، قىلمىش - ئەتمىشلىرىمىزنى سۆزلەۋېرىشكە تىلىمىز كۆيىدۇ، يۈزىمىز ئۇيۇلىدۇ. بىز قۇمئاۋاتلىقلار ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ كوھىقاپنىڭ ئاغزىدا تۇرغانلىقىمىزنى تۇيۇپ گۇناھىمىزنى تىلەش ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىمىز، بىزنى بەندەم دېسەڭ كۆيۈۋاتقان، قاغجىرىغان يۈرىكىمىزگە ھاياتلىق يامغۇرۇڭنى سېپىپ بىزنى ھالاكەت گىرداۋىدىن قۇتقۇزۇپ قالغايسەن...

دادىسىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ يۈسۈپنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئىچ - ئىچىدىن يۈرەك باغرى ئېزىلىپ، كىشىگە مۆلايىم تۇيغۇ بېرىدىغان قوي كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلار تۆكۈلدى.

— سەن نېمىگە ماڭقاڭنى ئېقىتىسەن؟! — دېدى يۈسۈپنىڭ يېنىدا تۇرغان ھۆسىيناخۇن ئۇنى جەينىكى بىلەن نوقۇپ، — قۇمئاۋاتنى سەن قۇرۇتۇپ قويغانمىدىڭ - يا؟ — يۈسۈپ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە كۇسۇرلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ يانغا بۇرۇلدى. ئاكىسى ئۇنى مازاق قىلغان ئاھاڭدا بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى ، — دادام مۇنەججىملىك قىلىپ «قىلدۇق، ئەتتۇق» دېگەن بىلەن ھەممە ئىشنىڭ ئىگىسى بار، قۇمئاۋاتلىقنىڭ ئۆز مەيلىچە ئۇنداق قىلىشقا بېشى ئۇن ئەمەس!...

كەنت تەرەپتىن گۈركىرەپ كەلگەن موتسىكلىت پۈتۈن ئىخلاس بىلەن تىلاۋەت قىلىۋاتقان جامائەتنىڭ دىققىتىنى





چاچتى. كىشىلەر بېشىنى كۆتۈرۈپ، قىزىل خورازدەك پارقىراق، سۆلەتلىك موتسىكلىتى قۇمغا پېتىپ قالغان كىشىگە كۆز تاشلىدى. كەلگەن كىشى غوجىخان سېكرېتار بولۇپ، جامائەتكە مۇھىم بىر ئىشنى يەتكۈزگىلى كەلگەندەك قىلاتتى. غوجىخان قۇمغا پېتىۋالغان شەيتان ئېشىكىنى تاشلاپ ھاسىراپ - ھۆمىدىگىنىچە جامائەتنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئاغزىغا كاناي قىلىپ يارلىق چۈشۈرگەن بىر تەرزدە دېدى:

— ھە... ھېم... خالايىق، ئەخمەقنىڭ ئىشىنى قويۇپ ھەممىڭلار قۇلىقىڭلارنى دىڭ قىلىڭلار، بۈگۈن يۇقىرىدىن ئېلىش بېشىغا ھاشارغا بېرىش توغرۇلۇق بۇيرۇق كەلدى. شۇڭا قۇمئاۋاتنىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتقان، نېنىنى يەۋاتقان ھەر بىر ئەركەك كەتمەن، تاغار، غالتەك، كالتەكلىرىنى ئېلىپ ھازىرنىڭ ئۆزىدە كەنت كومىتېتى قورۇسىغا يىغىلىش لازىم. ھە... ھىم ... — غوجىخان گېلىنى قىرىپ كارنىيىغا تۇرۇۋالغان بەلغەمنى تۈكۈرۈۋېتىپ ئاۋازىنى سازلىۋالغاندىن كېيىن بۇيرۇقنىڭ چالىسىنى جاكارلىدى، — بۇ يىل ھاۋا - جاھان ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، دەرياغا زور كەلكۈن كېلىش ئېھتىماللىقى بولغاچقا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە نەچچە يۈز مىڭ ئەمگەك كۈچى دەريا دامبىسىنى قىرلاشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ھاشار ئاسان - ماسانلىقچە تۈگىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم خۇرجۇن - تاغارلىرىغا قىرىق كۈن يەتكىدەك نان، تالقان، ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ تەييارلىقنى پۇختا قىلىش لازىم. ھەرقانداق قۇمئاۋاتلىقنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلىپ ھاشارغا بارماسلىقىغا، سەۋەب كۆرسىتىشىگە، قىزىل تامبال كەيگەن خاتۇن كىشىدەك ئىنجىق ئاغرىقى كۆرسىتىپ ھاشار سېپىدىن

سالدۇرۇلىۋېلىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. مۇبادا كىمدىنكىم باغلانجىسى يوق كالىدەك بوينۇنتاۋلىق قىلىپ هاشاردىن باش تارتسا، ئۆزىنى ئەمدى قۇمىئاۋاتنىڭ پۇقراسىمەن دېمىسۇن! ئۇنداق ئادەمنىڭ هويلا ـ ئۆيىۋاقى تۇپتۇز تۈزلىنىپ، توپىسى كۆككە سورۇلىدۇ! ئۆزى چالما ـ كېسەك قىلىنىپ، قۇمىئاۋاتتىن هەيدەپ چىقىرىلىدۇ... گەپ شۇ خالايىق، هەممىڭلار دەرهال تارقىلىپ هاپىلا ـ شاپىلا هاشارنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈڭلار. نامازدىگەرگە قالماي كەنت قورۇسىغا يىغىلىپ تراكتورغا چىقىپ مېڭىشقا تەق بولۇپ تۇرۇڭلار!

قۇملۇقتا تۇيۇقسىز بوران چىققاندەك، جامائەت ئىچىدىن گۇرۇلدىگەن سادا كۆتۈرۈلدى. ئەمما كىملەرنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى، نېمە گېپى بارلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. غوجىخان بولسا كەينىدىن بويۇنداپ قالغان كىشىلەرگە پىسەنت قىلماستىن، قۇملۇقتا ياتقان موتسىكلىتىنى يۆلەپ گۇركىرەتكىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى. يۇرت ئىچى بىردەمدە پاتىپاراقچىلىققا چۆمدى. ئېلىش بېشىنىڭ يار ئېلىش خەۋپى توغرىسىدىكى ۋەھىمىلىك خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچتى:

— ئېلىش بېشى يار ئېلىپ كېتەي دەپ قاپتۇ!

— دەريانىڭ تۆۋىنىدىكى ئېكىن يەرلەردە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان دېهقانلار سۇغا غەرق بولۇشتىن قورقۇپ قاچ ـ قاچ بولۇۋېتىپتىمىش!

— تۇرغۇن ئۆيلەر سۇ ئاستىدا قالاي دەپ قاپتىمىش!

— ۋاي ئېست، دەريا يار كەتسە بولمايتتى...

— جىق يەرنى سۇ بېسىپ كېتەتتى.

— ئۆتكەن يىلمۇ لەكمىڭ ـ لەكمىڭ هاشارچى بارغانتۇق ئۇ يەرگە...





— ئۇلۇشۇل بارساق دەريا دامبىسى سۇ ئاستىدا قالاي دەپتىكەن!

— ئەمدى قانداق قىلىشار؟

— نېمىنى؟

— دەرياغا پاتماي بېسىپ كېلىۋاتقان شۇ كەلكۈننىچۇ!

— قانداق قىلاتتى؟ يارنى ئېتىندىغان، ئاپەتنى توسىدىغان گەپ شۇ!

— كىم توسىدۇ؟

— كىم بولاتتى؟ بېشىغا شاپاق دوپپا كىيىپ، ئىڭىكىگە ساقال قويغان، بېلىگە پوتا باغلاپ، ئۆشنىسىگە كەتمەن سالغان بىز دېهقان خەقچۇ!

يۇسۇپ بېشىدىكى غەمنى ئۇنتۇپ، يېڭى ۋەسۋەسىگە چۈشكەن كىشىلەرنىڭ هېلى كۆپۈشۈپ سۆزلەۋاتقان ئاغزىغا، هېلى كۆز ئالدىدىكى مۇشەققەت، ۋەسۋەسىدىن مۇچىتەك قىزىرىپ هېلىلىدەك قورۇلۇپ تۇرغان ئەندىشىلىك چىرايىغا قارىغانچە دادىسىغا ئەگىشىپ مەھەللە تەرەپكە يۈگۈردى.

## 35

يۇنۇسنىڭ كۆزىگە قان تولغان، روزىگۈلنىڭ بولسا قاش ـ قاپاقلىرى كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن، ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى قالمىغان ئىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جېدىلىدىن قورقۇپ كەتكەن باللار هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىپ قىرقىراپ يىغلاۋاتاتتى.

— ياشلىقىم سەن بىلەن ئۆتۈپ، خوتۇن ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغان چېغىمدا خېتىڭنى ئال دېسەڭ ئەمدى قانداق قىلىمەن

مەن؟ — دەيتتى روزىگۇل ھۆ تارتىپ يىغلىغانچە سۇپىدا يېپىنچە يېتىپ، — ئۇنداق ئادەم ئا ئىككى شۇمنى تۇغماس ۋاقتىمدا، گۇلدەك چىرايىم بار چاغدا شۇنداق دېسەڭ بولماتتى؟!

— چىرايىڭ بولغان بولسا قانداق قىلىتتىڭكى، بازارغا ئاپىرىپ ساتامتىڭ ھە، دېگىنە؟! — دېدى يۇنۇس خوتۇنىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ.

— سەندىن نوچىراق ئەرگە تېگەتتىم!

— مانا دېمىدىما؟ — دېدى يۇنۇس خوتۇنىغا گۇماندا قاراپ، — ئۆزۈڭنى ھەر قانچە ئاق كۆرسەتسەڭمۇ، كۆڭلۈڭنىڭ قانداقلىقى دەۋاتقان گېپىڭدىن ئايان. شۇڭا پەيلىم بۇزۇلۇپ، قولۇمغا پىچاق چىقىشتىن بۇرۇن ئالدىغىنىڭنى ئېلىپ ئۆيدىن چىق!

— مېنى ئۇنداق تەتۈر قىيىنماڭلا يۇنۇساخۇن، پۇشتۇڭدىن تامغان ئاۋۇ ئىككى شۇمنىڭ يۈزىنى قىلىڭلا. ئۆزۈڭلە بىلىسلە، مۇشۇ تۇرقۇمدا يامانلاپ كەتسەم، ئۇدۇل ئۆگەي ئانامنىڭ ئالدىغا بارىمەن، يامانىنىڭ قولىغا قالىمەن. بىچارە دادام قېرىپ كەتتى، نېمە بولدىڭىز، بالام نېمىدىن خوش بولدىڭىز، نېمىگە خاپا... دەپ ماڭا تەسەللى بەرگىدەك ھالى يوق!

— ما قاشاڭ بىژىنمىنى... ئۆگەي ئاناڭ ئۆگەيلىسە، پوقسىقىڭنى ماڭا ئارتىپ چاپلىشىپ ئولتۇرۇۋالماقچىمۇ سەن؟ چىۋىنىمۇ قورىسا ئۇچۇپ كېتىدىغۇ!

— ھۇي!... — روزىگۇل ئۇنىنى سوزۇپ تۇۋلىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى، — سىلىمۇ قايسى يۈزلىرى بىلەن دەۋاتىلا غوجام مۇشۇ گەپنى؟ سىلە قاچاندىن بېرى نومۇس قىلىدىغان، ئىزا تارتىدىغان بولۇپ كەتتىلە! ئۆيدىن چىقىدىغان ئىش بولسا، سىلە چىقسىلا. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئەجرىم بار ماۋۇ ئۆيدە.

— ۋاي قانداق قىلاي، — دېدى يۇنۇس ئاۋازىنى مەھەللىگە بىر كەلگىدەك سوزۇپ، — سەن ماڭا تېگىپ دادىڭنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن ئاخشىمى بۇ ئۆيىنىمۇ ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىرىپ كۆچۈرۈپ كەلگەنمىدىڭ ـ يا؟

— مەن دادامنىڭ جايىدىن ئۆي كۆچۈرۈپ كەلمىگەن، لېكىن تويدىن كېيىن سىلە بىلەن تەڭ ئىشلەپ تام قوپۇرغان، ئۆي ياسىغان. ئۇنتۇپ قالمىسىلا غوجام، سىلە تالانىڭ ئىشىنى قىلسىلا، مەن ئۆينىڭ ئىشىنى قىلغان. سىلە بازارنىڭ ئىشىنى قىلسىلا، مەن ئېتىزنىڭ ئىشىنى قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۆيىمىز ئۆي بولغان، بېغىمىز باغ بولغان!

— قۇلىقىمنىڭ ئىچىنى پىشۇرۇپ تولا ۋىتىلدىمىغىنە. ھەي، ۋىتۇۋىلاق! —. دېدى يۇنۇس خوتۇنىنىڭ گەپلىرىگە چىداپ بولالماي، — قايسى ئاناڭنىڭ گېپى ئۇ؟!

— بىر كىمنىڭ ئانىسىنىڭ گېپى ئەمەس، بۇنى كۆزى ئوچۇق ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ!

يۇنۇس خوتۇنىنىڭ پىسخىك ھۇجۇمى ئالدىدا بىر ئاز بوشىشىپ قالدى. دەماللىققا قىلغىلى گەپ تېپىپ بولالماي يەنە تەلۋىلىك قىلىپ خوتۇنىغا قول سالدى. تاياققا چىدىمىغان روزىگۇل ھويلىنى بېشىغا كىيىپ چىرقىراپ كەتتى.

— ھاي، ھاي نېمە جېدەل بۇ! — دەرۋازا داراڭلاپ ئېچىلىپ، ھەسەن خالۋاپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدە ھۇسىناخۇن بىلەن يۇسۇپ بىللە ئىدى. يۇنۇس دادىسىنى، ئىنىلىرىنى كۆرۈپ خوتۇنىنى ئۇرۇشتىن توختاپ قالدى.

— ئادەم بولغىنىڭلار شۇمۇ سىلىنىڭ؟ — دېدى ھەسەن

خالۋاپ ئوغلىنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە نەشتەردەك قادىلىپ، — نېمە بولدى سىلىگە؟ ئىككى بالىغا دادا بولۇپ چوڭ ئۆيدىن ئۆي ئايرىپ چىققان ئادەم قاچانلا قارىسا سىرتتا لاغايلاپ يۈرۈپ، ئاي - ئايلاپ خوتۇن - بالىلىرىڭلارغا ئۆزۈڭلانى كۆرسەتمەيدىكەنسىلە، لېكىن ئۆيگە پەيدا بولغىدەك بولساڭلار غالجىر ئىت مۈشۈككە ئارام بەرمىگەندەك خوتۇن - بالىلىرىڭلارنى مىرقىرىتىپ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئارامىدا قويمايدىكەنسىلە! دەپ بېقىڭلا، ئادەمنىڭ قىلىقىمۇ، بۇ؟!

— مېنىڭ بېشىم ساق ئەمەس دادا ، — دېدى يۇنۇس بىرئاز بوشاپ ، — سىز بۇ ئىشلانى چۈشەنمەيسىز...

— بېشىڭلارنى ھەرە چېقىۋالمىغاندۇ، تۇرغان تامغا ئۇسۇۋالدىڭلارمۇ - يا؟ ماڭا قاراڭلار، سىلە ماۋۇ يۇرتتا بارمۇ - يوقمۇ؟ سىلىگە ئوخشاش شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئەسلىنى ئۇنۇتقان، ناكەس بەندىلەرنىڭ كاساپىتىدىن گۇناھى كىبىر ئېغىرلاپ يۇرتنى توپان بېسىپ كېتىۋاتىدۇ! دەريا - كۆللەر قۇرۇپ، جان - جانىۋارلار تىزىپ كېتىۋاتىدۇ. دەل - دەرەخ، زەپ -زىرائەتلەرنىڭ غازىڭى سولىشىپ قوراي بولۇپ كېتىۋاتىدۇ... ئويلاپ بېقىڭلار بالام، ئۆزىنى ئەركەكمەن دېگەنلىكى كىشى بۇگۇن بويىنى سوغا سېلىپ قىبلىدىكى قۇملۇققا تىلاۋەت نامىزىغا چىقتى. ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتسەم، قۇمئاۋاتنىڭ بارچە ئەركەكلىرى بار، پەقەت ئۈچلا ئادەم يوق، شۇ ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى سىلە، بىرى غوجىخان، يەنە بىرى قۇۋان بەڭگە. ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ ئۈچىڭلار ئەركەك ئەمەسمۇ؟ ماقۇل، غوجىخان سېكرېتار بىر پارتىيىلىك ئادەم ھەم كادىر، ئۇ مەسچىت، ناماز دېگەن يەرگە يېقىن كەلسە بولمايدۇ. قۇۋان بەڭگە ئەتىگەندە چېكىۋېلىپ كەنت قورۇسى ئالدىدىكى ئۈچ كوچىنىڭ





بەندىگاھىدا چاترىقىغا تەزىم قىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. سىلىگچۇ، سىلىگە نېمە بولدى؟ مۇشۇنداق ئۇلۇغ كۈن، ئۇلۇغ سائەتتە خوتۇن - بالىلىرىڭلارنى ئۆيگە سولاپ ئۇلارنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىقىچە، خۇدايا توۋا ، دەپ تاھارەت ئېلىپ ئەل - جامائەتكە قېتىلىپ، قارا باسقان كۆڭلىمىزگە ئىنساپ - دىيانەت تىلىسەڭ يامان بولارمۇ؟ دەپ بېقىڭلار، ئۇ خوتۇن سىلىگە نېمە قىلدى، ئاۋۇ نارەسىدە بالىلارچۇ ؟ — ھەسەن خالۋاپ بارغانچە قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى ، — ئۇنداق قىلماڭلار بالام... ماڭا، ئاۋۇ كىسەلمەن ئاناڭلارغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. ئىككى ئايدىن بېرى تېزىنى باسسا مېزى، مېزىنى باسسا تېزى چىقىپتۇ دېگەندەك، بۈگۈنى نۇربۇۋى يامانلاپ كەلسە، ئەتىسى پىننەخان يامانلاپ كەتكەن. ئۆگۈنىسى نۇربۇۋىنى ئاپىرىپ قويۇپ كەلسەم، ئىندىنىسى پىننەخاننى ئەكەلگىلى بارغان... بىر كۈن نايىمخاننىڭ باش ئاغرىقى، بىر كۈن شەرۋانخاننىڭ چىش ئاغرىقى... ئەمدى ئويۇپ سىلە بىر ئوبدان ئولتۇرغان خوتۇنۇڭلارنى ئۇرۇپ - دۇمبالاپ ئاجرىشىمەن دەپ يۈرسەڭلار، مەن قاچانغىچە ھەر قايسىڭلارنىڭ دەردىنى تارتىمەن، ھە؟! سىلە ئەسلىدە خۇدايىمنىڭ بەرگىنىنى بىلمەي قالدىڭلار، ئازراق پۇل تېپىۋېلىپ جاھان مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ ئىشتاننىڭ ئىچىگە پاتمايۋاتىسىلەر. مەن سىلىگە دېسەم بالام، مۇشۇ خوتۇن - بالىلىرىڭلارنىڭ ئايىغى ياراشقان بولغاچقا، سىلە يۇنۇساخۇننىڭ ماڭغان يولۇڭلار ئىلگىرى بېسىپ، قىلغان ئىشىڭلار بەرىكەت تېپىپ، نەچچە يىلغا قالمايلا مال - ۋارانلىق، پۇل - ۋەجىلىك بولۇپ، يۇرتتا تۆتنىڭ بىرى سانالدىڭلار. ئەممازە، خۇدايىمنىڭ بەرگىنىنى بىلمەي، جاھان مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ خىيالىڭلارغا نېمە كەلسە شۇنى قىلساڭلار، ئۆزۈڭلارنى بىلەلمىسەڭلار، ئال-

تە كۆندە سورۇلۇپ تۈگەيسىلە. بېرىشنى بىلگەن خۇدايىم ئېلىۋېلىشنىمۇ بىلىدۇ. شۇڭا كۆتۈكلارنى غىت قىسىپ، كۆڭلۈكلارنى يامان خىياللاردىن نېرى قىلىپ، سىڭگەن ناننى يەپ، ئىككى بالاڭلارنى ئۆزۈڭلار بېقىپ قېلىڭلار. مۇشۇ گەپنى ئۇكىلىرىڭلار بار يەردە دېمىسەم بولاتتى، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە دېمەي بولمايدۇ، مۇنداق قارىسام سىلىگە كۆز تەگكەندەك تۇرىدۇ، سىلىگە قاش ـ كۆزىنى ئوينىتقان خوتۇنلار ئۆيۈڭلارنى، بانكىدىكى پۇلۇڭلارنى دەپ شۇنداق قىلىدۇ. پۇل ـ ۋەجنى دېمىسە، ھېچقانداق خوتۇن ئىككى بالىسى بار ئەرنى يولدىن چىقىرىشنىڭ كويىدا بولمايدۇ. شۇڭا، بۇگۈن ئاچچىقىڭلارغا ھاي بېرىپ تۇرۇڭلار بالام، ئاۋۇ ئېلىش بېشىغا ھاشارغا ماڭىدىغانلار مېڭىپ، قالىدىغانلار قېلىپ يۇرت بىر تىنجىسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە موللام چىللاپ سىلىگە يادنامە ئوقۇتۇپ قوياي، ماقۇلمۇ ؟ — ھەسەن خالۋاپ ھە دەپ ئوغلىغا نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، غوجىخان باشچىلىقىدىكى كەنت كادىرلىرى ھويلىغا كىرىپ كەلدى:

— ھوي، ھوي يۇنۇساخۇن، ئاۋۇ تراكتور ساقلاپ قالدى، چاققان بولۇڭلار! ھوي نېمە ئىش قىلىدىڭلار شۇ چاغقىچە، ھېچبىر مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلماپسىلىيا، ئادىشەي؟

— نېمە تەييارلىقتى ئۇ ؟ — دېدى يۇنۇس غوجىخانلارغا قاراپ.

— ھاشارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭلاما؟ بايا جامائەتنىڭ ئارىسىدا بار بولغىيدىڭلا؟

— ئاڭلىسام ـ ئاڭلىمىسام مەن ئۇچۇن بەرىبىر سېكرېتار ، — دېدى يۇنۇس مەيدىسىنى كېرىپ، — مېنىڭ يىلنىڭ بېشىدىلا ھاشارغا ئالدىن پۇل تاشلىغانلىقىمدىن خەۋەرلىرى





باردۇ؟

— بۇ دېگەن ناھىيە دەرىجىلىك ھاشار ، — دېدى غوجىخان تەئەددى بىلەن ، — سىلىدىن يېزىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە ھېسابلاپ پۇل ئالغان بىز!

— ئاڭلىمىغىن گەپكەن بۇ ؟ — دېدى يۇنۇس ئاچچىقى بىلەن، — ھەرقايسىلىرى مەندىن ھەر بىر مو يەرگە 180 سومدىن ھېسابلاپ پۇل ئالغاندا، مۇشۇ يىل ئىچىدە ماڭا كېلىدىغان بارلىق مەجبۇرىي ئەمگەك شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن.

— يوقسۇ، يونىسۇ يۇنۇسباي، ئۇ بىزنىڭ مۇشۇ يېزا دائىرىسىدىكى ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىنشائات ئەمگىكى ئۇچۇن ھېسابلاپ ئېلىنغان پۇل ئىدى.

— ھەي، مادا شوۋىچىلار، — دېدى يۇنۇس دەرغەزەپكە كېلىپ، — ئۇندان ھىيلە ـ شىلە گەپ قىلىپ بىزنى قارا باستۇرغىچە، تايىنلىق قېشىڭغا ئوسما قويۇپ، چېكەڭگە گۇل قىسىپ كېلىشە مېنىڭ ئالدىمغا! ئالدى ـ كەينىڭنى پۇلغا كۆمۈۋېتىمەن، مەن!

— هاي، هاي بالام، — ھەسەن خالۋاپ ئوغلىنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى ، — سېكرېتارغا قوپال گەپ قىلما!

— ئادەمگە تولا يېنىڭنى چاچماي، كەتمەن ـ تاغىرىڭنى ئېلىپ تراكتورغا چىق جۇما يۇنۇس، — غوجىخان ئادەملىرىنى باشلاپ كەينىگە ياندى ، — ھازىر سەن بىلەن بوغۇشقىلى چولام تەگمەيدۇ، ھاشار تۈگىگەندە بىراقلا ھېساب ـ كىتاب قىلىشىۋالىمەن!

— ھاي غوجىخان ئۇكام، توختاڭا ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ سېكرېتارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ، — بىزنىڭ

ئۆيدىن ھۇسىيناخۇن بارسا بولار، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيىمىز، يېرىمىز بىر بولغاندىكىن؟

— ياق، بولمايدۇ! قۇمئاۋاتتىكى جېنى بارلىكى ئەركەكنىڭ ھەممىسى بارىدۇ، ئەھۋال خەتەرلىك ھازىر!

ھەسەن خالۋاپ ساقىلىنى تۇتاملىغىنىچە كەنت كادىرلىرىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ھويلىنىڭ ئىچىنى بىر مەھەل جىمجىتلىق قاپلىدى. شۇ ئەسنادا ئاسماننىڭ كۈن پېتىش تەرىپى قىزىللىقتا تولۇپ، تېرەكلەرنىڭ ئۇچى ئاستا ئىرغاڭلاشقا باشلىدى.

— بوراننىڭ شەپىسى! — دېدى ھۇسىيناخۇن ئاسمانغا قاراپ. قالغانلار ئۈندىمىدى. يۇسۇپ بولسا ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۇمچىيىپ تۇراتتى.

— ماقايلى بالام، — دېدى ھەسەن خالۋاپ تالاغا قەدەم ئېلىپ، — يۇنۇساخۇن سەنمۇ تەييار بول، ھازىر بۇ خەق بىلەن تەڭ بولمايلى، غوجىخاننىڭ ھامان بىر كۈنى سەن - بىزگە ھېساب بېرىدىغان كۈنى كېلىدۇ، بالام.

— مەن بارمايمەن، مەجبۇرىي ئەمگەككە بارماسلىقتا ئالدىن پۇل تاشلىغان تۇرۇقلۇق يەنە ھاشارغا بارامدىمەن؟

— ئۇ ھېسابنى كېيىن قىلىشىۋالىمىز، بۈگۈن ئۇلار بىلەن تەڭ بولما، بالام!

— ئەستا... ئەتە شەنبە بازاردا قىلىدىغان ئىشىم بارتى...

— ئەرلەرنى ھاشارغا ئېلىپ ماڭسا بازارنى كىم قىزىتىدۇ؟

— ئايالللار بىلەن قىلىدىغان سودىمىدى يا؟ — دېدى ھۇسىيناخۇن ئاكىسىغا قاراپ كۆزلىرىنى قىسىپ.

— تېتىقسىزلاشما! — دېدى تېرىكىپ كەتكەن يۇنۇس





ئىنىسىغا سەت ئالىيىپ.

— يەڭگەم بىلەن نېمىشقا ئۇرۇشىسىلە ئەمىسە؟

— ھاي، ھاي بالامەي!... — ھەسەن خالۋاپ ئوغۇللىرىغا كايىپ قالدى، — بىر - بىرىڭلارنىڭ چىشىغا تەگمەڭلار ئانداق... بۇنداق قىلىۋەرسەڭلار ئاكا - ئۇكىلىق مېھرىڭلار كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ!

## 36

سەھەر.

ئايالللار قۇملۇق باغرىدىكى كېۋەزلىكتە تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. بۇ بىچارە مەزلۇملار تاڭ بىلەن تەڭ كېۋەزلىككە چىقىدۇۋېلىشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېۋەز غوزا قۇرتى تۇتۇش كويىدا ئىدى.

پىننەخان كېۋەزلىكنىڭ چۆنكىدە ئولتۇرۇپ قالدى. قۇرۇق قەي قىلىۋېرىدىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. نېرىقى ئېتىزدا قۇرت قوغلاپ يۈرگەن شەرۋانەم جىيەن كېلىنىنىڭ ئاغزىغا قۇرت كىرىپ كەتكەندەك توختىماي ھۆ قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قىلىۋاتقان ئىشىنى قويىدى - دە، قىر ئاتلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— مىجەزىڭىز يوقمۇ پىننەخان؟

پىننەخان ئۈنسىز بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ شەرۋانەمگە چىراي ئېچىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلغىدەك ھالى يوق ئىدى.

— ۋاي جېنىم خېنىم، ئىسسىمىڭىز ئۆرلەپ قاپتۇ! — شەرۋانەم پىننەخاننىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ چۆچۈپ تۇۋلاپ كەتتى ھەم ئۇنى يۆلەشتۈردى، — ئېتىزلىقتا تۇرد-

ۋەرسىڭىز ھوسىيناخون بىكاردىن ـ بىكار سىزدىن قورۇق قالمىسۇن... مېنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئارام ئېلىڭ. نازىل ئاچام سىزگە يالپۇز توغراپ دورىلىق ئۇماچ ئېتىپ بەرسۇن، ئۇماچنى ئىچىپ راسا تەرلىنىڭ، ئىسسىتمىڭىز يانسۇن.

چىرايى توپىدەك تاتىرىپ كەتكەن پىننەخان ھالسىز بىر ھالدا بېشىنى چايقىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى قالمىغان ئىدى.

— ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتمەڭ، چىداشلىقراق بولۇڭ! — شەرۋانەم پىننەخاننىڭ ئەھۋالىدىن ۋايىم يەپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولدى، — بېرى كېلىڭ ئەمىسە، ماۋۇ ئېتىزنىڭ قىرىدا بىردەم ئولتۇرۇۋېلىڭ، مەن سىزگە بىر يۇتۇم سۇ بولسىمۇ تېپىپ كېلەي، لېۋىڭىزنى نەمدىۋېلىڭ، — ئۇ پىننەخاننى يۆلەپ قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، مەھەللە تەرەپتىكى دەرەخلىك ئارىسىدىن ئاۋۋال كوزا كۆتۈرۈۋالغان نازىلخان، كەينىدىن چىنە ـ قاچا كۆتۈرۈۋالغان يۇسۇپ چىقىپ كەلدى.

— نېمە ئىش بولدى، — نازىلخان قەدەملىرىنى تېزلەتتى، كېلىنىنىڭ قىرغا يۆلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قولىدىكى قىزىق ئاشنى بىر چەتتە قويۇپ سورىدى، — بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق ئانا، — پىننەخان ھالسىزلىق ئىچىدە بېشىنى چايقىدى، — ئۆزۈمچە كۆڭلۈم ئېلىشىپ...

— ۋىييەي! — شەرۋانەم ئەمەس بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك يەڭگىسىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى، — قورسىقىدا قالغان ئوخشايدۇ بۇ خېنىمنىڭ!

— ۋوي بوشراق گەپ قىلىڭ ئۇكام...، — دېدى نازىلخان تۆت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، — بۇ ئېتىزلىققا چىقىپ خالىقىئالەم ئالدىدا ئەزان ئېيتىدىغان ئىش ئەمەس!

— ئەگەر مەن دېگەندەك بولسىغۇ ئەزان ئېيتقۇچىلىكى بار ئىش بولاتتى...

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ — دېدى نازىلخان نارازىلىق ئوخچۇپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن يەڭگىسىگە مىقتەك قادىلىپ، — بۇنداق ئەشلانى مەھەللە ـ كويلاردىن خۇپىيانە تۇتقۇلۇق.

— ۋايجان، — دېدى شەرۋانەم قويۇق قوشۇما قاشلىرىنى ھەريان ئۇچۇرۇپ، — پىننەخان يا بىر كېۋەزلىكنىڭ چۆنىكىدە يېتىپ بالا تېپىپ قويمىسا، يوشۇرۇپ نەگە ئاپىراتتۇق بۇ ئىشنى! ھوسىيناخون ئەتىيازدىن خوتۇنۇم قورساق كۆتۈرمىدى دەپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆيدە بولغان بولسا، بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي تەلپىكىنى ئاسمانغا ئاتاتتى.

نازىلخان قايتا گەپ تالاشماي كېلىنىنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى. ھور چىقىپ تۇرغان يوبدانىنى چىنىگە بۆلۈپ، سۈيىنى قوشۇق بىلەن ئىچۈرۈشكە تەمشەلدى.

— ئۆزۈم ئىچەي ئانا، — قېيىنئانىسىنىڭ يېقىنچىلىقىدىن بىرئاز تارتىنغان پىننەخان قوشۇقنى قولىغا ئالدى.

— مەندىن ھەرگىز قورۇنمىسىلا بالام، — دېدى نازىلخان ئاق لېچەكى توسۇپ تۇرغان تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى كېلىنىگە تىكىپ، — مەنمۇ ئەمدى سىلىنىڭ ئۆز ئانىلىرى بولۇپ قالدىم.

— پىننەخاننىڭ سارغايغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ھالسىرىغان، جانسىز كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا قېيىنئانىسىغا باقتى. قېيىنئانا كېلىنىنىڭ بىرئاز

جانلانغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندىن كېيىن يېنىدا قاراپ تۇرغان شەرۋانەمگە بۇرۇلدى:

— سىزمۇ كېلىڭە ئۇكام، ئاش سوۋۇپ قالمىسۇن.

— بولدى، پىننەخان ئىچسۇن، — دېدى شەرۋانەم تۇزۇت قىلىپ.

— روزىگۈل ئۇچىڭلارغا ئاتاپ ئەكەلگەن ئاش بۇ، پىننەخان يالغۇز ئىچىپ بولالمايدۇ. ھۆي راست، روزىگۈل ئېتىزلىقتا يوققۇ؟

— بايا تېخى تۇرغاندەك قىلغان، نەگە ماڭدىكىن.

— ئەنە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى يۈسۈپ ئۇلارنىڭ ئېتىزى تەرەپنى كۆرسىتىپ، — قىچقىرايمۇ؟

— قىچقىرىڭا بالام.

ئاياللار ئېتىز بېشىدا ئەپلەشكەن پەدىدە ئولتۇرۇپ ناشتىغا تۇتۇندى. تونۇگۈندىن بېرى ئەرلەر بولمىغاچقا، بۇ بىچارە ئاياللار جىمغۇرلىشىپ، ئۆي ئىچى، مەھەللە - يۇرت ئىمتاس بولۇپ قالغان ئىدى.

يۈسۈپ ئانىسى ۋە يەڭگىلىرىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تۆت ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئەتىگەندە ھاۋا سۈرۈن ھەم تىنچ بولسىمۇ، تاڭ ئالدىدا توختىغان بوراننىڭ توپا - تۇمانلىرى تېخى بېسىقمىغان، ئەتراپتىكى مەھەللىلەر، مەھەللىلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان قۇملۇق بىر خىل تۇمان ئىچىدە تۇتۇق كۆرۈنەتتى. ۋاقىت خېلى بىر چاغ بولغان بولسىمۇ، قۇياش گويا قۇم بارخانلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغاندەك كۈن چىقىشتا ھېچبىر شەپەق جىلۋىسى يوق، ئاسمان بېتى يەنىلا قىزغۇچ قۇمنىڭ رەڭگىدە بوزىرىپ تۇراتتى. يۈسۈپ كۈندىكىدەك تۇتۇق ئاسمان، تۇتۇق چىرايلارنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك





ئۆزگىچە بىر ھېسسىياتتا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. كېيىن توساتتىن سوراپ قالدى:

— شەرۋانەم ئاچا، بۇ قۇرتلارنى ئاياللار تۇتمىسىمۇ قۇشلار تۇتاتتىغۇ؟

— قېنى ئۇ قۇشلىرىڭ، ئۇكام؟

يۈسۈپ سوئالىدا قايتۇرۇلغان سوئالدىن سەل تەمتىرەپ دۇدۇقلاپ قالدى:

— باردۇ، بىزنىڭ كىتابىتا: سەھرا دېگەن ئۇچار قۇشلارنىڭ جەننىتى، دېيىلگەن.

— قىچقىرىپ كېلە ئەمىسە، شۇ جەننەتتىكى قۇشلىرىڭنى.

— بۇ... بۇ ... — يۈسۈپ ئىككى يانغا قاراپ قالدى، — ئۇ قۇشلار ماڭا ئۆگەنمىسە... مەن قىچقارغانغا كېلەمدۇ؟

— بولغان بولسا كېلەتتى ئۇكام، — دېدى شەرۋانەم خۇرسىنىپ، — لېكىن بىزنىڭ قۇمئاۋاتنىڭ تورغايلىرى، قارا قۇشقاچلىرى نەگە كەتتىكىن - تاڭ!

— سىزمۇ بىلمەمسىز؟

— مەن كىچىك ۋاقتىمدا قۇشلارنىڭ باش ئۈستىمىزدە ۋىچىرلىشىپ تۇرىۋىغىنىنى بىلەتتىم.

— ئەمىسە ھازىرچۇ؟

— ھازىر ...— شەرۋانەم نېمە دەيمەن دېگەندەك يەڭگىسى نازىلخاننىڭ گەپكە تەمشەلگەن ئاغزىغا قاراپ قالدى.

— بۇ بالام ئۆزى ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن چوڭ يەرلەرگە ئوقۇغىلى بېرىپ كۆزى ئېچىلغاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلى كىچىكلىكتىن قالماپتۇ، — دېدى نازىلخان يۈسۈپكە ئىچ كۆيەر كۆزلىرىدە قاراپ، — تەتىل قىلىپ كەلگەن ئون

نەچچە كۈندىن بېرى كۆزى نېمىنى كۆرسە، كۆڭلىدە نېمىنى ئويلىسا شۇنى سورايدۇ، ئاخشاملىرى چىراغ يورۇقىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ دەپتىرىگە بىر نېمىلەرنى يازىدۇ... مەن بەك ھەيران قالدىم.

— ۋۇي نېمە يېزىپتۇ، دەپتىرىگە ؟ — دەپ سورىدى ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ ناشتا قىلغان روزىگۈل قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ. ئۇ باش ياغلىقى بىلەن يۈزىنى تولۇق چۈمكىۋالغان بولۇپ، ياغلىقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئازراقلا چىقىپ تۇرغان قاش - قاپىقىدىكى كۆك، قاپاق مۈچتەك قىزىرىپ چىققان كۆز ئالمىسى كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرەتتى.

— كىم بىلىدۇ ، — دېدى نازىلخان چوڭ كېلىنىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن ، — بۇ قارىم بالامنىڭ كىتاب - دەپتەرلىرى ساپلا خەنسۇچى دېگەندەك بىر نېمە بولۇپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ قۇمئاۋاتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئاراۋاتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىدا ھەممە خېتى ئۇيغۇرچە ئىدى. مانا ئەمدى...

— ۋۇي، كىچىكىنام تۇرۇپ قانداق ئۆگەنگەندۇ؟ بىز يېزىدىن كېلىدىغان يالاڭباشتاق شۈجىنىڭ يازغان خېتى تۇرماق، بىرەر ئېغىز گېپىنىمۇ ئۇقمايمىز ئەينىكا.

— مېنىڭمۇ ئەقلىم يەتمىدى ، — دېدى نازىلخان كېلىنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ھېكايە سۆزلەپ ، — ئەتىگەندە قوپۇپ ئاشۇ تۆت چاسا خەت بېسىلغان كىتابىنى قولتۇقلاپ باغنىڭ كەينىدىكى ئوتياشلىقتا چىقىپ بىر كالدىرلىغىلى تۇرسا، دادىسى ئىككىمىز توۋا - توۋا دەپ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ كېتىمىز. بەزىدە ھۇسىيناخۇن ئۇنىڭ چىشىغا





تېگىپ: «نېمە ئوقۇۋاتىسەنەي، ئاشۇ گەپلەرنى ئۆگىنىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قۇمئاۋاتقا قايتىپ كەلسەڭ، بۇ يەردىكى قوي - كالىلار، توخۇ - كەپتەرلەر سېنىڭ گېپىڭنى ئۇقامدۇ؛ چىقىۋاتقان بورانغا، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قۇملارغا قولۇڭدىكى كىتابقا قاراپ ئەپسۇن ئوقۇي دەمسەن - يا...» دەپ ئۇكىسىنى زاڭلىق قىلىپ چىشىغا تېگىدۇ. بۇ غوجامۇ بوش كەلمەي، ئاكىسىنى گەپتە پوملاپ قويىدۇ. يەنە تېخى: توخۇ - كەپتەر ئۇن سەككىز؛ چۈجە - باچكا قىرىق سەككىز ، يەتتە باچكىنى سىز يەپسىز، توققۇز چۈجىنى ئىنساپسىز... قالغىنىنى ھېسابلاڭ، دېگەندەك كۈلكىلىك سوئاللارنى سوراپ چالا ساۋات ئاكىسىنى ھېسابقا سېلىپ تەمتىرىتىپ قويىدۇ. ئاكىسى ئۇ ھېسابنى چىقىرالماي، چالا ھېجىيىپ گەدىنىنى قاشلاپ: «مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بېيجىڭ دېگەن يەردە ئوقۇپ كېلىپ ئاندىن ھېساب چىقىرىپ بېرەي جۇما ئۇكام» دەپ گەپنى تۈگىتىدۇ. ئۇكىسى: «قاچان ئوقۇيسەن بېيجىڭدا؟» دەپ سورىسا، ئاكىسى: «تۆگىنىڭ بويى ئاسمانغا يەتكەندە، قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە...» دەپ كۈلۈپ كېتىدۇ...

شەرۋانەم بىلەن كېلىنلەر قېيىنئانىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بولۇپمۇ نازىلخاننىڭ ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر قىزىقچىلىق بىلەن ئاۋازىنى بوڭ - بوڭ چىقىرىپ ھۇسىيناخۇننىڭ ئاۋازىنى دورىشى ئۇلارغا كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى.

— دەڭا ئۇكام، ئوقۇپ كەلسىڭىز، بىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەرسىز ؟ — دەپ سورىدى روزىگۈل يۈسۈپكە مەستلىكى كەلگەن ھالدا.

— بۇ بالامنىڭ كىچىكىدىنلا دوختۇر بولغۇسى بار ، —

دېدى نازىلخان چىنىلەرنى دەستىلەپ ياغلىقىقا چىگىپ، — شۇنداقمۇ، يۇسۇۋاخۇن؟

يۇسۇپ ئۇندىمىدى. ئۇ تېخى كىچىك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى كىچىك ئەمەس، ئوي - پىكرى ۋە تەپەككۇرى باشقىچە بىر دۇنيا ئىدى.

— دوختۇر بولسا ياخشىدى، — دېدى پىننەخانمۇ خېلى جانلىنىپ، — بىزنىڭ قۇمئاۋاتتا دوختۇرمۇ، دوختۇرخانىمۇ يوق.

— يېزىلىق شىپاخانا يىراق.

— بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىمۇ بېرىپ بولغىلى بولمايدۇ.

— ساۋابلىق ئىشنى تاللاپسىز، — دېدى روزىگۈل قېيىنئانىسىنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلىنىپ، — مۇشۇنداق چەت-يىراق يۇرتتا دوختۇر بولۇش ئۇلۇغ ئىش.

— لېكىن، — دېدى يۇسۇپ ئىختىيارسىز هالدا چوڭ ئادەملەردەك ۋەزمىن بىر ئاهاڭدا، — مەن دوختۇرلۇقتىنمۇ ئۇلۇغ، چوڭ ئىشلارنى قىلسام دەيمەن.

— ئەمىسە ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاننى هەيدەي دېدىڭمۇ، ئۇكام؟ — دېدى شەرۋانەم تۇتۇق ئاسماننى ئىشارە قىلىپ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاياللار بىردە ئاسمانغا، بىردە ئېتىزلىقنىڭ نېرىسىدىكى قاتمۇ قات قۇم بارخانلىرىغا تىكىلگەنچە تۇرغان يۇسۇپكە قارىشىپ قالدى. يۇسۇپ بولسا تولىمۇ پەس، ئېغىر ئاۋازدا:

— ياق، ئاچا، — دېدى.

— ئۇنىڭغىمۇ ياق، بۇنىڭغىمۇ ياق... ئەمىسە بۇ يەرلەرگىمۇ كەلمەي، خەقنىڭ شەهرىدە كۈنۈمنى ئالاي دېگەن چېغىڭۋا، بۇ؟





— مەن كېلىمەن، — دېدى يۇسۇپ ئۆزىگىمۇ تەستە ئاڭلانغىدەك ئاۋازدا، — مەن مۇشۇ قۇم بارخانلىرىنى يېشىللىققا ئايلاندۇرغىلى بولامدىغاندۇ، بىز شۇنداق قىلالامدۇق دەپ ئويلاۋاتىمەن...

— نېمە دەپ جۆيلۈيدىغاندۇ ماۋۇ؟! — دېدى ئانا ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە قاراپ، — ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلاپ قالمىغانسەن، بالام؟

— ياق، مەن ئويغاق ئانا، — دېدى يۇسۇپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مەن سىلەرگە يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى ئەهۋالى توغرىلىق سۆزلەپ بېرەي...

— هە، دېگىنە، قېنى، ئاڭلاپ باقىلى...

— ئاڭلاڭلار ئەمىسە هە ... — يۇسۇپ قولىدىكى كىتابقا بىر قارىۋېتىپ سۆزىنى باشلىدى، — يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە بىزنىڭ بۇ يەرلەر شىمالىي دېڭىزغا تۇتىشىدىغان بىپايان دېڭىز بولغانىمىش. دېڭىزنىڭ ئەتراپى ئورمانلار، دەريا - كۆللەر بىلەن قاپلانغان مۇنبەت ۋە سۇلۇق تۈزلەڭلىك بولۇپ، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق قىلىشقا ناهايىتى مۇۋاپىق كېلىدىكەن. چەكسىز كەتكەن بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان خەلق تەبىئەتنىڭ بىهېساب هىممىتى ئىچىدە ياشاپ، نۇرغۇنلىغان چوڭ شەهەرلەرنى، بەگلىكلەرنى بەرپا قىلغانىمىش. مۇكەممەل هالەتتە ياسالغان كوچىلار ۋە سودا - كارۋان يوللىرى ئارقىلىق شەهەر ۋە يېزىلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، تىرىكچىلىك ۋە مەدەنىيەت يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىمىش. كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد، ئىجتىمائىي هايات، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقى ۋە ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى بىلىملىرى ناهايىتى مول ۋە توغرا بولغانىمىش... شۇنىڭدىن

نۇرغۇن يىللار كېيىن قۇم ئېراسى باشلىنىپ، توپان بالاسى بېسىپ كەپتۇدەك. تاغلار ئوت بولۇپ يېنىپ، سۇلار ھورغا ئايلىنىپتۇدەك، زېمىن قۇرۇشقا باشلاپتۇدەك. جانلىقلار، ئادەملەر قىرىلىشقا باشلاپتۇدەك. جان ساقلاش كويىغا چۈشكەن كىشىلەر ئامالسىز تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈشكە باشلاپتۇدەك... بۇ يەردە قالغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئەسلىدىكى ھاياتلىق بۆشۈكى ۋە ياشاش ئاساسىدىن ئايرىلىپ، ئىپتىدائىي ئۇسۇل بىلەن تا بۈگۈنگە قەدەر ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇدەك. بىز ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنمىز...

— ۋايجان، ۋاي ئانام، ۋاي پېشانەم، نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ... ما بالا سۆزلەپ قالدى !... — نازىلخان چىڭدالمىغان تاغار ئاستا - ئاستا ماكچىيىپ قالغاندەك ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالدى ، — يول چاۋىرى تېرىپ ما بالىغا ئىسرىق سېلىڭلار، ھەممىڭلار ئولاش - چولاش كېلىپ كۆز دۇئاسى ئوقۇڭلار... ھاي، ئا دادىسىغا ئادەم چاپتۇرۇڭلار، دەرھال ماۋۇ يۇرتقا ئۇنۇپ بالىغا يادنامە ئوقۇسۇن...

ئاياللار چۇرقىراشقىنىچە كېلىپ نازىلخاننى يۆلىدى...

— ھا... ھا... ھا ... — بىرىنىڭ تۇيۇقسىز كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ كەتكەن ئاياللار كەينىگە بۇرۇلۇپ، يۇسۇپنى مازاق قىلغانچە بىر نېمىلەرنى دەۋاتقان غوجىخاننى كۆردى.

## 37

غوجىخان ھەسەن خالۋاپىنىڭ ئوغلىنىڭ سۆزلەپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىش ئېشىغا ئېلىپ كەلدى. دەريا





دامبىسىدا ھاشار چۈمۈلىسىدەك ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ قولىدا كەتمەن، ئۆشنىسىدە تاغار، ئاغزى گەپتە ئىدى:

— چارشەنبە ئاخشىمى قۇيۇندا قېلىپ شامال دارىپ قالغانمىش!

— قۇملۇققا قاراپ باشقا بىر تىلدا سۆزلەپ كېتەرمىش.

— ئۇ بالا ئادەمنىڭ تىرىكى كىرىپ، ئۆلۈكى چىقمىدىغان قۇملۇقنى بۇرۇن چەكسىز كەتكەن دېڭىز ئىدى دېگۈدەكمىش!

— ئۇنىڭ جۆيلىشىچە، ئېرالارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن دېڭىز بىزنىڭ ئايكۆلدەك ئاستا - ئاستا قۇرۇپ كەتكەنمىش.

— نەچچە مىڭ خىل بېلىقلار ئايكۆلدىكىدەك پىلتىڭلاپ - پىلتىڭلاپ ئاخىرى جان ئۈزگەنمىش .

— دېڭىز قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلار، شەھەرلەردە قۇرغاقچىلىق بولغانمىش.

— زەپ - زىرائەت، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇشقا باشلىغانمىش.

— توپان بالاسى پەيدا بولغانمىش.

— كىشىلەر نەدە سۇ بولسا شۇ يەرگە كۆچۈشكە باشلىغانمىش.

— يېزا - كەنتلەر، شەھەر - بازارلار قۇم ئاستىدا قالغانمىش.

— بىزنى شۇ بالايىئاپەتلەردىن ئېشىپ قالغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىن دېگۈدەكمىش.

— ئەمدى بۇ زېمىننى قۇتقۇزمىساق، يەنە يۈز يىلغا بارماي قۇرۇپ كېتىدۇ، ھاياتلىقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ دېگۈدەكمىش.

— خۇدايا توۋا...

— نېمە بولغاندۇ ئۇ بالىغا؟

— شەھەرلىكنىڭ جىنى چاپلىشىۋالدىمۇ ـ يا؟

— تۇۋا دېسىلە، نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟

— خۇدايىمنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلماي، ۋاي ئىمتىھاندىن ئۆتتى، ھۆكۈمەت تاللىدى... دەپ، بىر ئوبدان تۇرغان بالىنى كۈن چىقىشنىڭ تۆرىگە يولغا سېلىپ قويىدى. ئۇ يەردە ئاغزىغا نېمە يەيدۇ، ئۇيقۇسى كەلسە قانداق يەردە ئۇخلايدۇ، كىم بىلەن ئۇخلايدۇ، ئۇنى كىم بىلىدۇ، شۇڭا دەيمىنا!

— ئۇغۇ راست، ئۇ بالا كۆلىدىن كەلگەننىڭيىزى ھەرخىل كىتابلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئادەم دەسسىمەيدىغان قۇملۇقلاردا، خالىي جايلاردا ئادەمنىڭ ئاغزىغا كەلمەيدىغان بىر گەپلەرنى قارىيچىلاپ يادلاپ يۈرەركەنمىش.

— ئوھۇ... شۇنىڭ سورى ھەقىچان!

— ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنى قانداق ياندۇرغىلى بولار ئەمىسە؟

— شۇ، شۇ. ياكى بۇ يەردە ئۇ بالا ئوقۇيدىغان كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان قارىملار بولمىسا.

— شەھەرگە كىرگىلى سالارمىكىن.

— نېمىشقا؟

— شەھەرلىكنىڭ موللىسىنى ئىزدەپچۇ؟

— قانداق بولۇپ شەھەرلىكنىڭ موللىسى بولىدۇ، ھاي باللا ھەي؟

— بولماي قالامدۇ، ھەممە يەرنىڭ موللىسى بولىدۇ. ئاڭلىسام شەھەرلىكنىڭ جىنى تۇتۇۋالغان ئادەمگە ئادەتتىكى باخشىلار مىڭ ئوقۇسىمۇ كار قىلماسمىش. ئەمما شەھەرلىك





موللام ئوقۇسا شۇ ھامان ساقىيىپ كېتەرمىش!

— خۇدايا تۇۋا.

— شۇنداق قىلىپ ھەسەن خالۋاپقا بىرمۇنچە جەبىر ـ جاپا پەيدا بولىدىغان بولدى، دەيلى.

— ئۇنى بىر دېمەڭلار.

— قانداق قىلغاندۇ بىچارە ئادەم، نەچچە ۋاقىتنىڭ ياقى ئوغۇللىرىنى خوتۇن بىلەن، قىزلىرىنى ئەر بىلەن كېلىشتۈرۈپ بولالماي، قۇدىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا خالۋاپنىڭ موكىسىدەك قاتراپ يۈرەتتى.

— كىچىك ئوغلىنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغىنىنى ئاڭلاپ، دەريانىڭ دامبىسىدىن دومىلاپ چۈشكەنمىش.

— ھۇي تارتىپ يىغلىغانمىش.

— كەتمەن، ئاغىرىنى چوڭ ئوغۇللىرىغا تاشلاپ ئۇدۇل يۇرتقا قاراپ چاپقانمىش.

— مەھەللە باشلىقى، سېكرېتار دېگەنلەرگىمۇ رۇخسەت سوراش ئۇچۇن ئالدىنى قىلمىغانمىش.

— قاتناش تاپالماي چوڭ يولغا چىققۇچە يېرىم كۈن يۈگۈرۈپتىمىش.

— يۈگۈرۈپ بولالماي يولدا يىقىلىپتىمىش.

— يىقىلغان يەردىن تۇرۇپ يەنە يۈگۈرۈپتىمىش.

— بىچارە ئادەم...

— پىلە قۇرتىدەك كىشىگە زىيىنى يەتمەس ئەدەمتى.

— ئەمدى قانداق قىلار؟

— خۇدايىم ئۆزى ئاسان قىلار.

— ...

* * *

ئەمگەك باشقۇرۇش ئورنىدىكى چېدىر كەپە ئىچىدە قوشنا كەنتلەردىكى سېكرېتارلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغان غوجىخاننىڭ قولىدا بىر پىيالە، پىيالىدە لىق ھاراق، ئۆزى بولسا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتاتتى:

— ئۆتۈپ كەتكەن گەدەنكەش ئەرزخورنىڭ كۆك پوتلىسىدى، ئاشۇنداق ساراڭ بولۇپ سۆزلەپ قاپتۇ، كۆرسىلە!

— سىلە شۇ ھالدا كۆردۈم دېسىلە، ئۇ بالىنى؟

— شۇنداق، تۈنۈگۈن ئەتىگەن كېۋەزلىكتە خىزمەت تەكشۇرۇپ كېتىۋېتىپ قىلغان گېپىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم.

— نېمە دېدى ؟ — دەپ سورىدى كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئېچىۋېتىپ يوغان قورسىقىنى مانتا كاۋسىدەك پۇسكايتىپ ئولتۇرغان سېرىق چىراي كىشى غوجىخانغا ھاراق خوشلىغاچ.

— ئۇ گەپنى ئاڭلىسىلا كۈلۈپ كېتىلا سېكرېتار ، — دېدى غوجىخان پىيالىنى توم كالپۇكلىرى ئىچىگە دۈم كۆمتۈرۈپ، — ئۇ بالا «قۇملۇق ئەسلى دېڭىز ئىدى» دېگەندىن باشقا، يەنە «سۇلۇق، ھاياتلىق، ئېرا...» دېگەندەك بىرمۇنچە توخۇ پۇتى گەپلەرنى قىلدى.

— ئاشۇ كوھىقاپ ئاغزىدىكى قۇملۇقنىمۇ؟ تولا ئادەمنى كۆلدۈرمىسىلە، ئۇنداق ! — دېدى سېرىق كىشى ھاراق تولدۇرۇلغان پىيالىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — دادىسىنىڭ چىلىمىغا ئۆگىنىپ قېلىپ، نەشە چېكىپ قالغان بولسا ئاشۇنداق كۆزد-





گە ئېشەك سۈيدۈكى دەريا كۆرۈنۈپ قالغانمۇ-يا؟

— ياق، نەشە چېكىۋالغاندەك ئەمەس، دادىسىمۇ نەشە چېكىش تۇرماق مەسچىتتىن كېلەلمەيدىغان چالا موللا...

— ئۇنداق بولسا راست ئېلىشىپ قاپتۇ سېكرېتار... ھۇي راست، بىزنىڭ ئارائاۋاتتىكى ئابباس بېدىكىنىڭ قىزىمۇ شۇ تەرەپلەردە ئوقۇۋېتتى، يېقىندا تەتىل قىلىپ كەلگەن، شۇ سېكىلەكمۇ ئېلىشىپ قالمىغاندۇ-ھە؟

— ئارائاۋاتتىنمۇ ئوقۇغىلى كەتكەنلەر بارمىتى ؟ — دەپ سورىدى غوجىخان قولىدىكى چالا غاجالغان ئۇستىخاننىڭ ئەت-گۆشلىرىنى قەلەمتىراچ بىلەن شىلىپ ئاغزىغا سالغاچ.

— بولمامدۇ ، — دېدى سېرىق كىشى جاۋغايلىرىدىن ساقىپ چۈشكەن ھاراقنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ ، — بىزدىنمۇ بار.

— ئۇرۇقلۇقلاردىن ھەممە يەردە بار ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇرۇقلۇق... نېمە دېگەنلىرى بۇ؟

— ھەسەن خالۋاپنىڭ ئاشۇ شۇمتىكى بېيجىڭغا ماڭغاننىڭ بۇ تەرىپىدە بىز غوجىخاننىڭ كۆڭلىمىز تازا جايىدا ئەمەس دېسىلە!

— نېمە بولۇپ، ئەمدى؟

— ئەرزخورنىڭ بالىسى ئەمەسما، ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق دەپ، ناۋادا دادىسىنى دوراپ ئەرز قىلمەن دەپ قالسا، مەكتىپى مەركەزنىڭ ھويلىسىنىڭ يېنىدا، ئىش ئېقىتمىقى ئاسان دەيمەن.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ، سېكرېتار؟

— ئۇلۇشۇل ئاشۇ ساراڭنىڭ دادىسى ھەسەن خالۋاپ ئىنىسى ھەمزى خالۋاپ بىلەن ئاپتونوم رايونغا ئەرز قىلمەن

دەپ نەچچە ئادەمنى باشلاپ ماڭغاندا، كەينىدىن ئۇرۇمچىگە قوغلاپ بېرىپ ئالدىنى توسۇۋالدۇق ئەمەسما!

— ۋوي بىز ئاڭلىماپتۇقا ئۇ ئىشنى... قومىئاۋاتتا ئاشۇنداق يامان ئۆكتەملەر بارمۇ؟

— بۇرۇن يوقتى، ھازىر چىقتى. شۇ چاغدا ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ پۇل تاپىمىز دەپ، ئىش - ئەمگەك قىلالايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ تارىمغا پاختا تېرىشكە ئاپارغان. ئۇ يەردىكى ئىشلار تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا، خەقنىڭ كۆڭلى بىكار ئۆتۈپ كەتتى، بىزمۇ سەل ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. بۇ شورى قۇرىغۇرلارنى قۇرۇق قول ياندۇرۇپ كېلەيلى دېسەك، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بۇندىن كېيىن گېپىمىز ئۆتمەي قالمىسۇن دەپ، كېۋەزلىكتىن چىقارماي تۇتۇپ قاپتىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدا سۈركىلىش كېلىپ چىقتى. يەيدىغان نان - پېنى تۈگەپ، گېلى ئاسما قۇزۇقتا چىققان خەق پىترىغان مال پادىسىدەك تەرەپ - تەرەپكە قاچقىلى تۇردى. ھەسەن خالۋاپ، ھەمزىخانلار بولسا بۇرۇندىن ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلىپ ئاقتۇرالماي يۈرگەچكە، مالىمانچىلىقتا بىراقلا ئاپتوموبىلغا چىقىپ ئۈرۈمچىگە بارىدىغان كىشىمەن، دەپ شىمال تامان يول ئاپتۇ. ئۇلار ماڭغىچە خەۋىرى قۇلىقىمىزغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن يېزا، كەنت مەسئۇللىرىدىن ئۇچىمىز كەينىدىن قوغلىدۇق. ئۈرۈمچىگە چۈشە - چۈشمەي كەينىدىن يېتىشىۋېلىپ، ئالدىمىزغا سېلىپ ئەكەلدۇق...

— كۆرسىلە، ئا نىيىتى ئالا ئوغرىلارنى... ئۇ يەرگە ئەرز قىلىپ بارسىمۇ بىر كىم ۋاي خاپا بولماڭ، دەپ بىر نېمىسىنى كېسىپ تۇتقۇزۇپ قويارمىدى!

— ئۇنداق دېگەن بىلەن سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، قايسى





يىلى يەر تەۋرەپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندە، زوڭلى ئۆزى كەلگەن تۇرسا!

— ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، بېيجىڭدا ئوقۇيدىغىنى ئاشۇ كۆك پىتىنىڭ بالىسى دەيلى؟!

— شۇنداق بولۇپ قالدى، خۇددى ئالىي يەرلەردە ئوقۇغىلى باشقا تۇزۇكرەك بالا تېپىلمىغاندەك!

— سىلىنىڭچە بولغاندا، دادىسى كۈشكۈرتۈپ قويسا، ئۇ تاز مەركەزگە خەت تۇتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ سالارمۇ؟

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. بايا دېدىمغۇ، ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق، دەپ. شۇڭا سارالڭ بولۇپ قالغىنى خوپ بولدى!

— سارالڭ بولىدىغان تەقدىردىمۇ ئۇ نان قېپىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ — دېدى سورۇندا ئولتۇرغان كەنت كادىرلىرىدىن بىرى غوجىخاننىڭ قولىدىكى هاراقنى ئېلىۋېتىپ ، — شۇ يەردە ھۆكۈمەت بەرگەن ناننى جايلاپ يەپ، ئىمتىھانلاردا سوقا سويما ( نۆل دېمەكچى ) ئالماي، ئەللىك - ئاتمىش نومۇر ئېلىپ كۈننى كۈن ئېتىپ قايتىپ كېلەلىسە چوڭ گەپ، ھاي!

— ئېيتماققا ئۇنداق دېگەن بىلەن، يۇقىرىدىكىلەر بۇ كەتمەن قېپىلىرىنىڭ راۋۇرىنى بەك چالىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخشاملىرى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانسىلەر، ھازىر ھۆكۈمەت بىزدەك سوك - سوك سېكرېتارلار تۇرماق، نى-نى ئەمەلدارلارنى تۇتۇپ قولىغا كويزا سېلىپ، يېگەن - ئىچكىنىنى، قىلغان-ئەتكىنىنى بىرمۇ بىر ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئارقىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىۋاتامدۇ. شۇڭا مەكتىپىدىن مۇشۇكتەك غىپپىدە چىقىپ، مەركەزگە كىرىپ ئىشىكنىڭ شىشىقىدىن خەت تاشلاپ

قويىدىغان بولسا، ئۇلار ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بېشىمىزدا ئۈنۈپ قالسا، دوپپىمىزنى ئوڭلاپ كىيىپ بولغىچە، ئۆزىمىزنىڭ نەدىلىكىنى ئاڭقىرالماي قالىمىز.

— ھە... مۇنداق دەيلى، بىز بىر ئىشنى ئانچە چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەيدىغان گالۋاڭكەنمىز جۇما.

— شۇڭا ئۇ سويمەكنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلۇم خېلى جايىغا چۈشۈپ قالدى.

— ھەي سېكرېتار، ھەي سېكرېتار، سىلىزە...

## 38

ئېلىش بېشىدىن قايتىپ كەلگەن ھەسەن خالۋاپ گۈگۈم پەيتىدە ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

يۈسۈپ پېشايۋان ئاستىدىكى كىگىزدە تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىغا داستىخاندەك كەڭ، ئۆمۈچۈك تورىدەك سىزىقلار بىلەن تولغان ئالا-يېشىل قېلىن بىر پارچە قەغەزنى يېيىۋالغان، قولىغا يەنە بىر پارچە رەسىملىك كىتابنى ئېلىۋالغان بولۇپ، ئىچىدە چاسا خەتلەرنى ئوقۇپ، رەسىملەرنى سېلىشتۇرۇپ، يالغۇز توغراقتىكى پېرىخۇندەك توختىماي ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتاتتى. ئۆينىڭ ھەمراھى چىپار مۈشۈكمۇ ئۇنىڭ پوكىنىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن يۈسۈپنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تىڭشىغاچ ئالدىدىكى قەغەزگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ھەسەن خالۋاپ ئۆزىنىڭ ئۇسسىغان، ئېچىرقىغانلىقىنى ئۇنتۇپ ياقىسىنى تۇتقىنىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەم تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئاستا قەدەملەر بىلەن ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە پەس ئاۋازدا ئوغلىدىن سورىدى:

— نېمىڭىز بۇ، قارىي بالام؟

يۈسۈپ دادىسىغا سالام قىلىپ بولۇپ يەنە ئالدىدىكى سىزىق، رەسىملەر ئارىسىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۈچ يىل ئاۋۋالقى چوڭلارنى كۆرسە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم » دەپ ئېگىلىپ سالام بېرىدىغان، قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغان ئەدەپ - قائىدىلەرنى ئۇنتۇغاندەك ئىدى. كۆز ئالدى خىرەلەشكەن ئاتا ئوغلىنى زادى نېمە قىلىۋاتىدىكىن، دەپ ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابقا، ئالدىدىكى داستىخانسىمان قەغەزگە قارىدى. ئەمما غۇۋۋا قاراڭغۇلۇقتا كۆزلىرى ئىما - چىما بولۇپ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى.

— ماڭا دەپ بېرىڭە بالام، ئالدىڭىزدىكى بۇ داستىخان...

يۈسۈپ ئۆزگە تىلدا بىر نېمىلەرنى دېدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆگىنىش كىتابىدىكى تىلى ئىدى.

— مېنى قورقۇتماي تۈز گەپ قىلىڭە قارىي بالام، نېمە دەۋاتىسىز؟

— مەن سىزگە دۆلەت تىلىدا گەپ قىلىۋاتىمەن ، — دېدى يۈسۈپ تۇيۇقسىز ئەسلى تىلىغا قايتىپ ، — ئالدىمدىكى سىزىق، رەڭلەر بىلەن تولغان بۇ قەغەز داستىخان ئەمەس، خەرىتە، يەنى دۇنيا خەرىتىسى، قولۇمدىكى ماۋۇ كىتاب بولسا جۇغراپىيە كىتابى دادا.

— ھە... مۇنداق دېگىنە بالام، — ئوغلىنىڭ ھەر ھالدا ئوڭ گەپ قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان ئاتىنىڭ كۆڭلى بىر ئاز جايىغا چۈشتى ، — بۇ خەرىتە دېگىنىڭدىن بىزنىڭ قۇمئاۋاتقا سۇ باشلاپ كېلىدىغان دەريا - ئۆستەڭلەرنى تاپقىلى بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

يۇسۇپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن چۆچۈگەن مۇشۇك كۆزىنى ئېچىپ بەدەر قاچتى. ھەسەن خالۋاپ ئۆزۈم بىلمىگەن ئىشتا خاتا گەپ قىلىپ قويغان ئوخشايمەن، دەپ يۈزلىرى چىمىلداپ قالدى ھەم ئالدىراپ ـ تېنەپ قىلغان گېپىگە ئىزاھ بەردى:

— ئۆزۈڭ بىزنىڭ قۇملۇققا قاراپ دېڭىز، سۇ دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دەپتىكەنسەنغۇ، بالام؟

— دېگەن، لېكىن سىز بۇ خەرىتىنى ئۇنداق چۈشىنىپ قالسىڭىز بولمايدۇ.

— ئەمىسە، نېمە ئۇ؟

— بىرىنچى سىنىپنىڭ باللىرىدەك گەپ سورايدىكەنسىز ئادەمدىن... يېقىنراق كېلىڭا، مەن سىزگە دەپ بېرەي.

ھەسەن خالۋاپ ئوغلىنىڭ گەپلىرىگە بىردە كۈلگىسى كېلىپ، بىردە كاللىسىنىڭ جايىدا ياكى جايىدا ئەمەسلىكىدىن گۇمانلىنىپ ئوغلىنىڭ يېنىغا يۈكۈندى.

— سىز داستىخانغا ئوخشاتقان ماۋۇ نەرسە دۇنيانىڭ يەر شەكلى خەرىتىسى، دېمەك، دۇنيانىڭ تۈزۈلۈش شەكلى مۇشۇ شۇ. ماۋۇ ئوتتۇرىدىكى چوڭ قىزىل خوراز بىزنىڭ دۆلىتىمىز. خورازنىڭ قۇيرۇقىدىكى ماۋۇ قۇمدەك ئۇششاق چېكىتلىك دائىرە بىزنىڭ مۇشۇ قۇملۇق شۇ...

— توۋا ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ساقىلىنى سىيپاپ، — بۇ يەرنىڭ قۇملۇق ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلەمدىكىنا؟

— بىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەر ئافرىقىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىن قالسا دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق.

— توۋا...، ئەمىسە ماۋۇ سۇنىڭ رەڭگىدىكى سىزۈلۈپ





تۇرغان يەرچۇ؟

— بۇ يەر سۇلۇق دېڭىز ـ ئوكيانلار.

— ئاشۇ سىزۈلۈپ تۇرغان يەرنىڭ ھەممىسىمۇ؟ توۋا، شۇ سۇدىن بىزگىمۇ نېسىپ بولسىچۇ!

— نېسىپ بولىدۇ، بىزنىڭ بۇ زېمىنىمۇ قايتا كۆكىرىدۇ.

— نېمە، ئاشۇ دېڭىز ـ ئوكيان دېگەن يېرىڭدىن بۇ زېمىنغا سۇ كېلەمدۇ ؟ — دادىسىنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئوغلىنى يەنە كېسەللى تۇتتىمىكىن دەپ، ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى.

— چۈشەنمەيۋاتىسىز، قاراڭ ماۋۇ كىتابقا ، — ئوغۇل قولىدىكى چاسا خەتلەر يېزىلغان كىتابنى دادىسىنىڭ كۆزىگە يېقىن ئەكەلدى. ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولغان پىنىخان ئېلېكتىر چىراغنى يېقىۋەتتى. بالا چاسا خەتلەرنى ئاۋۋال ھېلىقىدەك كالدىرلاپ ئوقۇپ، ئاندىن ئوقۇغانلىرىنى ئۆز تىلىغا ئۆرۈپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بىز ياشاۋاتقان يەر شارى يۇپيۇمىلاق شار جىسىم، يەنى قۇمئاۋاتنىڭ يەرلىك تاۋۇزىدەك يۇمىلاق... يەر شارىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە دېڭىزنىڭ مۇنبەت تۇپراققا ئايلىنىشى، مۇنبەت ئېتىزلارنىڭمۇ دېڭىزغا ئايلىنىشىغا ئوخشاش غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. زامانىۋى پەن ـ تەتقىقاتلار يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دېڭىز يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە تۆۋەنلىشى دېڭىز، قۇرۇقلۇقلارنىڭ يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئالىملار يەر شارىدىكى دېڭىز، قۇرۇقلۇقلارنىڭ دائىرىسىنىڭ شەكىللىنىشى، يەتتە قىتئە، تۆت ئوكياننىڭ جايلىشىشى ۋە ئۆزگىرىشى توغرىسىدا تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلار-

نى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. گېرمانىيىلىك ئالىم ۋېگنېرمۇ ماتېرىكلارنىڭ لەيلەپ يۈرۈشى ھەققىدىكى پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنىڭدىن 200 مىليون يىل ئىلگىرى يەر شارىدىكى ھەرقايسى قىتئەلەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ ماتېرىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى بىپايان ئوكياندىن ئىبارەت ئىدى؛ كېيىن ئىپتىدائىي ماتېرىكلار بىر نەچچە ماتېرىكلارغا بۆلۈنۈپ تەدرىجىي يۆتكىلىش ئارقىلىق بۈگۈنكى يەتتە قىتئە بىلەن تۆت ئوكياننىڭ جايلىشىش ھالىتى شەكىللەنگەن، دەپ دۇنيا ئەھلىنى قايىل قىلدى ... — يۈسۈپ كىتابقا قاراپ چۈشەندۈرۈشتىن توختاپ كىتابىنى دادىسىغا يېقىن ئەكەلدى. غاز تۇخۇمىدەك سوقچاق سىزىلغان ئۈچ دانە رەسىمنى كۆرسەتتى ، — مانا، رەسىمدىكى چۈشەندۈرۈشكە قاراڭا، بۇ — يەر شارىنىڭ 200 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ھالىتى؛ ماۋۇ 65 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ھالىتى، مانا بۇ ئاستىدىكىسى بولسا ھازىرقى ھالىتى...

ھەسەن خالۋاپىنىڭ مېڭىسى قوچۇلۇپ كەتتى. كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ، غاز تۇخۇملىرىدەك پارچە - پارچە تۇرغان بۆلۈتتەك سايىلاردىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى. يۈسۈپ بولسا مۇئەللىمدەك توختىماي سۆزلەۋاتاتتى:

— مۇشۇ ئۆزگىرىشلەردىن قارىغاندا، بىزنىڭ قۇمئاۋاتمۇ ئىلگىرى زۇمرەت سۇلىرى دولقۇنلىنىپ تۇرغان دېڭىز ياكى ھېچ بولمىغاندا بىر چېتى دېڭىزغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان ياپيېشىل بوستانلىق بولۇشى، كېيىن ماتېرىكلارنىڭ ئۆزگىرىشى، تاغلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى داۋامىدا ئىقلىمى ئۆزگىرىپ، ئاستا - ئاستا قۇرۇپ چۆللىشىپ كەتكەن، ئاندىن قۇم - بوران ئاپىتى، توپان بالاسى بېسىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن...





— ۋاي ئېسىت ! — دېدى پىننەخان كىچىك بالىدەك ئۈمچىيىپ، — ئەمدى مۇشۇ قۇرىغانچە قۇرۇپ كېتەرمۇ، ئۇكام؟

— ياق، بۇنداق ئۈمىدسىزلەنسەك بولمايدۇ. ماتېرىكلارنىڭ ئۆزگىرىشى، قىتئەلەرنىڭ ئالمىشىش قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ زېمىن قايتىدىن يېشىللىققا پۈركىنىدۇ.

— قاچان؟!

— تۆتىنچى ئېراغا كۆچكەندە!

— تۆتىنچى ئې... را؟

— ھەئە، ئېرا ئالماشقاندا بىزنىڭ قۇمئاۋات قايتىدىن دېڭىزغا تۇتىشىدۇ، دېڭىزدىن كەلگەن نەم ھاۋا يامغۇر بولۇپ توختاۋسىز ھالدا قۇملۇققا تۆكۈلىدۇ. دۇنيادىكى بۇ ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق ئېكىن يەرلەرگە، يېشىل بوستانلىقلارغا ئايلىنىدۇ!

ئوغلىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان ھەسەن خالۋاپىنىڭ ئۆرە ئولتۇرغىدەكمۇ مادۇرى قالمىدى. ئۇ ئەمدى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ئوغلى سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بىچارە بالىنىڭ جىسمى بۇ يەردە تۇرغاندەك قىلغان بىلەن روھى باشقا بىر دۇنياغا كەتكەن، ئەقىل - ئىدراكى بۇ يەردە ئەمەس ئىدى... بالا ئالدىغا يېيىۋالغان خەرىتىنى، قولىدىكى كىتابنى تاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلىنىڭ پاكار تېمىدىن قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىغا كۆز تىككىنىچە سۆزلەۋاتاتتى:

— يەر شارىدىكى ماتېرىكلارنىڭ ئۈچ قېتىملىق ئۆزگىرىشى، ئوكيان - قىتئەلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىن قارىغاندا، بىز ياشاۋاتقان بۇ زامان ئۈچىنچى ئېرا بولىدۇ. ئۇ-

چىنچى ئېرا ئاخىرلىشىپ، تۆتىنچى ئېرا كىرىپ كەلگەندە بولسا، بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى يېڭىباشتىن ئۆزگىرىپ يامغۇرلار شارقىراپ يېغىپ تۇرىدىغان، دەريالار، كۆللەر، دېڭىزلار بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان زامان بولىدۇ. ئاشۇ چەكسىز قۇملۇقلاردا يېڭىباشتىن يېشىل هايات مەۋج ئۇرىدۇ!...

يۇسۇپنىڭ تاقىتا-تۇققا گەپلىرىنى ئاڭلىغان نازىلخان پېشايۋاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياقا يىرتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

## 39

نۇربۇۋىنىڭ يازلىقى ياخشىمۇ ياكى مەھەللىدىكى سۆزمەنلەر ئاغزىنى ئۇششۇتۇپ: ئەر يارىشىپتۇ، دېگىنى راستمۇ، ئىش قىلىپ ئۇ يېقىندىن بېرى باشقىچە ھۆسنىگە تولۇپ قالغان ئىدى. شۇغىنىسى ئىككى ئازنە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنىلاپ بارالمىغاچقا بىر ئاز خۇيى تۇتۇپ قالدى. ئانىسىنى سېغىنىپ تاقەتسىزلەنگەن كېلىن ئاخىرى قېيىنسىڭلىسى ھاۋاغا ئېغىز ئاچتى:

— ئانامىلارنىڭكىگە بېرىپ ئازنىلاپ كېلەي دېگەن، مەن بىلەن قۇمئاۋاتقا بېرىشىپ بېرەمسىز ؟ — ئۇ بۇ كىچىك يەڭگە خېنىمغا كۆنۈكۈپ قالغان ئىدى.

— مەن بىللە بارسام قانداق بولىدۇ، ئاكام بىلەن بارسىڭىز ياخشىمىكىن...

— ئاكىڭىز بىلەن بارسامغۇ ئۆزۈمگە ياخشىدى، بىراق ئۇ ئېلىش بېشىدىكى ھاشاردىن پات كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇنداقتا مېنى ئېلىپ بارسىڭىز، مەھەللىڭىزدىكىلەر نېمە دەپ قالار؟





— ھېچنېمە دېمەس، ئۈچ كۈن بولدى، قاپىقىم تارتىپلا تۇرىدۇ.

— مەيلى ئەمىسە، لېكىن ئۆيىڭىزدىكىلەردىن ئىزا تارتىپ قالماسمەنمۇ؟

— نېمىشقا؟

— مېنى كۆرگەنلا كىشى قىزىقسىنىپ قارايدىكەن، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى سورايدىكەن...

— قۇمئاۋاتلىقلار ئۇنداق ئەمەس.

— قۇمئاۋاتلىقلار ئاراۋاتلىقلارغا ئوخشىمامدۇ ؟ — ھاۋانىڭ زەڭگەر كۆزلىرى نۇربۇۋىنىڭ قارا كۆزلىرىدە ئېسىلىپ قالدى.

— ئوخشايدۇ ، — دېدى نۇربۇۋى قېيىنسىڭلىسىنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ، — لېكىن ئۇلار بەك ياۋاش.

— ئەمىسە يۇسۇپ ياۋاش ئەمەسقۇ؟ دەرسلەردە مۇئەللىملەردىن سوئال سوراپ ئارام بەرمەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ لېكىن بۇرۇن ياۋاش، كەم سۆز ئىدى.

— ئەمىسە مەن سىز بىلەن بىللە باراي ، — ھاۋا نۇربۇۋىنىڭ جەينىكىگە گىرە سالدى، — لېكىن ئاۋۋال ئانامنىڭ رۇخسىتىنى ئالايلى، ئۇ نېمە دەيدۇ تېخى.

— بېرىڭلار بالام، دەر.

بالىلارنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان ئاغىچىخان ھازۋا قوشتۇرۇپ كېلىنى بىلەن قىزىنى قۇدىسىنىڭكىگە يولغا سېلىپ قويدى.

نۇربۇۋى ھاۋا بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ھويلا جىمجىتلىقتا چۆككەن، ئېچكىرى ئۆيدىن كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ

يىغىسى ئاڭلانغاندەك قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىغا ئاۋازىنى تىڭشىغانچە بىر پەس تۇردى. شۇ ئەسنادا پاكار ئۆگزىدىن بىر كىمنىڭ قەدەم شەپىسى ئاڭلاندى. نۇربۇۋى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىسى نازىلىخاننى كۆردى. نەچچە كۈندە قېرىپ جۈدەپ كەتكەن ئانا ئېتىكىدە بىرنېمە كۆتۈرۈۋالغان ئىدى.

— ئۆگزە تۇپىسى... — دېدى ئانا بۇلۇڭدىكى شوتا بىلەن ھويلىغا چۈشۈپ ، — ئاپتاپ كۆرگەن تۇپا شامال دارىغان كېسەلنى يەڭگىل قىلىدۇ، دېيىشىدىكەن.

— ئۆيدە كېسەل يوقتىغۇ؟ — دېدى نۇربۇۋى تېخىچە تارتىپ تۇرغان سول قاپىقىنى بىگىز بارمىقى بىلەن سىلاپ.

— يوق بولغاي ئىلاھىم ، — دېدى نازىلىخان بېشىدا تۇرمايۋاتقان ئاق لېچىكنى تۈزەپ.

نۇربۇۋى ئانىسىغا ئەگىشىپ ئىچكىرى ئۆيگە كىردى. تۈڭلۈكتىن چۈشكەن غۇۋا يورۇقلۇق ئىچىدە ئىنىسى يۇسۇپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان دادىسى بولسا يىغلىغاندەك بىر خىل ئاھاڭدا قىرائەت قىلىۋاتاتتى.

— داداڭ ئۇكاڭغا يادنامە ئوقۇۋاتىدۇ ، — دېدى نازىلىخان ئېتىكىدىكى تۇپىنى بالىنىڭ ئۇستىۋېشىغا چېچىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن نۇربۇۋى چۆچۈگەن ھالدا سورىدى:

— ئۇكامغا نېمە بولدى؟

— سۆزلەپ قالدى.

يەڭگىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بۇ ئۆيگە كىرگەن ھاۋۋا ئۆلۈكتەك ياتقان ساۋاقدىشىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز تۇۋلاپ سالدى:

— يۇسۇپ؟!





بالا تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇيۇقسىز توۋلىغانچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ھاۋۋا! — يۈسۈپنىڭ دۈمبىسىگە ئۈچ قويغان پاختا، ئۆگزە تۇپىسى دېگەندەك نەرسىلەر ئاستىدىكى كۆل رەڭ كىگىزگە سىيرىلىپ چۈشتى ، — ھاۋۋا، سىزنىڭچە ماتېرىكلارنىڭ لەيلەپ يۈرۈشى ھەققىدىكى پەرەز قۇرۇق خىيالمۇ ياكى ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى بارمۇ؟!

— ۋاي ئانام! — ھاۋۋا ھەم قورققان، ھەم ھەيران بولغان ھالدا ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى.

— گەپ قىلىڭە؟!

— بۇ گەپنى مەن سىزدىن سوراي دەپ كەلگەن.

— مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئېسىڭىزدە يوقمۇ؟

— مۇئەللىمغۇ ئىلمىي ئاساسى بار، دېگەن... ماتېرىكلارنىڭ لەيلەپ يۈرۈشى داۋامىدا قىتئەلەر بىر - بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن بولغاچقا، ئەسلىدىنلا ئۇچالمايدىغان تۆگىقۇش بىلەن تروپىك بەلۋاغنىڭ تېيىز دېڭىزىدا ياشايدىغان دېڭىز كالىسى قەدىمكى يەر قاتلاملىرى بىلەن ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىغا تاراپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى خىل ھايۋاننىڭ يىراق ئوكياندىن ئۆتۈش ئىقتىدارى بولمايتتى.

ھاۋۋا دېگەنلىرىنىڭ راستلىقى ئۈچۈن قولىدىكى كىتابنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى. ئادەمنىڭ بېشى پاتسىمۇ، مۇرىسى پاتمايدىغان تۈڭلۈكتىن ئوخچۇپ چۈشكەن بىر دەستە نۇر قىزنىڭ قولىدىكى كىتابنى يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقا ئايلاندۇردى. بۇنى كۆرگەن ئوغۇلمۇ خەرىتىنىڭ قېتىنى ئېچىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىككى بالا ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان كىتابتىن نېمىلەرنىدۇر ئوقۇغاندىن

كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بابا ئېيتقان سۆزلىرىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلىدى. سەللىسى چۇۋۇلۇپ قالغان ھەسەن خالۋاپ يىغا ئارىلاشقان قىرائەتتىن توختاپ قالدى. نازىلخاننىڭ قولى ياـقىسىدا، پىننەخان قاپقاراڭغۇ بۇلۇڭدا قەي قىلىۋاتاتتى.

— دېمەك، ماتېرىكلار ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرامدۇ؟

— ئۈزلۈكسىز...

— قۇرۇقلۇقلار ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلىپ تۇرامدۇ؟

— ئاستا ـ ئاستا...

— قىتئەلەر ئۆزگىرەمدۇ؟

— كەلگۈسىدە...

— تۆگىلەر تۆگە قۇشتەك، كاللار دېڭىز كالىسىدەك ئوكياننىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئايرىلىپ كېتەمدۇ؟

— رىشتى ئۈزۈلمەيدۇ.

— يۇسۇپ بىلەن ھاۋاچۇ؟

— ئۇلارنىڭ رىشتى مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ.

— ھاۋا خىجىل بولمامدۇ؟

— چوڭ بولغانسېرى خىجىل بولمايدىغان بولىدۇ.

— كەلمىسەم بولغانىكەن ! — قىز شەلپەردەك قىزاردى. قېيداپ كىتابنى قولتۇقىغا قىسىپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. بۇلۇت سايىسى تۆڭلۈكنى توستى. بىردىنلا قاراڭغۇلۇق ئەسىر قىلغان ئۆينى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى.

بىر ھازا ئۆتكەندە يۇسۇپنىڭ زۇۋانى يەنە ئېچىلدى. ئەمما ئۇ ئەمدى قىزغا ئاتا ـ ئانىسى ئۇقماس تىلدا بىرنېمىلەرنى دېگەچ ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى ئېلىپ سۆزلەپ كەتتى. يۇـسۇپنىڭ زۇۋانىنى ئاڭلاپ قىزنىڭ چېھرى ئېچىلدى ھەم ئۇـ





نىڭ بىلەن تەڭ زۇۋانلىششقا باشلىدى. ئۇلار شۇنداق تۇرۇپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتى.

— بالا چەتنەپ كەتتى ، — دېدى ئۇلارغا قاراپ ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرغان ھەسەن خالۋاپ كايىپ ـ چېچىلىپ ، — ئۇـنىڭ تامبىلىنىڭ ئېغى يوق چېغىدىلا پېشانىسىدە ئالىم ـ ئۆـلىمالىقنىڭ بېشارىتى كۆرۈلگەن، كېيىن قۇمئاۋاتنىڭ قارا قويۇنلىرى ئۇنى بەزدىن ئايرىۋەتتى. مانا ئەمدى ئوخشىماس بىر ئادەم بولۇپ كېز ئالدىمىزدا قايتا زاھىر بولدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ كىمنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكىنى، قايسى زاماندا، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمىگىدەك بىر ھالدا تۇرۇۋاتىدۇ.

— سۆزى يامانىنىڭ تىلىنى، كۆزى يامانىنىڭ كۆزىنى... ئىلاھىم! — دېدى نازىلخان بۇقۇلداپ يىغلاپ، — مەن لاتا قونچاققا ئوقۇتۇپ، قەست قىلغاننىڭ قەستىنى ئۆزىگە ياندۇـرىمەن.

— ياش تۆكمەڭا ئانا ، — دېدى نۇربۇۋى بېشىدىكى ياغـلىقنىڭ ئۇچى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆزياشلىرىنى سۈرتۈپ ، — سىلەر ئۇنى كېسەل دەپ قىلمىغىنىڭلار قالماپتۇ، لېكىن ئۇ ساق تۇرمامدۇ، يەنە گەپ ـ سۆزلىرىمۇ شۇنداق جايىدا.

— گەپ ـ سۆزمۇ قىلالمىسا بولامتى ئەمدى ، — دېدى نازىلخان تېرىكىپ، — سەن نەچچە ۋاقتىن بېرى ئېرىڭنىڭ كويىدا يۈرگەن بولغاچقا، ئوكاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈـشەنمەيسەن!

نۇربۇۋى ئۇندىمىدى ھەم ئىنىسى بىلەن قېيىنسىڭلىسىـنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالـدى. ئۇلار قانداقتۇر بىر ئېرا، قىتئە، ھاۋا، سۇ، تۇپراق، يېـشىللىق، توقچىلىق، مەدەنىيەت ھەققىدە زوق ـ شوق بىلەن

پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. مەكتەپ پۈتتۈرگىنىگە ئۇزاق بولمىغان نۇربۇۋى ئۆكىلىرىنىڭ خەنزۇچە گەپلىرىنى چالا - پۇلا ئۇقۇۋاتاتتى.

— سەن كىمنى باشلاپ كەلدىڭ؟ — دېدى نازىلخان بىردىنلا قىزىغا بوغۇلۇپ.

— قېيىنسىڭلىم، — دېدى نۇربۇۋى ئانىسىغا چۈشەندۈرۈپ، — مەن ئىلگىرى سىزگە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەن.

— يۇسۇپنىڭ بېشى شۇ شەيتانغا چۆرگىلەپتىكەن! — دېدى ئانا تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى چۈشەنگەن قىياپەتتە، — شۇ ۋەجىدىن ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتى پۇراپ تۇرغان ئوغلۇم چىناقتىن چىقىپتىكەن.

— قارىسىغا گەپ قىلماڭە!

— كۆزۈڭگە ئۆمۈچۈك تور تارتىپ قويدىمۇ سېنىڭ؟ قارىغىنا، ئاۋۋال ئاخشامدىن بېرى دۇئا تۇتۇپ، بىر ئوبدان تىنچلىنىپ قالغان بالا ئاشۇ ھاۋا ئاتلىق قىزىل كۆڭلەكلىك جىننى كۆرۈپ يەنە سۆزلىگىلى تۇردى. ئاشۇ تۈتۈننى كىشى كۆرمەس، يۇندىسىنى ئىت كۆرمەس ئارائاۋاتلىقتىن بىزگە ياخشىلىق يوققۇ زادى!

ئانىسىنىڭ ئاھانىتىنى ئاڭلىغان نۇربۇۋى مەدەت تىلەپ دادىسىغا قارىدى. ئۇ ھەرقانچە ئانىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزى باشلاپ كەلگەن مېھماننى تىللىسا بولمايتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، نۇر بۇۋى بىلىملىك، تەسەۋۋۇرغا باي قېيىنسىڭلىسىغا ئامراق بولۇپ قالغان ئىدى. دادىسى ئانىسىنىڭ گېپىگە قارىتا ھېچنېمە دېيىشىپ بەرمىدى. بۇ مۆمىن مۇسۇلمان ئەزەلدىن ئارائاۋاتلىق ئاق، قۇمئاۋاتلىق كۆك، دەپ ئايرىپ باقمىغان ئى-





دى.

بىر چاغدا يۇسۇپ بىلەن ھاۋانىڭ كالدىرلاشقان ئاۋازى بېسىقىپ، ھەممەيلەن تۈڭلۈككە قاراشتى. تۈڭلۈكنى بىر قىزىللىق قاپساپ ھۇۋلىغان ئاۋاز كېلىۋاتاتتى.

— قارا بوران، قارا بوران... يەنە بوران چىقتى! — قاراڭغۇلۇق ئىچىدە نازىلخاننىڭ داد - پەريادى ئاڭلاندى. يەر - جاھاننى قىزىللىق قاپلاپ، پۈتۈن قۇمئاۋات كۈنچىقىش تامان ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى! دەل - دەرەخ، ئۆيلەر، ئادەملەر ئۇچۇۋاتقان، دومىلاۋاتقان، ھېچكىم - ھېچكىمنىڭ ھالىغا يېتەلمەيدۇ، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن خەۋىرى يوق، قاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ، قاچان تاڭ ئاتقاننى بىلمەك ئاندىن تەس...

كۈن تۇتۇلغاندەك، كېچە كۈن ئۇزىراپ كەتكەندەك غەيرىي ئالامەتلەردىن كېيىن ئاخىرى بوران پەسەيدى. ئالەم - جاھانغا ئاستا - ئاستا يورۇقلۇق يامراپ كەلدى. كىشىلەر يىقىلغان، ياتقان يەرلىرىدىن قوپۇپ بىر - بىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشتى، بىر - بىرىدىن ئامان - ئېسەنلىك سوراشتى.

ئەتىسى ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بوران ئۇچۇرۇپ ۋەيران قىلغان، قۇمغا كۆمۈلگەن ھويلا - ئارام، ئېتىز - ئېرىقلارنى قۇربى يەتكەنچە ئوڭشاپ - تۈزەشكە تۇتۇندى. قۇملۇق باغرىدىكى ئېرىقنى قايتا چېپىپ، ئېگىز ئورنى قونىقى بىلەن قۇملۇقنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئاجراتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا چوڭلار قولىغا نېمە ئىش ئالسا، شۇلارغا ھەمدەم بولۇپ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ يۈرگەن يۇسۇپ بۈگۈن كىتاب، خەرىتىلىرىنى قولتۇقلىغىنىچە قۇملۇقتا چۆرگىلەپ يۈرەتتى ھەم ئۆزىگە ئەگىشىۋالغان ھاۋاغا تۈنۈگۈنكىدەك ھەدەپ بىر نەرسىلەرنى سۆزلەۋاتاتتى.

— توۋا ، — دېدى نازىلخان قولىنى چېكىسىگە سايىۋەن قىلىپ ، — ئۇ شۇمىلار نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ ئۇ قاقاسلىقتا؟

بوراندىن كېيىنكى دىمىقتا ئىش قىلىپ بولالماي دېمى سىقىلىپ قالغان پىننەخانمۇ گەپ قىلغۇسى كېلىپ تۇرغاندەك، قولىدىكى كەتمەننى قويۇپ، قېيىنئانىسىنىڭ گېپىگە قوشۇق سالدى:

— شۇنى بىر دېسىلە، بىر - بىرىگە ئەجەب ئامراقكىنا ئۇلار؟!

— ئا... تايىنى يوق گەپ قىلمىسىلا ! — باللارغا ئاچچىقسىنىپ تۇرغان نازىلخان ئەمدى دەردىنى كېلىنىدىن ئالماقچى بولغاندەك كېلىنىگە ھۆرپەيدى ، — ئاشۇ باللارنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشىتىۋاتامىلا - يا؟

بىر ئېغىز گەپ قىلا - قىلمايلا تۇمشۇقىغا يېگەن بىچارە كېلىن كۆرۈك توخۇدىن پەشۋا يېگەن يېتىم چۈجىدەك شۈمشىيىپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان نۇربۇۋى يەڭگىسىنىڭ ناھەق ئازار يېگىنىگە بوغۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچىگە تىنىپ قالدى. ئۇ يەڭگىسىنى دەپ ئانىسىغا گەپ قىلالىسۇنمۇ؟!

چۈشتىن كېيىن نازىلخان ئوبدانراق تاماق ئېتىپ قىزى نۇربۇۋى بىلەن ئۇنىڭ يەڭگىسىنى ئارائاۋاتقا ئۈزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن ئوخشىتىپ شوخلا چۆپى ئەتتى.

— ئانا، يۈسۈپ بىلەن ھاۋا يوق تۇرىدۇ!

— نېمە دەيسەن ؟ — دېدى نازىلخان تالادىن بىسەرەمجان كىرگەن نۇربۇۋىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — بىز ئېتىزلىقتىن يانغاندا، قۇملۇق باغرىدا تۆگىنى چۆكتۈرۈپ ھېلىقى شىتىلە يەڭگەڭنى مىندۈرۈپ يۈرگەندەك قىلغانغۇ؟!

— شۇ، مەنمۇ كۆرگەن.





— ۋايجان... ۋايجان... ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىردەم ئارامىدا قويسا بولمامدىغاندۇ ! — نازىلخان كەينىگە بۇرۇلۇپ، تۆشۈكلۈكتە قاچا يۇيۇۋاتقان كېلىنىگە بۇيۇندىدى ، — سىلە قاچا - قۇچىلارنى قويۇپ چىقىپ قاراپ باقسىلا، ماڭسىلا.

— ماقۇل ، — پىننەخان قولىنى كەڭ ئېتەكلىك توق ھاۋارەڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە سۈرتۈپ تالاغا ماڭدى.

— ئىلدام بولسىلا، ئا قازىنىم قايناپ كەتتى!

نازىلخان كېلىنىنىڭ كەينىدىن غۇدىراپ قالدى. ئۇنىڭ قولىنى كۆڭلىكىگە سۈرتكىنى، زىل قېيىنئانىنىڭ كۆزىگە سىغمىغان ئىدى.

دەرۋازىغا تولا قاراپ نازىلخاننىڭ تاقىتى تاق بولغاندا، ھاسىراپ ئۆرە تۇرىدەك ماجالى قالمىغان كېلىنى دېمى سىقىلىپ مەيدىسىنى تۇتقىنىچە يۈگۈرۈپ قايتىپ كىردى:

— ۋاي، يوق! ئۇ قۇملۇقتا ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيدۇ...

— نېمە دەيدىغاندۇ ! — نازىلخان كېلىنىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، ئەمدى ئۆزى يۈگۈردى. قازانغا چۆپ سېلىۋاتقان نۇربۇۋىمۇ ئانىسىنىڭ كەينىدىن چاپتى.

ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ تۈگمەندىن قايتىپ كەلگەن ھەسەن خالۋاپمۇ ئۇنىنى ھارۋىدىن چۈشۈرمەستىن دوڭغاقلىغانچە قۇملۇققا چىقتى.

— يۈسۈپ !...

— ھاۋا !...

چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بالا ئىزدەشكە كىرىشتى.

— يۈسۈپ !...

— ھاۋا !...

كۈن كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشتى. لېكىن ئىككى بالىدىن

دېرەك يوق. مەھەللىدىكى ئۆرۈك ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، ھەتتا پۈتۈن قۇمئاۋات، ئارائاۋات يۇسۇپ، ھاۋا، دەپ چاقىراتتى. پۈتۈن قۇمئاۋات، پۈتۈن ئارا ئاۋات يۇسۇپ، ھاۋا دەپ قايغۇ ئىچىدە تۇتۇلۇپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا تۇتۇق ھاۋادا ئاستا ـ ئاستا بوران كۆتۈرۈلدى...

## 40

ئۈچ كۈن ئۈمىدسىز ئۆتۈپ كەتتى.

قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ھالسىزلىنىپ تۇرغان ئاتا كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقنىڭ شەرقىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قۇياشتىن يۇسۇپنى سورايتتى:

— ئى ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى يورۇتقۇچى ھىممەتلىك قۇياشىم، ئالدىدىن ھېچبىر ئىش ئۆتمىگەن ناتىۋان ئوغلۇم سىزگە يولۇقتىمىكىن؟

قۇياش ئۈندىمىدى. پۇرۇلداپ تۇرغان قۇم ـتوپا ئۇنىڭ جامالىنى توپا ـ تۇمانغا پۈركەپ تۇراتتى.

كېچىچە كىرپىك قاقماي قۇملۇقتا تۈنەپ چىققان ئانا چېھرى سولغان ئايدىن سورايتتى:

— ئى تۈن قوينىنى نۇرغا پۈركىگۈچى ساھىبجامال ئايخان، ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان سەبىي قىزىم ھاۋا كۆزىڭىزگە چېلىقتىمۇ؟

ئايدىن سادا كەلمىدى. ئۇ ھەسرەتتىن يۈرەك ـباغرى ئېزىلگەن ئانىدەك سوكۇتكە چۆمگەن، چېھرى مىسكىن ئىدى...

كۈن كېتىپ، تۈن كەلدى. تۈن كېتىپ، كۈن كەلدى. ھالبۇكى، ناتىۋان يۇسۇپتىن، سەبىي ھاۋادىن خەۋەر يوق. ئاق





خەسىدىن بېلىگە قارىلىق باغلىۋالغان ئەرلەر، ئاق داكىدىن بېشىغا ياغلىق چېگىۋالغان ئاياللار قۇملۇققا تەلمۈرەتتى، ئىڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ ھازا ئاچاتتى.

شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە سەھراغا ئۇنگەن ئابدۇراخمان بىلەن راھىلەمۇ ھازىدارلار سېپىگە قېتىلدى ھەم ئىككى تەرەپ قۇدا ـ باجا، ئۆرۈك ـ تۇغقانلار بىر بولۇپ يەتتە كېچە، ـكۈندۈزگىچە چېپىپ يۈرۈپ قۇملۇقتا چىقمىغان دۆڭ، چۆرشىمىگەن ئويمان قالمىدى. ئەمما ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈمىد چىرىغى كۈندىن كۈنگە غۇۋالىشىپ، پۈتۈن ئۆرۈك ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ روھى چۈشتى.

— مەنزىلى جەننەتتە بولغاي ، — دېدى قوي كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھەسەن خالۋاپ ، — بالىلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلايلى.

— قان قىلىپ ئۆلارنىڭ روھىغا ئاراملىق بېرەيلى ، — دېدى ياداپ قارىداپ كەتكەن ئابباسخان تەقدىرگە تەن بېرىپ.

— ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ قارىسىغا ئىش قىلغىلى بولماس ! — دېدى مولللاردىن بىرى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر نېمە دەپ، بۇ بىر نېمە دەپ ھېچبىر ئىش قولاشماي كۈن كەچ بولدى. ئىككى ئاتا، ئىككى ئانىنىڭ مولللىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئارتۇقچە بىر ئىش قىلغۇدەك ھالى قالمىغان ئىدى.

بۇ كۈنلەردە غوجىخانىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن بولۇپ، ئاتاقتا ھەسەن خالۋاپلارغا ئىچ ئاغرىقى تارتىشىپ بەرگەن بولۇۋالدى، ئەمەلىيەتتە، نەدە سورۇن تاپسا شۇ يەردە پىيالە سوقۇشتۇرۇپ كەيپىنى سازلاپ يۈرەتتى:

— چالا موللام ئادەم ئۆلتۈرەر دەپ، ئۆزىنىڭ شۇمىنى ئۆزى يوق قىلدى ئۇ خالۋاپ... قېنى كۆتۈرەيلى!

— خۇشە!

— ئارام تاپسىلا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ كۆڭلىڭىز بىلەنلا ئېتىشىدىكەن، نېمە ئىش قىلغان بولغىيدى ئۇ ئادەم؟

— ئوغلۇم سۆزلەپ قالدى دەپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاراڭغۇ قازناقتا سولاپ تازا ئوقۇغان گەپ... قېنى لىقلاپ قۇيسىلا!

— ھە قېنى...

— شوخە!

— نېمە ئوقۇغاندۇ؟

— دۆنامە.

— دۆنامە ئەمەس، يادنامە.

— شوخ ئىچىپ قويىدۇ - دە، بىزنىڭ غوجىخان.

— ياشا!

— كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، تۆگىگە مىنگىشىپ نەگىمۇ كەتكەندۇ ھېلىقى كىچىك شاياتۇنلار؟

— كوھىقاپقا كەتكەندۇ!

— قېنى سۇزۇپ ئىچەيلى...

— سىڭسۇن - ھە !

— شۇنداق بولغىنىدا... ئەمدى نېمە بولىدۇ؟

— قۇملۇقتا جىن - ئالۋاستىلارغا ئۇلپەت بولىدۇ شۇ.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن قۇمئاۋاتقا قايتىپ كېلىدۇ، چاچ - ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەنچە غايىبتىن پەيدا بولىدۇ.

— ئۇ چاغدا نېمە ئىشلا بولار؟





— ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ. كونا تۇگمەن، يالغۇز ھويلا، يالغۇز قەبرىگە ماكانلىشىپ چىمكەش كۆرىدۇ.

— چىمكەش ئۆرۈپ ھېلىقى ئىشلىرىمىزنى بىلىۋالماس؟

— بىلەلمەيدۇ.

— نېمىشقا؟

— ئىچىدىغان، چېكىدىغان بىزدەكلەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى چىمكەشچىنىڭ كۆڭلىگە چۈشمەسمىش.

— يەنە نېمىشقا؟

— بەرھەقكى، ئىچىملىك، چېكىملىك دېگەن ئىتتىنىڭ گەندىسىدەك ھارام. چىمكەشچىنىڭ ئۇلپەتلىرى ھارامنى كۆرسە يەتتە كۈنلۈك يەرگە قېچىپ، ھارامخور تۇغرىسىدا چىمكەشچىگە ھېچىنېمە دەپ بېرەلمەسمىش. شۇ ۋەجىدىن ئەلمىساقتىن بېرى دۈئاخۇنلارمۇ ھارامخورنى ھېچنېمە قىلالىغان ئەمەس.

— ئەمىسە كونا تۇگمەن، يالغۇز ھويلىغا كىملەر چاپار؟

— ئاشىنىسىغا يۇگۇرۇپ قېلىپ، ئۆيىگە كەينى بولۇپ قالغان ئويۇنچىلارنىڭ مەزلۇملىرى، چۈشىدە بىر كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولۇپ قالغان ئاشىقلارنىڭ مەشۇقلىرى، يەنە، يەنە... كىشىنىڭ خوتۇنىغا كۆيۈپ قېلىپ ئۇيقۇسى قاچقان تاپىنى تۆشۈكلەرنىڭ تويماسلىرى...

— شۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلامدۇ؟

— ھەئە.

— قانداق قىلىپ؟

— قاراڭغۇ تۇڭلۇككە تىكىلىپ تۇرۇپ ھاجەتمەنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپىدۇ، ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇ قىلىپ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ.

— شۇڭا بەزىلەر كۆرۈپ ـ كۆرمەي، بىلىپ ـ بىلمەي ئۇچرايدىغان قەستتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن سېرىق ئىتنىڭ تۈكىنى تۇمار قىلىپ بويىنىغا ئېسىۋالىدىكەن ـ دە!

— يەنە قارا ئىتنىڭ گەندىسىنىمۇ!

— ھۆي ئەمىسە بىزمۇ...

— بىزگە ئىت گەندىسىنىڭ نېمە ئىشى... كۈندە كۈنۈ ـ شۈپ ئىچىۋاتقىنىمىز، چېكىۋاتقىنىمىز ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. ئەنسىرەش بىھاجەت.

— بارىكاللا !

— توق كۆڭۈل !

— شوخ كۆڭۈل!

— كۆتۈرەيلى!

— خوشە!

— شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى يۇسۇپ ساراڭ ئەمدى بېيـ ـجىڭغا ئەمەس، كوھىقاپقا كېتىپتۇ ـ دە؟

— ھەقىچان...

— قورقۇنچىمىز تۈگىدى؟

— قۇملۇققا سىڭىپ كەتتى.

— ھوي، ھوي، ماۋۇ گەپنى ئاڭلايلى... ئىزچىلارنىڭ ئىزلاپ كۆرۈشىچە، يۇسۇپ ساراڭ ھېلىقى ھاۋا دېگىنى بىلەن تۆگىگە مىنىپ قۇملۇققا ئىچكىرىلىگەنچە كۈن چىقىشنى نىـ ـشانلاپ غايىب بولغانمىش. ئۇلار ناۋادا شۇ ماڭغانچە كۈن چىـ ـقىشتىكى ئوقۇيدىغان يېرىگە ـــ مەركەزگە كەتكەن بولسىچۇ؟

— ئەمدى نېمە قىلالايتتى، ساراڭ بولۇپ قالغان تۇرسا...

— ھەممە ئىش ساراڭلىقتىن چىقىۋاتىدۇ، جۇمۇ. ساق تۇرغانلار نومۇس قىلىپ گەپ قىلالمىغان بىلەن، ساراڭلار





كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ سۆزلەۋېرىدۇ.

— تولا ئادەم قورقۇتماڭلار بالىلا، ھەي! ـــ غوجىخاننىڭ قولىدىكى ھاراق لىقلانغان پىيالە لىگەندىكى غىچ چىۋىن ئو ـ لىشىۋالغان ئوغلاق گۆشىگە دۈم كۆمتۈرۈلدى.

# يەتتىنچى باب

## 41

يۈسۈپ كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك ئېقىن ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. تېنىگە ھۆللۈك بەرگەن ئابىھايات سۇ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرگەن ئىدى. قەدىناس نار تۆگىسى بولسا نەچچە قەدەم نېرىدا خىرامان ئوتلاۋاتاتتى.

— پاھ! مەن نەگە كېلىپ قالدىم ؟ — يۈسۈپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆت ئەتراپقا زېھىن قويۇپ قارىدى. سۇلار ئوخچۇپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بۇلاق، يېشىل مەخمەلدەك يەر يۈزىنى بىرئالغان ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھلار، چەت - چۆرىسىگە كۆز يەتكۈسىز توغراق، جىغان، يۇلغۇن، ئورمانلار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن... ئوتلاق، ئورمانلاردا چېپىشىپ يۈرگەن كېيىك، جەرەن، قوزا - ئوغلاقلار... بۇ قەيەر، مەن قەيەرگە كېلىپ قالدىم؟ ھاڭ - تاڭ قالغان يۈسۈپ ئۆزىدىن نەچچە قەدەم نېرىدا يېيىلىپ تۇرغان ئوتقاشتەك قىزىل بىر نەرسىگە دىققەت قىلدى. ئۇ كەڭ ئېتەكلىك قىزىل كۆڭلەك كەيگەن بىر قىز ئىدى.

— ھاۋا ؟ ! — يۈسۈپ قىزنىڭ يېنىغا باردى. ھاۋا چىمەنلەر ئىچىدە شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ياتاتتى. ئوغۇل ئۇنىڭ ھوشسىز ياتقانلىقىنى بايقاپ، جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ، ئېلىپ قىزنىڭ لەۋلىرىگە تېمىتتى ھەم توختىماستىن ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. قىز ئۆزىگە تونۇش بولغان ھاياتبەخش بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، قويۇق كىرپىكلەر كىرىشىپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىنى ئاچتى ھەم تۆت ئەتراپقا قارىغانچە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— مىدىرلىماڭ، يەنە بىر ئاز ئۇسسۇزلۇق ئىچكۈزەي.

قىز ھەيرانلىق، سوئال نەزىرى بىلەن يۈسۈپكە قارىدى:

— مېنى نەگە باشلاپ كەلدىڭىز، يۈسۈپ؟

— مەن تېخى سىزدىن سوراي دەپ تۇرغان، ھاۋا...

ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قاراپ تېڭىرقاپ قالدى. ئۇلار ئوقۇيمىز دەپ يىراقتىكى بېيجىڭغا بېرىپ كەلگىنىمۇ بۇنداق ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن تەبىئىي چىمەنزارلىقنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

ئىككى بالا بىر - بىرىگە قاراپ بىر ھازا تۇرۇشقاندىن كېيىن سەل نېرىدا! سۈيى فونتاندەك ئېتىلىپ تۇرغان بۇلاق بويىغا كەلدى. قۇم - توپا يېپىشىپ تۇرغان يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، مۇزدەك بۇلاق سۈيىدىن قانغىچە ئىچتى. ئۇسسۇزلۇقى بېسىلغاندىن كېيىن ئاچلىق يەتكەنلىكى بىلىندى.

— مېنىڭ قورسىقىم ئېچىۋاتىدۇ ، — دېدى يۈسۈپ قوي كۆزلىرى بىلەن تۆت ئەتراپقا تىكىلىپ قاراپ.

— ئەمىسە مەھەللىگە كېتەيلى ، — دېدى ھاۋامۇ گىلاستەك چىرايلىق لەۋلىرىنى تامشىتىپ ، — مېنىڭمۇ نان يېگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— مەھەللە قايسى تەرەپتە؟

— مېنى قورقۇتىۋاتامسەن قانداق ، — دېدى ھاۋا بۇلاق

بويىدا قويۇپ قويغان كىتابنى قولىغا ئېلىپ، — تۆگىگە مىنەيلى دېدىڭ، مىندىم، قۇملۇققا بىر ئاز ئىچكىرىلەپ كىرىپ باقايلى دېدىڭ، ماقۇل دېدىم. ئەمدىلىكتە...

— شۇ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ كەينىمىزگە يانغان، لېكىن قۇملۇقتىن چىقىپ بولالمىدۇق. كېيىن كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشتى، بوران چىقتى... تاڭ ئاتقاندا قارىساق، يەنە باش ـ ئايىغى يوق قۇملۇقتا تۇرۇپتىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بوران چىقتى، مەنمۇ نەلەردە تۇرغانلىقىمىز، نېمە بولغانلىقىمىزنى بىلەلمىدىم، — دېدى يۇسۇپ راستىنلا تۆت تەرەپكە تەڭ چەكچىيىپ، بىزنىڭ كەنتتە بۇنداق ئورمانلىق يوق ئىدى.

— راست دەۋاتامسەن؟ — دېدى قىزمۇ جىددىيلىشىپ ئۇلار ئامراقلىقىدىن بىر ـ بىرىنى «سەن» لەشكە چۈشكەندى.

— سېنى ئالدىمىدىم.

— ۋاي ئانام... بىز ئېزىپ كېتىپتىمىز! — دېدى ھاۋا ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا.

— ماڭە بولمىسا، ئورمانلىقنىڭ ئا چېتىگە چىقىپ قاراپ باقايلى...

— تۆگىچۇ؟

— باشۋېغىدىن يېتىلىۋالايلى، بىزنى بۇ يەرگە مۇشۇ تۆگە ئېلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ.

— ماڭغىنا، تۆگە بۇنداق يەرگە كېلىشنى قانداق بىلىدۇ؟

— دادام تۆگە ئۈچ كۈنلۈك يەردىن ئوت ـ چۆپ، سۇنىڭ ھىدىنى ئالىدۇ، دېگەن. شۇڭا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئات بېقىشقا قارىغاندا تۆگە بېقىشقا ئامراق.

— مۇنداق دېگىن... سېنىڭ تۆگەڭ بىزنى نىجاتلىققا ئې-





لىپ كەلگەندەك قىلىدۇ!

ئىككى بالا قول تۇتۇشۇپ ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا يۈگۈردى. ئۇلار گاھ قويۇق چاتقاللار ئارىسىغا شۇڭغۇپ، گاھ ئوچۇقچىلىققا چىقىپ، گاھ پاتقاققا تېيىلىپ، گاھ شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان ئېقىنلارنى كېچىپ، گاھ كېيىك، توشقانلارنى قاچۇرۇپ، گاھ ئۇۋىسىدا تۇخۇم بېسىپ ياتقان قۇشلارنى ئۈركۈتۈپ بىر ھارغىچە يۈگۈرگەن بولسىمۇ، ئورماننىڭ چېتىگە ھېچ يېتەلمىدى. چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن يۇسۇپ ئاخىرى يۈگۈرۈشتىن توختاپ، ئۆزىگە ياندىشىپ دېگۈدەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزغا بۇرۇلدى:

— توختىغىنە، ھاۋا، — ئوغۇل ھاسىراپ كەتكەن ئىدى، گەپ ـ سۆزلىرى ئىككەچىنىڭكىدەك ئاران ـ ئاران چىقاتتى، — كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ يۈگۈرۈۋەردۇق، لېكىن ئورماننىڭ چېتى بارغانچە ئۇزىراپ كەتتى. بۇنداق چاپساق ماڭغان يولىمىزنىڭ ھېچبىر ئايىغى چىقمىدىغاندەك ئەمەس. شۇڭا ئاۋۋال تەرەپلەرنى پەرق ئېتىپ ئاندىن ماڭايلى.

— ماقۇل، — دېدى ھاۋا يۇسۇپنىڭ قارشىسىدىكى ئاسمان ـ پەلەك بىر تۈپ توغراققا يۆلىنىپ، — سەن نېمە دېسەڭ شۇ... مېنىڭ ھېچ ھالىم قالمىدى، — تەرلەپ ئېقىپ كەتكەن قىزنىڭ چېھرى ئاناردەك قىزارغان، سۈت ئالمىدەك ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان كىچىك كۆكسى نەپسىگە پاتماي قالغان تىنىقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ توختاۋسىز كۆتۈرۈلۈپ ـ چۈشۈپ تۇراتتى، — نېمە ئانداق چېتى يوق ئورمانلىق بۇ، بىز نەگە كېلىپ قالدۇق زادى؟

— ئېزىپ كېتىپ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ئامازون ئورمانلىقىغا كېلىپ قالدۇقمۇ ـ يا؟ — دېدى يۇسۇپ تېخىچە ھا-

سىراپ.

— چۈش كۆرمىگىنە، — دېدى ھاۋا نارازى ئاھاڭدا، — مۇئەللىم بىزگە ئامازون ئورمانلىقىدا توغراق بار دېمىگەن!

— ئەمىسە ئالپىس ئورمانلىقىمۇ - يا بۇ؟

— ئالپىس ئورمانلىقى بولسا، يېقىن ئەتراپتا ئالپىس تېغى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— توغرا، ئەمدى تاپتىم!

— نېمىنى تاپتىڭ؟

— كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ دۇنيانىڭ سىرىنى...

— چاققان دېگىنە، قانداق سىركەن ئۇ؟

— ئېرا ئالماشقاندەك تۇرىدۇ، ھاۋا!

قىزنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭەيدى، ئۇ ئاسمان - پەلەك توغراق ئاراچلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسمان بېتىگە، يەر - زېمىنغا يېڭىباشتىن قاراپ چىقتى:

— چاقچاق قىلمىغىنە يۇسۇپ، ئېرا ئالماشقان تەقدىردىمۇ بۇنداق تېز بىر ئىش بولۇپ كەتمەستى؟!

— تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ھېچنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ، گەۋدىسى يىڭناغۇچتەك ۋىجىك، لېكىن ئاۋازى سىنىپنى چاڭ كەلتۈرۈۋېتىدىغان ھېلىقى مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى يادىڭدا بارمۇ، دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدا يۈز بېرىدىغان يەر تەۋرەش، دېڭىز تاشقىنى، يانار تاغلارنىڭ پارتلىشى... دېگەندەك تەبىئەت ھادىسىلىرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۈز بېرىدۇ، ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدۇ... كىم بىلىدۇ، قۇرۇپ كېتىۋاتقان ھېلىقى قۇمئاۋاتىمىزدىمۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئاشۇنداق بىر ئۆزگىرىشلەرنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلىپ قالغان بولسا، قۇملۇقنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئورنى ئۆزگىرىپ





مۇشۇنداق بىر دۇنيانىڭ جەننىتىگە تۈتىنىشىپ قالدىمۇ تېخى!

يۇسۇپنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھاۋا بارغانچە قورقۇمسىراپ قالدى. بىرەر شەپىدىن ئۈركۈش ئالدىدا تۇرغان كېيىك ئوغلىقىدەك سەزگۈلىرى ئېشىپ، ھەر تەرەپكە دىققەت قىلدى:

— بۇ دېگىنىڭ راستىمىدۇ؟

— مەن شۇنداقمىكىن، دەۋاتىمەن.

— دېگىنىڭدەك بولۇپ قالسا، باشقىلارچۇ؟

— كىملەرنى دەيسەن؟

— بىزنىڭ ئانا - ئانا، قېرىنداشلىرىمىز؟

— ئۇلار بىلەن قۇمئاۋات، ئارائاۋات دېگەن يۇرتلار ئېھتىمال باشقا قىتئەگە ئايرىلغاندۇ.

— سەن مېنى قورقۇتىۋاتىسەن، — دېدى قىز پاڭگىدە يىغلىۋېتىدىغاندەك كالپۇك سوزۇپ، — ھېچ بولمىغاندا نۇربۇۋى ئاچام بىز بىلەن بىللە بولۇشى كېرەك... مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئارائاۋاتتا قايتمىسام دادام ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتىدۇ!

— ئەخمەق قىز، — دېدى يۇسۇپ ھاۋاغا قاراپ، — ئەكىلە قولۇڭدىكى كىتابنى... مانا، مىليون يىللار ئىلگىرى ئافرىقا بىلەن جەنۇبىي ئامېرىكا بىر - بىرىدىن ئاجراپ، ئايرىم - ئايرىم ئىككى قىتئە بولۇپ شەكىللەنگەندە، تروپىك بەلۋاغنىڭ تېيىز دېڭىزلىرىدا ياشايدىغان دېڭىز كالىسى بىلەن ئۇچالمايدىغان تۆگە قۇشلىرىمۇ ئىككى قىتئەگە ئايرىلىپ ئافرىقا، جەنۇبىي ئامېرىكىغا تارقىلىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ يىراق ئوكياندىن ئۆتۈش ئىقتىدارى يوق ئىدى. كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ قۇمئاۋات بىلەن ئارائاۋات ھەتتا قۇمئاۋاتنىڭ ئۆزىدە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئاشۇ دېڭىز كالـ

سى بىلەن تۆگىنقۇشىدەك تۇرغىنى تۇرغان، ماڭغىنى ماڭغان يەردە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ئىككى قىتئەگە ئايرىلىپ كەتكەن بولسا...

ھاۋانىڭ مەسۇم كۆزلىرى ياشقا تولدى. يۇسۇپ بىلەرمەنلىك قىلىپ قىزنى قورقۇتۇپ قويغانلىقىنى سېزىپ ئۆزىمۇ ئارسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— قارىسىغا گەپ قىلماي، قولۇڭدىكى خەرىتىنى يەرگە يايغىنا، — دېدى ھاۋا قايتا غەيرەتكە كېلىپ، — شۇنىڭدىن بىر ئۇچۇر چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئىككى بالا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرى تۇرغان يەرنى خەرىتىدىن ئىزدەشكە باشلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى دۇنيا خەرىتىسىدە بۇنداق بۆك ـ باراقسان ئورماننىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان ئىدى. باياتىن بېرى ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ تۇرغان يۇسۇپ خەرىتىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى خورازسىمان جوڭگو، ئۈستى تەرەپتىكى بۇلۇتتەك يېيىلىپ تۇرغان روسىيە، ئوڭ تەرەپتىكى ئامېرىكا، كانادا، سول تەرەپتىكى ياۋروپا، ياۋروپانىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ئەنگلىيە، ئىرلاندىيە... يەنە جەنۇبىي يېرىم شاردا بىر ـ بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن جەنۇبىي ئامېرىكا بىلەن ئافرىقا، بىر ساپاق ئۈزۈمدەك ساڭگىلاپ تۇرغان ھىندىستان، دېڭىزنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئالىقانسىمان ئاۋستىرالىيىگە قاراپ بېشىنى چايقىدى:

— دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە بىز تۇرغان بۇ ئورمانلىقنىڭ نامى يوقكەن، ھاۋا!

— ئەمىسە، بۇرۇن تۇرغان يېرىمىزنى تاپقىنا.

— ئوقۇيدىغان يېرىمىز بېيجىڭنىمۇ؟

— ياق، ئاۋۋال ھېلىقى قۇمئاۋات، ئارائاۋاتلارنى...





يۇسۇپ خەرىتىگە تېخىمۇ ئېڭىشىپ بىر ھازا قاراپ كەتتى. كېيىن بىگىز بارمىقى بىلەن خورازنىڭ قۇيرۇقىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى دېگەن يەرنى كۆرسىتىپ توۋلاپ كەتتى:

— تاپتىم، تاپتىم ھاۋا!

— قېنى؟

— مانا قارا، ماۋۇ تەكلىماكان قۇملۇقى دېگەن يەرنى كۆردۈڭمۇ، بىزنىڭ قۇمئاۋات بىلەن سېنىڭ ئارائاۋات مۇشۇ چوڭ قۇملۇقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە توغرا كېلەتتى.

— توغرا، ئىلگىرى بىزنىڭ ئارائاۋات ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇئەللىممۇ بىرگە خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، يۇرتىمىزنىڭ ئورنى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەن، سەن توغرا تاپتىڭ. ئەمدى بۇ ئورمانلىقنىڭ ئورنىنى ئىزدەيلى يۇسۇپ، مۇشۇنى بىلىۋالساقلا بىز تەمتىرىمەيلا ئۆيىمىزگە كېتەلەيمىز.

— ھە قېنى، سەۋىر ـ تاقەت بىلەن ئىزدەيلى.

ئىككى بالا خەرىتىگە قاراپ بەك ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. بايىقى ئېرا ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن ئىزدىدى، ھەرخىل قىياس، مۆلاھىزىلەرنى قىلىشتى. بىراق، ھېچبىر پايدىلىق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدى...

— ئەگەر راستىنلا يەر قاتلاملىرى ئۆزگىرىپ، يېڭى قىتئەلەر شەكىللەنگەن بولسا، — دېدى ھاۋا بىردىنلا ئۈمىدسىزلىنىپ، — بىزگە بۇ خەرىتىنىڭ نېمە كېرىكى؟!

— ئەقلىم قورۇسۇن، — دېدى يۇسۇپمۇ يېڭىباشتىن ئېسىگە كەلگەندەك، — ئەمدى بۇ خەرىتىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايدۇ، دۇنيانىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىنى ھازىرقى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن قايتا سىزىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ھاۋا يىغلامسىراپ،
— مۇئەللىم بىزنى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەكتەپكە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرسىلەر، دېگەن.
— قانداق قىلىدىغان ئىشكىن ، — دېدى يۇسۇپ يەنە خەرىتىگە ئۈمىدلىنىپ ، — بېيجىڭغۇ بۇرۇنقى ئورنىدا تۇردۇ، بولمىسا.
— ھازىرقى گەپ ئۆزىمىزنىڭ قەيەردىلىكىنى، قايسى قىتئەدە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىشتە.
ئىككى بالا بىر - بىرىگە قارىغانچە تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قورقۇش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.
قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدا بالىلارغا قاراپ كۇلۇپ تۇرغان قۇياش توغراقلارنىڭ ئۇچىغا قونۇپ بىر پەس ئارام ئالغاندىن كېيىن غەربكە قىيسايدى. يۇسۇپ ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرغان ھاۋاغا قاراپ شۈكلەپ قالدى. ئۇنىڭ جىسمىنى ئاچلىق چىرماپ ئالغانغا ئوخشاش ۋۇجۇدىدىمۇ بىرخىل قورقۇنچ، ئەندىشە ئالامەتلىرى پەيدا بولغان ئىدى. كۈن مۇشۇنداق ئۆتۈۋەرسە، بۇ يەردىمۇ قاراڭغۇ چۈشىدۇ، بۈك - باراقسان ئورمان ئىچىدە ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. قەيەرلەردىندۇ ھۇۋلاۋاتقان، ھۆركىرەۋاتقان ئاۋازلار ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كەلگەندەك قىلاتتى...

## 42

ھەسەن خالۋاپ گۇگۇمدا قارىيىپ تۇرغان قۇم دۆڭلىرى-





ـنىڭ چوققىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ياش قېتىپ قالغان كۆزلىرى يۇمۇق بىلەن ئوچۇقنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ھالەتتە يىراقلارغا تىكىلگەن بولۇپ، قويۇق ساقال - بۇرۇت ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغان ئاغزى بوش شىۋىرلايتتى. تارىشىدەك قېتىپ قالغان بارماقلىرى بولسا مەڭگۈلۈك ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرغاندەك، توختىماي تەسۋى سىرىيتتى...
ئاتا ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ھىلال ئاي قارا كەلكۈندە قالغان كۈمۈش قولۋاقتەك قۇم دېڭىزىغا غەرق بولدى! قۇملىقتا كۆمتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاسماننىڭ گىرۋىكى بىلەن قۇم بارخانلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا سىياھتەك قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى. شۇ يىسۇندا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى. بوۋاي بولسا نە شىۋىرلاشتىن، نە تەسۋى سىرىشتىن توختىمايتتى..
— ئاتا !..
تۈيۇقسىز كەلگەن بىر سادا بوۋاينى سەگەكلەشتۈردى.
— يۇسۇپمۇ سەن؟
— مەن، ئاتا.
— نەدىسەن، يۈرەك پارەم؟
— مەن سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا، ئاتا.
— نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭ؟
— جەننىتىمىزنى ئىزدەۋاتىمەن، ئاتا.
— جەننەتنى تاپتىڭمۇ؟
— تاپتىم، ئاتا.
— جەننەت قانداقكەن؟
— باغۇ بوستانلىقكەن، ئاتا.
— كۆنۈپ قالدىڭمۇ؟

— بىز يالغۇزسىراپ قالدۇق ئاتا.
— بىز دېگىنىڭ كىملەر، كۆز نۇرۇم؟
— ھاۋا ئىككىمىز، ئاتا.
— ھاۋاخان ئىككىڭلار بىللىمۇ، ئۇسسۇزلۇقۇم؟
— بىللە، ئاتا.
— جېنىم بالام... قاچان كېلىسىلەر؟
— بىز سىلەرنى تاپالمايۋاتىمىز، ئاتا. سىلەر قايسى قىتئەدە؟

— قىتئە؟... — بوۋاي ئوغلىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تازا چۈشىنەلمىدى. ئۇ بۇرۇن ئاران تۆتىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان بولغاچقا، ھازىرقى بالىلارنىڭ بۇنداق گەپلىرىنى ئازراقمۇ بىلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئوغلىغا: مەن ھازىرمۇ قۇمئاۋاتتا، نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيىنىڭ كەينىدىكى قىزىل قۇمدا مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ سەن بالامنىڭ يولىغا قاراۋاتىمەن، نەدە بولساڭ تېزرەك قايتىپ كەل، دېمەكچى بولدى. ئەمما كەينى تەرەپتىن ئاڭلانغان بىر ئاۋاز بوۋاينى چۆچۈتىۋەتتى:

— دادا، دادا!

بوۋاي بىر سىلكىنىپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا باياتىن بېرى بىر ئوبدان مۆڭدىشىۋاتقان كەنجىسى — يۇسۇپ يوق، يېنىدا ئوتتۇرانچى ئوغلى ھۇسىيناخۇن خىرىلداپ تۇراتتى.

— قوپۇڭا ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى... سىزمۇ ئۇكامغا ئوخشاشلا شۇنداق غايىب بولۇپ كەتسىڭىز، ئا ئانامغا ئۇۋال بولىدىكەن، مۇنداق! ئانامنىڭ ھېچبىر ھالى يوق ياتىدۇ، شۇ تۇرقىدا...





بوۋاي بىر پەس ئۈندىمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن دۇئا قىلدى. كۈچ - مادار ئالمىغان قولى بىلەن تېخى ھارارىتى كەتمىگەن قىزىق قۇمغا تايىنىپ ئېغىر بىر ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئاي پاتقاندىن بېرى يا چۈش كۆرگەنلىكىنى ياكى خىيال سۈرگەنلىكىنى بىلەلمەي، ئاسمان جىيەكى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن قۇم دۆڭلىرىگە سىڭىشىپ جىمجىتلىق ئىچىگە چۆككەنچە تۆت ئەتراپقا سەپ سېلىپ قارىدى. كېيىن تۇيۇقسىز بوتىلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان تۆگىدەك بوزلاپ يىغلاپ كەتتى. دادىسىغا ئىچى ئاغرىغان ھۇسىيناخۇنمۇ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداشقا باشلىدى...

* * *

يەنە بىر كۈننىڭ تېڭى سۈزۈلدى. ھەسەن خالۋاپ نازىلخاننىڭ ئۈمىچىغىمۇ قارىماستىن ئېغىلدىن ئېشەكنى يېتىلەپ چىقىپ، توقۇمىنى توقۇشقا باشلىدى.

— قاق ئەتىگەندە نەگە جابدۇق ئەتتىلىكىن، ئاخۇنۇم؟ — ئارقىدىن بىر قۇچاق قۇرۇق شاخ - شۇمبا كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرگەن نازىلخان ئېرىنىڭ يېنىدا توختىدى. ھەسەن خالۋاپ ئېشەكنى تۆشلىگەچ جاۋاب بەردى:

— سەپەرگە.
— مەنزىل قايان؟
— مەنزىل... ئوغلۇم يۇسۇپ.

— ۋىيەي ئاخۇنۇم... — نازىلخاننىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشتى، — پۈتۈن ئەھلىمەھەللىدىكىلەر، ئۇرۇق-تۇغقانلار نەچچە كۈن ئىزدەپ ھاردى، ئەمدى ئۆزلىرى؟... — بىچارە ئانىنىڭ

قەلبىنى ھەسرەت-پىراق بىر ئالغان ئىدى.

— ماڭا غايىبتىن ۋەھىي كەلدى، بالا تېخى ھايات ئوخ-شايدۇ!

— جېنىم ئاخۇنۇم! — نازىلخان قولىدىكى قالىغۇلۇقنى تاشلاپ ئېرىنىڭ پېشىگە ئېسىلدى، — ئاشۇ گەپنى يەنە بىر دېسىلە، بىز ئاشۇ ئوتى يامان بالىمىزنى يەنە بىر كۆرەرمىز-مۇ... ۋاي، بىز بۇ دەردكە قانداق چىدايمىز؟!

ھەسەن خالۋاپ ئېشەكنى قويۇپ، خوتۇنىغا تەسەللى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئالتە كۈندە بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ، قورۇقلار تور باغلىغان يۈزىنى سىلىدى. سەۋىر - تاقەتلىك، چىداملىق بولۇشقا ئۈندەپ، تارام - تارام تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى يەكتىكىنىڭ پېشىدا سۈرتتى.

— بولسىلا، يىغا - زارە بىلەن ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. ماڭا ئىككى قاپاق سۇ، بىر - ئىككى خون نان، يەنە تالقان تەييارلاپ بەرسىلە.

— ماقۇل ئاخۇنۇم، — مەزلۇم يىغىسىنى زورمۇ زور بېسىپ ئورنىدىن تۇردى. قالىغۇلۇقنى يىغىشتۇرۇپ، پېشايۋان ئاستىدىكى ئوچاق ئالدىغا كەلدى.

بىردەمدىن كېيىن ھۆسىناخۇن بىلەن پىننەخان ھويلىدا پەيدا بولدى. ئۇلار ئانىسىنىڭ بايىقى ئۈن سېلىپ يىغلىشىدىن چۆچۈپ، ئالدىراپ - تېنەپ ھۇجرىسىدىن چىقىشقان ئىدى. ھەممەيلەن تەييارلىققا كىرىشتى. پىننەخان قېيىنئانىسىنىڭ قولىدىن قازان بېشىنى ئېلىپ ناشتىلىق ئۈچۈن قازان قايناتىشقا تۇتۇندى. نازىلخان ئاخشام ئوچاقتىن قومۇرۇپ تاختا بېشىغا ئېلىپ قويغان نانلىرىنى رەتلىك دەستىلەپ، خۇرجۇننىڭ ئىككى پېيىغا لىقلىدى. ھۆسىناخۇن قاپاقلارغا سۇ جاي-





لىدى. ئاخىرىدا ئارقا ھويلىدا باغلاقتا ياتقان قېرى ئىتنى بو-شىتىپ ئېلىپ چىقتى.

— ئىتنى يېتىلەپ چىقىپ نېمە قىلار بولغىيدىڭلا بالام؟

— دېدى ھەسەن خالۋاپ ئۆزۈن يەكتىكىنىڭ پېشىنى ھىدلاپ قويۇۋاتقان ئىتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— ھەمراھ بولىدۇ، دادا.

— ئىت دېگەنىڭغۇ ھەمراھ بولۇشى راست، لېكىن قو-قاستەك ئوت چېچىپ تۇرغان قۇملۇقتا بۇ ھايۋان چىدىماسمى-كىن، بالام.

— ئادەم چىدىغان يەرگە ئىت چىدايدۇ دادا، — دېدى ھۆسىناخۇن قاۋاننى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، — بۇ ئىت ئۇكام-غا بەك ھېرىسمەنتى، مۇبادا بىر ياخشىلىق بولۇپ يىراقتىن تىنىقىنى ئالغۇدەك بولسا، بىزدىن بۇرۇن ...

— مەيلىڭلار، ئەمىسە، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىپ، — سىزمىگە تايىنىپ بىرەر خەۋەردىن شەپە بېرىپ قالسا تېخى ياخشى.

شۇ ئارىلىقتا، يادىغا نېمە يەتسە شۇنى قىلىدىغان بۇ ھۆ-سىناخۇن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئۇكىسىنىڭ پادا باققىلى چىققاندا كەيگەن بىر كونا كۆڭلىكىنى تېپىپ چىقىپ ئىتقا پۇرىتىپ يۈردى. ئىت كۆڭلەكنى پۇراپ، ئىگىسىنىڭ نېمە دې-مەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەندەك ئازابلىق غىڭشىدى ھەم قۇملۇققا قاراپ بوش قاۋاپ قويدى.

ھەسەن خالۋاپ كۈن قىزىل بولغان مەھەلدە ئېغىر قەدەم-لەر بىلەن ھويلىدىن چىقىپ، كۈن چىقىش تەرەپتىكى سۇس قىزىللىققا پۈركەنگەن قۇم دۆڭىدىن ھالقىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئوغلى ھۆسىناخۇن ئېشەكنى يېتىلىۋالغان، شاشلىشىپ قال-

غان قاۋان بولسا بوينىدىكى زەنجىرى ئېلىنىپ باغلاقتىن چىققانلىق خۇشلۇقىمۇ ياكى ئۇنىڭ سەزگۈسىگە ئىگىسىنىڭ مۇددىئاسى ئايان بولدىمۇ، ئىشقىلىپ نەچچە كۈندىن بېرى ئىت چىۋىنى ئارام بەرمىگەن سالپاڭ قۇلاقلىرىنى قومۇشنىڭ قولقىدەك تىككىدە تۇتۇپ، يىراقتىكى قوم بارخانلىرى ئۈستىدە غايەت زور مىس لىگەندەك تىككىدە تۇرغان قۇياشقا تىكىلگەنچە كېتىپ باراتتى.

كىچىك كارۋان قۇملۇققا ئىچكىرىلىگەنسېرى، ئۇلارنىڭ كەينىدە ئۇزۇن بىر سايە ھاسىل بولدى. پات - پات ئۆزىنىڭ سايىسىگە قاراپ يۆلىنىشنى ئۆزگەرتىپ تۇرغان ھەسەن خالۋاپ ئېتتىن باشقا ھېچنېمىگە كۆز سالماي ئېشەكنى يېتىلىگەنچە تۆگىدەك لوڭىلداپ كېتىپ بارغان ئوغلىغا قاراپ ئىختىيارسىز خىيالغا چۆكتى. مۇشۇ خاپىلىقلار يۇز بەرگەن ھەپتىلەردىن بېرى بىچارە بالا كۈندە دادىسىنىڭ يېنىدا. ئۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېلىش بېشىدىكى ھاشارنى تاشلاپ كېچىلەپ ئۆيگە ئۇنۇپ بولدى. ھەممە ئىشقا تەك ھە - ھۇ قىلىپ دادىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. ئانىسىغا تەسەللى ئېيتتى. مانا بۈگۈن دادىسىنىڭ يالغۇز ماڭىمەن دېگىنىگە ئۇنىماي، بارسا كەلمەس يولغا بىللە ماڭدى. ئەمما چوڭ ئوغلى يۇنۇس بولسا بۇ كەلمىشلەرگە پەرۋاسىز قاراپ، ئويلىمىغان خاپىلىقلار يۇز بەرگەن تۇرۇقلۇقمۇ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنى ئېلىش بېشىدىمۇ يوقمىش، دېگەن خەۋەرلەر يېتىپ كەلدى. «ھەي... ھەسەن خالۋاپ قايچا، تارغاق تەگمىگىلى نەچچە كۈنلەر بولغانلىقتىن، جاۋغىيىغا يېپىشۋالغان ھەم ئۆسۈك، ھەم چىگىش ساقىلىنى قاداق بېسىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، ئۆزىگە ئاران ئاڭلان-





غىدەك ئاۋازدا پىچىرلىدى، — ۋۇجۇدىمىزدىن ئايرىلىدە بولغان بالىنى كىچىكىدە خۇدايىم بەردى، دەپ پوكىنىمىزغا تېڭىپ باقىدىكەنمىز، كۆزىگە قاراپ چوڭ قىلىدىكەنمىز، لېكىن شۇ بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ئادەم بولىدىكەن. كۆڭلىنىڭ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەگرى يول، ناشايان ئىشلارغا بېرىلگەندە مۇشۇ ماڭغان يولۇم، قىلغان ئىشىم ئاتا - ئانامنىڭ كۆڭلىگە تېگ كېلەرمۇ - كەلمەسمۇ؟ يۈزۈمگە سەت بولارمۇ - بولماسمۇ؟ دېگەننى ئەسلا ئويلاپ قويمايدىكەن... قىزىمغۇ بىر ئەرگە قول بولدى تۈگىدى، لېكىن ئۈچ ئوغلۇم بەجايىكى ئۈچ دۇنيا. چىراي - تۇرقى، ئاۋازى بىر - بىرىگە ئوخشىغان بىلەن ئادىمىيلىك قاراشلىرى، ئەدەپ - ئەخلاقى، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋمى - قېرىنداشلىرىغا بولغان كۆيۈمى پەقەت ئوخشىمايدۇ. مانا ئەمەسمۇ، يۇنۇساخۇن پۇل - مال دېسە جېنىنى بېرىدىغان، ھەتتا ئانىسى بىلەن مېنى ئايرىپ سېتىۋېتىشتىنمۇ يانمايدىغان ئادەم بولۇۋىدى، ھۇسىناخۇن ھەر ھالدا دادام، ئانام دەپ يېنىمىزدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈيدۇ. ئەمما بۇ بىچارىمۇ خوتۇن دېسە، تۇرغان يېرىدىلا ئېرىپ سۇ بولۇپ ئېقىپ كېتىدۇ، خوتۇنىنى بىردەم كۆرمىسە چىداپ تۇرالمايدۇ. يۇسۇپ قارىي بولسا كىچىكىدىن كىشىگە يېقىشلىق بالا بولغان، بولۇپمۇ مەندىن كۆرە ئانىسىغا ھېرىسمەن ئىدى. ئەمما بۇ بالا چوڭ يەرلەرگە ئوقۇغىلى كېتىپ بىرنەچچە يىل ئۇزا - ئۇزىمايلا سىرلىق بىر ئادەم بولۇپ كەلدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك ئىچ سىرىنى بەرمەيدۇ، خۇددى قۇمئاۋاتتا تۇغۇلمىغاندەك، قۇمئاۋاتتا ئويناپ چوڭ بولمىغاندەك دۈگلەك قوي كۆزلىرىدىن ھەممە نېمىگە ھەيران بولۇۋاتقانلىقى، ھەممە نېمىگە تەئەججۈپلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۈچ يىل ئىچىدىلا بىز-

نىڭ ئالدىمىزغا نېمە ئويلاۋاتقانلىقى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق بىر بالا بولۇپ كەپتۇ. مانا ئەمدى ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك... توۋا قىلدىم، خۇدايىم توۋا... مېنىڭ باللىرىمغا كۆز تېگىپ كەتتى...»

— دادا، دادا... ئا ئالدىمىزدىكى دۆڭگە قاراڭا ! — ھۆسىناخۇننىڭ تۇيۇقسىز توۋلىشى ھەسەن خالۋاپنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ھەسەن خالۋاپ چۆچۈپ، ئوغلى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى.

## 43

نازىلخان قېيىنسىڭىل، كېلىنلىرىنى باشلاپ ئارائاۋاتتىكى قۇدىسىغا چاي قۇيغىلى كەلدى.

ئاغىچىخان قارىلىق كىيىملەر ئىچىدە قار-يامغۇر يىغلىغانچە قۇدىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىككى قۇدا دەرۋازا ئالدىدا قۇچاقلىشىپ يىغلاپ كۆرۈشتى. باللىرىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ قوشاق قېتىپ ھازا ئاچتى:

— ۋاي بالام...
— قايدىسەن ھاۋا گۈلۈم؟
ئېچىلماي توزۇغان غۇنچە گۈلۈم .
— ئاھ بالام...
كۆز نۇرۇم قارىي بالام
...

ئايالLار نازىلخان بىلەن ئاغىچىخانغا بىرمۇنچە تەسەللى ئېيتىشىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن تەستە ئاجراتتى ھەم ئۆيگە باشلىدى. نۇربۇۋى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى.





ئۇ قارىلىق ئۇچۇن نىمكەش ئاق ئەنگىلىشىن كۆڭلەك كىيىپ، سۇتتەك داك ياغلىق بىلەن بېشىنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان ئىدى. تولا يىغلاپ ئۇنى ئۆچكەن ئىككى قۇدا بىر يۇتۇمدىن چاي ئوتلاپ باللارنىڭ تەرىپىگە چۈشتى:

— قىزىمنىڭ ماڭغان ئىزىدىن قىزىلگۈل ئۈنەتتى ، — دېدى ئاغىچىخان مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئىڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ، — كوچا .. يول بويلىرىدىكى ئاي - يىللاپ سۇ كۆرمەي قۇرۇپ كېتىۋاتقان كۆچەت - قاناتلارنىڭ ھەممىسىنى چۆگۈندە سۇ توشۇپ يۈرۈپ سۇغىرىپ چىققان، ئۇلاغ - ئىلمەكلەر غاجاپ نابۇت قىلغان كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىنى ھاكلاپ پەرۋىش قىلغان... دادىسى ھاي بالام، جاپا تارتىپ جېنىڭنى ئۈپرىتىپ نېمە قىلىسەن، ئېشىڭنى ئىچىپ كىتابىڭنى ئوقۇ دېسە، بىچارە بالا بىزگە ئورمان بولمىسا بولمايدۇ، يېشىللىق بولمىسا بولمايدۇ دادا، دەپ شۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان؛ كۆز ئالدىدىدىكى كۆچەت - قانات، دەل - دەرەخلەرنى كىتابىدىكى قانداقتۇر بىر رەسىم، بىز تونۇمايدىغان خەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ كېتەتتى...

— يۇسۇپ قارىيمۇ شۇنداقتى ، — دېدى نازىلخان يىغىدىن پۇتۇپ قالغان كارنىيىنى يىرتىپ ، — ئۇ بىچارە بالام تەتىل قىلىپ كەلگەندىن كېيىن بىر كۈنمۇ ئارام تاپمىغان، مەھەللىدىكى بۇرۇن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان تەڭتۇشلىرى، ئۇكىلىرىنى يىغىپ تالچىۋىقتا سېۋەت توقۇپ، مەھەللە ئىچى، ئېتىز بېشىدىكى دەل - دەرەخلەرگە ئالا قويماي ئۇۋا ياساپ چىقتى. ئۇ بالىنىڭ قىلىقىغا قاراپ ۋاي بالام، نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟ دەپ سورىساق، بالا، قۇشلارغا ئۇۋا ياساۋاتىمەن،

يۇرتىمىزدا قۇشلارنىڭ نەسلى ئازلاپ كەتكەچكە، زەپ ـ زىرائەتلىرىمىزنى قۇرت ـ قوڭغۇزلار بېسىپ كېتىپتۇ، شۇڭا سىلەر قاق سەھەردە ئېتىزغا چىقىۋېلىپ قۇرت تۇتىمىز دەپ جاپا تارتىۋاتىسىلەر... بىزگە قۇشلار كېرەك، قۇشلار كېرەك! دەپ چىپىپ يۇرەتتى. بىز ھەيران بولۇپ نەدىكى ئىشلارنى قىلىپ يۇرگىنچە بىردەم ئارام ئالساڭ، يېتىپ ئۇخلىۋالساڭ بولمامدۇ بالام، دېسەك، بالا مۇشۇ ھالغا قاراپ قانداقمۇ ئۇيقۇمىز كېلىدۇ، ئەمدى ئۇخلاۋەرسەك يۇرتىمىز قۇرۇپ كەتمەمدۇ، دەپ تىنىم تاپمايتتى.

— ئاجايىپ بالىدى ، — دېدى روزىگۇل كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ، — يولدا ماڭسا دەل ـ دەرەخلەرنى ساناپ ماڭاتتى، ئۆينىڭ كەينىدىكى قۇملۇق بىلەن ئېتىزلىقنىڭ ئارىلىقىنى چامداپ ئۆلچىۋېلىپ، دەپتىرىگە خەنسۇچە خەتلەرنى يېزىۋالىدىغان...

— ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان گەپلەرنى قىلاتتى ، — دېدى شەرۋانەم بۇرنىنى تارتىپ، — كۆزلۈك پىلىنى قايسى ئاي، قايسى كۈندىن باشلاپ باقسىز ، مېنىڭ تەتلىم توشۇشتىن ئىلگىرى ئۇرۇق سالسىڭىز ، مەن سىزگە غازاڭ ئېلىشىپ بېرەي... دېگەنتى. مەن سەن بېيجىڭلىق قانداقمۇ ئۇجمىگە چىقالايسەن، بۇنداق ئىشلارغا ھەۋەس قىلغىچە پەم بىلەن مەكتىپىڭگە كېتىپ ھور نېنىڭنى يېسەڭچۇ، دېسەم، يۇسۇپ مېنى كەم سۇندۇرماڭ، مەن ئۇجمىگە چىقىشنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، دېگەنىدى. كېيىن ئۇ يەنە مەندىن سىزنىڭ پىلە قۇرتلىرىڭىز گەپ ئۇقامدۇ، دەپ سورىدى. مەن كۈلۈپ كېتىپ، مەن گەپ قىلسامغۇ تىڭشىمىغان، ئەمما ئۇلار سېنىڭ گېپىڭنى ئۇقالىشى مۇمكىن دېسەم، ئۇ قانداقسىگە؟ دەپ سورىدى. مەن سەن





بەك مۇلايىم، يۇسۇپ، ھېچقانداق جانلىققا زىيىنىڭ تەگمەيدۇ، شۇڭا مېنىڭ پىلە قۇرتلىرىممۇ سېنى تونۇۋېلىشى، گېپىڭنى ئاڭلىشى مۇمكىن دېسەم، ئۇ خوشلۇقتىن كىچىك ئۇكىسى ياسىندەك سەكرەپ كەتتى ۋە مەن پىلە قۇرتى بىلەن دوست بولىمەن ھەم ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرى ھەققىدە بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېيجىڭدىكى پىلە قۇرتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئاداشلىرىمغا ئوقۇپ بېرىمەن دېدى. مەن ئاغزىمنى تۇتقانچە ئۇنىڭغا قاراپلا قالدىم. توۋا، مەن شۇنچە يىل پىلە قۇرتى بېقىپتىمەن، نۇرغۇن غوزا ئىشلەپ چىقىرىپ دۆلەتكە سېتىپ بېرىپتىمەن، لېكىن ئەزەلدىن پىلە قۇرتىنىڭ گەپ ئۇقىدىغان ـ ئۇقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەن، پىلە قۇرتى بىلەن مۇڭدىشىپ بېقىش ئەسلا خىيالىمغا كەلمەپتۇ.

— قارىي ئۇكام مېنىڭ بەك غېمىمنى قىلاتتى ، — دېدى پىننەخاننىڭمۇ ئىختىيارسىز ھالدا كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، — ئېغىلدىكى ئۇلاغلارغا كۈندە ئۈچ ۋاق كۆك ئوت توشۇپ بولالمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، كۈندە ئۆچكە ـ قويلارنى باققىلى ئاچىقىپ كېتەتتى. ئۇ ئۇلاغ باققان يەردە ئۆچكىلەر بىلەن ئاغزى بېسىلماي مۇڭدىشىپ چىقاتتى. ئۇ ھەممە ئۆچكە ـ قويلارغا بىرمۇ بىر ئىسىم قويۇپ چىققان، ئۇ ئۇلاغلارنى ئوبدان تويغۇزسىمۇ، ئۆزى لەۋلىرى گەز باغلىغان ھالدا ئاچ، ئۇسسۇز قايتىپ كېلەتتى. كۈندۈزى چولىسى تەگمىگەندىكىن، ئاخشىمى قارا چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن دەپ كاتەكچە دەپتىرىگە ئۇزۇن ـ ئۇزۇن بىر نېمىلەرنى يېزىپ كېتەتتى. ئاشۇنداق جاپا تارتىپ كەتكەچكە، كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.

نازىلخان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پىننەخانغا قاراپ قويدى.

نېمىشقىكىن، ئوغلىنى «سۆزلەپ قالدى» دېگەن گەپلەر ئانىغا
ھېچ ياقمايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ نازىلىخانىنىڭ ئەزەلدىن ئىچى
كۈچلۈك بولغاچقا، ھېچكىمنىڭ تالادا، بولۇپمۇ مۇشۇنداق قۇ-
دىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆز پۇشتىنى كەم سۇندۇرىدىغان، چۆكۈر-
دىغان گەپلەرنى قىلىشىنى خالىمايتتى.

قۇمئاۋاتتىن كەلگەنلەر يۇسۇپنىڭ ياخشىلىقلىرى ھەققىد-
ە ئاغزى تالغىچە تەرىپلەر ئېيتىشقاندىن كېيىن گەپ سا-
ھىبخان تەرەپكە ئۆتتى. ئاغىچىخان نەچچە كۈندىن بېرى ئارا
ئاۋات تەرەپتىكىلەرنىڭمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي چوڭ - كى-
چىك ھەممىسىنىڭ قۇملۇقنى كېزىپ چىققانلىقى، ئەمما با-
لىلارنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر
يوقلۇقىنى دەپ شۈكلەپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇستۇبشى توپا،
چېھرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان ئابدۇراخمان شەھەردىن
چىقتى. پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەنگەنچە مۈگدىنىپ ئول-
تۇرغان ئابباسخان ئۆسۈك قاشلىرى تېگىدىن ئوغلىغا قارىدى.
ئوغلى تالادىن ھاۋانىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كىرىدىغاندەك ئۇنىڭ
ئاغزىغا ئۈمىد بىلەن باقتى. ئابدۇراخمان دادىسى بىلەن كۆرۈ-
شۈپ تەكەللۇپ - ئىلتىپاتسىزلا دادىسىنىڭ يېنىغا چۆكتى،
ئاندىن يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك پەس، قايغۇلۇق ئاۋازدا:

— چۈشتىن بۇرۇن نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەتر-
ىتىدىكى ساۋاقدىشىم بىلەن ئالاقىلاشتىم، يۇرتىمىزدا يۈز بەر-
گەن ئەھۋالنى ئېيتتىم...

— نېمە دېدى ؟ — ئابباسخان تەقەززالىق بىلەن ئورنى-
دىن تۇرۇپ ئوغلىنىڭ تەشۋىشلىك كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ئۇلاردىن بىر گۇرۇپپا ئادەم ھازىر قۇملۇقتا قېدىرىپ
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانىكەن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە





شۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدىغان، قول-
دىن كېلىشىچە بىزگە ياردەم قىلىدىغان بولدى، دادا.

— قىزىمنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىر بىلسەم
بولاتتى ، — دېدى ئاتا ئورنىدا ئولتۇرالماي ، — بۇنداق بول-
غاندىكىن... — ئاتا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي بۇ-
قۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە يارمىغان كۆتەكتەك
تەمبەل، مەزمۇت ئابباسخانمۇ ئورۇقلاپ پوتىسى بوشاپ قالغان
ئىدى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، — دېدى ئابدۇراخمان دادىسىغا
تەسەللى قىلىپ ، — بىزنىڭ يۇرتتا ئىلگىرىمۇ بۇنداق ئىشلار
بولغانىكەن، ھەتتا بوراندا ئېزىپ قالغانلار كېيىن يەنە يۇرت -
مەھەللىنى تېپىپ قايتىپ كەپتىكەن، شۇڭا ھاۋاغىمۇ بىر
ئىش بولمىغاندۇ، چارلاش ئەترىتى ھەرىكەتكە كەلسە بىرەر ئۈ-
مىدمۇ تېپىلىپ قالار...

— بۇرۇن ئېزىقىپ قالغانلار... ئۇ باشقا گەپ. لېكىن
ئۇكاڭ بىر ئاجىز قىز تۇرسا!

— تەبىئەت سىرلىق بولسىمۇ ئۇنچە رەھىمسىز ئەمەس
دادا، سىڭلىم ھاۋا دىلى پاك، تەبىئەتنى سۆيىدىغان ياخشى
قىز. شۇڭا ئۇ ماڭا ھاياتتەك، بۈگۈن بولمىسا ئەتە قايتىپ كې-
لىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ...

ئۆيدىكى ئاياللار ھويلىدىكى ئەرلەرنىڭ قىلىشىۋاتقان گې-
پىنى ئاڭلاپ دىققىتىنى دېرىزە تەرەپكە بۇرىدى. ئاۋازىنى پە-
سەيتىپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىدى. نازىلىخان بولسا كۆڭلىدە
ئېرىنىڭ كۆز قارىشى بىلەن قۇدىسىنىڭ ئوغلىنىڭ سۆزلىر-
ىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ «بۇ ئەرلەر ھەرقانچە يامان ئەھۋالدا
قالسىمۇ، ھامان ئۆزئارا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ بىر - بىر-

ىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تۇرىدىكەن. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەركەك زاتى دېگەننىڭ دىلى قاتتىق، باغرى تاش بولغىنىنى بىلەن، ئا- ياللارغا قارىغاندا ئۇمىدۋار، تاماخور كېلەمدۇ قانداق؟» دەپ ئويلىدى.

چۈشتىن كېيىن هاۋا يانغاندا مېهمانلارمۇ ئۇزاپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇلارنى ئۇزىتىپ دەرۋازا ئالدىغىچە چىققان ئاببىاسخان قۇدىلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئاهاڭدا:

— هەسىنىكام هېلىمۇ شۇ نەچچە كۈندىكىدەك قۇملۇققا قاراپ كۈننى كەچ قىلىۋاتامدۇ ؟ — دەپ سورىدى . بۇ گەپكە پىننەخان ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— دادام ئەتىگەن تاڭ يورۇماستا ئېشەكنى توقۇپ...

— ئېشەكنى هارۋىغا قېتىپ تۆگمەنگە ماڭغان ، — دېدى نازىلخان كېلىنىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ ، — هې- لىغىچە ئۇن تارتىپ قايتىپ كەلگەندۇ...

— ئۆزى خېلى ساق تۇرغاندۇ؟

— يامان ئەمەس ، — دېدى نازىلخان يەنە كېلىنىنىڭ گەپ تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، — ئەممازە، ئاش - تاماقتىن چى- قىۋالدى.

— مەن ئۇچۇن ئېيتىپ قويسىلا، ئۆزىنى ئاسرىسۇن.

— ئىنشا ئاللا.

ئاياللار ئېشەك هارۋىسىغا جايلاشتى. روزىگۈل ماڭغىلى ئالدىراپ تۇرغان ئېشەكنى يورغىسىغا قويۇۋەتتى.

— بىر كىم گەپ سورىسا، قىچىشمىغان يەرنى قاشلاپ، سورىمىغان گەپنى قىلمايدىغان جۇمىسلا بالام ، — دېدى هار- ۋىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولالمىغان نازىلخان كېلىنىگە كۆ- زىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، — ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ئاغزىنى غې-





رىچىلمايدىغان...

— يەنە بولمايدىغان گەپ قىلىپ سالدىممۇ، مەن ؟ — دې- دى پىننەخان هەيران بولۇپ .

— تاس قالدىڭ! قېيىنئاتىلىرىنىڭ بالا ئىزدەپ قۇملۇققا كىرىپ كەتكىنىنى دەپ سالغىلى!

— ئۇ گەپنى دېسەم بولمامتى، ئانا؟

— ئات - ئۇچۇرى چىقمىغان ئىشنى ئالدىراپ - تېنەپ بىر كىشىگە تىنمايدىغان !

— ئۇ دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن ماڭغان يول تۇرسا، ئەينا...

— نىيىتى ياخشى بولسىمۇ، قارىسىغا ماڭدى. ئەتىگىچە نېمە نەتىجە ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنى خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئىشنى ئىمكان بار خۇپىيانە تۇتىمىز.

— ۋايجېنىم... مەن بىلمەي قاپتىمەنمۇ دەيمەن...

شۇ گەپتىن كېيىن ئاياللارنىڭ ئاغزى بېسىقىپ قالدى.

## 44

قاراڭغۇلۇق ئەدەپ كەلگەنسېرى، ئورمانلىق تېخىمۇ سۈر- لۈك هەم ۋەهىمىلىك بىلىنىشكە باشلىدى. هاۋا قۇشلارنىڭ ئۈركۈپ پالاق - پۇلۇق ئۇچقان ئاۋازلىرى، هاشاراتلارنىڭ چى- رىلداشلىرىدىنمۇ چۆچۈپ، يۈسۈپكە يېپىشىپ ئۇنى پاناھ تار- تىپ تۇراتتى. يۈسۈپ بولسا چۆچەكلەردىكى باتۇرلاردەك بىر- خىل قورقۇمسىز، مەغرۇر بولۇپ، كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇ ئورمانلىقتا بارغانچە سىرلىقلىشىپ تۇرغان مەنزىرىلەرنى، جان - جانىۋارلارنى كىچىك چاغلىرىدا مومىسىدىن ئاڭلىغان

چۆچەكلەردىكى تەسۋىرلەرگە ئوخشىتىپ، ھاۋانى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرماقچى بولاتتى. ئەمما قىز بولسا ھېلى غەلىتە ئاۋازدا سايراۋاتقان قۇشلاردىن، ھېلى ئاۋازىنى سوزۇپ ھۇۋلاۋاتقان يىرتقۇچلاردىن قورقۇپ يىغلاپ تۇراتتى.

ئىككى بالا ئەتىگەندىن بېرى ھېلى ئۇيان چېپىپ، ھېلى بۇيان چېپىپ ئورماننىڭ چېتىگە چىقالمىدى. ئاخىرى ھېرىپ كېتىپ بۇلاق بويىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇردى. يۇسۇپ چاتقاللار ئارىسىدا پىشىپ تۆكۈلۈپ قالغان، قۇرۇپ قاق بولۇپ قالغان ياۋا مېۋىلەرنى تېتىپ كۆرۈپ يېگىلى بولغىدەكلىرىنى تېرىپ قورسىقىنى ئەستەرلىدى. قىزنىمۇ شۇنىڭدىن يېيىشكە رىغبەتلەندۇردى. لېكىن ئالىقات مېۋىسى بىلەن جىغان مۇنچىقى قىزنىڭ مىجەزىگە ياقمىدىمۇ ياكى كۆچلۈك كەلدىمۇ، ئىشقىلىپ كەچ كىرگەندىن بېرى قىزنىڭ ئىچى سۈرۈپ ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى قالمىدى. بۇ ئورماندىن چىقىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەن ئوغۇل ئاخىرى شاخ - شۇمبىلارنى تېرىپ كېلىپ بىر نەچچە تۈپ دەرەخنى چىتلاپ توساق قىلىپ، شاخ - شۇمبىلارنى كىرىشتۈرۈپ توقۇدى. توساقنىڭ ئىچىگە قۇرۇق غازاڭ، ئوت - چۆپلەرنى سېلىپ يېتىشقا چۇشەك قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىگە كىچىك بىر پاناھ جاي ياسىدى. ئەمدى ئۇلارغا تەقدىرگە تەن بېرىشتىن، بىر - بىرىگە يۆلەك بولۇپ ئىسسىق جاننى ساقلىماقتىن ئۆزگە ئامال قالمىغان ئىدى.

— گەپ قىلە، — دېدى ھاۋا چېپىپ يۈرۈپ ھېرىپ قالغان يۇسۇپكە تېخىمۇ يېپىشىپ، — ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قارا ، — دېدى يۇسۇپ قۇرۇق غازاڭ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يانتاقچە ئاسمانغا تىكىلىپ، — ھىلال ئاي پاتتى، يۇل-





تۇزلار باشقىدىن چاقناشقا باشلىدى.

قىز ئاسمانغا قارىدى. يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى، سانى، چاقنىشى بۇرۇن كۆرگەنلىرىگە ئوخشاشتەك قىلاتتى. ھېچبىر ئۆزگىچىلىكى باردەك قىلمايتتى. شۇڭا يۇسۇپنىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇردى.

— يۇلتۇزلارنى پەرقلەندۈرەلەيدىغانمۇ ؟ — يەنە سورىدى ئوغۇل.

— ياق، مەن يۇلتۇزلار توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىكەنمەن.

— قارا، ئاۋۇ يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە... ئەنە ئاۋۇ چېپىپ كېتىۋاتقان شىرغا ئوخشايدىغىنى ئەسەت يۇلتۇز تۈركۈمى...

— سەن يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى بىلەمسەن؟

— دادام بىلەتتى ، — دېدى يۇسۇپ بىر ئىشلانى ئەسلىگەندەك ئاھاڭدا، — دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، قەدىمكى كىشىلەر ئاسمان بوشلۇقىنى بىرنەچچە دائىرىگە ئايرىپ، يۇلتۇزلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئاتىغانىكەن. ھەر بىر يۇلتۇز تۈركۈمى ئاسمان بوشلۇقىدا بەلگىلىك ئورۇننى ئىگەللىگەن بولىدىكەن. كىشىلەر بىر قەدەر يورۇق ھەم يېقىن يۇلتۇزلارنى تۇتاشتۇرۇپ شەكىل ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنى رىۋايەتلەردىكى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىغانىكەن. دادام بىزگە بۇ يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى بۆرە، كاككۇك... دەپ بىر - بىرلەپ ساناپ بېرەتتى. دادام يەنە ئاي ۋە يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە قاراپ ئۆزىنىڭ تۇرغان ئورنىنى، ۋاقىتنىڭ قايسى ئاي، قايسى كۈنلەر بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلاتتى. شۇنىڭدەك ئاخشىمى قانداق چاغدا يېتىش كېرەكلىكىنى، ئەتىگىنى قانداق چاغدا ئورنىدىن تۇرۇش، زولۇق يېيىش، ناماز ئوقۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلەيت-

تى.

— ئەمىسە، سەنمۇ يۇلتۇزلاغا قاراپ بىزنىڭ تۇرغان يېرىمىزنى، هازىرقى ۋاقىتنىڭ قايسى كۈن، قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكىنى تېپىپ باقە... ماڭا بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمىزغا ناهايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ كەتكەندەك بىلىنىۋاتىدۇ. بىز ئەسلىدە 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن بۇرۇن مەكتەپكە بېرىپ بولمىساق بولمايتتى.

— مەن ئاسمانغا قارىسام ، — دېدى يۇسۇپ يوپۇرماقلار ئارىسىدا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي ، — يۇرتىمىزدىن ئانچە يىراقلاپ كەتمىگەندەك تۇرىمىز، هاۋا!

— بۇ گېپىڭ راستمىدۇ ، — دېدى قىز تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— يۇلتۇزىمىز بىزنى ئالدىمايدۇ، مەن قايسى كۈنى ئاخشىمى تېخى قۇملۇققا چىقىپ ئوڭدامغا يېتىۋېلىپ يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى كۆزەتكەن... قارا، ئاۋۇ زۆهرە يۇلتۇز تۈركۈمىگە.

— نېمە، زۆهرە يۇلتۇز تۈركۈمى دېدىڭما؟

— هەئە.

— خاتالاشمىغانسەن؟ بىزنىڭ كىتابتىكى 88 يۇلتۇز تۈركۈمى ئىچىدە زۆهرە دەيدىغان يۇلتۇزلار تۈركۈمى يوقتىغۇ؟!

— يەرلىك كىشىلەر سېنىڭ كىتابىڭدىكىنى نېمە بىلىدۇ، — دېدى يۇسۇپ ، — مەن يەرلىكلەرنىڭ قويغان ئىسىملىرى بويىچە ئاتاۋاتىمەن.

— مۇنداق دېگىن، — دېدى قىز يۇلتۇزلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي ، — ئادەملەر ئۆز بالىلىرىغا دائىم كۆزىگە چېلىقىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى قويغاندەك، يۇلتۇزلارغىمۇ





خالىغانچە ئىسىم قويۇۋالىدىكەن هە، ئەجەب؟

— شۇنداق.

— يۇسۇپ؟

— هە.

— سەن قايسى يۇلتۇز؟

يۇسۇپ جاۋاب بەرمىدى. قىز بولسا بۇ گەپنى يەنە كوچىلاپ سورىدى.

— ئەخمەق ، — دېدى يۇسۇپ ئاخىرى يەنە ئاغزىنى ئېچىپ ، — سەن بەزىدە بەك ئەقىللىق، بەزىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن پىنىنەخان ئاچامدەك گەپ قىلىدىكەنسەن!

— كىمۇ ئۇ، پىنىنەخان دېگەن؟ ئەجەب بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلىمەنغۇ؟

— ئاڭلىغاندەك ئەمەس، كۆرگەندەك دېگىنە ، — دېدى يۇسۇپ كۈلۈپ، — ئۇ دېگەن هېلىقى هۆسيىن ئاكامنىڭ خوتۇنى!

— هە... ئېسىمگە كەلدى ، — دېدى هاۋا مۇزلاۋاتقان دۈمبىسىنى يۇسۇپكە چاپلاپ، — مەن نۇربۇۋى ئاچام بىلەن بارغان كۈنى ماڭا قاراپ كۈلۈپ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە تەپسىلىي قاراپ چىققان ئاچاش شۇمىدى؟

— شۇ، — دېدى يۇسۇپ قىزنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان هارارەتتىن قورۇنۇپ.

— ماڭغىنا ، — دېدى هاۋا خاپا بولغاندەك بىر ئاهاڭدا ، — مېنى توي قىلىپ بولغان ئاچاشقا ئوخشاتساڭ قانداق بولىدۇ؟

— ئۆزۈڭنى ئوخشاتمىدىم قارا، كىچىك بالىدەك سوئال سوراشلىرىڭنى ئوخشاتقۇم كەلدى ، — مەن ساڭا دېسەم، هاۋا،

كىشىلەر يۇلتۇزلا تۈركۈمىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنداق چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇۋالغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئاسماندا يۇلتۇزۇم بار دەپ ئۆز تەقدىرىنى يۇلتۇزلارغا باغلىۋېلىش ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش. بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقىرىلايدىغان ئاسمان جىسمى بولغاچقا، ئاسمان بوشلۇقىدا ئاشۇنداق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ بىز تۇرغان يەر شارى بىلەن بولغان ئارىلىقى بەكمۇ يىراق...

يۇسۇپ ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئورمانلار ئارىسىدىن يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ يېتىپ يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن، ئىشقىلىپ خېلى ئۇزاققىچە بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى. كېيىن يېنىك پۇشۇلدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ سۆزدىن توختاپ قالدى ھەم ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ: «قەغىشى تۈگىمەيدىغان كىچىك بالا، مېنى گەپكە سېلىپ قويۇپ، ئۆزى ئانىسىنىڭ پوكىنىدا ياتقان ئاسلاندەك خىرىلداپ كەتكىنىنى!» دەپ قالدى.

ئەسلى ھالىتىدە ساقلىنىپ قالغان سىرلىق تەبىئەت، يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ئورمان ئىچىدىكى ياۋايى ھايۋانلار، قۇشلارنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋازلىرى ئۇيقۇسىز ياتقان يۇسۇپنى ھاياتلىقنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە قايتۇرۇپ كەلگەندەك ئۆزگىچە تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇ تەتىل قىلىپ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە، ئانىسىنىڭمۇ دادىسىغا ئوخشاشلا ئۆزىنى ئوتتەك سېغىنغانلىقىنى بىلدى. بىچارە ئانا شۇنچە چوڭ بولۇپ قالغان يۇسۇپنى دادىسىغا قاراتقۇزماي ئۆزى ئوڭچە باغرىغا بېسىپ قۇچاقلاپ





ياتتى. بۇغدىيىكى باشقىچە يوغىناپ، بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغان يۇسۇپ بولسا ئانىسىدىن خىجىل بولۇپ ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ ياتتى. ئانىمۇ ئوغلىنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى دادىسىغا تاپشۇردى... ئوغلىنىڭ دىدارىنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بولغان، ئانا بۈگۈن يەنە ئۇنى كۆرگىلى كەلدى، ئەمما ئۇنىڭ ئادەمزاتسىز ئورماندا بىر قىز بىلەن يانمۇ يان ياتقانلىقىنى كۆزى چۈشۈپ كەينىگە داجىدى. ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىغا چىدىماي ئۇنىڭدىن سورىدى:

— يېنىڭدا ياتقان كىمۇ، يۇسۇپۇم؟!

— كېلىنىڭىز، ئانا.

— مەن بۇنداق بىر كېلىنگە رازىلىق بەرمىگەنىدىمغۇ، ساڭا؟!

— تەقدىرىمىز بىزنى مۇشۇ چۈشەككە بۆلدى، ئەمدى رىزقىمىز چېتىلدىغان ئوخشايدۇ، ئانا.

— كەم ئەقىل بالا! — دېدى ئانا ئاچچىقلىنىپ، — بالا - چاقا ئۈچۈن ئاتا - ئانا رىزازىسىز نېسىپ بولغان رىزىق ئاداققى رىزىق بولمىغاي. مېنى ئانام دېسەڭ، يېنىڭدىكى شىتىلىنىڭ تىنىقىغا يېقىن كەلگۈچى بولما!... خوش، مەن كەتتىم، داداڭ سېنى ئىزدەپ قۇم بارخانلىرىدىكى ئالۋۇنلاردا لەيلەپ يۈرۈيدۇ، دادام دېسەڭ غەپلەتتىن ئاجراپ بىر قاپاق سۇ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىق! خەير، ئۆيدە كۆرۈشەيلى...

— ئانا! — يۇسۇپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. بېشىغا ئاق لىچەك سالغان سولغۇن كۆزلەر يوق، قاپقاراڭغۇ ئورمان، بۇلۇتلار قاپساپ ئالغان ئاسمان گۇمبىزى، دۈمبىسىنى ئۆزىگە چاپلاپ پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان قىز... قىزنىڭ يېنىدا يېتىپ ۋۇجۇدىدا تىنىمسىز غەلىيان كۆتۈرگەن شېرىن ئىستەك...

ئوغۇل، ياق! يىگىت چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. قىزدىن يىراقلىشىپ، تومۇرلىرىدا ئۆركەش ياسىغان قانلىرىنى كېچىنىڭ مۇزدەك ھاۋاسىدا سوۋۇتماقچى بولدى.

«... تېنىمگە چىرمىشاي دەپ قالغان غەپلەت ئانامنىڭ كۆڭلىگە چۈشتىمۇ قانداق... ئەمما ئانامنىڭ باشتىن بويى قارىلىق كىيىم كىيىۋالغىنى نېمە ئىشتۇ، ئۆيىمىز قارىلىق بولۇپ قالدىمۇ-يا؟»

## 45

— سۇ... سۇ!...

ھالسىزلىقتىن ئېشەكنىڭ توقۇمىغا چاپلىشىپ قالغان ھەسەن خالۋاپ سۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ بىرئاز جانلاندى. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، دەرمانسىزلىقتىن يېرىم يۇمۇلۇپ قالغان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، ئالدىدا ئېشەكنى يېتىلەپ كېتىپ بارغان ئوغلىغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. ئۇ كۆردىكى، يېنىك چاپىنىنى بېشىغا ئارتىۋالغان ھۇسىيناخۇن ئالدى تەرەپتىكى ئويماندا جىمىرلاپ تۇرغان زور كۆلنى كۆرسىتىپ بار غەيرىتى بىلەن جار سېلىۋاتاتتى:

— سۇ... سۇ...

ھەسەن خالۋاپ تەشنالىقتىن قات-قات گەز باغلىغان لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. «سۇ... » دېگەن جانسىز ئاۋاز ئۇنىڭغا ئاز-تولا ئۈمىد ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىدىكى قۇرۇق قاپاقتەك گىلدىڭلاپ تۇرغان بېشىنى يەنىمۇ ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ ئاشۇ سۇغا بىر قاراپ بېقىشقا كەم ماغدۇر ئىدى. سۇ... سۇ... بىر يۇتۇم سۇ بولسا، كاشكى!





قۇملۇق سەپىرىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئاتا-بالا خالۋاپلار ھايات-ماماتلىق مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلدى. قاپاقلار ئالللىقاچان قۇرۇقدالغان، تىرىك جانلار تونۇردەك لاۋۇلداپ تۇرغان قۇملۇقتا ئوتقا قاقلانغان كاۋاپتەك ئاستا-ئاستا قورۇلۇپ جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان، لېكىن مەنزىلدىن ھېچبىر ئۈمىد يوق، ئۇلار قانچە ماڭغانسېرى قۇمنىڭ كەينىدە قۇم، قۇمنىڭ باغرىدا قۇم، قۇمنىڭ قېتىدا قۇم... ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قۇملۇقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى...

ھەسەن خالۋاپ يىراقتا كۆز قاماشتۇرغانچە جىمىرلاپ تۇرغان كۆلگە قاراپ كۈلۈمسىرىمەكچى بولدى — يۇ، بەربىر كۈلەلمىدى. قوغۇن قېقىدەك قېتىپ قالغان بۇ چىرايدا يۈرەك قېتىدىكى ھېس — تۇيغۇلارنى ئىپادىلەپ بەرگىدەك ماجال قالمىغان ئىدى. ئەمما بۇ ئادەمنىڭ ئاشۇ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىدە ھامان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆچمەس بىر ئۈمىد ئۇچقۇنى يېنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بۇ بەلكىم تەلەپچان بىر ئاتىنىڭ ئۆز ئوغلىغا بولغان مېھرى — مۇھەببىتىدىن يانغان ئۇچقۇندۇر...

— ئەمدى ئۆلىدۇ......ق، بىز ئۆلىدىغان بولدۇق!

ھۇسىيناخۇننىڭ تۇيۇقسىز داد — پەرياد كۆتۈرگىنى ئاڭلاندى. ئاتا ھەممە كۈچ — ماغدۇرىنى كۆزلىرىگە يىغىپ ئوغلىغا قارىدى. دۆڭدىن چۈشىشىگىلا بايىقى كۆلنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆرگەن ئوغۇل ھاياتلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن، ئېشەكنىڭ باشبېغىنى تاشلاپ ئۆزىنى قۇملۇققا ئېتىپ باش — كۆزىگە قۇم سورۇپ يۇمىلانغانچە زارلاۋاتاتتى:

— ھەي جاھا...ن، ھەي خالايىق، ئەمدى بىزنىڭ ئۆلۈكىمىز قۇملۇقتا قالىدىغان بولدى، بىزمۇ ئىنىمىزغا ئوخشاش

نام ـ نىشانسىز، گۆر ـ مازارسىز بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان بولدۇق... خوتۇنۇم پىننەخاننىڭ قورسىقىدىكى تۇغۇلمىغان بالام دادا مېھرىدىن مەھرۇم قالىدىغان بولدى. ۋاي ئېسىت، ۋاي شور پېشانەم... — ھۇسىناخۇن ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بولغاچقا، تاغدەك تىك قۇملۇقتىن بەئەينى ۋالنىڭ تېشىدەك دومىلاپ بىر ئويمانغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. كۆز ئالدىدىكى دەھشەتنى كۆرگەن ئاتا بارلىق كۈچىنى يىغىپ يېرىم ئۆرە بولدى. ئېشەكنى ئېگىز قۇم دۆڭنىڭ لوكىسىمان پەسلىگەن يېرىگە بۇراپ، تۆت ئەتراپىنى قۇم دۆڭلىرى ئوراپ تۇرغان چوڭقۇرلۇقتا — ئوغلىنىڭ دومىلاپ تۇختىغان مەنزىلىگە جۆنىدى.

ئاتا ئوغلىنىڭ قېشىغا يەتكەندە، ئۇ قۇم باغرىدىكى نەمخۇش تۇپراقتا باراقسانلاپ ئۆسۈپ كەتكەن ياپپېشىل يانتاق، يۇلغۇنلارنىڭ تۈۋىگە دومىلاپ توختىغان ئىدى.

— سۇ... سۇ! — ھەسەن خالۋاپ بۇ يېشىللىقنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈچكە تولدى، ئېشەكنىڭ توقۇمىغا غانجۇغىلانغان كەتمىنىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ۋۇجۇدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئاجايىپ بىر كۈچ بىلەن يۇلغۇنىنىڭ تۈۋىنى كولاشقا باشلىدى. ھەم نەم، ھەم قۇمساڭغۇ بوش يەردىن ئۇزاققا قالمايلا ئادەم چۆككىدەك بىر ئورەك كولاندى، باشتا نەم، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆل توپا چىپىپ ئورەك سىرتىغا ئاتقان كەتمەن ئەمدى ھە دېگەندە لاي چاپقىلى تۇردى.

ئاتا يەنە بىر ھازا كولىدى. كولاپ بولۇپ كۈتتى.

— سۇ... سۇ... ئاھ، سۇ! — ئاتىنىڭ كۆز ئالدىدا ئورەككە ئاستا ـ ئاستا سۇ يىغىلدى. ئۇ خۇرجۇندىكى ياغاچ جامنىمۇ ئۇنتۇغاندەك بىر ھالدا كەتمەننى ناھايىتى ئاۋايلاپ ئورەككە





سالدى، سېھىرگەردەك بىر خىل ئەپچىل ھەرىكەت بىلەن يۈزى ئانچە چوڭقۇر بولمىغان كەتمەن يۈزىدە لىققىدە سۇ توختىتىپ ئالدى.

ئاتا كەتمەندىكى سۇ بىلەن قوۋزىنى تولدۇردى. ئاندىن مىدىر ـ سىدىر قىلماي ياتقان ئوغلىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاغزىدىكى لاي ـ دۇغ ئارىلاش سۇنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى... ئۇ بۇ ئىشنى ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى...

ئاتىنىڭ ئوغلىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن ھاياتلىق نۇرى قايتا ياندى... ئاتىنىڭ ئوغلىغا بولغان ئۈمىدىدىن ھاياتلىق مەشئىلى يەنە لاۋۇلدىدى... ھۇسىناخۇننىڭ بىر ـ بىردىگە چاپلىشىپ قالغان كىرپىكلىرى لىپىلداپ، كۆزلىرى ئاخىرى ئېچىلدى. قويۇق ساقاللار ئىچىدىكى ئاغزى بىلەن سۇ تېمىتىپ ئۆزىگە ھاياتلىق بېرىۋاتقان تونۇش پەرىشتىنى كۆرۈپ، چېھرىدە سۆسقىنە مىننەتدارلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلدى...

ئورەككە ئوبدانلا سۇ يىغىلدى. ھەسەن خالۋاپ ئىگىسىدىن بوشانسىمۇ يەنە ئۇنىڭ تىنىقىنى ئېلىپ تىزلىرىغىچە قۇمغا پاتقانچە ئاران ـ ئاران مېڭىپ كېلىپ ھۇسىناخۇنىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ توختىغان ئېشىكىنىمۇ سۇغىرىپ، ئالدىغا ئازراقتىن قۇرۇق بېدە، كۆمەچ، يارما قوناق تۆكتى. مۇشكۇل سەپەردە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ، چۈشىنىڭ ئالدىدىراق قۇملۇقتا ئۆزىنى تاشلاپ جىمىدە ئۆلۈپ قالغان، بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرى بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان ئىتىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا: «كۆرىدىغان كۈنۈڭ، يەيدىغان رىزقىڭ شۇنچىلىككەنمۇ دەيمەن، بىچارە ئىت، ئۇس-

سۇزلۇققا يەنە ئازراق چىدىيالىغان بولساڭمۇ... » دەپ قالدى. دېمەكچىكى، قۇمئاۋاتتەك يۇرتتا ياز كۈنلىرى ئىتنىڭ كۈنى يامان ئىدى. ھەرقانچە بېقىش تاپقان ئىتنىڭمۇ تومۇزدىن ئۆتمىكى تەس ئىدى.

ئاتا ــ بالىنىڭ تەشنالىقى بېسىلغاندىن كېيىن يەكتەك، چاپانلىرىنى بېشىغا سايىۋەن قىلىپ ئولتۇرۇپ خورجۇندىكى نانلىرىنى چىقىرىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. گال بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، غەربتىن سۇرۇلۇپ كەلگەن قارا بۇلۇتلارنىڭ قۇياشنى توسقانلىقىنى، ئاسماننىڭ تۇتۇلۇپ يامغۇردىن شەپە بېرىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى. تەشنالىقى بېسىلىپ قايتا نىجاتلىق تاپقان ھۇسىيناخۇننىڭ خىيالغا بېرىلگەن، ھالسىزلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدە بىر سوئال ئالامەتلىرى ئەگىيتتى:

— دادا ، ــ دېدى ئۇ ئاخىرى ئۇيقۇ ئەسىرىگە ئايلىناي دەپ قالغان دادىسىنىڭ بەكلا جۇدەپ كەتكەن چىھرىگە تىكىلىپ، ــ بارىدىغان يېرىمىزگە ئاز قالدۇقمۇ؟

— ئاز قالغاندەك تۇرىمىز، بالام.

— ماڭا دەپ بەرسىڭىز، بىزنىڭ نىشانىمىز قەيەر؟

— نىشان ــ جەننەت بالام.

ھۇسىيناخۇننىڭ نېرۋىلىرى جىددىيلەشتى، ئويچان كۆزلىرىنى يەنىمۇ چوڭراق ئېچىپ، دادىسىنىڭ كۆڭۈل كۆزىگە سەپ سالدى. لېكىن ئاتا خىيالچان، ھەممىنى بىلىدىغاندەك پەرۋاسىز كۆرۈنەتتى. خاۋاتىرلەنگەن ئوغۇل يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ سورىدى:

— جەننەت دېگىنىڭىز ئۇ دۇنيادىكى ھېلىقى ؟...

— بۇ دۇنيادىمۇ جەننەت بار بالام ، ــ ئاتا جىددىي رە-





ۋىشتە ئوغلىغا تىكىلدى. سىلە پۇتۇنسۇرۇك بىر ئەركەك ئازراق مۇشكۇلاتنى كۆرۈپ ئۆلۈمنى ئويلاۋەرمەڭلار!

ئوغۇلنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز چاقناپ كەتتى. بۇ كۆزلەردە ئەمدى ئاجايىپ بىر نۇر بالقىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاۋەردى:

— ماڭا بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ، دادا؟

ئاتا گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىنى قۇم دۆڭلىرى قورشاپ تۇراتتى.

— ئىككى كەلىمە گەپ قىلىڭا، دادا. بىز بەك قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق.

ئاتا قۇم بارخانلىرىغا قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى:

— بوۋاڭلار رەھمەتتى يادىڭلادا بارمۇ، بالام؟

— مەن بوبامنى بىلمەيمەن...

— توغرا گەپ قىلدىڭلار بالام، سىلە ئۇ يامان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان، يۇنۇس ئاكاڭلار بىلىدۇ... شۇ ئىنقىلاب، تارتىپ چىقىرىشلار، ئۇرۇپ ــ سوقۇشلار ئەۋج ئالغان يىللىرى قۇمئاۋات بىزگە تار كەلدى. بوۋاڭلارغا قالپاق كەيدۇرۇلۇپ، باي دېھقاننىڭ ئوغلى بولغانغا بۇ دۇنيا ــ ئۇ دۇنيا تويىدى. بىزنىمۇ پومىشچىك ــ باي دېھقاننىڭ كۈچۈكى دەپ ئالدىغا سېلىپ كەنتمۇ كەنت، يېزىمۇ يېزا ھەيدەپ يۈرۈپ سازايى قىلدى. ئادەم بولغانغا، دېھقان بولغانغا بۇرنى ــ قۇلىقىمىزغىچە تويغۇزدى... شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر بورانلىق كېچىسى، بوۋاڭلار تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتتى. نەچچە ئايغىچە پەيدا بولمىدى. كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى. بىز ئەمدى يې-

ىتىم بولۇپ قاپتىمىز دەپ ئويلىدۇق. قۇمئاۋاتتا ئۇششۇك مېڭىپ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلۈۋاتقان كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى دەرۋازا تۈۋىدە تۆگىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بوۋاڭلارنىڭ يولىغا قاراپ كېچە ـ كېچىلەپ ئۇيقۇسىز ھالدا تاڭنى كۈتۈۋاتقان چوڭئاناڭلار شۇ زامات يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، دەرۋازا ئالدىدا بوۋاڭلار تۇرغىدەك. كېچىچە ھەممەيلەن بوۋاڭلارنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغا ـ زارە قىلىشىپ چىقتۇق. بوۋاڭلاردا بولسا نە يىغا، نە ئۈمىدسىزلىكتىن ئەسەر يوق ئىدى ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئوۋ نېمەتلىرىنى تۆكتى. چوڭئاناڭلار ئوچاققا ئوت يېقىپ، قازان قاينىتىپ، تويغىدەك تاماق يەپ باقمىغىلى نەچچە زامان بولۇپ قالغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ياۋا توشقان، كېيىك، ئۇلار گۆشىگە تويغۇزدى. بىز قورسىقىمىزنى توقلىغاچ بوۋاڭلارغا ھەيران بولۇپ قارىدۇق. ئۇنىڭ بۇرۇنقى يەتتە قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر تېرە، بىر سۆڭەك ئەپتى نەدە قالدى، بىر نەچچە ئايدىلا شۇنداق تەمبەل، مەزمۇت ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ. بۇرۇنقى يېلىڭ، يىرتىق كىيىملىرى بولسا يۇڭلۇق تېرە كىيىملەر بىلەن ئۇستىلىنىپتۇ...

— ھېلىمۇ چالا ـ پۇلا ئېسىمدە، بالام ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئېغىر تىنىپ، — شۇ كېچىسى دادام بىزنى قانداقتۇر جەننەتتەك بىر يەرگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقى، بۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەت، يوقسىزلىق چىرماپ ئالغان تۇرمۇشتىن قۇتقۇزىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر گەپلەرنى قىلدى. بىز دادامنىڭ تۇيۇقسىز يېنىمىزدا پەيدا بولۇپ بىزگە تاغدەك يۆلەنچۈك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇق... بىر چاغدا دەرۋازىنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىل-





-دى. بىز چۆچۈپ كۆزىمىزنى ئاچتۇق، غۇۋا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئاۋۋال كۆرگىنىمىز تام قوشنا غوجەك تاز بولدى. ئوتتۇرا مەكتەپتىن قېچىپ چىققان ئۇ بىرنېمە ئۇستىگە ماش رەڭ كىيىم كىيىپ، بېشىغا قىزىل بەلگە تاقاپ، بىرمۇنچە ئادەمنى باشلاپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەن ئىدى. ئۆيدىكىلەر بىر توقاي ئادەملەرنىڭ قولىدىكى تاياق ـ توقماقلارنى كۆرۈپ قورقىنىدىن بۇلۇڭغا تىقىلىپ قالدى. مەن دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالدىم. قورال تۇتقان ئىككى ئادەم بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن كەينىگە داجىغان دادام مېنى ئانامنىڭ قۇچىقىغا ئىتتەردى ھەم بىر نېمىلەرنى شىۋىرلىغاندەك قىلدى...

— كېيىنچۇ، كېيىن قانداق بولدى ؟ — كۆزلىرى ياشلانغان ھۇسىناخۇن دادىسىغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ قالغان ئىدى.

— ئۇلار بوۋاڭغا ھەيۋە قىلدى، ياۋاش بول، بولمىسا خوتۇن ـ بالىلىرىڭنىڭ بىرىنى قويماي سىيرىۋېتىمىز ! — دېدى.

دادام ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاتتىق يۇلقۇندى. شۇ ئەسنادا ئۇلاردىن بىرى مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن بوۋاڭنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇرۇۋەتتى... دادام يىقىلدى، ئىشىك ئالدىمىزدىكى قاپاق تېرەكتەك قاتتىق يىقىلدى... بىز يېتىم بولۇپ قالدۇق...

ھۇسىناخۇن ئىختىيارسىز يىغلاپ سالدى. قان ئىچىدىكى بوۋىسى گويا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ياتاتتى. ھەسەن خالۋاپنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش مۇنچىقى قېتىپ قالغان، ئۇ ئەزەلدىن بىر كىمگە ئائىلىسىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرى ھەققىدە

ھېچنېمە دەپ باقمىغان ئىدى. بۇگۈن بۇ گەپنى دەپ قويۇپ يامان قىلدى. ھۇسىيناخۇن خېلى ئۇزاقتا يىغىدىن توختىدى. بوۋىسىنىڭ دادىسىغا زادى نېمە دېگەنلىكى ئۇنى ئارام تاپقۇزمايتتى. شۇڭا ئۇ گەپنى سوراپ تۇرۇۋالدى:

— بوبام نېمە دېگەن؟

ھەسەن خالۋاپ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى. شۇ ئارقىلىق ئوغلىغا رىغبەت، چىدام، جاسارەت بەرمەكچى ئىدى:

— بېشىڭغا كۈن چۈشسە جەننەتكە بار بالام، جەننەت قۇملۇقنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە... — بوۋاڭ ماڭا شۇنداق دېگەن بالام... مانا ئەمدى بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشتى. كۈن دېگەن بۇنىڭدىن يامان بولماس... بىز بوۋاڭلار ئېيتقان ئاشۇ جەننەتنى ئىزدەۋاتىمىز...

سىمىلداپ تۇرغان يامغۇر بىردىنلا ئەدەپ كەتتى. بۇ ئوت - ئاتەش چېچىپ تۇرغان قۇملۇق ئۈچۈن بىر مۆجىزە ئىدى!

## 46

ھاياتبەخش يامغۇر ئورمانلارنى يۇيۇۋاتاتتى.

ئۇستۈپشى چۆپ - چۆپ ھۆل بولۇپ كەتكەن يۇسۇپ بىلەن ھاۋا باش - ئايىغى يوق ئورماندا يۈرۈپ قورسىقى ئاچتى، سوغۇقتا توڭدى. جان ساقلاش ئۈچۈن تېرىپ يېگەن ياۋا مېۋىلەر، ئۇچار قاناتلارنىڭ تۇخۇمى بىچارە بالىلارنىڭ مىجەزىنى بۇزۇپ، ھېچبىر ھالىنى قويمىغان ئىدى.

— چىداشلىق بەر، ھاۋا! — دېدى يۇسۇپ ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ ، — بىز چۆچەكلەردىكىدەك بۇنداق گۈزەل ئورمانغا كېلىپ قالغىنىمىزغا خۇشال بولۇشىمىز كېرەك،





نېمىگە بۇنچە غەمكىنسەن؟

قوڭۇر چاچلىرىدىن چىپىلداپ يامغۇر تامچىپ تۇرغان ھاۋا كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئوغلاقتەك تىترىگىنىچە نارازى ئاھاڭدا يۇسۇپتىن سورىدى:

— سەن تېخىچە يېڭى ئېرا كويىدا يۈرەمسەن؟

— ئەمىسە نېمە، قۇمئاۋات قېنى؟

— مېنىڭ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— ئۆزۈڭنى قەيەردە دەپ ئويلاۋاتىسەن؟

— ئىشقىلىپ، يۇرتىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە، بۇ يەرنىڭ كىلىماتىمۇ بىزنىڭ ئارائاۋاتتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ئۇ يەردىمۇ مۇشۇنداق گۈزەل ئورمان، شارىلداپ تۇرىدىغان يامغۇر بار ئىدى دېمەكچىمۇسەن؟

— ھېچ بولمىغاندا ئىلگىرى شۇنداق بولغىيدى...

— ئۇنداقتا ھازىرچۇ؟

— بۇنى دېمىسەممۇ بىلىسەن، ئادەملەر تەبىئەتنى ۋەيران قىلغان!

— مەيلى نېمىلا دېمە، بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمىز بىزنىڭ تەلىيىمىز.

— مۇشۇنداق ئاتا - ئانىسىز، ئۆي - ماكانسىز، يېتىم - يېسىر بولۇپ يۈرسەكمۇ تەلەي بولامدۇ؟

— بىز ئەمدى چوڭ بولدۇق، دۇنيانىڭ قەيىرىدىلا بولمايلى، ھامان بارا - بارا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ياشايدىغان گەپ، ھاۋا!

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن مۇشۇ ھالدا يۈرسەك، بۇ يەردە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىمىز. ئۆلۈكىمىز بۆرە، قاغا - قۇز-

غۇنلارغا يەم بولىدۇ!

— ئاۋۋال قورساقنىڭ غېمىنى قىلىۋالساق قالغان
ئىشلار ئاسان. هازىر بىزنىڭ قولىمىزدا نە بىر گال پىچاق، نە
بىر سەرەڭگە - چاقماق يوق، بولمىسا مەن ساڭا جاڭگال كاۋ-
پى قىلىپ بېرەتتىم... لېكىن مەن بۇنىڭغىمۇ ئامال تېپىشقا
تىرىشىۋاتىمەن...

— قېنى ئۇ كاۋاپ قىلىدىغان گۆش ؟ — دېدى قىز ئاغ-
رىپ تۇرغان قورسىقىنى مۇجۇپ.

— ئەنە چېپىشىپ يۈرمەمدۇ ، — يۇسۇپ ئالدىدىكى چات-
قال ئارىسىدىن چىقىپ ئۆركۈپ قاچقان تۇلۇمدەك سېمىز ياۋا
توشقاننى كۆرسەتتى.

— ۋايجا...ن، يۈرىكىڭ ئەجەب قاتتىقكەن... ئاشۇنداق،
كۆزى مۆلدۈلەپ تۇرغان جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق
چىدايسەن؟

— مەنغۇ قۇربانلىق قىلىنىۋاتقان قوينىڭ كۆزىگە قاراپ
تۇرۇشقىمۇ پېتىنالمايمەن ، — دېدى يۇسۇپ ئولتۇرۇشۇپ
كەتكەن قوي كۆزلىرىنى هاۋاغا تىكىپ ، — ئەمما بىز بۇ يەر-
دە تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشاشنىڭ ئامالىنى قىلمىساق تۈ-
گىشىپ كېتىمىز.

— بىز كېتەلمەيمىزمۇ ؟ — هاۋانىڭ ئاۋازى زەڭگەر
كۆزلىرىدىكى تەشۋىشتىنمۇ قايغۇلۇق ئىدى.

— كېتىمىز ، — دېدى يۇسۇپ قانداقتۇر بىر خىل ئىـ-
شەنچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، — ئەمما بۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك.
بىز ئالدى بىلەن قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ هەرىكىتىگە قاراپ
تەرەپلەرنى توغرا پەرق ئېتىۋېلىشىمىز، شۇنىڭغا ئاساسەن
يۇرت - مەهەللە، ئادەملەر بار تەرەپكە سىلجىشىمىز، ئورمان-





-دىن چىقىشىمىز كېرەك. بىزنى مەنزىلگە ئاپىرىدىغانغا يەنە
تۆگىمىزمۇ بار... ئەمما مەن كېتىشكىمۇ تازا قىزىقمايۋاتى-
مەن، جۇمۇ!

— بەك بەڭۋاشكەنسەن، ئاناڭنى سېغىنمىدىڭمۇ؟

— سېغىندىم، دادامنىمۇ سېغىندىم.

هاۋا قايتا گەپ قىلمىدى. كانۋاي كۆڭلىكى ئۇچىسىغا
چاپلىشىپ كەتكەن يۇسۇپمۇ توڭلىغان، ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ
قىلىشقا هەپسىلىسى قالمىغان ئىدى.

ناهايىتى ئۇزاق بىر چاغدا يامغۇر توختاپ، ئاسماننىڭ ئۇ
يەر - بۇ يەرلىرى ئاقاردى. قارا بۇلۇتلار ئاراچلىرىدىن قۇياش
نۇرى ئوخچۇپ چىقىپ ئورماننى نۇرغا پۈركىدى. ئاچلىق، سو-
غۇق ئىسكەنجىسىدە تۈگۈلۈپ قالغان باللار ئاستا مىدىرلاپ
ئۆزىنى كۈن نۇرىغا قاقلىدى. يۇسۇپ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقان-
دەك گىرىمسەن تۇيغۇغا ئەسىر بولغان، خاتىرىسىدىكى قۇم-
ئاۋات، ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش... دېگەن-
لەر تەدرىجىي سۇسلاشقان، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى مۇشۇنداق-
تەك، كۈنلەر ئەمدى مۇشۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك خىيالەن
بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى.

— هەي، قارىغىنا ! — دېدى خېلىدىن بېرى جىمىپ قال-
غان قىز تۇيۇقسىز ئۈنلۈك ئاۋازدا ، — هەسەن - هۈسەن...

هەسەن - هۈسەن دېگەننى دەرسلىك كىتابىدىن ئوقۇغان،
دادىسىنىڭ چۆچەكلىرىدىن ئاڭلىغان يۇسۇپ خىيالدىن بېشى-
نى كۆتۈردى. دېگەندەك، رەڭگا رەڭ نۇرلاردىن تۈزۈلگەن غايەت
زور نۇر چەمبىرىكىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئاسمان بوشلۇقىغا
بىر كەلگەن، تۆۋەن تەرىپى ياپيېشىل ئورمانلار ئارىسىغا تۇ-
تاشقان ئىدى.

— يۇرە، يېقىنراق بېرىپ كۆرۈپ باقايلى ، — دېدى يۇسۇپ بىر خىل ساددىلىق بىلەن، — ھەسەن - ھۈسەننى تۇتقىلى بولامدىكىن؟

— تۇتقىلى بولمايدۇ ، — دېدى ھاۋا كۈلۈپ كېتىپ.

— سەن قانداق بىلىسەن ئۇنى، ياكى كۆرۈپ باقمىساڭ؟

— مەن كۆرگەن.

— نەدە؟

— بېيجىڭدىكى ۋاقتىمدا مەكتەپنىڭ باغچىسىدا.

— مەن يوقمىدىم؟

— سەن ئۇ كۈنى مەكتەپ كومپيۇتېر مەركىزىدە تورغا چىقىۋېتىپتىكەنسەنغۇ!

يۇسۇپ گەپ قىلماي، ئورمانلار ئارىسىغا كىرىپ كەتكەن رەڭدار نۇر دەستىسىگە ھەيرانلىق بىلەن بىر پەس قاراپ تۇردى. كېيىن ھاۋانىڭ قولىنى تارتىپ شۇ تەرەپكە يۈگۈردى:

— جۇرە، يېقىنراق بېرىپ كۆرۈپ باقايلى.

— ئەخمەق بولمىغىنا، ئۇ ھەسەن - ھۈسەن قانداقمۇ بىزگە يېقىن بولسۇن؟

— يۇرە، بىكار تۇرغىچە!

ئىككى بالا ئورمانلار ئارىسىدا گاھ غايىب بولۇپ، گاھ پەيدا بولۇپ ھەسەن - ھۈسەن تامان يۈگۈرۈپ كەتتى. ئەمما ھەسەن - ھۈسەن ئۇلاردىن ئۈركىگەندەك بارغانچە يىراقلاپ ھېچ تۇتقۇ بەرمەيتتى...

ھاياتلىقتا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بىر ئىشقا بىر ئىش باھانە بولۇپ ئويلىمىغان نەتىجە كېلىپ چىدقىدۇ. ئەگەر بۇ ئالەم تاسادىپىيلىق ئالىمى بولمىغىنىدا ئىدى، كىشىلەر ھاياتلىقتا كۈندە كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرغان نۇرغۇن





ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولار ئىدى. بەزى كىشىلەر دۇچار بولغان ئاقىۋەتتىن قان - ياش يۈتۈپ يىغلىمىغان، يەنە بەزى كىشىلەر تويۇقسىز ئېرىشكەن ئامەتتىن قاھ - قاھلاپ كۈلمىگەن بولار ئىدى. خۇددى شۇنداق بىر تاسادىپىيلىق تۈپەيلى ھەسەن - ھۈسەنگە قاراپ چېپىشىپ كېتىۋاتقان بالىلار يۈگۈرە - يۈگۈرە ئاخىرى ئورماننىڭ بىر چېتىگە چىقىپ قالدى... ئورمانلىقنىڭ ئەتراپى زەي ئۆرلەپ تۇرغان شورلۇق بولۇپ، شورلۇقنىڭ ئۇ تەرىپى قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان ئىدى. بالىلار ئەمدى بىلدىكى، نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزلىرىگە پاناھ بولغان بۇ ئورمان قۇملۇق بىلەن قورشالغان بىر ئويمان يەردەك قىلاتتى.

قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقتى. يامغۇر سۈيىگە قانغان زېمىن كۈن نۇرىدا تاۋلىنىشقا باشلىدى. ئىككى جۈپ كۆز ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە، يىراقتا سوزۇلغان قۇملارغا، ئاستا - ئاستا تىكلىنىۋاتقان قۇياشقا قاراپ شەرق بىلەن غەربكە، جەنۇب بىلەن شىمالغا دىققەت بىلەن قاراپ، تەرەپلەرنى پەرق ئەتمەكچى بولدى.

— ئاۋۇ ياققا قارىغىنا، — ھاۋا ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى ، — قۇملۇقتىن بىر كىملەر چىقىپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ!

بىرئاز چۆچۈپ قالغان يۇسۇپ قىز كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. دېگەندەك كۈن پېتىش تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدىن بىر كىملەر كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئوھۇي، كىمدۇ ئۇلار؟!

— ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالايلىمۇ؟

— بىردەم توختىغىنا قاراپ باقايلى، كىمكىن...

كېلىۋاتقانلار بارا ـ بارا يېقىنلاشتى. بالىلار كەلگۈچىلەر ـ
نىڭ ئېشەك يېتىلىۋالغان ئىككى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىلغا
قىلدى ھەم ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى. يەنە بىر
ھازا ئۆتكەندە يۈسۈپ گويا بومبا پارتلىغاندەك قۇملۇقنى زىل
ـ زىلىگە سېلىپ قاتتىق توۋلاپ كەتتى:

— دادا !...

ھاۋا يۈسۈپكە قاراپ بىر پەس مەڭدەپ تۇردى، كېيىن تۇ ـ
يۇقسىز ئېسىگە كەلگەندەك، كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا ئۇقتەك
ئېتىلىپ كېتىۋاتقان يۈسۈپكە ئەگىشىپ يۈگۈردى...





ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

## سەككىزىنچى باب

## 47

شەرۋانەم پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئىزىدا تۇرالماي قال ـ
دى. قىز ـ ئاياللارنى دېگىنىز بويىدىكى شەھەرلەرگە ئىشلەمچى ـ
لىككە ئاپىرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئۇنى
شەھەر كۆرۈپ ئانىيە ـ مۇنچە ئىش ئۆگىنىش ئىستىكىگە
چىللىغان ئىدى. ئۇ يېقىندىن بېرى خېلى دېلىغۇل بولغان،
خىيالىدا خۇدايىم بەرگەن گۈلدەك ئۆمرۈمنى مۇشۇ بوران ئۇ ـ
ۋىسى قۇملۇقتا ئۆتكۈزۈۋېتەمدىمەن.. ئاڭلىسام ئۇ يەرلەردە
بىر تەرەپكە قارىساڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك دېڭىز،
بىر تەرەپكە قارىساڭ گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن شەھەر كى ـ
شىنىڭ كۆزلىرىنى، ئالىچەكمەن قىلىۋېتەرمىش. بۇ يەردىچۇ؟
بۇ يەردە بىر تەرەپكە قارىساڭ ھالاكەت دېڭىزى — قۇملۇق،
بىر تەرەپكە قارىساڭ قاق بېلىگىچە قۇملۇقنىڭ تېگىدە قالغان
پاكار ئۆيلەر... ئاغزىڭغا بىر قوشۇق ئاش سالساڭ، چىشلىرىڭ
ئاش بىلەن قوشۇپ قۇم چاينىماي قالسا ئۇ ئاش سەن ئۈچۈن
ھارام! ... ۋايىيەي، ئۆزۈمنىڭ يۇرتى، تۇتقان ئۆيۇم، ئۇرۇق ـ
تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا دەپ ئۆتۈپ كېتىدىكەنمىز، لېكىن
بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىدىن

نېمە شەپقەت كەپتۇ؟ ناھايىتى كەلىسە شۇ تويى – تۆكۈندە گۈز ئارا باغاق ئەۋەتىشىپ بىر – بىرىنى چىللاپ تۇسسۇل ئوينىشىپ بېرىدىغان، نەزىر – چىراغدا يىغلىشىپ بېرىدىغان تويى تۇغقىنى، نەزىر تۇغقىنىغۇ شۇ! مۇشۇ كەمدە ئۇرۇق – تۇغقان دېگەنگىمۇ بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا ھۆ بولدۇم، ئىشى ئوڭدىن كەلسە ئۆزىدىن كۆرگەن، پايتىمىسى تەتۈر يۆگەشكەن كۈنى سىز ئۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز، بۇ ئىش بۇنداق بولمايتتى، دەپ ساڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سىڭايان قارىغان! بولدىلا، قاچانغىچە ئەسكى چاپاننى قارا كۆتۈرۈپ يۈرۈيمەن، ۋاي ئاكام، ئاچام، يەتمىش پۇشتۇم دەپ يۈرۈپمۇ خەقكە ياخشى بولالماي ئۆز كۆڭلۈمنى ئاغرىتىپ يۈرگەندىن كۆرە، تايىنلىق پىتلىق چاپاننى ئوتقا تاشلىۋېتىپ پېشمىنى قېقىپ يۈرتتىن چىقىپ، مەنمۇ شەھەر كۆرۈپ كۆزۈمنى ئېچىپ، بولسا ئاز – تولا پۇل تېپىپ، ۋاي كىم دېسە، پالانىمەن دەپ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ يۈرمەيمەنمۇ!

قوش توغراقتىكى قاسىم باخشىنىڭ قىزى قەمەرنىساخاننىمۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يوقاپ كەتكەندە، تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتكەنىشيەي، ئۆتكۈن ئەپكەتكەنىشەي، ئىز-دېرىكى بولماپتىمىشەي، دېگەن گەپلەر تارقىۋىدى، خەق: خۇدايا توۋا... دېيىشىپ ياقىسىنى تۇتۇپ قېلىشقان. شۇ قەمەرنىساخان قايسى كۈنى يوغان بىر خوتۇن بولۇپ قۇمئاۋاتتا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. ئەتراپقا يىغىلغان كىشىلەر قەمەرنىساخاننىڭ ئېرىم دەپ پېشىگە ئېسىلىۋالغان ھېلىقى ئالتۇن چىشلىق يوغان قورساقنىڭ ھەيدىۋالغان قوڭغۇز پىكاپىنى، قەمەرنىساخاننىڭ ئاتىنىڭ تاقىسىدەك ئايخاڭزىنى كۆتۈرەلمەي سوزۇلۇپ تۇرغان قۇلىقىنى، ئوخشىغان كاۋىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىدە





ئويناپ تۇرغان توم ئالتۇن زەنجىرنى، زەنجىردىكى قوڭغۇراقتەك چوڭ ئالتۇن بولوپكىلارنى ، قوۋزىقىنى يېڭىلا سويغان خىل بادىرىدەك ھەم توم، ھەم ئاق بىلەكلىرىدە تولغىشىپ تۇرغان توم بىلەزۈكنى، بارماقلىرىدا بىر – بىرىگە سۈركىشىپ تۇرغان ساپسېرىق قۇيما ئۈزۈكلەرنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشتى. كەنتتە نەچچە كۈنگىچە شۇ قەمەرنىساخاننىڭ گېپى... دوقمۇشتىكى گەپ ئانىسى ھارامزادىلەر تېخى: قەمەرنىساخاننىڭ كىشىگە كۆرسەتكىلى ئۇيۇلىدىغان يەرلىرىمۇ غىچ ئالتۇن بىلەن جابدۇلغانمىش، كىيىمىنى سالسا پۈتۈن تۇرقى ئالتۇن بولۇپ كۆرۈنەرمىش... دېگەندەك گەپلەرنى تارقىتىپ يۈردى. خەق نېمىلا دېمىسۇن، ئىشقىلىپ خۇدايىم قەمەرنىساخاننىڭ تەلىيىنى ياقا يۇرتتىن ئېچىپتىكەن، شۇ يىلى ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە سۇ چىقماي، بۇغداي ئېتىزىدىكى مايسىلىرى ھاللاپ كەتتى. ئۆيدىكىلىرى قىشتىن چىقالماي، ئاخىرى نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئالىدىغانغا تىزىملاتتى. قەمەرنىساخان يۇرتتا بولغان بولسا، بۇ چاغقا پوتلىسى تانا باغلاپ، بېشى ئالدىغا، سۆڭگىچى كەينىگە چىقىپ قالغان دوڭغاق موما گىجىك بولۇپ قالاتتى. مانا ئەمدى كىم دېسە، مانا مەن دەپ ھەممىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقاردى. مەنچۇ؟ مەن مانا شۇ ھالدا ئولتۇرۇپتىمەن، مەن شەرۋانەم يا ياشلىقتا، ياكى چىراي جەھەتتە قەمەرنىساخاندىن قېلىشمايمەن، لېكىن بولار يېرىم مۇشۇ. شۇڭا مەنمۇ چىللىدىن ئاستا مىدىرلاپ بىر ئىشنىڭ يولىنى تۇتاي...

شەرۋانەم ئاستىن – ئۈستىن خىياللار ئىلكىدە تۆت يولنىڭ دوقمۇشىدىكى كەنت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. قورۇ ئىدىكى چىنارنىڭ سايىسىدا ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى پۇراپ

تۇرىدىغان نەچچە ئون سېكىلەك تىرىنقىنى تاتىلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئاتا ـ ئانىسى نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك تەشۋىشلىك بىر كەيپىياتتا بىر ـ بىرى بىلەن كۇسۇرلىشىپ تۇراتتى.

«ھەممە نېمىدىن ئۈركۈپ تۇرىدىغان بۇنداق چىلگە سۇيىملارنى ئىشلەمچىلىككە ئاپارسا قانچىلىك ئىش قىلالايدۇ ، — دەپ ئويلىدى شەرۋانەم ئۇلارنى ياراتمىغاندەك مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ، — ... ئاشۇنداق ئۇششاق شۇملارنى شەھەر ئاتلىتىپ بىر يەرگە ئەۋەتكىچە ئانىسى ئالتە قوينى ئالدىغا سېلىپ بېقىپ كىرىشكە چىقارتىپ باقسۇنچۇ قېنى، شۇ چاغدا ھالىنى كۆرىمىز. بۇ غوجىخان قىرىسىمۇ پېيىنى بوغمىغان تەخەينىڭ چىشىنى بېقىپ يۇرۇيدىغان ئەسكى خۇيىدىن قالماپتۇ، قاچان ئادەم بولىدىكىن بۇ تازا!... ئۇنداق ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن شەھەرلەرگە دېگەن مۇنۇ ئۈركەكلىك مىكىجىنلارنى يىغىپ ئاپارماي، مانا بىزدەك يېگەن ـ ئىچكەندەك، سوقا سەندەلدەك پىشقان چوكانلارنى ئاپارسا بولىدۇ...»

شەرۋانەم بىر كۆزى ئالدىدا، بىر كۆزى كەينىدە دېگەندەك مېڭىپ غوجىخاننىڭ ئەينەك دېرىزىلىك، ئىچىگە لۆم ـ لۆم ئورۇندۇقلار قويۇلغان ئىشخانىسىغا ئۇسۇپ كىرگەنلىكىنى تۇيماي قالدى. غوجىخان يېزىدىن كەلگەن بىر كادىر بىلەن يېڭىلا تىلىنغان تاۋۇزلارنى يېيىشكەچ بېشىنى بىر يەرگە تىقىپ كۇسۇرلىشىۋاتقان بولۇپ، چوكاننى كۆرۈپ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى:

— بېشىنى باغلىمىغان ئىنەكتەك ئۇسكەكلەپ كىرگىنىنى!... ماۋۇ سىزنىڭ دېگىنىڭىز ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانىسى جۇماڭ، شەرۋانخان!





شەرۋانەم ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۆزىگە نىسبەتەن ئەزەلدىن ئىككى چىشلىق كېۋەزدەك ھېجىيىپ، قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ شۆلگەي ئېقىتىپ يۈرگەن مۇنۇ غوجامنىڭ تەلەتىنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. شۇنداقتىمۇ چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئالدىدىكى بەڭگە مىجەزنى يەڭمەكچى بولدى:

— ۋايجان... بوشراق ئاچچىقلانسىلا سېكرېتار ئادەمگە... ھېلىمۇ ئالتە ئاي يازنىڭياقى ئىشخانىلىرىغا قەدەم بېسىشىم مۇشۇ. كىشىدىن سەل ـ پەل خاپا بولۇپ قالسىلا، قىلىدەك ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئۆيلىرىنى ئېلىۋالىدىكەنلا، خۇددى...

ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ دەپ، شەرۋانەمنىڭ كونا قەدىناسلارغا گەپ قىلغاندەك ناييناقلاشلىرى، غوجىخاننى ئاپتاپقا قاقلىغان مۇزدەك ئېرىتىۋەتتى:

— ھە... قانداق ئىشەك يوق، كەپ قاپتىمىزغۇ؟

— شۇ، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشەي دەپ ... — غوجىخاننىڭ ئۆزەڭگىدىن چۈشكىنىنى كۆرگەن شەرۋانەم بىر ئاز جانلىنىپ نازلىق جىلمايدى ، — سىلىگە دەيدىغان گېپىم چىقىپ قالدى.

— بۈگۈن سېنىڭ مەھەللەڭدە كۈن پېتىشتىن كۈن چىققان ئوخشايدۇ ، — دېدى غوجىخان قورسىقىنى تۇتقىنىچە تالاغا چىقىپ كېتىۋاتقان كۆزەينەكلىك كادىرنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ، — گېپىڭنى ئاڭلىغىلى ئارقىغا چىقامدىم ياكى مەشەدە دەيدىغان گەپمىدى؟

— ۋۇجان... ئادەمنى تولا زاڭلىق قىلمىسىلا سېكرېتار ، — دېدى شەرۋانەم يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ، — بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئارقىدا دەيدىغان نېمە گەپ بار ئىدى؟

— ئارقىدا دەيدىغان گېپىڭ بولمىسا، دە ئەمىسە گېپىڭنى، سەندىنغۇ ئىنجا كۆتكىلى بولىدىغان خوتۇن ئەمەس!

— مۇنداق گەپتى، — دېدى شەرۋانەم بىر ئاز ئەپسىزلىك ئىچىدە دۇدۇقلاپ، — مەن چوڭ شەھەرلەرگە ئىشلىگىلى بارىدىغان قىز باللارنىڭ قاتارىغا تىزىملىتاي دەپ كەلگەن.

— نېمە دېدىڭ، شەرۋانەم ؟ — دېدى غوجىخان زەي بويىدىكى چىملىقتەك قويۇق ساقال باسقان ئىڭىكىنى ئۇچلاپ، — سەن ئۆزۈڭنى ئاشۇ مۇندىلەك قىزلارنىڭ قاتارىدا پۇل تاپقىلى بارسام دېدىڭمۇ؟

— ھەئە.

— ئەپتىڭگە قاراپ بېقىپ گەپ قىلغىنە پوپۇش، ھەي !

— غوجىخان شەرۋانەمنى ياراتمىغاندەك، ئۇنىڭ ئاپتاپپەرەستەك يوغان - يوغان لەيلىگۈللۈك ئالا - يېشىل گىرىپ كۆڭلەك ئىچىگە لىققىدە كەلگەن سېمىز ئەپتىگە باشتىن بويى قاراپ قويدى.

— ۋييەي، مەن بولمامدىمەن ؟ — شەرۋانەممۇ ئۆزىنىڭ ئۇستۇۋېشىغا بىر قاراپ كەينىگە داجىدى.

— ئۇ يەرگىچۇ، يېڭى مەكتەپ تۈگەتكەن، ئۆزى چىرايلىق، توي قىلمىغان، سالتاڭ قىزلارنى تاللاۋاتىمىز.

— ۋۇي مېنىڭ كەينىمدىمۇ يىغلاپ قالىدىغان بالام، مۆرەپ قالىدىغان كالام يوق، ھە دېسىلە بوغجىمامنى قولتۇقۇمغا قىسىپ ھازىر بولىمەن - يا، سېكرېتار.

— ماڭ، ماڭە نېرى! ھەممە ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق شەرتى بار، بارىمەن دەپلا بېرىۋالغىلى بولىدىغان يەر ئەمەس، ئۇ.

— ھۇي، گەپنى ئۇنداق كېسىۋەتمەي بىر ئويلىنىپ باقسىلا، مېنىڭ ئۇ قىزلاردىن قالىدىغان يېرىم يوق. ياكى بىر





يېرىم كەم، ئەيىپناق ئەمەس. ئانام مۇشۇ ھەپتە خوتەندىن قايتىپ كەلسە، ئۆيمۇ يالغۇز قالمايدۇ. تېرىلغۇ يەرلىرىمگە ئاكامنىڭ ئوغۇللىرى قاراپ قويىدۇ...

— ئاناڭ ئەمدى يېنىپ كېلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى غوجىخان بىر خىل خۇرسىنىش ئاھاڭىدا.

— ھەئە، يەكشەنبە كۈنى يېزا بازىرىدا تېلېفونلاشقان، نەۋرىسىنىڭ قۇملۇقتا ئېزىپ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ يىغىنى سالدى، دېسىلە.

غوجىخان تاماكا يۆگەپ كۈچىنىپ شوراشقا باشلىدى. كېيىن شەرۋانەمگە تىكىلىپ:

— ئاكاڭ ئاشۇنداق بىسەرەمجان يۈرسە، سەن ئىچكىرىگە كەتسەڭ قانداق بولىدۇ، بۇنى ئويلىمىدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەر ئىشنىڭ يولى باشقا سېكرېتار ، — دېدى شەرۋانەم ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ، — ئۆلگەننىڭ كەينىدىن بىللە ئۆلۈۋالغىلى بولمايدىكەن. يەنە مىدىرلاپ تىرىكچىلىك قىلمىساق بولماس... شۇڭا بېرىپ ئاز - تولا پۇل تېپىپ ھاللىنىپ كېلەي دەيمەن.

— بۇ ياشقا كىرگەندە ئۇنداق خىيالدا بولغىچە، ئەرگە تەگسەڭچۇ.

— ۋۇجان... ئادەمنىڭ ئۇۋاتقىسىنى كەلتۈرمىسىلە ، — دېدى شەرۋانەم يەنە نايناقلاپ ، — ئەرگە كەلگەندە خۇدايىم زوۋۇلمىزنى كىچىك ئۇزۇپ قويۇپتىكەن بىزنىڭ، شۇڭا ئەردىن تەلىيىمىز چىقماي مۇشۇنداق تۇل خوتۇن بولۇپ ئولتۇردۇق. يۇرت ئىچىگە قارىسامغۇ مېنىڭ سىڭا جەينىكىمگە توغرا كەلمەيدىغان نەدىكى بىر ئاجىز - ئاۋاق چوكانلار نى - نى قا-

ۋۇل نوچىلارنى ئېرىم دەپ پېشىگە ئېسىلىپ يۈرۈيدۇ. لېكىن مەن ئۈزاق ئولتۇرۇپ قالدىمغۇ تاڭ... بولمىسا خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى بەش نامازنى قازا قىلمايمەن، ھەر ۋاق نامىزىمدا خۇدايىمغا يىغلاپ كۆڭلۈمدىكىدەك ئەر تىلەيمەن...

— ۋاخ... ھا، ھا، ھا،...ھا...ھا... — غوجىخان شەرۋانەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۆكۈۋەتكىنىگە ۋالاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئالدىدىكى ئادەمگە يېلىنىپ بولالماي نېمىلەرنى دەپ سالغانلىقىنى تۇيماي قالغان چوكان، قاتتىق كۈلكىدىن چۆچۈپ ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى. غوجىخان بولسا كۈلكىدىن توختاپ ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى:

— مەن تېخى ھېلىقى كېچىسى قىلغان قىلىقىڭغا قاراپ سېنى ئەركەك زەدەك ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىكەنمەن شەرۋانەم. سەنمۇ قان بىلەن گۆشتىن پۈتكەن ھېسسىياتچان بىر خوتۇنكەنسەن ئەمەسمۇ، مانا! قانداق، ئەمدىغۇ پەيلىڭدىن يانارسەن، ئاناڭ قايتىپ كېلىپ ساڭا قورۇقچى بولغىچە بىر قېتىم...

— ۋۇجان... ئادەمنى تولا گەپكە سالماي، بايىقى گېپىمگە بىرنېمە دېسىلە، سېكرېتار. بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ دەپ، مەنمۇ ئاشۇ شۇملارنىڭ ئارىسىدا بىر شەھەر كۆرۈپ ئاز - تولا پۇل تېپىپ قالسام ئەجەب ئەمەس.

— دېدىمغۇ شۇ، ئۇ ئىشقا ساپلا توي قىلمىغان قىزلارنى تىزىملاۋاتىمىز دەپ، ئەگەر تىزىملاپ قويسام ھامان يۇقىرىنىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەيسەن.

— بىر ئامال قىلارمەن.

— قانداق ئامال؟

— مەنمۇ ئاشۇ قىزلارنى دوراپ چېچىمنى قىرىقتال قىلىپ ئۆرۈپ چىقاي، ئۇچامغا ئەتلەس كۆڭلەك، ئەتلەس تامبال





كىيىپ، قېشىمغا ئوسما قوياي، تەكشۈرۈشتە ئالدىدا تۇرۇۋالماي، قىزلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋالاي... قالغان ئىشنى ئەپلەشتۈرىدىغانغا ئۆزلىرى بولغاندىكىن چانماي ئۆتۈپ كېتەرمەن...

— ۋاخ... ھا، ھا، ...ھا...ھا ... — غوجىخان يەنە كۈلۈپ كەتتى. كۆيۈپ، تۈگەپ بارماقلىرىنى كۆيدۈرۈۋاتقان تاماكىسىنىڭ كۆتىكىنى ئاخىرقى قېتىم شوراپ ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىغاندىن كېيىن شەھۋەتلىك كۆزلىرىنى شەرۋانەمگە تىكتى ، — ئەمىسە ئاخشاملىققا ئاشۇنداق ياسىنىپ ئىنىسى - جىنىغا تۇيدۇرماي ئىشخانامغا كەل، ئاۋۋال مەن بىر كۆرۈپ باقاي...

— بولمايدۇ، بولمايدۇ ! — كۆزەينەكلىك كادىر كەمىرىنى چىڭىتقىنىچە ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇرنىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئەينىكىنىڭ ئۈستىدىن غوجىخانغا ئەيىبلەش نەزىرىدە قارىدى ، — بېشىڭىزدا خامان چۆرگىلەيدىكەن، سېكرېتار سىزنىڭ!

شەرۋانەم كەنت ئىشخانىسىدىن باراڭدا يىگىلەپ قالغان كاۋىدەك سالپىيىپ، يېنىپ چىقتى.

## 47

ھەسەن خالۋاپنىڭ ھويلىسى جىمجىتلىقتا چۆككەن بولۇپ، نەۋرىلەرنىڭ قەغىشىمۇ ئاڭلانمايتتى. نازىلخان، پىننەخان ئىككىيلەن ئايۋاندىكى سۇپىدا ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ، رەڭدار قىرىندى لاتا - پېتىلەردىن قۇراق قۇرۇپ تەكىي تىكىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق كۆرپىدە خىرىلداپ ئۇخلاۋاتقان مۈشۈك ئائىلىدىكى خاپىلىق، تەشۋىشتىن بىخە-

ۋەر، غەمسىز ياتاتتى.

ئەپچىللىك بىلەن قۇراق ئۇلاۋاتقان پىننەخان ئىختىيار-سىز مۇشۇككە قاراپ خىيالغا چۆكتى: «ھەيرانمەن، مۇشۇ ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇكتەك غەمسىز، دۆلەتمەن يەنە بىرى تېپىلامدىغاندۇ، مانا، ئۆيىنىڭ قايېرى پاكىز، يۇمشاق بولسا شۇ يەرگە چىقىپ خىرامان ئۇخلايدۇ، قىشنىڭ كۈنى ئوچاق بېشى-دىن چۈشمەيدۇ، ئاش - نېنى تەييار، قورساقتىن غېمى يوق، خۇشى تۇتۇپ قالسا ئانچە - مۇنچە چاشقان مارىلاپ قويىدۇ، بولمىسا مۇشۇنداق ئۇخلايدۇ. كېچىسى تالاغا چىقىپ باغمۇ باغ چېپىشىپ يۈرۈپ جۈپ تېپىپ مۇڭلۇق مىياۋلاپ ماۋغا چۈشى-دۇ... بىز ئادەملەر بولساق پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە. بىز قورساق، كىيىم - كېچەك غېمى ئۈچۈن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن جاپا تارتىمىز، ئويلىمىغان خاپىلىق، مۇشكۈللەرگە ئۇچراي-مىز... تېخى مەندەك كىشىگە كېلىن بولۇپ كىرگەن شور پې-شانىلەر كۈندە قېيىنئانىسىدىن تىل - دەشنام ئاڭلايدىغان، قورساق كۆپۈكى دەردىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلايدىغان گەپ...» شۇ مىنۇتتا مۇشۇك تۇيۇقسىز ياتقان جايىدىن تۇردى. پىننەخاننىڭ خىيالىنى بىلىپ قالغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ راسا بىر كېرىلىۋالغاندىن كېيىن سۆپىنىڭ لېۋىگە كەلدى - دە، دەرۋازىغا قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئالدى ئوڭ پۇتىنى تىلى بىلەن نەمدەپ يۈز - كۆزىنى سىيپاشقا باشلىدى.

— ۋېيەي... ۋۇي قارىسىلا، ئا مۇشۇككە! — دېدى پىن-نەخان قېيىنئانىسىغا قاراپ.

— نېمە بولدى؟ — نازىلخان ئىشتىن توختاپ كەينىگە قايرىلدى.

— يۈزىنى يۇيۇۋاتىدۇ، قارىسىلا.





— ئوش ... — دېدى نازىلخان، — مۇشۇك دېگەننىڭ قىلماس قىلىقى يوق.

— مۇشۇك ئىشىككە قاراپ يۈزىنى يۇسا ئۆيگە مېھمان كېلەرمىش!

— بىئىمانى گەپ قىلمىسىلا، بالام!

— راستىمىش، ئانا.

— راستلىقىنى سىلە قانداق بىلىلا؟ — دېدى نازىلخان تۇڭلۇق بىلەن.

— بۇ بۇرۇندىن بار گەپ، ھەممە ئادەم شۇنداق دەيدىكەن-غۇ.

— خەق دېگەن ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ، ئىشلىرىنى قىل-سىلا تايىنى يوق گەپ قىلماي! — نازىلخان كېلىنىگە خېلى كايىدى. ئاندىن كىگىزدە تۇرغان كۆتمەك سۈپۈرگىنى ئېلىپ مۇشۇكنى قوغلىدى، — پەش كاپىر!...

يانپېشىغا سۈپۈرگە يېگەن مۇشۇك سەت بىر مىياڭلاپ قاچتى. يەنە دەككىسىنى يېگەن پىننەخان لاسىدە بوشىشىپ، بادام قاپاقلىرىنى يېمچىقلىتىپ قالدى ھەم توم كالپۇكىنى چىشلەپ، كۆزلىرىنى قىزارتىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن دەس ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە بارىلا؟ — دېدى نازىلخان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ.

— ئەمدى چىقىپ كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزمىسەم بولماس، بولمىسا ئەتە كەنتتىكى قاپىقى يامانلار تەكشۈرۈپ كەلسە، كې-ۋەزنىڭ ئۆسۈمىنى توختاتمىغان، بەك ئۆستۈرۈۋەتكەن دەپ تويغۇزغىلى تۇرا، ھېلى!

— چۈشتىن بۇرۇن تۈگىمىگەنما؟

— ئېرىق بويىدىكى ئېتىزنىڭ كېۋىزى شۇنداقلا بار، هاۋا قىزىپ كېتىپ يېنىپ كىرگەن.

— ۋايجان، ۋايجان... چۇمۇلىدەك مىسلىداپ، قىلغان ئىشلىرى ئاۋۇمايدىكەن زادى... بولسا بوگۈن تۈگىمىسە، ئاشۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئۆزۈم چىقاي، جۇمىسىلا!

— چىڭراق تۇرسام كۆن ئولتۇرۇپ كۆز باغلانغىچە تۈگىتەلەيمەن، — پىننەخان شۇنداق دەپ تاغارنى كۆتۈرۈپ ئېتىزلىققا يول ئالدى. كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان مۇنچاق - مۇنچاق ياشلار ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە بەكمۇ تەستە كېلىن بولۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارا قىلغان ئىدى. هۇسىيناخۇن ئۆيدە ۋاقتىدا قىزىق گەپلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ، چوڭلاردىن تىقىشتۇرۇپ يۇرۇپ ئۇنى - بۇنى ئەكىرىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالاتتى. مانا ئەمدى ئۇ يوق. هېلىقى ئەتىگىنى قاق سەھەردە دادىسى بىلەن چىقىپ كەتكەنچە ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق... بۇنداق كىشىنىڭ ئۆيىدە تىل - دەشنام ئىشتىپ بوينى قىسىلىپ يۈرگىچە كۆدە - كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپلا ئانىسىنىڭكىگە كېتەي دېسە، ئەمدى ئىككى قات بولۇپ قالدى. ئانچىكى ئىشلارنى دەپ ئارىدا ئارازچىلىق پەيدا بولسا، ئۇ ئۇنى دەپ، بۇ بۇنى دەپ ئىشنىڭ يامىنى چىقىپ، بالىنى يېتىم قىلىدىغان گەپ...

— يىغلاپسىزغۇ، يەڭگەم؟

پىننەخان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا تاغار يۇدۇۋالغان ئېپى يەڭگىسى روزىگۇل كېلىۋاتاتتى.

— هە... ئۆزۈمچىلا... — پىننەخان ئوڭايسىزلىنىپ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى.

— هۇسىيناخۇننى سېغىنغان ئوخشايسىز - هە ؟ — روزىگۇل لىق ئوت چىگدالغان تاغارنى يەردە قويدى. پىننەخان بولسا گەپ قىلماي، نەچچە يۈز قەدەم نېرىدىلا ئېتىزلارنى بېسىپ كېلىۋاتقاندەك چوقچىيىپ تۇرغان قوم بارخانلىرىغا قارىدى.





— ئەينا ئېرىڭىزنىڭ يولىغا قاراۋاتىسىز، كۆڭلىڭىزدىكىنى تاپقان ئوخشىيمەن ئۇكام، هە؟

— سىزچۇ ، — دېدى پىننەخان يەڭگىسىنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن دېۋەز چىرايىغا قاراپ، — يۇنۇس ئاكام ئېلىش بېشىغا هاشارغا كەتكەن باھانە بىلەن قايتىپ كەلمىدى. شۇنىڭياقى ئۇنى نەچچە قېتىم چۈشەكەپ قالغانسىز؟

روزىگۇل كۈلۈپ كەتتى ھەم پىننەخاننىڭ كېۋەزلىكتە يۈرۈپ ئۇسما سىققاندەك كۆپكۆك بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى بىر خىل يېقىنچىلىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاھا...ي، ئەر دېگەننى سېغىنماي قالامدۇ، كىشى... بىز يا تېخى قېرىپ، ئاغزىدا چىشى قالمىغان موماي بولمىساق.

— ئەمىسە ئىز - دېرىكىنى قىلىپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟

— قويۇڭا ئۇكام، ئەخمەقنى هارماڭ دېمەڭ، هارغاندا ئۆزى توختايدۇ، دەپ، ئوينايدىغاننى ئويناپ، خەجلەيدىغاننى خەجلەپ تۈگەتكەندە بىر كۈن دىۋاندەك بويىنىنى قىسىپ يەنە پەيدا بولىدۇ. مەن كىشىگە تىنىمىغان بىلەن ئۇ غوجام خېلى بۇرۇن بۇزۇلۇپ بولغان، خېنىم!

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغاندۇ، زادى... ياكى سىزدىن ئۆتۈلگەن يېرى بارمۇ - يا؟

— مەندىن نېمىسى ئۆتۈلەتتى ، — دېدى روزىگۇل بىر ئاز قىزىشىپ سۆزلەپ، — نىكاھىغا كىرگەن ئون يىلدىن بېرى ئېرىم دەپ هۆرمىتىنى قىلدىم، ئۈچ ۋاق ئاش - تامىقىنى

ئېتىپ كىرىنى يۇدۇم. ئىش - ئوقەتنىڭ كەينىدىن ماڭىمەن دېسە، كەچ قالماي كېلەرسىلە دەپ چىرايلىق يولغا سېلىپ قويدۇم. ئاز - تولا پۇل تاپقاندىن كېيىن خورىكى يوغىنىدى، هاراققا ئۆگەندى، تالاغا ئۆگەندى. مانا ئەمدى مەندىنمۇ، چۆچۈرىدەك ئىككى بالىسىدىنمۇ تاندى. مەندىن ئۆتۈلدى دېيىلسە، غوجامنىڭ ئەيىبى ئاشكارا بولغاندىن كېيىن ئەھلىمەھەللىدىن نومۇس قىلىپ داۋراڭ سالالمىغان، كىشىگە تىنالمىغان يېرىم بار شۇ.

— بىر مەزگىل يامانلاپ ئولتۇرسىڭىز، ئۇلاغ - ئىلمەك، ئېتىز - ئېرىققا قارايدىغان ئادەم بولمىغاندىكىن پەيدا بولارمۇ - يا؟

— بۇ ياشقا كىرگەندە نەگە يامانلايمەن، مەن ؟ — دېدى روزىگۈل مەھەللە تەرەپكە قاراپ قويۇپ، — مەن ئۆگەي ئانامنىڭكىگە يامانلاپ ماڭسام، ئاۋۇ ئۈچ بالا كەينىمدىن ئەگىشىپ بارىدۇ. سىز بىر كىمگە تىنمايسىز، دادامنىڭ بىز ئۈچ جاننى باققىدەك هالى يوق، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە ئاران يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆگەي ئانامنىڭ دەردى... يەنە بىر راۋدا مەن ئۆينى بىكارلاپ بەرسەم، غوجامغا هېيت بولىدۇ، كەينىدىن ۋىژىلداپ يۈرگەن قىرقىم چاچتىن بىرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ موككىدە بېشىنى تىقىۋالسا، ئۇ چاغدا توققۇز - ئون يىلنىڭياقى ئېرىم، ئۆيۈم دەپ جاپا تارتقان مەن روزىخان نەدە قالىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە گېپىمنى چوڭ قىلىپ ئۆيدە مەزمۇت ئولتۇرغىنىم ياخشى. شۇڭا خاپا بولساممۇ بەك ئىچىمگە ئېلىپ كەتمەي، ئىش - كۈشلىرىمنى جاي - جايىدا قىلىپ مۇشۇنداق ئولتۇردۇم... ما ئۆيدە خوتۇنۇم بارتى، بالام بارتى دەپ كەلسە مانا ئۆي، مانا روزىخان، ناۋادا تالادىكىسى بەك تېتىپ كېتىپ،





كەلمەي قالسا ئۆزىنىڭ پېشانىسى... ئىشقىلىپ ئەخمەق روزىخان يوق ئۇكام قۇمىئاۋاتتا!

پىننەخان يەڭگىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى هەم ئۇنىڭغا هەۋەس قىلغاندەك دېدى:

— سىز بەك يامانكەنسىز جۇما روزىگۈل ئاچا. مېنىڭ بېشىمغا ئۇنداق كۈن كەلگەن كۈنى بىر چاڭگال چاشقان دورىسىنى كاپ ئېتىپ ئۆلۈپ بەرمەكتىن باشقا ئامالىم يوق.

— خوتۇنى ئۆلۈپ بەرسە ئېرىگە پايدا، شۇ.

— قانداق دەيسىز؟

— خوتۇنىنىڭ ئورنىغا قىز ئالىدۇ... مەن سىزگە دېسەم، خوتۇنى ئۆلۈپ قالغان ئەرلەر خوتۇنىنىڭ مېيىت نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ، ئەمدى كىمنى ئالسام بولار دەپ خىيال سۈرەرمىش، بېلىگە قارىماق باغلىۋېلىپ، خوتۇنىنىڭ يەتتە نەزىرىسىگە كەلگەن قىز - ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە خوتۇن ئىزدەرمىش...

— ئۇھۇ... ئا بېشىڭنى يېگۈرلەرنى ! — پىننەخان ئىچىدگە تىنىپ توۋلاپ سالدى ، — مەن تېخى مۇشۇ كەمدە نېمە ئۈچۈن نەزىر - چىراغقا قىز - ئاياللارنى ئانچە چاقىرماس بولۇپ كەتتىكىن دەيمەن، تېخى!

— شۇ گەپ خېنىم... شۇڭا هەرقانچە بېشىڭىزغا كۈن چۈشسىمۇ هېلىقىدەك چاشقان دورىسى يەۋالىدىغان يامان خىيالنى قىلماڭ، جۇمۇڭ .

— ماقۇل.

— بۇنى دېمىگەندىمۇ ، — دېدى روزىگۈل يەنە بىر گېپىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، — سىزنىڭ ئېرىڭىز خوتۇن كىشىگە ۋاپادار كۆرۈنىدۇ، مېنىڭ ئېرىمدەك ئۇچمە كۆڭۈل ئەمەس.

— قانداق دەيسىز؟

— خۇي - پەيلىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ.

— ئىككىسى ئاكا - ئۇكا تۇرسا...

— ئاكا - ئۇكا بولغان بىلەن ئىككىسى ئىككى دۇنيا، مىجەزى قەتئىي ئوخشىمايدۇ.

— توۋا ... بىر دادا، بىر ئانىنىڭ باللىرى تۇرۇپمۇ ھە!

— كونىلار باللىۋاقىسىنىڭ خۇي-مىجەزىگە قاراپ: «ئادەمنىڭ قورسىقىدىن ئارغامچا - توقۇناق چۈشمەيدۇ، ئاندىن باشقا ھەممىسى چۈشىدۇ» دېيىشىدىكەن. شۇڭا، ئىككىمىزنىڭ ئىرى ئىككى دۇنيا. سىز ئىرىڭىزدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

يەڭگىلەرنىڭ مۇڭدىشىشى تۈگىمەيۋاتقاندا، ئۆي تەرەپتىن بىرىنىڭ ئالىقانلىرىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ توۋلىشى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. پىننەخان ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان ئاۋازنى تونۇپ قىن - قىنىغا پاتماي قالغان بىر خۇشلۇق بىلەن:

— ھۇي... ھۇسىيناخۇن كەپتۇ! — دېدى. ئۇ يەڭگىسىنى خۇش دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ مەھەللە تەرەپكە يۈگۈردى.

— مانا دېمىدىمىمۇ! — روزىگۈل يەڭگىسىگە مەستلىكى كەلگەنچە تۇرغان ئىزىدا قالدى.

## 48

پىننەخان ئۆينىڭ كەينىدىكى باغ ئىشىكىدە ئىرىگە بىر پەس قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ھۇسىيناخۇن ئورۇقلاپ ئاپتاپقا سالغان شاپتۇلدەك مونەكلىشىپ قالغان ئىدى.

— نېمە بولدى؟ خۇددى بىر كىم شۇمۇرۇپ شورىۋالغادەك ... — كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ قالغان پىننەخان ئاران شۇ گەپنى قىلالىدى.





— نېمىگە يىغلايسىز، خوتۇن ؟ — دېدى ھۇسىيناخۇن ئۇنى ھازىرلا قۇچاقلىۋالىدىغاندەك ئالدىغا چامداپ .

— مەن، ئەمدى كېلەلمەي قالامدىكىن دەپ قورققان...

— مانا كەلدىمغۇ.

— كەلمىگەن بىلەن بولمايدۇ ، — دېدى پىننەخان ياش يۇقى كۆزلىرىدە كۈلۈپ، — يېقىنراق كېلىڭلا، يېقىنراق ...

— ئۇ ئىرىنىڭ قولىنى تارتىپ ئەكىلىپ كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن قورسىقىنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئانام قورسىقىڭىزنى ئاچ قويدىمۇ؟

— ياق.

— نېمە، ئەمىسە؟

— بالاڭ گاچا، بالاڭ... شۇنىمۇ بىلمەيدۇ، گۆلەش!

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ... — ھۇسىيناخۇن خوتۇنىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى ھەم شۇ گەپنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك بېشىنى ئېگىپ قۇلىقىنى خوتۇنىنىڭ قورسىقىغا ياقتى ، — قېنى تېپچەكلىگىنىنى بىر تىڭشاپ باقاي...

— ئۆھۇ ! — بىرىنىڭ كالتە يۆتىلى ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى چۆچۈتىۋەتتى. چۆچۈپ كەينىگە داجىشقان بۇ ئامراق ئەر - خوتۇنلار ئوتياشلىقتا تۇرغان ئانىسىنى كۆرۈپ، بىر - بىرىدىن يىراقلاشتى.

ئوڭايسىزلىنىپ كەتكەن پىننەخان يەردىن ئۈستۈن قارىماي ھويلىغا كىردى. قېيىنئاتىسىنى، قېيىنئىنىسىنى يەنە ئاراڭاۋاتتىكى قۇدىلىرىنىڭ قىزىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن بىر -

بىرلەپ تىنچ - ئامانلىق سورىدى. بىچارە قېيىنئاتىسىنىڭ بۇ بالىلارنى قەيەردىن تېپىپ كەلگەنلىكىگە ھەيران قالدى. ئۇرۇق - تۇغقانلار، قوشنىلار بىر - بىرلەپ ئەھۋال سوراپ كىرىشكە باشلىدى. بەزىلەر ئايۋاننىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ ھەسەن خالۋاپتىن نەگە بارغانلىقىنى، بالىلارنى قانداق تاپقانلىقىنى سورىسا، بەزىلەر يۇسۇپ بىلەن ھاۋاغا شۇبھە بىلەن قاراپ كۆڭلى گۇمانىي خىياللارغا كېتىپ قالغان ئىدى. تۆۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھەسەن خالۋاپ بولسا گەپ - سۆزلەردىن ئىمكان قەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ جىق گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. بولۇپمۇ ھېلىقى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ دۇنيانىڭ جەننىتى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمەيتتى. بۇ ھەقتە ھۇسىيناخۇنغىمۇ بىر كىمگە تىنماسلىق توغرىسىدا گەپ جېكىلەپ ئۈلگۈرگەن ئىدى.

پىننەخاننى يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا سېلىپ، ئۆزى قازان قولتۇقلاپ يۈرگەن نازىلخان، ھويلىغا كىرگەندىن بېرى ئۆيۈمگە كېتىمەن، دەپ دەرۋازىغا تەلپۈنۈپ تۇرغان ھاۋاغا قاراپ بوراندەك تۇتۇلۇپ قالغان ئىدى... «توۋا، ئۇچىسىدىكى تىتما - كاتاڭ يىرتىلغان كۆڭلەككە نېمە كۈچ كەلگەندۇ، بېقىنى قىدچىشىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئېغىنىغاندىمۇ... چاچلىرى ئالۋاستىنىڭكىدەك چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. بېشىنى تاراپ، چېچىنى ئۆرۈپ ياغلىق ئارتىشنى بىلمەمدىغاندۇ...» دەپ بىچارە قىزنى ئىچىدە مىڭنى تىللايتتى ھەم ئۇنى كۆزۈمدىن تېزراق يۇتىسكەن، مۇشۇ شىتىلىدە بىر گەپ بولمىسا، ئىككىسى تەڭ غايىب بولۇپ كېتەمدۇ... دەپ ئويلايتتى. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتا ھېچ ھالى قالمىغان ھاۋامۇ يۇسۇپنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆزدىگە نەچچە قېتىم يەرنىڭ تېگىدىن قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ،





مەن ئۆيگە كەتسەم بولاتتى، دەپ تۇرۇۋالدى.

— چىندەك تۇختىسىلا بالام، — دېدى سۇپىغا چاپلىشىپ ئولتۇرغان ھەسەن خالۋاپ قىزنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — قازان قايىنىسا قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ ئاندىن بىرەرسىمىز ئاپىرىپ قويايلى.

— ئاشۇنداق قىلايلى، — دېدى ھۇسىيناخۇنمۇ دادىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — ئاڭغىچە ئا تۆگە بىلەن ئېشەكمۇ بىرئاز بوغۇز يەپ ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن، ئاندىن شاققىدە ھارۋىغا قوشۇپلا...

نازىلخان نارازىلىق ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە بىر قاراپ قويۇپ چۆمۈچنى تاراڭ - تۇرۇڭ قىلىپ قازانغا ئۇرغانچە لەڭمەنگە قورۇما قورۇشقا باشلىدى. كۆڭلىدە بولسا «نەدىن پەيدا بولدى، سەت ئاي مۇنچاق! نۇربۇۋىنىڭ خاپىلىقىدىن ئەمدىلەتىن كۆڭلۈم تىنجىپ تۇرۇشۇمغا، بۇ ئادەم سۈرەتلىك جىن پەيدا بولۇپ، كۆزى ئېچىلمىغان ئوغلۇمنى ئېلىپ قاچتى. بىزنى ئوننەچچە كۈننىڭياقى بالا ئىزدىتىپ چىقتۇرمىغان دۆڭ، كىرگۈزمىگەن ئازما قالمىدى. مانا ئەمدى يەنە ئاشۇ بالامدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي كەينىدىن ئەگىشىپ كەپتۇ. توۋا قىلدىم، توۋا... بىز ئاشۇ بىر نېمىچىلىك ۋاقتىمىزدا ئەركەك چىۋىننى كۆرسەكمۇ يۈزىمىزنى يۆگەپ ئالتە كۈنلۈك يەرگە قاچاتتۇق، بۈگۈنكى كۈننىڭ ناياقلىرى ئەركەك زاتىنىڭ تىنىقىنى ئالغىدەك بولسىلا، كىشى نېمە دەپ قالار دېمەستىن ئالتە كۈنلۈك يەردىن ئىزدەپ كېلىپ سۈركىلىدىكەن. شۇ تۇرقىدا يۈزىگە قارىغىلى بولامدىغاندۇ ئۇنىڭ... ئەھۋال شۇنداق بولغاندىكىن، ماۋۇ ئادەم قۇدامنىڭ قىزى دەپ داخۇنگەيلىك قىلماي، ماڭىمەن دېگەن ۋاقتىدا دەس قوڭىنى

كۆتۈرۈپ يولغا سېلىپ قويسا بەلەن بولاتتى. ئەمدى بۇ بىر نىمەخان بۇ ئۆيدە ئوغلۇمنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرىۋەرسە ياخشى ئاقىۋەت كېلىپ چىقمايدۇ. ئەتە ـ ئۆگۈن قورسىقى يوغىناپ، ئاغىچىخان دېگەن ئوڭلۇقتىن بىر خەۋەر كەلمىسىلا بولاتتىغۇ!...» دەپ ئويلاپ پات ـ پات ھاۋاغا قاراپ قوياتتى.

ئىچكىرىگە ئىشلەمچىلىككە بارالماي، تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشكەندەك بوشىشىپ ئولتۇرغان شەرۋانەم بۈگۈن بىر قورساق ئاكىسى ئۈچۈن، كۆيۈشلۈك، مۇلايىم يۇسۇپ ئۈچۈن خېلى خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئارتۇقچە گەپكە رايى يوق، ئىككىنى يۆلەپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. روزىگۇل قېيىنئاتىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈنكىن بۇ ھويلىغا كىرمىگەن، بالىلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھويلىدىكى شۇنچە كۆپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنىلارنىڭ ئارىسىدا بىر كەمتۈكلۈكنى ھېس قىلغان ھەسەن خالۋاپ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ قويۇپ، كەينىگە بويۇندىدى ـ دە:

— ھۇسىيناخۇن بالام قېنى سىلە ؟ — دېدى .

— مانا مەن ، — ئۆزۈن يول ماڭمىغاندەك، هارمىغاندەك ھويلىدا ئۇششاق ئىشلار بىلەن تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئوغۇل دادىسىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى ، — بىرەر ئىش بارمىدى؟

— چىقىپ بېقىڭلا جۇگۇڭلا، يۇنۇس ئاكاڭلار ئۆيدە بارمۇ؟

— يوق ، — دېدى لەگمەن تارتىۋاتقان نازىلخان بېشىنى كۆتۈرمەستىن.

— نەگە كېتىپتۇ؟

— نەگە كەتتىكىن، تاڭ!

— نېمە ئانداق ئۆيدە ئولتۇرالماس بولۇپ كەتكەندۇ، ئۇ





بۇرادەر ؟ — دېدى ھەسەن خالۋاپ ھەيران بولۇپ.

— نەگە كەتكەنلىكىنى ئاۋۇ روزىگۇل دېگەن ئاغزى تاتلىق كېلىنلىرىدىن سورىسىلا ، — دېدى نازىلخان تۈيۈقسىز چالۋاقاپ، — ئا ئەر كىشى دېگەنمۇ ئۆيدىن، خوتۇندىن كۆڭلى سۇ ئىچسە ئاندىن ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. بولمىسا كۆڭلى خۇش بولغان يەردە كۈننى كەچ قىلىدىغان گەپ ئاشۇنداق!

ھەسەن خالۋاپ دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. مېھمانلارغا قاراپ ئاغزىغا كېلىپ قالغان گەپنىمۇ يۇتۇۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھۇسىيناخۇنغا بۇرۇلۇپ دېدى:

— ئىككى سەكرەپ چىقىپ بېقىڭلار، ئۆزى بولمىسا بالا ـ چاقىلىرى بولسىمۇ كىرسۇن ، — جاپا ـ مۇشەققەت چەكمىسىمۇ يۇسۇپنى تىنچ ـ ئامان تېپىپ كېلىپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان بۇ ئادەم ئەمدى يۇنۇسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دۆڭدىن يۇمىلىنىپ كەتكەندەك ئولتۇرغان يېرىگە چاپلىشىپ قالدى

داستىخاندىن يانغاندىن كېيىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، قوشنىلار ھەسەن خالۋاپقا بەس ـ بەستە گەپ تاپىلىدى. ئۆيگە پەيدا بولار ـ بولمايلا يەنە ھېلىقى كىتابلىرىغا تىكىلىپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرغان يۇسۇپنى بۇنداق تاشلىۋەتمەي، بىرەر ئۇلۇغ مازارنىڭ شېيىخىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ بېقىشنى، بېسىپ سەۋەب قىلدۇرۇشنى، بولسا شەھەرگە كىرىپ خەنسۇنىڭ باخشىسىنى ئىزدەپ ـ سوراپ تېپىپ ئوقۇتۇپ قويۇشنى، ئۇزمەي ياسىن سۈيى ئىچۈرۈپ بالىدىكى چەتنەش، كۆز تېگىش ئالامەتلىرىنى ياندۇرۇۋېتىشنى تاپىلاپ چىقىپ كەتتى. ھەسەن خالۋاپ ھەممىسىگە ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتقانچە تۇرۇپ قالدى.

قورسىقى تويۇپ پۇت ـ قولىغا ماغدۇر پەيدا بولغان ھۇسىناخۇن ئېشەكنى هارۋىغا قېتىپ، ھاۋانى ئارائاۋاتقا ئاپىرىپ قويۇشقا جابدۇندى. شۇ پەيتتە گۇركىرەپ كەلگەن موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدا ئاباسخان بىلەن ئابدۇراخماننىڭ بىسەرەمجان چىرايى كۆرۈندى.

— دادا !... — هارۋىغا چىقاي دەپ تۇرغان ھاۋا بىر كىم ئۇرغاندەك پاڭگىدە ئېتىلىپ يىغلاپ دادىسىغا ئۆزىنى ئاتتى.

## 49

ئارائاۋاتتا ياپتا گەپلەر تارقىلىپ كەتتى:

— ئاباس بېدىكنىڭ قىزى قېچىپ كېتىپتۇ!

— قۇمئاۋاتلىقنىڭ بىر هارامزادىسى بىلەن...

— ئۇ هاراملىقنى ئاباسخانلارنىڭ قۇدىسىنىڭ پۇشتى، دېيىشىدۇ.

— ھاۋا دېگەن ئازگالچىنىڭ ساۋاقدىشىمىش.

— ئىككىسى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ بىللە ئوقۇپتىكەن.

— ئىمتىھاندا بىر ـ بىرىدىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، چوڭ شەھەرلەرگە كېتىپتىكەن.

— شۇ يەردىمۇ ساۋاقداش بولۇپ بىللە ئوقۇپتىكەن.

— بىر پارتىدا ئولتۇرۇپتىكەن.

— دەرستىن چۈشسە ئاش ـ تاماققا بىللە بارىدىكەن.

— نېمە تاپسا بىللە يەيدىكەن.

— نەگە بارسا بىللە بارىدىكەن.





— نەدىن كەلسە بىللە كېلىدىكەن.

— مەكتەپنىڭ گۈللۈكىدە بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇمئاۋات بىلەن ئارائاۋاتنى ئەسلەپتىكەن.

— ھاۋا ھېلىدىنى هارىمىغا: ھەمىشە ئانامنى سېغىنىپ كەتتىم، دەپ مىشىلداپ بېرىپتىكەن.

— ھېلىقى هارىمى: مەن دادامنى سېغىنىدىم، دەپ باتنىاپ بېرىپتىكەن.

— خۇش بولسىمۇ بىر ـ بىرىگە دېيىشىپتىكەن.

— خاپا بولسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئېيتىشىپتىكەن.

— بىر ـ بىرىگە يۇرتدارچىلىقنى ئىلگىرىكىن يەتكۈزۈپتىكەن.

— تۇغقاندارچىلىقنى ئىلگىرىكىن قىلىشىپتىكەن.

— ئىجىل ـ ئىناق ساۋاقداش بولۇپ ئۆتۈپتىكەن.

— ساۋاقداش بولغاچ ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالغان چېغى!

— چۈغۈندەكنەك تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، ھە!

— ھەئە، بۆشۈكىدىلا...

— ...

— تەتىل قىلىپ كېلىپ نەچچە كۈندىلا قۇمئاۋاتقا بارىدىكەن، دەپ ئانىسىنى خاپا قىلغانمىش.

— يۇسۇپ بىلەن بىللە ئۆگىنىش قىلىمەن، دەپ باھانە تاپقانمىش.

— دادىسىنىڭ هاشارغا كەتكەن چېغىدا شۇ يەرگە بارىمەن، دەپ تۇرۇۋالغانمىش.

— ئانىسىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىمىغانمىش.

— بىئىلاج قالغان ئانىسى ئاخىرى كېلىنگە قوشۇپ يولغا سالغانمىش.

— قۇمئاۋاتقا بېرىپ ھېچكىمنى پوش دېمەي ئاشۇ ھارىمى بىلەن كۇس - كۇسقا چۇشكەنمىش.

— گېپىمىزنى باشقىلار ئۇقمىسۇن دەپ، خەنسۇچە گەپ قىلىپ مۇڭداش ئەتكەنمىش.

— كالدىرلىشىپ ھىجيىشقانمىش.

— قېشىدا ھېچكىم يوقتەك كۇلۇشكەنمىش.

— بىر - بىرىگە كۆز باققاندەك قىلغانمىش.

— بىر - بىرىنى شەرەتلەپ تالاغا چىققانمىش.

— ئىككىسى تۆگىگە مىنگىشىپ قۇملۇققا كىرگەنمىش.

— بوراندا قېلىپ غايىب بولغانمىش.

— ئىزىمۇ يوقمىش.

— ئۇنىمۇ يوقمىش.

— ئاقتىمۇ يوقمىش.

— كۆكتىمۇ يوقمىش.

— توۋا!

— پەندىيات!

— ...

— قائىدە - يوسۇنلۇق دادىسىنىڭ، مەندۇرمەن دەپ يۇ-رۇيدىغان ئاكىلىرىنىڭ يۈزى پوق بولۇشىنى ئويلىمىغاندىمۇ؟

— ئويلاشقا ئەقلى چولتا كەلگەندۇ.

— شەيتىنى غالىب كەلگەندۇ.

— كۆڭلى سۇيۇق كەلگەندۇ.

— ئىنساۋى كەم كەلگەندۇ.

— ...

— دادىسى ئەمدى قانداق قىلغاندۇ؟

— قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ دۇم يېتىپ يىغلىغاندۇ.





— ئۇنداق قىرىم يوق، كەچتىم دەپ گەپ ئېيتقاندۇ.

— ئاكىلىرى پىچاقنى غىلاپتىن سۇغارغاندۇ!

— شەرمەندىنى بوغۇزلىۋېتىمىز، دەپ قوپقاندۇ.

— ئانىسى ئۆرىنى كاچاتلاپ بوغۇلۇپ يىغلىغاندۇ.

— يىغلاپ كېچىنى تاڭلارغا ئۇلىغاندۇ.

— تىلاۋەت قىلىپ تىنچ - ئامانلىق تىلىگەندۇ.

— كۆزىگە قان تولغان ئوغۇللىرىدىن قىزىنىڭ گۇناھىنى تىلىگەندۇ.

— لېكىن...

— ئابباسخان شەرمەندە قىزنى كۆڭۈل مازىرىغا دەپىن قىلغاندۇ!

بۇ دۇنيالىقىڭدا ئالدىڭدا قىزىلگۇل ئېچىلسا، كەينىڭدە ئازغان تىكىنى تەييار. مانا ساددا ئارائاۋاتلىقىڭنىڭ ئاغزى !... ئابباسخان ئاي قاراڭغۇسىغا مەھكۇم بولغان قۇملۇق يولدا ئۆ-لۇمدىن ئېغىر تۇيغۇلار ئىلكىدە ئۇن - تىنسىز كېلىۋاتاتتى. ئۇ كۆز ئالدىدا قايتا پەيدا بولغان كەپتەر باچكىسىدەك قىزىدىن نە بىر ئېغىز ئەھۋال سورىمىدى، نە بىر چىراي ئېچىپ قاراپ باقمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە قىزى دادىسىنى ئۆلتۈرگەن — نو-مۇس سىرتمىقىدا بوغۇپ ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا چىراي ئېچىشنىڭ، گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغان ئىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ نومۇسىنى سېتىپ بىر ئەركەك بىلەن قاچ-قان ئادەم قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ بۇنداق كۆزى ئوچۇق قايتىپ كەلگىچە، تايىنلىق قۇم يۇتۇپ ئۆلسىچۇ كاشكى! ئاتا ئۆز - ئۆزىدىن بوغۇلۇپ ئۆمرىدە تارتىپ باقمىغان نومۇس ئازابىنى ئاجىز يۈرىكىگە سىغدۇرۇپ، يەرنىڭ قەھرىگە كىرىپ كەتكىدەك بىر تۇيغۇدا ئىچ - ئىچىدىن ئۇھسىنىدى. كۆز ئال-

ىدا قارىيىپ تۇرغان قوملۇقتا قاراپ ئۇنىسىز ئاھ ئۇردى: «چىقە بوران، چىقە! ئەمدى نېمىشقا چىقمايسەن؟ ئىزا - ئاھانەت سىرتمىقىدا جان تالىشىۋاتقان بەندەڭنى نېمىشقا قۇم دۆۋىلىرى ئىچىگە كۆمۈۋەتمەيسەن؟...»

ئاباسخان ئاغرىپ يېتىپ قالدى. قىزىنىڭ تېپىلغانلىقىنى قۇتلۇقلاپ كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئالدىغىمۇ چىقمىدى. ياشلىقىدىن تارتىپ ئەل - ئاۋام ئىچىدىكى يۈز - ئابروي، ئار - نومۇسقا ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈر بولۇپ كەلگەن بۇ ئادەم قىزىنى ئاشۇنداق بىر يولغا ماڭدىمىكىن، دېگەن گۇمان بىلەن ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئۇ گەرچە قىزىنىڭ زادى نەگە بارغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلغانلىقىنى؛ قۇدىسىنىڭ ياۋاش، مۇلايىم كۆرۈنىدىغان ھېلىقى يۈسۈپى بىلەن قىزى ئوتتۇرىسىدا نىكاھسىز ئەر - خوتۇنچىلىق ئىشىنىڭ يۈز بەرگەن - بەرمىگەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، بەرىبىر ئۇنى كەچۈرەلمەيتتى. ئابدۇراخمان: «تېخى ئەمدىلا 16 - 17 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندۇ دادا، بۇ ئىشنى ئۇنداق ئىچىڭىزگە ئېلىۋېلىپ ئۆزىڭىزنى تۈگەشتۈرۈۋەتمەڭ » دەپ تەسەللى ئېيتقان بىلەن، دوست - دۈشمەنلەر نېمە دەيدۇ؟ پۈگۈنكى كۈندە خەق يامان، ئالدىڭدا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، خۇشى تۇتسا ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ سەندىن تىنچ - ئامانلىق سورايدۇ - يۇ، كەينىڭدە تاماشا كۆرىدۇ، سۆڭگىچىڭگە شاپىلاقلاپ كۈلىدۇ... مانا بۇ ئارائاۋات، مانا بۇ مەنمەنچىلىككە، مەسخىرىگە تولغان جاھان...

— قانداقراق ياتىلا، دادىسى ؟ — ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان شوۋىگۇرۇچنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئاغىچىخان قاچىدىكى





ئاشنى لېگەن بىلەن ئېرىنىڭ بېشىدا قويغاچ ئەھۋال سورىدى. قاراڭغۇ ئۆينى تاماكا ئىسىغا تولدۇرۇۋەتكەن ئاباسخان خوتۇنىنى كۆرۈپ بىر ئۆرۈلۈپلا تام تەرەپكە ئالدىنى قىلدى - دە، زۇۋان سۈرمەي يېتىۋالدى.

— ئۇستىخانلىرى بىزە يېنىكلەپ قاپتىمۇ، دەپ سوراۋاتىمەن ؟ — ئاغىچىخان بېشىدىكى ئاق ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدى. ئاباسخان جېنى چىقىپ كەتكەندەك بىر ھازا ئۇنىسىز ياتقاندىن كېيىن يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك بىر ئاۋازدا سورىدى:

— قىزىڭدىن گەپ ئېلىپ باقتىڭمۇ؟

— قانداق دەيلا؟

— مۇنداق نەگە باردى، نېمە ئىش قىلدى، شۇنى سوراپ باقتىڭمۇ دەيمەن؟!

— سورىدىم ، — دېدى ئاغىچىخان بۇ سوئالدىن خاتىرجەم تۇيغۇغا كېلىپ قالغاندەك ئاھاڭدا ، — شۇ كۈنى مۇئەللىمىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قۇدىمىزنىڭ ئوغلى بىلەن قۇملۇقتىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى تەكشۈرىمىز، كەچتە ئاي، يۇلتۇزلارنى كۆزىتىمىز، كىتابتا ئېيتىلغان يۇلتۇزلارنىڭ ئىسمى بىلەن يۇرتىمىزنىڭ ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارنى سېلىشتۇرۇپ ئىسىم قويۇپ تاپشۇرۇق ئورۇندايمىز، دەپ تۆگىگە مىنىپ قۇملۇققا ئازراق ئىچكىرىلەپ كىرىپتىكەن، كەچ بولا - بولمايلا قارا بوران چىقىپتۇ...

— بوراننى كۆرۈپ ئۆيگە يانماپتىمۇ؟

— كەينىگە يانغاندەك قىپتىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ!

— شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟! — ئاباسخان ئاستا قىمىرلاپ خوتۇنى تەرەپكە ئالدىنى قىلدى ، — بۇ گېپىڭ

راستمۇ ياكى قىزىڭغا چاپان قىلىپ يېپىش ئۈچۈن توقۇپ چىقتىڭمۇ؟

— ئەزبىرايى راست! — دېدى ئاغىچىخان قولىنىڭ ئۇچىنى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ، — قىزلىرى يالغان گەپ قىلمايدۇ، دادىسى.

— ئابباسخان يېرىم ئۆرە بولۇپ ئالدىن يىرتىپ تەييارلىۋالغان گېزىت قەغىزىگە تاماكا يۆگىدى. ئۈستىرا، قايچا تەگمىگىلى ئۇن نەچچە كۈن بولغان ئۆسۈك بۇرۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا ئۆزىنىڭ بىگىز بارمىقىدەك توم يۆگەلگەن تاماكىنى قىستۇردى. ئالدىرىماي سەرەڭگە يېقىپ قېنىپ - قېنىپ شورىغاندىن كېيىن ساقال - بۇرۇتلار ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالغان كالپۇكلىرىنى قىمىرلاتتى:

— تۆگە ئۇلارنى كەينىگە ياندۇرۇپ ئەكەلمەپتىمۇ؟

— ئادەمزاتسىز بىر ئورمانلىقتىكى بۇلاق بويىغا ئاپىرىپتۇ.

— ئورمانلىققا؟ نەدىكى ئورمانلىقكەن ئۇ؟

— قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىمىش.

ئابباسخان ياش ۋاقتىدا چوڭلاردىن قۇملۇقتا شۇنداق بىر ئېكىنزار بار دەپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. لېكىن نەچچە ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا بەزى كىشىلەرنىڭ شۇ ئورمانغا بارىمىز دەپ بىر كەتكەنچە يۇرتقا قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، باشقىلارغا ئوخشاش ئۇ ئىشلارغا قىزىقمىغان، سىرلىق نەزەردە قارىغان، كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇملۇقتىكى ئورماننى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى. ئۇ تاماكىسىنى چېكىپ بىردەم خىيال ئىچىدە ئولتۇرۇپ كېتىپ، نەزىرىنى يەنە خوتۇنىغا ئاغدۇردى:





— ئىككىلى بالا شۇ ئورمانغا بېرىپ قاپتىمۇ؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ.

— كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ... بۇ تۆگە دېگەننىڭ ئىگىسىنى ئۆز هويلىسىغا سۆرىگىنىنى كۆرگەنمەن؟!

— هادىسە ئالىمى ئەمەسمۇ... باللار هوشىدىن كەتكەنمىكىن قانداق، كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، تۆگە كۆز ئالدىدىكى يۇمران چۆپلۈكتە غىرامان ئوتلاۋاتقىدەك.

ئابباسخان بېشىنى چايقىدى. تاماكىنى بەك كۈچەپ شورىۋەتكەنلىكتىن ئۆپكىسىگە كېتىپ، بىر هازا قېقىلىپ يۆتەلدى.

— ئاشنى ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا ، — دېدى ئاغىچىخان ئېرىنىڭ تاماكىغا هەددىدىن كۆپ بېرىلىپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ.

— ئۇنىڭ كەيپىياتىغا كۆز سېلىپ باقتىڭمۇ، قانداقراق تۇرىدۇ؟

— كىمنى دەيلا؟

— كىم بولاتتى، هاۋاچۇ؟ ! — دېدى ئابباسخان زەردە بىلەن قىزىنىڭ ئىسمىنى سوغۇققىنا تىلغا ئېلىپ.

— كەيپى ئوبدان، دەپتىرىگە باش كۆتۈرمەي بىنىملەرنى يېزىۋاتىدۇ.

— نېمە يېزىۋاتىدۇ، قاراپ باقتىڭمۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي، هازىر ئۇ بالا ئۇيغۇرچە خەت يازمىسا!

— چېقىپ تاڭ - تىڭلاپ باق، بىزنى شەرمەندە قىلىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ - يوق...

— توۋا دېسىلە ، — دېدى ئاغىچىخان نارازى بولۇپ، —

ئۇ يەرگە بېرىپ قالغاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى قورقۇپ كېتىپتۇ. جان ساقلاش كويىدا ھەريان چېپىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، ياۋا يەل - يېمىشلەرنى تېرىپ يەپتۇ. قورسىقى ئاغرىپ كېتىپ ھېچ ھالى قالماپتۇ. كېيىن ھەسەن - ھۈسەن كۆرمىگەن دەپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئورماننىڭ چېتىگە چىقىپ قاپتۇ ھەم ئۇلارنى ئىزدەپ بارغان قۇدىمىزغا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بىر - بىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئېتىشىپتۇ، يىغا - زارە قىلىشىپ يىغلاپتۇ... شۇ يەردە بىر كېچە تۈنەپ، ئاپارغان ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى يېيىشىپ قايتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغاندىن كېيىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ، بارغىچە كولاپ قويغان قۇدۇقلىرىدىن سۇ ئىچىپ قۇمئاۋاتقا كېلىۋاپتۇ.

— مەن قايسى گەپلىرىڭگە ئىشىنەي ، — دېدى ھەممە گەپنى ئاڭلاپ بولغان ئابباسخان تۇيۇقسىز جاھىللىق قىلىپ ، — سەن ئاجايىپ - غارايىپ چۆچەكلەرنى توقۇپ قىزىڭغا چاپان ياپساڭمۇ، مېنىڭ بەرىبىر ئۇنىڭ يۈزىگە قارىغۇم يوق، چىقىپ قىزىڭنى ئەرگە بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىل!

— ئۇنداق قىلمىسىلا ، — دېدى ئېرىنىڭ پەيلىنى كۆرگەن ئاغىچىخان ئۇنىڭغا يېلىنىپ ، — مېنىڭ كۆڭلۈم گۇۋاھ، بالىغا ھېچ ئىش بولمىدى، بالا ئاق پاختىدەك پاك!

— يات جىنىس بىلەن تالادا قالغان ئايال زاتىنى پاك دېگىلى بولماس، چىقىپ مەن دېگەندەك قىل!

— ئوبدان ئادەم ، — ئاغىچىخان ئېرىنىڭ ئالدىغا تىزلاندى ، — بالا ئەمدى تېخى 16 ياشتىن ئاشتى. ئۇنىڭ گۇناھى بار دېيىلسە، گۇناھىنى مەن تىلىۋالاي، لېكىن بالىغا ئۇۋال قىلمىسىلا!





— مېنىڭ ئاتا بولغان گۇناھىمنى كىم تىلەيدۇ؟! — دېدى ئاbbاسخان غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن قامچىسىنى ئىزدەپ، — مېنىڭ ئۇۋالىمنى كىم تارتىدۇ... ھە، زۇۋانىڭنى ئاچە، بۇنىمۇ سەن تارتامسەن؟

— ماقۇل، ھەممىنى مەن تارتاي، ئوبدان دادىسى، مەن ھەممىنى تارتىشقا رازى! — ئاغىچىخان ئاچچىقتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئېرىنىڭ پۇتىغا ئېسىلدى. لېكىن تۆگىنىڭ تاپىنىدەك بىر يوغان پۇت زەرب بىلەن كېلىپ ئانىنىڭ كۆكسىگە — يۈرىكىگە قاتتىق تەگدى...

## 50

يۇسۇپ بارغانچە جىمغۇرلىشىپ، كەم سۆز بولۇپ قالدى. نەگە بارغانلىقى، نېمە ئىش قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچكىمگە ھېچنېمە دەپ بەرمەيتتى. ئولتۇرغان، تۇرغان يېرىدە ئەتراپىدىكىلەردىن قېچىپ، چوڭلار ھويلىدا ئولتۇرسا، ئۇ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىۋالاتتى. بىرى كەينىدىن ئىچكىرى ئۆيگە كىرسە، غىپپىدە تالاغا چىقىۋالاتتى. ئەتىگىنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ قېلىن بىر كىتابنى قولتۇقلىغىنىچە باغ تەرەپكە ئۆتۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەيتتى. ئۇنى نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن، نېمە دەۋاتىدىكىن، دەپ ماراپ بارسا، باغدىكى غازاڭ بولغان ئۆرۈككە قاراپ گەپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بامداتتىن يانغان دادىسى ساقىلىنى سۆرىگەنچە ئۇنى كەينىدىن چىقىپ زورمۇ زور ھويلىغا چاقىرىپ ئەكىرىپ بىللە ناشتا قىلغۇزاتتى. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تالاغا چىقماسلىقىقا نەسىھەت قىلاتتى. لېكىن يۇسۇپ بولسا چوڭلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ يەنە

غايىب بولاتتى - دە، مەن مال باقىدىغان كىشىمەن، دەپ قوي - ئۆچكىلەرنى ھەيدەپ قۇملۇق باغرىدىكى قومۇشلۇققا قېچىپ كېتەتتى. چوڭلار ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بولالماي ھۇسىيناخۇننى ئەۋەتسە، يۈسۈپ ئۆچكىلەر بىلەن بىر ئوبدان مۇڭدىشىۋاتقان بولۇپ چىقاتتى.

— خۇدايا توۋا ، — دەيتتى ھەسەن خالۋاپ ئوتتۇرانچى ئوغلى يەتكۈزگەن خەۋەردىن ئەجەبلىنىپ، — نېمە دەپ مۇڭدىشىۋاتىدۇ، ئۇ ئۆچكىلەر بىلەن؟

— ۋاي سورىماڭ ، — دەيتتى ھۇسىيناخۇن ۋالاقلاپ كۈلۈپ، — ئۆچكىلەرنى نېرى ھەيدىۋېتىپ ئۆزى قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىغا مۆكۈپ ئولتۇرۇپ كالدىر - كۇلدۇر بىر نېمىلەرنى دەپتى، ئۆچكىلەر پىتىراڭشىغانچە چېپىپ كېلىپ ئۇكامنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى.

— توۋا ، — دەيتتى ھەسەن خالۋاپ ياقىسىنى تۇتۇپ ، — ئۇكاڭلار نېمە دېگەن؟

— مەن نېمە ئۇقاي ، — دەيتتى ھۇسىيناخۇن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — قىلغان گېپى يا بۇ يەرنىڭكىگە ئوخشىمىسا...

— ئەمىسە مەكتەپتە ئۆگەنگىنى بويىچە خەنسۇچە گەپ قىلغان ئوخشايدۇ... لېكىن نېمە قىلىدۇ، ئۇ ئۆچكىگە خەنسۇچە گەپ قىلىپ؟!

— بالا ئاللاپ كەتتى ، — دەيتتى نازىلخان مىشىشىدە يىغلاپ، — بىر ئۆستەڭنىڭ ياسىن سۈيىنى ئىچۈرۈپ بولسامۇ ھېچ بىر كار قىلمىدى. سىلە قوڭى ئېغىرلىق قىلىپ بالىغا سەل قاراۋاتىلا... بالىغا كۆزلىرى تويۇپ قالغان تاش يۈرەك ئادەمكەنلا سىلە ، لېكىن مەن ئۇنى جان تالىشىپ تۇرۇپ





ئاران تۇغقان، كۆزىگە قاراپ مىڭ تەستە چوڭ قىلغان... قوپسىلا ئا بالىنى ئۇلۇغ يەرلەرگە ئاپىرىپ بىر سەۋەب قىلىدۇرسىلا... بالىنىڭ بېشى ساق ئەمەس، كېچىسىمۇ ئاغزى بېسىلماي كالدىرلاپ بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ چىقىدۇ!

كۆز ئالدىدىكى ئىشلاردىن نائىلاج ئەھۋالدا قالغان ھەسەن خالۋاپ ئاخىرى چارشەنبە، ئازنە ئاخشاملىرى قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ھارۋا جابدۇپ يۈسۈپنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ھارۋىغا چىقاردى - دە، غىپپىدە مەھەللىدىن چىقىپ، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئاڭلىۋالغان ئۇلۇغلارنىڭ مازىرىغا چاپتى. باخشى، موللىلار نېمىنى شەرت قىلسا شۇنى ئاپىرىپ بېرىپ ئارقا - ئارقىدىن بېسىپ دۇئا ئوقۇتتى. ئەمما يۈسۈپ باخشىلار بىلەن كۈچ ئېلىشىۋاتقاندەك ئۇلارغا بوي بەرمىدى .

— بۇ بالىغا شەھەرلىكنىڭ جىنى چاپلىشىۋاپتۇ ، — دېگەن يەرگە كەلدى باخشىلار ئاخىرى بېشىنى چايقىشىپ ، — بىز كۈچ ئېلىشالمىغۇدەكمىز. شۇڭا شەھەرلىكنىڭ باخشىسىنى تېپىپ ئوقۇتۇپ باقامىلىكىن...

— ئۇنداق باخشىنى نەدىن تاپارمەن ، — دېدى ھەسەن خالۋاپنىڭ بېشى قېتىپ.

— سەھرادىن تېپىلمىغان بىلەن شەھەردىن تېپىلىدۇ. يول سورىغان يول تاپار دەپ، شەھەردىكى ئادەم ئاۋات مەھەللىلەرگە بېرىپ سورىسىلا ئات - ئۇچۇرى چىقىپ قالىدۇ.

— مەيلى ئەمىسە... قايسى كۈنى كىرسەم بولار؟

— ئۇلارنىڭ باخشىسى قايسى كۈنى يىغىن يىغىدىغان بولغىيدى... ھە راست، ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنىدىن باشقا كۈنلىرى كىرسىلە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ جىنلىرىمۇ تۆتىنچى كۈنى ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ كەلگىلى ئۇنىمايدۇ، ھەقىچان.

— شۇنداق قىلاي... ئوبدانمۇ بىر ئەقىل كۆرسەتتىلە...

ھېچبىر ئارام تاپمىغان ھەسەن خالۋاپ ئاخىرى يۈسۈپنى ئېلىپ شەھەرگە كىردى.

شەھەردە ماشىنىلار دۆلەتقوڭغۇزىدەك غۇڭغۇلدىشىپ يۈرەتتى. ئادەملەر ماشىنىدىن نەچچە ھەسسە جىق بولۇپ، ھېلىدىن - ھېلىغا كىشىنىڭ مۇرىسىگە سوقۇلۇپ قاراپمۇ قويماستىن ئۆتۈشۈپ كېتەتتى. ئاندا - ساندا خۇشى تۇتقانلىرى كەچۇرۇك، دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. يۈسۈپنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىن چىڭ تۇتۇپ كوچىمۇ كوچا قاتراپ يۈرگەن ھەسەن خالۋاپ ھېلىقىدەك باخشىنى تېپىپ بولالماي ھېرىپ كەتتى. بوۋاي تېخى شەھەرلىكنىڭ باخشىسىنى يەرلىك توخۇغا ئامراق دەپ ئاڭلاپ، قارا كاداڭ خورازنىڭ پۇتلىرىنى چېتىپ، قانىتىنى بوغۇپ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ئىدى. ئاتا مەنزىلسىز يولدىن ھېرىپ تۇرغاندا يۈسۈپ ئالدىغا ئۇچرىغان، دولىسى تېگىشىپ كەتكەن كىشىلەر بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ، پاراڭلىشىپ كۈلۈشۈپ يۈرەتتى. شۇنداق يۈرۈپ ئۇ تۇيۇقسىز بىر ئەقىل تاپتى ۋە ئوغلىغا بۇرۇلۇپ:

— ھەي بالامەي، قۇرۇق يولنى تولا مېڭىپ ھېرىپمۇ كەتتۇق، سەن ئاشۇلارنىڭ بىرەرسىدىن شەھەرلىك باخشىنىڭ ئۆيىنى سوراپ باقامسەنكىن - يا ؟ — دېدى.

يۈسۈپ بۇ گەپ ئۇچۇنمۇ كۈلۈپ كەتتى ھەم دادىسىنى بىر مۇنچە زاڭلىق قىلدى. «ئۇ ئوقۇشقا بېرىشتىن بۇرۇن دادىسىنىڭ گېپىگە بۇنداق كۈلمەيتتى، مازاقمۇ قىلمايتتى. مانا ئەمدى... ياق، بالىدا بىر چاتاق بار، ئۇنىڭغا تېزراق سەۋەب قىلىپ بېشىنى ساقايتمىسام، ئانىسى دېگەندەك ئاخىرى بالىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنمەن...» ئاتا شۇ خىياللار بىلەن يۈ-





سۈپنىڭ بىلىكىدىن سۆرەپ كېتىۋاتقاندا بىرىنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەسىنكا! ھوي، ھەسەن ئاكا!

ھەسەن خالۋاپ جايىدا توختاپ كەينىگە قارىدى. ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر جۈپ ئەر - ئايالنى كۆردى.

— ھوي ئۇكام تېچلىقمۇ، ئۆزلىرى ئابباسخاننىڭ ئوغلى ئا... ئابدۇراخمىناخۇنغۇ دەيمەن ؟ — ھەسەن خالۋاپ ئابدۇراخماندىن گەپ سوراۋېتىپ يېنىدىكى چوكانغىمۇ ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— شۇنداق ئاكا، بۇ بالىلىرىمىنىڭ ئاپىسى راھىلە.

— ھە... ھە... تېچ - ئامان تۇرۇۋشۇپلا...

— تېچلىق، خۇداغا شۈكرى... ئىككىلىرى بۇ ئىسسىقتا تەرلەپ - پىشىپ مېڭىپلا؟

ھەسەن خالۋاپ يېنىدىكى ئوغلىغا قارىدى. كۆڭلىدىكى گەپنى دەيمۇ - دېمەيمۇ، دەپ بىردەم ئارىسال بولدى. كېيىن دېسەم پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئابدۇراخماننىڭ يېنىغىراق كېلىپ قۇلىقىغا پەس ئاۋازدا دېدى:

— بالىنىڭ غېمى ئۇكام، نەچچە ۋاق بولدى، بىزگە ھېچ ئارامخۇدالىق يوق...

— ئوغۇلغا بىر ئىش بولمىغاندۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان ھېلىقى ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ، — ئۇ يەردىن ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كەپتىكەنلىغۇ؟

— تېنى ساق، لېكىن بېشى ساق ئەمەس، ئۇكام!

— نېمە بولدى ، — دېدى ئابدۇراخمان بىر بىنانىڭ ماڭلىيىدىكى ئېلان تاختىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي بىر نېمىلەرنى ئوقۇۋاتقان يۈسۈپكە قاراپ ، — ئۇنىڭغا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.

دېھقانلارنىڭ كىچىك تىلى، گۇمانىي كۆز قاراشلىرى بىلەن ئوبدانلا تونۇشلۇقى بولغان ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ بۇ قۇدىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەندى ھەم ھەسەن خالۋاپقا يېقىنلىشىپ ئاستا سورىدى:

— بالىدا غەيرىي ئالامەتلەر كۆرۈلۈۋاتامدۇ، ئاكا؟

ھەسەن خالۋاپ جاۋاب ئورنىغا بېشىنى لىڭشىتتى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ خىل جاۋاب بېرىش ئۇسۇلىغا قانائەت ھاسىل قىلمىغاندەك قوشۇمچە قىلدى:

— ئادەم بار يەردىن قاچىدىغان، يالغۇز دەرەخ، يالغۇز ئۆي، خالىي جايغا بېرىۋېلىپ ئاسمانغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.

— سۆزلەيدىغان... چۈشەنمەيدىغان گەپ قىلىپمۇ؟

— ھەئە، ئاشۇنداق.

— ئېھتىمال سىلەرگە شۇنداق بىلىنگەندۇ ، — دېدى ئابدۇراخمان يۇسۇپكە يېڭىباشتىن سەپ سېلىپ، — بىزنىڭ سىڭىلچاق ھاۋامۇ شۇنداق، كەلگەندىن بېرى باش كۆتۈرمەي تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىدۇ، تىنچ مۇھىتتا ئولتۇرۇپ خەنزۇچە تېكىستلەرنى يادلاۋاتىدۇ.

— ياق، مېنىڭ بۇ بالام باشقىچىرەك تۇرىدۇ. كېچىسىمۇ شۇنداق بىر نېمىلەرنى دەپ كېچىچە غايىبتىن مۆڭدىشىپ چىقىدۇ، چىش چاك-چاكىغا كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتىدۇ... غايىب بولۇپ كەتكەن يەردىن تېپىپ ئەكەلگەندىن بېرى بۇ كېسىلى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى ، — ھەسەن خالۋاپ ئاق خەسە يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن ياش لىغىرلاپ قالغان كۆزلىرىنى سۈرتتى ، — ئوغۇلنىڭ كەنجىسىكەن، بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن، دەپ





چىمكەشچىنىڭ قېشىغا ئاپارسام، شەھەرلىكنىڭ جىنى چاپلىشىۋاپتۇ، شۇلارنىڭ باخشىسىنى تېپىپ ئوقۇتسىلا، دېدى. ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ئاخىرى باخشى ئىزدەپ شەھەرگە كىرىشىم، ئۇكام.

ئابدۇراخمان ئىچىدىن قىستاپ چىققان كۈلكىسىنى بېسىش ئۈچۈن لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇۋالدى. ئالدىدىكى دەردمەن ئادەمنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز خەنزۇچە سۆزلەپ يۇسۇپنى يېنىغا چاقىردى. ئوغۇل بىر ئاز تارتىنىپقىنا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. سورىغان سوئاللىرىغا شۇنداق راۋان، بىمالال جاۋاب بەردى. تېخى راھىلە ئۈچى قانداق قىزىق گەپلەرنى قىلىشتىكىن تاڭ، تۇساتتىن كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمما ئۇ ئابدۇراخماننىڭ ئۇيغۇرچە سورىغان سوئاللىرىغا دۇدۇقلاپ چالا جاۋاب بەردى.

— بالىدا ھېچقانداق غەيرىي ئەھۋال يوق، ئۇنىڭدىن غەم يېمىسىلە ، — دېدى راھىلە ھەسەن خالۋاپنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى دەرس تەكرارلاۋېتىپتۇ، تاپشۇرۇقلىرى بەك كۆپكەن.

— ئەمىسە بىز گەپ سورىساق ئادەتتىكى گەپلەرنى قىلغاندىن باشقا، سوئالىمىزغا تۈزۈك جاۋاب بەرمەيدىغۇ؟

— ئۇنىڭ ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولدى، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىللىق تىل ئۆگىنىشتىن كېيىن مەكتەپ بۇ بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئوخشاش يىللىقتىكى سىنىپلارغا چېچىپ، خەنزۇ ساۋاقداشلىرىغا قوشۇۋېتىپتۇ. بۇنداق بولغاندىكىن ئۇلار ئوقۇشتىن تارتىپ تۇرمۇشقىچە خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىۋاتقان بولغاچقا، ھازىر ئەسلى تىلىدا قىينىلىپ قېلىپ مۇشۇنداق

بولۇپ قالغاندەك تۇردۇ.

— مانا كۆرسىلە ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئوغلىنى قايتا كۆرگەندەك بولۇپ ، — كاللىسى ساقمىكەن، بولمىسا؟

— ئەنە بىر ئوبدان تۇرمامدۇ!

— توۋا خۇدايىم ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ بىر ئاز يەڭگىللىگەندەك بولۇپ ، — نېمە ئانداق بولۇۋالدىكىن دەيمەن تېخى... ياكى بولمىسا ھەر ھالدا بىر ئوقۇتۇۋەتسەم بولارمۇ-يا، ھېلىقىدەك باخشىغا؟

— ئەخمەق بولمىسىلا ، — دېدى ئابدۇراخمان ھەسەن خالۋاپقا نەسىھەت قىلىپ ، — بالىدا ھېچقانداق بىنورماللىق يوق، بار ئەھۋالنى راھىلە سىلىگە دېدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلىگە ئەقىل كۆرسەتكەن ئادەملەرمۇ خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى دەيدىغانلاردىنكەن. بۇگۇنكى كۈندە شەھەردە باخشى نېمە قىلىدۇ، شەھەرلىكنىڭ باخشىسى دېگەن گەپلەر تېخىمۇ يوق. ئۇلار ھازىر ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردە خىزمەت، سودا - تىجارەت بىلەن ئالدىراش، ئۇنداق ئەخمەق گەپنى ئاڭلىسىمۇ كۈلۈپ كېتىدۇ.

ئابدۇراخمان، راھىلەلەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشى ھەسەن خالۋاپنى خېلى كۈنلەردىن بېرى بىئارام قىلغان باخشى خىيالىدىن ئازاد قىلدى.

## 51

شۇ تاپتا پەقەت پۇل بولسىلا بولاتتى. پۇل بولمىسا تۆت جان ئادەم قەۋەت - قەۋەت بىنالار ئارىسىدا ئۆي - ماكانسىز قالاتتى.





ئابدۇراخمان ئىككى ئايدىن بېرى پۇل ئۇچۇن غورۇرىنى ساتمىدى، ئاندىن باشقا ھەممىنى قىلدى، ھەممە يەرگە چاپتى. ئەمما ئۆي ئۇچۇن ئالدىن تاپشۇرىدىغان 40 مىڭ سوم پۇلنىڭ ئاران ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى تەقلىيەلىدى. ئولتۇراق ئۆي قەرز پۇلى بېجىرىش ئورۇنلىرىمۇ ئۆي سېتىۋالغۇچىنىڭ ئالدىن تاپشۇرغان پۇلىنىڭ تالونىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل بېجىرىپ بېرىشنى مۇزاكىرە قىلىدىكەن. ھەي... نېمە دېگەن تەس كۈن بۇ! ئابدۇراخماننىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ ئالۋۇنغا ئايلاندى. چۈنكى ئۇ ئاخىرقى قېتىم غەيرەت قىلىپ ئىزدەپ بارغان كونا شەھەر ئاھالە كومىتېتىدىكى مۇدىر ساۋاقدىشىمۇ ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا يۆتكەش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىشسىز قىزلارنى يىغىپ شەندوڭغا كېتىپتۇ. ئەمدى كىمنى ئىزدەيدۇ؟ ئىزدەيدىغان ئادەم تۈگىدى... چۈشتىن كېيىن ئۆيگە پۇل تاپشۇرالمىسا، ياخشى ئۆي توغرىسىدىكى چۈشىنى قارا باساتتى. ئۇ چاغدا ئۆزگىلەرگە بويۇن قىسىپ ئىجارە ئولتۇرۇش ياكى ئەتە - ئۆگۈن تېخىمۇ زور قەرزگە بوغۇلۇپ، كوچا بويلىرىدىكى قىممەت باھالىق تاۋار ئۆي ئۇقۇشماقتىن باشقا يول قالمايتتى .

ئابدۇراخمان روھى چۈشكەن، ئۇسساپ ھالى قالمىغان ھالدا مەكتەپنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئەگرى - بۈگرى كوچىلارنى ئايلىنىپ ئۆتتى. ئالدىغا ئەخلەت، چىقىرىندىلار دۆۋىلىنىپ تۇرغان پاكار قوش قاناتلىق بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ ئابدۇراخماننىڭ يېقىندا كۆچۈپ كەلگەن ئۆيى بولۇپ، بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ياردىمىدە ئىجارە ئولتۇرۇش ئۇچۇن تاپقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى پاناھدىغان مەكتەپ

قورۇسىدىكى كونا ئۆيى ئالىلقاچان چېقىپ تۈزلىنىپ، قورۇلۇشقا ئۇل بېسىلىپ بولغان ئىدى...

ئابدۇراخمان هويلىغا كىرىش ئۈچۈن دەرۋازىنى ئىتتەردى، ئەمما دەرۋازا ئىچىدىن تاقالغان بولۇپ ، باللار هويلىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى. نېمە دەپ كۈپكۈندۈزدە دەرۋازىنى ئېتىۋالدىكىنە بۇ راھىلە؟ ئۇ دەرۋازىنى قېقىۋاتقاندا كاللىسىغا شۇ سوئال كېلىپ ئۇلگۇردى ھەم ئايالىنىڭ دەرۋازىنى ئېچىشىنى كۈتتى. ئەمما دەرۋازىنى راھىلە ئەمەس، باللار ئاچتى.

— ئاپام بازارغا كەتتى ! — دېدى باللار دادىسىنىڭ سوئال نەزىرىدىكى كۆزلىرىگە جاۋابەن چۇرقىرىشىپ.

— قايسى بازارغا كەتتى بالام، نېمىشقا كەتتى ؟ — ئابدۇراخمان بىرئاز جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇلار پۇل ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرگەن ئىككى ئايدىن بېرى راھىلە ئۆينىڭ چاي، تۇز، كۆكتات سودىلىقىنى دېمىسە ھەپتە - ئون كۈنلەپ تالا - تۈزگە چىقمايدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ يازلىق تەتىل بولغاندىن بېرى غۇلجىدىكى ئاپىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بولغان سېغىنىشىنىڭ تەسىرىدىنمىكىن قانداق، باشقىچە جىمغۇرلىشىپ، پارچە - پۇرات ئىشلاردىن قولى بوشىسىلا كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان، كەم سۆز بولۇپ قالغان ئىدى.

— بىزگە دېمىدى ، — دېدى باللار دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، — ساندۇقتىكى نەرسىلىرىنى ئېلىپ سومكىسىغا سالدى، بىزگە دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىۋېلىڭلار، دەپ قويۇپ يىغلىغاندەك جىمجىتلا چىقىپ كەتتى.

— نېمە؟ يىغلىدىمۇ؟!

— ياق، يىغلىمىدى...





— يىغلىغاندەك قىلدىغۇ!

ئابدۇراخماننىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يەتتى. ئۇ گۇلدەك چىرايلىق بىر قىزنى كۆيدۈم - پىشتىم دەپ غۇلجىنىڭ جەننەتتەك باغلىرىدىن ئايرىپ ئەكېلىپ، ئون يىلغىچىمۇ ئۇنىڭغا تۈزۈكرەك بىر ئۆي جابدۇپ بېرەلمىگىنىگە ئۆكۈنەتتى.

— مەن ئاپاڭلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ باقاي بالام، سىلەر تالاغا چىقىۋالماي يەنە هويلىدا ئويناپ تۇرۇڭلار، — ئابدۇراخمان يەنە ۋېلىسىپىتىنى سۆرەپ كەينىگە ياندى. قاياقىقا ماڭسام بولاركىن، دەپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تەڭ بويۇندىدى. ئەمما راھىلە خۇددى ئىشىك ئالدىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشىۋالغاندەك توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان بىر كىرا موتسىكلىتىدىن چۈشۈپ كەلدى. ئابدۇراخمان ھەم كۆڭلى جايىغا چۈشكەن ھەم ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان بىر ھېسسىياتتا ئايالىغا قارىدى.

— سېنى ئەنسىرەتتىممۇ ؟ — دەپ سورىدى راھىلە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ئەنسىرىمەي تۇرالمايمەن، نەگە باردىڭ راھىلە؟

— ھازىر دەيمەن ، — دېدى راھىلە تەبەسسۇمى بۇدرە چاچلىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇپ، — ئاۋۋال ئۆيگە كىرەيلى.

ئەر - ئايال ئىككىيلەن ئۆيگە كىردى. باللار چۇرقىرىشىپ ئۇلارغا ئولاشتى. دېھقانىنىڭكىدەك ئاددىي يېپىلغان ئۆي ئۇلارنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇشىغا ئانچە ماسلاشماي قالغان بولسىمۇ، لېكىن تالادىن كۆپ سالقىن، ئارامبەخش ئىدى. باللار ئاپىسىنى بۇرۇنقىدەك شاكىلات، پېچىنە ئەكەلدىمىكىن دەپ، يومىيىپ تۇرغان سومكىغا قاراشتى. راھىلە بولسا سومكىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىپ شاكىلات ئەمەس، بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ

بالىلىرىنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. پۇلنى كۆرگەن ئابدۇراخماننىڭ بىردىنلا چۆچۈپ كۆز چاناقلىرى كېڭەيدى. ھەيرانلىقنى يوشۇرالماي ئۆينىڭ گېپى چىققاندىن بېرى تەڭقىسلىقتا قىسىلغان، سۇلغان كۆزلىرىنى سوئال نەزىرىدە ئايالىغا تىكتى.

— زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىمنى ساتتىم ، — دېدى راھىلە ئادەتتىكى بىر ئاھاڭدا ، — بۇ پۇلنى قوشۇپ ئۆيگە تۆلە، ئابدۇراخمان.

— نېمە؟! — ئابدۇراخمان ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى ، — ئالتۇن زەنجىر ، ھالقا، ئۈزۈكلىرىڭنىمۇ؟!

راھىلە ئۈنسىز بېشىنى لىڭشىتتى، كېيىن پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى:

— ئاپام بىلەن تۇغقانلارنىڭ تۇغۇتۇمنى مۇبارەكلەپ ياسىتىپ بەرگەن بىلەزۈكنىمۇ سېتىۋەتتىم.

— ھەي... راھىلە ، — دېدى ئابدۇراخمان بېشىنى چايقاپ، — ھەر قانچە يامان كۈنگە قالساقمۇ، مەن ھايات تۇرۇپ بۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى... دېگىنە، نېمىشقا ماڭا بىر ئېغىزمۇ مەسلىھەت سالماي، ئالتۇن جابدۇقلىرىڭنى سېتىۋەتتىڭ؟

— سېنىڭ ئىككى ئايدىن بېرى چېپىپ كەتكىنىڭنى كۆرۈپ چىدىمىدىم، كۆپ ئويلىنىپ ئاخىرى شۇ قارارغا كەلدىم. ئەمما ساڭا بۇ خىيالىمنى ئېيتقان بولسام، سەن قوشۇلمايتتىڭ.

ئابدۇراخمان گويا ئايالىغا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك، ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىنى چاڭگاللاپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇردى:





— يۈرە راھىلە، پۇلنى سومكاڭغا سال.

— نېمە بولدى، نەگە بارىمىز؟

— زەرگەر بازىرىغا.

— نېمىشقا؟

— پۇلنى قايتۇرۇپ، ئالتۇنلىرىڭنى ياندۇرۇپ كېلىمىز.

— ياق، بولمايدۇ!

— بولمايدىغان نېمىسى بار؟ يۈرە!

— بىز ھۆججەتلىشىپ بولدۇق، يەنە كېلىپ ئۇ زەرگەر ماڭا پۇلنى ساناپ بېرىپلا ئالتۇننى تاۋلاپ چوكا ئالتۇنغا ئايلاندۇرىۋەتتى.

ئابدۇراخمان بالىلىرىنىڭ ئانىسىغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەكتەپتە ئايلىق ئىش ھەققى چىققىچە ئالدىن قەرزگە كىيىم ئېلىپ كىيىدىغان، پۇل - پۇچەك، لاتا - پېتىنىڭ جېدىلىنى قىلىپ پات - پات ئەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ، قاش - قاپىقىنى كۆكەرتىپ خىزمەتكە كېلىدىغان خانىملارنى كۆندە ئۇچرىتىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولسا بىر پىداكار ئايال كۈلۈپ تۇراتتى. قېتىپ تۇرغان ئابدۇراخمان ئايالىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىدى، كېيىن ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ساقال - بۇرۇت باسقان يۈزىنى چىمدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. راست، ئۇنىڭ ئايالى، ياق، مۇھەببەتلىك سۆيگىنى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:

— مەندىن بۇنداق تەسىرلىنىپ تۇرۇپ كەتكىنىڭ بىكار جۇمۇ ئابدۇراخمان... ھازىر بۇنداق قەھرىمانلىق قىلغىنىم بىلەن، ئوغلىمىز ئاراپاتنى ئۆيلەيدىغان چاغدا ئالدى بىلەن مېنى جابدۇمىساڭ، قولىقىمنىڭ تۆگمىسىدىن تارتىپ بارماقلىرىمنىڭ ئۇچىغىچە ئالتۇن جىرىڭلاتمىساڭ بەربىر خوتۇن كىشى-

لىكىمنى قىلىمەن، توي كۈنى باتتۇرۇپلىپ، ئايال قۇدىلارنىڭ ئالدىغا چىققىلى ئۇنىماي، سېنى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا سۆغا چىلايمەن، قارا!

— مېنى تولا قورقۇتمىغىنە، — دېدى ئابدۇراخمان ئاران زۇۋانغا كېلىپ، — سەن باتناپ ئاراپاتنىڭ قېيىنئاپىسىنىڭ ئالدىغا چىققىلى ئۇنىمساڭ، مەن سېنىڭ ئورنۇڭغا خوتۇن ئىزدەپ نەگە باراي؟

— خوتۇنلار جىق، — دېدى راھىلە دراما ئويناۋاتقاندەك بىر ئاھاڭدا.

— سېنىڭ بىلەن كۆنۈپ قاپتىمەن جېنىم، — دېدى ئابدۇراخمانمۇ ئۇنىڭغا تىزىنى ئەگكەنچە باغرىنى ئېچىپ.

— لېكىن ئالتۇن بولمىسا بولماس، بېگىم.

— ئالاي جېنىم، ئالاي.

— ئۇنداق بولسا كەم كۆرمەي پۇلنى قوللىرىغا ئالسىلا، چىقىپ تىزىملاتسىلا. ئاۋۋال ئۆي بولسۇن، ئاندىن ئالتۇن.

— خۇش خېنىم، دېگەنلىرىدەك بولسۇن.

باللار دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئويۇنىغا تېلىقىپ كۈلگىلى تۇردى. راھىلە ھەممە گەپنى كۈلكىگە زورلاپ، پۇلنى ئاخىرى ئابدۇراخمانغا تۇتقۇزدى. پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكنى جېكىلەپ مەكتەپكە يولغا سالدى. ئۆزى باللارغا پولۇ ئېتىپ بېرىمەن دەپ سەۋزە ئاقلاپ، كۆك پۇرچاق تېشىشكە باشلىدى.

## 52

ھېلى ئۇ ئىش، ھېلى بۇ ئىش بىلەن ئاۋغۇست ئوتتۇرىلاپ





قالدى. ئۆي سېتىۋېلىش غېمى، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن پاتىپاراقچىلىق، غۇلجىدىكى تۇغقانلارنىڭ يازلىق تەتىلدىمۇ كەلمىدىڭلار دەپ ئاغرىنىپ قېلىشى... دېگەندەك تۇرمۇشتا بىر - بىرىنى بېسىپ كەلگەن قاتمۇ قات جىددىيچىلىك يازلىق تەتىلنى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويغان ئىدى. مانا ئەمدى ئاباسخاننىڭ ھاۋانى مەكتەپكە ئەۋەتمەيمەن، رامىزانغا قالماي ئەرگە بېرىۋېتىمەن، دەپ تېخى بويىغا يەتمىگەن قىزغا ئەلچى تاماسىدا يۈرگەنلىك خەۋىرى ئابدۇراخمانغا يېڭى ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماي، دادىسىنى ئۆز رايىغا قويۇۋېتەي دېسە، دادىسىنىڭ ھەقىقىي ئادەملىك تەربىيىسى بىلەن چوڭ بولغان بولغاچقا، ئۇنىڭ غۇرۇرى ھەم ئوغۇللۇق بۇرچى يول قويمايتتى. ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق، دەپ دادىسىنىڭ خىيالىغا رەددىيە بېرىپ قىزنى شەھەرگە ئەكىرىپلا مەكتەپكە يولغا سېلىۋېتەي دېسە، دادىسى سەھرادا قۇم - توپا كېچىپ يۈرگەن بىلەن ئاسان پەيلىدىن يانىدىغان دادىلاردىن ئەمەس ئىدى.

— بۇ دادام ھاۋانى ئوقۇشقا يولغا سالىدىغان چاغدا ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتكەن، كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئۇنى ياخشى ئوقۇپتۇ دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ يۈرگەنتى، ئەمدى ئەجەب پىلانى ئۆزگىرىۋالدىغۇ؟ — دېدى ئىسسىقتا ئۇيقۇسىز ياتقان ئابدۇراخمان. ئېرىنىڭ بىسەرەمجان كۆڭلىنى سەزگەن راھىلە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تەشۋىشلىنىپ، ئېغىز ئاچتى:

— دادام ھاۋانىڭ بوي تارتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىكىلىنىپ تۇرغاندا، ھېلىقى ئىش يۈز بەردى. ئۇ قىزنى قۇدىمىزنىڭ ئوغلى بىلەن قېچىپ كەتتى، دەپ گۇمان قىلغان

بولسا كېرەك.

— ئۇ ئىشنىڭ بۇنچىلا ئۇيلىنىپ كەتكىدەك نېمىسى بار. باللارنىڭ ئۇنداق يولغا ماڭىدىغان چاغلىرى ئەمەسقۇ، بۇ!

— شۇنى دېگىنە، قۇدىمىزنىڭ ئوغلىنى سەنمۇ كۆردۈڭ، ئۆزى بوي تارتىپ كەتكەن بىلەن كۆزلىرىدىن گۆدەكلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ!

— شۇ گەپ ، سۆزلىرىمۇ شۇنداق ساددا.

— راھىلە، سەن ھاۋا بىلەنمۇ سۆزلىشىپ باقتىڭ، قۇدىمىزنىڭ ئوغلىنىمۇ كۆردۈڭ، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر تاپتىڭ، مۇشۇ ئىشلارغا قاراپ بىرەر ئىشنى ھېس قىلدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئابدۇراخمان قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئۆينىڭ قارىيىپ تۇرغان دېرىزىسىگە قاراپ .

— ئىككى بالىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلارنى دەمسەن؟

— ياق، ئۇلاردىكى پىسخىك ئالامەتلەردىن...

— ھە... ، — دېدى راھىلە ئېرىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ، — مېنىڭچە ئۇلار بېيجىڭدەك زامانىۋى شەھەر تۇرمۇشى بىلەن تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان كونىچە تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا؛ ئۆزلىرى ئۈچ-تۆت يىلدىن بېرى ئۆگىنىۋاتقان زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلىملىرى بىلەن يۇرتىدىكى، ئائىلىسىدىكى خۇراپاتلىق، كونىچە قاراشلا ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقىغان. ئائىلىدە، مەھەللىدە چوڭلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە، مەسخىرىسىگە قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇنداق پىسخىك توسالغۇغا ئۇچراپ چوڭلاردىن قاچىدىغان، كۆڭلى يالغۇزلۇقنى ئىستەيدىغان، دەل - دەرەخلەر بىلەن، قوي، ئۆچكە دېگەندەك جانلىقلار بىلەن مۇڭدىشىدىغان بولۇپ





قالغان. ئىككىسىنىڭ قۇملۇقتا ئېزىپ قالغىنى بولسا، مېنىڭچە بۇ بىر ھادىسە... شۇڭا ئۇلار پىسخىك جەھەتتىن يېتىلىپ بولغىچە بۇنداق تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي ئەھۋال.

— سەن مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قارىشىمنى تولۇقلىدىڭ ، — دېدى ئابدۇراخمان بىردىنلا جانلىنىپ، — مەن تېخى ھەسىنىكامنىڭ يۇسۇپ توغرىسىدا دەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئىش ياشلارنىڭ بالاغەتكە يېتىشتىن ئاۋۋال كېلىپ چىققان ۋاقىتلىق روھىي تەڭپۇڭسىزلىق، دەپ قاراپتىمەن.

— بالاغەتكە يېتىشتىن ئاۋۋال قانداق بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى راھىلە ھەيران بولۇپ.

— كۆڭلى نازۇك، خىيالچان بولۇپ قالىدۇ، ئارتۇق گەپ خالىمايدۇ، مىجەزى چۇس، تېرىككەك بولۇپ قالىدۇ...

— كىتاب ئوقۇۋېرىپ پىسخولوگ بولۇپ قاپسەنمۇ، نېمە؟

— بۇ دېگەن ئەمەلىيەت.

— كىمنىڭ ئەمەلىيىتى، ئۆزۈڭنىڭمۇ ؟ — راھىلەنىڭ ئاۋازىدىن ئېرىگە بىردىنلا قىزىقسىنىپ قالغانلىقى بىلىنىپ قالدى. ئابدۇراخمان كۈلۈپ قويدى.

— بىچارە ، — دېدى راھىلەمۇ كۈلۈپ ، — ئۇ چاغدا تازا قىينىلىپتىكەنسە، ھە!

— شۇنداق ، — دېدى ئابدۇراخمان ، — تاكى تويىمىز بولۇپ، سېنى ئالغىچە...

— قېلىن بولمىغىنە، ئا باللار ئويغىنىپ كېتىدۇ ...

— راھىلە ئېرىنى ئىتتەردى.

دېرىزىدىن بىر خىل راھەتبەخش غۇر - غۇر شامال ئوخچۇپ كىردى. بۇ، ۋاقىت كەچ بولغانسېرى ھاۋانىڭ سالقىندى-

غانلىقىنىڭ راھىتى ئىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئەتە ئارائۋاتقا چىقىدىغان ھەم بىر ئامال قىلىپ دادىسىنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھاۋانى ئوقۇشقا يولغا سالىدىغان بولۇشتى. ئۇلار شۇنداق مۇڭدىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

يەنە بىر كۈننىڭ غېمى باشلاندى. ئابدۇراخمانلار شۇنچە ئالدىرىشىپ ئارائۋاتقا — چوڭ ئۆيگە چىققاندا، كۈن چۈش بولۇپ قالغان ئىدى. بۈگۈن بۇ ھويلىدا شەھەردىن بالىلار چىققانغا تۇشلۇق قىزغىنلىق يوق، پېشانىسىنى تۈرۈم - تۈرۈم قورۇقلار بىر ئالغان ئاباسخان ئايۋاننىڭ تۆۋرۈكىگە يۆلەنگىنىچە قېقىلىپ يۆتىلىپ تاماكا چېكىپ، ئۇستىرا تەگمىگىلى ئۇزۇن بولغان ساقىلىغا تۈكۈرۈپ ئولتۇراتتى. قىزىنى چىڭ تۇتمىغىنى ئۈچۈن، قېرىغاندا ئېرىدىن تاياق يېگەن ئاغىچىخان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولۇپ، ئۆي ئىچىدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. ھاپىز، ھاۋا، نۇربۇۋىلەر بولسا كۆرۈنمەيتتى.

ياش ئەر - خوتۇنلار بىر دەم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندىن كېيىن راھىلە بالىلار بىلەن بېشىنى كۆتۈرمەي ياتقان ئاغىچىخاننىڭ يېنىغا كىرىپ، شەھەردىن ئېلىپ چىققان تاتلىق - تۈرۈملىرىنى ئۇنىڭغا سۇندى. كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ تەسەللى ئېيتتى. ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ قەلب يارىسىغا ئورتاقلاشماقچى بولغاندەك خىيالغا چۆكتى. ئېغىر ئولتۇرغان ئاباسخان خېلى بىر چاغ بولغاندا تۇيۇقسىز زۇۋانغا كېلىپ، سوغۇقلا بىر ئاۋازدا سورىدى:

— چىقىپ قاپسىلەر؟

ئابدۇراخمان بۇ سوئالدىن بىر ئاز مەڭدەپ قالدى ھەم تى-





لىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان: «بالا بولغان ئادەم ئاتا - ئانىنىڭ يېنىغا كەلمىسە، چىقمىسا بولامتى؟» دېگەن جاۋابنى تۈكۈرۈكى بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋېتىپ، تۆۋەن، سىلىق بىر ئاۋازدا:

— ئانام بىلەن سىزنى قانداقراق تۇردىكىن، دەپ چىقتۇق دادا ، — دېدى .

— بىزگە ھېچنېمە بولمىدى، ئاۋۋالقىدەك تۇردۇق.

ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ سوغۇقلا ئېيتىلغان جاۋابىدىن بېشىغا سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ يەنە كوچىلاپ سورىدى:

— ئۇكىلىرىم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ھاپىز خوتۇنۇمنى ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ كېلەي، دەپ نۇربۇۋىنى كەينىگە سېلىپ قۇمئاۋاتقا ماڭدى بولغاي... ھاۋا ئۆيدىن تالاغا چىقماي ئىچكىرى ئۆيدە ياتناپ ئولتۇرىدۇ.

— ئۇنىڭ مەكتەپكە يولغا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدىغۇ، دەيمەن؟

— كىمنىڭ ھە... ھاۋانىڭمۇ؟ ئەمدى ئۇ گەپنى ئۇنتۇپ قېلىڭلار، ئېغىزغا ئالماڭلار بالام! — ئاباسخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ دەسسەپ ئۆچۈردى ، — ئۇنى ئەرگە بەرگىلى تەييار بولدۇق!

— نېمە ؟ — ئابدۇراخمانمۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — ئۇنىڭ تېخى ئوقۇشى پۈتمىگەن ھەم كىچىك تۇرسا!

— كىچىك دېگەن گەپنى قىلماڭلار، چوڭ بولغان بولسا بېشىمغا يەنە نېمە گەپ تېپىپ بېرەتتىكىن ئۇ ئادەم بولغىنىنى تۇيمىغان؟!

— سىز ھەقىچان ھېلىقى ئېزىپ قېلىش ۋەقەسىنى كەچۈرەلمەيۋاتىسىز، دادا. بۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ قەستەن قىلغان ئىشى بولۇشى ناتايىن. ئۇنىڭسىزمۇ بىزنىڭ بۇ قۇملۇقتا تارقالغان رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، بۇ يۇرتتا نى - نى ئىشلار يۈز بەرگەن. شۇڭا بىز ئۇ ئىشنى بىر ھادىسە، بىزگە كەلگەن كېلىشمەسلىك دەپ، بولدى قىلايلى.

— ئەمدى بولدى قىلغىلى بولمايدۇ ، — دېدى ئابباسخان قايتا تاماكا ئوراپ، — بىز كىشىنىڭ داستىخىنىنىمۇ ئېلىپ بولدۇق. ئاللاھ خالىسا، توي خېتى ئېلىش ئىشىمىز پۈتلىكاشاڭغا ئۇچرىمىسىلا، ئالدى - كەينىمىزگە قارىماي توينى قىلىۋېتىمىز.

ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ كېكەچلەپ چەكچىيىپ قالدى. دەماللىققا ئاغزى گەپكە كەلمەي، گاچىدەك ئېكىشىپ قالدى.

— ئۇنچە بوغۇلۇپ كەتمەڭلار، بالام ، — دېدى ئابباسخان كۆكىرىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ چىرايىغا قاراپ، — قىز بالا دېگەن بەربىر تالانىڭ ئادىمى. ئۇنى ھازىر بولسىمۇ، كېيىن بولسىمۇ، ئوقۇپ كېلىپ كادىر بولسىمۇ، مەكتەپ قارىسى كۆرمەي بىزگە ئوخشاش دېھقان بولسىمۇ بەربىر ئەرگە بېرىدىغان گەپ... ھازىر ئويلىسام، شۇ يىلى بۇ بالا ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئىچكىرىدە ئوقۇشقا تاللانغاندا، قىزىم ئىچكىرىگە بېرىپ ئەرشىئەلاغا چىقىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۇ ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى، پايدا - زىيىنىنى چۈشەنمەي، ۋاي بارسۇن، دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتىكەنمەن. ئەمدى بىلسەم ئۇمۇ بەربىر ئىت يىلىدىن ئىنەك يىلىغىچە ئوقۇيدىغان گەپكەنغۇ! تېخى خىزمەتكە چىقىش ئۈچۈن





ئالىي مەكتەپ دېگەن يەرلەرگە ئۆتسە، قايتىقاندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن يولىنى ماڭىدىغان گەپكەن. ئۇنىڭ ئاكىسىغا دەپ بېرىشىچە، ئالىي مەكتەپ دېگەن يەرگە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈنمۇ يەنە ئاتىنىڭ بالىسىدەك پۈتۈن بىر يىل بارىمىش... ھاي... ھاي... نېمە ئانداق ئۇزاق گەپلەر بۇ! سىلىمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر بالام، سىڭلىڭلار شۇ يەرگە كەتكەن ئىككى يىلدىن بېرى جىق ئۆزگىرىپ كەتتى. ئوچۇقىنى دېسەم، ھە دېسىلا بېشىغا ياغلىق ئارتىشنى ئۇنتۇپ، چاچلىرىنى تورۇلغۇنىڭ پىيىدەك چۇۋۇپ يۈرىيدۇ. ئۇزۇن كۆڭلەك كەيمەي، ئوغۇل بالىدەك ئىشتان كىيىۋالىدۇ. تاماق ۋاقتىدا داستىخاندا پۈتلىرىنى يىغىپ چىرايلىق يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان ئادىتىنى ئۇنتۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ كالاپلىتىپ قورسىقىنى تويغۇزىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئىشىك ئالدىغا مېھمان كەلسە ئۆيگە تەكلىپ قىلىشنى، سەپەردىن كەلگەن ئادەمنى ھارماڭ، دەپ ھاردۇق سوراشنى بىلمەيدۇ. چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئۆيۈلۈشنى، پۈتىنى يىغىپ ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. شۇڭا، ئۇنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا راۋرۇس قېلىپقا سولاپ، ئەرگە بەرگىنىم تۈزۈككەن.

— بۇ ئىشقا ئەجەب چاققان تۇتۇش قىلىپ قاپسىزا؟

— ئا شۇم يولدىن چىقتى بالام، شۇڭا بولغان ئىش خەقنىڭ تىلىغا چىقىپ چۆرۈمە چۆچەك بولغىچە ئەرگە بېرىپ قۇتۇلاي دېدىم... يېپىقلىق تۇۋاق يېپىق پەتىدە قالسۇن!

— كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە داستىخان قوبۇل قىپسىلەر، خەق بالىنىڭ ئوقۇۋاتقىنىنى بىلمەمدىكىنا؟

— ئۇرۇق - تۇغقانلار ماڭدى، قىزنى ئۇنىڭ - بۇنىڭغا سايە قىلدى ، — دېدى ئابباسخان ئاۋازىنى كىشى ئاڭلىمى-

سۈن دېگەندەك ئالىقىنى بىلەن ئاغزىنى تۇسۇپ ، — شۇنىڭ بىلەن ئۇبدان يەردىن ئەلچى كەلدى.

ئابدۇراخمان گويا تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك، تىنالماي قالدى. كېيىن يىغلىغاندەك بىر ئاۋازدا سورىدى:

— كۆيئوغۇل كىمكەن؟

— يېزىدىكى شۇجىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان شوپۇركەن، ئۆتكەندە ئىككى بالا بىلەن خوتۇنىنىڭ خېتىنى بېرىپتىكەن... ھازىر كۆيئوغۇل بالا ھاۋانىڭ يېشىنى چوڭايتىپ، بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق توي خېتى ئېلىش ئۈچۈن چېپىپ يۈرۈيدۇ. شۇجىمۇ توي خېتىنى ماڭا قويۇپ، تويغا تەييارلىق قىلىۋەر، دەپتۇ.

ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ كۆزىچە تەئەججۇپ، ئاچچىق سىرتمىقىدا قاتتىق بوغۇلدى.بۇ ئىشقا يا ئاق، يا كۆك بىر نېمە دېيەلمەي، ئىچ - ئىچىدىن ئازابلاندى. ئۇ كۆز چاناقلىرى ياشلانغان ھالدا پۇۋدىگەن ئۆپكىدەك بىر ھازا ئېسىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئوقتەك ئېتىلغانچە يۈگۈرۈپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ئوغلىنىڭ بۇ قىلىقىغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قالغان ئابباسخان دوڭغاقلىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن چاپتى:

— ھاي... ھاي ئابدۇراخمان، نەگە باراي دەيسەن؟ تەييار بولغان ئېشىمغا توپا چاچما، جۇما!

لېكىن ئابدۇراخماننىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

## 53

ھەسەن خالۋاپ كۆز ئالدىدىكى ھاياتقا ھەمىشە سىرلىق، كونىلىق نۇقتىسىدىن نەزەر سالىدىغان، تەقدىرچىلىك ئىدى-





يىسى كۈچلۈك، شۈكۈر - قانائەتچان ئادەم. ئۇ ئەمدى يۈسۈپنىڭ خۇي - پەيلىدىكى بىنورمال بىلىنگەن ئەھۋاللارنى تەقدىرنىڭ ئىرادىسى، پېشانىسىدە نېمە بولسا شۇ... دەپ ئانچە ئاھ - ۋاھ دەپ كەتمىدى. مانا، بالىنىڭ تەتىلى توشاي دەپ قالدى. ئەتە ماڭىمەن، ئۆگۈن ماڭىمەن دەپ يۈرگىنىگە قاراپ ئۇنى يولغا سېلىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئەمما بالىدا ھېچبىر سەپەر جىددىيچىلىكى يوق، چوڭلار كىيىم تىككۈزۈپ بېرەي دېسە، ئۇنىڭغا باش چايقاپ مەكتەپتە فورما كىيىمەن، دەپ ئۇنىمايتتى. نان يېقىپ بېرەي دېسە، مەكتەپ ئۈچ ۋاق تاماق بېرىدىغۇ، دەپ رەت قىلاتتى. ئۇ شۇنداق دەپ يۈرۈپ يىگىرمە نەچچە سوملۇق بىر تەنھەرىكەت ئايىغى، يولدا يەيدىغانغا ئازراق ناندىن باشقىغا ئۇنىمىدى... شۇنداق قىلىپ ئەتە شەھەرگە كىرىمىز دەپ تۇرغاندا، توساتتىن ئۇلارنىڭ ئىشىكىدە غوجىخان پەيدا بولدى:

— ئاشۇ بالىنى يەنە بېيجىڭغا ئەۋەتىمەن دېگىچە، ئالتە قوينى ئالدىغا سېلىپ جاڭگالغا ئەۋەتسەك بولمامدۇ، ھەسىناخۇن؟!

ھەسەن خالۋاپ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كەينىگە بۇرۇلدى ھەم سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ تۇرغان بىر جۈپ قۇۋ كۆزنى كۆردى. ئۇ ئادەت بويىچە ئىتتىك قەدەملەر بىلەن غوجىخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ، قولىنى ساقىلىغا سىيپىدى ۋە ئالدىن:

— قانداق دەيلىكىن سېكرېتار ؟ — دەپ سورىدى.

— غايىپقا كېتىپ، مېڭىسىدىن ئازغان بالىنى يەنە ئوقۇتىمەن دەپ يولغا سېلىپ قويسىلا، ئەتە - ئۆگۈن يۈرتىمىزنىڭ

شەنىگە چىچىپ قويۇپ، بىزگە گەپ تېپىپ بېرەرمىكىن؟!

— دەسلەپتە بىزمۇ شۇنداق ئويلىغان، لېكىن ئۇقساق بالا ساقكەن.

— مېنى بىلمەيدۇ دېمىسىلە، مېنىڭ ما ئۇزۇن قۇلىقىم ھەممىنى ئاڭلاپ بولدى، جۇمۇسىلا!

— ئاڭلىسىلىمۇ سىلە قورققاندەك ئىش يوق سېكرېتار.

— تەكشۈرتۈپ باقتىلىمۇ؟

— ياق.

— ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئەكىرىپ تەكشۈرتۈپ باقسىلا... مەن كۆتۈرە داۋالاش پۇلىدىن ئاتچوت قىلىدىغانغا خەت قىلىپ بېرەي.

— بالىنىڭ نوپۇسى ئوقۇيدىغان جايىدا تۇرسا...

— ئۇنى ئۆزىمىز ئەپلەيمىز، كەنتىمىزدە يۇسۇپ ئىسىملىكلەر جىققۇ!

— ئاۋارە بولمىساق بولامدىكىن، ھازىر دوختۇرخانىلار ساق ئادەمنىمۇ كېسەل چىقىرىپ، ئەتە ئۆلىسىز، ئۆگۈن ئۆلىسىز دەپ قورقۇتۇپ ياتاققا ئېلىۋالىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم.

— دوختۇرلار بىر ئىشنى بىلمىسە ئۇنداق قىلامدۇ، — دېدى غوجىخان بىر خىل تەھدىت ئاھاڭىدا، — مەن ھازىر سېكرېتارلىق سالاھىيىتىم بىلەن سىلىگە دەيدىغان گەپنى دەپ قويدۇم، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالماي، بالىنى ئەۋەتىۋېتىپ ئەتە - ئۆگۈن ماڭا گەپ تېپىپ بەرسىلە، سىلە بىلەن ئوبدان ھېساب - كىتاب قىلىشىپ قالىمىز، جۇما!

يۈزىدىن يۇزىگە ئېيتىلغان يامان گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى بىر قىسما بولغان ھەسەن خالۋاپنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، پۇتلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، پۇتۇن غەيرىتىنى ئاغزىغا يىغىپ، قېنى نېمە دەرسەنكىن، دېگەندەك ئىستىھزالىق نەزەردە سوغۇق كۈلۈپ تۇرغان ئادەمدىن سورىدى:

— بالىغا ئوقۇش كەلگەن ئىككى - ئۈچ يىلنىڭياقى بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇشۇ گەپ تولاراق بولۇنۇپ قالدى، قېنى دېسىلە، مۇشۇ مۇشتەكتەك بالا قانداق گەپ تېپىپ بېرەر سېكرېتار، سىلىگە؟

— قېنى ئۆزلىرىدىن سوراپ باقسىلا، ھېلىقى يىلى ئاقسۇغا كېۋەز تەرگىلى بارغاندا، ئىنىلىرى بىلەن قېچىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلغىلى مېڭىپتىكەنلا، شۇ چاغدا سىلى ماڭا زادى نېمە گەپ تېپىپ بەرمەكچى بولغان؟!

— ئۇ... ئۇ چاغدا... — ھەسەن خالۋاپ دۇدۇقلاپ قالدى. كۆز ئالدىدىكى مۇنۇ ئوت قۇيرۇقى ئوننەچچە ياش ۋاقتىدا بېشىغا ماش رەڭ شەپكە كىيىپ، بېلىگە قىزىل لاتا باغلاپ، ئۇنىڭ دادىسىنى تارتىپ چىقىپ تاكى ئۆلگىچە ئازاب سالغاندىن تارتىپ، نەچچە يىلدىن بېرى ھەر يىلى ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ، خوجايىنلار بىلەن يەڭ ئىچىدە سودا قىلىپ ئۆزلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلغانلىقى؛ يۇقىرىدىن ئەۋەتكەن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى ئىس - بىسىنى چىقارماي يېغىشتۇرىۋەتكەنلىكى، پۇلدار شىركەتلەر قۇمئاۋاتلىقلارنىڭ چىدامىلىق ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەقسىز ياردەم قىلغان سېمونتنى سۇ قۇرۇلۇش خوجايىنلىرىغا ئېلىشىچە سېتىپ خەجلىۋالغانلىقى، ئەرلەرنى ھاشارغا ئەۋەتىۋېتىپ ئاياللارنى مارىلاپ، نەچچە ئائىلىنى بۇزغانلىقىدەك بۇ قىلمىش - ئەتمىشلەرنى ساڭا ھۆكۈمران بولۇپ كۆزۈڭگە قادىلىپ قاراپ تۇرغان بىر ئادەمگە قانداقمۇ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل يۈزىگە سالغىلى

بولسۇن... خۇدۇكى بار موللام چاي ئىچمىسمۇ تەرلەيدۇ، دەپ مانا ئەمدى قىلىۋاتقان گېپىنى قارىمامدىغان...

— مانا ئەمەسما ، — دېدى غوجىخان توپا - تۇمان دەستىدىن ئەسلى رەڭگىنى تونۇغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن شىلەپىسىنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇپ قويغان تەييار تاماكىغا ئوت يېقىپ، — ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق، دەپ ھەممە ئىش كۆڭۈللىرىگە ئايان. مەن سىلىگە دەپ قوياي: ئا بالىغا ھېزى بولالا، جۇما! — غوجىخان ھە دەپ قىزىشىپ سۆزلەۋاتقاندا، سۆڭگۈچىگە ئېسىۋالغان يانفونى سايراپ غەزەلگە چۈشتى:

ئېگىز ئايۋان - پەس ئايۋان،
مەن ياتمايمەن ئۆزۈڭ يات...

ئۇ دەرھال يانفونىنى ئېلىپ قۇلىقىغا ياقتى ۋە ئاغزى كالچايغانچە ھىجىيىپ «خوش... خوش...» دېگىنىچە ھەسەن خالۋاپ بىلەن كارىمۇ بولماي، ئۇدۇل كەنت ئىشخانىسى تەرەپكە ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

«نېمە كۆزىمىزگە كىرىشىۋالدىغاندۇ ، — دەپ ئويلىدى ھەسەن خالۋاپ يىراقلاپ كەتكەن ئوت قۇيرۇقنىڭ كەينىدىن قاراپ، — نەۋاقلار بولدى، ئۇچرىغان - تۇرغانلا يەردە شۇ گەپ...»

— كىمۇ ئۇ، بىر مۇنچە گەپ قىلىپ قوقاق سالغان ؟ — ھەمىدىخان ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇلۇشكۈن خوتەندىكى سىڭلىسىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەن موماي ئىككى كۈندىن بېرى مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئىدى.

— غوجىخاننىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈشىكەن، ئانا ، —





دېدى ھەسەن خالۋاپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، — مەندىن گەپ سوراۋاتىدۇ.

— ئادەم قورقۇتىدىغان بىر گەپلەرنى قىلىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ ئۇ؟

— غوجىخاننىڭ خۇيى ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ كەينىگە قاراپ قويۇپ، — ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، تايىنى يوق گەپلەرنى قىلىپ...

— تەگىشىپ قالمىغانسىلەر؟

— ياق، ئانا.

— كونا ئاداۋەتنى يۇيۇۋېتىڭلار بالام، مەن دۇئا قىلاي ، — دېدى موماي رومىلىنى تۈزەپ، — ئاراڭلاردا يەنە بىرەر ئىش بولۇپ قالامدىكىن دەپ، ئەس - يادىم سىلەردە.

— ئاداۋەتلەشمەيمىز ئانا، مەن كونا ئىشلارنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەنمەن.

— مانا بۇ لاللا مۇسۇلماننىڭ ئىشى... — ھەمىدىخان ئوغلىدىن رازى بولغاندەك ئاجىز كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى ھەم ئۆزىنىڭ ھويلىسى تەرەپكە ماڭغاچ دېدى، — شەرۋانىخان تۈنۈگۈن يۇسۇپكە يوللۇق بىر نەرسە تەييارلايمەن دەۋاتقان، ئەمما ھازىرغىچە ئۆزىمۇ يوق، خەۋىرىمۇ يوق. چىقىپ باقاي نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىدىكىن.

— ئەمىسە ھايال بولماي چىقارسىز، ھازىر ئوغلاق سويۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان ئىدىم.

— ماقۇل بالام.

ئالدىراشچىلىق ئىچىدە يەنە كەچ بولدى. يۇسۇپنى ئۇزىتىپ قويۇشقا كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلار، مەھەللىدىكىلەر ئىلگىرىكىدەك ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇردى.

يوللۇق تۇتقۇچىلارنىڭ تاپقىنى ئون ـ يىگىرمە سوم پۇل، تاپالمىغىنى تۇخۇم، پىشۇرغان ياڭاق، بادام، گۈلە ـ قاق بىلەن خالتا قىلغان ئىدى. روزىگۈل بىر كانىۋاي كۆڭلەك تىككەن، شەرۋانەم مەشۇت يىپ بىلەن دوپپا ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ كىيىملەر يۇسۇپكە بەك ياراشتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندا، نۇربۇۋى بوخچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئۈن سېلىپ يىغلىغانچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن كۆردىكى، ئۇ بىچارە يەنە ئېرىدىن تاياق يەپ يامانلاپ كەلگەن ئىدى.

* * *

ئەتىسى ھەسەن خالۋاپ ناھايىتى سەھەر ئورنىدىن تۇردى. قاغىلار قاقىلداپ، ئىتلار قاۋىماستا مەھەللىدىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن يۇسۇپنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتى. ھەمىدىخان نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيگىنىچە ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلغانچە قالدى... كىچىكلىكىدىن تارتىپ تۇرمۇش قىسمەتلىرى ئىچىدە بوغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ ئادەم گەرچە غوجىخانىنىڭ تەھدىتلىرىدىن قورقۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، سەپەر ئالدىدا بىرەر پىشكەللىكنىڭ يۈز بېرىشىنى، ئۇنداق ـ مۇنداق سەۋەب بىلەن يولدا پۇتلىكاشاڭغا ئۇچراپ قېلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بالىنى تەشكىللىك يولغا چىقىشتىن كېچىكتۈرۈپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئۇلار چۈشكە يېقىن شەھەرگە — پويىز ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدى. يۇسۇپنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بىر يەرگە يىغىپ بىر تۇتاش ئېلىپ ماڭىدىكەن. بۇ گەپلەر ئاتىنىڭ كۆڭلىنى خېلى





خاتىرجەم قىلىپ قويغان ئىدى.

ۋوگزالغا ئادەم يىغىلىپ كەتكەن بولۇپ، يۇسۇپكە ئوخشاش ھېلىقى يارىشىملىق فورمىسىنى كىيىۋالغان ساۋاقداشلىرى مۇئەللىمى بىلەن بىر چەتكە يىغىلىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشقان ئىدى. ساۋاقداشلىرىنى كۆرۈپ جېنى ياشىرىپ كەتكەن بالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۇدەك بىر ئېغىزدىن گەپ قىلىپ،ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى. ئاخىرىدا دادىسىدىن مىننەتدار بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇ ئارىلىقتا چىرايىدىن جىددىيچىلىك چىقىپ تۇرغان ئوقۇتقۇچى يۇسۇپنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

— يۇسۇپ، ھەي يۇسۇپ، ماڭا قارىغىنا... سەن بىلەن بىر يېزىدىن كېلىدىغان ھېلىقى ھاۋا دېگەن ساۋاقدىشىڭ قېنى؟

— خەۋىرىم يوق ، — دېدى يۇسۇپ ئۇنىڭ يوقلىقىنى ئەمدى بىلگەندەك ساۋاقداشلىرى ئارىسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، — ياكى دادام بىلەمدىكىن؟

— داداڭمۇ ؟ — دېدى مۇئەللىم سائىتىگە يەنە بىر قاراۋېتىپ.

— ھەئە، ئۇلار بىزگە تۇغقان...

ھەسەن خالۋاپ ھېلىقى ئىشتىن كېيىن قۇدىسىنىڭ ئېغىر خاپىلىق تارتىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىغان ھەم نازىلخان بىلەن ئۇلارنىڭكىگە كۆڭۈل سوراپ بارغاندا، ئابباسخاننىڭ سوغۇققىلا ئالدىغا چىققانلىقىدىن دىلى ئازار يەپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ قىزىنى ئوقۇشقا ئەۋەتمەيدىغان، توينى قىلىۋېتىدىغان بولغانلىقىنى ئاڭلىدى. قارىغاندا، بۇ گەپ راستقا ئايلانغان چېغى! ھەسەن خالۋاپ گەرچە ئۇ ئىشلارنى ھەم قۇدىسىنىڭ قىزىنىڭ مەكتەپكە مېڭىشقا كەلمەي قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى

شۇنچىلىكلا بىلسىمۇ، ئوقۇتقۇچىغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى. چۈنكى مىش - مىش گەپ دېگەن ھامان مىش - مىش گەپ. بۇنداق گەپنى بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبى قىلىپ ھەرقانداق ئادەمگە تىنغىلى بولمايدۇ - دە!

ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولالمىغان ئوقۇغۇچىلارنى ساقلاپ كۈن پېشىندىن ئۆتتى. بۇ چاغدا ھاۋادىن باشقا بارلىق ئوقۇغۇچىلار يىغىلىپ بولدى. مۇئەللىم ئەمدى رەسمىي جىددىيلىشىپ ئۇنىڭ - بۇنىڭغا تېلېفون ئۇرغىلى تۇرغاندا، ھەسەن خالۋاپنىڭ خىيالىغا بىر ئەقىل كەلدى:

— مۇئەللىم ئۇكام، ئۆزلىرى ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرىدىكى ئابدۇراخمان دېگەن مۇئەللىم بالىنى تونۇملىكىن؟

— قا... قانداق دەيدىلا ؟ — دېدى مۇئەللىم گېپىدىنمۇ ئېزىپ.

— شۇ بالا سىلە گېپىنى قىلغان ھاۋاخاننىڭ ئاكىسى. ناۋادا شۇ مۇئەللىمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلسىلە...

— بولىدۇ، مەن تولۇق ئوتتۇرىدىكى تونۇشلىرىم ئارقىلىق...

مۇئەللىم قولىدىكى تېلېفوندا توختىماستىن نومۇر باسقىلى تۇردى. بىرىنىڭ دەپ بەرگەن نومۇرى بىلەن يەنە قايتا نومۇر باساتتى. لېكىن ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چىرايىدا ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولاتتى. شۇ مىنۇتلاردا پويىز ساقلاپ تۇرغان يولۇچىلارنىڭ پويىزغا چىقىشى ئۇقتۇرۇلدى. ئامالسىز قالغان مۇئەللىم ئۆردەك چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرگەندەك باللارنى كەينىگە سېلىپ كىرىش ئېغىزىغا قاراپ سىلجىدى. ھاۋانىڭ يوقلۇقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقى يوقالغان يۈسۈپ بويىنىنى قىسىپ دادىسىغا قارىغىنىچە، يېرىم كەينىچەككە مېڭىپ ساۋاقداشلىرىغا ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا توۋلاپ كەتتى:





— كەلدى، كەلدى، ھاۋا كەلدى !

ھەسەن خالۋاپ ئوغلىنىڭ ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ، كەينىگە قايرىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇستىۋېشى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ئابدۇراخمان بىلەن راھىلە سىڭلىسى ھاۋانىڭ قولىنى تۇتۇپ يۈگۈرگەنچە زالغا كىرىۋاتاتتى .

# توققۇزىنچى باب

## 54

روزىگۈل بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن قارا سايىنىڭ ئاخىرى جان ئالغۇچى قۇش بولۇپ ئالدىغا چۈشكىنىنى كۆردى. بارغانچە ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ يولدىن چىققان ئېرى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېۋەزلىكتە پەيدا بولۇپ قالدى. كۆزىنىڭ باش بۇرنىدىلا يوپۇرماقلىرى چاۋۇشقا باشلىغان كېۋەزلىكنىڭ چۆنكىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ پاختا تېرىۋاتقان جۇۋان ئېرىنى كۆرۈپ يا خۇشال بولۇشنى، ياكى خاپا بولۇشنى بىلەلمەي، سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. دوپپىسىنى تاشلاپ يالاڭباش بولۇۋالغان ئېرى تۈگمىلىرى ئېتىلمەي قالغان كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىن تۈكلۈك مەيدىسىنى كېرىپ روزىگۈلگە سوغۇق قاراپ تۇراتتى. روزىگۈل ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەس، دەپ ۋۇجۇدىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان ئىللىق تەبىئىتى بىلەن خۇش كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتى:

— ۋاي كېلىنىڭلار دادىسى... ھاۋا تۇتۇلۇپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئاپتاپ چىققاندەك ئالدىمدا پەيدا بولدىڭلىيا؟

— نېمە كارىڭ ؟! — دېدى يۇنۇس خوتۇنىغا تىك تېگىپ ، — ئاناڭنىڭ ئۆيىگە جۆنىمەي، تېخىچە مېنىڭدىن كۆڭۈل سوراپ





كۈتۈپ تۇردۇڭمۇ؟!

روزىگۈل ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن يەنە شۇنداق دەيدىغانلىقىنى پەملەپ بولغاچقا، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ھەم يەنە سىلىق ئاھاڭدا:

— سىلىمۇ بولمىساڭلار، مەنمۇ كەتسەم، ئا ئۇلاغ - ئىلمەك، ئېتىز - ئاياغقا كىم قارايدۇ، يۇنۇساخۇن؟

— قارايدىغان ئادەم بار.

— قېنى ئۇ ئادىمىڭلار؟

— كۆرگۈڭ بارمىتى؟

— كۆرۈپ نېمە قىلاي، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش تۆشۈك مۇنچاقتىن بىرسىدۇ ئايىنىلىق.

— سەندىن خېلى...

روزىگۈل كۈلۈپ كەتتى ھەم پەس ئاۋازدا:

— نېمىسى خېلى، مەيدىسىمۇ ياكى سۆڭىكىچىمۇ؟

— ھەممە يېرى، — دېدى يۇنۇس بىر ئىشتىن ھۇزۇر سۈرۈۋاتقاندەك قىلىق چىقىرىپ، — گەپ - سۆزى، خۇلق - مىجەزى، كۈلۈشلىرى، مېڭىشلىرى، تولغىنىشلىرى... ئىشقىلىپ بۇنى ساڭا دەپ بەرسەم ئىچىڭ ئۆتۈشۈپ كېتىدۇ.

— بۇ گەپچە، ئەمدى مەن روزىخان ئاشۇ خېلى خوتۇنغا ئۆينى بىكارلاپ بەرسەم بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق.

— لېكىن ئېرىنىمەي سوراپ باقسىلا بولاپتىكەن غوجام، مەن تېرىپ - تۆنەپ، يىغىپ - يۆگەپ ئۆي تۇتقاندا ئۇ خېنىم نەدە قاپتىكىن؟

— ئانىسىنىڭ قورسىقىدىتى.

— قاچان چوڭ بولدىكىن؟

— غوجىڭىز بىلەن تېپىشقاندىن بېرى.

— كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تەييارغا ھەييار بولۇشتىن ئۇيالمامدىكىن ئۇ خېنىم؟

— نېمىگە ئۇيۇلىدۇ، كىرسە مېنىڭدەك كۆڭلى تارتقان ئادىمىنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ.

— قالتىسكەن، — دېدى روزىگۇل قۇملۇق باغرىدىكى ئېتىزلاردا بەس ـ بەستە پاختا تېرىۋاتقان ئاياللارغا قاراپ قو ـ يۇپ، — بەك كۆڭۈل تارتىشىپ كەتكەن ئوخشىمامىلا ئۇنىڭ بىلەن؟

— ئاجايىپ دېگىنە!

— شېكەر سۈركەپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟

— شېكەر دېگەندە قانچىلىك تەم بار ئىدى!

— ئەمىسە ھەسەل بولسا كېرەك ـ دە؟

يۇنۇس گەپتىن توختىۋالدى. بىرى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇر ـ غاندەك كەنت يولىغا بويۇنداپ قارىغاندىن كېيىن بايا كەلگەن چاغدىكى سوغۇق تەلەتىگە قايتتى ھەم رەسمىي تەرزدە ئېغىز ئېچىپ:

— مەن سەل يامان كۇنگە قېلىۋاتىمەن، شۇڭا مەن بىلەن ئارتۇق گەپ ئېيتىشماي خېتىڭنى ئېلىپ، ئاناڭنىڭ ئۆيىگە كېتىپ تۇرغان بولساڭ...

— نېمە بولدى، قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتىڭلىمۇ، يۇنۇسا ـ خۇن؟

— قەرز بولغان بولسا مەيلىدى، — دېدى يۇنۇس يەنە يول تەرەپكە بويۇنداپ، — بىرى بويۇمدا قالدى، مېنى نىكاھلاپ ئالمىساڭ باسقۇنچىلىق قىلدى، دەپ ئۇستۇڭدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن... سولىتىۋېتىمەن دەپ، تار يەردە قىستاۋاتىدۇ.





— بۇ گەپ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى روزىگۇل بىر ئاز چۆچۈگەندەك قىلىپ.

يۇنۇس جاۋاب ئورنىغا بېشىنى لىڭشىتتى. روزىگۇل ئې ـ رىنىڭ سۆزىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى دەڭسەپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى:

— ئەمىسە بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، ئۆزۈم توغ ـ رىلاي.

— قانداق قىلىپ؟

— ئۇ بۇزۇق ئەرز قىلغىچە مەن ئەرز قىلمامدىم!

— نېمە دەپ؟

— بالىلىرىمنىڭ دادىسىنى يولدىن چىقاردى، دەپچۇ!

— يالغۇز ئولتۇرۇپ كاللاڭدىن كەتمىگەنسەن؟

— شۇنداقتەك، تۇرامدىم؟

— سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي دەپ، ئالدىن ئەرز قىلساڭ، قېنى قايتقىن كېلىدىكىن دەپ كۇشۇلداپ ياتقان يىلاننىڭ بېشىغا دەسسەپ، مېنى بالاغا تىقماسسەن؟

— مەن شۇ يىلاننىڭ بېشىغا دەسسەپ يانچىۋەتسەم دەي ـ مەن! — دېدى روزىگۇل ئېرىنىڭ خۇپسەنلىك قىلىۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ، — نەلەردە يۈرۈپ ئەشىمدە قوشلاپ، ئويناي ـ دىغان ئويۇننى ئويناپ بولۇپ ئەمدى مېنىڭ مەيدەمدىن ئىت ـ تەرمەكچىمۇ، غوجام... ئۇخلاپ چۈش كۆرمەي، ھېلىقى قور ـ سىقىدا قالغان نىمىخانلىرىغا سىزگە ئۆي بىكارلاپ بېرىدىغان روزىخان تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلماپتۇ، دەپ قو ـ يالا!

روزىگۇل بايا ئېرىنى پۇشايمان قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ كەچۈرۈم ھېسسىياتىدا بولغان ھەم گەپنى

چىرايلىق باشلىغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ قورسىقىدىكى غەرد-
ىزىنى ئۇققاندىن كېيىن ئىچ - ئىچىدىن ئوغىسى قايناپ ياغ-
لىق قاپىقىغا ئوت كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن يەنە تەڭ بولۇشنى
ئەپسىز كۆرۈپ، باش كۆتۈرمەي پاختا تېرىشكە باشلىدى.

ئايالىنىڭ كەيپىگە قاراپ ئالا كۆزلىرىدە بىر ئۈمىدسىز-
لىك پەيدا بولغان يۇنۇس ئالداشتىن تەھدىتكە ئۆتتى:

— خېتىڭنى ئالمايسەن؟!

— مېنى خېتىڭنى ئال دېگىچە، ئۆزۈڭ خېتىڭنى ئېلىپ
يولۇڭغا كېتىۋەرگىن ! — دېدى روزىگۈل رەسمىيلا چىرايىنى
بۇزۇپ، — مەن سېنى ماڭا ئەر بولمىدىڭ، تۈز چايناپ تۈرۈپ
لەۋز قىلغان نېسىۋەمنى كىشىگە بەردىڭ دەپ، ئۈستۈڭدىن
ئەرز قىلمىغاندىكىن!

— راستىنلا خېتىڭنى ئالمايسەن؟

— سەن ئال خېتىڭنى!

يۇنۇس تاشقا تېگىپ بىسى يانغان كەتمەندەك، خوتۇنىنىڭ
ئالدىدا قولايسىز بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئەلۋەتتە خو-
تۇن كىشىنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان ئو-
غۇل بالىمۇ ئەمەس ئىدى، ئەمما ئانچىكى پۇل - پۇچەك ئالدىدا
ئاينىش، ئايىغى چىقماس سورۇقچىلىق، ئۆيىنى، بالىلىرىنى
تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتەك ئەخمىقانە ئىشلار ھالا بۇ-
گۈنكى كۈندە ئۇنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى.

— زىيان تارتىپ قالىسەن، روزەڭ، — دېدى يۇنۇس تەھ-
دىتىنى كۈچەيتىپ، — قاراڭغۇ تۈنىنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە
ئەرسىز ئۆيىنىڭ تورۇسىدىن ۋاسا ساناپ چۈشەكەپ ياتقىنىڭدا،
تۇيۇقسىز قارا باسىدۇ... پۇت - قولۇڭ چۈشلىنىپ، ئاغزىڭغا
كونا كىگىزنىڭ پايتىمىسى كەپلىنىدۇ، بېشىڭغا تاغار كەيدۈ-





رۇلۇپ كۆتە - كۆتە، قىلىپ...

— نىيىتىڭنىڭ بۇزۇلغىنىنى بۇرۇندىن بىلگەنمەن. قو-
لۇڭنى قان قىلساڭ، خۇنغا خۇن تۆلەيسەن، خۇن قەرزىدىن
ھۆكۈمەت ھەرگىز ئۆتمەيدۇ. ناۋادا شۇم نىيىتىڭ قىيامىغا يې-
تىپ، ناھەق شېھىت بولسام، روھىم ھامان بېشىڭدا ئايلىنىپ
يۈرۈپ بىگۇناھ قېنىم بىلەن بويالغان قىپقىزىل قوللىرىڭغا
قارا ئىشكەل چۈشىنىنى، ئاندىن بارىدىغان جايىڭغا يالاپ ئا-
پىرىلىپ، قۇمئاۋاتلىقنىڭ كۆز ئالدىدا مىلتىق بىلەن ئېتىل-
غىنىڭنى كۆرىدۇ! ئەمما نادامەت ئىلكىدە پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن
روھىم ئانىسىز، ئاتىسىز قېلىپ يېتىمچىلىك دەردىدە ئۇ تۇغ-
قىنى، بۇ تۇغقىنىنىڭ ئىشكىدە بۇيۇن قىسىپ يۈرگەن ئىك-
كى بالامنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرسە، ۋەيلۇن دوزاخنىڭ ئوتىدا
پۇچۇلانغاندەك ئازابلىنىدۇ. چۈنكى سەن تاش يۈرەك بالىغا
كۆيمىگەن بىلەن، بالا مەن ئۈچۈن يۈرىكىمنىڭ پارىسى. شۇڭا،
شەيتىنىڭ غالىب كېلىپ كۆزلىرىڭگە قىزىللىق تىقىلغاندا،
ھېچنېمىنى ئويلىمىساڭمۇ، سۈيدۈكۈڭدىن تامغان ئاشۇ ئىككى
بالىنى ئويلاپ قوي !...

يۇنۇسنىڭ نىمكەش توپارەڭ ئىشتان ئىچىدىكى تىزلىرى
تىترىدى. پاكپاكىز قىردۇرۇپ خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزار-
تىۋالغان يۈزلىرى تاتاردى. خوتۇنىنىڭ ئەجەللىك ھۇجۇمى ئۇ-
نى غال - غال تىترىتىپ، روھىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇب
قىلغان ئىدى.

يۇنۇس ئېتىز بېشىدىكى تېرەكتىن لەيلەپ چۈشۈپ مەن-
زىلسىز ئۈچۈپ كېتىۋاتقان غازاڭدەك ئاستا ئەلەڭلەپ مېڭىپ
كەينىگە ياندى. بايا بويۇنداپ قارىغان يول دوقمۇشىدا بىرى
ساقلاپ تۇرغاندەك، ئۇدۇل شۇ تەرەپكە كەتتى. دەيدىغاننى دەپ

ئىچىنى بوشاتقان، ئېرىدىن غالىب كەلگەن روزىگۈل ئىشتىن توختاپ، كېيۋەزلىكىنىڭ چۆنىكىدە بىردەم ئولتۇردى. ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مىزانى، پوزىتسىيىسىدىكى مۇكەممەللىك ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئاياللارغا خاس ئاجىزلىق ئىختىيارسىز تېشىغا تېپىپ چىقىپ، ھۆي تارتىپ يىغلاپ كەتتى.

— ھۆي نېمە بولدى، سىزگە ؟ — ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقىدىن بىر خالتا پاختىنى يۈدۈگەنچە دوڭغاقلاپ كەلگەن شەرۋانەم يىغلاۋاتقان روزىگۈلنى كۆرۈپ، ئېتىز بېشىدىكى يولغا خالتىنى تاشلىدى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. روزىگۈل بولسا ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئاجىز ئايالغا دەرد تۆكسىمۇ بەربىر ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە يىغىسىنى يىغلاۋەردى.

— گەپ قىلسىڭىزچۇ؟

لېكىن روزىگۈلدىن سادا يوق ئىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ يېنىدا پىننەخان پەيدا بولدى ھەم شەرۋانەمگە بايا يۇنۇس ئاكىسىنىڭ بۇ تەرەپكە كەلگەنلىكىنى دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان شەرۋانەم ئىشنىڭ تېگىنى چۈشىنىپ، روزىگۈلدىن سورىدى:

— ئېرىڭىز بىلەن ئارازلىشىپ قاپسىزمۇ دەيمەن؟

روزىگۈل ئۈندىمىدى. بىسەرەمجان بولغان پىننەخان بولسا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ :

— مەن تېخى ئۇزاقنىڭيۈزى كۆرۈشەلمەي، سېغىنىپ كەتكەن بولسا، يارىشىۋالايلى خوتۇن، دەپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپتىمەن ... — دېدى.

— ئۇنىڭ ئورنىدا سىزنىڭ ئېرىڭىز ھۇسىيناخۇن بولغان بولسا تىلىنى چاينىماي شۇنداق دەيتتى، لېكىن يۇنۇسنىڭ بۇرنىدا پوقى بار، ئاغزىدىن ئالدىراپ - تېنەپ ياخشى گەپ





چىقمايدۇ!

— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى قاندان قىلىشارمىز، — دېدى پىننەخان مەھەلل، تەرەپكە بويۇنداپ، — قېيىنئانامغا دەپ باقساق، يۇنۇس ئاكامغا نەسىھەت قىلارمۇ - يا؟

— قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق دەپتىكەن، پىننەخان، — دېدى شەرۋانەم ئۇنىڭ پىكرىگە قارشى چىقىپ، — ئاكام بولسا بىر گەپتى، نازىل ئاچام ئوغۇللىرىنى ھەرگىز كېلىنىگە باسۇرۇپ بەرمەيدۇ!

— ۋاي خۇدايىم، قېيىنئاتام ئىشلەمچىلىككە كەتكەن يەردىن قاچان كېلەر؟

— تەشكىل قاچان رۇخسەت قىلسا شۇ چاغدا كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلارنى ئاقسۇنىڭ يېزىلىرىدىمۇ توختاتماي، ئۇنىڭ خېلى بەك ئىچكىرىسىدىكى بىڭتۇەننىڭ يەرلىرىگە پاختا تەرگىلى ئېلىپ كېتىپتۇدەك.

— ئەمدى قانداق بولار... بۇ ئۆيدە قېيىنئاتام بولمىسا، قېيىنئانامنىڭ ئىززىنى چىت باساتتى!

ئۈچ ئايال ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ، ئاخىرى بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا كىرىشتى.

## 55

ھەسەن خالۋاپ كەنتتىكى دېھقانلار بىلەن مەدىكار ئىشلەپ پۇل تېپىش ئۈچۈن تارىمغا كەلدى. نەچچە ئون يىلدىن بېرى بۇ يەردە ناھايىتى جىق بوز يەر ئېچىلغانلىقتىن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق ۋاقىتلىق ئىشلەمچىلەرگە موھتاج ئىدى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە كەنت تەشكىلىنىڭ بىر تۇتاش يې-

تەكچىلىكىدە، زور ئۈمىد ـ تاما بىلەن ئىشلەمچىلىككە كەلگەن بۇ كىشىلەرگە يەنىلا يېزىدىن كېلىدىغان ئانچە تەجرىبىسى يوق ھېلىقى ياش باشلىق بىلەن غوجىخان باش بولۇپ كەلگەن ئىدى. غوجىخان ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ئايرىم ـ ئايرىم بوش ئامبار، تاشلاندۇق ئۆيلەرگە، چېدىرلارغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن كەچلىك غىزاغا قويۇۋەتتى. توختىماي داۋام قىلغان ئون نەچچە سائەتلىك سەپەردە ھېرىپ كەتكەن كىشىلەر قوغۇن ـ تاۋۇز، نانلىرى بىلەن قورساقنىڭ ئاچچىقىنى پەسەيتىپ، سەپەر ھارغىنلىقىنى ئۇيقۇ بىلەن باستى...

تاڭ سۇزۇلدى. سەھەر قۇياشى جىمجىت ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسىنى شەپەق نۇرىغا پۈركىگەن ئىدى. ھەسەن خالۋاپ باشقىلار بىلەن دەريانىڭ مۇزدەك سۇيىدە يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، قاتتىق ـ قۇرۇق نانلىرى بىلەن ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن، غوجىخاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە دەريا بويىدىن كۆن پېتىشقا سوزۇلغان بىكتۈەننىڭ ئىگىلىكىدىكى چەكسىز كەتكەن پاختىچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشنى باشلىماقچى بولدى. ئەمما ھېلىقى ياش باشلىق بىلەن غوجىخان ئىش ھەققىنى بەك تۆۋەن دېيىشىپ قويغانلىق مەلۇم بولدى. ئۇلار ئىش ئىگىلىرى بىلەن بىر كىلو پاختا ئۈچۈن 40 فۇڭدىن پۇل بېرىشكە توختاملاشقانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋىدى، ئىش ھەققى باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئاڭلىغان دېھقانلار ئەتىگەندىلا ئىشتىن يالتايدى ھەم پاراڭ سېلىپ تۇرۇۋالدى:

— بۇ خەق بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ؟ — دېدى ئۇلار غۇلغۇلا قىلىشىپ، — بۇنداق چالا ئېچىلغان پاختىنى كىلولاپ يىغىپ، تۆت موچەندىن ئىش ھەققى ئالساق، كۈنلۈكىمىز نەچچە پۇلدىن چۈشىدۇ؟





— مەدىكار بازىرىدىكى ئىشلەمچىلەرنىڭ ئىش ھەققىچىلىك بولارمىكىن، تايىنلىق!

— ئۈنچىلىك بولسا مەيلىدى، ھازىر مەدىكارلارنىڭ كۈنى كاتتا، يېنىدا تېلېفونلار قۇشقاچتەك سايراپ تۇرغان...

— بۇ ئىشنى ياراتمىساڭ، ئاپتاپلىقتا ئولتۇرۇپ پىت بېقىشامتىڭ ئەمىسە ! — دېدى غوجىخان بىردىنلا ئاچچىقلىنىپ.

— ئەجرى كۆتۈرمىگەن ئىشنى قىلغاندىن پىت باققانمۇ ياخشى، سېكرېتار!

دېھقانلارنىڭ غەلۋە ـ پارىڭى غوجىخاننىڭ سۆزىنى بېسىپ كەتتى. ھېلىقى ياش كادىر بولسا كونا چاپانلار ئىچىدە دىردىيىشىپ تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئاغزىنى قاراپلا قالدى.

— مەدىكارچىلىققا بارمايمىز دېسەك، ئۇنداقتا بوينۇڭدىكى قەرزنى تۆلە! ياكى بولمىسا كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى پارنىكتا، نەسىللىك تەخەي يېتىشتۈرىدىغان مادا پونكىتىدا ئىشلە! دەپ ماشىنىغا بېسىپ ئەكىلىدۇ، مانا ئەمدى كۆرۈۋاڭ كۆرگۈلۈكنى...

— يېزىمىزنىڭ باشلىقلىرى بىزگە ھەقىقىي كۆيۈنسە، باي بولسۇن دېسە، بىزنى ئەجرىمىز كۆتۈرگىدەك، پۇل ئاۋۇغىدەك ئىش تېپىپ بەرسۇن. ئۇنىڭغا چىدىمىسا، پەم بىلەن ماشىنىغا چىقىرىپ، كەلگەن يېرىمىزگە ئاپىرىپ قويسۇن. ئۆيدە ئولتۇرۇپ خوتۇنىمىزنىڭ مورىسىنى ئۈچلاپ، ئوچىقىغا ئوت قالايلى!

— ھەببەللى، بىز بىر كىمگە ئاچ ـ يېلىڭ قالدۇق دەپ يىلىنمىغاندىكىن، ھە!

ئىچى توشۇپ كەتكەن قاپارتمىدەك تېشىلەلمەي تۇرغان دېھقانلار توختى گوندازنىڭ زۇۋانىغا ئەگىشىپ، تەرەپ - تەرەپتىن جاۋۇلداشتى، ئېتىزلىقنىڭ قىرىغا چىقىپ تۇرۇۋالدى. ھېلىقى ياش كادىر دېھقانلارنىڭ گەپدان، تۇرگۇنلىكىدىن چۆچۈپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھەي، ھەي....تۇغقانلار، ئاكىلار، بىزمۇ سىلەرگە ياخشى بولسۇن دەۋاتىمىز! شەھەر ئاتلاپ يۇرت كۆرۈپ باقسۇن، باشقا يەرلەرنىڭ دېھقانچىلىقىدىن تەجرىبە ئۆگەنسۇن، دەپ ئەكەلدۇق. نېمە قىلغىنىڭلار بۇ!

— بىزنى گاچا كۆرۈۋاتامسىز، شاڭجاڭ ئۇكام! — قولتۇقى يىرتىلغان چاپان، تىزىغا ياماق سالغان ئىشتاننىڭ ئىچىدە ئاران ئۆرە تۇرغان توختى گونداز يەنە سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى، — سىز بىزگە تەجرىبە ئۆگىتىمىز، كۆزىنى ئاچىمىز دەپ مەدىكىرىمىزنى بۇنداق ئەرزان سېتىۋەتسىڭىز، ئىش تۇگىگەندە خوتۇن - بالىلىرىمىزنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بارىمىز؟ بىزگە تۇرمۇش لازىم ئەمەسمۇ؟ مەن تېخى بۇ يىل راسا ئىشلەپ ئاز - تولا پۇل تاپسام، ئەپلەپ - سەپلەپ بىر خوتۇن ئېلىۋالارمەن دېگەن، لېكىن سىلەر بىزنى گالۋاڭ كۆرگەندەك زاڭلىق قىلىپ...

— شۇ، شۇ... بىزمۇ ھازىر قولىمىزنى يۇيۇۋېتىپ نان يەيمىز، جۇما!

— شۇنداق، يەنە تېخى تاشتۇزنىڭ ئورنىغا پودلۇق تۇز ئىشلىتىپ، باشلىقلارغا كۆتەرتىپ قويىدىغان پوخىقىمىزمۇ يوق. شۇڭا داۋاملىق بىزنى باشقۇرىمىز دەپ بۇنداق زىيان سېلىش ھېسابىغا كۆيۈنۈشۈڭلار بىھاجەت!

دېھقانلار بىر - بىرىدىن ئۆتە گەپدانلىق قىلىپ ئېتىز-





لىقتا كىرگىلى ئۇنىمىدى. پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان چۆگۈندەك، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، گەپ قىلىشىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ بىر قىسىم گەپلىرىنى تىلغا ئالغىلىمۇ بولمايتتى. غوجىخان ئۇلارنىڭ ئەلپازىغا قاراپ: «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك ياش باشلىققا قارىدى. ئۇلارنىڭ دېھقانلارغا پوپوزا قىلىپ، جۇۋا تاراقشىتىپ يۇگۇرتۇپ يۇرۇپ ئىشقا سالىدىغان ئاچچىقىمۇ بوگۇن كەلكۇندەك دەۋرەپ تۇرغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تاماكا ئىسى بىلەن ۋوشۇلۇپ نەگىدۇر غايىب بولغان ئىدى.

ھەسەن خالۋاپ ئارتۇق گەپ - سۆز، بولمىغۇر ئىش - ھەرىكەتكە ئارىلىشىپ قالماي دەپ، ئېتىزلىقنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن بولدى. ئۇ ھېلىقى يىلى ئىنىسى ھەمزىخاننىڭ غېمىنى قىلىمەن دەپ، ئاشۇنداق ئاقماس گەپكە ئارىلىشىپ قېلىپ، خېلى جىق ئاۋارىچىلىق تارتىۋالدى. ھەمزىخان بىچارە قەيەرلەردە مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۇرۇيدىكىن؟!

ھەمزىخان ھەسەن خالۋاپنىڭ بىر قورساق ئىنىسى بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قۇمئاۋاتلىقلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن بەك بېيىغان، كۆزگە كۆرۈنگەن، تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ ئاتالغان ئىدى. پۇتۇن يۇرت بويىچە ھەمزىخاننى بىلمەيدىغان ئادەم يوق، يۇرتىنىڭ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلىرى ئۇنىڭسىز قىزىمايتتى... نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا پاختىچىلىقنىڭ كوزىرى چۇشۇپ، يەرگە سالغان مەبلەغىنىمۇ تېپىپ ئالالماي، كۆپىنچە كىشىلەر قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى. پاختىدىن زىيان تارتقاندىن كېيىن، چارۋا بېقىش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئەزەلدىن چارۋىچىلىق بىلەن روناق تاپقان ھەمزىخان قۇمئاۋات بويىچە چارۋىچىلىقتا ئۆلگە

كۆرسىتىش كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلەندى.
— ھەمزىخان، ئەمدى ھەقىقىي بايلاردىن بولىدىغان ۋاقتىڭلار كېلىپ قالدى، — دېدى يېزا رەھبەرلىرى قارا بوران كېۋەز يالتىراقلىرىنى ھەر يان ئۇچۇرتۇپ يۈرگەن ئەتىياز كۈنلىرد-نىڭ بىرىدە، — ئەمدى ماۋۇ ئەسكى ئېغىل - قوتانلىرىڭلارنى چۇۋۇپ تۈزلىۋېتىڭلار، زامانىۋى چارۋىچىلىق فېرمىسى سې-لىشقا تەييارلىق كۆرۈڭلار. ھەقسىز يەر ئاجرىتىپ بېرىمىز، يەنە تېخى ئوت - چۆپ، بېدە تېرىشقىمۇ يەر بار... ھەممىسى ھەقسىز.
ئەتىسى يېزا باشلىقى ۋە بىر نەچچە كادىر غوجىخانىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قۇمئاۋاتقا كېلىپ، يۇقىرىدىن كەلگەن پۇل، دەپ ھەمزىخانغا نەق مەيداندا 90 مىڭ سوم تۆۋەن ئۆ-سۈملۈك قەرز پۇل بېجىرىپ بەردى. ئارقىدىن شۇجى قۇرۇلۇش ئەترىتىنى باشلاپ كېلىپ:
— زامانىۋى فېرمىغا ئىش باشلاڭلار، — دېدى ھەمدە ھەمزىخانىنىڭ ئىككىلىنىپ قالغىنىغا قاراپ ئولتۇرمايلا كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئىت - مۈشۈك دەسسىمەيدىغان شورلۇق يەر — قومۇشدۆڭدە قۇرۇلۇش باشلاتقۇزۇۋەتتى.
زامانىۋى قوتان ئىككى ئايدا پۈتتى.
— يۇقىرىنىڭ سىياستى بويىچە سىزدىن قۇرۇلۇش ھەققى ئالمايمىز، — دېدى شۇجى قوتان پۈتكەن كۈنى ھەمزد-خانغا كۆيۈنگەندەك قىلىپ، — پەقەت خىش، سېمونت، ماتې-رىيال ھەققىنى تۆلىۋەتسىڭىزلا بولىدۇ.
شۇجى شۇنداق دەپ بىر مۇنچە ھېسابىنى چىقىرىپ بەردى. قۇرۇلۇش خىراجىتىدىن چۆچۈپ، ھەممە نەرسىنىڭ ھەقسىز ئەمەسلىكىنى ئەمدى بىلگەندەك مەڭدەپ قالغان ھەمزىخان ھې-





لىقى 90 مىڭ سوم چارۋىچىلىق قەرز پۇلىغا بانكىدىكى ئامانەت پۇلىدىن 30 مىڭ سومنى قوشۇپ ئۇلارغا بېرىۋەتكەندىن كې-يىن سەل ئارامچىلىق تاپتى. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن غوجد-خان ھەممىنىڭ كۆزىدىكى بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى. تەكشۈرۈش - يېتەكلەش، ئۆگىنىشكە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا كەتتى. يۇقىرىدىن بۇ كاتتا خوجايىنىنىڭ كارامىتد-نى كۆرگىلى كەلگەن باشلىقلار ئۇنىڭ قوتىنىدا بۇرۇندىنلا بار بولغان يەرلىك قوي - كالىلارنىڭ ھەيۋەتلىك زامانىۋى قوتانغا ياراشماي قالغانلىقىنى كۆرۈپ:
— بۇ ۋاشاڭ، باققانىنى بىلمەيدىغان يەرلىك چارۋىلارنى ئېلىشچە سېتىپ ئۆلتۈرۈپ يەپ، دولان قويى، سىمىنتال كالىسى بېقىڭلار — دەپ ئورۇنلاشتۇردى. ھەتتا ئۇلار با-ھالاش، تەكشۈرۈش جەريانىدا ھېچقانچە پۇلغا ئالمايدىغان ئۆ-لۈمتۈك، چىچقاق يەرلىك پاقلانلاردىن بىر نەچچىنى يەپ تۈ-گىتىشكىمۇ ئۈلگۈردى. كىچىكىدىن ئارائاۋاتلىق ئاباسخانىدەك بازار ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كۆز چېنى ۋە ئىختىيارى بويىچە چارۋا - مال بېقىش، ئېلىم - سېتىم قىلىش بىلەن روناق تاپقان ھەمزىخان شۇ كۈنلەردە چارۋا بېقىشتىمۇ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا مىقلانغان پارقىراق ۋىۋىسكا، يالت - يۇلت قىلىپ كۆز چاقنىتىپ تۇرىدىغان شەرەپ تاختىلىرى، ئايىغى ئۈزۈل-مەي كېلىۋاتقان باھالاش، ئېكسكۇرسىيىچىلەر ئۇچۇن يېزىدد-كى باشلىقلارنىڭ دېگىنىنى قىلماي تۇرالىسۇنمۇ؟ ئۇنىڭ قو-تىنى پۈتۈپ، چارۋا - ماللىرىنى يەڭگۈشلەشكە ئالدىرىتىۋاتقان كۈنلەردە، جايلارنىڭ ئون تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياستى يولغا قويۇلۇپ، چارۋىچىلىق كەسپىگە زور كۈچ بىلەن مەدەت

بېرىلىشى، بولۇپمۇ بانكىلارغا چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنى كۆپەيتىپ تارقىتىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە قەرز پۇل تارقىتىلىشنىڭ تۇرتكىسىدە، چارۋا - مالنىڭ باھاسى تېك سىزىق بويىچە ئۆرلەپ، ئەلا سورتلۇق بىر تۇياق دولان قويىنىڭ باھاسى ئىلگىرىكى بىر - ئىككى مىڭ سومدىن بىراقلا نەچچە ئون مىڭ سومغا، ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ سومغا چىققانىدى. ھەر قايسى ناھىيە، يېزىلار، يۇرت - يۇرتلاردا يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئەلا نەسىللىك قوي، كالا مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، نەسلى ئالاھىدە باھالانغانلىرىنىڭ ئىگىسىگە ئاز - تولا مۇكاپات بېرىپ ئىلھاملاندۇرۇش قىلغاچقا، قايسى يېزا ، قايسى يۇرتتا نەسلى ياخشى، ئىچى كۆيگىدەك بىرەر قوچقار، كالا بولسىلا شۇنى سېتىۋېلىشنى تالىشىدىغان، نەسلى ياخشى قوي، كالىلارنى ئۆزىنىڭ قوتىنىغا سولاپ كۆز - كۆز قىلىدىغان بىنورمال ھادىسە كېلىپ چىققانىدى. نىھايەت كاللىسى قىزىپ بۇ قايىنامغا كىرىپ، دەسلەپتىلا بۇياندىن ئېلىپ، ئۇياندىن سېتىپ، بىر نەچچە مىڭ سوم پايدا ئېلىپ قالغان ھەمزىخان ئىلھاملاندۇرۇش، قىزىتىشلار ئىچىدە دولانلىق قاقۋاش قويچىلارنىڭ قولىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئالتە چىشلىق بولغان تولپاقتەك يوغان دولان قوچقىرىدىن بىرنى 70 مىڭ سومغا سېتىۋېلىپ كېلىپ ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بازارمۇ بازار، يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ، خىللاپ ئالغان ساغلىقلىرىغا قوشتى. ئۇنىڭچە بولغاندىمۇ ئەمدى گۈلى - گۈلىگە كەلگەن، خىلى خىلىنى تاپقان، مۇشۇ ئارقىلىق تېخىمۇ نەسلى ياخشى قويلارنى يېتىشتۈرۈپ، سالغان مەبلەغنى تىرىلدۈرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى. قوچقار ھەقىقەتەن قاراپ ئولتۇرغىدەك چىرايلىق بولۇپ، كۆزلىرى خۇمارلىق، كومشىرى ئورغاقتەك ئەگمەچ، پاچاقلىرى





تۈز ھەم قامەتلىك، ئىككى قۇلىقى تۇمشۇقىدىن ئېشىپ ساڭگىلاپ چۈشكەن، يۇڭلىرى سۈزۈك ھەم بۇدۇر، قۇيرۇقى تەكشى ئاچا بولۇپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ مېڭىشلىرى ئارغىماققا ئوخشايتتى... قۇيرۇقى قۇچاققا بىر كېلىدىغان چاقما كاۋىدەك يوغان ھەم كەينىگە سېلىنىپ تۇرغانلىقتىن، قوچقارنىڭ ئالدى گەۋدىسى بىلىنەرلىك دەرىجىدە ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، سۆلىتىنى ئاشۇرغانىدى. بۇ قوچقارنىڭ ئىگىسىگە ئايلانغاندىن كېيىن ھەمزىخاننىڭ نامى قوچقار بىلەن قوشۇلۇپ يىراق - يېقىنغا تارالدى. كۆرۈپ باققىلى، زىيارەت قىلغىلى، گېزىت، تېلېۋىزورلادا تەشۋىق قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي قالدى. ئەپسۇس، شۇ كۈنلەردە قات - قات قەرزلەرگە بوغۇلۇپ، يېنى بىراقلا قۇرۇۋېلىپ قالغان، كېچىلىرى ئۇيقۇسى قاچقان ھەمزىخان ئىسسىق ئۆيىدىن ئايرىلىپ، قومۇشدۆڭدىكى فېرمىغا بېرىپ قوچقارنىڭ ئېغىلىنىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىدا ياتىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن خاتىرجەم ئىدى، مەھەللە ئىچىدىكى تال باراڭلىق ھويلىسىدا قويلارغا ھەلەپ ئېتىپ بېرىپ، سوغىرىپ قويۇپ بارىدىغان يېرىگە بېرىۋېرەتتى، بازار ئارىلايتتى. ئاخشاملىرى مەھەللىدىكى ئاقساقاللار، ئاكىسى ھەسەن خالۋاپ بىلەن يىراق ئۆتمۈشتىكى تارتقۇلۇقلار، ھازىرقى زاماننىڭ ياخشىلىقى توغرىسىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق پاراڭلىشاتتى. ئەمدىلىكتە ئالۋاستىمۇ يېقىن يولىمايدىغان ئۇ جاڭگالدا، يېڭى پەيدا بولغان ئاۋارىچىلىققا كۆنەلمىگەن ھەمزىخان قوچقارنى سېتىۋەتمەكچى بولدى. ئەمما شۇ يىلى ئۇنىڭ قوچقىرىنى 80 مىڭغا بەرمەپتىمىش، مانا ئەمدى 100 مىڭغا چىقىپتىمىش... دېگەن گەپلەر يۇرتنى بىر ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە فېرمىنى چۆرگىلەيدىغانلار، قوچقارغا

قاراپ ئۆلتۈرۈپ كېتىدىغانلار كۆپ، يېنىنى كولاپ پۇل سانايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىقتىسادىي كاساتچىلىق تۈپەيلىدىن كاتتا قوچقار باھالىق، بازارسىز بولۇپ قالغىلىۋاتاتتى. بۇنداق بولسا ئاخىرى نېمە بولىدۇ؟ دېمىسىمۇ پۇلنىڭ بىر ئۈچى يۈرەكتە، بىر ئۈچى بىلەكتە دەيدىغان گەپ بار. قوتان سېلىش، نەسىللىك قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەرز بولۇپ كەتكەن 200 مىڭ سوم پۇل كۆزلۈككە يىغىۋالغىلى بولىدىغان ئېتىزلىقنىڭ شاخ ـ شۇمبىسى، سۈپۈرۈۋالىدىغان تېرەكنىڭ غازىڭى ئەمەس ـ دە!

كۈز كەلدى. تارقىتىلغان بانكا قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى توشقىلى تۇرۇۋىدى، بازاردا بىر مەھەل ئۆرلىگەن كۆپۈك ئىگىلىك قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك پەسكويغا چۈشتى. قىممەت پۇللۇق كاتتا قوچقار، ساغلىقلار بىردىنلا خاسىيىتىنى يوقىتىپ، قاسساپلار سېتىۋاتقان قوي گۆشىنىڭ باھا بىرلىكى بويىچە سودا بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بانكىنىڭ قەرزى قىستىغاندا، كاتتا قوچقىرىنى بازارغا ئەكىرىپ 2000 سومدىن ئارتۇقىغا ئالىدىغان خېرىدار تاپالمىغان ھەمزىخان كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا بانكا يېڭىدىن قەرز پۇل تارقاتقاندا چوقۇم يەنە ئاشۇنداق يۇقىرى باھادا سودا بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، كېيىنكى يىللىق قەرز پۇلنىڭ بازارغا چىقىشىغا چىش بىلەپ، قوچقارنى ئوبدان بېقىپ بازار كۆزىتىپ ساقلاپ تۇردى. لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر ھەمزىخانغا ئوخشاش كۆپۈك ئىگىلىكنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇنىڭ قاملاشقان، سۆلەتلىك قوچقىرى ئەسلى باھاسىنىڭ بەش پىرسەنتىگىمۇ چىقمىدى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، قوچقار يەنە بىر قېتىم چىش يەڭگۈشلەپ، سەككىز چىشلىق بولۇپ قالغان، قۇيرۇقى بارغانچە





يوغىناپ، ئېغىرلاپ كەتكەنلىكتىن، قوتاندىكى شەپشەك چىشى پاقلانلار قوچقارغا بوي بەرمەيدىغان، ساغلىقلار سوۋاي قالىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈۋاتاتتى.

بۇ ئەھۋالغا قاراپ ئىچى تىتىلداپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتكەن ھەمزىخان ھاياتىدىكى ئۆمۈرلۈك كەسپىدە بىر خاتالىقتا يول قويغانلىقىنى، يەنى قوچقارنى سېتىۋالغاندا ئۇنىڭ نەسلىنىڭ ياخشىلىقىنى دەپ، ئۇنىڭ ھامان بىر قوي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن سىرت چىشىنىڭ كونىراپ قالغانلىقىغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئەسلىدە بىر مەزگىل باقىمەن، پايدا ئالىمەن دەپ پىلانلاپ ئالغان مالنىڭ چىشى قانچە يېڭى، ئۆزى ياش بولسا شۇنچە ياخشى بولاتتى. بۇنداق مالنى ئۇزاقراق بېقىپ قالسىمۇ باققاننى كۆتۈرەتتى. ئەمدى بازاردىكى قويچىلار، قوچقارغا قىزىققانلار ئېيتقاندەك، سەككىز چىشلىق بولۇپ قالغان قوچقارنىڭ ئالدىغا مېڭىشى يوق، بەلكى كۈندىن ـ كۈنگە بوغۇزدىن قېلىشى، ئاستا ـ ئاستا قېرىپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ ھەمزىخان شۇ قوچقارنى ئىككى يىلغىچە قولىدىن چىقىرالماي، قەرزدارچىلىقنىڭ دەردىنى بەك تارتىپ كەتتى.

ئۈچىنچى يىلى كۈزدە قوچقارنى يېتىلەپ، چۈشكۈن كەيپىياتتا بازاردىن قايتىپ كەلگەن ھەمزىخان ئاچچىقىدا كەنت قورۇسى ئالدىدىكى ئۈچ ئاچالنىڭ دوقمۇشىدىلا قوچقارنىڭ باشبېغى بىلەن ئايغىنى چۈشەپ، « گۇپپىدە » يەرگە يىقىتتى ـ دە ، يانپېشىدا ساڭگىلاپ تۇرغان غىلاپ ئىچىدىن شەمشەردەك يالت ـ يۇلت قىلىپ سوغۇق پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى چىقىرىپ، تىپىرلاپ ياتقان قوچقارنىڭ گېلىغا «بىس-

مىللاھۇ ئـاللاھۇ ئەكـبەر...» دەپ بىرلا سـۇردى. گۆشنى پـار-
چىلاپ ئەل - جـامائەتكـە نەزىر قـىلىنۋېتىـپ، گەجگىـسىدىـن
تۆگمەن تېشىدەك باسقان ئېغىر قەرزنى بوينىغا ئارتىۋالدى...

## 56

— دادىسى ئىشلىگىلى كەتكەن يەردىن قايتىـپ كـەلگىچـە
يېنىمدا تۇرغاچ تۇرسۇنمىكىن، — دېدى نازىلخان ئاغىچىخانغا
قاپىقىنى سـۇزۇپ. قۇدىسى يـامانلاقتـا ئولتۇرغـان نۇربۇۋىنـى
ئالغىلى كەلگەن ئىدى، — بۇ ئىشقا ئەر خەقلەر بىر نېمـە دې-
مىسە، مەن كېسىپ بىر ئىش قىلالمايمەن!
— ئەرلەرگە ساقلىساق ۋاقتى كېتەر، — دېدى ئاغىچىخان
ئۆزىنى ئانچە خۇشلاپ كەتمىگەن قۇدىسىغا سەۋرى - تاقەتلىك
بولۇپ، — بىزنىڭ ئا ئادەمنىمۇ ئىشىنچا ئەمگـەك كۇچلىـرى
قاتارىدا سىرتقا ھەيدەپ ماڭغان، كەتكەن يېرى يىراقمۇ - يې-
قىنمۇ، قاچان كېلىدۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. شۇڭا باللارنىڭ
ئىشىنى ئەرلەرگە ئىتتىرىپ قويماي ئۆزىمىزلا بىـر ساقايتىـ-
ۋېتەيلى، قۇدام.
— بۇ دۆرەم مېنىڭ كۆڭلۈم بەكرەك ئـاغرىپ قالـدى، —
دېدى نازىلخان قۇدىسىغا داستىخانمۇ سالماستىن، — ئەلۋەتتە
ئەر - خوتۇن ئىككىـسىنىـڭ بۇ چاغقـا بىر بىـرىنىڭ خـۇي -
پەيلىنى ئېلىپ سىز ئانى دېمەڭ، مەن مانى قىلماي... ئـۇرۇش
- تالاش قىلماي چىرايلىق ئۆتـۇشەيلى، دېيىشـدىغان ۋاقتـى
بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ بالا غىت قىلدى قىـزىمنى ئـۇرۇپ -
دۇمبالاپ قاش - قاپىقىنى كۆكەرتىپ يولغا سېلىپ قويغـان...
قىزىم مەللىسىنى كۆتۈرگەنچە ھاڭراپ يامانلاپ كـېلىۋەرگـەن-





دىكىن، مەن ما ئەھلىمەھەللىنىڭ ئالدىدا، كېلىنلىرىمنىڭ
ئالدىدا نومۇس قىلىپ كېتىۋاتىمەن قۇدام! ئەلۋەتتە قىزىمدىن
ئۆتۈلگەن يېرى بولسا، چىرايلىق ئالدىغا سېلىپ كـېلىپ قې-
يىنئانا، ما قىزلىرى ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ-
غا نەسىھەت قىلامىلا - قىلمامىلا؟ دېسە، مەن نازىلخاننىڭ قى-
زىمنى بىر چەتكە تارتىپ ئوبدان نەسىھەت قىلغۇچىلىكىم بار.
گەپ ئاڭلىمىغان قىزنىڭ قۇلىقىنى چوجاپ، ھوشۇقىنى چې-
قىۋېتىمەن! قىزلىرىم مېنىڭ ئاچچىقىمنى خوپ بىلىدۇ...
— خاپا بولمىسىلا...
— ھېلىمۇ جىق خاپا بولمىدىم، جىق ئېغىر - بېسىقلىق
قىلدىم، مەن... مۇشۇ قېتىممۇ بىچارە شۇمنىڭ تاياق تەگمى-
گەن، كۆك چۈشمىگەن يېرى يوق. ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ يېنىـدا
ئولتۇرۇپ تەڭ يىغلاپتىمەن، تاياق ئىچىگە ئۆتۈپ كـەتمىسۇن
دەپ قولۇمدىن كەلگەن دورىنىڭ ھەممىنى قىپتىمەن. نېمە
بولغان، نېمىشقا ئۇردى؟ دەپ سورىسام ھېچبىر ئىشنىڭ تايى-
نى يوق، شۇ كۇندەشلىكنىڭ گېپى. ئېرىڭنىڭ ھەققىگە خىيا-
نەت قىلىپ يات ئەركەكلەرگە قاش كۆتۈرۈپ قاراپ سالغانمى-
دىڭ بالام، دېسەم، ئۇ شۇم ياق، مەن شۇنداق قىلىدىغان نۇربۇ-
ۋىمـۇ، دەيدۇ... بېرىـپ ئوغۇللـىرىغا دەپ قـويسىلا، قـىزىمنـى
كۇنلـىگەن ئادەم خـەقنىڭ تېگىدىـن تارتىۋالـدىم دېسـۇن، ئـۇ
چاغدا ئـۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ مـەن رازى، مېنىـڭمۇ ئۇنـداق
قىزىم يوق! ئەمما يا كۆزگە چېلىقىدەك، ياكى ئېغـىزغا چىق-
قۇدەك سەۋەبىنىڭ تايىنى يوق تۇرۇپ قـىزىمنى بـۇنداق ئېشـەك
ئېتىـپ دۇمبالـسا، ئەمدى مـەن قاراپ تۇرالمـايمەن. ئا گـۇس-
مەستەك ئىنىلىرىمنى، ئوغۇللىرىمنى باشلاپ بېرىپ تاياقنىڭ
ئورنىغا تاياق ئېلىپ ھېسابنى توغرىلاپ بولۇپ، ئاندىن قانـۇن-

نىڭ ئالدىغا بېرىپ قىزىمنىڭ خېتىنى ئالىمەن!

بايانىن بېرى خىجىلچىلىق ئىچىدە ئوغلى ئۈچۈن ناماقۇل بولغان، ئەپۇ سورىغان ئاغىچىخان قۇدىسىنىڭ بىر پىيالە سو- غۇق سۇسىز يامان گەپلىرىنى ئاڭلاپ، يېنىدىكى يەڭگىسىنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا قالدى ھەم قاش - كۆزلىرىنى ئۈچۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

ئىككى قۇدىنىڭ بارغانچە قىزىشىپ ئىشىنىڭ يامىنىغا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پىننەخان كۆڭلىكىنىڭ ئايغىنى كۆتۈرگەنچە يۈگۈرۈپ چوڭ قېيىنئانىسى ئولتۇرغان قوشنا ھويلىغا چىقتى - دە، كۆڭۈلسىزلىكنى بېسىقتۇرارمىكىن دەپ، مومايىنى چاقىردى. ھەمىدىخان ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىد- چە دوڭغاقلاپ كىرىپ كەلگەندە، قاش - قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان قۇدىلار ئۆيدىن چىقىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى يوتىدەك تېرەكنى غاجىلاپ ئاقارتىپ قويغان ئېشىكنىڭ باشبېغىنى قولىغا ئالغان ئىدى.

— جىندەك ئولتۇرۇپ مېڭىشاملا، مېھمانلار؟

— بولدى، — دېدى ھارۋىغا چىقىپ بولغان ئاغىچىخان ئاچچىق بىلەن ئېشەككە تاياق سېلىپ.

— نەۋرە كېلىنىم قازاننىڭ قۇلىقىنى تۇتقىلى قوپۇپتىد- كەن...؟

— بىزگە يەتتى!

قۇدىلار ئىچىگە پاتمىغان ئاچچىقىنى ئېشەكتىن ئېلىپ، ھارۋا سۆرەپ چىپىپ كېتىۋاتقان بىچارە مەخلۇقنى توختىماي دۇمبالىغانچە يىراقلاپ كەتتى.

ھەمىدىخان بېشىدىن سىيرىلىپ قالاي دېگەن جىگەر رەڭ رومىلىنى تۈزەشتۈرۈپ كېلىنىگە سوئال نەزىرىدە قارىدى.





قاش - كۆزلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان نازىلخان توپا توزۇتۇپ يىراقلاپ كەتكەن قۇدىسىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئېشەك غاجىلاپ، ئاقلىغان بادىرىدەك قىلىۋەتكەن بىچارە تېرەككە قادىلىپ قال- غان ئىدى.

— قۇدىلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر يوق، كەتكىنىنى كۆردۈما ئەجەب... نېمە بولۇشتىلا بالام، بىردەمدە ؟ — دەپ سورىدى موماي كېلىنىدىن.

— قۇدا - باجا دېگەن شۇنداق ! — دېدى نازىلخان كو- تۇلداپ، — كەلمىكىنىڭمۇ ھايىلى يوق، كەتمىكىنىڭمۇ ھايىلى يوق...

— گەپ تەگىشىپ قالمىغانسىلە؟

— روبىرو ئولتۇرۇپ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇشتۇق!

— نەۋرەمنى ئوشۇپ قويمىدىلىما؟

— ئەمدى ئاسان - ماسان قوشۇپ بەرمەيمەن، ئانا!

— ھۇي بالام ... — ماغدۇرى كەم كەلگەن موماي ئۆرە تۇرۇشقا ماجالسىز ھالدا پۈكلىنىپ قالغان ئىدى، — مەن ئاخشام نۇربۇۋىخان بىلەن مۇڭداشتىم، ئۇ شۇمنىڭ گەپ - سۆزىدىن ئېرىگە مەيلى بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ!

— ھېلىمۇ ئەرگە تويمايدۇ، ئۇ قانجۇق! ئېرى ئۇرغان بە- لەن قېيىنئانىسىنى تۈزۈك دېسەم، ئۇ خوتۇنىنىڭمۇ قانداقلى- قىنى بىلدىم بۇگۈن. ئۆزى مېغىز رەڭ سارجىدىن يوپكا چاپان كىيىپ، يامانلاقتىكى كېلىنىگە ئىككى پۇللۇق ئادەمگەرچىلىد- كى يوق!

— شۇنداق قىلدىمۇ ؟ — دېدى ھەمىدىخان قاتتىق يۆتەل- گەنچە بەلغەم تۈكۈرۈپ.

— ئەنە، ئېتىزلىقتىن كەلگەندەك ئىككى قولىنى بۇرنىغا

تىقىپ كەپتۇ! مەن تېخى، ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ بىلەن قىزىمغا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ كەلگەن بولسا، دەيدىغان گەپنى دەۋېلىپ ئاندىن نۇربۇۋىنى قوشۇپ قويارمەن، دەپتىمەن.

— ئادەمگەرچىلىكنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قىلىۋالارتى، — دېدى ھەمىدىخان تەئەججۇپ ئىلكىدە. مومايىنىڭ ئاغزىدا چىشى قالمىغانلىقتىن، قىلغان گېپى چۇشۇپ قالغاندەك كەم ئاڭلىناتتى.

— مۇشۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك بولغاندا، قىلمىغان ئادەمگەرچىلىكنى خۇپىيانە قىلامتى؟! ھېلىمۇ بىچارە شۇمۇم ئىككى قۇر تويلۇق كۆڭلەك بىلەن يازنى چىقاردى، تۆت - بەش ئاي كېلىن بولۇپمۇ بىر تامباللىق تاۋىرىنى كۆرۈپ باقمىدى ئۇ خوتۇننىڭ! — نازىلخان سۆزلىگەنسېرى قىزىشىپ گېپىدىنىڭ ئايىغىنى يىغالماي قالدى، — مېنىڭ بىچارە قىزىم ئاراۋاتلىقتا كېلىن بولۇپ ئالتە ئاي يازنىڭياقى دولىسى ئاپتاپ كۆرمىگەننى ئاز دەپ، بولار يېرى مۇشۇ بولدى. ئەمما ماڭا كېلىن بولۇپ كىرگەن خەقنىڭ قىزلىرى ئوغۇللىرىمنى چاڭگىلىغا ئېلىپ سۇ، سۇ دېگۈزىۋاتىدۇ... ئاينا، چوڭ ئوغلۇمنىڭ خوتۇنى ئۆيىنى ئىلكىگە ئېلىپ بىچارە ئوغلۇمنى ئۆيگە يېقىن كەلتۈرمەيۋاتىدۇ. شۇنچە يىل جاپا تارتقان، پۇل تاپقان ئەركەك ئەمدى ئۆزى بىنا قىلغان ئۆيىگە، ئاش - مېلىغا ئىگە بولالماي، مەيدىسىنى ئۇۋۇلاپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تالادا يۈرۈيدۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلۇم ھۆسىناخۇن خوتۇنىغا ئۆلگىدەك كۆيىدۇ. ئۇ ئۆزلۈكىدىن باشۋېغىنى خوتۇنىغا تۇتقۇزۇپ، يېتىلەككە ئۆگەنگەن رايىش توپاقتەك ئاشۇ جەينەكتەك خوتۇننىڭ كەينىدىن چىقالمايدۇ. تېخى خوتۇنى يامانلاپ كەتكىدەك بولسا، خوتۇنى بىلەن تەڭ غايىب بولىدۇ، نەگە كەتكەندۇ دەپ سۈرۈش-





تە قىلساق، قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىنى چۆرگىلەپ يۈرگەنلىك خەۋىرى كېلىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭغا قېيىنئانىسى ئوچىقىنىڭ بېشىدىن دان ئۆرۈپ بەرگەنمىكىن دېگۈم كېلىدۇ. مانا ئەمدى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كىچىك ئوغلۇم تەتىل قىلىپ كېلە - كەلمەيلا بىزگە ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى پۇرىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھېلىقى ھاۋا دېگەن شىتىلە ئېزىتقۇغا ئەگىشىپ...

— ھاي...ھاي كېلىن بالامەي، — دېدى موماي نازىلخاننىڭ كوتۇلداشلىرىغا تاقەت قىلىپ بولالماي، — سىلە نەۋرە كۆرگەن، توختالغان جۇۋان. گەپ دېگەننى چاينىماي بېقىپ قىلسىلا... مەن شەرۋانىخاندىن يۇنۇساخۇننىڭ ئىشىنى ئاڭلاپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئەھۋاللىشىپ باقتىم. ئۇقسام، گەپ بىزنىڭ ئوغۇلدا چىقىپ قالدى. ئۇ بالا تالاد باشقا بىرسىنى خۇپىيانە نىكاھىغا ئېلىپ سۆرىشىپ يۈرگىلى، بىر نەچچە ۋاق بولۇپ قاپتۇ - يا؟

— ئۆيدىكى خوتۇندىن كۆڭلى سۇ ئىچسە، تالادىكىسىگە تەلمۈرمەستى، قېيىنئانا! ۋاي سىلى - بىز ئۇنچىلىك ۋاقتىمىزدا ئېرىمىزگە قاش كۆتۈرۈپ قارىيالمايتتۇق، بۇ روزىخان ھازىر ئوغلۇمغا قارا مۈشۈك تەڭلەپ ئۆيىنى ئوڭچىلاپ بولدى.

— ئوغلىمىزدىن كەتكەن يېرى باركەن ئەمەسمۇ بالام، ئالمادىس سىزنىڭ بىر ئوبدان تۇتۇپ ئولتۇرغان ئۆيىڭىزگە ئېرىڭىز كۆندەشتىن بىرنى كەينىگە سېلىپ كەلسە، ئۆيىنى بىكارلا، دېسە، ئەلۋەتتە ئاچچىقىڭىز كېلەر... شۇڭا، مېنىڭچە نەۋرە كېلىن توغرا قىپتۇ، شۇنداق بولغاندىكىن، يۇنۇساخۇن ئۆي، بالا دەپ بولسىمۇ يامان يولدىن يېنىپ قالارمىكىن دەيمىنا.

— شۇنداق بولار ئىلاھىم، لېكىن ئۇ بالىنىڭ بېشى ساق ئەمەس، ئۇنى كېلىنىمىز دېگەن داڭلىق، ئاللامۇساللا موللامغا چېپىپ يۈرۈپ شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ ئۆيدىن سوۋۇتىۋەتتى، زۇۋانىنى بەنلەپ ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويدى...

— ھېلىقى كۈنى شەرۋانىخانىنى نېمە ئىش قىلدىكىن، پاختا ئاۋۇدىمىكىن، دەپ كەينىدىن كېۋەزلىككە ماڭسام، يۇنۇساخۇن ئالدىمغا ئۇچراپ قالدى. ۋاي بالام بارمۇسەن، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، دەپ سورىسام، ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلدى، گېپىمگە جاۋاب بېرە ـ بەرمەس، نېرىدا ساقلاپ تۇرغان سارباش بىر پەتەكنىڭ يېنىغا كەتتى. كەينىدىن قارىغانچە قاپتىمەن، تۇۋا، نېمە بولغاندۇ ئۇ بالىغا... كىچىكىدە ماڭا بەك ئامراقتى، ئەتىدىن كەچكىچە قۇچىقىمدىن چۈشمەيتتى. ئەمدى كۆز تەگكەندەكلا...

— مەنمۇ جىق نەسىھەت قىلدىم. سەن چەتنەپ كەتتىڭ، يامان ئىش، يامان يولدىن قولۇڭنى ئۈز. ناماز ئوقۇ، روزا تۇت، شۇندىلا كۆڭلۈڭ روشەن، قەددىڭ تىك بولىدۇ... دېدىم. لېكىن تامغا گەپ قىلدىممۇ ياكى ئادەمگىمۇ، ئۇ بالا ئۆلۈكتەك قېتىپ تۇرىدۇ، قارىسىلا.

— راست چەتنەپتۇ، — دېدى موماي ئۆي تەرەپكە مېڭىۋېتىپ ھەم رەندە سالغاندەك ئاقلاپ قويۇلغان تېرەكنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشتى، — ھوي ما تېرەككە نېم بولدى، ئەمدى؟

— سورىمايلا قويسىلا، — دېدى نازىلخان گەپنى يەنە بايدىقى قۇدىسىغا يۆتكەپ، مۇشۇ كۈندە ئارائاۋاتلىقنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ بىزنىڭ ئىچىمىزگە ئۇرغىلى تۇردى... قارىسىلا، ئۇ خەقنىڭ چامبۇل ئېشىكىمۇ باغلاقتا جىم تۇرماي، قېنى قانداق قىلالايتىتىڭ دەپ، بىر چىرايلىق ئايىنۋاتقان تېرەكنى





غاجىلاپ شۇپىلاپ قويۇپ كەتتى! ئەمدى قۇرۇپ قالىدۇ، بۇ تېرەك...

بايا قېيىنئانىسى تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەپ قايىنىغىلى تۇرغاندا، كۆڭۈل ئاغرىقى گەپتىن قېچىپ ھويلىغا كىرىپ كەتكەن پىننەخان بىر تۇتام كونا لاتا ـ پېتە، يالتىراق ۋە قومۇش پاخىلىدىن ئېشىلگەن كۆلىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. لاتىنى تېرەكنىڭ غاجىلانغان يېرىگە يۆگەپ، ئۈستىدىن يالتىراقنى ئوراپ پۇختىلىدى. ئاخىرىدا كۆلا بىلەن باغلاپ تېرەكنى تاڭدى. بۇ ئىشقا ئۈنسىز قاراپ تۇرغان نازىلخان يا خۇشال بولغانلىقىنى، ياكى نارازى بولغانلىقىنى بىلىندۇرمىدى. قېيىنئانا ۋە كېلىنلەر شۇنداق تۇرۇۋاتقاندا، دىمىغىدا ناخشا غىڭشىغاچ ئېتىزلىقتىن يانغان شەرۋانەم يېتىپ كەلدى، بىرەر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى پەملەپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى:

— تۇرۇپسىلەرغۇ، ئانا؟

موماي گەپ قىلمىدى. ئۇ گەپ قىلىشنى خالىمىغان ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چوكان يەنە مۆچتەك قىزىرىپ تۇرغان يەڭگىسىگە، ئاندىن پىننەخانغا نەزىرىنى ئاغدۇردى:

— گەپ قىلىڭە، پىننەخان؟

— ئېشەك تېرەكنى غاجىلىۋېتىپتۇ!

— كىمنىڭ ئېشىكى؟

— ئارائاۋاتلىقنىڭ!

— ھە؟

نازىلخان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كېلىنىگە قارىدى. دېمەيدىغان گەپنى دەپ سالغان ئوخشايمەن دەپ، پىننەخاننىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

# 57

ئىشلەمچىلىككە كەلگەن قۇمئاۋاتلىقلار تارىمدا ئىش-ئەمگەكسىز يېتىۋالدى. ئۇلار شۇنچە تىرىشىپ باقسىمۇ كۆزلۈك ئىش ھەققىمىز ئون سومغىمۇ يەتمەيتۇ، دەپ ھېچبىر ئىش قىلغىلى ئۇنىماي، بىزنى يۇرتىمىزغا ئاپىرىپ قويسۇن، دەپ داۋراڭ سېلىپ تۇرۇۋالدى. ياش باشلىق بىلەن غوجىخان بولسا كىشىلەرنى بىر يەرگە ماڭغۇزماي ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى دەيتتى:

— ھەي، بىزگە ئوساللىق قىلماڭلار جۇما، ئەنە ئاۋۇ تەرەپتە باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقانلار قانداق ئادەم، سىلەر قانداق ئادەم، ھە؟!

— ئۇلار تېرىپ يىغقان ھەر كىلو پاختىسى ئۈچۈن يەتمىش فۇڭدىن ئالىدىكەن! — كىشىلەر تۇشمۇ تۇشتىن ۋارقىراشتى.

بالا باشلىقنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ ھەمزىخانغا قول ئۇزاتتى:

— ھەي يىرتىق ئىشتان، ياماق چاپان ئوغرىلار! سەن خەقنى يۇرت كۆرسۇن، كۆزى ئېچىلسۇن، دەپ يامان قىلدۇقمۇ؟ دەپ باقە، قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىدەك جاھان مۇشۇ شۇ، دەپ ئاشۇ قۇملۇقتىن چىقماي بىر ئۆمۈر ئولتۇرىشىۋېرەمتىڭ-يا؟ كۆرگەنسەن، ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن، بولمىسا مەھەللەڭدە قۇم چايناپ پىت باقىسەن، شۇ!

— ھاي ، ھاي. ... — قانداق شەيتان ئازدۇردىكىن، ئۇ ئىشلارغا تاقەت قىلىپ بولالمىغان ھەسەن خالۋاپ ئىختىيارسىز ئالدىغا ئۆتۈپ گەپكە ئارىلىشىپ قالدى، — سىزمۇ شۇ





بىزگە ئوخشاش يىرتىق ئىشتان، ياماق چاپاننىڭ ئەۋلادى ئوكام... ئەمما سىزگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇغانلار بىزنى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. قانداق دەمسىز؟ سىز پارتىيە - ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دېھقانلارنى بېيىتىش ھەققىدىكى ياخشى سىياسىتىنى ئۆز مەيلىڭىزچە باشقا ياققا بۇراپ، نى - نى ئېسىل ئۆرۈكلۈك، باداملىق، ياڭاقلىق باغلىرىمىزنى ۋەيران قىلىپ كېۋەز تېرى دېدىڭىز، ماقۇل دېمەي ئامال بولمىدى. يۇرتىمىزنىڭ جەننىتى بولغان ئايكۆلنى قۇرۇتۇپ ئورنىغا كېۋەز تېرى دېدىڭىز، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدۇق. ئاخىرىدا نېمە بولدى؟ يۇرتىمىزدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، زېمىن قۇملىشىشقا، چۆللىشىشكە باشلىدى. پاختىچىلىقتىن ئاقا چىققاندىن كېيىن ئىقتىسادىي ئۇنۇمى يۇقىرى، ئۇرۇقلۇق تەمىنلىگەنلەر ئۆزى سېتىۋالىدۇ دەپ، نەدىكى بىر نامى خىل ئۇرۇقلۇق، كۆچەتلەرنى ئەكىلىشىپ تاڭدىڭلار، لېكىن كۈز كەلگەندە ئۇ مەھسۇلاتلارنى ئالىدىغان ئادەم يوق... ئاخىرىدا ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق، ھەممىدىن قۇرۇق قالدۇق. مۇشۇنداق ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى قىلىپ يۈرسەك، بۇ يىل پاختىنىڭ باھاسىنى ئۆستى، دەيدۇ. تېرىغان پاختا جىق بولمىغاندىكىن مانا ئەمدى ھەر يىلدىكىدەك سىرتقا مەدىكار ئىشلەشكە ھەيدەپ ئەكېلىدىڭلار... بىزنىڭ خاپا بولغان يېرىمىز شۇ!

— سەن راۋاج تاپمايدىغان ئوغرى زادى نېمە دېمەكچى؟! — غوجىخان ھەسەن خالۋاپقا تاشلاندى.

— ھېچنېمە دېمىدىم، بولدى خاپا بولماڭ ئوكام! — دېيىدىغاننى دەپ ئىچ - قارنىنى بوشىتىۋالغان ھەسەن خالۋاپ كەينىگە داجىپ، توپنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى.

بىچارە خالۋاپ... ئەسلىدە خۇشخۇي، چىقىشقاق كەلگەن بۇ ئادەممۇ ئىنىسى ھەمزىخانغا ئوخشاش ھال ـ ئوقىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئوبدانلا خەت ساۋادى بار، خېلى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، يىللاردىن بېرى پاختىدىنلا كېلىدىغان كىرىمگە قاراپ ئولتۇرماي، قوملۇقنىڭ باغرىدىكى توقايدا سالالاشتۇرۇشقا توغرا كەلمىگەن ئۇچ بۇلۇڭ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، قىزىلگۈل ئۆستۈرۈپ گۈلقەنت ياساپ سېتىش بىلەن ھال ـ ئوقىتىنى ياخشىلىغان، باشقىلارغا ئوخشاش يالتىراق يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت پۇلى، ماشىنا مەشغۇلات ھەققىگە قەرزدار بولۇپ قالماي، ئائىلە تۇرمۇشىنى يامان ئەمەس قامداپ كەلگەن كىشى ئىدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە تېرىقچىلىقنىڭ قويۇۋېتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، پۈت ـ قولى بوغۇچلانغان بوۋاق بۆشۈكتىن ئازاد بولغاندەك يايراپ، قايسى بىر تېۋىپ بىلەن قىزىلگۈل بەرگى، نوقۇت تەمىنلەش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈپ، ھوسىيناخۇننى كەينىگە سېلىپ يۈرۈپ، ئىلكىدىكى 11 مو يەرنىڭ بەش موسىغا قىزىلگۈل قەلەمچىسى تىكتى. ئىككى موسىغا نوقۇت تېرىشقا تەييارلىق قىلدى. تۆت مو يەرگە قورساق غېمى ئۈچۈن ئاشلىق تېرىدى. بىراق، كىم بىلسۇن، ئويلىمىغان يەردىن كەنتكە نۇقتىغا چۈشكەن كادىرلار ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش باھانىسى بىلەن پۈتۈن بىر كەنتنى نۇقتىلىق توشقان زەدىكى، شىرنىلىك پۇرچاق يېتىشتۈرۈش تەجرىبە بازىسى قىلىپ بېكىتىپ، دېھقانلارنى بىر تۇتاش مۇشۇنىڭغا يەر تەييارلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. خالۋاپ ئائىلىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، يەرگە ئاللىقاچان ئۆزلەشكەن بولغان قىزىلگۈل قەلەمچىلىرىنى يۇلۇپ تاشلىدى. ئار-





قىدىن يەنە باشلىقلار، تېخنىكلار كېلىپ كەنت سەيناسىدا چوڭ يىغىن ئېچىپ، يېڭى تېرىلىدىغان مەھسۇلاتلار ۋە ئۇنىڭ بازار ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ بىر مۇنچە ماختىدى. تېرىلغان ئۇرۇقلۇقنى قاغا يەپ كېتىپ، مايسىسى ئالا ئۈنگەن بۇغداي ئېتىزىدەك چېچى چۈشۈپ شالاڭلىشىپ كەتكەن بېشىنى تىنىماي سىلاپ ئولتۇرغان قېرى بىر باشلىق يىغىن ئاخىرىدا قايتا ئەسكەرتىش بېرىپ سۆز قىستۇردى:

— توشقان زەدىكىنىڭ جۇڭگو تېبابىتىدىكى رولى ناھايىتى چوڭ، ئۇ كۆڭۈلنى تۇراقلاشتۇرۇپ، مۇھەببەتنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. شىرنىلىك پۇرچاقتا سىلىقلاش مېيى ياسىلىدۇ... — دېگەندەك باش ـ ئاخىرى يوق گەپتىن بىرنى قىلىۋېدى، دېھقانلار « پاراققىدە » كۈلۈشۈپ كەتتى ھەم ۋۇجۇدىنى چىرمىغان كۆڭۈلسىزلىكنى، تەشۋىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىر ـ بىرىگە قاراپ، كەنت قورۇسىنىڭ ئىچىدە چاقچاق ـ تەنە گەپ، مازاق قىلىشلار قىزىپ كەتتى:

— ھەببەللى، ھەر كىم ئۆزىنىڭ كويىدا دەپ، بىچارە باشلىق قېرىغاندا ئۇنىڭ غېمىدە قاپتىكەن ـ دە!

— زەدەك دېگەن بىر نېمىنى ئۆزى غاجاپ سىناپ بېقىپمىدىكىن ـ يا؟

— بۇ قېرى ئادەمنىڭ شۇنىڭدىن باشقا نېمە غېمى بار ئەمدى؟ بىز يىلدا ئىشلەپ تاپالمىغان مىڭ نەچچە يۈز كوينى ئۇ ئايدا ئالىدۇ. پۇلنى يىغىشتۇرۇپ بولالماي ، ئالدىغا كەلگەن نېمىنىڭ ھەممىسىنى يەپ ـ ئىچىۋېرىپ كاردىن چىققان بولسا، خوتۇنىنىڭ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىشىدىن قورقۇپ، سىناپ باقسا باققاندۇ!

— خوتۇنىنىڭ قوغلاپ چىقارغىنىنىمۇ ئېھتىماللىقتىن

نېرى قىلغىلى بولمايدۇ جۇما!

— سەن نېمە بىلىسەن، ئۇ ئىشنى؟

— ئۇنىڭ شوپۇرىنىڭ دېيىشىچە، ھەپتە - ئايلاپ يېزىدا يېتىپ، ئۆيىگە كىرمەيدىكەن. ناھىيىگە يىغىنغا كىرسىمۇ، بىنادىكى كاتەكتەك ئۆيىگە يېقىن يولىماي، مېھمان كۇتۇشتە يېتىۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنى ئىزدەپ كېلىپ چېچىنى چۇۋۇپ ئۇرۇشۇپ، تىللاپ غوۋغا كۆتۈرىدىكەن.

— بىزنىڭ ئالدىمىزدا گېپى يوغان بولغان بىلەن خوتۇنىنىڭ قۇچىقىغا كىرەلمەيدىغان تازا بىر موللام مۇشۇك خوتۇن ئىشتىنىمۇ دەيمەن ئۇ!

— شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ بالىسى يوقمىش تېخى.

— ئۇ گەپنى قويۇڭلار، ئاغىنىلەر، چاتاقنىڭ چوڭى ئەمدى چىقىدىغان بولدى....

— نېمە چاتاق؟

— كەنتىمىزدە ھېلىمۇ سان ئاشۇرۇپ بالا تاپقان ئەركەكلەر ئاز ئەمەستى. ئەمدى، ئۇ زەدەك دېگەن بىر نېمىدىن مول ھوسۇل ئالساق، بىزمۇ يەپ سالارمىز. شۇنىڭ بىلەن باشلىقىمىزنىڭ دېگىنىدەك مۇھەببەت تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كېتىپ، بالا تاپقانغا بۇرنىمىزدىن بۇلاق، كۆتىمىزدىن يۇمىلاق چىقىرامدىكىن دەيمىنا!

— ھوي راست، ئۇ گەپمۇ يوق ئەمەس...

— ئاي... ۋاي ، قويۇڭلار ئۇ گەپنى. ھەر قانچە زەدەك غاجىلىسىمۇ بارى بار، يوقى يوق... دېھقان دېگەننىڭ يەتتە ئەزايىمىز كەتمەننىڭ دەستىسىدەك قېپىشلىق، 360 كۈن قېنىمىز قىززىپ تۇرىدىغان خەق بىز. ئۇ يوغان قورساقلاردەك پۇتىقى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن پور كۆتەكلەردىن بولمىساق - يا!





— ھا...ھا...ھا ... — ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلەتتى، ئەمما كۆزلىرىدە يەنىلا مىڭبىر تەشۋىش، غەم - قايغۇ كۆلەڭگىسى ئەگىيتتى.

— ئىشقىلىپ، مەدەكتىن نەپ ئالالماي، زەدەككە ئۆتتۇق. كۈزلۈككە ئوڭدا قىلمىساقلا مەيلىتتىغۇ!

دېھقانلار مەھەللە، ئېتىزلىقلاردا ئاشۇنداق ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىشىپ ئاچچىقىنى چىقارغان توشقان زەدىكى، شىرنىلىك پۇرچاقنى ئامالسىز تېرىدى. تېرىلغۇ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن باشلىقلار بۇ خىل ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ ئۇرۇقلۇقىنى سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن قەرز پۇل توختامنامىسىگە قول قويدۇردى. ئارىدا ھەسەن خالۋاپ قاتارلىق بارلىق دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە قەرز پۇل ھۆججىتى توشقۇزۇپ، پۇلنى يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىدىن بىراقلا ئاغدۇرۇۋالدى.

جاپا - مۇشەققەتكە تولغان ياز كېتىپ كۈز كەلگەندە، ياز بويى تېخنىكلارنىڭ ئاقساقاللىق قىلىشى ئارقىسىدا تىنىمسىز پەرۋىش قىلىنغان توشقان زەدەكلىرى خىمىيىۋى ئوغۇت، زىرائەت دورىسىنى بەك كۆپ چېچىۋەتكەنلىكتىنمۇ، ياكى تۇپراق شارائىتى ماس كەلمىگەنلىكتىنمۇ، ئىشقىلىپ ھېلىقى پور باشلىقنىڭ قورسىقىغا ئوخشاش تۇلۇمدەك يوغىناپ ئىچى پورلىشىپ، باشقا بىر نېمە بولۇپ چىقتى. شىرنىلىك پۇرچاقنىڭ سۈيى زىيادە بولۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر، شىرنىسىز بىر نېمە بولۇپ قالدى. دېھقانلارنىڭ خامىنىدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان توشقان زەدىكى، شىرنىلىك پۇرچاقلارنى ھېچكىم كېلىپ ئىككى پۇل دېمىدى. كەلدى - كەتتى تېۋىپلار بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولغان ھەسەن خالۋاپ توشقان زەدىكىنى تې-

ۋېپلارغا ئەكىرىپ كۆرسەتسە، ئۇلار: پۇلغا يارىماس ئۆسۈپ قالغان باشقا بىر نېمىكەنغۇ بۇ، دېگۇدەكمىش. شىرنىلىك پۇرچاق دېگەن نەرسىگە ئادەتتە شېغىل تېرىپ يەيدىغان توخۇمۇ قاراپ قويمىدى. ھەتتا بۇغداي ـ قوناقلا ئەمەس، ماش ـ پۇرچاقلارنىمۇ كۆرمىدىم، دەپ يالمايدىغان قوي ـ كالىلارمۇ پۇراپ قويۇپ يېقىن كەلمىدى.

— ياپىرىم، نېمە كۆرگۈلۈك بۇ! — دېيىشتى پېشانىسىنى تۇتۇپ قالغان دېھقانلار. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ مەسلىھەت قىلىشىپ، ئۆزلىرىگە نېمەت بېرىۋاتقان زېمىننى بۇلغىغان بۇ نىجاسەت ئۇرۇقلۇقلارنىڭ ھوسۇلىدىن ئېشەك ھارۋىلىرىغا پاتقىنىچە بېسىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كەلدى.

— ھە نېمە گەپ؟ ـ دېدى يېڭىچىراق كەلگەن بىر باشلىق كۆزەينىكىنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا سوغۇقلا قاراپ.

— ئەتىيازدىن بۇنى يۇقىرى پايدا بېرىپ سېتىۋالىدۇ، دەپ قىممەت باھادا ئۇرۇقلۇق تەمىنلەپ، تېرىغىلى سالغانىدى. ئەمدى ئالىدىغان ئادەم چىقمايۋاتىدۇ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ توشقان زەدىكىدىن بىر تال ئېلىپ ئۇ كىشىگە تەڭلەپ.

— يەنە قانداق قىلىپ بەرسەك بولىدۇ؟ — دېدى باشلىق توشقان زەدىكىدىن قورققاندەك كەينىگە داجىپ.

— ئالىدىغان ئادەم يوق، زىيان تارتىپ كەتتۇق.

— سەن خەق داۋاملىق پوخسىقىڭنى بىزگە ئارتىپلا يۈرۈشەمسەن؟! — دېدى باشلىق يەنە ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن قولىنى چىقارماستىن.

— ھەر قايسىلىرى مەجبۇرىي تېرىغىلى سالغان نەرسە بۇ، شۇڭا كەلدۇق.





— ئاڭلاپ قويۇش، بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز ھاللىق سەۋىيىگە يېتەكلەش، بىز يېزا پەن ـ تېخنىكىسىدا نېمە يېڭىلىق بولسا، بازاردا نېمىنى پۇلغا ئالىدىكەن دېسە، شۇنى قىلىپ باقىدىغانلارمىز. لېكىن ھېچقانداق يەردە سەنلەرنىڭ تارتقان زىيىنىڭنى تۆلەپ بېرىمىز دەپ باققىنىمىز يوق!

بۇنى ئاڭلىغان دېھقانلار:

— ئۇنداقتا، بىزنى مۇشۇ ئىشقا زورلىغان، ئۇرۇقلۇق ئەكىلىپ تېڭىپ ساتقان ھېلىقى باشلىقنى بىزگە تېپىپ بەرسۇن! گەدىنىمىزگە ئارتىپ قويغان ئۇرۇقلۇق قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتسۇن! — دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى. دېھقانلارنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن باشلىق سۆڭەكچىگە ئېسىقلىق تۇرغان تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ماش رەڭ كىيىم كىيگەن ئامانلىق ساقلىغۇچىلار پەيدا بولدى. پالاق ـ پۇلۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن قاچ ـ قاچ بولۇپ كەتتى...

ھەسەن خالۋاپقا ئايان: تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەن ئاشۇ نامرات، توپا چىراي، كۆرۈمسىز ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا دەردى بار ئىدى. ئەسلىدىنلا تۇرمۇشنى، ھاياتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئوتتەك ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بار بولغان بۇ بىچارە بەندىلەر ھېچبىر چىقىش يولى تېپىپ بولالماي يۈرەتتى. ھالسىزلىق ئۇلارنى ئۈمىدسىزلىك، قاششاقلىق پاتقاققا پاتۇرغان، ھېچنېمىگە ئىنتىلمەيدىغان، يېڭىلىقنى خالىمايدىغان قاتمال ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى... بىر چاغلاردا يەرلەرنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە كۆتۈرە بەرگەندە، كېتىۋېتىپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ھەممە دېھقاننىڭ چېھرىدە كۈلكە، خۇشاللىق نۇرى پارلايتتى. ھارۋا

سۆرىگىنىچە هاڭراپ ئىتتىزلىقتا چاپقان ئىشەكلەر، يەر ئاغدۇ-
رۇۋاتقان قول تراكتورىنىڭ شوخ سايرىشى، يۈرەكنى ئوينىتى-
دىغان ئىتتىز ناخشىلىرى، توي - تۆكۈنلەردىكى مەشرەپلەر،
نورۇز كۈنىدىكى بەزمە - باراۋەت، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئات
بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، يۇرت بويىچە ئاش تارتىشلار...
ئاشۇ يىرتىق چاپان، ياماق ئىشتاننىڭ ئىچىدىكى ئادەملەر
شۇنداق خۇشاللىقلارنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ، روهىي بايلىقنىڭ
ئىگىسى ئىدى. ئەمدى ئىقتىسادتىن، مەنىۋى خۇشاللىقتىن
ئايرىلدى. ئىقتىسادتىن ئايرىلغان بىلەن ئۇنى تېپىۋالغىلى
بولىدىغان نېمە، ھەممىدىن يامىنى روهتىن ئايرىلغىنى بولماي
قالدى. روهسىزلىق ئادەمنى ئاشۇنداق ئاڭسىز، ساپاسىز قى-
لىۋېتىدۇ. ئۆزگىلەر ئۇلارنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى، ئىپادى-
سىنى كۆرۈپ باشتىن كەچۈرگەن دىشۋارچىلىقىدىن، ئۇزاق
يىل روهىي ۋە جىسمانىي زەربە يېگەنلىكىدىن، كىشىلىك
روهتىن ئايرىلغانلىقىدىن خەۋەرسىز ھالدا «راۋاج تاپمايدى-
غانلار!» دەپ كەمسىتىدۇ... دېھقانلاردا «ئېشەك - ئېشەكتىن
قالسا قۇلىقىنى كەس» دەيدىغان تەمسىل بار. بۇ ئۇلاردا ئەزەل-
دىنلا بەسلىشىش، رىقابەت ئېڭىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ،
ئەلۋەتتە. ئەگەر يېزا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنىڭ تۆۋەندىكى
ئەمەلىيلىشىشى ھەقىقەتەن توغرا بولسا، ئۇلار غوجىخاندەك
مەنپەئەتپەرەس كىشىلەرنىڭ يېنىنى تومپايتىشى بەدىلىگە
ئۇزاق يىل قاقتى - سوقتى قىلىنمىسا، ئاشۇنداق ئاڭغا ئىگە
ئادەملەر ئاسانلىقچە يولدىن چىقىپ كېتەتتىمۇ؟ ئۇنداق ئو-
ڭايلا ئۆزىنى تاشلىۋېتەتتىمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، دېھقان دې-
گەن تەبىئەت قوينىدا پىشقان، ئەتىيازنىڭ كۆزنى ئاچۇرمايدى-
غان قۇم - بورانلىرىدا، تىنجىق ياز ئايلىرىنىڭ چىدىغۇسىز





پىژغىرىم ئاپتاپلىرىدا، جۇدۇن - چاپقۇنلۇق قىشنىڭ جۇت -
شىۋىرغانلىرىدا تاۋلانغان چىداملىق كىشىلەر. ئۇلارنى يەنە
ئۆز روهىيىتىدىكى، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روهقا، ئۈمىد - ئىش-
شەنچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ روهنى قايتا يېتىل-
دۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ كەچمىشىگە، قىسمەتلىرىگە ئوبدانراق
قاراپ بېقىشقا، روهىي دۇنياسى بىلەن ئىچكىرىلەپ تونۇشۇش-
قا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك ئەمەلىيىتىگە
قانداق مۇئامىلە قىلىشنى قايتا ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ...
ھەسەن خالۋاپ شۇ قېتىمقى ئاچچىق كۆڭۈلسىزلىكنى
ئويلاپ، بۇگۈن نېرى - بېرى گەپكە ئارىلاشمىدى. ئىشلىگى-
نىمچە ئىشلەپ باقىي، دەپ باش چۆكۈرۈپ پاختا تېرىشكە باش-
لىدى.

## 58

تۇرمۇش توغرا نىيەتلىكلەر ئۈچۈن غەنىيمەت بولسا، ئالا
كۆڭۈل بەندىلەرگە ھامان بىر قىسمەت. روزىگۈل يۇنۇس بىلەن
سۆرىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى كەنت مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ ئالدىغا
كېلىشكە مەجبۇر بولدى. ئادەتتە كەنتتە يۈز بەرگەن ئائىلە
ماجىرالىرىنى كەنت مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بىر قۇر
مۇرەسسە قىلىپ ئەر - خوتۇنلارنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا تى-
رىشچانلىق كۆرسىتەتتى. ئەگەر نىزا - ئاداۋەتلەر ھەقىقەتەن
ئېغىر بولۇپ، ھاجاتمەنلەر بىر - بىرىنى زادىلا كەچۈرەلمىسە،
يېزىلىق خەلق ئىشلار ھەيئىتى ياكى سوتقا يوللاپ بېرەتتى.
— نېمەڭلىگە نېمە يەتمىدى؟— دېدى ھەيئەت مۇدىرى پا-
تەمخان غورا چاينىغاندەك غۇچچىدە تۇرۇلۇپ قالغان قاپاقلىرى

ئاستىدىن ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە قادىلىپ، — ياكى غوجامنىڭ كۆڭلى خېنىمغا، خېنىمنىڭ كۆڭلى غوجامغا سوۋۇپ - سولىشىپ قالدىمۇ - يا؟

روزىگۈل ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىن يېنىدىكى يۇنۇسقا قاراپ قويدى. ئىككىسى بۈگۈنمۇ ئاز سەتلەشمىگەچكە، روزىگۈلنىڭ خاپىغان چىرايىدىن يۈرەك زېدىسى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يۇنۇس بولسا ھوقۇقى چوڭ، گەپدان بۇ ئايالىلار مۇدىرىنىڭ ئاچچىقىدىن مەڭدەپ، كالپۇكى يەملىشىپ قالغاندەك ئاغزىنى مىدىرلىتالماي قالدى.

— ۋوي، گەپ قىلمايمىزغۇ؟— پاتەمخان مۇدىرنىڭ ئاۋازى يەنە چاڭقىلداپ ئىشخانىنى بىر ئالدى، — ياكى مۇرەسسە ئىشخانىسىغا ئېزىقىپ دوقۇرۇشۇپ قالدۇقمۇ - يا؟

— ياق، بىز دەيدىغاننى دېيىشىپ گەپنى پىشۇرۇپ كىرگەن، — دېدى يۇنۇس ئاخىرى.

— نېمە دەپ، ئەتە ئاخشاملىقتا يېنىشىۋالىمىز، دەپما؟

— ھە... ياق، ئاجرىشىمىز، دەپ.

— نېمە بولغانغا ئاجراشماقچى؟

يۇنۇس جاۋاب بېرىشتىن توختاپ روزىگۈلگە قارىدى. روزىگۈل قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ مېنى يامان كۆرسەتمەكچىمۇ؟ دېگەندەك ئۇنىڭغا يالتىدە قاراپ قويدى. شۇ تۇرقىدا ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر - بىرىگە گەپ سەپە سېلىشىپ قاش - كۆز ئۇرۇشى قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار سوئالنى جاۋابسىز قالدۇرغاندىن كېيىن مۇدىر يەنە سورىدى:

— بالا نەچچە؟

— ئىككى.





— قورساقتىكىسىچۇ؟

— دورا يەپ چۈشۈرۈۋەتكەن.

— نېمىشقا ؟ — مۇدىرنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭىيىپ، ئاۋازى دۇمباق يارغاندەك چىقتى.

— ھوي، بالىنىڭ دادىسىنىڭ ھالى شۇ تۇرسا، يەنە تۇغسام مەن قانداق باقىمەن، ئۈچ بالىنى؟! — دېدى روزىگۈل زەردە بىلەن، — بىز غوجام تەخىيىگە ئىگە بولمىغان ھاڭگىدەك، بالىنى تېپىپ قويۇپ، ئاقىۋىتى بىلەن كارى بولمىسا، ئاشۇنداق!

— ئەزۋەيلىمىسىڭىزمۇ بىلىمەن ! — دېدى پاتەمخان تەگەپ، — مەن سىزگە ئى يېرىڭىزگە ھالقا سالدۇرمىغانمۇ، بالا چۈشۈرىمەن دەپ جاننى قىينىمىسىڭىز بولمامدۇ، دەۋاتىمەن!

— شۇ... شۇ ... — مۇدىرنىڭ دوق قىلىشلىرىغا گەپ تېپىپ بولالمىغان روزىگۈل تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ قالدى. مۇدىر ئىچ - ئىچىدىن ئاچچىقسىنىپ ئەر كىشىدەك ئېغىر تىنغىنىچە ئازغۇن ئاياغلىرى بىلەن ئۆز بەختىنى چەيلەپ يۈرگەن كۆز ئالدىدىكى بۇ بىر جۈپ ياش ئەر - خوتۇنغا خېلى ئۇزاق قاراپ ئولتۇردى. كېيىن قايغۇرۇۋاتقاندەك بىر ئاۋازدا سورىدى:

— ماقۇل، ئىككى بالاڭلارنى قانداق قىلىسىلەر؟

— مۇشۇنىڭ دېگىنى بويىچە پىچىپ قويسىلا ! — دېدى خېلىدىن بېرى ئۈنسىز تۇرغان يۇنۇس تۇيۇقسىز زۇۋانىنى ئېچىپ، — ئالىدىغىنىڭنى ئېلىپ ئۆيدىن چىق دېسەم، گەپنى چوڭ قىلىپ يىغىن كەلمەيۋاتىدۇ...

— ھوي... نېمە ئانداق بەلەن سىز؟— دېدى يۇنۇسنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۇدىر غىچىلداپ تۇرغان ئورۇندۇقتىن

لىككىدە تۇرۇپ، — ھەقلەپ نىكاھلاپ ئەمرىڭىزگە ئالغان خوتۇن كىشى دېگەن كۆڭلىڭىز تارتسا قۇچاقلاپ يېتىپ، كۆڭلىڭىز قالسا ، ئا... ئەيىبى چىقىپ قالدى كاساپەتنىڭ... دەپلا چارشەنبە بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتىدىغان قوتۇر بايتال ئەمەس جۇمۇڭ! ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىغان، خارلايدىغان زامانى ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى، يۇنۇساخۇن! مەن سىزگە ئازراق بىر نەرسە ئوقۇپ بېرىپ نىكاھ، ھەق - تەلەپ قانۇندىن ساۋادىڭىزنى چىقىرىپ قويسام بولىدىغان ئوخشايدۇ، — مۇدىر سۆزلىگەچ، تاختايلىرى ئاجراپ تۇرغان قوپال ئۇستەلنىڭ تارتمىسىدىن قېلىن بىر كىتابنى ئالدى. ئالدىن قاتلاپ قويغان يەرنى ئېچىپ ئوقۇشقا تەمشەلدى...

— بولدى، مەن ئاڭلىغاندەك قىلغان، — دېدى يۇنۇس مۇدىرنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى خالىمىغاندەك قىلىپ، — ھەر قانچە ئاڭلىسامۇ، قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ... مەن بىلىمەن، سىلى خوتۇن كىشىنى ئەر كىشىگە باسۇرۇپ بەرمەيلا، ئۇنىڭدىن كۆرە تېزراق بىر تەرەپ قىلىپ قويسىلا، سۆزنى ئالسۇن بۇ بىر نېمە!

— ئاغزىڭىزنى بۇزماڭ ئۇكام ! — قۇلىقىغا يوغانلا كۈمۈش زىرە سېلىۋالغان بىلەن گەپ - سۆزلىرى كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك قاتتىق، نى - نى ئەركەكلەرنى يەرگە قارىتىدىغان بۇ مۇدىر جۇۋان بوشاڭ ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، كەنتتە غوجىخاندىن ھېيىقمىغانلار ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا بۇرۇتى سالپىيىپ، موللام مۈشۈك بولۇپ قالاتتى، — روزىگۈل مەيلى سىز دېگەندەك «بىرنېمە» بولسۇن ياكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق گۈل بولسۇن، نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن





بىر ئۆينى ئىسسىتىپ ئىككى - ئۈچ بالا تېپىپسىز، ئۆيىڭىزنىمۇ ئوبدان جابدۇۋاپسىز. ئەھۋالىڭىز ماڭا ئايان، بالىلىرىڭىزنىڭ چوڭى يېشىغا توشقىچە، خوتۇنىڭىز كېيىنكىسىگە قورساق كۆتۈرۈپ ئالغاچقا، بالىلىرىڭىز بىر - بىرىدىن ئۈششاقكەن. ناۋادا گېپىڭلار گەپ بولۇپ ئۈيان - بۇيان بولۇشۇپ كەتسەڭلار، سىز تىرىك تۇرۇپ بالىلىرىڭىز ئۆگەينىڭ قولىغا قالىدۇ، بوينى قىسىلىدۇ. سىز مۇشۇ يۇرتتا بولسىڭىز بۇنى ئۆز ئەينى كۆرىسىز ياكى ئاڭلايسىز. ئۇ چاغدا بالىلىرىڭىزنىڭ ھالىغا قاراپ: « ھەي ئىسىت » دەپ ئاچچىق يۇتۇپ قالغىنىڭىز بىكار. شۇڭا، يۈرىكىڭىزنى ئوبدان تۇتۇپ بېقىپ، ئۆزىڭىزنى راسا بىر دەڭسەپ ئاندىن كېلىڭە مېنىڭ قېشىمغا.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئەمدى نېمە دېسەك بولاركىن، دېگەندەك ئۆز ئارا كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ قالدى. مۇدىر بولسا گەپ تۈگىدى، دېگەننى بىلدۈرۈپ كىتابنى تارتمىسىغا سالدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئىسلىشىپ كەتكەن تامدىكى تەشۋىقات رەسىملىرىگە قاراپ راسا بىر كېرىلىۋەتكەندىن كېيىن ئىشخانىسىنى تاقاش ئۈچۈن تالاغا ماڭدى. ئۆزلىرىنىڭ ئىشخانىدىن ھەيدەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئاداۋەتلىك بۇ جۈپ ئەر - خوتۇن بېشىنى سالغىنىچە ئىشخانىدىن چىقتى.

مۇدىر ئايال يەنە باشقا ھاجەتمەنلەرنىڭ كېلىپ بېشىنى ئاغرىتىشىدىن قاچقاندەك، كەنت قورۇسىدىن چىقىپ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئۆزىنىڭ مەھەللىسى تەرەپكە كەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭمۇ باشقا ئاياللارغا ئوخشاش پاختا تېرىش، قوناق ئۇزۇش، كۈزگى بۇغدايغا يەر تەييارلاش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلىرى بېشىنىڭ چېچىدىن تولا ئىدى.

ئەمدى قەيەرگە بېرىش كېرەك؟ يۇقىرىلاپ ھال ئېيتىش،

ئاجرىشىشنى ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن چوقۇم كەنت مۇرەسسە ھەيئىتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ قويۇش توغرىسىدىكى تامغىلىق ئىسپاتى بولۇش كېرەك، بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ بېشىنى مىڭ يەرگە چاققان بىلەنمۇ بۇ ئىشنى قەتئىي سورىمايدۇ... مانا، ئىش ئەپلەشتۈرگىلى ئېپى بار مۇدىر! مانا، كىشىگە ۋارقىرىغاندەك، چېچىلغاندەك قىلغان بىلەن ئەس ـ يادى كىشىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىش خەۋپىدە تۇرغان بالىلىرىنىڭ غېمىنى يەيدىغان «پاتاڭ ـ پۇتۇڭ» پاتەمخان!

ئالدىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن ئايال مۇدىر ياش ئەر ـ خوتۇنلارغا مۇشۇنداق كۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن مۇراجىئەت قىلاتتى. مۇراجىئىتى كارغا كەلمەي قالسا تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھەر قانداق ئادەمنى يەرگە قارىتىدىغان، ئويلاندۇرىدىغان تولۇق، ئۆتكۈر گەپلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. كىشىنى پەيلىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن گەپتىن ئايانمايتتى. ھەرگىزمۇ يەڭگىلتەكلىك بىلەن بىلەن قولىغا قەلەم ـ قەغەز، تامغا ئېلىشقا ئالدىرىمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆيىدە ئىت ـ مۈشۈك بولۇشۇپ بىر ـ بىرىگە ئۆچ بولۇپ كەتكەن خېلى بىر قىسىم ئەر ـ خوتۇنلار پاتەمخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇيان ـ بۇيان بولۇشماقتىن، ئاستا پەم بىلەن كىشى كۆرمەس يەرگە بېرىپ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل قويۇشۇشۋالماق، يارىشىۋالماق ئاسانكەن... دەپ، مەھەللىسىگە جۆنەيتتى. كېيىن قارىسا بىر ئوبدان ئەپلىشىپ قالغان ھالدا مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقاتتى... قۇمئاۋاتتا شۇنداق جەڭگى ـ جېدەللەر بىلەن پاتەمخاننىڭ ئالدىغا سۆرىشىپ كېلىپ ئاجرىشالماي قايتا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالغانلار ئىسمىنى ئاتاپ سانىغىدەك بار، ئەلۋەتتە.





روزىگۈل پاتەمخان مۇدىرنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كەتكىنىنى كۆرۈپ سەل ئارىسال بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆي تەرەپكە ماڭدى. جانال كۆزلىرىدىن بىر ناپىسەنتلىك ئوخچۇپ تۇرغان يۇنۇس كىشىلەر قارىشىپ تۇرغان ئۈچ ئاچال يولنىڭ دوقمۇشىدا سۇزۇلۇپ قالدى. قۇمئاۋاتلىقلار كۆردىكى، يۇنۇس ئەمدى رەسمىي ئۆيدىن يامانلىغان ئەركەك ئاتىلىپ، قۇمئاۋاتنىڭ ئەرلىرىنىڭ نەنگە داغ چۈشۈرگەن ئىدى.

## 59

ھەسەن خالۋاپ ئىنىسىنىڭ قەرزدارچىلىقتا تارتىپ كەتكەن كۈنلىرىنى ئويلىسا، ئىختىيارسىز كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئوبدانلا ھالىنىپ قالغان ھەمزىخان قويچىلىقتىن ئەنە شۇنداق دۇم چۈشۈپ، بىردىنلا نەدە قىلغۇدەك ئىش بولسا شۇ يەرگە بېرىپ مەدىكار ئىشلەيدىغان كۆك نامراتلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى ھەم مۇشۇ قېتىمقىغا ئوخشاش پاختا تېرىپ پۇل تاپقىلى كەلگەن ئىدى. ئەمما زەردىسى ئىتتىك ئىنىسى ناھەقچىلىك ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىپ، غوجىخاندىن تاياق يەپ كەتتى.

شۇ قېتىممۇ ئوخشاشلا كەنت تەشكىلى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش كېلىپ چىققان ئىدى. چەككىلى تاماكا تاپالمىغاندا ئانچە ـ مۇنچە ئادەم پەشۋالاپ قويىدىغان غوجىخان ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىر نەچچە يىلەننى ئۇرۇپ ـ پەشۋالاپ پاتىپاراقچىلىق چىقىرىۋەتتى. گەدىنىگە ھاپپا يەپ توپنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان ھەسەن خالۋاپ ئىنىسى ھەمزى-

خاننىڭ پاتىپاراقچىلىقتا كېۋەزلىكنىڭ چۆنىكىگە تىك موللاق
چۈشكەنلىكىنى كۆردى. غالجىرلاشقان غوجىخان ئۇنى قاتتىق
تىزلىغۇەتكەن ئىدى. دېھقانلار ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ قوي
پادىسىدەك ئۈركۈپ قاچتى. دەرھال ئېتىزلىققا كىرىپ كېۋەز
تەرگەن بولۇپ تۇرۇشتى. ئىشىنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنـ
لىكىنى كۆرگەن ھەسەن خالۋاپ بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ قالـ
غاندىن كېيىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ھەمزىخاننى يۆلىمەكچى بولـ
دى. ئاڭغىچە ئىنىسى ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرەمدىلا قويـ
نىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاشلاپ قالغان كىشىلەرگە قاراپ بېشى
يەرگە چۈشتى. غوجىخان ھەمزىخانغا قاراپ ئۆزىنىڭ قانداقلىـ
قىنى كۆرسىتىپ قويغاندەك مەغرۇرانە كۈلۈپ قويدى، ئاندىن
كېۋەزلىكنى ئارىلاپ دېھقانلارغا قولىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرـ
نى دەپ ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى.

ھەمزىخاننىڭ جان يېرى تىزلىنىپ كەتكەنمۇ قانداق، ئۇ
كەم ماغدۇرلۇقتىن بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ ، ئەلەڭ ـ سەلەڭ
ھالدا بىر ھازا قاراپ تۇردى ـ دە، غوجىخانغا نەپرەت بىلەن
بىر تىكىلىپ، يېقىنلا يەردە ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان دەريا تەرەپكە
كەتتى. ئۇنىڭغا كىمنىڭمۇ ئىچى ئاغرىماي تۇرالىسۇن. ئىلگىـ
رى ھال ـ ئوقىتى ياخشى، كۆڭلى ئوبدان، چوڭ ئۆتكەن بۇ
بىچارىگە مانا ئەمدى يۇرتتىن چىقىپ كۆڭلۈك مەدىكار ئىشـ
لەش، ھارام تاياق يېيىش ئېغىر كەلگەندۇر، غۇرۇرى كۆتۈرمەـ
گەندۇر... بىر چاغدا ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قالدى. ھەسەن
خالۋاپ كۆڭلى قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكتىن خاتىرجەمـ
سىزلىنىپ ئورنىدىن قوزغالدى ـ دە، ئىنىسىنىڭ كەينىدىن
يۈگۈردى. ئۇ كۆردىكى، ھەمزىخان توغراق يىلتىزلىرىغا بېـ
شىنى قويۇپ دۈم يېتىپ قاپتۇ. ھەسەن خالۋاپ ئوقەتەك ئېتىـ





لىپ بېرىپ، ئىنىسىنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى
ئۇڭدىسىغا ئۆرىدى، بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى... ئېسىت، ياش
تۇرۇپ بوۋايلاردەك ساقال باسقان ياداڭغۇ چىرايى تامدەك تاتارـ
غان، قۇرۇق قاقشال بولغان جانسىز قوللىرى تارشىدەك قېـ
تىپ كەتكەن ھەمزىخان تىنىقى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا
سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ھەسەن خالۋاپنىڭ ئىنىسىگە قاراپ ئىچ
ـ ئىچىدىن ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. كۆز چاناقلىرىغا پاتماي قالغان
ياش بىر نەچچە قەدەم نېرىدىلا ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ جىدـ
مىرلىشى بىلەن قوشۇلۇپ، كۆز ئالدى خىرەلەشتى. ئۇ جىمـ
جىت ئېقىنغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى...

ئاھ، ئانا دەريا بوستانلىقلار تامان كەڭرى يېيىلىپ ئاقاتـ
تى، ئۇنىڭ باغرىنىڭ كەڭلىكى دېھقاننىڭ كۆكسى ـ قارنىنىڭ
كەڭلىكىگە ئوخشايتتى. ئانا دەريا تېگى ـ تېگىدىن سۈزۈلۈپ
ئاقاتتى. ئۇنىڭ سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى دېھقان قەلبىنىڭ سۈـ
زۈكلۈكىگە ئوخشايتتى. ئانا دەريا شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز تىنچ
ئاقاتتى. ئۇنىڭ تىۋىشسىز جىمجىت ئېقىشى دېھقاننىڭ سۈـ
كۈتلۈك ھاياتىغا ئوخشايتتى. ئانا دەريا بىپايان زېمىنغا تالىق
ئىدى، ئۇنىڭ جىمجىتلىقىنە يەرگە سىڭىپ، زېمىننى كۆكەرتىـ
شى دېھقاننىڭ قان ـ تەرى بىلەن ھاياتلىقنى ياشناتقىنىغا
ئوخشايتتى... ئانا دەريا جىمىرلاپ ئاقاتتى. ئۇنىڭ جىمىرلاپ
كۆز چاقنىتىشى دېھقاننىڭ بىر ئۆمۈر ئېتىزلىقلاردا يۈرۈپ
قۇياش نۇرىدىن نۇر ئەمگەن چېھرىگە ئوخشايتتى...

— بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، ھەسىنكا!

ھەمزىخاندىن ئەنسىرەپ يىراقتىن يۈگۈرۈپ كەلگەن تەقـ
دىرداشلىرى ھەمزىخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، يىرىك چاچ باسـ
قان چېكىسىنى تۇتتى، بۇرنىنىڭ ئاستىنى چىمدىدى، تارىشىـ

دەك قاتقان، مۇزلىغان قوللىرىنىڭ ئالىقىنىنى ئۇۋۇلىدى. ئەھۋال ئېغىر ئىدى. ھەسەن خالۋاپ ئىنىسىنىڭ بېشىنى توختى گوندازغا تۇتقۇزۇپ، توغراقلار ئارىسىدىن چىقىپ دەريا قېنىغا كەلدى - دە، دەريادىن بىر ئۇچۇم سۇ ئەكەلدى، كۆزىنى ئاچماي ياتقان ئىنىسىنىڭ ئاغزىغا سۇنى تېمىتتى. ھەمزىخان جانسىز كۆزلىرىنى ئاچتى. قېرىندىشى ئۇچۇملاپ ئىچۈرگەن بىر ئوتلام سۇ ئۇنىڭغا قايتا ھاياتلىق بەرگەنىدى. ئىنىسىنىڭ تىنىقىنى ئاڭلىغان ھەسەن خالۋاپ مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا كۆز ئالدىدىكى دەريا دولقۇنلىرىغا باقتى. نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئۆز باغرىدىن ھاياتلىقنى ئاپىرىدە قىلىپ كۆكەرتكەن، ياشناتقان ئانا دەريا نىمجان ھالەتتە ياتقان بىر ئوغلىغا ئابىھايات سۈيى بىلەن يەنە قايتا نىجاتلىق بەرگەنىدى.

خېلى بىر چاغ بولغاندا ھەمزىخان كۆزلىرىنى ئاچتى ھەم بېشىدا قارىشىپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ سۇس كۈلۈمسىرىدى. ئىنىسىنىڭ قايتا كۆز ئاچقىنىنى كۆرگەن ھەسەن خالۋاپنىڭ كۆڭلى سەل تىنجىغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى كىشىلەرگە قاراپ:

— تۇغقانلار، بېرىپ ئىشىمىزنى قىلايلى، پاختا تېرەيلى... يامانلارغا ھامان ياراتقان ئىگەمنىڭ سورىقى بار، — دېدى. ئۆزىمۇ ئىنىسىنى يۆلەپ كېۋەزلىككە كەلدى. ئىشلار ئاستا - ئاستا ئۆز ئىزىغا چۈشتى. ھەمزىخانغا قاراپ قورقۇپ كەتكەن كىشىلەر تارتقان جاپاسىغا لايىق ھەق، نەپكە ئېرىشەلمىسىمۇ، كۈز كۈنلىرىنىڭ سۇس ئاپتىپىدا ئېتىزمۇ ئېتىز مىدىرلاپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلغان ئىدى.

— بىز نېمە بولغان بەندىلە، ھەي ؟! — دېدى ھەمزىخان كەچتە ئاكىسىنى بىر چەتكە تارتىپ، — بىز جىم تۇرىۋەر-





گەنسېرى غوجىۋاينىڭ خورىكى يوغىناپ كەتتى. ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگە كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرىۋەرمەي، ئەدەب - جازاسىنى بەرگۈزمەمدۇق؟

— بىز ئۇ توڭگۇزنى نېمىمۇ قىلالارمىز؟ — ھەسەن خالۋاپ ئالدى - كەينىگە قاراپ سەل خاتىرجەمسىزلەنگەندەك ئىنىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى.

— مەن كېچىسى كىشى تۇيماستا بېرىپ، ئۇ جوھۇتنى بوغۇزلىۋېتەي دەپمۇ ئويلىغان. لېكىن ئۇ ھارامىلىقنىڭ قېنى قولۇمنى بۇلغاشقا ئەرزىمىگىدەك. شۇڭا بۇنداق بېشىمىزدا قامچا ئوينىتىشىغا قاراپ تۇرىۋەرمەي، يۇقىرىغا ئەرز قىلايلى. قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقايلى، دەپ ئويلىدىم.

— ئەرز قىلساق ئاقارمۇ؟

— ئاقىدۇ، ئائىمغىلى كونا جەمئىيەت ئەمەس بۇ... ھازىر يۇقىرىنىڭ قارمىقى يامانمىش. ئىنتىزام، مەمۇرىي تەپتىش دەيدىغان بىر ئورگان غوجىخاندەك نەپسى يامان تويماسلارغا يەمچۈك تاشلاپ بىر - بىرلەپ قارماققا ئىلىندۇرۇۋاتقانمىش!

— ھوي، ما ئىشنى ! — بۇ گەپكە توختى گونداز قاتارلىق ئىككى - ئۈچ كىشى ئۈن قاتتى، — شۇنداق قىلساقمۇ قىلايلى، بولمىسا...

— ئۇنداق دېگەن بىلەن نەگە ئەرز قىلىمىز؟ كىمگە نېمە دېيىشنى بىلمىسەك، بىز.

— ئەرز دېگەننى يۇقىرىغا قىلماي نەگە قىلىدۇ، ھازىر مۇشۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە بىر كۈنلۈك يول دەيدۇ، كېچىلەپ چوڭ يولغا چىقىپ، خوتەن ياكى قەشقەرنىڭ ئاپتوبۇسىنى توسساقلا ئۆزىمىزنى ئاپتونوم رايوندا كۆرىمىز، دېگەن گەپ.

— شۇنداق قىلايلى بولمىسا... ئاڭلىسام، ئاپتونوم رايوندىكىلەر كېچە - كۈندۈز دېھقاننىڭ غېمىنى قىلارمىش.

ياخشىلىقىنىڭمۇ، يامانلىقىنىڭمۇ ھامان بىر نەتىجىسى چىقىدۇ. غوجىخاننىڭ قۇمئاۋاتقا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ قىلىۋاتقان - ئېتىۋاتقانلىرىغا چىدىمىغانلاردىن ئون نەچچە كىشى تۈن نىسپى بىلەن چېدىردىن چىقىپ ھەمزىخانغا ئەگەشتى. ئۈرۈمچى، ئاپتونوم رايون دەپ ئاڭلىغان بىلەن ئۇنداق يەرلەرنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ كىشىلەر تەۋەككۇل دۇنياسىغا كېمە سالغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئىنىسىنىڭ ھالىغا چىدىمىغان ھەسەن خالۋاپ بۇ كېمىدىن چۈشۈپ قالالمايتتى... ئۇلار كېچىلەپ يۈگۈرۈپ دېگەندەك دۆلەت تاشيولىغا چىقتى. ئۇچرىغان شوپۇرلارغا يالۋۇرۇپ، يىغلاپ دەرد تۆكتى. ئۆزلىرىنىڭ نەگە ماڭغانلىقى، نېمىشقا ماڭغانلىقىنى سۆزلەپ كۆڭلى يۇمشاق بىر شوپۇرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى ھەم يېرىم كىرا بىلەن ئاپتوبۇسقا چىقتى...

ئۇلار بىر كۈن يول ماڭدى، ماشىنىدا مۈگدىشىپ ئولتۇرۇپ دەردىنى ئاڭلىغان يولۇچىلار ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ئاز - پازدىن پۇلمۇ ياردەم قىلدى. غوجىخاننىڭ قۇۋ، مەككار، زالىملىقىنى ئاڭلاپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ شۇنداق ئىشلار بار ئىكەن، دەپ ھەيران بولۇشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ئاكىلار...

ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەرز قىلىدىغان يەرنىڭ دەرۋازىسىنى تاپالماي يۈرگەن ھەسەن خالۋاپ، ھەمزىخانلار چۆچۈپ تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قالدى. ئاسماندىن چۈشتىمۇ، يەردىن ئۈندىمۇ، ئىش قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېلىقى بالا باشلىق بىلەن ئىككى ساقچى پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى.





بالا باشلىق دېھقانلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تىنچ - ئامانلىق ئېيتىشقاندىن كېيىن ئەتەي نەگە ماڭغانلىقىنى سورىدى. ھەسەن خالۋاپلار گەدىنىنى قاشلاپ بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە خىجىل بولغاندەك جىمىپ قالدى. ساقچىلار بار يەردە كىممۇ ئەرز قىلغىلى كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالالىسۇن!

شۇ كۈنى بالا باشلىق جاھان كېزىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەرنى كەلگەن يېرىدىن كەينىگە ياندۇرۇپ يۇرتقا قايتۇرۇپ كەلدى ھەم ئۆيىگە قايتقىلى قويماي، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە تۇتۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ نېمىشقا ئەمگەك مەيدانىدىن كېچىلەپ قاچقانلىقى، نېمە مەقسىتى بارلىقى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنى بىر قۇر سۆبھان توۋىسى قىلدۇرۇپ قويۇپ بەردى. ھەمزىخاننى سېكرېتارغا يانغان ھەم ئۆزىنىڭ گەدىنىدىكى قەرزنى تۆلەشنىڭ ئورنىغا خەقنىڭ ئىدىيىسىنى بۇرىغان، ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتكىنى ئۈچۈن قويۇپ بەرمەي جىق ئاۋارە قىلدى...

شۇ يىلى قىشتا ھەمزىخان تۇتۇپ تۇرۇلۇشتىن بوشانغان ھامان بىر كېچىدىلا خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ يۇرتتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئانىسى يالغۇز جان بولۇپ قالدى. شەرۋانەم ئەردىن چىققاندىن كېيىن ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ شۇ ئۆيدە تۇردى. خالۋاپ جەمەتى شۇنىڭدىن كېيىن غوجىخاننىڭ ئاغزىدا ئۇششۇق، ئەرزخور دېگەن ئاتاقتا قالدى. يۇسۇپ چوڭ يەرگە ئوقۇشقا ماڭغاندىن كېيىن، غوجىخاننىڭ يەنە ئارقا پېيى سىقىراپ خاتىرجەملىكى يوقالدى. ئۇنىڭ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى قىلمىشىمنى پاش قىلىپ قويىدۇ، دەپ يۈرىكى سۇ ئىدى.

# ئونىنچى باب

## 60

ئاباسخاننىڭ بالا ـ چاقا دېگەندىنمۇ كۆڭلى سوۋۇدى. يازنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا چوڭ ئوغلى ئابدۇراخمان هاۋانىڭ توي ئىشىنى بۇزۇپ مەكتەپكە يولغا سېلىنىۋەتكەندىن بۇيان، ئۇ بالام بارتى، نەۋرەم بارتى دەپ شەھەرگە دەسسەپ باقمىدى.

« — ئۆز بېشىمچى كىسپۇرۇش! — دەپ قالدى ئاباسخان هاۋانى تۇيۇقسىز ماشىنىغا چىقىرىپ شەھەرگە چاپقان ئابدۇراخماننى كۆڭلىدە تىللاپ ، — سەن نەچچە يىل ئوقۇپ كېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋېلىپلا داداڭنىڭ ئاغزىغا قارىماي، خىيالىڭغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىدىغان، داداڭنىڭ ئالدىدا ئالدىپەشلىك قىلىدىغان بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ هۇي، شۇنچە يوغىناپ كەتكەنسەنمۇ! خەير ماقۇل، ئوتتۇرا مەكتەپتىن چىقىرىۋالدىغان، ئېپىدىرەك يەرنى ئىزلاپ ئەرگە بېرىۋېتىدىغان قىز بالىنى ۋاي دادا، هاۋانىڭ ئوقۇشى ئاق ياخشىكەن، كۆك ياخشىكەن، بىر ئىمتىهانغا قاتنىشىپ باقسۇن... گىڭگىرگوڭ ـ تەلەي سوك، دەپ بېشىمنى ئاغرىتىپ مېنى كولدۇرلاتتىڭ. هاۋا سېنىڭ سايەڭدە ئىمتىهانغىمۇ قاتناشتى، چاقىرىقمۇ ئالدى، جاهاننىڭ ئىچكىرىسىگىمۇ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، مانا ئوچ





يىل بولغاندا ئەرگە بەرگىدەك بولۇپ ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. ئوقۇشى تۈگىمىگىن، ئەمدى ئەرگە بېرىۋەتسەم بولامدىكىن دەپ گەپ سورىسام، يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىغا قاتنىشىمەن، ئىمتىهاندىن ئۆتسەم يەنە بەش ـ ئالتە يىل ئوقۇيمەن دەيدۇ... بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. نېمە ئانداق تۈگىمەيدىغان ئوقۇش ئۇ؟ ھېلىمۇ چىپچاڭ 16 ياشقا كىرىپ ئاشتى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئىمتىهان بەرسە، بەش ـ ئالتە يىل ئوقۇسا... توۋا، زاماننىڭ ئىشلىرىغا نېمە بولۇپ كەتتى؟ ئۇنىڭ ئانىسى ئاغىچىخان ئۇنىڭچىلىك ۋاقتىدا ئابدۇراخماننى تۇغۇپ ئانا بولغان، ئەمما بۇ قىز... شۇنداق ئەندىشە ئىچىدە يۈرسەم ئۇ داپ يۈز قىلىدىغىنىنى قىلدى، ئۇخلاپ ياتقان يىلاننىڭ بېشىغا دەسسەپ ئويغىتىپتۇ، دېگەندەك، ئۆزىنى چىللىمىغان قۇمئاۋاتقا بېرىپ، قۇدىمىزنىڭ يۇسۇپ ئاتلىق پىستىسى بىلەن غايىب بولسا بولىدۇ! مانا ئاھانەت، مانا تۆكۈلگەن يۈز... جاهاندا ئاتا ئۈچۈن قىزنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىدىنمۇ ئارتۇقراق هاقارەتلىك ئىش بولماس! بۇ ئىش ئىككى ئاۋاتقا پۇر كەتتى. پاتتىڭم كېسىلگەندەك خەلقئالەم ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم، يەرگە قارىدىم. تالا ـ تۈزگە چىقالماي ھەپتىلەپ قاراڭغۇ ئۆيدە ئاچچىق يۇتۇپ دۇم ياتتىم... مەن قانداق قىلاي، پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغىلى بولماس، پىشقان جانان ئۆرۈك هامان ئۆزلۈكىدىن يەرگە تۆكۈلۈپ ئېزىلىدۇ، بىشەكشېرىننىڭ ۋاقتىدا خېرىدارلىقىنى قىلمىسا ساپىقىدىن ئاجرايدۇ، ئىچىدىن بۇزۇلىدۇ... شۇڭا مەن بۇ هاۋانى ھېلىھەم بولسىمۇ ئەرگە بېرەي، بېشىمنى ساقايتاي دېگەن. لېكىن يەنە شۇ سەن ئابدۇراخمان ئىشنى بۇزدۇڭ! ھەي ئابدۇراخمان... سەن مېنى

چالا ساۋات، ئىش ئۇقمايدۇ، مەن دادامنى نەگە يېتىلىسەم، دادام قېرى تۆگىدەك شۇ يەرگە ماڭىدۇ، دەپ مۇشۇنداق ئانى قىلنۋاتىسەنغۇ، چاغلىق ھە! خەپ، توختاپ تۇر، سېنىڭ ئادەم بولغىنىڭ شۇ بولسا، مەن ساڭا يەنىلا سېنىڭ داداڭ ئىكەنلىكىمنى، دادىنىڭ ئاچچىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام!»

— دادا، سىڭلىمدىن خەت كەپتۇ! — ھاپىزنىڭ بىر كوزۋېرتنى كۆتۈرگەنچە تالادىن كىرىپ كېلىشى، ئابباسخاننىڭ موخۇركا ئىسى ئىچىدە تۇنجۇققان ئاچچىق خىياللىرىنى چالغىتتى. ئۇ خەت كەلگەنلىكىنى ئانچە خۇشلىمىغاندەك تۈۋرۈكنىڭ يېنىدىن بىر ئاز قىمىرلاپ قويدى - دە، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن:

— ئوقۇغىنا قېنى، خەتتە نېمە دەپتۇ ؟ — دېدى. دادىسىنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ھاپىز پەرت قىلىپ كونۋېرتنى يىرتىپ، ئىچىدىن خەتنى ئالدى ھەم ئۈنلۈك ئوقۇماقچى بولۇپ يەنە ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ھە، قېنى ئوقۇمامسەن؟

— ھۇي... بۇ خەت خەنسۇچىكەن!

— نېمە؟! — ئابباسخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلىنىڭ قولىدىكى تۆت چاسا خەتلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. كېيىن ئاستا قوشۇپ قويدى ، — سەن مەكتەپتە ئاشۇنداق خەتلەرنى ئوقۇشنى ئۆگەنمەي نېمىنى ئۆگەنگەن، نېمىشقا ئوقۇيالمايسەن، ئۇ خەتنى؟!

— ... ۋاي... ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئاسان ئەمەس داداھەي، ئۇ خەنسۇچە دېگەن، ياكى مۇقىم ھەرپى بولمىسا...

— ئوسۇرغاقتا ئارپا نېنى باھانە دەپ، گېپىڭ جىق سې-





-نىڭ! ھاۋا ئۇكاڭ ئۆگەنگەننى سەن نېمىشقا ئۆگىنەلمەيسەن؟

— ئۇ... ئۇ... — ھاپىز يەرنىڭ تېگىدىن دادىسىنىڭ قاپىقىغا قاراپ دۇدۇقلىدى ، — ئۇ دېگەن مەخسۇس شۇنى ئۆگىنىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە قانداق ئوقۇيمىز؟

— ساقلاپ تۇرساق ئەتە كۈنگە شەنبە بولغاندىكىن، شەھەردىن ئاكام چىقسا ئوقۇپ بېرەر... راھىلە ئاچامنىمۇ سۈدەك شاقىرىتىپ ئوقۇۋېتىدۇ، تېخى.

— مېنىڭ ئالدىمدا ئۇ شەپقەتلىك ئاكاڭنىڭ تولا گېپىنى قىلغۇچى بولما!

ئاغىچىخاننىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. توكۇلدىتىپ پىياز چاناشتىن توختاپ، ئاشخانىنىڭ ۋادىكى ئارىسىدىن ھويلىدا ئولتۇرغان ئېرىگە قارىدى. ۋاي ئوغلۇمنىڭ چوڭى، بىلىملىك زىيالى... دەپ ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ يۈرگەن بۇ ئادەم شۇنچىكىم ئىشلار بىلەن ئوغلىدىن تانارمۇ؟! ھېلىمۇ ئاتا - بالىنىڭ بىر - بىرگە ئۇدۇل بولۇپ باقمىغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى. ئابدۇراخماننىڭ شەپىسىنى ئاڭلىسىلا بۇ ئادەم كۆتىنى قىرغا تارتىدۇ، ئېتىز - ئاياغ ئىشىغا چاپقان بولۇپ تاكى بالىلار يانغىچە ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىمايدۇ. ئاتا - بالا بىر - بىرگە بۇنداق قىلىشسا، بالىلارنىڭ بىر - بىرگە مېھىر - مۇھەببىتى، ھۆرمەت - ئېتىبارى بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ، كۆيدۈرگەنمۇ ئاتا - ئانا، سۆيدۈرگەنمۇ ئاتا - ئانا دەپ، ئاتا - ئانا بالىۋاقىنى تەڭ كۆرۈپ، بىر - بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنى ئۆگەتسە، ئاتا - ئانىدىن قالغاندىمۇ ئۇ ئىش شۇنداق داۋاملىشىدىغان گەپ، بولمىسا: دادام بار چاغدا ماڭا ئۇنى دېگەن، بۇنى دېگەن... ئاۋۇ مېنىڭ، ماۋۇ مېنىڭ دەپ ۋەج -

مىراس دەۋاسىدا ئۆزئارا داغ بولۇشۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان گەپ... بۇ ئادەم كۆزىنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئاچچىقتىن يانسا، بالىدىن ئۆتۈلگەن يېرى بولسا يۈز تۇرانە تۇرۇپ دەيدىغاننى دەۋېلىپ، كۆڭلىدە غۇم ساقلىمىسا ياخشى بولاتتى...

مەھەللىدە تۇيۇقسىز بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلگەندەك قىلدى. ھويلىدىكى ھەممەيلەننىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ، قۇلىقىنى دىڭ قىلدى. ئابباسخان چېكىۋاتقان تاماكىسىنى تاشلاپ تالاغا يۈگۈردى. قولىدىكى خەتنى ئوقۇيالماي، دادىسىنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالغان ھاپىز دادىسىغا سوڭدىشىپ دېگىدەك دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇلار كۆردىكى، قوشنىسى چاۋىراخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بانكىنىڭمۇ ياكى مۇلازىمەتنىڭمۇ، ئىشقىلىپ ئۈچ - تۆت كادىر يىغىلىۋالغان، «نەدىن تاپساڭ پۇل تاپ، قەرزنى تۆلە » دەپ بىچارە ياۋاشنى ئالدىغا سېلىۋالغان ئىدى. ئەتراپقا تاماشا كۆرۈشكە كەلگەندەك بىر مۇنچە ئادەم يىغىلغان ئىدى. ئابباسخان بۇ ئەھۋالغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. ھېلىقى كادىرلارنىڭ پەيلىگە قاراپ پۇلنى ئالمىسا ماڭمايدىغانلىقىنى پەملىدى. چاۋىراخۇننىڭ ھال - ئوقىتى ئابباسخانغا چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئۇ بىچارىمۇ بۇ يىل ئۇرۇقلۇق چىگىتتىن پەشۋا يەپ، ئېتىزىدىن تۈزۈك پاختا چىقمىغان بولغاچقا، قەرز تۆلىگىلى قۇربىتى يەتمەيتتى.

ئابباسخان بىر چامداپ، ئىككى چامداپ غۇژمەك بولۇۋالغانلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاچچىقتا ئۇششۇك ھەرىسى بولغان كادىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ:

— چاۋىراخۇننىڭ قەرزى نەچچە پۇلتى ؟ — دەپ سورىدى.

— دېرى 2000 كوي، ئۆسۈمى 178 كوي! — دېدى كا-





دىرلاردىن بىرى.

— بۇگۈنلا تۆلىمىسە بولمامتى؟

— تۆلىمىسە بولمايدۇ، ھېلىمۇ قەرەلىدىن يەتتە كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاز - تولا ئېتىبارغا ئېلىش يوقمۇ، بۇ يىل بىر چاۋىراخۇننىڭلا ئەمەس، يەرگە قاراپ ئولتۇرغاننىڭ ھەممىسىنىڭ دەسمىسى غالتەكك چىقتى. ھازىر بۇنىڭ ئېغىلىمۇ قۇرۇقدالدى، بىر قوتۇر مادىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوقمىكىن، ھەقىچان.

— ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئامالىمىز يوق ، — دېدى كادىر موتىسىكلىتقا ئارتىپ ئۇرغان پاچىقىنى يەرگە چۈشۈرۈپ، — بىزنىڭ تۈزۈمىمىزنىڭ چىڭلىقىنى دېمىسەكمۇ بىلىسىز، ئابباسخان ئاكاھەي؟!

ئابباسخان مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پوكاندەك قىزىرىپ يىغلامسىراپ تۇرغان چاۋىراخۇنغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتتى. كېيىن كادىرنىڭ ناچارەڭ موتسىكلىتىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرغان ھاپىزغا قاراپ:

— جۇگۇ بالامەي، ئا ئاناڭغا دېگىن، ھېلىقى پۇلنى ئېپ بەرسۇن ، — دېدى.

ھاپىز ئۆي تەرەپكە يۈگۈردى.

— ھاي ماۋۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ ماڭ ! — ئابباسخان ئىشتىنىنىڭ بېغىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئېلىپ ئوغلىنىڭ كەينىدىن تۇۋلىدى.

ئابباسخان ئۆيدىن پۇل ئاچىقتۇرۇپ، باش بارمىقىنى تىلىغا تەگكۈزۈپ نەمدىدى، 2000 سوم پۇلنى ساناپ بولۇپ قويۇن يانچۇقىدىن يەنە 200 سوم پۇلنى چىقىرىپ قولىدىكىگە

قوشۇپ چاۋىراخۇنغا ئۇزاتتى:

— ھە، مانى ئېلىپ قەرزىڭىزنى تۆلىۋېلىڭ. ئەمما لېكىن، ما كادىرلارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ مېنىڭ پۇلۇمنى قايتۇرمىسىڭىز بولمايدۇ، جۇماڭ!

— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت! — نەچچە كۈندىن بېرى قەرزدارلىق كوچىسىدا كۆپ قىسىلغان، يامان گەپ، يامان تىل ئاڭلىغان چاۋىراخۇن چامغۇر ئورىسىدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى، — ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىز خۇدايىمدىن يانار، خۇدايىم بالىلىرىڭىزنىڭ بەختىنى بېرەر...

— خۇدايىمدىن يانار دەپ 2000 كويغا دۇئا قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئوخشايسىز ئەمدى؟ — دېدى كىمدۇر بىرى چاۋىراخۇننىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ.

— ۋاي ياق، ياق ئۇكام! — دېدى چاۋىراخۇن جىددىيلىشىپ، — ئا گۇسمەستەك ئىككى ئوغلۇم تاش يۇرتلارغا چىقىپ پۇل تاپىمىز، دەپ مەدىكارچىلىق قىلغىلى كەتكەن، شۇلار تاپقان پۇلىنى ئەكەلسە، ئىككى يېنىمغا قارىماي بۇ پۇلنى تۆلىۋېتىمەن، مەن...

— ھەببەللى، ما گېپىڭىز بولىدۇ، — دېدى كادىرلارمۇ چاۋىراخۇننىڭ قولىدىكى پۇلنى كىرىم قىلىپ تالون يېزىۋېتىپ، — ئاشۇنداق لەۋزىڭىزدە تۇرسىڭىز كۆلۈگە يەنە قەرز پۇل بېجىرىپ بېرىۋېرىمىز، سىزگە.

كادىرلار چاۋىراخۇندىن ئاجراپ، يەنە بىرىنىڭ دەرۋازىسىنى قاققىلى تۇردى. ئاببىاسخان ئاستا كەينىگە ياندى.

— ئەجەب بىر ئىش قىلدىڭىز - يا، دادا؟





— نېمە بولدى؟ — دېدى ئاببىاسخان ئۆزىگە نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان ئوغلىغا قىيا قاراپ قويۇپ.

— بىز تۆت - بەش جان ئادەمنىڭ يىل بويى ئىشلەپ تاپقان - تەرگىنىمىز شۇ تۇرسا، ئەمدى ئۇ پۇلنى ئاران ئۆرە تۇرغان چاۋار لەقۋانىڭ قەرزىنى تۆلىۋېلىشىغا بەرسىڭىز؟...

— قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بالام، — دېدى ئاببىاسخان. ئۇنىڭ چىرايىدا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن كېلىدىغان بىر خىل ئىپتىخارلىق ئىپادىسى ئەگىيتتى، — بايا ئۆزىنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىدىڭلا.

— ۋاييەي... ئۇ لەقۋانىڭ ئوغۇللىرىنىڭ پۇل تېپىپ كېلەلىشى قانداق بولاركىن، بۇ يىل تەشكىللىك پاختا تەرگىلى بارغانلارنىڭ تاپقان پۇلىنى قورساق بىلەن يول كىراسىغا يەتمىدى دېيىشىۋاتىدۇ.

— ئۇنچىلىك يامان ئەھۋالمۇ بولماس، بالام.

— ئىشقىلىپ، ئۇ پۇل ئەمدى...

— ماڭا قاراڭلا بالام، پۇل - ئاش دېگەن تېپىلىدىغان نەرسە. پۇل - مال دېگەن ئۇرۇق - تۇغقان، قۇلۇم - قوشنىدىن ئەزىز ئەمەس. مەھەللىمىزدە، ئىشىكىمىزنىڭ تۈۋىدە، ماۋۇ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزىمىزدە تۇرغان بىر ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، بىز قول قوشتۇرۇپ تۇرساق ياخشى ئەمەس. بىز چاۋىراخۇن بىلەن بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىمىز، بىر تونۇرنىڭ نېنىنى يەيمىز، ئېتىزغا تەڭ بارىمىز، ئېتىز ناخشىسىنى تەڭ ئېيتىمىز. توي - تۆكۈن، بەزمە - باراۋەت بولسا ئۆز ئارا ھەمدەمدە بولىمىز، بىر - بىرىمىزنى تارتىشىپ تەڭ ئۇسسۇلغا چۈشىمىز، تەڭ ئوينايمىز، تەڭ كۈلىمىز... ناۋادا قازايى - قەدىر، ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ قالسا تەڭ قارد-

لىق باغلايمىز، تەڭ ھازا ئاچىمىز، تەڭ يىغلايمىز، جىنازىنى تەڭ كۆتۈرىمىز... بىز بۇ دۇنياغا تەڭ مېھمان بولۇپ كەلدۇق، كۇنلەرنىڭ بىرىدە يەنە تەڭ كېتىمىز. شۇڭا مەن يادىمغا يەتكەندە سىلىگە يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي: ئاش - ئوزۇق، پۇل - مال دېگەن ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىدىن ئەزىز ئەمەس، شۇڭا بۇنداق يەرگە كەتكەنگە ھەرگىز ئىچىڭلار ئېچىشمىسۇن!

ھاپىز دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ تېخى كىچىكلىكىنى ھېس قىلدى. كۆڭلىدىكى نارازىلىق كەيپىياتى بېسىقتى.

— قانداق، خوتۇنۇڭلارنى سېغىندىڭلارمۇ بالام ؟ — دەرۋازا ئالدىغا كەلگەن ئاتا ئوغلىغا بۇرۇلۇپ تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى ، — ئاڭلىسام، قېيىنئاتاڭلار ئىشلەمچىلىكتىن قايتىپ كەپتۇ، قېيىنئاناڭلار قىزىنى ئولتۇرغۇزۇۋالغان بىلەن، قېيىنئاتاڭلار ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. بۇ چاغقا خوتۇن - بالىلىرىنى دۈشكەلەپ، پەيلىدىن ياندۇرۇپ بولغاندۇ، دەيمەن.

خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھاپىزنىڭ تېنى يايراپ كەتكەن بولسىمۇ، دادام چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشنى بىلىپ قالمىسۇن، دەپ يەرگە قارىۋالدى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ يالغۇز ئۆيدە تىزىنى قۇچاقلاپ ياتقىنىغا ئاي ئاتلىغان ئىدى.

— شۇنداق قىلىلى، كەچتە ئاناڭلار بىلەن قومىئاۋاتقا بېرىپ خوتۇنۇڭلارنى ئەكىلىپ بېرەي.

ھاپىز دادىسىغا «لەپپىدە» قاراپ قويدى، بايقۇشنىڭ كۆزلىرىدىكى ئىنتىزارلىق تۇيغۇن دادىسىنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.





## 61

تېرەكلەر غازاڭ تاشلاۋاتاتتى. غۇر - غۇر سوغۇق شامالدا لىڭشىپ تۇرغان تېرەك شاخلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان غازاڭلار يەرگە چۈشكىچە بىردەم لەيلەپ خېلى بىر يەرلەرگە ئۇچۇپ باراتتى - دە، ئاستا - ئاستا يول، ئېرىق بويلىرىدىكى قومساڭغۇ توپىغا قوناتتى. سارغايغان غازاڭلار ئۆتكەن ئۇچ پەسىلدىكى ھاياتلىق مەۋسۇمى بىلەن مانا شۇنداق خوشلىشاتتى.

ئۇچۇشۇپ يۈرگەن سارغۇچ غازاڭلار ھەسەن خالۋاپتا قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز تۇيغۇنى پەيدا قىلدى. ئۇ ئىشلەمچىلىكتىن قايتىپ كەلگەندە، نۇر بۇۋى تېخىچە يامانلاقلىق، يۇنۇس ئاجرىشىش كويىدا سۆرىشىپ يۈرەتتى. بىچارە پىنىنەخان ھەر ھالدا يامانلىۋالماي، ئۆيىنىڭ ئېغىر - يېنىكىنى تارتىشىپ ئولتۇرغان ئىدى .

— ھوي دادا — دېدى تالادىن پالاقلاپ كىرگەن ھۇسىينىخۇن مۇرىسىدىكى كەتمەننى ئۇجمە تۈۋىدە قويۇپ، — ئا كەنت ئىشخانىسىغا بارىدىغان ئىش چىقىپ قالدى، چاققان بولۇڭا!

— نېمىشقا ؟ — ھەسەن خالۋاپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— ئاكامنىڭ ئىشىدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ، ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىككىسى يەنە سۆرىشىپ پاتەمخان مۇدىرنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ!

ھەسەن خالۋاپ كەنت ئىشخانىسىغا كېلىپ، مۇدىرنىڭ ئالدىدا كۆكىرىپ تۇرغان يۇنۇسنى، چاچلىرى چۇۋۇلغان كې-

لىنىنى، يىغلىشىپ تۇرغان نەۋرىلىرىنى كۆردى. قاش ـ قا ـ
پاقلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان ئايال مۇدىر باش كۆتۈرمەستىن
ئالدىدىكى قەغەزگە كىرتىلدىتىپ بىر نېمىلەرنى يېزىۋاتاتتى.
ساقاللىرىنى ئاق ئارىلاپ باشقىدىن قېرىلىق يەتكەن ئاتا ئىد ـ
شىك تۈۋىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ھەم تۇ ـ
رۇلۇپ پېشانىسىدە يەتمىش قورۇق پەيدا قىلىپ، ئۇستۇن كال ـ
پۇكىنى چىشلەپ تۇرغان ئوغلىغا يەرنىڭ تېگىدىن كۆز يۇ ـ
گۇرتتى... «توۋا ، ئوغۇل بالا چەتنىگەندە مۇشۇنداق كۆزىگە
ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ ، ـــ دەپ
ئويلىدى ئاتا ، ـــ ئاغزىدىن ياخشى گەپ چۈشمەيدىغان، ئاتا ـ
ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانغا شۇنداق ھېرىسمەن، دىلى سۇزۇك بالى ـ
دى. مانا ئەمدى ئادەممىكىن دېسە قىلغان قىلىقى ئادەمگە
ئوخشىمايدىغان، ھايۋانمىكىن دېسە تېخى ھايۋان دېگىلى بول ـ
مايدىغان باشقىچە بىر مەخلۇق بولۇپ قالدى... قىلىدىغان نە ـ
سىھەتنى قىپتىمەن، دەيدىغان ياخشى گەپنى دەپتىمەن، لېكىن
يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇپتۇ...
خەير، پىچاق ئاخىرى سۆڭەككە يېتىپتۇ، ئەمدى پېشانەڭگە
كەلگىنىنى كۆرەرسەن! »

ـــ ئەمدى بولمىدى، بۇ ئۇچىنچى قېتىم ئالدىمغا چۈشۈ ـ
شى ، ـــ دېدى مۇدىر خېلى بىر چاغدا خەت يېزىشتىن توخ ـ
تاپ، ـــ شۇڭا ئۆزلىرىنى بىللە تۇرۇپ بەرسۇن، ئىشنىڭ
جەريانىدىن خەۋەر تېپىپ قالسۇن دەپ قىچقارغان. قانداق،
باشقىچە پىكىرلىرى بارمىكىن، ھەسىنىكا؟

ـــ مەن پىكرىمنى كۇرمىك قېتىملاپ ئوغلۇمغا دەپ بول ـ
غان، ئۇكام ، ـــ دېدى ھەسەن خالۋاپ ئېغىر تىنىپ، ـــ ئەمدى
باشقا گېپىم يوق، شۇڭا لىللا گەپ قىلىپ بىر كېسىم قىلىپ





قويۇڭا. ئەمما بىر گەپنى كېلىنىمنىڭ ئالدىدىلا دەيمەن، ئا
يېتىم ئەر ئوتتۇرىسى بولغاندا، يېمەيدىغان پوقنى يەپ ئېزىپ
كېتىپ قالدى. شۇڭا ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك بولۇپ بىر
ئۇلگىجە تۈگىشىپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن، ئۇنىڭغىمۇ ئازدۇر ـ
كۆپتۇر ۋەج ـ رىزق ئايرىپ قويارسىز...

ـــ قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ. بۇنىڭغا
مۇشۇ كىتابقا قاراپراق بىر نېمە دەيمىز ، ـــ مۇدىر بۇگۇن يۇ ـ
نۇس ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىدىن ئارتۇق گەپ سوراپمۇ ئول ـ
تۇرمىدى، ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك ۋارقىراپ ـ جارقىراپمۇ
كەتمىدى. ئۇ نەچچە ۋاقتىن بېرى بۇ ئائىلىنىڭ ئاساسى
ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ بولغان، ئاجرىشىشنىڭ سەۋەب ـ نە ـ
تىجە مۇناسىۋىتىنىمۇ بىر قۇر چۈشىنىپ، گۇناھنىڭ كىمدە
ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويغان ئىدى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ ئائىلە ما ـ
جىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان كونا ئۇسۇلى بويىچە با ـ
لىلاردىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

ـــ مە كېلىڭا قوزام ، ـــ مۇدىر بالىلارنىڭ چوڭى ياسىن ـ
نى چاقىردى ، ـــ دادىڭىز بىلەن ئانىڭىز ئاجرىشىپ كېتىد ـ
مىز، باشقا ـ باشقا ئولتۇرىمىز دەيدۇ، ئەگەر ئۇلار شۇنداق
قىلسا، سىز ئانىڭىزغا قالامسىز ياكى دادىڭىزغىمۇ؟

ـــ ئانامغا قالىمەن ! ـــ دېدى ياسىن دەرھال روزىگۇلگە
يېپىشىپ.

ـــ سىز ئوغۇل بالا بولغاندىكىن دادىڭىزغا قالسىڭىز
بولمامدۇ؟

ـــ دادام بىزنى باقمايدۇ!

ـــ ئانىڭىزچۇ؟

ـــ ئانام ماڭا ئامراق.

— مېنىڭغا ئانىڭىز تەرەپكە ئۆتۈڭ ، — دېدى مۇدىر ياسىنىڭ بېشىنى سىلاپ. ئاندىن بالىلارنىڭ كىچىكى روشەننى چاقىردى:

— ئەمدى سىز كېلىڭا، قىزىم.

مەكتەپتىن ئۇدۇل چىققانچە بويىنىدىكى جىلتىسىنىمۇ ئېلىۋەتمىگەن روشەن تارتىنىپقىنە مۇدىر ئايالنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىزچۇ، سىز كىمگە تۇرىسىز؟

— ئانامغا .

— سىز بولىسىڭىزمۇ دادىڭىزغا قالىسىڭىز بولمامدۇ، بالام؟

— ياق، مەن دادامغا ئامىياق ئەمەس!

مۇدىر بالىلارغا قاراپ بىر دەم تۇرۇپ كەتتى ھەم تامدەك قېتىپ تۇرغان يۇنۇسقا: «ئەمدى قانداق قىلىسەن؟» دېگەندەك قاراپ قويدى. يۇنۇستىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن ئورنىدا ئولتۇرۇپ بايىقى قەغەزنىڭ ئاخىرىغا يەنە كىرتىلدىتىپ بىر مۇنچە خەتلەرنى يازدى. ئاخىرىدا تارتمىسىنى ئېچىپ تامغىنى ئالدى ۋە قىپقىزىل تامغىنى ئاغزىغا بىر كەلتۈرۈپ راسا ھوردىدى. ئاندىن «پوك!» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ يازغان خېتىنىڭ ئۈستىگە باستى. ئاندىن ئاجراشماقچى بولۇشۇۋاتقان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ قولىنى باستۇرۇپ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا تامغا ئىزى قالغان قەغەزنى روزىگۈلگە تۇتقۇزدى.

— مەڭ ئۇكام، ئەتىدىن قالدۇرماي يېزىلىق خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىغا ئاپىرىڭ... ھە راست، يېنىڭىزغا ئاز ـ تولا پۇل سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇماڭ، ئۇلار رەسمىيەت ھەققى ئالىدۇ.





— ئۇ پۇلنى ئاجرىشىمەن دەپ دەۋا قىلغان ئادەم تۆلەيدىغاندۇ ؟ — دېدى روزىگۈل دۇدۇقلاپ.

— ھە، شۇنداق.

مانا كۆڭۈل، مانا تۇرمۇش... ھەسەن خالۋاپ نەۋرىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن مەھەللە تەرەپكە يېنىپ كەلدى. ئۇ ئاتىلىق بۇرچى بىلەن ئوغلىغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلغانمۇ بولار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىگە يەنە قاراشتىن، گەپ قىلىشتىن رايى قايتتى. ئوغلۇڭدىن ماۋۇ ئاتامكەن، ماۋۇ ئانامكەن دەيدىغان ئىنجا كەلمىسە، قىلغان نەسىھەتىڭنى قېتىغا ئالمىسا، ئۆزى شۇنداقلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك، ئادەم قاتارىغا قېتىلىپ قالغاندەك، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يولغا ماڭسا، كۆڭلى تارتقاننى قىلسا، ئەمدى سەن نېمە دەيتتىڭ! ئۆي، ئاش ـ ئوزۇق، بالا ـ چاقا لازىم بولغاندا، قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ بېشىڭ تاشقا تەگكەندە، بىر كۈن ئەقلىڭنى تاپارسەن، ئادەم بولارسەن!

بالىلارنىڭ ئايىغى چىقماس جېدىلى خالۋاپ ئائىلىسى ئۈچۈن تۈگىمەس بىر باش ئاغرىقى بولدى. ھېلى بىرسى ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يامانلاپ كەلگەن، ھېلى بىرسى خەقنىڭ قىزى بىلەن يوقاپ كەتكەن، بىرسى ئىككى بالا بىلەن خوتۇننى تاشلاپ ئۆيدىن يامانلاپ يۈرگەن... نېمە دېگەن باش قېتىقچىلىقى ئىشلار بۇ! بۇ دۇنيادا ئادەمنىڭ ئۆمرى مۇشۇنداق بالا دەردىدە ئۆتۈپ كېتەمدىغاندۇ... قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلاتقىنچە مەھەللىگە كىرىپ كەلگەن ئات ھارۋىسى ئىزتىراپلىق خىياللار ئىلكىدە ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغان خالۋاپنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھارۋىدا كېلىۋاتقان قۇدىلىرى ئاباسخان بىلەن ئاغىچىخاننى كۆردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — ئابباسخان ھارۋىدىن لىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ قۇدىسىغا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ھەسەن خالۋاپ بىر ئاز جانلىنىپ قۇدىسىغا ئىككى قولىنى ئۇزاتتى، — قېنى ئۆيگە كىرىشسىلە... ھوي ئانىسى، مېھمان كەلدى، — دادىسى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان ھۆسىناخۇن ئاتىنىڭ باشبېغىنى قولىغا ئالدى - دە، ھېلىقى قوۋزاقدالغان تېرەككە باغلىدى. ھەسەن خالۋاپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقمىغان خوتۇنىغا ساقلىماستىن قۇدىلىرىنى ھۆرمەت - ئىلتىپات بىلەن مېھمانخانا ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.

## 62

پىننەخان ئېتىز - ئاياغ، قازان بېشىدىن بىرەر - يېرىمدەپ ئارىسال بولسىلا چوڭ قېيىنئانىسى ھەمىدىخاننى تېپىۋالاتتى. بىچارە كېلىنچەك مومايىنى كۆرسە باشقىچە كۈركى يېشىلىپ قالاتتى.

— چوڭ ئانا، ماڭا ئىشتان، چاپان كېسىش - تىكىشنى ئۆگىتىپ قويامىلا؟ — بىر پارچە قىزىل شەمبىزىنى كۆتۈرۈۋالغان پىننەخان مومايىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى. كۆڭگەي تامنىڭ دالدىسىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ چەۋرىلىرى ياسىن بىلەن روشەنگە پاختىلىق چاپان تىكىۋاتقان موماي نەۋرە كېلىنىنى كۆرۈپ، كىگىزنىڭ بىر چېتىدىن ئۇنىڭغا ئورۇن بوشاتتى:

— كېلىڭ بالام، كېلىڭ.

پىننەخان مومايىنىڭ يېنىغا يۈكۈندى. سۇس پىلىلداپ





تۇرغان كۆز ئاپتىپى كىشىنىڭ تېنىگە ئوبدانلا ئاراملىق بېرەتتى.

— ھە بالام، — دېدى موماي نۇرسىز كۆزلىرىدە ياش كېلىنىگە قاراپ، — ھۆسىناخۇننىڭ غېمىنى قىلىپ تامبال تىكىپ بېرەي دەۋاتامسىز؟

— ياقەي... — دېدى پىننەخان خىجىل بولغاندەك بىر خىل ئاھاڭدا، — ئۇ غوجام مەن تىككەن تامبالنى ياراتمايدۇ، سەيپۇڭغا تىككۈزۈپ كىيىدۇ.

— يارىتىدۇ بالام، يارىتىدۇ... ياراتماي نەگە ئاپىرىدۇ؟

— موماي ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، — مەن سىزنىڭ يېشىڭىزدا يىڭنە ئىشىغا ئۇستىدىم، رەھمەتلىك كىشى مېنىڭ تىكىپ بەرگەن تامبىلىمنى كەيگىلى ئامراقتى.

— ئۇ چاغلاردا سەيپۇڭ، سەيپۇڭلۇق ماشىنىسى دېگەنلەر يوقمىدى؟

— يوقتى بالام... لېكىن بىزنىڭ قولىمىزدا قىلغان ئىشىمىز ھازىرقى سەيپۇڭ ماشىنىلىرىنىڭكىدىن سىپتا، چىرايلىق چىقاتتى.

— ئەمىسە، ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويامىلا؟

— ئۆگىتەي بالام، ئۆگىتەي... ئېرىڭ ئۈچۈن ئۆگىنەي دەپسەن - دە! — موماي كېلىنىگە تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلغاندەك، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى«سەن»لەپ چۈشۈردى.

— شۇنداق، — پىننەخان ھە دېگەندە ئېرىڭ... ئېرىڭ دېگەن گەپتىن ئىزا تارتىپ لېۋىنى چىشلىۋالدى، — لېكىن ھازىرچە ئۇنىڭغا تىكمەيمەن.

— ئەمىسە كىمگە؟ — موماي ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، نېرۋىلىرى سەزگۈر ئىدى.

— بالامغا.

— ھە ، — موماي نەۋرە كېلىنىنىڭ ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان قورسىقىغا قارىدى ، — ھۆي نېمە ئانداق بالدۇر؟

— شۇ... تىكىپ تەييارلاپ قوياي دېدىم.

— قىزىقىسىز ـ دە، بالام... — موماي بىر ئاز ئويلانغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى ، — بىز بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ...

— مەن قىز تۇغىمەن چوڭ ئانا.

— بۇنى قانداق بىلىسىز؟

— شۇنداق دەپ تىلەۋاتىمەن.

— نېمىشقا ئەمدى، بالام؟

پىنىنەخان جاۋاب بەرمىدى. سۇزۇلۇپ تۇرغان ئاسماننىڭ جەنۇبىدا سۇس نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا قاراپ بىر پەس ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن موماي قايتىلاپ سورىدى:

— ھە... نېمىشقا ئەمدى، بالام؟

قاش ـ كىرپىكلىرى چۈشۈپ سىدام بولۇپ قالغان مۇلايىم كۆزلىرىگە موللىدە ياش كەلگەن پىنىنەخان ئويماقتەك ئاغزىنى ئاستا مىدىرلاتتى:

— سىلە بىلەملىكىن، مەن يالغۇز قىز، چوڭ ئانا... يالغۇز قىزنىڭ بەختى كاج، دەپ مەن ئەرگە تېگىپ كېلىن بولغاندىن بېرى كۆزلىرىمدىن ياش قۇرىمايدۇ..— نەۋرە كېلىنىنىڭ ھالىغا قاراپ مومايىنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى كۆڭلى تۇيدى. موماي چوڭ كېلىنىنىڭ قاپىقى يامانلىقىنى بەش قولدەك بىلەتتى. پىنىنەخان ئېسىلىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — مېنىڭ





ئۇ ئۆيدە دەشنام ئىشىتمەيدىغان، كۆزلىرىمدىن ياش چىقمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق! شۇڭا قىز تۇغسام، ماڭا ھەمراھ بولالىدىكىن دەپ ھەر كۈنى نامىزىمدا ئاللاھتىن قىز تىلەۋاتىمەن.

— خۇدايىم تىلىكىڭنى ئىجابەت قىلار، بالام ، — موماي رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن پىنىنەخاننىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتى ، — كۆڭلۈڭنى ئۇنچىمۇ يېرىم قىلما، قېيىنئاناڭدىن كۆڭلۈڭ سۇ ئىچمىسىمۇ، ئېرىڭ تۈزۈك ئادەم بولدى. ئۇ بالىنى بۇ دۇنيادا ساڭا ئازار بەرمەس ھەم رىزقىڭغا قارا سانىماس دەپ كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇڭا كۆڭلۈڭنى بۇزما، خاپا بولغان چاغلىرىڭدا ئېرىڭنىڭ پېشىگە ئېسىل، تەسكىن بولغان كۆڭلۈڭگە ئۇنىڭ يۇمشاق كۆڭلىدىن، تۈز ـ سەممىي گەپلىرىدىن ئاراملىق ئىزدە.

— مەنمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىك تۇرۇۋاتىمەن، بولمىسا بۇ چاغقا يامان گەپكە بېرىلىپ ئۆلەتتىممىكىن...

— ھېچقىسى يوق بالام ، — دېدى موماي ئەپچىللىك بىلەن تىكىش تىككەچ ، — بۇ دۇنيادا ئۆز ئوغلىنىڭ يات مەزلۇمغا بېرىلگىنىنى قوبۇل كۆرەلەيدىغان ئانا ئاز. خۇددى شۇنىڭدەك ئۆز نۆۋىتىدە قېيىنئانىسىنى ئۆز ئانىسى قاتارىدا كۆرىدىغان كېلىنمۇ جىق ئەمەس. بىز ئايال زاتىنىڭ قورسىقىمىزغا قاپلاندەك يوغان بالا پاتقان بىلەن، كۆكسى ـ قارنىمىزغا تېرىقنىڭ دانىسى پاتمايدۇ. مەزلۇم زاتىنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى بىر دۇنيا بولسا، كۆڭلى بىر دۇنيا. كۆڭۈل كۆزنىڭ ئەينىكى، بىر ئۆمۈر تويۇپ باقمىغان ئاشۇ كۆزلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان ھامان بىر كىرپىك قاققىچە بىر قوۋمغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ ئۈلگۈرىدۇ... بۇ ۋاپاسىز دۇنيادا ئەرلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قان چېچىشىپ كەتكىنىدىن ئاياللار ـ

نىڭ كۆز ئۇرۇشى يامان. قانداق دېسەڭ، ئەرلەر بىر ـ ئىككـ
ـنى قويۇشۇپ يا ئۇيان، يا بۇيان بولۇشىدۇ، گەپ توگەيدۇ. ئا ـ
ياللارنىڭ توقۇنۇشى بولسا خۇپپيانە، توسقۇنسىز، بىر ئۆمۈر
ھەتتا بىر ئەۋلاد داۋاملىشىدۇ... ئىشقىلىپ ئاياللار بىر ـ بىـ
ـرىنى يەپ كەتمەيدۇ ـ يۇ، ئاندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى بو ـ
لىدۇ. شۇڭا ئادەتتە قېيىنئانىلىك قاش ـ قاپىقىغا قاراپ بەك
ئويلىنىپ كەتمەي، ئېرىڭنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپرەك كۆز ئال ـ
دىڭغا كەلتۈر، ئۇنىڭ ساڭا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىدىن،
كۆيۈمىدىن ئۆز بەختىڭنى ئىزدە، بالام!

— ماقۇل ، — پىننەخانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقـ
قان ياش ئالدىغا يېيىپ ئولتۇرغان رەختنى ھۆل قىلدى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئالدىمىزدىكى چارشەنبە شەرۋانەمنى
قوشۇپ قويسام سىپاشىمغا بېرىپ تىلاۋەت قىلىپ چىقامسەن؟

— قەيەر ئۇ، سىپاشىم دېگەن چوڭ ئانا؟

— ئۇ بىر ئاسانلىق بەرگۈچى مازار، بالام، ئېغىر بوي ئا ـ
ياللارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەرگە پات ـ پات بېرىپ تۇغۇتى ئۇچۇن
سائادەت ھەم ئاسايىشلىق تىلەيدۇ.

— ھە... مەن ئاڭلاپتىكەنمەن، لېكىن بېرىپ باقمىغان،
ئۇ يەر يىراقمۇ؟

— ئېشەك ھارۋىسى بىلەن بېرىپ كېلىش ئۇچۇن بىر
كۈنلۈك يول.

— بارسام باراي، لېكىن...

— ھە... نېمە لېكىن؟

— قېيىنئانام نېمە دەركىن. ئېتىز ـ ئاياغدىن يىغىلـ
غاننى تولۇق يىغىپ بولالمىدۇق.

— ئېغىر بوي ئاياللار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن روھىي





جەھەتتە يېنىكلەپ قالىدۇ، بالام. قېيىنئاناڭغا مەن دەپ قو ـ
ياي... مەن ئۇنىمۇ سەندەك ۋاقتىدا نەچچە ئون قېتىم سىپا ـ
شىمغا ئاپارغان، شۇڭا تۇغۇتى ئاسان بولغان.

— مەيلى ئەمىسە.

بىر چاغدا دەرۋازا غاتىلداپ ئېچىلدى. ئۇزايدىن تازا جاپا
تارتقانلىقى چىقىپ تۇرغان شەرۋانەم بىر يۇدۇم قۇرۇق شاخ
كۆتۈرگىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى:

— ئىككىڭلار ئاغمىخانىدەك بېشىڭلارنى بىر يەرگە تىقىـ
ۋېلىپ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر ئانا؟

موماي ئىشتىن توختاپ بېشىنى كۆتۈردى:

— سېنىڭ غەيۋىتىڭنى قىلىشىۋاتىمىز.

— ۋۇيەي ... — شەرۋانەم شاخنى ئېغىلنىڭ ئىشىكى
ئالدىغا تاشلاپ ئۇستۇبېشىنى قاققاچە ئىككىيلەننىڭ ئالدىغا
كەلدى ، — نېمە دەپ غەيۋىتىمنى قىلغانلىقىڭلارنى سوراپ
باقسام بولامدۇ؟

— سېنى قاپىقى يامان، زالىم، دېدۇق.

— سېمىز ، بۇرداق بولغان بىلەن كۆكسىگە تېرىقنىڭ
دانىسى پاتمايدۇ، دېدۇق.

— كۆزىدە تىلى بار، دېدۇق.

— يامان كۆزلىرى بىلەن كىشىنىڭ يۈرىكىنى يەيدۇ، دې ـ
دۇق.

— ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ، دېدۇق.

— كېلىنگە ئۆچ، دېدۇق.

— ئۆزىنىڭ كېلىن بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان، دې ـ
دۇق.

— ئۇنى دېدۇق.

— بۇنى دېدۇق.

موماي بىلەن نەۋرە كېلىن ئويۇن ئويناۋاتقاندەك شۇنداق دېيىشتى.

— ئاران شۇلىمۇ ؟ — شەرۋانەم تۇرغان يېرىدە بىر چۆرگىلەپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، — مەن ھەركىم بولسىمۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك ئېتىيمەنمىكىن دەيمەن. شۇڭا ئەيىبىم ئاز بولۇپ قاپتۇ. لېكىن مۇشۇ كېلىنچىكىمىز پىننەخاندىن باشقىلار بولغان بولسا، يەنە باشقىچىرەك بىر ئەيىبلىرىنىمۇ تاپامدىكىن دەيمەن.

ئۈچەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. شەرۋانەم بار يەردە ئەلۋەتتە مۇشۇنداق كۈلكە بولماي قالامدۇ. پىننەخانىنىڭ نېمىگە كۈلۈپ، نېمىگە يىغلاپ يۈرگەنلىكىدىن تولۇق خەۋەردار يۈرگەن شەرۋانەم ئۇلارنىڭ نېمىگە دارتىملاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئانىسى بىلەن بۇ باغرى ئېزىلىك يەڭگىسىنىڭ ئۆزىگە قويغان ئەيىبلىرىدىن كىمگە دارتىملاۋاتقانلىقىنى بىلگەن ھەم ئۇلارغا شوتا قويۇپ بەرگەن ئىدى.

— ئولتۇرغىنا ، — دېدى موماي ئېخچە ئاغزى يۇمۇلماي تۇرغان قىزىنى يېنىغا شەرەتلەپ، — مۇشۇ كەمدە سېغىنغاندەك شاراقلاپ تۇرالمايدىغان، كەكلىكتەك يورغىلاپ باسالمايدىغان بولۇپ قالدىڭ، ئىچىڭدە ماڭا ئېيتمىغان بىر خۇشلۇقۇڭ بارمۇ ـ قانداق؟

— ۋۇيەي... ما ئانامنى ، — دېدى شەرۋانەم كۈلكىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالغان پىننەخانغا قاراپ قويۇپ ، — جىم يۈرسەم ئېخى نېمە بولدۇڭ، كۆزلىرىڭدىن مۇز ياغىدۇ، دەپ تۇرالمايدۇ. ئانچە ـ مۇنچە كۈلۈپ قويسام، ئىچىڭدە نېمە خۇشلۇق بار؟ دەپ كۆزۈمنىڭ ئېگىگە قارايدۇ...





— قارىماي، سورىماي قانداق قىلىمەن ، — دېدى موماي بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن رومىلىنى تۈزەپ ، — كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتمىساڭ، گۆرۈمدىمۇ تىنچ ياتالمايمەن قىزىم!

— غەم قىلمىغىن ئانا ، — دېدى شەرۋانەم خىيالەن بىر ئاھاڭدا، — خوتۇن لازىم بولغاندىن بىرسى شەرۋانخان، نەدە خېنىم ئۆزلىرى، دەپ ئىشىكنى توقۇۋاتقاندۇ، ئېھتىمال.

— ھەممە گەپنى چاقچاققا پۇتلىما، مېنىڭ خەۋىرىم يوق سۆز سالغانلار بولسا يوشۇرما... پىننەخانمۇ ئۆزۈڭنىڭ سىڭلىسى.

— ئانچە ـ مۇنچە ئىس پۇراتقانلار بارتى، لېكىن خەق بىلەن توي قىلىپ قېيىنئانىنىڭ كۆزىدە ئولتۇرىدىغان ئىشنى ئويلىسام، ئېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنى ـ بۇنى دېگەنلەرگە قاپاق پىششىقىدا كېلىڭ، دەپ يولغا سېلىۋەتتىم، ئانا.

— ما ئۇۋال تەگكۈرنى ! — دېدى ئانا نارازى بولۇپ ، — ھۆي مۇشۇنداق ھاڭگا ئېرەكتەك بىر ئۆمۈر يالغۇز ئۆتۈپ كېتەرسەنمۇ ؟ ! ئەر بىلەن كېلىشىپ قالساڭ، قېيىنئانىنىڭ زۇلۇمى دېگەن ئىككى پۇل. قارىغىنا ماۋۇ كېلىنچەك ئۇكاڭغا، كەچكىچە دەشنام يەپ كۆزۈمدىن ياش قۇرىمىسا، ئاخشىمى ھۇسىناخۇننىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ سالىمەن، ئەتىگىنى يوتقاندىن قوپقىچە دىل ئازاۋىنى ئۇنتۇپ قالىمەن دەيدۇ.

شەرۋانەم راستىمۇ؟ دېگەندەك قىلىپ پىننەخانغا قاراپ قويدى. پىننەخان چوڭ قېيىنئانىسىنىڭ ئاۋۇتۇپ ئېيتقان ئۇچۇرلىرىدىن پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— ئوھوي، ئايلىخاننىڭ ئاپتاپقا قاقلىنىپ يايراپ كەتكەنىنى! — دەرۋازىدا نازىلخاننىڭ كۆك مۇزدىن تۇس ئالغان سوغۇق كۆزلىرى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئارا ھىجىردەك يوغان كەلگەن ئاغزى بولسا يارلىقچىنىڭ كارنىيىدەك ھويلىدىكى قېيىنئانىسى، يەڭگىسى، كېلىنى ئۈچەيلەنگە توغرىلانغان بولۇپ، ئاۋازى زۇلۇملۇق، گېپى بارغانچە يامانلىشىپ قالغان ئىدى، — ئالا پېشىنىڭياقى خېنىمنى ئىزدەپ ھەممە قونداققا چىقىپ، ھەممە كاۋاكقا كىرىپتىمەن، لېكىن قارىسى كۆرۈنمىگەن... ئەمدى قارىسام، گۇمان قىلغىنىمدىكىدەك بۇ يەرگە تىقىلىپ ئولتۇرۇپ چوڭ قېيىنئانىسىغا ھال ئېيتىۋېتىپتۇ... قوپسىلا خېنىم، قوپسىلا، ئا ھويلىدا مە، مۆ، بە، بۆ... قىلىشىۋاتقىنى ئەرلىرىنىڭ نەغمە - ناۋاسى ئەمەس، ئېغىلدىكى كالا - قويلارنىڭ زۇۋانى!

نازىلخان قاش - قاپىقىدىن قار - مۇز ياغدۇرغانچە، بېشى چۈشۈپ كەتكەن پىنىنەخانىنى ئالدىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى. موماي بىلەن شەرۋانەم تامدەك قېتىپ ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپ قالدى. خېلى بىر چاغ بولغاندا شەرۋانەمنىڭ غۇدۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مېنىڭ ئەردىن بەختىم ئېچىلمىغان بولسىمۇ، ئۆزۈمنى خېلى يۈرىكىم بار، كەنتتىكى تۆت خوتۇننىڭ بىرسىمەن دەپ يۈرۈيمەن. لېكىن مۇشۇ يەڭگەمنى كۆرسەم پىلە قۇرتىدەك يۇمشاپ ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بەزىدە قىلغان قىلىقلىرىغا تازا تىللاپ، گېزى كەلسە چاچ يۇڭدىشىپ، پومداقلىشىپ تويغۇزۇپ قويايمۇ دەيمەن، ئەمما...

— ھاي بالام، يەڭگەڭ يات بولغان بىلەن ئاكاڭ ساڭا ئۆز.

— قارىغىنا ئەينا، ھويلىغا كىرگەن ئادەم ئىككىمىزنى





كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ماۋۇ قېيىنئانامكەن، ماۋۇ يەڭگەمكەن دېمەي، كېلىنىگە گەپ قىلغان بولۇپ دەيدىغانىنى دەۋېلىپ چىقىپ كەتتى.

— مەيلى، بالام... نازىلخاننىڭ ئەزەلدىن ئاشۇنداق جۇلاسى يامان. ئەينى چاغدا ئاكاڭ چوڭلارغا ھۆرمىتى يوق، ئاغزى يامان دەپ، ئىككى بالا بىلەن تالاق قىلىمەن دەپ قوپقان. ئەمما مەن دۇئا قىلاي جېنىم بالام، دەپ ئۇنىماي، قاش - قاپىقىنى كۆكەرتىپ ياماللاقتا ئولتۇرغان يېرىدىن ئەكەلگەنمەن.

— نېمىشقا؟

— باللىرى يېتىم بولۇپ قالسا بولمايتتى، بالام.

— ئەمىسە ھېچ بولمىغاندا بايىقىدەك يامان گەپ قىلغاندا ئۆتكىدەك ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويساڭ بولمامدۇ؟

— يەڭگەڭدەك كېلىنلەرگە قېيىنئانىنىڭ گېپى ئۆتمەيدۇ، بالام.

— ئەمىسە مۇشۇنداق بوغۇلۇپ ئولتۇرامدۇق؟ ياكى ئاكام بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ ھال - مۇڭ بولۇشالمايمىز. پىنىنەخانغىمۇ بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. ھەمىشە ئېتىرزلىقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ. نېمە بولدى دەپ سورىسام، شۇ قېيىنئانىنىڭ زۇلۇمى.

— خۇدايىمنىڭ كۆزى بار بالام، ئۇنى ياراتقان ئىگىسى ئۆزى بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈن تەڭشەپ قويىدۇ.

— ئەمدى نەگە ئاپىرىپ تەڭشە. ئۆيلەيدىغانىنى ئۆيلەپ، تالالىق قىلىدىغانىنى قىلىپ بولدى... يۇسۇپنىڭ ئىشى ئەمدى خۇداغا ئامانەت.

— يۇسۇپنى تىلغا ئالغۇچى بولما، ئۇ بالىدا ئاجايىپ بىر خىسلەت بار.

— ئەمىسە، قانداق تەڭشىلىدۇ؟

— خۇدايىمنىڭ كۈنى ئۆزۈن، كىشىگە قىلساڭ كىشىدىن كۆرەرسەن، دەپتىكەن كونىلار.

كۈننىڭ يىراقلىشى بىلەن ئاپتاپ قاچتى. قىبلىدىن سوققان غۇر - غۇر شامال بىر ئاچچىق سوغۇقنى ئېلىپ كەلدى. ئانا - بالا ئىككىيلەن ئورنىدىن تۇرۇشقا توساتتىن بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى.

يىغلاۋاتقىنى پىننەخان ئىدى.

## 63

نەگە بارسەن قاغا،
كۆڭلۈم خالىغان يارغا...

بۇ، قايسى قاغىنىڭ ناخشىسىكىن؟ بەلكىم بىر ئازغۇن قاغىنىڭ ناخشىسىدۇر!

تالاق خېتى پىلاتىنىڭ يانچۇقىدا، ئۆزى ئۆگزىدە غوزا تېشىۋاتقان روزىگۈل بالىلىرىنىڭ دادىسىنىڭ بۇلۇڭدىكى بىر ئېغىز ئۆيدىن ئارقىغا ئىشىك ئېچىۋاتقىنىنى كۆرۈپ چۈشەنىكسىزلا بىر كۈلۈپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاجراشتى، يۇنۇسنىڭ باشقا كىرەر ماكانى بولمىغاچقا، تەشكىل ئاشۇ بىر ئېغىز ئۆينى بۇيرۇپ بەردى. ئۇ ھەقچان يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇپ قېينىلىدۇ، ئاغزىدىن چىقارمىسىمۇ كۆڭلىدە خاتا قىلغانلىقىغا ئىقرار بولىدۇ. شۇنداق چاغدا بالىلار ئارقىلىق ئاش سۇنسام بولارمۇ، كىرىنى يۇسام بولارمۇ... يامان كۆزدە قارىماي، ياخشى كۆڭلۈم ئارقىلىق يەنىلا مۇشۇ خوتۇن ياخشىدى، دېگەن يەرگە كەلتۈرسەم بولارمۇ؟ شۇنداق قىلاي... ھامان بىر





كۈن ئەمەس، بىر كۈنى مەستچىلىكتە ئېزىپ ئۆيگە كىرىپ قالىدۇ، سىغىنغان، قۇترىغان تۈيغۇلىرى بىلەن بوينۇمغا ئېسىلىدۇ... ئەتىگىنى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالدا ياتقىنىنى كۆرىدۇ، خوتۇنىنىڭ تاھارىتىگە سۇ ئىسسىتىپ قويۇپ، ناشتىغا بىر ئوبدان چاي قىلىۋاتقان نىكاھتىن ئاجراشقان خوتۇنىنى كۆرىدۇ ھەم بۇ بولمىدى، ئاستا نىكاھ ئوقۇتۇپ ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتەيلى، دەيدۇ...

— يوتقىنىڭدىن بىرنى بەرگىنە، — دېدى يۇنۇس كۈن ئولتۇرغان مەھەلدە تۇيۇقسىز روزىگۈلنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ.

روزىگۈل گەپ قىلمىدى. ئەمما كۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان بۇ ئەرنى كۆرۈپ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ھالدا ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— نېمە قىلىسەن؟!

— ياتايلى دېگەن، تۆشەك يوق.

— كىم بىلەن؟

— كۆرگەنسەن، ھېلىقىسى بىلەن توي خېتى ئېلىۋالدۇق.

— ھېلىقى ؟ — روزىگۈل ئۇنىڭ كەينىگە سېلىۋالغان قورچاقتەك خېنىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ، — شۇنچىغا بۇزۇلغانمىدىڭ؟

— ھە، قانداقكەن ؟ — يۇنۇسنىڭ ئاۋازى كۆرەڭ ئىدى.

— تايىنى يوقكەن!

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— ئۇ خوتۇن ساڭا ئاش بولمايدۇ!

— گېپىڭ ئۇ، سەن ئۇنىڭ ياشلىقىغا چىدىمايۋاتىسەن!

— گەپ شۇ « ياش » لىقىدا، خىلىڭنى تاپالماپسەن.

— ياشقا ياش بىز، كۆندۈرۈۋالىمىز...

— يۈزى قىزارمايدىغان !...

ئارىنى بىردەم سۈكۈت قاپلىدى. ئەمما سۈكۈتتىن خاتىرجەمسىزلەنگەندەك ئارقىدىن « ئۆھۇ! » قىلىپ بىر شەپە كەلدى.

— بەرگىنىڭ يوقمۇ؟

— ھۇي ئال، ئال!

— قايسىسىنى؟

— ئىككىمىز كونىراتقىنىنى...

— يېڭىسىنى بەرگىنىڭ يوقمۇ؟

— شۇمۇ يېڭى ئىدى!

باللارنىڭ دادىسى لازىملىقنى ئېلىپ، ئارقىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئانىسىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرغان باللار يەرنىڭ تېگىدىن دادىسىغا قارىشىپ تۇردى...

روزىگۈل قىشلىق ئۆيگە ئوت ياقتى، كەچلىك غىزاغا تۇتۇش قىلدى. شۇغىنىسى قىشلىق ئۆي ئېرى تۇرغان ئارقا ئۆيگە تۇتىشاتتى. روزىگۈل گاز - گۇژ قىلىپ قورۇما قورۇۋاتقان چاغدا ئارقىدىن:

— تاماق سۇنۇشنى ئۇنتۇپ قالماسسەن ، — دېگەن ئاۋاز كەلدى.

— يۈزى قىزارمايدىغان ! — دېدى روزىگۈل تۇتۇلۇپ.

ناخشا ئاۋازى كەلدى، يەنە شۇ ئارقىدىن... بۇ دۇتارنىڭ مۇڭىغا تەڭكەش بولغان ناخشا ئىدى. ئۇيقۇسىز ياتقان روزىگۈل ئۆزىنىڭ ناخشا ئېيتقان چاغلىرىنى يادىغا ئالدى. ئۇ تېخى رەسىدە بولمىغان چاغلىرىدا دۇتار چالغان، ناخشا ئېيتقان ئى-





دى. كېيىن دۇتار چالماس، ناخشىمۇ ئېيتماس بولدى. ئۇ دۇتارنى ئاجايىپ چالغان، ناخشىنى قالتىس ئېيتقان... كېيىن قىزلىق چاغلىرىنىڭ بىر قارا كۈنى دۇتار چالماسلىققا، ناخشا ئېيتماسلىققا قەسەم قىلغان...

ئۇ كۈنى شەھەردىن مېھمانلار كەلگەن، ھۆددىگەر مامۇتخاننىڭ بېغىدىكى تال باراڭنىڭ سايىسىدا مەشرەپ بولغان ئىدى. مامۇتخان كەنتتە ئىش بار دەپ قىزنى دادىسىنىڭ ئالدىدىن چاقىرىپ كەلدى.

— چال ، — دېدى يوغان قورساق ھۆددىگەر دۇتارنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ، — بۇلبۇلدەك ئاۋازىڭ بىلەن چال.

— چالالمايمەن ئاكا.

— نېمىشقا ؟ — مېھمانلار چۇرقىراشتى.

— دادام يامان كۆرىدۇ.

— داداڭغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن، چال.

— چېلىڭ، چېلىپ بېرىڭ!

قىزنىڭ بىر كۆزى باغنىڭ ئىشىكىدە، بىر كۆزى دۇتاردا بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا يۇمران بارماقلىرىنى دۇتارنىڭ تارىسىغا تەگكۈزدى. دۇتار مۇڭ تۆكتى، ئاندىن قىزنىڭ ئاۋازى جۆر بولدى:

ھەر كىشىنىڭ دەردى بولسا يىغلاسۇن يار ئالدىدا،
قالمىسۇن ئارمان يۈرەكتە ئەتسۇن ئىزھار ئالدىدا.

...

دۇتارنىڭ تارىسى يۈرەكلەرنىڭ بېغىشىغا تۇتاشتى... قوغۇن، تاۋۇز، سايۋى ئۈزۈملەرگە تامشىغان لەۋلەر، كۆكباش، سۆڭەك غاجىلاۋاتقان ئېغىزلار، باچكىنىڭ قانىتىنى ئۈزۈۋاتقان ئېزىقلار، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشلەۋاتقان چىشلار چىۋىن-

نىڭ گىزىلداۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ قالدى... بايا دادىسىنىڭ يامان كۆرۈشىدىن قورققان قىز ئەمدى قورقۇشنى ئۇنتۇغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆي قاينىمىغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى...

شۇنداق بىر ئىش بولدى، يېپىق تۇۋاق يېپىق پەدىدە قالالمىدى، ماموتخان روزىگۈلنىڭ دۇتىرىنى ھەر يەر، ھەر جايدا سۆزلەپ يۈردى ھەم ئۇنى ھەر يەرگە سۆرەشكە ئۇرۇندى. كۆڭلى تويغۇن ئاتا بۇنى بىلگىنىدە تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن قايغۇردى ھەم ئۇنى خالىي ئۆيگە چاقىردى:

— كېلىڭ قىزىم، ئولتۇرۇڭ.

قىز دادىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. ئاتا دەيدىغان گېپىنى تاپالمىغاندەك بىردەم يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىغا قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— سىز مېنىڭ قىزىممۇ؟

— شۇنداق دادا.

— مەن سىزگە نېمىنى ئۆگەتتىم؟

— ئەقىل - ئىدراكنى، ياشاشنى...

— يەنچۇ؟

— ئەخلاقىي پەزىلەتلىك، پاك ئىنسان بولۇشنى.

— يەنچۇ؟

— دۇتار چېلىشنى.

ئاتا بۇ جاۋابقا قانائەت قىلغاندەك يەنە جىمىپ قالدى. كېيىن يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بىر ئاۋازدا دېدى:

— توغرا دېدىڭىز قىزىم، مەن سىزگە ئۆزۈمدىكى بىر ئىشقنى، يەنى دۇتار چېلىشنى ئۆگەتتىم. دۇتار كۆيى غەمكىن كۆڭۈلنىڭ ئارامى. مەن دۇتارنى بىسەرەمجان بولغان كۆڭلۈمنى





ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن خۇپىيانە چالغان. ئەمما بەزى كىشىلەر كۆز ئالدىمىزدىلا خىرە كۆڭلى ئۈچۈن باشقىلارنى دۇتار چالغۇزۇپ ئىشرەت سۈرۈۋاتىدۇ. ئېيتقىنىمدەك، مەن دۇتارنى ئۆزۈم ئۈچۈن چالغان، ئەمما سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن چالالمايدىغاندەك قىلىسىز. ماد بۇ ئايالالارنىڭ نائىلاجلىقى. مەن سىزنىڭ بىر ئەرنىڭ قولى بولۇپ بەخت تېپىشىڭىزغا رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ سورۇننىڭ گۈلى بولۇپ ھەممىنىڭ ئۇزۇۋالغۇسى، پۇرىۋالغۇسى كېلىشىنى خالىمايمەن. شۇڭا ئىككىيلەن كېلىشەيلى، بۇگۈندىن باشلاپ دۇتار چالمايسىز!

قىز كۆتمىگەن بۇيرۇقتىن بىرئاز مەڭدەپ قالدى. كېيىن دادىسىنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتىپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ جاۋاب بەردى:

— چالماي، دادا. سىز خالىمىغان ئىشنى قىلىش ماڭىمۇ ئوبدان ئەمەس.

— گېپىڭىز راستمۇ؟

— ئىككى دۇنيالىق راست!

— ئەمىسە تۈز تۇتۇڭ! — ئاتا ئۇيۇقتىكى بىر كاللەك تاشتۇزنى قىزنىڭ ئالدىغا قويىدى. قىز ئىككىلەنمەستىن ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈردى:

— تۇتتۇم، دادا.

ئاتىنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلار تۆكۈلدى. تۆردىكى قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان نەقىشلىك دۇتارنى قولىغا ئېلىپ، قىيالمىغاندەك بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بوسۇغىغا قويىدى. كەكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇزۇن يىللىق قەدىناس دۇتارنىڭ ئۇستىگە بىرنى چاپتى... ئۇششاق تارىشغا ئايلاندۇرۇلغان ئاتا مىراس دىل رىشتىسىنى ئوچاقتىكى ئۇلۇغ ئوتقا

تاشلىدى...

شۇنىڭدىن كېيىن روزىگۈل دۇتار چالمىدى. دۇتار چالغان يەردىن ئۆزىنى تارتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ رىزقىنى تارتىۋالغان كۈندىشى ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە دۇتار كۈيى ئەمەس، ئەلەم كۈيىنى ئۇنلىتىپ جۇۋاننىڭ جاراھەتلىك قەلبىنى تۇزلىماقتا ئىدى... ئۇ ئەسلىدە ئادەتتىكىچە بىر ئايال بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشقا بولغان قارىشىنىڭ توغرىلىقى، پىكىر روشەنلىكى بىلەن ئۆزىنى مۇستەھكەملەپ كەلگەن ھەم بېشىغا كۈن چۈشكەن نۇرغۇن ئاياللارنىڭ تەقدىرگە تەن بېرىپ ئەرلەرگە ئۆي بىكارلاپ يامانلاپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئەتىۋرىسىچە تۇخۇم بېسىپ ياتقان مېكىيانىدەك ئۆيىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان، شۇ ئارقىلىق ئېرىمىنى يەنە ئەر قىلىۋالىمەن دەم چوت سوققان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ چوتى خام سوقۇلغان بولۇپ چىقتى. ئېرى ئەركەكلىكىنى قىلىپ بۈگۈنى ئاجرىشىپ، ئەتىسى ئارقا بوسۇغىدىن خوتۇن ئەكىردى. بۇ باغرى تاش ئايال كىشى ئۈچۈنمۇ چىداش ئاسان بولمىغان زەربە.

روزىگۈل كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. ئەتىگىنى سول كۆكسى ئاغرىغاندەك بىر سېزىم ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يۈرىكىگە مىتە چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

## 64

رامىزان كىرىشى بىلەن تەڭ كوچا ـ كويلاردا تىلەمچىلەر، دۇئاگۆيلار كۆپىيىپ قالدى. ئاباسخان ئۆز ئىقتىسادى ۋە قازناقتىكى ئاشلىقىنى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، قىرىقتە بىر ئۇلۇش بويىچە زاكات ئايرىدى ھەم يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارغا





بۆلۈپ بېرىش ئۈچۈن ھېساب چىقىرىپ كۆردى.

ئاغىچىخاننىڭ نۇربۇۋىنى ئەكىلىۋالغانغا كۆڭلى خۇش، ئەمدى ئۇنى مۇمكىن بولسا شەھەرگە ئەكىرىپ، بولمىغاندا ئارائاۋاتنىڭ بازىرىغا ئاپىرىپ ياراشقىدەك بىر قۇر كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كەيدۇرۇپ ھېيتلىق جابدۇۋالسا بىر تۈرلۈك غېمى تۈگەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، شەھەردىكى بالىلىرىنىڭ غېمى ئۇنى ئارامسىزلاندۇراتتى. ئاغىچىخان شەھەردىكى بالىلىرىنىڭ ئۆي ئالىمىز دەپ پۇل ـ ئىقتىسادتىن بەكمۇ قىينالغانلىقىنى، بولۇپمۇ چوڭ كېلىنىنىڭ ئۆي ئۈچۈن ئالتۇن جابدۇقلىرىنىڭ بىرىنى قويماي سېتىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، نەچچە كۈنگىچە گېلىدىن ئاش ـ نان ئۆتمىدى. ئالتۇن جابدۇق دېگەن ئايال زاتىنىڭ ئەڭ چوڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى. قۇلاق، بويۇن، بىلەك، بارماقلىرىدا ئالتۇنلىرى جىرىڭشىپ تۇرغان مەزلۇم كىشىنىڭ ئالىمادىس قورسىقى ئاچ قالسىمۇ، كۆڭلى توق تۇرىدۇ. ئەمما تاسادىپىي ئەھۋالدا شۇنداق تولۇق تۇرغان ئالتۇن جابدۇقلىرىنىڭ ئوندىن بىرى يوقاپ كېتىپ باقسۇنا قېنى، كۆزىدىن ياش قۇرىمايدۇ. خوتۇن كىشىگە ھەممىدىن ئالتۇننىڭ ئىچ ئاغرىقى يامان بولىدىغىنىنى يەنە شۇ خوتۇن كىشى بىلمىسە، كىم بىلىدۇ!

كېلىنلىرىنىڭ غېمىدە كۆڭلى بىسەرەمجان بولغان ئانا بەرىكەتلىك ساندۇقىنى ئاچتى. چىرايلىق قاتلاپ ئۈستى ـ ئۈستىلەپ قويۇلغان رەختلىرى ئىچىدىن نۇربۇۋى ئۈچۈن بىر چاپانلىق نىل رەڭ سارجا، بىر كۆڭلەكلىك تاجارەڭ خانئەتلەس ئايرىدى. ياش كېلىنلەرگە لايىق رەخت تېپىلغىنى ئۈچۈن كۆڭلى ئېچىلغان ئانا يەنە نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ، ساندۇقنى ياپماستىن ئىڭەك يۆلەپ ئولتۇرۇپ كەتتى... توغرا،

شۇنداق قىلاي! ئانا بىردىنلا جانلاندى، ساندۇقنىڭ تېگىگە قولىنى ئۇزىتىپ، يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىنچىكىلىك بىلەن بىر نەرسىلەرنى ئىزدەشتۇردى هەم قولىياغلىق بىلەن پۇختا چىگىلگەن بىر ياغاچ قۇتىنى ئالدى. ياغلىق يېشىلدى، قۇتا ئېچىلدى. تۆكلۈكتىن چۈشكەن يارقىن قۇياش نۇرى قۇتىنىڭ ئىچىدىكى ياڭاق مېغىزى چوڭلۇقىدىكى چىرايلىق، كۆركەم بىر نەرسىنى ۋال - ۋۇل قىلىپ نۇرغا پۈركىدى...

كۆز چاقنىتىپ تۇرغىنى سەككىز مىسقال ئېغىرلىقتىكى بىر جۈپ ئالتۇن زىرە ئىدى. بۇ زىرە ئاغىچىخانغا ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۈك هەم پۇلغا يارىغۇدەك تۇزۇكرەك نەرسىسى بولۇپ، ئۇ ئانىسىدىن قالغاندىن بېرى شۇ زىرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ توي - تۆكۈن، هېيت - ئايەملەردە تالالىق ئېتىپ قۇلىقىغا سېلىپ يۈرەتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا مۇشۇنداق ساندۇقنىڭ تېگىگە سېلىپ ئاۋايلاپ ساقلايتتى. ئەمدى بۇ زىرە ئۆيۈم، بالام دەپ يۈرىكىنى ئوت - كاۋاپ قىلىپ كۆيدۈرۈپ يۈرگەن يەنە بىر ياش ئانىنىڭ قۇلىقىغا چىقسا، تېخىمۇ كۆز چاقنىتىپ كېتىشى، مۇھىمى قېيىنئانا بىلەن كېلىنىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى نۇرلاندۇرۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئانا نۇر - زىيا ئىچىدە كۆز قاماشتۇرۇپ تۇرغان ئالتۇن زىرىگە بىر خىل ئىپتىخارلىق ئىلكىدە يەنە بىر پەس قاراپ تۇردى، ئاندىن ئۇنى پىلاتىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ساندۇقنى قۇلۇپلىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ بالىلىرىنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا چىقتى.

— هوي كىشى، مېنىڭ سەل - پەل زۆرۈرلىكىم چىقىپ قېلىۋاتىدۇ، — دېدى چېھرىدە خېلى تاقەتسىزلىك پەيدا بولۇپ قالغان ئاغىچىخان ئاخىرى ئېرىگە ئېغىز ئېچىپ، — نۇربۇۋىخاننى چارشەنبە بازارغا ئاپىرىپ كەلسەم، ئۇنىڭدىن كېيىن





رۇخسەت قىلسىلا شەھەرگە كىرىپ چىقسام بولاتتى.

— ئۆزۈڭلار ئۇڭچە قىلىدىغان نېمە زۆرۈر ئىشتى، ئۇ ؟

— ئابباسخان خوتۇنىدىن ئاڭلىمايدىغان بىر گەپنى ئاڭلاۋاتقاندەك هەم ئۆزىگە شەرت قويۇلۇۋاتقاندەك، قولىنى قېقىشتۇرۇپ كەينىگە قايرىلدى.

— رامىزان كىرىپ، هېيتنىڭ شەپىسى يېقىنلاپ قالدى. شۇڭا ئا كىچىك كېلىنىمىزگە بىر قۇر هېيتلىق ئۇستىۋاش قىلىپ جۆندىسەم، ئاندىن شەھەرگە كىرىپ بالىلارنى قانداقراق ئولتۇرۇدۇڭلار بالام، دەپ ئەھۋال سوراپ چىقاي دەيمەن.

— ئۆزۈڭلار ئۇڭچىما؟

— سىلىنى بىللە ئەكىرەمدىكىن دېسەم، يا چولىلىرى تەگمىسە...

— گەپ چولا تېگىش - تەگمەسلىكتە ئەمەس، — دېدى ئابباسخان تاماكا خۇمارى تۇتقاندەك تۇرۇلۇپ، — ئوغلۇڭلارنىڭ ئەھۋالى شۇ، ئادەمنىڭ ئاچقان يېرىگە بارمايدۇ، ماۋۇ دادامنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتسەم بولماس، كۆڭلىگە كېلەر دېيىشنى بىلمەيدۇ.

— شۇنداقمۇ دەيلا مۇسۇلمان، — دېدى ئاغىچىخان خۇددى ئېرىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەۋاتقاندەك ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — ئۇ بالىنىڭ شۇ سىڭلىسىنى زورلاپ مەكتەپكە يولغا سېلىپ قويغاندىن باشقا سىلىگە مۇخالىپ كېلىدىغان بولمىغۇر ئىشى يوق. مېنىڭچە، بىزگە قارىغاندا ئوغلىمىز كۆپنى كۆردى، ئاپتونوم رايوندا بەش - ئالتە يىل ئوقۇپ كېلىپ، ۋىلايەتتىكى چوڭ مەكتەپكە مۇئەللىم بولدى. مۇئەللىملىك قىلغاچ نېمە ئىش قىلسا بەلەن بولىدىغان، نېمە ئىش قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلدى. شۇڭا سىڭلىسىنىڭ ئىشلى-

رىغا ئارىلىشىپ قالدى بولغاي... ئۇنىڭ دېيىشىچە، قىزىمىزغا كەلگەن ئۇنداق ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەنە بىرلىرىگە كەلمىكى ئاسان ئەمەسمىش، ئۇ تەرەپلەرگە بارىمەن دەپلا بېرىۋالغىلى بولماسمىش... سىلىمۇ ئاڭلىغانلا، شۇ يىلى بىزنىڭ يۇرتتىن ئىككى بالىنى يۇقىرى نومۇر بىلەن بېيجىڭغا ئوقۇشقا يولغا سالغان ھېلىقى كۆزەينەكلىك ياش خانىم شۇنىڭ نەتىجىسىدە داڭق چىقىرىپ شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ياندۇرقى يىلدىن باشلاپ بۇ يەردىن ھېچكىمنىڭ بالىسى ئوقۇشقا بارالمىغانمىش... ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە ھۆكۈمەتمۇ زورلاپ ئېلىپ كەتمەيدىكەن، ئاينىكا!

ئاباسخان گەپ - سۆز قىلماستىن بېشىنى سىلىپ ئولتۇردى. قارىغاندا بۇ كىشىمۇ ئۆزىنىڭ بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى تەن ئالغان ئىدى. ئاغىچخان ئېرىنىڭ روزا - رامىزاننىڭ خاسىيىتى بىلەن خېلى مۇلايىملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەيدىغانلىرىنى دېدى:

— شۇ ئىش تۈپەيلى دادا - بالا ئىككىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالغاندىن بېرى، بىچارە بالا روھىي يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، كۆزلىرى سۇلغىيىپ قالدى، كۆرسىلە. شەھەردىن ھەر چىقسا ئۆزلىرى ئۇنىڭغا ئۇدۇل بولغىلى ئۇنىمىغاندىكىن، ئايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ بېشىنى سالغانچە ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ گەپ - سۆز قىلمايدۇ. تاماققا قوپسام، ۋاي ئانا، باشقا تاماق قىلىمەن دېمەي، بىزگە كاۋا بىلەن كۆكباش پىشۇرۇپ بەرسىڭىز بولدى، ئۇنىڭغا ئۇنىمىسىڭىز باچكا توغراپ كوجا ئاشلا ئېتىڭ... دەيدىغان گەپلىرىغۇ ئەسلا يوق، ئالدىغا ئەكەلگەن تاماقنىمۇ لېۋىگە تۇزۇككىنە جىجىمايدۇ. شۇنىڭغا قارى-





سام، ئاتا دېگەن ئوغۇل بالا ئۈچۈن بىر روھىي توقلۇقكەن، ئاتىسىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشەلمىسە، بېشى چۈشۈپ كېتىدىكەن، شۇڭا دەيمەن، ئوغۇل بالىنى خۇدايىم دادىسىدىن ئايرىمىسۇن! — ئاغىچخان سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ سالدى. ئۇنىڭدا بارلىق ئانىلارغا ئوخشاش شۇنداق بىر خىسلەت بار ئىدىكى، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى جەمەتىدىكى چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنى، ئاتا بىلەن بالىلارنى، بالىلار بىلەن بالىلارنى بىر - بىرىگە كۆيدۈرۈش ئىستىكىدە ئۆرتىنەتتى. ھەر بىر سۆزىدە، ھەر بىر ئىشارىسىدە، ھەر بىر ھەرىكىتىدە كىچىكلەرنى چوڭلارنى ھۆرمەتلەشكە يېتەكلەيتتى، چوڭلارنى كىچىكلەرنى ئىززەتلەشكە ئۈندەيتتى. ناۋادا ئاتا بىلەن بالىلار، بالىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق - مۇنداق زىددىيەتلەر كېلىپ چىقسا، تاكى شۇ ئىشنى بېسىقتۇرۇپ توغرا بىر تەرەپ قىلمىغىچە كۆڭلى ئارام تاپمايتتى. شۇڭىمۇ بۇ ئائىلىدە چوڭلىرى كىچىكلىرىنىڭ، كىچىكلىرى چوڭلىرىنىڭ ئەتىۋارىنى قىلىپ، ئانىنىڭ ئۇۋۇقىنى يەرگە چۈشۈرمەيتتى. مۇشۇ قېتىم ھاۋانىڭ ئىشى تۈپەيلى ئاتا - بالا سوغۇقلىشىپ قالغاندىن بېرى، ئانىنىڭ كۆڭلى بىر كۈنمۇ ئارام تاپمىدى.

ئاغىچخان ئېسەدەشلىرىنى زورىغا بېسىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىلىدىن سىر ساقلاپ كەلگەن بىر گەپنى دەي: بالىلار ئۆي ئالىمىز دەپ يازنىڭياقى تارتىدىغان قىيىنچىلىقنى تارتىپتۇ، ئوغلىمىز مائاش كارتىسىنى گۆرۈگە قويۇپ بەش - ئالتە يىللىق ئىش ھەققىنى ئالدىن قەرز قىپتۇ. كېلىنىمىز ئالتۇن لاپىغلىرىنىڭ ھەممىسىنى بازارغا ئاچىقىپ سېتىپتۇ...

— نېمە دېدىڭلار ؟ ! — ئاbباسخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — ھوي بۇ !...

— باللار قىيىنچىلىق تارتىشى تارتتى، لېكىن پۇل دەپ ئۆزلىرىگە ئېغىز ئېچىشنى...

— ئابدۇراخمان مېنى ئۆلدىگە چىقىرىۋېتىپتىمۇ؟!

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، دادىسى.

— ئەمىسە نېمە، دېگىنە... — شۇ تاپتا ئاbباسخان بىر تارتىم تاماكا چېكەلىگەن بولسىچۇ كاشكى.

— ئوغلىمىزنىڭ خۇي - پەيلىنى ئۆزلىرى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس، ئۇ بەك نېپىز بالا. ئۇ قىيىنچىلىق تارتىشقا رازىكى، باشقىلارنى زورلاپ تەڭلىككە سېلىشنى خالىمايدۇ.

— مەن « باشقىلار » ئەمەستۇرمەن؟

— ياق، گەپنى قايدۇرمىسىلا، ئوغلىمىز بىلەن كېلىنىمىز كۆڭلىدە دادامنىڭ ئايلىقى يوق، ئۇنىڭ ھال - ئوقىتى بىزدىن ئارتۇق ئەمەس، دەپ ئېغىز ئېچىشنى توغرا تاپمىغان گەپ.

— بولدى، بولدى، تولا گەپ قىلماڭلار، سىلىمۇ ۋىت - ۋىت قىلغان بىلەن شۇنداق يېرىگە كەلگەندە چاغلىق خوتۇن سىلە. باللارنىڭ سارغىيىپ - تاتىرىپ يۈرگىنىنى بىلگەن ئادەم بالدۇرراق ئاغزىڭلارنى ئاچاتتىڭلار دەيمەن ! — ئاbباسخان ئىچ - ئىچىدىن قىزىشقانچە، بىر قانىتى ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن تالاغا قاراپ بويۇندىدى ، — ھاي ھاپىزقارىي، قېنى سىلە؟!

— ھە...، مانا مەن! — ھاپىز ھايالشىماي تالادىن يۈگۈرۈپ كىردى.

— ماڭ جۇگۇ، ئۆتكەن ھەپتە دۇشەنبازاردىن ئەكەلگەن





ھېلىقى بىرجۇپ ئالا سېمىنتال كالىنى ئاچىق، بازارغا ئاپىرىمىز!

— رامىزاندا بازار سەل ئۆلۈك دادا، ھازىر ساتىمىز دېسەك، كەينىگە دەسسەپ قالارمىكىن؟

- قاچانغىچە ساقلايمىز ئەمىسە، بۈگۈن پۇل لازىم بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

- ئەمدى تاكى بانكا يېڭى يىللىق قەرز پۇل تارقاتمىغىچە بازار ئېچىلمايدۇ، ھازىر كۈزنىڭ كۈنى خەق قەرز پۇل تۆلەيمىز دەپ...

- نېمە بولسا بىر ئاچىققىنا جۇگۇ! يا پايدىسىغا ساتارمىز، يا زىيىنىغا.

- ھۇي، نېمە دەپ ئەمدى... — ھاپىز غۇدىرىغانچە ئېغىلغا ماڭدى.

ئاbباسخان ئىززىچە ئاتىلىق غۇرۇرى خارلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. سېنىڭ كۆزۈڭ ئوچۇق تۇرۇپ بالىلىرىڭ شۇنداق يوقسىزلىق، قىيىنچىلىق ئىچىدە بويۇن قىسىپ سارغىيىپ - تاتىرىپ يۈرسە، سەن بالىلىرىڭنى بىر قۇشقاچچىلىكمۇ قانات ئاستىڭغا ئالالمىساڭ، بۇ قانداق بولغىنى... ھەر ھالدا ئوغلۇمدىن ئۆتكۈلۈك ئۆتۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ قېيىداپ تەتۈر قاراپ يۈرگىچە، ئۆز ۋاقتىدىلا ئۆتكىدەك ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىۋېتىپ ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتكەن بولسام بولغانىكەن. خەير، ھېلىمۇ پۇرسىتى باركەن، بازارغا بېرىپ ئاز - تولا پۇل غەملىۋېلىپ شەھەرگە ماڭاي، ھالىڭلار نېچۈك بالام، دەپ قويۇپ چىقاي. ئاتىنىڭ بالىغا، بالىنىڭ ئاتىغا ھامان قەرزى بار ئەمەسمۇ!

ئاغىچىخان بالىلىرىنىڭ دادىسىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆز-

گىرىشكە، گەپ - سۆزلىرىنىڭ مۇلايىملىشىپ قالغىنىغا قاراپ پاختىدەك يەڭگىللەپ قالدى. كۆڭلىدە ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ خاسىيىتىگە شۈكۈر - سانالار ئېيتتى.

## 65

قىش يېقىنلاپ، سوغۇق كۈچىيىپ قالغان ئىدى. زۇكامداپ ساقىيىپ بولۇپ قالغان راھىلە روھسىز بىر ھالدا خىزمەتتىن چۈشتى. ئابدۇراخمان باللارنى ئالغىلى بارىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ساقلىماي مەكتەپنىڭ يېنىدىكى دۇكاندىن ئازراق كۆكتات ئېلىۋېلىپ ئۆيگە ماڭماقچى بولدى.

— راھىلە؟!

ئۇ بىرسىنىڭ چاقىرىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە گۈزەل سەنئەت ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى گۈلشەننى كۆردى. گۈلشەن ھەمىشە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان چەت ئەلنىڭ موتسىكلىتىغا قونۇۋالغىنىچە بىر پۇتىدا يەرنى تىرەپ تۇراتتى. راھىلە ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشكەندىمۇ گىرىمى يېڭىلىنىپ ئۇلگۇرگەن قاش - كۆزلىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قالدى.

— جۆرە دوستەك، بازارغا بارىمىز.

— شۇنچە كەچتىمۇ ؟ — راھىلە كوچىغا لىققىدە سىغدىلىپ ئۆيىگە يېنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ قويۇپ سورىدى.

— كەچنىڭ گېپىنى قىلماي، سائىتىڭگە قارا. سائەت تېخى ئالتە بولمىدى ، — دېدى گۈلشەن قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، — بازارنىڭ قىزىيدىغان ۋاقتى ئەمدى جۇمۇ!

— نېمە زۆرۈرىيەت تۇغۇلدى؟





— ياشلىقىمىزنىڭ، گۈزەللىكىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى... يەنە روزا ھېيت يېقىنلاپ قالدى، كىيىم - كېچەك بازارلىرىنى ئارىلايمىز، كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەننى ئالىمىز. سەن ئاڭلىمىدىڭ بولغاي، ئالۋاستى ئۇۋۇسىغا ئاجايىپ مودا كىيىملەرنى كەلدى، دەيدۇ.

— ئالۋاستى ئۇ...ۋىسى؟! — پۈتۈك ئاۋازىدىن ھەيران قالغانلىقىنى يوشۇرالمىغان راھىلە ئېقىپ تۇرغان بۇرنىنى سۈرتتى ، — ماڭا چۆچەكلەردىكى قورقۇنچلۇق ئالۋاستى ئۇۋىسىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتمايۋاتقانسەن؟

— ئالۋاستى ئۇۋۇسى ، — دېدى گۈلشەن قاھ - قاھلاپ كۈلۈپ ، — سەن ئالۋاستى ئۇۋۇسىنى بىلمەمسەن؟ ئۇ دېگەن شەھەر بويىچە ھەممىدىن ئېگىز بولغان ھېلىقى مۇئەللەق سودا سارىيىدىكى ھەممىدىن داڭلىق مودا كىيىم - كېچەكلەر دۇكىنى.

— ۋاي - ۋۇي... نېمە دېگەن جىق ھەممىدىن ئېگىز، ھەممىدىن داڭلىقلار ئۇ؟ بولدى ئۆزۈڭ ئوڭچە بېرىپ كەل، مەن قايتىپ باللىرىمغا تاماق ئەتمىسەم، تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە قارىمىسام بولمايدۇ. يەنە مەكتەپكە كېلىپ ئوقوغۇچىلارنىڭ كەچلىك ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشىم كېرەك.

— قارا سېنى ، — دېدى گۈلشەن موتسىكلىتتىن چۈشۈپ ، — سەن غۇلجىدىن يېڭى كەلگەندە يۈرۈش - تۇرۇش، گەپ - سۆزلىرىڭنىڭ جايىدىلىقى بىلەن ھەممىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەن ئىدىڭ. لېكىن ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى قارىسام بارغانچە ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتتىڭ، كىيىۋالغان كىيىملىرىڭمۇ قېرىپ قاتاردىن قالغان ھېلىقى پايپىلىقۇش خانىملارنىڭكىدىن پەرقسىز... سەن ئۆزۈڭنىڭ شىماللىق ئىكەن-

لىكىڭنى ئۈنتۇپ قالما جۇمۇ!

— قارا گېپىڭنى ... — راھىلە بىرئاز خۇدۇكسىرىگەندەك، نىمكەش ھەم ئادەتتىكىچە ئۈستۈۋېشىدىن ئۈيالغاندەك بولدى ، — شىماللىق بولسام نىم بوپتۇ؟

— ئەلۋەتتە شىماللىقتەك يۇرۇشۇڭ كېرەك - دە!

— قاچانغىچە شۇ گېپىڭنى ۋېچىرلاپ يۈرۈيسەن گۈلشەن؟ ھازىر شىماللىق، جەنۇبلۇق دەيدىغان چاغمۇ، جەنۇب - شىمالنىڭ نېمە پەرقى بار زادى؟

— پەرقىنى سەنلا يوق قىلىۋەتتىڭ، مانا سەندەك پۈتۈن ئۈزايىدىن تويا - تۇمان يېغىپ تۇرسا، چېھرىدە كۈلكە - چاقچاق ئورنىغا غەم - غۇسسە تۇمانلىرى ئۇچۇپ تۇرسا، ئۇنداق ئادەمنى بىر قاراپلا جەنۇبلۇق دەيمىز...

— سېنىڭچە، شىماللىقنىڭ ھېچقانداق غەم - قايغۇسى بولمايدىكەن - دە!

— بولغان تەقدىردىمۇ سەندەك ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، مانا بىزدەك مەغرۇر كۈلۈپ ياشايدۇ.

— بىزدەك... بۇ گەپچە سەن جەنۇبتىكى شىماللىقنىڭ تىپى بولۇپ قاپسەن-دە! — راھىلە كىنايە بىلەن گۈلشەننىڭ پۈزۈر دېگەندىن كۆرە چاكىنىلىشىپ كەتكەن تۇرقىغا ئەيىبلەش نەزەرىدە قاراپ قويدى ، — مەن خىزمەت، تۇرمۇش، بالا ھەلەكچىلىكىدە سەن ئېيتقان ئۇ يۇرتلۇق، بۇ يۇرتلۇق... لارنىمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن. گېپىڭنى ئوچۇقراق ئېيتقىنا، تىلىڭدا نېمە گەپ، دىلىڭدىچۇ؟!

— تىلىمدىكىنى ئاڭلىدىڭ، دىلىمدا بولسا ساڭا كۆيۈنۈۋاتىمەن. دېمىغۇ، ئۆزۈڭنىڭ شىماللىق ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما.





— تولا مەنتىتسىز گەپ قىلما گۈلشەن ، — دېدى راھىلە كەسپدىشىنىڭ سۆزلىرىدىن سەزگۈرلىشىپ ، — جەنۇب، شىمال ھەممىمىزگە ئورتاق، پەقەت يۇرتلارنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى، كىلىماتى ۋە شۇ يەردىكى ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك بىرلىكى داۋامىدا ئۆزگىچە يارىشا شىۋە ۋە مىجەز ئالاھىدىكلى شەكىللىنىپ، سېنىڭ نەزىرىڭدىكىدەك ئايرىمچىلىق كېلىپ چىققان. مانا سەن بىلەن بىز خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى غۇلجا، كۈيتۇندىن كېلىپ قەشقەردە ياشاۋاتىمىز. بۇنىڭ ئەكسىچە بىلىمى، ھۈنەر - تېخنىكىسى بار قانچىلىغان كىشىلىرىمىز سېنىڭ نەزىرىڭدىكى جەنۇب، شىمالدىن ھالقىپ ئامېرىكا، ياپونىيە، كانادا، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيىدەك تەرەققىي قىلغان ئاسمىنى كەڭ دۆلەتلەرگە ماكانلاشتى. بۇ ھەقىقەت ئەڭ تار دائىرىدىكى بىرلىك بولغان يۇرت ئۇقۇمىنىڭ ئاللىقاچان نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ تەدرىجىي ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، كۆڭۈلگە تارلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئۇنداق گەپلىرىڭنى ئەمدى تاشلا!

— ۋاي چوڭ ئانام ، — گۈلشەن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ، — دۇنياۋىلىشىپ كەتكىنىڭدىن خەۋىرىم يوق، بىچارە ھالىڭغا ئاغزىمنى ئۇششۇتۇپ قاپتىمەن... مەيلىڭ ئەمىسە، ئاشۇنداق ئېرىم، ئۆيۈم دەپ دۇمچەي، مەڭگۇ بېشىڭنى كۆتۈرەلمەي كۈلقىز بول! — گۈلشەن راھىلەنى زاڭلىق قىلغانچە، كۈلكىسى بېسىلماي موتسىكلىتقا قوندى.

— كۈلمە، كۈلمە ، — دېدى راھىلەمۇ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ ، — بۇنداق ھىجايساڭ يۈز - كۆزۈڭگە قورۇقلار يامىشىپ «شىماللىق» لىقىڭنىڭ ئىككى پۇللۇق پەيزى قالمايدۇ ... —

راھىلە يەنە ئېمىلەرنىدۇر دەپ قالغان گۈلشەننى جاۋابسىز قالدۇرۇپ يولىغا ماڭدى.

مانا بۇ شەھەر، مانا بۇ شەھەر تۇرمۇشى. شەھەر تۈنۈگۈن ساڭا چېھرىڭنى پەرىزاتقا ئايلاندۇرۇۋەتكۈچى داڭلىق گىرىم بۇيۇملىرىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا، بۈگۈن ئالدىڭغا يېڭىدىن - يېڭى مودا كىيىم - كېچەكلەرنى سايە قىلىپ كەلدى. ئەتە ئېھتىمال دوستلۇقنى قىيامىغا يەتكۈزگۈچى كاتتا قاتار چايلارنى پايە قەدىمىڭگە تەييار قىلار... سەن بۇنىڭ نەچچە بىرىگە ھە دەپ ئۈلگۈرىسەن؟ ئەلۋەتتە ھەممىگە ھە - ھۇ دەپ بولالمايسەن راھىلە، چۈنكى سېنىڭ يۈرىكىڭ ساپ مۇھەببەت ئۈچۈن، ئۆي ئۈچۈن، بالا ئۈچۈن كۆيگەن. سەن ياش يۈرىكىڭنى، سۆيگۈڭنى ئائىلەڭگە بەرگەن. شۇڭا گۈلشەن ئېيتقاندەك گۈل كەلتۈرۈپ ياسىنىشلار، سورۇنلاردىن ئوت چىقىرىشلارنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، ئۆز بەختىڭنى كۆڭۈل بەرگەن كىشىڭدىن، ئائىلەڭدىن، ئوماق باللىرىڭدىن ئىزدىدىڭ. مانا بۇ ئانا بولغان بىر ئايالدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل خىسلەت... گۈلشەندەكلەر ئېھتىمال كۆكسى بىلەن تېقىمى ئېچىلىپ تۇرىدىغان چاكىنا كىيىم - كېچەكلەردىن، ئارىلاش جىنسلىق سورۇنلاردا ئولتۇرۇپ پەيزى قىلىشلاردىن ھەتتا ئىسپىرتلىق ئېچىملىكلەرنى ئېچىۋېلىپ غىلجىڭلاشلاردىن بەختىنى ئىزدەيدىغاندۇ. بۇ خىل تۇرمۇشمۇ شۇ تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ماقۇل...

— ھارماڭ، قىزىم!

خىيال ئىچىدە ئۆيىگە يېقىنلاپ كەلگەن راھىلە ئۆزىگە سالام قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈدى ھەم ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قېيىنئاتىسى ئابباسخان بىلەن قېيىنئانىسى ئاغىچىخان





تۇراتتى.

راھىلە بۈگۈنمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرگەندەك ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. قېيىنئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ يۈز يېقىشتى. ئارائاۋاتتىكى ھەممەيلەننىڭ دېگۈدەك ئىسمىنى بىر - بىرلەپ تىلغا ئېلىپ تىنچ - ئامانلىقىنى سورىدى. ئۆز كۆڭلىدە گۈلشەننىڭ كەينىگە كىرىپ ھېلىقى ئالۋاستى ئۇۋۇسى بېگەن يەرگە كېتىپ قالمىغانلىقىغا خۇش بولدى.

— قېنى دادا، ئاپا، ئۆيگە كىرىڭلار، — راھىلە مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ كۆرپە سالدى. كەينىدىنلا ئابدۇراخمان بىلەن يېتىپ كەلگەن باللار بوۋىسى بىلەن مومىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. ئابدۇراخمانمۇ كۆڭۈل دېگىنىڭ ئاخىرى يۇيۇلۇپ كېتىدىغىنىنى ئويلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دادىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىۋېلىشقا سۆز ئاچتى.

نەچچە مىنۇت ئىچىدە ئوت يېقىلغان چۆيۈن مەش ئۆيگە ھارارەت بەردى. راھىلە پەرتۇقىنى تارتىپ قازان بېشىغا ئۆتتى. ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ دېرىزىگە قاراپ قويۇپ ئېيتار سۆيى تەلەپ قىلىۋ تقىنىنى ئاڭلاپ دەرھال داستىخان سالدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ كېلىشىنى بىلگەندەك بازاردىن ھېلىلا ئالغاچ كەلگەن قەھرىۋادەك ئاتۇش مۇناقى ئۈزۈمى، قىچا مېيى بىلەن ئوخشىتىپ يېپىلغان قاتلىما، راھىلەنىڭ ئۆز قولى بىلەن سالغان پېچىنە، باقالى، قات - قاتلىرى ئارقىلىق داستىخاننى مول قىلدى.

نەچچە ۋاقىتىن بېرى ئارىدا ھېچبىر كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندەك دادا... بالام... لاردىن سۆھبەتلەر باشلاندى. ۋۇجۇدى زور ئېيتىخارغا تولغان ئابدۇراخمان دادىسىنىڭ ئۇياندىن -

بۇياندىن گەپ سوراشلىرىغا مۇلايىم ئاھاڭدا جاۋاب بېرىۋېتىپ، كۆڭلىدە: «قانداق بەختىيار مىنۇتلار بۇ! بالا بولغۇچى ئۇچۇن ئۆيۈڭگە قەدىردان ئاتا ـ ئاناڭنىڭ مۇشۇنداق پەرىشتىدەك تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشىدىنمۇ كاتتا خۇشاللىق بارمىدۇ؟ بەلكىم يوقتۇر، بالا ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئارتۇقراق يەنە بىر خۇشاللىق بولماس، چۈنكى ئاتا بالا ئۇچۇن روھىي تۈۋرۈك، ئۇ ساڭا ھەر قاچان مۇشكۈللەر ئالدىدا يېڭىش ئىرادىسىنى بەخش ئېتىدۇ. ئانا سەن ئۇچۇن يۆلەك، ئۇنىڭ تىلىكى ھامان سېنىڭ بۈيۈكلۈكۈڭ ئۇچۇن قاناتلانغان بولىدۇ...» شۇنداق ئىشەنچلەر كۆڭلىدىن كەچكەن ئابدۇراخماننىڭ ئادىمىيلىك قەددى يەنىمۇ تىكلەنگەندەك بولدى. ئەمما ئۇنىڭدىكى بۇ روھىي تۇقلىنىش ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىدىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان پۇل ـ ۋەج، مال ـ دۇنيا تاماسىدىن پەيدا بولغان تۇيغۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ دەسلەپتە ئاز ـ تولا قىيىنچىلىق تارتقاندەك، تۇرمۇشتا قىسىلىۋاتقاندەك قىلغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تېخىمۇ ماسلىشىپ، تۇرمۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى تەڭشىۋالغان، قىيىنچىلىقنى يەڭگەن ئىدى.



تۆتىنچى ئېراغا سەپەر

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# ئون بىرىنچى باب

## 66

كەچكۈز، سوغۇق ئەدەپ قالغان كۈنلەر.

بىر كالاباش قارا پىكاپ بىلەن قوڭغۇز سىياق قىزىل پىكاپ بىر ـ بىرىنى قوغلاشقاندەك غۇيۇلداپ مېڭىپ قۇمئاۋاتقا كىرىپ كەلدى. بۇنداق قالتىس ماشىنىلارنى كەمدىنكەم كۆرۈپ باققان ياكى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئۇلار ئويۇنچۇقتا يۈگۈرگەن كىچىك بالىدەك ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ توپا ـ تۇمان ئىچىدە كەنت قورۇسىنىڭ ئالدىغا توپلاشتى.

— ھە... كېلىشىسىلە، سوۋۇتۇپ قويغىنى بار! — قاياقتىندۇر سوكۇلداپ كېلىپ ماشىنىلارنىڭ ئالدىغا ھازىر بولغان غوجىخان ماشىنىغا ئەگىشىپ كەلگەن شۇنچە كۆپ بىكار تەلەتلەرنى كۆرۈپ، تۇتۇق ئاسماندەك چىرايىنى تۈردى. خاماندىن قۇشقاچ قورۇغاندەك قولىنى ھەريان شىلتىپ، ئۇلارنى كېتىشكە شەرەت قىلغاچ، دىمىغىدا ئۇنلەپ خىرقىرىدى، — بىر ـ بىرىدىن بەك قىزىشىپ يۈگۈرۈشۈپ كەلگىنىنى... بىر كىم داش قازانغا ئۇماچ چېلىپ سادىغاتقا چىللاپتىمۇ ـ يا؟

كىشىلەر سېكرېتارنىڭ پەيلىنىڭ بۇزۇلغىنىنى كۆرۈپ،

كېلىۋاتقان ئىزىدا توختاپ قالدى ھەم بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە نەچچە قەدەم كەينىگە يېنىپ [illegible] قورۇق قالغان ئوۋچىلاردەك بوشىشىپ سالپىيىپ تۇرۇشتى.

كالاباش پىكاپتىن ئاۋۋال بىر باشلىق (قۇمئاۋاتلىقلار ئۇ كىشىنى پات ـ پات تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ قالاتتى)، ئاندىن قول سومكىسى كۆتۈرۈۋالغان ياشراق بىرى چۈشتى. كەينىدىكى توپىغا مىلىنىپ تۇرغان «قىزىل قوڭغۇز»دىن خورما رەڭ خۇرۇم چاپان كەيگەن قارا كۆزەينەكلىك بىرى چۈشۈپ يەرگە دەسسىدى ـ يۇ، پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدىرىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قارا كۇچۇكنىڭ تۇمشۇقىدەك پارقىراپ تۇرغان بەتىنكىسى قونچىغىچە توپىغا پاتقانلىقتىن، خۇددى دەسسىمەيدىغان بىر نەرسىگە دەسسەپ سالغاندەك چۆچۈپ، پىكاپنىڭ يېنىدىكى بوز توپىدىن داق يەرگە كۇچەپ ئاتلىدى.

— ھى... ھى... ھى ... — ئالدىدىكى كالاباش پىكاپتىن چۈشكەن جانابلار بىلەن پۈكلىنىپ تۇرۇپ ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ خانىم ـ ئايىملىرىنىڭ ساقلىقىنى سوراپ تۇرغان غوجىخان ئەمدى توپىدىن بىزار بولۇپ زارلىنىپ تۇرغان مېھماننىڭ ئالدىغا كەلدى ، — ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سەي لوبەن!

— ياخشى، ياخشى ، — خوجايىن قويۇق بۇرۇت بېسىپ تۇرغان ئاغزى ـ بۇرنىنى پۈرۈشتۈرگەنچە، ئۈستىبېشىنى ھېلىتتىن پوستەكچى سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويغان توپا ـ تۇماندىن زارلاشنى داۋاملاشتۇردى ، — قۇمئاۋاتنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدىمۇ سۇ ئورنىغا توپا ئاقىدىغان ئوخشىمامدۇ، سېكرېتار ئاكا؟

— سۇ ئورنىغا قۇم ئاقىدىغىنىمۇ راست. ئەممازە، بىز





قۇملۇقنى ماكان تۇتقان پاتمىچۇقتەك مۇشۇنداق كۆنۈپ قاپتىمىز ـ يا...

— تەبىئىتىمىزگە سىڭىپ كەتكەن، دەڭا!

— ئەمدى شۇ...

— ھەي، سىزنىزە... بۇنداق يۈرگىچە ئاۋۇ قاشقاقلارنى بىكار قويماي، كۈنىگە ئۈچ ۋاق يوللارغا سۇ چاچقىلى سالساق بولمامدۇ!

— ھە... سالىمىز، سالىمىز... لېكىن شۇ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىمىزدە سۇ دېگەن نەرسە يوق دېسە.

مېھمانلار كۆزىگە نېمە غەلىتە كۆرۈنسە شۇنىڭ گېپىنى قىلىشىپ كۈلۈشكىنىچە كەنت ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئادەتتە كەنتتە ياش چوكانلاردىن ئۆزگە ھېچكىمگە قاش ـ قاپىقىنى ئېچىپ قاراپ باقمايدىغان غوجىخان مېھمانلارنىڭ ئالدىدە كۈچۈكلىنىپ تۆت پۇتلۇق بولاي دەپ قالغان ئىدى.

بۇ يېڭىلىقلارغا قاراپ تۇرغان ھۈسىيناخۇن ئەمدى ئۆز ئەتراپىدا بولۇنۇۋاتقان گەپلەرگە قۇلاق سالدى:

— قۇملۇقتا بىر ئېچىۋاتقان خوجايىن ئاشۇ شۇمىش.

— قايسىسى؟

— كەينىدىكى «قىزىل قوڭغۇز»دىن چۈشكىنىچۇ!

— ياشلا يېتىمكەنغۇ تېخى.

— ياش بولغان بىلەن پۇلى جىقمىش .

— ئوھ... ئاشۇنىڭمۇ؟

— ھەئە.

— بىز تىنىم تاپماي ئىشلەپ بۇ يىلدىن ئۇ يىلغا ئېشىنالمايمىز، ئۇ ئاداش نەدىن تاپىدىغاندۇ شۇنچىلا پۇلنى؟!

— شەھەر سوراپتىكەن.

— مۇنداق دەيلى تېخى!

— ئەمىسە پۇلى بار ئادەم نېمە ئىش قىلىدۇ بۇ كوھىقاپتا توپا يەپ؟

— ساۋاب تاپقىلى كەپتۇ.

— مۇنە... ساقالنى گەدەنگە قويۇپ، قاڭشىرنى مورا قىلىۋالغان بىلەن خېلى ئىمان - ئېتىقادلىق بەندىمۇ دەيمەن، ئۇ؟!

— شۇنداق دەيدۇ، يوللىرىمىزغا قاراماي بېسىپ پارقىرىتىۋەتكىدەك.

— قۇمئاۋات بىلەن ئارائاۋاتنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۆستەڭگە سېمونت كۆۋرۈك سېلىپ بېرىمەن دەپتۇ.

— قۇمئاۋاتتىن شەھەرگە كىرا ئاپتوموبىلى سالىمەن دەپتۇ.

— كەمبەغەللەرگە باشپاناھ بولغىدەك.

— يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلىغىدەك.

— تۇل خوتۇنلارنىڭ ھالىغا يەتكىدەك.

— مەكتەپتىن تېزىپ كەتكەن بالىلارنى قايتا ئوقۇتقىدەك...

— ئاغرىقلارنىڭ...

— ھەي، ھەي توختاڭلار! — دېدى ھۇسىيناخۇن قىزىپ كەتكەن سۆھبەتنىڭ بېلىگە تېپىپ، — ئۇ لوبەن پۇلى جىق بولغان بىلەن ئۆزى جەينەكتەك بىر ئاداشكەن، شۇ ھالى بىلەن كەنتىمىزدىكى تۇل خوتۇنلارنىڭ نەچچە بىرسىنىڭ ھالىغا يېتىپ بولار؟

— تاڭەي، ئىشقىلىپ شۇنداق دەپتۇ.

— باشقا ئىشغۇ بىر نۆرى، لېكىن مۇشۇ تۇل خوتۇنلار-





نىڭ ئىشىغا كەلگەندە ھالىغا يېقىپ گەپ قىلماپتۇ، جۇما!

— كۆڭلىگىڭلار كېلىۋاتامدۇ، ھۇسىيناخۇن ئاداش؟

— غوجىخان سېكرېتار ماقۇل دېگەن يەردە، مېنىڭ نېمە كۆڭلىگىم كېلەتتى.

— ھا...ھا... ھا...

— ھو... ھو... ھو...

ھۇسىيناخۇننىڭ چاقچىقى بىلەن ھېلىقى باي خوجايىن توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنىڭ ئايىغى قالايمىقانلىشىپ، قىزىپ كېتىۋاتقان پاراڭ بۇزۇلۇپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن قۇمئاۋاتتا ھېلىقى خوجايىننىڭ كۈنلۈك مەدىكار ئالىدىغانلىقى، ئىش ھەققىنى قىلغان ئىشىغا قاراپ ئوبدان بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ تارقالدى. كۈزلۈك يىغىم - تېرىم ئىشلىرىدىن بىكار بولۇپ ئۈچ يولنىڭ دوقمۇشىدا لاغايلاپ قالغان كىشىلەر كۈنلۈك ئىشلەشكە قىزىقىپ قالدى. بولۇپمۇ كەنت، يېزا تەۋەسىدە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئەمگىكى ئۈچۈن بىركىمدىن سىنىت چاغلىق ھەق ئېلىپ باقمىغان بۇ كىشىلەر مانا ئەمدى قانچىلىك ئىشلىسە شۇنچىلىك ھەق ئالالايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق بىكارچىلىق ۋاقتىدا چىققىنىنى ئاڭلاپ ئىچىگە قۇرت كىرىۋالغاندەك بىر يەردە تۇرالماي قېلىشتى، بىرەر يېڭى ئىشقا دۈچ كەلگەندە، ئۆزى ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەي، قولۇم - قوشنىلىرىغا، تەڭتۇشلىرىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئادىتى بويىچە بىر - بىرىدىن ئۇ يەرگە بارىدىغان - بارمايدىغانلىقىنى، ئەگەر بارسا بىللە بېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، ئەھۋال تىڭ - تىڭلاپ، مەھەللە ئىچىگە كۆز - قۇلاق بولۇشۇپ يۈرۈشتى. ئەلۋەتتە، ھۇسىيناخۇنمۇ بۇ ئىشنىڭ ئالدى - كەينىنى

ئويلاۋاتاتتى. كۆيئوغۇل، كېلىنلەر، نەۋرە – چەۋرىلەر پات – پات يىغىلىشىپ تۇرىدىغان، قودا – باجىلار بېرىش – كېلىش قىلىشىپ تۇرىدىغان چوڭ ئۆيدە بارغانچە موھتاجلىق ئەدەپ قالغىنى ئۇچۇن دادىسىنىڭ كۆندىن – كۆنگە قىسىنچىلىق تارتىپ قېلىۋاتقىنىنى ئويلاپ قالغان ھۆسىناخۇن باشقىلار بىلەن كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە بېرىپ ئاز – تولا پۇل تېپىپ كېلىشكە قىزىقىپ قالدى. ئادەمنىڭ كۈچى ھالال، ئەمگەك قىلىپ، ئىشلەپ ياخشىراق كۈنگە ئېرىشمىگەن جاننى ئىتقا تاشلاپ بەرگىلى بولامدۇ! شۇڭا كۈچ – قۇۋۋىتىنىڭ يېتىشىچە مىدىرلاپ باققۇلۇق، تىرىشىپ باققۇلۇق. بىر يەردىن نان چىقمىسا، يەنە بىر يەردىن چىقىپ قالىدۇ. شۇڭا ھە قېنى، دېگەن ھامان كەتمىنىمنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقمامدىم...

ئۆيگە ئالدىراپ ماڭغان ھۆسىناخۇن مەھەللە تەرەپكە قايرىلاي دېگەندە، بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك تاققىدە توختىدى – دە، ئۇزۇن كىيىپ كەتكەنلىكتىن كونىراپ قارىداپ كەتكەن تەتۈر كۆن جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىنى كولىغاچ، مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى ئۇششاق – چۈششەك ساتىدىغان غالتەككە يېقىنلاشتى.

## 67

پىننەخان ئىچ – ئىچىدىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ قىزىغا ئاتاپ تىككەن ئىشتان، چاپىنى تەييار بولغان، ماموقتەك يۇمشاق كىيىم خۇددى تۇغۇلغۇسى قىزىدەك ھەم ئوماق ھەم چىرايلىق پۈتكەن ئىدى. قىزىل تاۋاردىن تىكىلگەن بۇ كى-





يىمگە چوڭ قېيىنئانىسى ھەمدىخان بىلەن شەرۋانەم ئاچىسىنىڭمۇ ئەجرى سىڭدى، ھەتتا شەرۋانەم ئاچىسى: «پىننەخان، قىزىڭ ساڭا ئوخشاش ئىسسىق چىراي ھەم تۈزۈك ئادەم بولىدۇ، شۇنداق بەدەن قىزىڭغا شەمبىزىدە كىيىم تىكسەڭ قانداق بولىدۇ» دەپ، ساندۇقىدىن مۇشۇ ئېسىل تاۋارنى ئېلىپ ھېلىقى سىدام شەبىزىگە ئالماشتۇرىۋەتتى، تېخى يىڭنە ئىشقا باشتىن بويى كۆز – قۇلاق بولدى.

قىزىمغا ھەنىپىخان دەپ ئات قويساق دادىسى نېمە دەركىن، دەپ ئويلىدى پىننەخان. ھەنىپىخان دېگەن ئىسىم قۇلىقىمغا بەك يېقىملىق ھەم مۇلايىم ئاڭلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ ئىسىم دادىسى تەرەپكىمۇ يېقىن بولىدىكەن، مەسىلەن، چوڭ مومىسىنىڭ ئىسمى ھەمدىخان، بوۋىسىنىڭ ئىسمى ھەسناخۇن، دادىسىنىڭ ئىسمى ھۆسىناخۇن... شۇنداق بولغاندىكىن، بالىنى دادىسىنىڭ جەمەتىدىكى چوڭ – كىچىك ھەممىسى ئىسىممۇ، ئۆزىمۇ بىزگە يېقىن بولدى دەپ، قولىدىن چۈشۈرمەي باقسا... ھەي...، شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ مەن قارىسام، كۆپىنچە چوڭ ئانا، چوڭ دادىلار قىزىنىڭ بالىسىغا ئامراق چىقىپ، ئوغلىنىڭ بالىسىغا ئانچە قىلىپ كەتمەيدىكەن. بۇ بەلكىم ئاتا – ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئۆز قىزىنى ئاجىز، بىقۇۋۇل، كىشىنىڭ ئۆيىدە بويۇن قىسقۇچى بىچارە ھېساپلاپ شۇنداق قىلغىنىمىكىن ياكى ئوغۇلغا قارىغاندا قىزىنىڭ بالىسى كۆيۈشلۈك بولامدىكىن... مېنىڭ قىزىمغا مۇشۇ ئۆيدىكى بوۋا – مومىلىرى كۆيمىسە، ماڭا بالا بېقىشىپ بەرگىدەك تۇغقانلىرىم يوق. ئانام كۈندىن – كۈنگە ئاجىزلاپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم ئازنىلاپ بارسام يالغۇزباش قىزىم، قېيىنئانىدىن كۆڭلى سۇ

ئىچمىگەن قىزىم... دەپ يىغلاپ بېرىدۇ. شۇڭا ئىلگىرىكىدەك كېلىن بولغانغا تويدۇم، قىينالدىم، قىسىلدىم دەپ ھال ئېيتالماي، قېيىنئانام ئۇنى قىلىپ بەردى، قېيىنئانام بۇنى قىلىپ بەردى... ئاق خۇش بولدۇم، كۆك خۇش بولدۇم دەپ يالغاندىن بولسىمۇ كۈلۈپ، كۆڭلىنى ياسايدىغان بولدۇم. ئويلاپ باقسام، ئۆزىنى ئەقىل ئىگىسى ساناپ يۈرگەن ئادەمگە نىسبەتەن ھەمىشە ئۆزىنى دەپ ئاتا - ئانىسىنى بىسەرەمجان قىلىپ يۈرۈش قىلچە ئاقىلانىلىق بولمايدىكەن. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئانامنى بىسەرەمجان قىلغاندىن كۆرە، خاپا بولساممۇ خۇش بولدۇم، دەپ ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈم خۇش ئېتىپ يۈرمىسەم...

— نېمەڭلا ئۇ، پىننەخان؟ — يەردىن گۇس - گۇس ئاۋاز چىقىرىپ چامدىغىنىچە ھۇجرىغا كىرىپ كەلگەن ھۇسىيناخۇن خوتۇنىنىڭ قولىدىكى كىيىمنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— ھەنىپىخاننىڭ كىيىم - كېچىكى.

— ھەنىپىخان ؟ — كۆزىگە چۈشۈۋالغان سالۋا تەلپىكىنى بېشىدىن ئېلىپ تۆر تامدىكى قوزۇققا ئېسىۋاتقان ھۇسىيناخۇن قېتىپ قالغاندەك ھەرىكەتتىن توختاپ قالدى ، — ھوي، كىمۇ ئۇ؟

— دەپ بەرمەيمەن ... — پىننەخان خۇددى بوۋاقنى قويىنىغا تىقىۋالغاندەك بالا كىيىمنى يېشىل تاۋار پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى.

— بۇگۇن نىم بولغاندۇ بۇنىڭغا ، — ھۇسىيناخۇن جۇۋىسىنى سېلىۋېتىپ پىننەخان بىلەن رەسمىي دېيىشمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ، — بۇگۇن گەپ - سۆزلىرىڭلار بەك سىرلىق - يا خوتۇن سىلىنىڭ؟





— ھە... قانداق ؟ — دېدى پىننەخان ئاۋازىغا تېخىمۇ سىرلىق تۇس بېرىپ.

— ۋاي قانداق قىلارمەن ... — دېدى ھۇسىيناخۇنمۇ كۆڭلى يېرىم بولغان قىياپەتتە خوتۇنىنىڭ كومېدىيىسىگە ماسلىشىپ، — بۈگۈن ھۇجرىمىزدا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي قۇنىقىم قۇشناچىمنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ كېچىچە يۇمۇلماي چىقىدىغان بولدى!

— بىسەرەمجان بولمىغايلا ئاخۇنۇم ، — دېدى پىننەخان «ئاخۇنۇم» نىڭ كۆڭۈل يېرىمچىلىقىغا چىدىمىغاندەك ئۇنىڭغا ئېگىلىپ ، — قۇشناچلىرى گەپنىڭ ئات - ئۇچۇرىنى چىقىرىپ قويۇپ ئايىغىنى دېمىگىلى قانداق چىدىسۇن؟

— ئەمىسە پېنىرنى تەقەززا قىلماي چاققان ئېيتقايلا... ھەنىپىخان قايسى باغنىڭ پەرىسىكىن ؟ — ئېرى خوتۇنىدىن بەكرەك يۇمۇرلۇق بولۇپ كەتتى. ئۇلار بۇنداق ئويۇننى تېلېۋىزوردىن ئۆگىنىۋالغان ئىدى.

— ئېيتمىسام بولمامدۇ؟

— زادىلا بولماس.

— ئۇنداقتا سۆيۈنچىلىرى تەييارمىكىن؟

— ھە.. سۆ-سۆيۈنچە ؟ — ھۇسىيناخۇن بىر ئاز دۇدۇقلاپ قالدى ۋە تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ ئاسقۇدىن جۇۋىسىنى ئالدى. قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ كۆرۈپ جاۋاب بەردى ، — سۆيۈنچەم تەيياركەن قۇشناچىم، سىلىنىڭ بۇرۇنلىرىنىڭ سەزگۈسى نېمە دېگەن يامان، جۇۋىنىڭ يانچۇقىدىكىنىمۇ تېپىۋالدى مانىكا!

— قېنى؟

— ئاۋۋال سىرنى ئېيتسىلا!

— ياق، سۆيۈنچىنى چىقارسىلا!

— ياق.

— ياق.

«ئاخۇنۇم» ئاخىرى «قۇشناچىم»نىڭ رايىغا باقتى ھەم يالتىراق خالتىدىكى ئىككى چوكا نەرسىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى:

— كەلسىلە... مانا سۆيۈنچە.

— ھۇي، كۈنجۈت ماتىڭى؟!

— شۇنداق قۇشناچىم، ئۆزلىرى بۇنىڭغا سېزىكقۇ دەيمەن؟

— ھەشقاللا، ھەمىشە كۆڭلۈمدىكىنى تاپىلا ئاخۇنۇم! — ئېرىنىڭ قولىدىكى سۆيۈنچىنى ئىتتىك ئالغان پىننەخان ئېچىرقاپ كەتكەندەك ماتاڭنى كارسىلدىتىپ چايناشقا باشلىدى. ئۇ كۈنجۈت ماتىڭىغا سېزىك بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا بەكلا تېتىيدىغان بۇ ئامراق نەرسىسى سوغۇق ئۆيدە ئېرىپ يۇمشاپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئىدى.

— قېنى قۇشناچىم، ئاشنى كۆرگەندە ئىمان قاچمىغاي...

ئېرىنىڭ ئاش، ئىمان دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغان پىننەخان بىردىنلا ئاغزىنى تۇتۇپ توۋلاپ سالدى:

— ۋىيەي... ۋۇي ئۇۋال تەگكۈر!

— نىم بولدى؟ — ھۇسىيناخۇنمۇ چۆچۈپ كەتتى.

— تۇتقان روزامنى سۇندۇردۇڭ مانا، گاچا!

— ھە؟! ۋاي ئېسىت... مېنىڭمۇ ئېسىمدىن چىقىپتۇ، خوتۇن!

— مانا خوپ بولدىمۇ ئەمدى...

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن گويا ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بىردەم سۈكۈتتە تۇردى. كېيىن ھۇسىيناخۇن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ:





— نىيەت قىلمۇۋېتىڭ، چاققان نىيەت قىلىۋېتىڭ! — دېدى. پىننەخان بۇ گەپ بىلەن ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ھە... ئەمدى بولدى. قەستەن قىلمىغاندىكىن.

— قەستەن قىلمىغان بىلەن ھامىنى يامان بولىدۇ، — دېدى پىننەخان تېخىچە بىسەرەمجان بولۇپ.

— بولدى، كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار.

— ئەمىسە گۇناھى بولسا ئۆزىڭىزگە...

— مەيلى خوتۇن، سىلىگە كېلىدىغان ھەرقانداق يامان ئىشنىمۇ مەن كۆتۈرۈشكە رازى! — ھۇسىيناخۇن خوتۇنىغا ۋەدە بېرىۋاتقاندەك بىردەم ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇردى. كېيىن بىردىنلا بايىقى يۇمۇرلۇق ھېسسىياتىغا قايتىپ ئۆتۈنگەن قىياپەتتە سورىدى، — قېنى قۇشناچىم، ھەنىپىخاننىڭ كىملىكىنى پېقىرغا ئېيتىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغايلا؟

— ئۇنتۇپ قالامدىغان، ئاخۇنۇم، — دېدى پىننەخانمۇ بايىقى ھالىتىگە قايتىپ، — ئۇ بىزنىڭ بولغۇسى ئەزىز مېھمىنىمىز تۇرسا.

— قېنى، خوش؟...

— ھەنىپىخان بىزنىڭ قىزىمىز، ئاخۇنۇم.

— قىزىمىز؟! — ھۇسىيناخۇننىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭەيگەنچە ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قاراپ چىقىشقا ئۈلگۈردى،

— قېنى ئۇ كۆيۈشلۈك؟

— مانا ئاخۇنۇم، پىننەخان چاپىنىنىڭ ئىككى پېشىنى ئۆرۈپ كەڭ قارا نىلۇن كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قورسىقىنى چىقاردى.

— ھۇي، بۇ... بۇ ؟ — ھۇسىناخۇن ئالدىغا ئىككى قەدەم چامداپ، خوتۇننىڭ كۆرۈنەرلىك يوغىناپ تۇرغان قورسىقىغا سەپ سالدى.

— نېمە دەمدەدەك بۇ... بۇ... گۇ... قىلىلا ئاخۇنۇم، يېقىنراق كېلىپ قۇلاقلىرىنى يېقىپ تىڭشاپ باقسىلا، قىزلىرى يېقىنىنڭياقى دادام، دادام دەپ غەلۋە قىلىپ تېپچەكلەپ ماڭا ئارام بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— ھە... مەن تېخى نېمە دەيدىغاندۇ، دەيمەن. سىلە ھېلىتىن ئۇنىڭغا ئات قويۇۋالدىڭلار؟

— قويغاچ تۇردۇم.

— كىيىم - كېچەكمۇ تىكىپ بولدۇڭلار؟

— تىكىۋالدىم.

— ئۇ... ئۇنىڭ قىز ياكى ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ... بالا تۇغۇلغاندا ئويلىغىنىڭلارنىڭ ئەكسىنچىسى بولۇپ قالسا، قىلغان ئەجرىڭلار بىزەپ بولۇپ كەتمەمدۇ؟

— ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان، كۆڭلۈم خۇش بولغان ئىشنى قىلغاچ تۇردۇم.

— بىچارە خوتۇن ، — ھۇسىناخۇن خوتۇننىڭ جاپاكەشلىكىگە ئىچ ئاغرىتقاندەك ئۇنىڭ بىر ئاز يەل كېلىپ قالغاندەك تۇرغان قوللىرىنى تۇتتى. مۇزلاپ كەتكەن بۇ قوللار ناھايىتى ئاجىز بىلىنەتتى ، — يېنىڭلار يەر يىلدىماي جاپا تارتىقچە، ئارام ئالغان بولساڭلارمۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار ئىدى، خوتۇن.

— تۇغۇپ ياتسام ئاجىزلاپ كېتىمەن، شۇڭا مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا قىلىۋالاي دېدىم. يەنە تېخى بىر مېتىر دۇخاۋا تاپالىغان بولسام بالا كۆرپىسى تىكمەكچىدىم... قانداق ئوبدان قىپتىمەنمۇ؟





— ئوبدان قىپسىلەر.

— قىزىمىزغا ئويلاپ قويغان ئىسمىچۇ؟

— ئۇمۇ بولۇپتۇ.

— سەت كېلىپ قالماس؟

— ياق، بىزنىڭ ئىسمىمىزغا يېقىن، يېقىشلىق ئىسمىكەن.

— ئەمىسە ئۆزۈمنىڭ ئارزۇيۇمغا يېقىپ قىز تۇغساممۇ، ئوغۇل تۇغۇپ بەرمىدى، دەپ ماڭا سىڭايان قاراپ قالمايدىغان ئوخشايسىلە؟

— خۇدايىمنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر دەيمەن، قىز بولسا سىلە بىلەن تەڭ خۇش بولىمەن... چوڭئانام خۇدايىم قىز بالىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۇنىڭ مېھرىنى دادىسىغا سالارمىش دەيدۇ. ئاڭلىسام، قىز بالا دېگەن ئانىسىدىنمۇ بەكرەك دادىسىغا ئامراق بولارمىش. يەنە بىر راۋىدىن قارىسام، قىز بولسا ئەتىگىنى - ئاخشىمى سىلىگە ھەمراھ بولىدىكەن، ئاغرىپ قالساڭلار يېنىڭلاردىن مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ ئاش ئېتىپ بېرىپ باقىدىغان گەپكەن...

— ئېھ... ئېھ... ئېھ...ئېھ...ھى ... — ئېرىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ پىننەخاننىڭ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلدى ھەم ئۈن سېلىپ يىغلاپ سالدى. كۆزلىرىدىن مارجاندەك تۆكۈلگەن ياشلار ئېرىنىڭ جىلىتكىسىنى ھۆل قىلدى.

— مېنىڭ بۇ دۇنيادا سىزدىن باشقا كۆڭلۈم خۇش بولىدىغان ھېچكىمىم يوق، ھۇسىناخۇن ! — ئېرىگە ئېسىلىپ يىغلاۋاتقان پىننەخان غەم - ئەندىشە ئارىلىشىپ كەتكەن كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئۇنىڭغا ئىزھار قىلدى ، — ئانام ئاجىزلاپ

قالدى، تاغا ـ تۇغقانلىرىمنىڭ ئۆزىنىڭ هالى ئۆزىگە ياماق بولالمايدۇ. شۇڭا مېنى هەرگىز تاشلىۋېتىپ قالماڭ. تۇغۇپ ياتقان ۋاقتىمدا كۇندە كۇنۇشۇپ مېنى هەم قىزىڭىزنى يوقلاپ قويۇڭ. لېكىن يېنىمدا پۇل يوق، قولۇم قۇرۇق دەپ خىجالەتچىلىك تارتىپ قالماڭ. مەن سىزنىڭ مۇلايىم كۆزلىرىڭىزدە ماڭا تىكىلىپ قارىغىنىڭىزنى كۆرسەم، مۇشۇنداق ئادەمگە تەسەللى بېرىدىغان ياخشى گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىساملا بولدى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، — دېدى هۇسىيناخۇن يېشىل تاۋار بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن خوتۇنىنىڭ كۆزياشلىرىنى سۇرتۇپ، — سىز يىغلىسىڭىز قىزىمىز هەنىپىخانمۇ يىغلاپ قالارمىكىن دەيمەن.

— ۋۇي ئوۋانىڭ كۆزى... يىغلىماي ئەمىسە ، — پىننەخان دەرهال يىغىدىن توختىدى. بالىدىن ئەنسىرىگەندەك قورسىقىنى سىلاپ قويدى ، — ئۆتكەندە ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ غەلۋەسىنى قىلىپ بېشىڭىزنى ئاغرىتىپتىكەنمەن. ئۇنى ئاز دەپ ئاغزىمغا كەلگەننى دەپ سىزنى تىللاپ يامانلىۋاپتىكەنمەن. هازىر ئۇ ئىشلارنى ئويلىسام شۇنداق خىجىل بولۇپ كېتىمەن. ئەمدى هەرگىز ئۇنداق كىچىك بالىنىڭ قىلىقىنى قىلمايمەن. شۇڭا مەندىن خاپا بولغان، كۆڭلىڭىز ئاغرىغان يەرلىرىڭىز بولسا يۇرىكىڭىزدىن چىقىرىۋېتەرسىز. بۇندىن كېيىن بەرگەنىڭىزنى يەيمەن، ئېلىپ بەرگىنىڭىزنى كىيىمەن. تۇغۇتۇمنى مۇبارەكلەڭ دەپ ئارتۇق شەرتمۇ قويمايمەن. پەقەت ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى خارلاپ قويمىسىڭىزلا بولدى.

— نېمىلەرنى دەپ يۇرۇيدىغانسىز، خوتۇن ، — دېدى هۇسىيناخۇن ئۇنىڭ مەڭزىنى بوش چىمداپ، — مەن يوقسىزلىقتا سىزنىڭ هالىڭىزدىن تۇزۇك خەۋەر ئالالمىغان بولسام-





مۇ، هەرگىز ئۇجما كۆڭۈل ئەركەكلەردىن ئەمەس. خەۋىرىڭىز بار، بۇ يىل ئائىلە ئەهۋالىمىزنى بۇلتۇرقىدىن ياخشىراق بولارمىكىن دېسەم ئېتىزدىن چىققان پاختا تۇزۇك ئاۋۇماي يەنە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئەتىيازدىن ئالغان تىرىقچىلىق قەرزىنى ئۇلاغ ـ ئىلمەكنى سېتىپ دېگەندەك ئاران تۆلەپ تۇگەتتۇق. ئەمدى قىشنىڭ بىكارچىلىقىدا مەدىكار ئىشلەپ بولسىمۇ پۇل تاپايمىكىن دەيمەن. شۇنداق قىلىپ قولۇم ئاز ـ تولا پۇل كۆرسە ئالتۇن زىرىڭىزنى شەهەرگە ئەكىرىپ ياسىتىپ بېرىمەن. يەنە... يەنە قىشنىڭ يامان سوغۇقىدا ئۇچىڭىزغا دالدا بولغىدەك بىر سوكنو پەلتو تىككۇزۇپ بەرسەم دەيمەن.

— بولدى ئاۋارە بولماڭا ، — دېدى پىننەخان، — مۇشۇ كەمدە ئالتۇن، كىيىم ـ كېچەك دېگەنلەرگە ئانچە ئېتىبارىمۇ قالمىدى. قىش كىرىپ كېلىۋاتىدۇ، سوغۇقتا پۇلغا ئىشلەيمەن دېمىسىڭىز بولامدىكىن...

— پەيتنى كەتكۈزسەم بولماس. بۇگۈن كەنتكە چوڭ باشلىقلار بىلەن كاتتا بىر باي كەلدى... ئۇ باينىڭ چىقىۋالغان ماشىنىسىنى كۆرسىڭىز هاي... هاي...

— قانداقكەن؟

— دەپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۇ باي بىز يازدىن ئۇكام يۇسۇپنى تېپىپ كەلگەن هېلىقى ئورمانلىقتا يەر ئاچارمىش. هازىر شۇ يەردە ئىشلەشكە مەدىكار ئالىدىغان گەپ بار.

— مۇشۇنداق سوغۇقتىمۇ؟

— هەئە، هازىر ئۇيەردە تراكتورلار يەر ئېچىۋاتقانمىش. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېچىلغان يەرنىڭ قىر ـ تىرگەنلىرىنى سوقۇپ قىشلىق ئوسا قىلىدىغان گەپكەن. ئەتىيازلىققا ئوسىسى

كېلىشكەن يەرنى ئاغدۇرۇپلا كېۋەز تېرىغىدەك.

— ھۇي، ئۇ يەرنى ئادەم ئايىغى تەگمىگەن دېيىشىۋاتاتتى؟...

— ئادەم يامانكەن، خوتۇن... ئاڭلىسام ئاسماندىكى ئايخاندىمۇ ئادەم بار دەيدىغۇ!

پىننەخان قانداق بولسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەندەك بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن تەشۋىشلەنگەندەك ھۇسىيناخۇننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى:

— ئۇ يەرگە بارمامسىزكىن، بولمىسا... ئۇ قۇملۇقتا جاننى سىلىپ بەرگەنگە تۇشلۇق ئىش پۈتەرمۇ! ئۇ يەردە سىزگە كىم ئاش ئېتىپ بېرىدۇ، تاھارىتىڭىزگە كىم سۇ ئىسسىتىپ بېرىدۇ...

— باشقىلار قانداق قىلسا، مەنمۇ شۇنداق قىلمايمەنمۇ... كۇنلۇكى نەچچە پۇل بېرىدۇ، پۇلى نەقمۇ - نېسىيمۇ، شۇ چاغدا بىر گەپ بولمامدۇ.

— ئىختىيارىڭىز ئەمىسە.

ئارىنى بىردەم جىمجىتلىق باستى، كېيىن ھۇسىيناخۇن ھېرىپ قالغاندەك راسا بىر كېرىلىۋالدى - دە، قوزۇقتىكى تەلپىكىنى ئالدى:

— جۇرۇڭلار ئاۋۇ دادام، ئانىملار بار ئۆيگە چىقىپ بىرئاز ئوت ئىسسىنايلى.

— توڭدىڭىزمۇ؟

— توڭدۇم. سىلىمۇ قىش كېچىسى تالادا قالغان مۇشۇكتەك مۇزلاپ قاپسىلىغۇ؟

— مەن ھېچ توڭغاندەك ئەمەس، سىز كىرىپ ھۇجرىمىز ئىسسىپ كەتتى.





— راستمۇ؟

— راست!

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرەشتى.

## 68

— سەپپەڭ!

— سەپپەڭ!

ئازنا مەسچىتنىڭ پەشتىقىدىن ئاڭلانغان سەپپەڭ (جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا ھېيت نامىزى ئوقۇلۇشتىن ئاۋۋال كىشىلەرنى ھېيت نامىزىغا چاقىرىش ھەمدە كىشىلەرگە ھېيت كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دىنىي ئۆلىمالار شۇنداق دەپ توۋلايدۇ — مۇھەررىرىدىن) قۇمئاۋاتقا ھېيت خۇشاللىقىنى ئېلىپ كەلدى. ھېيتلىق كىيىملىرىنى كەيگەن كىشىلەر مەھەللە - مەھەللىلەردىن مەسچىت ئالدىغا قاراپ ئاقتى. قۇمئاۋاتتا مەرقانداق شارائىتتا قىز - ئاياللار مەسچىت دەرۋازىسىغا يېقىن يولىمايتتى، شۇڭا چوڭلارنىڭ ئاغزىدىن ھېيت پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ھەر دائىم ھېيت قاچان كېلىدۇ، دەپ سوراشنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بالىلار دادىسىنى، ئاكىلىرىنى ئالدىراتقانچە مەسچىت ئالدىغا يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى.

ھەسەن خالۋاپ كونا بولسىمۇ ئۆزىگە يارىشىدىغان قاما جىيەكلىك سەرپۇش تۇمىقى بىلەن قارا چىبەرقۇت تونىنى كىيىپ، بېلىنى كۆك تاۋار پوتا بىلەن باغلاپ مەسچىتكە قاراپ ماڭدى. ھېيت ساداسى چاقىرىقىنى ئاڭلىغاندا بىر ئورنىدا چىپپىدە توختاپ تەكبىر ئېيتتى. ئۇ ئىلگىرىكى ھېيتلاردا

ئوغۇللىرىنى كەينىگە سېلىپ ئەھلى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىلىرىنى سۆزلىگەچ مەسچىتكە كېلەتتى. بۈگۈن بىر ئۆزى يالغۇزلا، ھېچبىر پۇشتى يوقتەك يېگانە ماڭدى. سەۋەب — يۇنۇس خوتۇن - باللىرىدىن تانغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئۇچرىغانلا يەردە نەسىھەت قىلىشىدىن قېچىپ كۆرۈنمەس بولۇۋالدى. ئۇ بىر دادىسىدىنلا ئەمەس، پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، پۈتۈن قۇمئاۋاتلىقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى، بېشىغا سەۋدا چۈشكەن بۇ بىچارە ئاشىق، چاشقان تامنىڭ كەينىدە ئۇۋا تۇتقاندەك، ئۆيىنىڭ كەينىدىن ئىشىك ئېچىپ قازناقنى ئۆي قىلىپ ئولتۇرغاندىن بېرى قۇمئاۋاتتىكى ھەممە كۆزلەرنىڭ، ھەممە ئېغىزلارنىڭ مەسخىرىسىگە، مازاق ئوبيېكتىغا ئايلانغان ئىدى. دېمىسىمۇ قۇمئاۋاتتا خوتۇنغا ئۆي بىكارلاپ بېرىپ ئۆزى يامانلاپ چىقىدىغان نوچىنىڭ تۇنجىسى ئاشۇ يۇنۇس بولۇپ قالدى...

ھەسەن خالۋاپ بارغانچە ئۇزارتىپ قويۇۋالغان ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ ھۇسىيناخۇننى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ بالا ئۆتكەن ھەپتە مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن ھېيتلىق پۇل تاپىمەن دەپ چىقىپ كەتكەنچە ئۆزىمۇ يوق، خەۋىرىمۇ يوق. ئاي - كۈنى يېقىنلاپ قالغان ئاغىچىسى پىننەخان ئۇنىڭ يولىغا قاراپ بوينىنى قىسقانچە ئىشىك ئالدىدا قالدى.

مەسچىت ئالدى ئاجايىپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. يۇرت ئىچىدىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەر پاكار قوش مۇنارلىق مەسچىت دەرۋازىسى ئالدىغا، يول بويلىرىغا يايما ئېچىپ قەنت - گېزەك، پېچىنە - پىرەنىكلەرنى دۆۋىلىۋەتكەن ئىدى. ئانچە - مۇنچە قاسساپلىقتا قولى كېلىدىغان ئىككى - ئۈچەيلەن يول بويىدىكى سۆۋادان تېرەكلەرگە ئىسكەنجە مىخلاپ كانارا ياساپ،





ئېغىلىدا سەمرىپ قالغان توپاق، قوچقارلارنى سويۇپ ئېسىپ ئۆلگۈرگەن ئىدى. بەزى يايمىلاردا ئويۇنچۇق ماشىنا، تاپانچا، قونچاق، شار، غۇززەك دېگەندەك باللارنىڭ كۆڭلى ئەرمىكىمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. قىشمۇ ياز مەكتەپ ئالدىدا غالتەكنى توختىتىۋېلىپ، باللار ئۆيىدىن كۆتۈرۈپ كەلگەن تۇخۇمغا لەڭپۇڭ تېگىشىپ بېرىدىغان سانىيخانمۇ غالتىكىنى بۈگۈن مۇشۇ يەرگە سۆرەپ، كەلگەن بولۇپ، بىر مۇنچە باللار ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ لەڭپۇڭغا دۈم چۈشكەن ئىدى. بۇ قاينام - تاشقىنلىقتا بىر پەس قاراپ تۇرغان ھەسەن خالۋاپنىڭ كۆزلىرى نەۋرىلىرىنى ئىزدەپ، تۇخۇمچىلارنىڭ ئالدىدا كالپۇكىنى قىپقىزىل بويىغانچە تۇخۇم چېكىشتۇرۇۋاتقان، گازىر - پۇرچاق چېقىشىۋاتقان باللارغا بىرمۇ بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. لېكىن شۇنچە كۆپ باللارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ نەۋرىلىرى ياسىن، روشەنلەر كۆزگە چېلىقمايتتى. ھەي بىچارىلەر ھەي... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ھەسەن خالۋاپ ئېغىر تىنىپ، مەن داداڭلارنى ئوغۇل بالا باقتىم دەپ ئاغزىمنى تاتلىق ئېتىپ يۈرۈپتىمەن، تېخى...

ھەسەن خالۋاپ ھېيت نامىزى ئوقۇپ جامائەت بىلەن قىستىلىشىپ دېگۈدەك مەسچىتتىن چىققاندا، قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. قارىغاندا ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى تۇتۇلۇپ تۇرغان ئاسماننىڭ ئاخىرى تولغىقى تۇتقاندەك ئىدى. كىشىنىڭ غولىنى قورۇپ تۇرغان سوغۇقتا كۆپىنچە كىشىلەر ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنى يوقلاشقا ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن باللار، ياشلار يەنىلا مەسچىت ئالدىنى ئاۋات قىلىپ بازار قىزىتماقتا ئىدى. بۇ يەردە ئەمدى تاكى نامازشام قاراڭغۇسىغا قەدەر بازار بولاتتى. باللىرىنىڭ قاتىلاڭچىلىقلىرى تۆپىلى كۆڭلى غەش

تۇرغان ئاتا خىيال سۈرۈپ بىر پەس قاراپ تۇردى. كېيىن سانىيخانىنىڭ غالتىكىنىڭ يېنىدىكى يايمىغا بېرىپ، پارچە پۇلغا بىر ئوچۇم تاتلىق - تۈرۈم ئالدى، ئاندىن ئۇنى ئەتىگەن ئايالى نازىلخان ھېيتنىڭ قۇت - نىشانى دەپ يانچۇقىغا سېلىپ قويغان بەش - ئالتە پىششىق تۇخۇم بىلەن بىر قىلىپ قولىياغلىقىغا چەگدى - دە، نەۋرىلىرىنى خىيال قىلغانچە مەسچىت ئالدىدىن ياندى.

سوغۇق ئۆيدە يوتقانغا چۈمكىنىپ ياتقان روزىگۈل قېيىنئاتىسىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى ھەم تەستە ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. ئېرى ھايات تۇرۇپ، بېشىغا تۇللۇق يەتكەن كېلىنىنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، قاش - قاپىقىغا يەل كېلىپ قالغان ئىدى. ھەسەن خالۋاپ پاتىھەدىن كېيىن كېلىنىنىڭ، نەۋرىلىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلىدى، ئانىسىنىڭ بېشىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان نەۋرىلىرىگە ھېيتلىق بەردى. ئاندىن يەنە كېلىنىگە بۇرۇلۇپ ئەھۋال سورىدى:

— ساقسىز بولۇپ قاپلىمۇ، بالام؟

روزىگۈل جاۋاب ئورنىغا يىغا تۆكتى. قارىغاندا، ئۇنىڭ كېسىلىدىن كۆرە كۆڭۈل يارىسى ئېغىردەك تۇراتتى. كۆز ئالدىدىكى رېئاللىققا ئېچىنغان ئاتىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىيەلمىگەنلىكىنى، بولۇپمۇ يۇنۇس ئادىمىلىك يولىدىن چىقىپ چۆچۈردەك ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلىمەن دەۋاتقاندا، ئاشۇ نائەھلىگە شۇنچە گەپ قىلىپمۇ گەپ ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ ئاچچىق، تەئەججۇپتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى. كىچىكىدىن مەيلىگە قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتسام، تىنماي تەربىيە بەرگەن بولسام مۇشۇ قىسمەت يۈز بەرمەيتتى، دەپ ئۆز - ئۆزىنى ئە-





يىبلەپ قالدى. ئاتا ئەنە شۇنداق ئىزتىراپلىق خىياللار ئىلكىدە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. كېيىن كېلىنىگە ئايەم كۈنلىرىدە تولا ھەسرەت چەكمەسلىكنى، ئىمكان بار كۆڭلىنى خۇشال - خورام تۇتۇشنى ئېيتتى ھەم بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ ئەتىگەندە چوڭ ئۆيگە يىغىلىدىغانلىقى، روزىگۈلنىڭ ئورنىدىن تۇرغىدەك ماغدۇرى بولسىلا بالىلارنى ئېلىپ شۇ ئۆيگە چىقىشىنى تاپىلاپ قويۇپ ئورنىدىن قوزغالدى.

ھېيت پەتىسى ئاستا - ئاستا قىزىغىلى تۇردى. پەتە ئەلۋەتتە ھەسەن خالۋاپنىڭ ئېيتقىنىدەك كىچىكلەرنىڭ چوڭلارنى يوقلىشى، ھېيتنى قۇتلۇقلىشى بىلەن باشلىناتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، خۇددى بىر كىم مەخسۇس تۈزۈم تۈزۈپ ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قويغاندەك بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ چوڭ ئۆيگە، ھەمىدىخان مومايىنىڭ ھۇزۇرىغا جەم بولدى. قىش ئەتىگىنىدىكى ئوچاقنىڭ ئۇلۇغ ئوتىدەك كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان موماي مېھمانلىق ئۆينى ئاۋات قىلغان بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پېشانىسىگە بىرمۇ بىر سۆيۈپ چىقتى ھەم جەددى - جەمەتى بىلەن مۇشۇ ھېيتنى بىللە ئۆتكۈزۈشكە نېسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر - سانالار ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە سۇنغان ھېيتلىقىغا رەھمەتلەر ئېيتىپ، بەخت - سائادىتىنىڭ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن دۇئالار قىلدى. موماي يەنە مۇشۇنداق ئۇلۇغ ھېيتتا ئۆيگە كېلەلمەي يىراق - يېقىندا بويۇن قىسىپ يۈرگەن نەۋرىلىرى يۈسۈپ بىلەن ھۆسىيناخۇننى تىلغا ئېلىپ كۆز يېشى قىلدى. بۇرۇندىنلا ئامراق چوڭ نەۋرىسى يۇنۇس يادىغا يەتمىدىمۇ ياكى يادىغا يەتسىمۇ ئۇنىڭغا نەپرىتى بارمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئېلىپ

قويمىدى. شەرۋانەم بولسا قازىنىنى تېزرەك قايىنىتىش، مېھمانلارغا داستىخان سېلىش بىلەن پايپېتەك ئىدى...

شۇنداق پەيتتە، بىر ئەزىز مېھمان «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغان ھەممەيلەن ئاغزىدا يەل - يېمىش، ساڭزا - مەزە چاينىلىۋاتقان بىر ھالدا كىرگۈچىگە قاراپ قېتىپ قالدى. مېھمانغا قارىتا ھەممىدىن بۇرۇن ئىنكاس پەيدا بولغان ھەسەن خالۋاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ كىشىگە ئۆزىنى ئاتتى:

— ھارماڭ ئۇكام!!

— ھارماڭ بالام!

— ھارماڭ ئاكا!

— ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن مېھمانغا ئېسىلدى. ئۇ كىشىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى بولسىمۇ تۇتۇۋېلىش، ھال - ئەھۋال سوراش ئۈچۈن ئىنتىلدى...

ئاجايىپ ئىش، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر كېچىدىلا يۇرتتىن غايىب بولۇپ كەتكەن ھەمزىخاننى مۇشۇنداق ئاسماندىن چۈشكەندەك خالۋاپ جەمەتىنىڭ ئالدىدا قايتا پەيدا بولۇپ قالىدۇ، دەپ كىممۇ ئويلىغان؟!

ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن يىغا - زارە قىلىشىۋاتقىنى ھەسەن خالۋاپنىڭ جان - جىگەر ئىنىسى ھەمزىخان ئىدى!

## 69

قوڭغۇز پىكاپلىق خوجايىن قۇملۇقتىكى ئورمانغا يېڭىئاۋات، دەپ چىرايلىق ئىسىم قويغان ئىدى.





يېڭىئاۋات قىبا - چىيانىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندى. پۇل تېپىش ئىستىكىدە يۇرتتىكى بالىلارغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئاق كۆڭۈل، ساددا ھۇسىيناخۇن شۇنى كۆردىكى، كەچكۈزدە يالىڭاچلانغان ئورماندا گۈركىرەپ تۇرغان تراكتورلار ئورمانلار، چاتقاللارنى تۇپراق بىلەن قوشۇپ تۇرتۇپ ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋاتاتتى. مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئىشلەمچىلەر ئۆرۈلگەن، ھەرىدەلگەن دەل - دەرەخلەرنى كەسلەپ - توغراپ بىر تەرەپ قىلىۋاتاتتى... ھۇسىيناخۇن دەسلەپ كەلگەن كۈنى كۆز ئالدىدىكى قىيامەتنىڭ ئۇۋىسىغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قالدى. ھەم بۇ يەرنىڭ نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى گۈزەل ئورمان شۇ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي قالدى. يۇسۇپ بۇ ئورمان ھەققىدە ئاجايىپ گەپلەرنى قىلغان، قانداقتۇر بىر ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئارمانلارنى كۆڭلىدە پۈككەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە كېلىپ بۇ يەرنى كۆرسە قانداق ھېسسىياتتا بولاركىن؟ ئېھتىمال ئورمانغا قاراپ ئولتۇرۇپ مۇلايىم قوي كۆزلىرىدىن ياش تۆكەر، يەنە قۇدىلارنىڭ ھېلىقى قىزى بىلەن قولىدىكى قېلىن خەنزۇچە كىتابقا، بوۋاقنىڭ كۆرپىسىدەك ئەگرى - بۈگرى سىزىقلىق ھېلىقى خەرىتە دەۋالغان تاختا قەغەزگە قاراپ بىر نېمىلەرنى دېيىشەر...

ھۇسىيناخۇن ۋەيران قىلىنغان ئورمان ھەم يىراقتىكى ئىنىسىنى خىيال قىلغاچ، بۇ يەردە ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ ئىشلەۋاتقان مەدىكارلارغا قېتىلىپ كەتتى. ئۇ تراكتوردا تۈزلەنگەن يەردە قىر سوقۇپ كۈنىگە 15 سومدىن نەق پۇل تاپتى. 15 سوم... ۋاھ، نېمە دېگەن بەلەن پۇل بۇ! ھەم جىق ھەم نەق. ئۆزۈڭنىڭ ئېتىزىدا ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن ئۆلگىدەك كەتمەن چاپساڭمۇ بۇنداق پۇلغا ھەرگىز ئېرىشەلمايسەن، تاپقان

– تەرگىنىڭ غوجىكاڭىنىڭ تېڭىپ ساتقان ئۇرۇق پۇلى، يالتىراق پۇلى، باراڭ پۇلى، ئوغۇت پۇلى دېگەنلەردىن ئاشمايدۇ... ئەزەلدىن ھېرىپ – چارچاشتىن، جاپا – مۇشەققەتتىن ۋايساپ باقمىغان ھۆسىناخۇن كېچىسى بىرەر نان بىلەن زورلۇق يەپ روزا تۇتۇۋالغان تۇرۇقلۇقمۇ ھەپتە بولار – بولماي بىرەر يۈز سومغا يېقىن پۇلنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى.

ئۇ يېڭىئاۋاتتا نەچچە كۈنگىچە ۋۇجۇدىنى ئىسسىق باسقىدەك بىر چىنە قىزىق ئاش كۆرمىسىمۇ، پۈتۈن كۈچ – ماغدۇرىنى ئىككى پاچىقى بىلەن كەتمەنگە پىشقان بىلەكلىرىگە يىغىپ راسا ئىشلەۋاتقاندا، ئاياغلىرىغا ئاستا – ئاستا پايتىما يۆگەشتى ھەم تۇرغان يېرىگە پۇتلاندى. شۇ كۈنلەردە يېڭىئاۋاتتا كىچىكلا بىر بازار ھاسىل بولدى. تراكتورنىڭ ماتورىدەك بىر نەرسىدىن توك چىقىرىلىپ، مەدىكارلارنىڭ چېدىرىدا ئاخشاملىرى توك ئۆچمەيدىغان بولدى. ئارقىدىن بۇ يەردە كۈندىن – كۈنگە يېڭىلىقلار مەيدانغا كېلىپ قارتا، شىشىخال دېگەندەك نەرسىلەر پەيدا بولدى. نەدىندۇر پەيدا بولغان، گەپ – سۆزلىرى پوچى ئاڭلىنىدىغان ناتونۇش بىرلىرى شىشىخالنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ بەش – ئون سومدىن تىكىپ، ئاخشىمى زېرىكىپ قىلغىلى ئىش تاپالماي قالغان گول بالىلارنى ئويناشقا قىزىقتۇراتتى. ھۆسىناخۇن باشقا بالىلارغا ئوخشاش بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ قالدى ھەم ئامىتى ئوڭ كېلىپ كۈندە دېگۈدەك ئۇتتى، ئۈچ كۈندە پۇلى بىر يېرىم قاتلاندى. قانداق بەلەن ئويۇن بۇ، كەتمەن چاپمايمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىكەن – يا؟ كۆرۈڭ ما ئىشنى!

شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ناشېكەر بۇ ئويۇنغا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى ھەم قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ «تېگىنى چوڭقايتىش» تەلپىگە جان دەپ، مەيدىسىگە مۇشتلىدى... ئاي – ۋاي... قانداق ئويۇن بۇ، باشتا بېشچىلاپمۇ، ئايىغىچىلاپمۇ كېلىۋاتاتتى، ئەمدى ئەجەب بۇزۇلغان خوتۇندەك كۆدە – كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ كەتكىلى تۇردى – يا؟ شۇنداق قىلىپ روزا ھېيتقا ئۈچ كۈن قالغاندا ئۇ قولىدىكى روزىغارىنى ئۇتتۇرۇپ ئالدى – كېيىنى چاڭگاللاپلا قالدى. تېخى تەلەي سىناپ نېسىگە ئويناپ، ھېلىقى گېپى پوچىلارغا پاتاڭغىچە قەرز بولۇپ گەدەنلىنىپ قالدى. بېرىدىغانغا پۇلى بولمىغاچقا، ئىشلەپ تېپىپ بېرىشكە تىلخەت بەردى. كۈنلەر تەستە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ قەرز ھېسابىغا ئۆزىنىڭ گۆرۈگە تۇتۇلغىنىنى، قەرزنى مۇشۇ يەردە ئىشلەپ قايتۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتى ھەم كۈندىلىك مەدىكار ھەققىنى ئاغزاكى ھېساب بىلەن قەرزگە تۆلەيدىغان بولدى. بۇ يامان كۈن يېڭىئاۋاتتا بىر ھۆسىناخۇننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئەمەس. شەھەر سورىغان قوڭغۇز پىكاپلىق خوجايىن مەدىكارلارنىڭ ئارىسىغا ئىش ئۇقىدىغان تاۋكاچىلارنى كىرگۈزۈپ، كەتمەندىن باشقىنى بىلمەيدىغان ساددا بالىلارنى بىر – بىرلەپ قەرزگە بوغۇپ، پۇتىغا كىشەن سېلىپ بىر يەرگە ماڭالمايدىغان قىلىپ قويغانلىقى، كەنتكە ماڭىدىغان يوللارغا ئادەم قويۇپ، بۇيۇنتاۋلۇق بىلەن قاچقىلى قوپقانلارنى تۇتقان يەردە ئۇرۇپ – پەشۋالاپ «ئادەم قىلىۋاتقان» لىقى مەلۇم بولدى.

كۆرۈڭ ماۋۇ كۈننى، قوتاندىن ئاپتاپلىققا چىققان قوزا بۆرىگە يولۇققاندەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالغان ھۆسىناخۇن ئىككى – ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ يەردىن قېچىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە، مۇشۇ يەردە پۈتۈن بىر قىش ئىشلىسىمۇ گەدىنىدىكى قەرزنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى ھې-

سابلاپ كۆرۈپ ئالۋاستى ئۇۋا سالغان بۇ جاڭگالدىن قېچىپ چىقمىسا باشقا قۇتۇلۇش يولى يوقلىقىنى ھېس قىلدى... ھۇسىناخۇن ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ كۆڭلىگە بىر ھىيلىنى پۈكتى، كەتمەننى قويۇپ قورسىقىنى تۇتقان بولۇپ ئىشتىنىنىڭ بېغىنى قولتۇقلىغانچە ئىش مەيدانىدىن ئون قەدەمچە نېرىدىكى دۆڭنىڭ كەينىگە ماڭدى.

— ھەي، گۇينىڭ بالىسى، يانە كەينىڭگە!

ھۇسىناخۇن چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. بويىنىغا دۇربۇن ئېسىۋالغان سېرىق چاچ، چېقىر كۆز ئىش باشقۇرغۇچى يەردىن ئۈنگەندەك ئۇنىڭ سول يېنىدىن چىقىپ كەلدى. تۇۋا، خۇددى ئالۋاستىدەك پەيدا بولغىنىنى... باياتىن بېرى كۆرۈنمەيتتى، بولمىسا... ھۇسىناخۇن قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ئورۇقلۇقتىن يادەك ئىچىگە ئېگىلگەن قورسىقىنى تۇتۇپ، بىچارە قىياپەتكە كىردى:

— ۋايجان، ۋايجان... قورسىقىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— قەيىرىڭنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، يان دېگەندىكىن، يانە!

— پەقەت بولالمايۋاتىمەن...

— ھېلى مەن بولغۇزۇپ قويىمەن، ھۇ ھىيلىگەر گۇي، — چېقىر كۆز يېنىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنى سىلىدى ـ دە، ھۇسىناخۇن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىچارە بايقۇش چېقىر كۆزنىڭ تەلەتىنى كۆرۈپ بەدەر كەينىگە ياندى ھەم كەتمىنىنى قولىغا ئېلىپ ئىشقا تۇتۇش قىلغان بولۇۋالدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ يەردىن قاچقان ياكى ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ قالغان ئۆكتەم ئىشلەمچىلەرگە ئانچە ـ مۇنچە تاياق ـ توقماق، ھەتتا توك كالتىكى تېگىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ





ئىشلارنىڭ سوئال ـ سورىقى بولمىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان ئىدى.

كەچتە چېقىر كۆز ھۇسىناخۇننى باشقا بىر چېدىرغا چاقىرىپ چىقتى ھەم لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ ئىسسىقىدا يۈزلىرى ئاناردەك قىزىرىپ ئېسىلىپ ئولتۇرغان بىر يوغان قورساققا قاراپ مۇشۇ شۇ، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— قاچاي دېگەنمىتىڭ ؟ — دېدى يوغان قورساق گىردە خېمىرىدەك گۆشلۈك مۇشتۇمىدىن قاس چىقىرىپ قويۇپ.

— ياق، ئاكا.

— ئەمىسە دۆڭنىڭ كەينىگە نېمە ئىزدەپ ماڭغان؟

— ئىچىم سۈرۈپ، تاھارىتىم قىستاپ...

— بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟

— ...

— مەن ساڭا دەپ قوياي ، — دېدى يوغان قورساق ھاراراتكە چىدىمىغاندەك كەينىگىرەك سۈرۈلۈپ ، — سېنىڭ قەرزىڭ ھازىر كۈنلۈك ئۆسۈمى بىلەن قوشۇلۇپ مانا مانىڭغا يەتتى...

سۇر ـ ھەيۋىلەردىن قورققىنىدىن، ئۈچى تېشىلىپ كەتكەن كونا ئايىغىغا قاراپ تۇرغان ھۇسىناخۇن ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى سوراققا تارتقۇچىنىڭ قولىغا قارىدى ھەم دىقماق، لېكىن تومغىنا كەلگەن ئوتتۇرا بارماق، نامسىز بارماق، چىمچىلاقتىن ئىبارەت ئۈچ بارماقنى كۆردى. ئۈچ يۈزمىدۇ، ياكى ئىككى يۈز ئەللىكمىدۇ؟ چىمچىلىقى يېرىم ئۇزۇنلۇقتا بولغاندىكىن ئېھتىمال ئىككى يۈز ئەللىكتۇ... دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— شۇڭا، ھەر ھالدا قېچىشنىڭ خىيالىدا بولۇپ قالما ، — يوغان قورساق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — قاچساڭ قاپقانغا دەسسىگىنىڭ شۇ، قانداق دەمسەن؟ سۆزۈمنى ئوبدان ئاڭلا، ھە... سەن بىرىنچىدىن، بۇ يەرگە ئىشلەيمەن دەپ كېلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ قىمار ئوينىدىڭ؛ ئىككىنچىدىن، باشقىلارغا قەرزگە بوغۇلدۇڭ؛ ئۈچىنچىدىن، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزدۇڭ. ئەمدى بۇ يەردىن قاچىمەن دېسەڭ، ئالدى بىلەن دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ قىمار ئوينىغانلىقىڭ ئاشكارە بولۇپ، قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىسەن. سەن باشقىلارغا قەرزگە بوغۇلۇپ، قەرزنى تۆلىيەلمەي تىلخەت بەرگەنكەنسەن. خەق سەندىن پۇلنى ئالالمىغاندىن كېيىن بىزگە ئېسىلدى. سېنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىڭنىڭ ئادىمى بولغاندىكىن قەرزگە ئىگە بول، دەپ بىزگە بېسىم قىلدى. بىزنىڭ خەق بىلەن مۇرەسسە قىلىش ھەم قانۇن تارماقلىرىنى ئىزدەپ بۇ دەۋانى بىر تەرەپ قىلىپ قويۇشقا ئىلتىماس، ئەرزلەر قىلىشقا ۋاقتىمىز يەتمىگەچكە، ئامالسىز قەرزىڭنى تۆلىدۇق. ئەمدى سەن ئۇ قەرز ئۈچۈن بىزگە ئىشلەيسەن. كېلە ماۋۇ تىلخەتكە قول قوي!

ھۆسىيناخۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تىرىك تۇرۇپ قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغاندەك تىنالماي قالدى. ئالدىدىكى ئىرماش - چىرماش يېزىلغان خەتكە قاراپ، نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلەلمەي ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك جان قالمىغان كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— ھە قول قوي، يەنە قايىلساڭمۇ شۇ ئۆزۈڭ دو تىككەن پۇل! لېكىن ئوغۇل بالىكەنسەن جۇما، يۈرىكىڭ باركەن!

ئۇنىڭ جانسىز بارماقلىرى سۈيۈققا مىلەندى، ماتورنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ پىلىلداپ تۇرغان ئېلېكتىر چىراغنىڭ نۇ-





رىدا سۇۋارى كۆرۈنگەن تىلخەتكە قول قويدى.

## 70

— ھە ئۇكام، جاھاننىڭ قەيىرىدىن كېلىشىڭىز؟ ئۆزىڭىز سالامەتمۇ، بالا - چاقىلىرىڭىز تىنچ - ئامان تۇردىمۇ ؟ — ھەسەن خالۋاپنىڭ ھەم خۇشاللىق ھەم ھەيرانلىق ئوخچۇپ تۇرغان كۆزلىرى ئىنىسى ھەمزىخانغا تىكىلدى. كۇچا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن ئېسىل تۇمىقى خويمۇ ياراشقان، قارا سوكنو پەلتو ئىچىدىكى ئۈستىخىنى، ئاق سېرىق چىرايى ئوبدانلا تولۇپ ئەتلىنىپ قالغان ھەمزىخان ئاكىسىغا قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— كۇچادا تۇرۇپ قالدىم ئاكا.

— كۇچادا، قانداق بولۇپ... ئۇ يەردە بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرىمىز يوقتىغۇ؟

— كىشىگە ئۇرۇق - تۇغقاندىن چارە ئادەملەر بار ئىكەن ئاكا ، — دېدى ھەمزىخان بېشىدىن ئۆتكەننى سۆزلەپ ، — مەن قويچىلىق قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى چاغلاردىلا يۇرتمۇ يۇرت چېپىپ يۈرۈپ مالچىلىق قىلىدىغان ئۇلپەتلىرىمدىن كۇچا ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان. كىشىلەر ئۇ يەرنى تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، باغ - ۋارانلىرى كەڭرى، ئادەملىرىنىڭ كۆكسى - قارنى كەڭ، كىشىنى يەكلىمەيدۇ دەپ ماختىغان. ھۈنەر - كەسىپ، بازار تەرەققىياتى جەھەتلەردىكى ئىلگىرىلەشلەرنىڭ زورلىقىمۇ قۇلىقىمغا يەتكەن... شۇنداق قىلىپ، چوڭ شەھەرلەرگە كېتىمەن دەپ يۇرتتىن بېشىمنى ئېلىپ چىققان ئادەم ئاتۇش، ئاقسۇلاردىن ئۆتۈپ كۇچاغا بېرىپ توختاپ قالدىم،

دەڭا.

— مۇنداق دەڭ ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ مەككە - مۇكەرەمدەك ئۇلۇغ يەرلەرنى كۆز ئالدىغا كۆلتۈرگەندەك قىلىپ، — ئۇ يەرلەردە نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدىڭىز؟

— ئوغرىلىق، شەرمەندىچىلىكتىن باشقا ھەممە ئىشلارنى قىلدىم ئاكا.

— ھە ؟ — خىيالەن ئولتۇرغان ھەسەن خالۋاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. چۆچۈش نەزىرى بىلەن ئىنىسىغا قايتا نەزەر سالدى.

— بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، ئاكا ، — دېدى ھەمزىخان پىيالىدىكى قىزىق چايدىن بىر ئوتلاپ ، — قارىسام، قازاننىڭ قۇلىقى ھەممە يەردە تۆت بولىدىكەن. دەسلەپ ھېچبىر ئىشنىڭ باش - ئايىغىنى تېپىپ بولالماي، مەدىكار بازىرىدا كۈنلۈك ئىشلەپ يۈردۈم ھەم ئىشلەمچىلىك قىلغان يەردىن بىر ئېغىز ئۆي تېپىپ بالا - چاقىلىرىمنى ئورۇنلاشتۇردۇم. شۇنداق يۈرۈپ ئانچە - مۇنچە پۇل يىغىپ بىر هارۋىغا ئۇلىشىپ كۆكتات بازىرىدىن ئاشخانا، كالتە بازارلارغا ئوتىياش - چېنەك توشۇپ كۈنۈمنى كۈن ئەتتىم. نەچچە جان ئادەمنىڭ ھال - ئوقىتىمىز شۈكرى ئېيتقىدەك ھالغا يەتتى. شۇ يىلى قىشنى ئۆزىتىپ ئەتىيازغا ئۇلاشقاندا، توي تەييارلىقىدا تۇرغان بىر باينىڭ قورۇسىغا كۆكتات بازىرىدىن سەۋزە ئېلىپ باردىم. قارىسام، بۇ كەڭرى قورۇنىڭ ئىچكىرىسىدىكى چوڭ بىر ئۇستىخانىدا ئوتتۇز - قىرىقچە ئايال قول - قولىغا تەگمەي گىلەم توقۇغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرۈپ كونا كېسىلىم قوزغالغاندەك بولۇپ، ئاشۇ دەستىگاھلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرۇپ ئەسۋابلارنى قولۇمغا ئالغۇم كېلىپ قالدى. لېكىن





ئۇ يەردە غىلتاڭ قىز - ئاياللار ھۈنەر قىلىۋاتقان بولغاچقا، دۇكاننىڭ ئالدىغا بېرىشىم ئەپسىز ئىدى. باينىڭ كىرا ھەققى ئۈچۈن ئۇزاتقان پۇلىنى ئېلىپ، كۆزۈم كەينىمدە قورۇدىن چىقتىم ھەم ئۇدۇللا ئۆيگە كېلىپ بالىلارنىڭ ئانىسىنى ئېلىپ يەنە باينىڭ قورۇسىغا چاپتىم...

گىلەمنىڭ ئۆرۈش - ئارقاقلىرى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، ئىشقىلىپ ھەممە يۇرتلاردا ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشايدىكەن ئاكا، شەھەردە كاتتا گىلەم دۇكىنى بار بولغان باي بىر ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئۇستا خالۋاپلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، ھېچ ئىككىلەنمەيلا بىزنى ئىشقا ئالدى.

باي كەڭ تاشا توي قىلىپ قىزىنى ياتلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن دىققىتىنى ئۇستىخانىغا يىغىپ بىزگە ھۆددە ھېسابىدا ئىش بەردى. ئەر - خوتۇن ئىككىمىز توقۇغان گىلەمنىڭ كۆۋادرات بىرلىكى بويىچە ھېسابلاپ ھەق ئالىدىغانغا كېلىشتۇق...

— ھە، ھە... شۇنداق قىلىپ ... — ھەسەن خالۋاپ ئىنىسىنىڭ ئۆز ھۈنىرىنى قايتا تېپىۋالغىنىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جانلاندى.

— ھۈنەر - كەسىپ دېگەن ھەممە يەردە ئەزىزكەن ئاكا، شۇنداق قىلىپ، ئانا كەسپىمىز بىزگە ئەسقېتىپ قالدى. تۇنجى ئايدا ئەجرىمىزگە يارىشا باينىڭ قولىدىن 1890 سوم پۇلنى ساناپ ئاپتىمىز. بالىلارنىڭ ئانىسى ھېچبىر چىقىمى، غەم - غۇسسىسى بولمىغان بۇ پۇلغا قاراپ يىغلاپمۇ سالدى... بىز پۈتۈن زېھنىمىزنى، پۈتۈن ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ ھۈنەرگە كىرىشىپ كەتتۇق. بۇيرۇتما ئىشلار بۇ ئايدىن ئۇ ئايغا ئۆچرەت كۈتۈپ تۇراتتى. كۆڭلىمىزدە بازىرى ئىتتىك باينىڭ ئىنساپ-

لىقلىقى، سېخىيلىقى ئۈچۈن ئەڭ ساپ نىيىتىمىز بىلەن ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتۇق. دارامىتىمىز ئايدىن - ئايغا ئېشىپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 2350 سومغا يەتكەن ئايلارمۇ بولدى. بىز پۇلنىڭ ئۈستىدىكى پارچىسىنى ئۆي ئىجارىسى، كۈندىلىك تۇرمۇش غېمى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، پۈتۈننى ئاي بويىچە ئامانەت قويىدىغان بولدۇق. تىرىشچان ئادەمگە خۇدايىمنىڭ بەرمەسلىككە ۋەدىسى يوقكەن، مەن ھەمزىخان ئۈچۈن تەتۈر چۆرگىلىگەن پەلەكنىڭ چاقى مۇشۇ ئۈچ - تۆت يىلدا ئىزىغا چۈشۈپ بىزمۇ توق يەپ، پۈتۈن كىيىپ، ئادەمدەك ياشايدىغان بولدۇق. ئۆزىمىزنىڭ زېمىنلاپ قورۇ - جايىمىز، ھەمىشە سارغىيىپ - تاتىرىپ يۈرمەيدىغان چىرايىمىز بار بولدى...

ھەسەن خالۋاپ ئۈچ يىل ئىز - دېرىكى بولمىغان ئىنىسىنىڭ توقلۇق، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن شۇنچىلىك خۇش بولدىكى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باللارنىڭ غېمىدە تۈگىشىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىگە قايتىدىن كۈچ پەيدا بولغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر خىل ھاياتبەخش كۈچ يامرىدى. بۇ ئاكا - ئۇكىلار دادىسىدىن قالغاندىن كېيىن قۇمئاۋاتنىڭ نەچچە يىللىق بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن بىللە ئۆتكۈزدى. يىلتىزىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن توغراقتەك بىر - بىرىگە دالدا بولۇپ، بىر - بىرىنى قوغدىدى. بىر - بىرىگە مەدەت بەردى. شۇنداق كۈنلەردە تەقدىر - قىسمەت ئىنىسىنى ئاكىسىدىن ئايرىدى. ئاكىسى مىڭ كۈنلەپ ئىنىسىنىڭ يولىغا قاراپ تاكى بۈگۈنگىچە كەلگەندە ئۇنىڭ دىدارىنى قايتا كۆردى. بۇ بىر قورساقتا ياتقان، بىر ئەمچەكنى تارتىشىپ ئەمگەن قان - قېرىنداشلار ئۇچۇن گويا چۈش كۆرگەندەك ئىش ئىدى.





ئىنىسىنىڭ ئەھۋالىدىن بىر قۇر خەۋەردار بولغان ھەسەن خالۋاپ ئەمدى قۇمئاۋاتنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ھەمزىخانغا يەتكۈزدى. ھەمزىخان بىر چاغلاردا ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئاغزىغا قارىتىپ يۈرگەن يۇنۇسنىڭ كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ چۆچۈرىدەك ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ پېشانىسىنى تۈتۈپ قالدى. يۇسۇپنىڭ چوغۇندەكتەك تۇرۇپ جاھاننىڭ شەرقىدىكى بېيجىڭغا ئوقۇشقا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئاغزىنى ئېچىپ قالدى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئانىسى ھەمىدىخاننىڭ ھەممەيلەنگە نەۋەرلىك بولۇپ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خۇش بولسا، يالغۇز سىڭلىسى شەرۋانەمنىڭ ئەردىن بەختى ئېچىلماي، تۇل ئولتۇرۇپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى غەش بولدى.

— بىزنىمۇ ئېپكەتسىڭىز بولاپتىكەن ئاكا ، — دېدى خېلىدىن بېرى ئۆزى قازان بېشىدا بولسىمۇ قۇلىقى ئىككى ئاكىسىنىڭ سۆھبىتىدە تۇرغان شەرۋانەم پىننە پۇراپ تۇرغان قىزىق چۆچۈرىنى داستىخانغا قويۇۋېتىپ ، — مەنمۇ مۇشۇ چۆل - باياۋاندىن چىقىپ شۇنداق يۇرتلارنى بىر كۆرۈپ باقسام دەيمەن.

— تىلى شورلۇق قىلماڭ ئۇكام ، — دېدى ھەمزىخان سىڭلىسىنىڭ چۆل دېگەن سۆزىگە رەنجىگەندەك قىلىپ ، — پاتمىچۇقنىڭ ئوردىسى قۇم ئاراچلىرىدا بولغان بولىدۇ، ناۋادا سىز ئۇنى تۇتۇۋېلىپ چاھارباغقا تاشلىسىڭىز ئۇ قۇملۇققا قاراپ پىلتىڭلاپ جان بېرىدۇ... مەن كۈچادىن قايتقىچە ئۇرۇمچى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر مويسىپىت بىلەن سەپەرداش بولۇپ قالدىم. ئۇمۇ مەندەك يىراق شەھەرلەردىن يۇرتىنى سېغىنىپ كېلىۋاتقان كىشىكەن. ئۇنىڭ يۇرتى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە بولۇپ، يۇرتۇمنى ئويلىمايدىغان،

سېغىنمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق، دەيدۇ. ئۇ كىشى ئوغۇللىرىغا: «مەن ئۇزاقتىن بېرى سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شىمالدا تۇرۇپ قالدىم. ئەمما ئەجىلىم توشۇپ، پۇت ـ قولۇمنى سۇنۇپ ياتقان كۈنۈم، مەيلى جاھاننىڭ قايسى بېغى ياكى جەننىتىدە بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، ئۆلۈكۈمنى يۇرتۇمغا ئەكىلىپ ئاشۇ قاقاس تاغ باغرىدىكى قەبرىستانلىققا — ئاتا ـ ئانامنىڭ ئايىغىغا قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۈچ يىلدىن بېرى يۈرىكىمنىڭ بىر چىشلىمىنىڭ نەدە قالغانلىقىنى ئاخىرى بىلدىم. ھەر دائىم ئاشۇ قۇم دۆڭلىرىنى، قاق بەلگىچە قۇم پېتىپ تۇرغان پاكار ئۆيلىرىنى، ئانامنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى چۈشەپ چىقىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك بولدۇم...

— ئاش سوۋۇپ قالمىسۇن بالام، — دېدى ھەمىدىخان ئانا رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، — ھەر نېمە بولسا بىر كېلىپ بىزنى خاتىرجەم قىلدىڭىز بالام، بىزنىڭمۇ سىزنى ئويلىمىغان، چۈشىمىگەن بىرمۇ كۈنىمىز يوق.

ئارىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. پەقەت ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان، جاھاندارچىلىقتىن غېمى يوق باللار، نەۋرە ـ چەۋرىلەرلا ئۆز ئويۇنلىرى بىلەن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

قاچىنى بىكارلاپ داستىخاندا قويغان ھەسەن خالۋاپ پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن تەرىنى سۈرتۈپ، ئادەتتىكى بىر ئىپادىدە ئۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىغا قۇلاق سالدى. باللارنىڭ ئويۇنغا يۇنۇسنىڭ ئىككى بالىسىمۇ قېتىلىپ كەتكەن، ھېيت خۇشاللىقىدا بېشىدىكى كۈننى ئۇنتۇغاندەك ئىدى. ياراتقان ئىگەم ئۇلارنى چوڭلارنىڭ غەم ـ غۇسسىسىدىن خالىي قىل-





سۇن.

ھېيت پەتىسى تاكى ھەپتە ـ ئون كۈنگىچە قىزىپ كەتتى. ھەممە چىرايدا، ھەممە ئۇستۇۋاشتا، ھەممە داستىخاندا ھېيتنىڭ ئالامەتلىرى كۆزگە تاشلىنىدۇ. كىشىلەر يىراققا ئات، تۆگە، ئېشەك بىلەن، يېقىنغا غۇزمەك ـ غۇزمەك بولۇپ پىيادە ماڭغانچە، يەر ـ زېمىننى چۈمكەپ تۇرغان قارغا ئىز سېلىپ كېلىپ ـ كېتىشىپ تۇراتتى. چوڭلار كۈزگى بۇغداي ئېتىزلىرىنى چۈمكەپ تۇرغان ئېتىز ـ داللىدىكى قارغا قاراپ يېڭى باھار، يېڭى يازدا بۇغدايلارنىڭ باشاقلىرى باشمالتاقتەك چوڭقىيىدىغاندەك، ئېنى سۈتلۈك ئەمچەكنىڭ تۇگمىسىدەك تولىدىغاندەك؛ ئۆرۈك، شاپتۇل، بادام، ياڭاق، ئالما، ئامۇت، ئۈزۈم، تۆكمە بولىدىغاندەك ئۈمىدلەندى.

ئەمما ھۇسىيناخۇننىڭ ھېچبىر خەۋىرىنى ئالالمىغان ھەسەن خالۋاپقا ھېيت بارغانچە ھېيتتەك بولماي قالدى.

## 71

روزا ھېيت ئۇزاپ، نەچچە ھەپتىلەردىن كېيىن يېڭى يىل ۋە قۇربان ھېيتمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يېقىنلاپ قالدى.

پىننەخان ئانىسىنىڭ كەينىدىن بوينىنى قىسىپ قالدى. بىچارە مەزلۇم كۆزلىرىنى ياشلىغانچە قىزىغا يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ مەھەللىدىن يىراقلاشتى.

— قوشكېزەك قوزىلىغىلى قويقان ساغلىقتەك قورساق سەپ كەتكەن بىلەن تېخى ۋاقتى بار، — دېدى نازىلخان قۇدىسى ئېغىز ئاچا-ئاچمايلا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرى ھۇسىيناخۇن ئۆيدە يوق. شۇڭا ئېرى پەيدا بولغاندا ئاغزىدىن بىر

گەپ ئاڭلاپ ئېنىڭدىن كېيىن ئېپ كەتسىلە. ئۇ چاغدا مېنىڭ-
مۇ پىكرىم يوق. سىلە ـ بىزدە ئېرى يوق كېلىنىنى سالتاڭ
پەدىدە ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويىدىغان قائىدە يوق-
قۇ دەيمەن؟!

پىنەخاننىڭ ئانىسى قايتا لام ـ جىم دېمىدى. قۇدىسى-
نىڭ چاي قۇيۇلغان پىيالىنى دوققىدە قويۇپ قاش ـ كۆزىنى
ئۈچۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئېيتىۋاتقان سوغۇق گەپلىرى كۆڭلىگە
قاتتىق تېگىپ، قولىغا ئالغان بىر چىشلەم نانىنىمۇ يەم بىلەن
داستىخانغا قويۇپ قويدى. تېگىگە قىل چاپلىشىپ قالغاندەك
كۆرۈنىدىغان دەز پىيالىدىكى داغ چايغىمۇ قول ئۇزاتمىدى. بايا
يولدا كەلگىچە ئۇيۇشۇپ تۇرغان پۇت ـ قوللىرى ھېچنېمىگە
قولاشماي تۇرۇپ، كاسىلداپ تىترىگەنچە ھەرىدەك سوغۇق چې-
قىپ تۇرغان تالاغا چىقتى. شۇمشىيىپ تۇرغان بىچارە ئېشى-
كىنى باغلاقتىن يېشىپ، قۇدىسىنىڭ خۇش دېيىشىنى كۈت-
مەستىن، ئېشەكنىڭ بېشىنى ئۆيى تەرەپكە بۇرىدى.

«كېلىن بولماق نېمانچە تەستۇ، دەپ ئويلىدى پىنەخان ،
ـــ قىزىم دەپ يەنە بىر يۇرتتىن شۇنچە جاپا تارتىپ، سوغۇق
يەپ مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئانام ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئانىدىن
يامان گەپ ئاڭلاپ يۇرىكىنى زېدە قىلىپ يىغلىغانچە كەتسە،
بۇنىڭ سورىقى يوقمىدۇ؟! ياق، مېنىڭچە ھامان سورىقى بار. بۇ
دۇنيادا يامانلىقنىڭ ياخشىلىقتىن غالىب كەلگەن يېرى يوق.
كىشىگە يامانلىق قىلغان ئادەمنىڭ ھامان بىر كۈنى تارتقۇلى-
قى بار...»

ـــ يېتىم قوزىدەك نېمە بوينىمىزنى قىسىپ تۇرىمىز بۇ
يول تۆپىدە؟!

ئارا ئاۋاتلىق قۇدىلارنىڭ ئېشىكى غاجىلىۋەتكەن ھېلىقى





تېرەككە يۆلىنىپ كۆزىنى ياشلاپ تۇرغان پىنەخان چۆچۈپ
كەتتى. قېيىنئانىسىنىڭ نەشتەردەك كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قا-
چۇرۇپ يەرگە قارىدى.

ـــ ماڭىلە ئۆيگە كىرىلى! ئۆزلىرىنى توڭغا سېلىپ ئاغ-
رىپ يېتىپ بەرسىلە قانداق قىلىمەن، مەن؟! ـــ نازىلخان كې-
لىنىنى ئالدىغا سېلىپ توختىماي غوتۇلدىغانچە ھويلىغا كىر-
دى ، ـــ مىشىلداپ، يىغلاپ، ئانىلىرىنىڭ كەينىدىن قارىغان
بىلەن ئۇ ئانىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاران جان ئېتىدۇ...
شۇ ھالىغا قىزىنى ئاپىرىپ تۇغدۇرارمىش، ئىسسىق ئۆيگە
ئوبدان چۈمكەپ باناارمىش تېخى! قىزىنى ئاپىرىۋالسا مەن نا-
زىلخان كېلىنىم تىرغۇتلۇقتى دەپ، يەتتە كۈندە ئىككى مەرتەم
ئاشۇ خوتۇننىڭ ئۆيىگە دونداقلاپ بارسام بولار ھەقىچان...
جىننىڭ قەستى شۇ پىتۇلدا دەپ...

ـــ ھوي نېمە ئۇ سوقۇشقاق قېرى مېكىياندەك توختىماي
قاقاقلاۋېرىسىلە ئانىسى ؟ ـــ نەدىندۇر پەيدا بولۇپ كەلگەن
ھەسەن خالۋاپ ھويلىغا كىرىپ نازىلخانغا كايىدى ، ـــ قاچانلا
كۆرسەم ھېلى ئۇنىڭدىن، ھېلى بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ قايناپ
يۈرگىنىڭلار يۈرگەن، يەنە نېمە ئىش بولدى؟

ـــ سىلى خوتۇن كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي ئىشلىرد-
نى قىلسىلا ، ـــ دېدى نازىلخان ئېرىگىمۇ شالىنى چېچىپ،
ـــ ياكى مەن سىلىگە ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشنى كۈندە
يېپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە چۆرۈمە ـ چۆچەك قىلىپ سۆزلەپ
بەرسەم بولامتى ـ يا؟

ـــ چۆرۈمە ـ چۆچەك سۆزلەش ئەمەس، چۆرۈمە ـ چۆ-
چەك بولىدىغان ئىشنى قىلماڭلار ، ـــ نېمىگىدۇر ئاچچىقى
كېلىپ قالغان ھەسەن خالۋاپ بىردىنلا چىرايىنى تۇرۇپ خو-

تۇنىغا تەنبىھ بەردى ، — بابا يولدا كېلىۋاتسام مەزلۇم قۇدى-
مىز ئۇچراپ قالدى، قارىسام ھارۋىدا قار - بوران يىغلاپ كې-
تىپ بارىدۇ، ۋاي نېمە بولدىلا دەپ، ئالدىنى توسۇپ گەپ سو-
رىسام، بولدى ماڭا گەپ قىلمىسىلا، دەپ ئالدى - كەينىگە قا-
رىماي كەتتى. ھەقىچان سىلە خوتۇن...

— ھە... مەن يامان خوتۇن، مەن ئەسكى خوتۇن... سىلى-
گە ئاشۇ تالادىكى بەلەن خوتۇن ئەسقاتىدۇ! — نازىلخان تۇيۇق-
سىز ساراڭلىق قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۆزىنى كاچاتلاپ يا-
قا يىرتتى.

— ئەستاغپۇرۇللا ... — ھەسەن خالۋاپىنىڭ سەپرايى ئۆر-
لەپ كەتتى، ساقىلىنى تۇتاملاپ يۇلۇپ تاشلايدىغاندەك ئەلپازدا
خوتۇنىغا دىۋەيلىدى ، — ھوي ساراڭلىق قىلماڭلار دەيمەن،
خوتۇن...

نازىلخان بىسەرەمجان تۇرغان ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن بىر ئاز
چۆچۈپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كۆز يېشى پۇرچاقتەك
تۆكۈلۈۋاتقان پىننەخان ھۇجرىسىغا يېنىپ كىردى. ھۇجرا
مۇزخانىدەك سوغۇق ئىدى.

پىننەخان قورسىقى يوغىناپ كەتكەنلىكتىن ئۇچىسىغا
ئەپلەشمىگەن كۆك پاختىلىق چاپىنىنى سېلىپ توپتەك ئالدى-
غا تەپچىپ تۇرغان قورسىقىغا يېپىنىپ، بۇلۇڭغا يىغىقلىق
تۇرغان يوتقان - كۆرپىسىگە يۆلەندى. كۆڭلى ئازار يەپ قال-
غاندا، خاپا بولۇپ قالغاندا ئۆزىگە كۆڭۈل ئېيتىدىغان، تەسەللى
بېرىدىغان ھۇسىيناخۇننى ئويلىدى. ئۇ نەلەردە جاپا تارتىپ
يۈرىدىكىن؟ ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئىككى ئاي بولاي
دەپ قالدى. ئۇ ئۆيدە بولغان بولسا، بەلكىم بۇ ھۇجرا مۇنداق
سوغۇق ھەم قاراڭغۇ بولۇپمۇ كەتمەستى. ئۇ كۆزىنىڭياقى سۇ-





پىنىڭ تۈۋىگە بىر تام ئۇچاق سالىمەن، بۇنداق ئۇچاقتا ئاخ-
شىمى ئازراق كېۋىز شادىسى، مەدەك، كالا تېزىكى بىلەن ئوت
قالاپ قويساق ئۆي كېچىچە ئىسسىق تۇرىدۇ، دىگەن. لېكىن...
ھۇسىيناخۇن ئىش ئىزدەپ كەتكەندىن بېرى پىننەخان مۇشۇ
بۇلۇڭدا يالغۇز ياتىدىغان بولدى. يالغۇز ياتقان دەسلەپكى كۈن-
لىرى ئۆينىڭ كەينى تېمىدىكى قەغەز يەملەنگەن ھاۋادان، يال-
تىراق پارچىسىدا ئۈملەپ قويۇلغان تۈڭلۈككە قاراپ كۆزىگە
ئۇيقۇ كەلمەي كېچىچە قورقۇپ، قارا بېسىپ چىقتى. ئەمما ئا-
مالسىزلىق ئادەمنى ھەممىگە كۆندۈرىدىكەن، ۋاقىت ئۆتكەنچە
بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى پىننەخان ھۇسىيناخۇننى تولا
ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۇل تاپالمىسىمۇ ئۆيگە
تېزراق قايتىپ كېلىپ يېنىدا تۇرۇشىنى، مۇشۇنداق كۆڭلى
چېگىلگەن، يالغۇزسىرىغان چاغلىرىدا ئۆزىگە، تۇغۇلغۇسى
قىزىغا ھەمراھ بولۇشىنى ئىستەيتتى... تالادىن بىر شەپە كې-
لىپ، كىمدۇر بىرى ئىشىك قاققاندەك قىلدى. ئۇ كەلدى،
ھۇسىيناخۇن كەلدى! پىننەخان ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇس-
تىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان كالتە چاپان، پەگادا ماكچى-
يىپ تۇرغان ئايىغىغا پەرۋا قىلماستىن يېنىك قەدەملەر بىلەن
ئېرىنىڭ ئالدىغا چىقتى. كەچ كىرگەندىن بېرى ئۇچقۇنداپ
تۇرغان قار يەر - زېمىننى قايتا ئاقارتىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى.
پىننەخان يالاڭئاياغ پېتى قار كېچىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا چىق-
تى. پاختىدەك ئاق، ماموقتەك يۇمشاق قاردا نە ئۇنىڭ پۇتى
توڭلىمايتتى، نە يېلىنىڭ ئۇچىسى قورۇنمايتتى...

راست دېگەندەك، پۈتۈن ئەزايىغا ئۇچ قويغاندەك قاردىن
ئاپئاق ئۇستۋاش كەيگەن ئېرى كۈلگەنچە قۇچىقىنى ئېچىپ

ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ھەم پىننەخاننىڭ قولىدىكى بوۋاقنى كۆرۈپ خۇشلۇقتىن توۋلىۋەتتى:

— مۇبارەك بولسۇن، قاچان يەڭگىۋالدىڭىز ، خوتۇن؟!

پىننەخان بوۋاقنى ئەمدى ئېسىگە ئالغاندەك قولىدىكى قىزىغا قارىدى. ئاندىن ئېرىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— تېخى ئۈچ كۈن بولدى، سىزگىمۇ مۇبارەك بولسۇن! ئاخىرى دادا بولدىڭىز.

— بۈگۈن مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز، خوتۇن ! — ھۇسەيناخۇن كۈلۈمسىرەپ بالىنى قولىغا ئالدى ، — شۇنداق قىلىپ ئىسمىنى ھەنىپخان قويىدىغان بولدۇقمۇ؟

— شۇنداق، بۇ ئىسىم چوڭئانامغىمۇ يېقىپ كەتتى.

— ئاجايىپ خوتۇنۇم - دە، سىز ، — دېدى ھۇسەيناخۇن قار ئۇچقۇنى يېپىشىپ تۇرغان بۇرۇتلۇق ئاغزى بىلەن ھەنەپخاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ، — قىز تۇغىمەن دەپ ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەيتتىڭىز، دېگەندەك بىر چىرايلىق قىز تۇغۇپسىز. ئەمدى مەن ئۆيدە يوق چاغلاردا قىزىمىز سىزگە تەسەللى بېرىدىغان بولدى.

— ئۆيدە يوق چاغلاردا... — ئېرىنىڭ بۇ گەپلىرى پىننەخاننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. ئەمدى مېنى يالغۇز ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ ئۇنداق يىراققا كەتمەيدىغانسىز؟

— ياق، ھەرگىز كەتمەيمەن ، — دېدى ھۇسەيناخۇن كۈلۈپ ، — لېكىن ئەر كىشى دېگەن بەربىر تالانىڭ ئادىمى، مەن بەزىدە ھاشار - سېلىق ئۈچۈن كەتمەن چاپقىلى دەريا، ئۆستەڭ بويلىرىغا بارىمەن، بەزىدە مۇشۇنداق مەدىكارچىلىق قىلىپ پۇل تاپىمەن دەپ يىراق - يېقىنغا ئىشلىگىلى بېرىپ قالىمەن. شۇڭا ھەمىشە سىزگە ھەمراھ بولۇپ يېنىڭىزدا ئول-





تۇرالمايمەن - دە.

پىننەخان گەپ قىلمىدى. ئىش قىلىپ ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە مۇشۇ ئېرىدىن باشقا كۆڭلى خۇش بولغىدەك ئادىمى يوق ئىدى.

ئەر، خوتۇن، بالا ئۈچەيلەن ئۆيگە كىرىشنىمۇ ئۇنتۇپ تالادا مۇڭدىشىپ تۇرۇپ كەتتى. لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ تۇرغان ئۈچ تەنگە ئاق لىباس ياپقان، سۆيۈنۈش، مۇھەببەت تەپتىدىن ئوت بولۇپ يانغان يۈرەكلەردە نە سوغۇق، نە توڭلاشتىن بىر ئالامەت يوق، بەخت ئوتى گۈلخان بولۇپ لاۋۇلدىماقتا ئىدى...

— ھوي راست... ئۇنتۇپ قالغىلى تاس - تاس قاپتىمەن، — دېدى ھۇسەيناخۇن نېمىدۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ ، — ئالتۇن زىرىڭىزنى ياسىتىپ قويغان، تۇغۇتىڭىزنىڭ يارىشىقى ئۈچۈن بولسىمۇ قولىقىڭىزغا سېلىۋېلىڭ ، — ھۇسەيناخۇن ئوتقاشتەك قىزىل قاپچۇققا سېلىنغان بىر نەرسىنى چىقىرىپ پىننەخانغا ئۇزاتتى. پىننەخان قاپچۇق ئىچىدە كۆز چېقىپ تۇرغان تويلۇق زىرىسىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇش بولدى ھەم قولىقىنىڭ تۆشۈكىدىكى سۆپۈرگە ياغىچىنى ئېلىۋېتىپ، زىرىنى ئېرىنىڭ كۆزىچىلا چىرايلىققىنە سېلىۋالدى. ئۇ بۇرۇندىنلا ئېرى، كۆڭلىنى ئىزدەپ بىر نەرسە ئۇزاتسا ياكى بىر ئىش تاپىلىسا دەرھال ئېرىنىڭ كۆزىچىلا شۇ ئىشنى بەجا كەلتۈرەتتى. ئۇ بۇنداق قىلىشنى ئائىلىنىڭ ئەرگە بولغان ھۆرمەت - ئەقىدىسى دەپ ئويلايتتى.

— زىرەمنىڭ قۇلىقىمدا تۇرغانلىقىنى كۆرسە، ئانام بەك خۇش بولىدىغان بولدى ، — دېدى پىننەخان ، — ئۇ ئالتۇن جابدۇق خوتۇن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ، دېگەن.

— مەنمۇ ئەمدى خىجىلچىلىق تارتمايدىغان بولدۇم.

— خىجىل بولىدىغانغا سىز ماكچايتىۋەتمىسىڭىز بۇ زىرىنى...

— شۇنداق بولسىمۇ دەيمىنا، ئەمدى.

ياش ئەر - خوتۇننىڭ بىر - بىرىدىن كۆڭلى خۇش ئىدى، ئۇلار شۇ تەرزدە خېلى ئۇزاق مۇڭدىشىپ تۇردى. كېيىن پىننەخان تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ:

— سىز قىزىمىزنى ئېلىپ ئۆيگە كىرگەچ تۇرۇڭ، مەن دادامنى كۆرگىلى بارماقچىدىم ، — دېدى.

— دادامنى ؟ — دېدى ھۇسىيناخۇن ھەيران بولۇپ.

— ھەئە.

— سىز بۇرۇن...

— سىز دادامنى بىلمەيسىز. ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئانام ئىككىمىزنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قاپتىكەن. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى مېنى كېلىڭ قىزىم، دەپ چاقىرىۋاتقان.

— كېلىڭ دەپ... قەيەردىن؟

— جەننەتتىن.

— جەننەت دېگىنىڭىز قەيەر ئۇ؟! باشقا بىر يۇرتنىڭ نامى ئەمەستۇ ، — بالىنى تۇتۇپ تۇرغان ھۇسىيناخۇن خوتۇنىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى. لېكىن پىننەخاننىڭ چېھرىگە قونغان قار ھەسرەتلىك كۆزلىرىدىن ئاققان ياش بىلەن قوشۇلۇپ مۇز بولۇپ ئۇيۇپ قالغان، مۇز شارچىسىدەك قېتىپ قالغان كۆز قارىچۇقىدا بايىقى بەختىيارلىقتىن قىلچە دېرەك يوق ئىدى.

— جەننەت دېگىنىم ئوچىقىدا ئوت كۆيۈپ تۇرغان ئىسسىق ئۆي... يەنە ئىچى تار، زالىم ئاياللار ياۋاش، بىچارە ئا-





يالالرنى كۈندە تىل - دەشنام بېرىپ چېقىۋالمايدىغان، خورلىمايدىغان ھۆر جاي.

— سىز ئۇ يەرنى قانداق بىلىسىز ؟ — ھۇسىيناخۇن تىترەڭگۈ ئاۋازدا شۇنداق دېدى ، — ياكى ئۇنداق بىر جاينى كۆرۈپ باقمىسىڭىز .

— مەن جەننەتنىڭ گېپىنى ئانامدىن ئاڭلىغان، مانا ئەمدى دادام مېنى ئۇ يەرگە چىللاۋاتىدۇ.

— ئەمىسە ئۇچىمىز بىللە بارايلى، مەن سىزنى دەپ تەۋەككۇل قىلىپ بۆرىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئاران قېچىپ كەلدىم.

— ياق ، — دېدى پىننەخان بىرخىل غەمكىن ئاھاڭدا ، — سىز بارسىڭىز بولمايدۇ. سىز قىزىمىز بىلەن مۇشۇ ئۆيدە قېلىڭ.

— نېمىشقا؟

— دادام مېنىلا چاقىرىۋاتىدۇ... لېكىن بىز كېيىنكى بىر زامانلاردا ھامان ئاشۇ جەننەتتە دىدارلىشىمىز.

— كېيىنكى زامانلاردا... بۇگۈن بارسىڭىز ئەتىگىچە يەنە قايتىپ كېلەرسىز ؟ — ھۇسىيناخۇن بىسەرەمجانلىشىپ جىددىيلىشىپ قالدى.

— ئەمدى گەپ سوراۋەرمەڭ، مەن ئالدىراپ قالدىم ، — ئۇ ناتىۋان قىزىنى دادىسىغا تاپشۇرغىنى ئۇچۇن شۇنچە خاتىرجەم ئىدى.

لىباستەك ئاپئاق قار ئىچىدە ئاجايىپ نۇرانە بولۇپ كەتكەن پىننەخان قار كېچىپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ شۇنداق يەڭگىل قەدەملەر بىلەن مەھەللىدىن چىقتى، ئاندىن لەپىلدەپ تۇرغان قار ئارىسىدا ئاستا - ئاستا ئۇچۇپ كۆككە كۆتۈرۈلگەنچە

دادىسىنىڭ يېنىغا يول ئالدى...

تۇيۇقسىز تۇتقان تولغاق ئازاۋى پىننەخاننى شېرىن چۈش قوينىدىن تارتىپ چىقتى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ نە قىزىنى، نە ھۇسىيناخۇننى كۆرمىدى. قۇلىقىدىمۇ ئالتۇن زىرە كۆرۈنمەيتتى.

مۇزلاپ كەتكەن پىننەخان كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆچكىدەك تىترەيتتى.

## 72

يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلانغاندەك بىر ئاۋاز ھەسەن خالۋاپنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەكىيدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، زېھنىنى يىغىپ قۇلىقىنى دىڭ قىلىشۇبدى، ئايال كىشىنىڭ ئازابلىق ئىڭراۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى.

— كىملىن بالا؟ ! — ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنىڭ پىپىنى تارتتى، لېكىن چىراغ يانماي قويدى.

— ھەي... ھەي ئانىسى ؟ — ھەسەن خالۋاپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئايالىنى تۇرتۇپ ئويغاتتى ، — كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار!

— كۆزلىرىگە ئۇخلىسىلچۇ! قېرىغىنىنى تۇيمىغان...

— نازىلخان جۆيلۈگەندەك غوتۇلدىدى.

— نېمە چۈش كۆرۈۋاتقانىدۇ، بۇ... بېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ، ئاۋۇ كېلىنىمىز ياتقان ئۆيگە چىقىپ قاراپ بېقىڭلار.

— نېمە ئىش بولۇپتۇ؟

— پىننەخان ئاغرىقسىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، خېلى بولدى ۋايجانلىغان بىر ئاۋاز بار.

— بۇرۇنمۇ شۇنداقتى ئۇ يۈزى قىزارمايدىغان... ئېرى





بىلەن ئالا پېشىندا بىر ئۆيگە تىقىلىشۇېلىپ ئىڭراپ...

— تايىنى يوق گەپ قىلماڭلار، ياكى ئانىسى كەلسە چىرايلىق قوشۇپ بەرمەپسىلە... ئالمادىس ۋاقتى - سائىتى كېلىپ تولغاق تۇتۇپ قالسا...

— ۋاقتى بار تېخى.

— ۋاقتى بولسىمۇ بۇگۇنمۇ، ئەتىمۇ، سىلە - بىز ئۇنىڭغا ئېنىق بىر نېمە دەپ بولالمايمىز.

— بىر نېمە دەپ بولالمىساق ئاشۇ ئۆيدە يېتىپ تۇغار ،

— دېدى نازىلخان ئورا بېشىنى سىلاپ - سىيپاپ سەرەڭگە بىلەن جىنچىراغنى ئىزدەپ ، — مەنمۇ تۇغقان ئۇ بالا دېگەننى! — نازىلخان ئاغزى بېسىلماي كوتۇلدىغىنىچە جىنچىراغنى تېپىپ سەرەڭگە ياقتى. چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تاشقىرىغا چىقماقچى بولدى. ھەسەن خالۋاپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئېرىنىڭ تىتىلداپ تۇرالماي قالغانلىقىنى كۆرگەن نازىلخان چۈۋۈق چاچلىرى ئارىسىدىن چىرايىنى تۇرۇپ:

— سىلە نەگە بارىلا ؟ — دەپ سورىدى.

— بىللە چىقىپ چىراغنى تۇتۇپ بەرمەيمەنمۇ، ناۋادا ئاغرىقسىنىپ قالغان بولسا...

— ئاشۇ ساقاللىرى بىلەن كېلىنىگە تۇغۇت ئانىسى بولاي دەملا... ساقاللىرىنى سىيپىۋېتىپ يېتىشلىرىنى ياتسىلا! ئاجايىپ ئادەمكەن بۇ...

ھەسەن خالۋاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئېچىلىپ - يېپىلىۋاتقان ئىشىكلەردىن كېلىنىنىڭ ھالسىز نالە - پەريادىنى ئاڭلاپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چارىسىز تۇرۇپ قالدى.

تولغاق ئازابىدا يۇمۇلۇنۇپ چاچلىرىنى يۇلۇۋاتقان پىننەخان، چىراغ كۆتۈرگەنچە كىرىپ كەلگەن قېيىنئانىسىنىڭ

جىنچىراغدەك تۇتۇق چىرايىنى كۆرۈپ تېخىمۇ بىئارام بولدى.

تۇغۇت ئانىسىنى كۆرۈپ بىئارام بولغان ئايال كىشىنىڭ تۇغۇتى تەس بولىدۇ، دېيىشىدۇ. بىچارە چوكان شۇ تاپتا قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىدا قالماي ئۆز ئانىسىنىڭ ئالدىدا ياتقان بولسا ئۆزىنى ئەركىنرەك قويىۋەتسە، ئېھتىمال تۇغۇتى ئاسانراق بولار ئىدى.

بېرىقى ئۆيدە تۇرۇپ، كېلىنىنىڭ ئىڭراشلىرىدىن قىيىنىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرغان ھەسەن خالۋاپ ئاخىرى تالاغا چىقتى. چوڭ ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئانىسى ھەمىدىخاننى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىشىك قاقتى. ئۇ مىجەزى ئوڭلۇق، خۇشپىچىم ئاياللارنىڭ قولى تۇغۇت تۇغدۇرۇشقا يەڭگىل كېلىدۇ، دەپ جىددىيلەشكەن كۆڭلىگە تەسەللى بەردى.

كېچە، قۇملۇق زېمىنغا كۆمتۈرۈلۈپ تۇرغان قارامتۇل ئاسمان بارخانلار ئارىسىدا مۆكچىيىپ تۇرغان يۇرت - مەھەللىلەرگە قار ياپراقچىلىرىدىن ئاق لىباس ياپماقتا ئىدى. ئىشكىلەر ئېچىلدى، يېپىلدى. كۆڭلى تۇيغۇن موماي ھامان شۇنداق بىر تۈن كېچىسىدە چاقىرىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ھايالشىماي ئۆيدىن چىقتى، ئۇشۇقىغىچە قار كېچىپ، ئانا بولۇش ئۈچۈن تولغىنىۋاتقان ئاجىزەنىڭ يېنىغا چاپتى. مۆزدەك ئۆي، ھالسىرىغان ھايات، ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان جان... ئانا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ بوش پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇپ، كۆز ئالدىدا قىينىلىۋاتقان ياش ئانىنىڭ تۇغۇتى ئۈچۈن ئاسانلىق تىلىدى. ھالبۇكى، بۇ يەردە مۇز بولۇپ قاتقان بىر يۈرەك، مۆزدەك سوغ بىر چىراي ھاياتلىقنى مۇزلاتقان ئىدى.





ئاجىز كېلىنىنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن ھويلىدا قارغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ئاتا بولسا، كېلىنىگە ھامان ئاسايىشلىق تىلەيتتى.

تۈن تاڭنى يۇتۇپ كەتتى. چېكى يوق قاراڭغۇلۇق، قارا بوراندەك بىردە كۈچىيىپ بىردە پەسىيىپ تۇرغان دەھشەتلىك تولغاق، قىينىلىۋاتقان جان، ھالسىزلانغان تەن... زېمىنغا تاڭغا ئوخشىماس سۇس بىر يورۇقلۇق تارىغاندا، ئۆيدىن بوۋاقنىڭ ئاچچىق ئىڭەلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىسەرەمجان كۆڭۈللەردىن خۇداغا شۈكرى، دېگەن تۇيغۇ كەچتى. ئېغىزلارمۇ ھەم شۇنداق دەپ پىچىرلىدى. ئەپسۇس، شۈكرىلىك تۇيغۇسىنى شۇ ھامان شۇم ئەجەل يۇتۇپ، ئۆيدىن يىغا - زارە ئاۋازى ئاڭلاندى...

ئاخىرى ئىڭەلىگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان ياش ئانىنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرەكچى ھەم سەل يېنى بولۇپ قىزىنىڭ جامالىنى كۆرمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن، ئۇ بەك قىيىنىلىپ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن ناتىۋان قىزىنىڭ چېھرىنى كۆرۈشكە قۇربى يەتمەي بىردىنلا بېشى چۈشۈپ، قىزى ئۈچۈن كۈلمەكچى بولغان چېھرى مەڭگۈلۈككە قېتىپ قالدى...

ھەسەن خالۋاپ ئوڭ قولى بىلەن سول كۆكرىكىنى تۇتۇپ ئاياللار يىغا - زارە قىلىشىۋاتقان ئۆيگە كىردى.

جىنچىراغ ئۆچكەن، بۇ دۇنياغا بەكمۇ تەستە كەلگەن نارەسىدە تۆگۈلۈكتىن چۈشكەن غۇۋا يورۇقلۇق ئىچىدە ئاچچىق قىرقىراپ يىغلاۋاتاتتى. تويلۇق يوتقىنى تۈزەشتۈرۈپ يېپىپ قويۇلغان ياش كېلىن پىنىنەخان زېمىنغا چۈشۈپلا ئانىسىز يېتىم بولۇپ قالغان قىزىغا، بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرىپ ياخشى ئۆتۈشكەن ئادەملىرىگە قىيمىغاندەك كۆزى ئوچۇق يا-

تاتتى. كۆڭلى يۇمشاق ھەسەن خالۋاپ كېلىنىنىڭ بۇ ھالىنى
كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. بۇقۇلداپ يىغلاپ ئۇنىڭ كۆزد-
نى يۇمدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كېلىنىنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ
ئۇنىڭغا ئېڭىشتى. ئوچۇق تۇرغان ئاشۇ كۆزلەردە سۇس كۇ-
لۇمسىرەشتىن باشقا يەنە ئاداققى بىر نادامەت نۇرىنىڭ قېتىپ
قالغانلىقى ئاتىنىڭ كۆزىگە چېلىقتى.

ئانىسى بىلەن تەڭ ھە ـ ھۇ قىلىپ بالىنىڭ كىندىكىنى
كېسىپ، ئېغىزلاندۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن
شەرۋانەم، پىنىنەخان چىرايلىق قاتلاپ تويلۇق ساندۇقىنىڭ
ئۈستىدە قويۇپ قويغان بالا كۆرپىسىنى ئەكىلىپ بوۋاقنى
زاكىدىدى ـ دە، ئۇنى يىغا ـ زارىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن
چوڭلار يېتىپ ـ قوپىدىغان قىشلىق ئۆيگە ئېلىپ چىقتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە مەسچىت ـ مەسچىتلەرنىڭ جامائد-
تىگە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ناماز توغرىلىق خەۋەر يەتكۈزۈلدى.

قار توختاپ شىۋىرغان كۆتۈرۈلدى. ئەتىگەندە پىنىنەخاذ-
نىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ مەھەللە مەسچىتلىرىدىن ھەسەن
خالۋاپنىڭ ئۆيىگە مېڭىشقان جامائەت جۇۋىلىرىنىڭ ياقىسىد-
دىن بېشىنى چىقىرىپ سوغۇق ھۇۋلاۋاتقان ئاسمانغا قارىدى.
شۇ تاپتا كۈن پېتىشتىن پەيدا بولغان شامال قۇمئاۋاتنىڭ
ئاسمىنىغا قاپسىلىپ تۇرغان بۇلۇتلارنى كۈن چىقىشقا سۈر-
گۈن قىلىۋاتاتتى.

مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراپ بولغىچە يىراق ـ يېقىندىن كەل-
گەن جامائەت ھويلا ـ ئۆيۋاقلارغا پېتىشماي، ئىشىك ئالدى،
ئوچۇقچىلىقلاردا قار كېچىپ تۇرۇپ قالدى، بەش ـ ئالتە يەر-
گە گۈلخان سېلىنىپ، سوغۇقتىن دالدىلىنىپ تۇرۇشقا توغرا
كەلدى.





قۇمائاۋاتتا ئەلمىساقتىن بېرى مۇنداق بىر ئادەت
داۋاملىشىپ كەلگەن، يەنى مەيلى يېقىندا بولسۇن، مەيلى
يىراقتا بولسۇن، تونۇشسۇن ياكى تونۇشمىسۇن، بىرەر كىشد-
نىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر كەلسە، بۇنى ئاڭلىغان ئۇلۇغ ـ ئۇش-
شاق ھەرقانداق كىشى شۇ زامات مېڭىۋاتقان يولى، قىلىۋاتقان
ئىشىنى قويۇپ تاھارەت ئېلىپ، ئۆلۈملۈك بولغان ئۆيگە كې-
لەتتى. ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقان،
دوست ـ بۇرادەرلىرى يىغىلاتتى. مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراپ،
كېپەنلەپ، جىنازىغا سېلىپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قو-
يۇپ، يەتتە كەتمەن توپا تاشلاپ يەرلىكنى قايتا كۆمۈپ بولغاذ-
دىن كېيىن، جامائەت مۇسىبەت بولغان ئۆيگە قايتا كېلىپ پا-
تىھە قىلىپ ئاندىن ياناتتى. مۇسىبەت بولغان ئۆيدىن ئۆلۈپ
كەتكۈچىنىڭ يەتتە نەزىرىسىگىچە جامائەتنىڭ ئايىغى ئۈزۈل-
مەيتتى.

شىۋىرغاندا گۈلخاننى چۆرىدىشىپ تۇرغان كىشىلەر كۇ-
سۇرلىشىپ ھۇسىيناخۇننىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتقاندا، مەرھۇم
پىنىنەخاننىڭ ئانىسىنىڭ ھازا ئېچىپ مەھەللىگە كىرىپ كەل-
گەنلىكىنى، ئاخىرىدا جۇدەپ ھېچبىر ئەپتى قالمىغان ھۇ-
سىيناخۇننىڭ ئاسىدىن چۈشكەندەك پەيدا بولغىنىنى كۆر-
دى.

جىنازا، ھازا، شىۋىرغان... پاكار دەرۋازىدا جىنازىنىڭ
بېشى كۆرۈندى. ئىشىكتە بويۇندىشىپ تۇرغان ئاياللارنىڭ ھا-
زىسى بوراندەك ئەۋجىگە چىقتى. جامائەت بېشى ئۈستىدە كۆ-
تۈرۈلۈپ كېلىنىۋاتقان جىنازىغا ئەگەشتى.

ھۇسىيناخۇن جىنازىنىڭ ئالدىدا ئادەم بىلىكىنىڭ توم-
لىقىچىلىك كەلگەن ئاق تېرەكنىڭ چوڭ بىر تال شېخىنى

مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. قەدەملىرى ناھايىتى
ئاستا ئېلىناتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ساددا، مەسۇم، مېھرىبان
بىر چىراي كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بۇ چىرايدا ئۇنىڭغا
نىسبەتەن ھېرىسمەنلىكمۇ، ئۇمچىيىشمۇ، قېيىداشمۇ بار-
دەك... پىننەخان توساتتىن ئۇنىڭدىن گەپ سورىغاندەك قىل-
دى:

— مەن تېخى سىزنى كەلمەسمىكىن دەپتىمەن؟
— مەن ھەر كۈنى سىزنى ئويلىدىم.
— ئەمىسە، ھېيتتىمۇ كەلمىدىڭىزغۇ؟
ھۇسىيناخۇن بېشىنى چايقىدى. ئۇ بوغۇلۇپ تۇزۇك يىغ-
لىيالمىغان بولسىمۇ، ئۆلۈكنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان كۆزلى-
رىدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى.
— دىشۋارچىلىق تارتىپ قاپسىزمۇ، دەيمەن؟
ھۇسىيناخۇن بېشىنى لىڭشىتتى.
— مەن يولىڭىزغا بەك قاراپ كەتتىم.
— ئۇنى بىر دېمەڭ، كۆرگەن چۈشلىرىمگە قاراپ يالغۇز
ئۆيدە سىزنى قارا بېسىپ قالغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان بولدى.
سوغۇق كۈچىيىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيدە مەش ياكى ئوت قا-
لىغىدەك بىرەر تۆشۈكنىڭ يوقلىقى ئېسىمگە كېلىپ شۇ زامات
يېنىپ كېلىشنى ئويلىدىم. لېكىن گالۋاڭلىقىمدىن ئۇ يەردە
قىلتاققا چۈشۈپ...
— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مانا ئاخىرى كەلدىڭىز-
غۇ.
— لېكىن سىز...
— ماڭا ھېچنېمە بولمايدۇ، مەن دادامنىڭ قېشىغا ماڭ-
دىم... شۇغىنىسى قىزىمىز قالدى، ئۇنىڭ ناتىۋان كۆڭلىنى





چىگىپ قويماڭ.
— پىننەخان... بۇۋىم، ۋاي كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمەي
كەتكەن بۇۋىم، ۋاي ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بۇۋىم!...
بېشىنى سېلىپ كېتىۋاتقان ھۇسىيناخۇننىڭ ئاۋازى تۇ-
يۇقسىز بوغۇزىغا كەپلىشىپ چىقتى. ئون نەچچە ئاي بولسىمۇ
مېھرى - مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن، ئۆزىگە بىر قىز يادىكار
قىلىپ بۇ دۇنيادىن خوشلاشقان مەرھۇم ئۈچۈن قار - مۇز
قويندا تۈگۈلۈپ تۇرغان جىمجىت زېمىننى تىترىتىپ ھازا
ئاچتى.
جامائەت توغراق مازارنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى تار سەينادا
پىننەخاننىڭ نامىزىنى چۈشۈردى ھەم مەرھۇم ئەتىگەندىن بې-
رى كولاپ تەييارلانغان توغراق يىلتىزلىرى ئارىسىدىكى يەر-
لىككە قويۇلۇپ، ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزىغا يەتتە كەتمەن توپا
تاشلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكنىڭ خەيرلىك بو-
لۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىپ، تۇپراق بېشىدىن ياندى.
ھۇسىيناخۇن مەرھۇم مەزلۇمىنىڭ تۇپراق بېشىدا تىك-
لەنگەن بىر دۆۋە نەم توپىغا كۆز ياشلىرىنى توختاۋسىز سې-
پەتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

## 73

باھارنى سېغىنىش ھاياتنىڭ ئورتاقلىقى، ئەمما ئەنە شۇ ئورتاقلىق ئىچىدە باھارغا ھەممىدىن بەكرەك تەلپۈنىدىغىنى يەنىلا دېھقانلار .

دېھقانلار قار - مۇز غاراسلاپ تۇرىدىغان ئۇزاق قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقىدا قاپقاراڭغۇ قىشلىق ئۆيلىرىنىڭ ئوچىقى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، كېۋەز شادىسىنىڭ ئاچچىق تۈتۈنىدە كۆزلىرىنى ياشلىغانچە ئەتىيازنى خىيال قىلىشىدۇ. ئەتىياز كەلسە قانداق ياخشى - ھە، پۈتۈن بىر قىش جەنۇب تامان سۇس پىلىلداپ تۇرغان قۇياش قار ئاستىدا مۇزلاپ تۇرغان ئېتىزلىرىغا يېقىنلاپ، ئۆزىنىڭ ھاياتبەخش ئىللىق نۇرى بىلەن زەپ - زىرائەتلىرىگە ئىللىقلىق بېرىدۇ. مايسىلار بىخلىنىدۇ، يالىڭاچلىنىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەردە يېشىللىق سىنىماسى جىلۋە قىلىشقا باشلايدۇ. يەرگە قوش سېلىنىپ ئۇرۇقلار چېچىلىدۇ. چۈجىلەر چۈرۈكلاشقانچە تۇخۇمدىن چىقىدۇ. كۈن نۇرىدىن يايرىغان قوزا - ئوغلاقلار قىيغىتىپ شوخ سەكرىشىدۇ... ئەمما، دېھقانغا نىسبەتەن ئەتىيازغا قارىغاندا ياز تېخىمۇ ياخشى كېلىدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، دېھقان ئۈچۈن با-





ھار سېرىقتال بولىپ، بۇ كۈنلەردە ئۇلار بار روزىغارىنى يەرگە تۆكىدۇ، قان - تەر تۆكۈپ يەرگە ئەجىر قىلىدۇ. ئەجىر - مېھنەتنىڭغۇ تېگى ئالتۇن. ئەمما شۇ ئالتۇنغا ئېرىشكىچە نى - نى كۈنلەر ئۆتىدۇ، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ، ھالىدىن كېتىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر ئەتىيازنى دېھقانلارنىڭ سېرىقتال مەزگىلى دېيىشىدۇ.

شەرۋانەم ئۇزاق قىشنى بالا بېقىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ پىننەخاننىڭ ئارزۇسى بويىچە بالىغا ھەنىپەخان دەپ ئىسىم قويدى ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلارغا: « ھەنىپەم دەپ ئاتاڭلار، شۇنداق چاقىرساق يېقىملىق ئاڭلىنىدىكەن » دەپ ئۆگەتتى. ياش، ئايىغى يېنىك بولسىمۇ تۇرمۇشتىن بەختى ئېچىلمىغان چوكان مانا ئەمدى كۆڭۈل خۇشلۇقىنى ئاشۇ ناتىۋان قىزىغا بېرىپ ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بالا بېقىشنىڭ جاپاسىنى تازا تارتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە قىدرىقىغا توشمىغان بالا گويا ئۆزىنىڭ ئانىسىز قالغانلىقىنى تۇيغاندەك كېچە - كېچىلەپ ھېچكىمنى ئۇخلاتماي قىرقىراپ يىغلاپ چىقتى، شەرۋانەم بىلەن مومايغا قىلچە ئاراملىق بەرمىدى. ئەمما يەتمىش نەچچە يىللىق ئۆمرىدە جىق ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، بالا بېقىشقا مېھرى بار ھەمىدىخان بالىنىڭ قورسىقىنى ئىسسىق چىرمىۋالغانلىقىنى پەملەپ، يەرلىك دورىلىرى بىلەن ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ يىغىسىنى پەس قىلدى. ئوتتەك مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئۇنى كۈندىن - كۈنگە پەرۋىش تاپقۇزدى. مانا قەلەمقاش، يوغان كۆزلىرى بىلەن دادىسىغا، ياق دادىسىنىڭ تاغا ئىگىچىسى شەرۋانەمگە تارتقان بۇ قىز زاكىسى ھۆل بولۇپ قالمىسا، قورسىقى زىيادە ئېچىپ قالمىسىلا ئارتۇقچە يىغلىمايدۇ، قەغىشلىك قىلمايدۇ.

شەرۋانەمنى كۆرگىدەك بولسا بىلىقتەك پىلتىڭلاپ ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ...

— بۇ بالام بارغانچە ساڭا ئوخشاپ قالدىيا ؟ — دەيتتى ھەمىدىخان بوۋاقنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ.

— ئانىسى رەھمەتلىك ماڭا ئامراقتى ، — دەيتتى شەرۋانەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — ئېتىز - ئېرىق ئىشىدىن بىردەم - يېرىمدەم ئارام تاپقىدەك بولسا يېنىمغا پەيدا بولاتتى.

— ئامراق بولغانغا قورسىقىدىكى بالا ساڭا ئوخشاپ قالماستى ، — دەيتتى ھەمىدىخان.

— شۇنداق گەپ باركەنغۇ ، — دەيتتى شەرۋانەم ، — ئېغىر بوي خوتۇن كىشى كىمگە ئامراق بولسا بالىسى شۇنىڭغا تارتىدۇ، دەپ.

— ئۇ رەھمىتى ماڭىمۇ ئامراقتى ، — دەيتتى تۆت - بەش تۇخۇم كۆتۈرگەنچە قىزىنى يوقلاپ كىرگەن ھۇسىيناخۇن پاراڭغا قېتىلىپ.

— ئەمىسە قىزىڭ ساڭا ئوخشىمايدىغۇ، ئۇكام؟

— مەن ئۇنىڭغا تۇزۇك قارىيالمىغان ، — ھۇسىيناخۇن ئېغىر تىناتتى ، — خوتۇن دەپ ئېلىپ ئۆيگە ئەكىلىپ ئۇچىسىغا بىر كۆڭلەكلىك تاۋار ياكى بېشىغا ياغلىق چاغلىق نەرسە ئېلىپ بېرەلمىگەن. يەنە ئاي - كۈنى يېقىنلاشقاندا يالغۇز ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ...

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بالام ، — دەيتتى موماي كۆڭلى سۇنۇق نەۋرىسىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىۋېتىپ ، — بىز بىئىلاج بەندىلەر پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرگۈچىلەرمىز. ئەلۋەتتە سىزمۇ نائىلاجلىقتىن





شۇنداق قىلغان. قورساق غېمى، تۇرمۇش غېمى بىلەن ئىشلىگىلى چىققان. ئۇنداق بولۇشنى كىم بىلگەن ... — موماي شۇنداق دەپ بىر ھازا جىمىپ كېتەتتى. كېيىن بىرئاز جانلىنىپ شۇنداق دەيتتى ، — ئەمدى يەنە ئاشۇنداق ئوبدانراق يەردىن ئۇختاسى كەلسە، ۋاقتىدا بىر تويىڭىزنى قىلىپ بېشىڭىزنى ئوڭشاپ قويۇش لازىمتى، بالام.

— ئەمدى خوتۇن ئالمايمەن، چوڭئانا!

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز بالام؟ بۇ جاھان ھەرگىزمۇ تۈگىگەننىڭ كەينىدىن تۈگىۋالغىلى بولىدىغان، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان جاھان ئەمەس... شەرۋانەمنىڭ ئېيتىشىچە، نازىلخان ئەتىيازلىق تېرىلغۇغىچە كېلىن ئەكىرىۋالسام دەپ ئالدىراپ قاپتىمىشقۇ؟

— ئانام شۇندق دەپ يورغىلاپ قاپتىغۇ، تاڭ... خوتۇننى ئۆزى ئېلىپ ئۆزى قۇچاقلاپ ياتار ! — دەيتتى ھۇسىيناخۇن بىر خىل بىزارلىق كەيپىياتىدا.

— ھۇي ئۇنداق دېمەڭ، ھېلىغۇ تۆت ئاي بولدى، بىر قىسىم نوچىلار بولسا خوتۇنىنىڭ قىرىقىنى توشقۇزا - توشقۇزمايلا خوتۇن ئىستىگىلى چۈشەرمىش.

— ماقۇل خوتۇن ئالىمەنمۇ دەي، قايسى پۇلغا ئالارمەن شۇ خوتۇننى... قۇرۇق سوتىدەك پاتىڭىمنى چىقىرىپ ئالدىغا بارسام، تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ ياراتماس ھەقىچان!

ئارىنى سۈكۈت قاپلايتتى، ئەمما شەرۋانەمنىڭ گېپى جىق ئىدى:

— قەرز ئېلىپ تۇرارسەن - يا...؟

— نەدىن ؟

— قەرز كوپىراتىپىدىن.

— ھېلىمۇ تېرىلغۇ ئۈچۈن دەپ بىر مۇنچە قەرز بولۇپ بولدۇق، ئەمدى بېرىۋەرمەيدۇ.

— ئەمىسە، غوجىخاندىن ئال.

— مېنى ئۇنىڭغا تايىنلىق قۇل بولسۇن دېدىڭمۇ ئاچا، مىڭ كويغا ئىككىيۈز كوي ئالىدىكەن ئۇ جازانىخور!

— ھە راست، قەرز كوپىراتىپىنى يەنە تۇرمۇش قەرزى بېرىدىكەن دەيدۇ، تۇرمۇش دېگىنى خوتۇن ئېلىۋېلىشنىمۇ كۆرسىتەر ھەقىچان؟

— مېنى تولا كولدۇرمەڭا ئاچاھەي... ئۇلارنىڭ ئالدىغا شۇنداق دەپ بارسام، كۆتىدە كولۇپ كېتەر، ھەقىچان!

— كولۇپمۇ كەتمەس، ئۇلارنى ھەممە كىشىنىڭ ھال-ئەھۋالىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بىلمەيدىكىن دەيمەن.

— ماڭا تەگكىسى بارلار نېسىگە ئۇنىماسما... مۇقۇل دېسە، ھازىر ئېلىۋېلىپ كۈزلۈككە ھوسۇل ئالغاندا...

— ئۇنداق بەلەن خوتۇن يوقىمىكى ھازىر.

— ناۋادا شۇنىڭغا ماقۇل دەيدىغانلاردىن چىقىپ قالسىغۇ...

— بەك قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز.

— مەيلى ئەمىسە، تەگمىسە تەگمەس. خوتۇن ئالغىدەك پۇل تاپقاندا بىر گەپ بولمامدۇ!

ئەتىيازنىڭ قۇرغاق شامىلىدا ھۇسىناخۇننىڭ كونا تەمرەتكىسى ئۆرلەپ كەتكەن، قېلىن كالپۇكى گەز باغلاپ ھەمىشە ئېچى قايناپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچبىر كۆڭۈل خۇشلۇقىنىڭ تايىنى قالمىغان، پەقەت ناتىۋان قىزىنى ئويلىسىلا كۆڭلىگە بىر خىل ئۈمىد-ئىنتىلىش ئىستىكى يامراپ، توپا ئۆرلەپ تۇرغان چېھ-





رىگە سۇس كۈلكە يۈگرەيتتى. ئېتىز-ئېرىق ئىشىدىن باشقا ھېچبىر ئىشقا خۇش ياقماس بولۇپ قالغان ئاياغلىرى ئىختىيارسىز چوڭ ئانىسىنىڭ ھويلىسىغا تارتىپ، بۆشۈكتە ئۆزىنىڭ يولىغا تەلمۈرگەندەك قاراپ ياتىدىغان قىزىدىن ئارامسىز كۆڭلىگە تەسەللى ئىزدەيتتى.

ئۆتكەن چاغلاردا ھېلى ئۇنىڭ بىلەن قېيىدىشىپ، ھېلى بۇنىڭ بىلەن قېيىدىشىپ يۈرگەن شەرۋانەم بولسا ئەمدىلىكتە يۇرت-مەھەللىدىكى توي-تۆكۈن، بېرىش-كېلىشلەردە كەمدىن كەم كۆرۈنەتتى. ئېتىز بويلىرى، مەھەللىدە ئۇچرىغانلا ئايال بىلەن ئىززۈندىن ئۇزۇن گەپ سېتىپ تۇرىدىغان خۇيىدىن قالغان ئىدى. زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بىر يەرگە بارغىدەك بولسىمۇ كۆڭلى ئۆيدە، ئۇلۇغ ئانىسىنىڭ يېنىدا قالغان ھەنىپەمنى بىردەمدۇ ئېسىدىن چىقارمىغان بولاتتى.

— كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بىر ئەر بىلەن نىكاھىڭىزنىڭ ئىسسىغىنىنى كۆرسەم بولاتتى، قىزىم، — دەيتتى ھەمىدىخان داۋاملىق ئۇنىڭ غېمىنى يەپ، — ناۋادا مەن پۇت-قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىپ قالسام، تۇل ئولتۇرۇپ قالغىنىڭىزدىن روھىم ئارام تاپمايدۇ.

— مەندىن غەم يېمەڭا، ئانا، — دەيتتى شەرۋانەم ھېچنېمە خىيالىغا كىرىپ چىقمىغاندەكلا ھەنىپەمنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇپ، — ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە بىر گەپ بولىدۇ.

ئانا قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ھېچنېمە دېيەلمەي قالاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ئۆتمەيتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن قىزىنىڭ بىر نارەسىدەنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ بېقىۋاتقانلىقىدىن خۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىزىغا ئۇ ياق-بۇ ياقتىن سۆز سالىدىغانلارنىڭ «بالىسى باركەن» دەپ يال-

تىپ قېلىشىدىن، شۇنداق يۇرۇپ ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قېلىشىدىن غەم يەيتتى.

## 74

نازىلخان ئۆز ئالدىغا تونۇر قىزىتىپ ئولتۇراتتى:

— كېۋەزگە ئۇرۇق سېلىۋېلىپلا كېلىن ئەكىرىمەن، — دېدى ئۇ مەھەللىدە بېشى بىر يەرگە كېلىپ قالغان تۆت ئايالنى ئاغزىغا قارىتىپ —، مەن نازىلخان مۇشۇ كەمگىچە ئىككى مەرتەم ئوغۇل ئۆيلەپ، بىر مەرتەم قىز چىقىرىپ، تېخىچە ئۆزۈمنىڭ خىلىنى تاپالمىدىم. بۇ دۆرەم قۇدىلىشىدىغانلار بىلەن راسا بىر دەڭسىشىپ بېقىپ، چېكىپ تاللاپ ئۆزۈمگە يارىغان بىرى بىلەن قۇدىلىشىمەن، تازا!

— چېكىپ، تاللاپ ئىلغايدىغان كونا بىنەمنىڭ ناخىل توك سويمىسى بولمىسا، ئۇ؟

— قوغۇننىڭ ناخىلى بولسىغۇ بىر كاشكى، لېكىن ئادەمنىڭ ناخىلى كاشالكەن، جۇۋانلار... مەن سىلەرگە دېسەم، باللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن قۇدىلاشقاننىڭ بۇ تەرىپىدە، خەق مېنى جىق موللا قىلىۋەتتى. بۇ جاھاندا ھەرگىزمۇ كىشىنىڭ شېرىن ـ شېكەر گېپىگە، چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ كۈلگىنىگە قاراپ گول بولىدىغان، تۇغقان بولىدىغان ئىش ئەمەسكەن...

— ۋىيەي، نېمىگە شۇنچە موللا بولۇپ كەتتىلە جېنىم نازىلخان، نى ـ نى ئېسىل يەرلەر بىلەن قۇدىلاشقانغۇ، ھەرقايسىلىرى؟

— قويسىلا شۇ ئېسىل يەرلەرنى ! — دېدى نازىلخان ئاۋا-





زىنى پەسەيتىپ ، — ئى چوڭ ئوغلۇم يۇنۇسخاننىڭ قېيىنئانىسى ئۆز ئەمەس، كېلىنىمگە ئۆگەي. شۇڭا ئوغلۇم ھېلىقى قاشاڭنى تالاق قىلىۋەتسىمۇ، ئۆيدىن چىققىلى ئۇنىماي، ئۇۋدىلىقىنى سېستقان كۇرۇك مېكىياندەك ئۆينى بېسىپ ياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلۇمنىڭ ئۆيدىن، بالىدىن كۆڭلى سوۋۇپ شۇنچە كەڭرى زېمىن ھويلىنى بىكارلاپ بېرىپ ئۆزى تالادا ئولتۇردى. كىچىك ئوغلۇم ھۇسىيىن قارىينىڭ قېيىنئانىسى ھېچنېمىسى يوق تۇل خوتۇن ئىدى، ئالىمادىس مېھمان باشلاپ بېرىپ قالغۇدەك بىرلسام تۇزۇككىنە ئالدىمغا چىقالمايتتى. قىز، سىڭىللىرىمنىڭ قېيىنئانىلىرى بولسا، ئەرلىرىنىڭ بۇرۇنغا قاراپ تىرناق تاتىلاپ تۇرىدىغان قارانچۇق خوتۇنلار... ئىشقىلىپ، خۇدايىم مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگىچە قۇدىدىن بىر تەلىيىمنى ئاچقان بولسا نېمە دەي! شۇڭا بۇ قېتىم ھۇسىيىن قارىيغا خوتۇن ئېپ بېرىدىغان يەرنى تازا تىلىڭ ـ تىڭلاپ، تېگى ـ تەكتىنى ئۇقۇشۇۋاتىمەن. قۇداڭ بارمۇ دېسە بار دېگۇدەك، مېھماندارچىلىققا ئاپارىدىغان سۆلەت ـ سۆلكىتى بىلەن ئولتۇرغىدەك يەرنى تاللاۋاتىمەن.

— ۋاي ـ ۋۇي...كۆرسىلە، نىشان بارمۇ ـ يا؟

— بولمامتىكى... ئوغۇل چوڭ قىلغان ئادەم دېگەننىڭ نەزىرىمىز ئۇستۇن، كۆڭلىمىز توق بولىدىغان گەپكەن قاردىسىلا. كېلىنىمىزنى كۆمۈپ قويۇپ، يەتتە نەزىرسىنى بېرىپ بولغىچە، قىز سايە قىلىدىغانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىس پۇرانقىلى تۇرغان.

— ئەمىسە بۇ چاغقا بىرەر يەر بىلەن قامىلىشىپ بولغان ئوخشايدىلا؟

— قامىلىشقىلىقتى، قارىسىلا. ئا دادىسى دېگەن موللا مى-

جەز ئادەم بىلەن ئوغلۇم دېگەن موس ـ موس كەينىگە تارتىپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ.

— ۋۇي نېمە دەپ، ئەمدى؟

— نېمە دەيتتى... دادىسى بىر نەچچە ئاي توختايلى، كېلىنىمىزنىڭ كىرپىكىگە تېخى تۇپا قونمىدى، ھازىرلا توي قىلساق خەلقئالەم ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، دەپ كەينىگە سۆرەيدۇ. ئوغلى بولسا خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى خوتۇنىنىڭ تۇپراق بېشىدىن كېلەلمەيدۇ.

— بەكرەك گەپ قىلمىدىڭىزمۇ؟

— گەپ قىلماي قالارمەنمۇ، دادىسىغا گەپ قىلسام، سەپرالىق قىلىپ ساقىلىنى تۇتاملاپ، مېنى ئۇرۇش ئۇچۇن ھاسىسىنى ئىزدەيدۇ. ئوغلۇمغا گەپ قىلسام، خوتۇنىنىڭ ئىسمىنى يادلاپ يىغلايدۇ... مەست موللام بىلەن گاس موللامنىڭ تىلى بىر دەپ، دادا ـ بالا ئىككىسى گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ، مېنىڭ ئىشىمنى سۇغا چىلاۋاتىدۇ، دېسە!

— ئوش! ھۇسىيناخۇنغا خوتۇننىڭ گېپىنى قىلسىلا ئۆلۈپ قالغان خوتۇنىنىڭ گېپىنى قىلىپ يىغلامدۇ؟

— ھەئە!

— ۋېيەي... ئۆلۈكنىڭ مەرى سوغۇق دەپ ئۆلۈپ قالغان ئەر ياكى خوتۇن دېگەننى ئاسان ئۇنتۇپ قالغاننى كۆرگەن. مانا مەنمۇ ئەسلى ئېرىم ھاشارغا ماڭغاندا تراكتور ئۆرۈلۈپ كېتىپ قازا قىلغاندىن كېيىن، قىرىقىنى توشقۇزۇپلا ھازىرقى ئېرىمگە تېگىپ بولغان. لېكىن سىلىنىڭ ئۇ ئوغۇللىرى... نىم بولغاندۇ ئۇنىڭغا؟ چىمكەشچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقسانلىرى تۈزۈك جۇما!

— ۋاي مېنى بارمىدى دېيىشەملا، جېنىم قوشنىلىرىم...





— ھە، نېمە دېدى؟

— ئۆلۈپ قالغان خوتۇنىنىڭ روھى ئىگەللىۋاپتۇ، شۇڭا مازارلىقتىن كېلەلمەيدىكەن دەيدۇ!

— ئوھ! ما ئىشنى كۆرۈڭ. دەرھال سەۋەب قىلدۇرسىلا! بولمىسا گۇسمەستەك ئوغۇلدىن ئايرىلىپ قالىلا جۇما!

— مېنى سەۋەب قىلدۇرمىدى دەملا، قىش كېتە ـ كەتمەس تولۇق شامىلى چىققىلى تۇرغاندىن بېرى چاپمىغان موللام، بارمىغان باخشى، توشۇمىغان توخۇ، تۇخۇم، بۇغداي، پاختا قالمىدى. لېكىن قىلدۇرغان سەۋەبلىرىمنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمىدى.

— يەنە كونا خوتۇنىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي تۇرامدۇ؟

— ھەئە.

— ۋاي ئېست!

— ئەسلى بۇنداق بولمايتتى.

— موللا، باخشىلارمۇ شۇنداق دېدى، جىق سەۋەب قىلدى. لېكىن مېنىڭ ئۇ ئوغلۇم...

— ئۇنداق بولسا بىر مەزگىل يۇرت ئاتلاپ بىر يەرگە يولغا سېلىپ قويامىلىكى يا؟

— نەگىمۇ يولغا سېلىپ قويارمەن.

نازىلخان خوتۇننى ئوغلى ئەمەس، ئۆزى ئالدىغاندەك كۆڭۈلدىكىدەك قۇدا دىتلاپ يۇرت ئىچىدە كۆڭۈل يۈگۈرتمىگەن يەر قالمىدى. تاۋۇزدەك چېكىپ تاللىغىلى تۇرغاندا، ھەقەمسايە ئاياللاردىن بىرى چوڭ يەردىن قىز سايە قىلىپ كىرىپ قالدى.

— غۇنچىخان... غوجىخان سېكرېتارنىڭ قىزىما؟ — نازىلخان گويا ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولدى.

— خان ئەمەس، قىز دېسىلە، بولمىسا كۆڭلىگە كېلىپ

قالدۇ.

— ھە... ھە... غۇنچىقىز... ئۇ خېنىم يەكشەنبە بازاردا ئەرنىڭ قولىدىكەنمىشقۇ؟

— ئەردىن چىقتى.

— ۋاي، نىم بولاپ؟

— سورىمىسىلا، خىش قېلىپىنى، بىلەي غىلاپىنى كېرەك قىلمىغان چېغى.

— بەك بەلەن ئەپلىشىپ قاپتىمىش دەپ ئاڭلاپتىم...؟

— ئەپلىشەلمىدى، سۆزىنى ئېلىپ ئۈزلىشىپ كەتتى.

— بالىسىنىچۇ؟

— بالىسىنى دادىسىغا تاشلاپ بەردى بولغاي.

— ئوغلۇمنىڭ رىزق - تەلىيى سېكرېتارنىڭ قىزىغا تارتقان ئوخشايدۇ، — دېدى نازىلخان ئىچ - ئىچىدىن يايراپ.

— شۇنداق، بوي - تۇرقى پاكار ئەمەس، چىناردەك ئېگىز؛ ئۇستىخىنى شىداق ئەمەس، پۇۋلىگەندەك سېمىز؛ مىجەز - خۇلقى قېلىن ئەمەس، ئاغۇ نازۇك نېپىز... قانداق، بىر باھانە بىلەن سېكرېتارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرۈپ باقامدىلا؟

— كۆرگەندەك بولدۇم، — نازىلخان سېكرېتارنىڭ قىزىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ كۆلۈپ كەتتى. شۇ تاپتا يېڭى كېلىن نازىلخانغا يەرنىڭ تېگىدىن جىلمايغاندەك قىلدى. خوتۇن دېگەن ئاشۇنداق بولسا ئوغلۇم ئاندىن خوتۇننىڭ راھىتىنى كۆرىدۇ. شۇغىنىسى، قىلىقلىرىدىن سەل نەزىرى ئۇستۇن، ھالى يامان كۆرۈنەمدۇ، قانداق؟ ۋاي... بولدىلا، ئۇنچىلىك نەزىرى ئۇستۇن بولسا بولار، ياكى ئۇ پىننەخاندەك ھېچنېمىسى يوق تۇل خوتۇننىڭ قىزى بولمىسا... بۇرۇنقىدەك يا ئەندە يوق، يا گەزدە يوق پىسمۇقتىن بىرنى كېلىن قىلىپ ئەكىرگىچە، ئاشۇنداق





ھال تارتسا ياراشقىدەك، چېكىپ باقسا تاراڭشىغىدەك يەرگە دوقۇرمامدىم. ئاتام زامانىسىدىن ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىگە ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى ئىسسىت، دەيدىغان گەپ قاپتىكەن، مۇشۇنداق ئېپى كەلگەن چاغدا، ئوغلۇم غوجىخاندەك قۇمئاۋاتنىڭ غوجىسىغا كۈيئوغۇل بولسا، ئەلۋەتتە ۋاي كىم دېسە، ئاۋۇ سېكرېتارنىڭ كۈيئوغلى دېيىلىپ، بېرىسى ھاشار - سېلىق، كوللېكتىپ ئىش - ئەمگەكتىن ساقىت بولۇپ دولىسى ئاپتاپ كۆرەر، نېرىسى ئاستا - ئاستا قۇمئاۋاتتا تۆتىنىڭ بىرى سانىلىپ كۈننى كۈن ئېتەر...

نازىلخان خىيال سۈرگىنىچە، شېرىن ئىستەكلەر قايىنىمىدا ئۈزدى. كۆز ئالدى يورۇپ، تۇيغۇلىرى بولغۇسى ياخشى كۈنلەرگە شۇڭغۇدى: «شۇنداق قىلاي، ئايىغىمدىكىگە دوڭغايغىچە، بېشىمدىكىگە ئېسىلاي...»

خېلىدىن بېرى جىمغۇرلىشىپ قالغان ھەسەن خالۋاپ خوتۇنىنىڭ خىيالىنى ئاڭلاپ، بىرى تۇساتتىن يۈزىگە سوغۇق سۇ چاچقاندەك ئەندىكىپ كەتتى ھەم ئاچچىق بىلەن سورىدى:

— كىم تاپتى ئۇ بەلەن يەرنى؟

— مەن.

— بىرى دورىلىققا بۇيرىغانمىدى؟

— ھەممە ئىشنى ئۆزلىرىنىڭ دېگەن يەرلىرىگە ئاپارماي، ماڭمۇ بىرەر قېتىم ماقۇل دەپ قويسىلا ئاخۇنۇم، — دېدى نازىلخان ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاجىز كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — مەنمۇ بۇ گەپنى ئۇخلاپ قوپۇپلا تاپمىدىم، ئالدى - كەينىمگە جىق دەڭسەپ ئاخىرى سىلىگە مەسلىھەت سېلىۋاتىمەن.

ھەسەن خالۋاپ ئۇپراپ ئىشلەتكۈچىلىكى قالمىغان ساپاز-

نىڭ بۇرما مىخلىرىنى چىڭىتىۋېتىپ چالا ئەسنەپ قويدى:

— سىلىچە سېكرېتارنىڭ ئەردە توختىمىغان ئاشۇ شەپشكى بىزنىڭ ئوغۇلغا خوتۇن بولارما؟

— ئۇ تەرىپى ئوغلىمىزنىڭ مىجەزىگە باغلىق.

— ئۇنداق بولسا ئىش ئەپلەشمىگىدەك.

— قانداق دەيدىلا ؟ — دەپ سورىدى نازىلخان. ئۇنىڭ چىرايى غۇچچىدە تۇتۇلغان ئىدى.

— قانداقلىقىنى دېمىسەممۇ بىلىسىلەر... ئوغلىمىز نوخۇلىسى ئەدەپ قالغان جۇۋاننىڭ بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزەلەيدىغان ئالىقاپلاردىن ئەمەس.

— ئەمىسە، مېنىڭ بۇرنۇمدىمۇ چۇلۇك بار ئوخشايدۇ ، — دېدى نازىلخان ئىختىيارسىز بۇرنىنى سىلاپ.

— سىلە چۇلۇك سالىدىغان خوتۇنلاردىن ئەمەس - تە!

— قانداق خوتۇنلارنىڭ بۇرنىغا چۇلۇك كېتىدۇ؟

ھەسەن خالۋاپ بىردەم ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى، كېيىن ساپاننىڭ جابدۇقلىرىنى قويۇپ خوتۇنىغا بۇرۇلدى:

— ھە، ماۋۇ ئاپتاپلىققىراق كېلىڭلار.

— قانداق قىلىلا؟

— مەن سىلىگە بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرەي، شۇ چاغدا قانداق خوتۇننىڭ بۇرنىغا چۇلۇك سېلىنىدىغانلىقىنى...

— قويسىلا ئۇ گەپلىرىنى ، — دېدى نازىلخان ئاچچىق بىلەن ، — چۆچەكنى ئاۋۇ مەكتەپكە كەتكەن نەۋرىلىرى كەلگەندە ئېيتىپ بەرسىلە. مەن سېكرېتارنىڭ قىزىغا سۆز سالغىلى ئادەم كىرگۈزۈپ بولدۇم.

— ھەي... نېمە دەيدۇ بۇ خوتۇن ، — ھەسەن خالۋاپنىڭ ئۆتى يېرىلغىدەك بولۇپ، تالاغا ماڭغان خوتۇننىڭ كەينىدىن





بويۇندىدى.

نازىلخاننىڭ بىر جاۋاب ئالغىلى ماڭغىنى ئېنىق ئىدى.

## 75

دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسى روزىگۈلنى جۇدەتتى. ئۇ يالغۇز جېنى بىلەن ئون نەچچە مو يەرنىڭ بېشىغا چاپسا ئايىغى قالاتتى، ئايىغىغا چاپسا بېشى قالاتتى. يېشى قىرىققا ئۇلاشمىغان، ۋۇجۇدىدا ياشلىق ئىستەكلىرى يېلىنجاپ تۇرغان ياش جۇۋان ئۇچۇن ئەتىيازنىڭ كۆيدۇرگۈچ ئاپتىپىدا كۈنبويى يالغۇز كەتمەن چېپىش، كۈن ئولتۇرغاندا ئېتىزلىقتىن يېنىپ قاراڭغۇدا قازان قولتۇقلاش قانداق جاپالىق - ھە! بولۇپمۇ ئەتكەن تامىقىنى ئانچە - مۇنچە ماختاپ قويۇپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشىپ بېرىدىغان ئېرىڭ بولمىسا، بىر كۆڭۈلۈك ئىش - ئەمگەكنىڭ جاپاسى چىقمايدىغان، تۇرمۇش ئەجەب مەنىسىز تۇيۇلىدىغان گەپكەن.

«ئۆز ۋاقتىدا مېنى ياراتماي تالاغا قارىغىلى تۇرغان چېغىدىلا شۇمتەكلىرىنى تاشلاپ بېرىپ كۆنۈمنى ئالغان بولسام ياخشى بولاتتىكەن ، — دېگەن يەرگە كەلدى روزىگۈل ، — ئۇيىنى بىكارلاپ بېرىپ دادامنىڭ يېنىغا كەتكەن بولسام، بۇ چاغقا قەدەر ماڭىمۇ بىر يەردىن ئەر چىقارئىدى، بۇنداق يالغۇزباش بولۇپ ئولتۇرماستىم، ئىگەكىم...» يېقىندىن بېرى روزىگۈلنى مۇشۇنداق ئەمەس خىياللار ئۆز قوينىغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى. ئىلگىرى رەھمەتلىك يەڭگىسى پىننەخان، گەپدان، ھېچكىمنى پوش دېمەيدىغان شەرۋانەملەر كۆندە بىرەر - ئىككى ۋاق دېگەندەك ئۇنىڭ يېنىغا پەيدا بولۇپ ھال - مۇڭ

بولۇشۇپ بېرەتتى. ھاياتتىن، تۇرمۇشتىن يالغۇزسىرىغان كۆڭلىگە قىزىق خۇشاللىقلارنى، يېڭىچە بىر ئارزۇ ـ ھەۋەسنى سېلىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشەتتى. بولۇپمۇ پىننەخان رەھمىتى خۇددى ئۆز سىڭلىسىدەك ئۇنىڭ تارىشىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى تۇتۇپ، يېرىلغان يۇزلىرىنى سىلاپ: «نېمىگە بۇنچىلا خاپا بولىسىز ئاچا، ئەر خەق دېگەن بەرىبىر تالانىڭ ئادىمى، ئېرىڭىز ئۆيدە بولغان بولسىمۇ قانچىلىك كۆڭۈل خۇشاللىقى بېرەتتى؟ شۇ خۇشى تۇتسا سىزنى ئالداپ ـ سىلاپ خوتۇن قىلىپ قويۇپ يەنە پېشىنى قېقىپ چىقىپ كېتىدۇ، خۇشى تۇتمىسا ھۆرت ـ پۆرت قىلىپ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىدۇ، ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ قاش ـ قاپىقىڭىزنى كۆكەرتىپ ياتقۇزۇپ قويىدۇ. شۇڭا خاپا بولۇپ ئۆزىڭىزنى ئازابلاپ يۇرگىچە كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇپ، چىرايلىق باللىرىڭىز بىلەن ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرامسىز... مانا مەن خۇدايىتالا ئىگەمدىن ھەر كۇنى ئاسان تۇغۇت، ئاسان كۇنلەرنى تىلەيمەن. مەن پاتراق ئارزۇ ـ تىلەكلىرىمگە يېتىپ بىر نەچچىنى تۇغۇپ ھويلىنى ئاۋات قىلسام، باللىرىمنىڭ تاتلىق، چۇرۇك گەپلىرىنى ئاڭلىسام خۇشلۇقۇم ئىچىمگە پاتماي قالغان بولاتتى...» دەيتتى. شەرۋانەم بولسا: « نېمە قىلىسىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىپ، ئەخمەقنى ھارماڭ دېمەڭ، ھارغاندا ئۆزى توختايدۇ، دەپتىكەن كونىلار. ئېرىڭىز مۇشۇ ئىشتا پەقەت ئۆزىنى چاغلىيالماي قالدى. شۇڭا، ھامان بىر كۇنى كىرپىدەك تۇگۇلۇپ ھويلىڭىزغا كىرىدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز، بىرىنچىدىن، ئۇ نەچچە ۋاقىتقىچە ھېلىقى ئەر سارىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ قولىدىكى پۇل ـ ۋەجىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ بولدى ھەم قولى قۇرۇقدالغىلى تۇرغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى.





ئىككىنچىدىن، ئۇ خوتۇن يۇنۇسقا ئاش بولىدىغان خوتۇنلاردىن ئەمەس، چۇنكى كىشىنىڭ ئېرىنى بۇزغان خوتۇن ھېچقانداق ئەرگە ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بىر نېمە يۇنۇسنىڭ ئەسكى سامانلىقىغا كۆنەلمەيدۇ. ھامان بىر كۇنى بىر ئىش چىقىرىپ غىپپىدە تىكىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئېرىڭىز پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىدۇ. شۇڭا ھەرگىزمۇ قىينالدىم ـ قىسىلدىم دەپ ئۆزىڭىزنى تاشلىۋېتىپ قالماڭ...» دەپ نەسىھەت قىلاتتى .

پىننەخان بىلەن شەرۋانەم روزىگۇلنىڭ كۆڭلىنى مۇشۇنداق ياسايتتى، مەدەت بېرەتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئىككىسى ھازىر يوق. پىننەخان يېقىنلىرىنى نادامەتتە قالدۇرۇپ ئۇ دۇنياغا كەتتى. شەرۋانەم بولسا كېۋەزگە ئۇرۇق سېلىپ بولۇپلا ئانىسى بىلەن ھەنىپەمنى ئېلىپ كۇچاغا كەتتى. ھەمدىخان موماي خېلىدىن بېرى ئوغلى ھەمزىخاننى يوقلاپ كەلسەك، دەپ پىلان قىلىپ يۇرگەن ئىدى.

روزىگۇل زېرىكىش، سىقىلىش، مەنىسىزلىك، ئىزتىراپ تۇيغۇسىدا ئېتىزلىقتىن قايتىپ كەلدى. مەكتەپتىن كەلگەن باللار سومكىلىرىنى تاشلاپ ئوينىغىلىمۇ ياكى بوۋىسىنىڭ چۆچىكىنى ئاڭلىغىلىمۇ، ئىش قىلىپ بىر يەرلەرگە قېچىشقان ئىدى.

روزىگۇل باللارنىڭ قالايمىقان تاشلانغان سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، بىر قانىتى ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ئىككى ئايال كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالام!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — بىر ئاز ئەجەبلىنىپ قالغان روزىگۇل قولىدىكى سومكىلارنى پېشايۋاننىڭ تۇۋرۇكىدىكى

مىخقا ئېلىپ قويۇپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالامغا جاۋاب قايتۇردى. ئۇلار بىلەن تارتىنىپقىنا يۈز يېقىشىپ كۆرۈشۈپ، ئوڭ قول تەرەپتىكى مېھمانخانا ئۆيگە باشلىدى، — قېنى كېلىشسىلە... تۆرگە، تۆرگە...

مېھمانلارنىڭ بىرى جىگدە قۇم مەھەللىدىكى تۇنساخان، يەنە بىرى ناتونۇش ئايال ئىدى.

روزىگۈل مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. چايدانىدىكى تەييار قايناقسۇدا چاي دەملەپ داستىخان سالدى. مېھماننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغاچ ئۇلارنى نېمە دەپ كەلگەندۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزمەيمۇ تۇرالمىدى. ئەمما ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ يۈزىدىن-يۈزىگە كىملىكىنى، نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى سوراش ئەپسىز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پىيالىسىگە يەنە بىر نۆۋەت چاي لىقلاپ قويۇپ قازان ئېسىشقا تەمشەلدى.

— قازان ئاسمەن دەپ كايىماڭ بالام، — دېدى چاي ئوتلاۋاتقان تۇنساخان پىيالىنى داستىخانغا قويۇپ، — سەمىڭىزگە سالىدىغان، لايىق كۆرسىڭىز مەسلىھەت قىلىدىغان كىچىككىنە گېپىمىز چىقىپ قېلىپ كەپتۇق، شۇڭا... ئەگەرچەندە يولىمىز ئېچىلىپ قالسا، تۇز - تامىقىڭىزنى جىق يېيىشىۋالىمىز.

روزىگۈلنىڭ يۈرىكى سېلىشقا باشلىدى. كۆيۈك ئاپتاپتا قارىداپ يېرىلىپ كېپەك ئۆرلەپ قالغان يۈزلىرىگە قىزىللىق تېپىپ چىقتى. بۇ ئىككى ئايالنىڭ جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان بىر سوئالنى ئاغزىدىن چىقارماقچى بولغانلىقى مەلۇم ئىدى. روزىگۈل گەپنى مەشەدىلا بولدى قىلىپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - يۇ، يەنە ئۇنداق





قىلالمىدى. چۈنكى، بىر ئادەمنى ئېغىز ئاچۇرماي ئاغزىنى تۇۋاقلاپ يولغا سېلىپ قويۇش قائىدىدە يوق ئىش ئىدى. شۇڭا، پەگادا ئاناردەك قىزىرىپ تۇرغان جۇۋان يەردىن ئۈستۈن قارىماي تۆۋەنچىلىك بىلەن:

— قېنى خوش؟ ... — دېدى.

— قىز بالا بۇ دۇنياغا مېھمان بولۇپ كەلگەندە، — دەپ گەپ باشلىدى تۇنساخان، — يىپ - يىڭنە بىلەن تاختا - نوغۇچ، تۆشۈكلۈك بىلەن تۆر تەڭلا خۇشال بولغانمىش. نېمىشقا دېگەندە، ئايال كىشى يىپ - يىڭنە بىلەن تىكىش قىلىپ ئادەمزاتنى ئادەم سىياقىغا كىرگۈزگەنمىش. تاختا - نوغۇچ بىلەن خېمىر يېيىپ ئادەمزاتقا تائاملارنىڭ لەززىتىنى تېتىتقانمىش. ئايال كىشى يەنە چىۋەر قولى بىلەن بىر ئۆمۈر تۆشۈكلۈكنى ئاۋات قىلىپ ئۇلۇغ ئانا بولغانلىقى ئۈچۈن، بالىلىرىنىڭ قەلب تۆرىگە چىققانمىش. شۇڭا، ئانا بولغۇچى ئۇلۇغلۇقتا دادا بولغۇچىنىڭ ئالدىدا تۇرغانمىش. لېكىن قىزىم، ھازىرقى جاھان بۇنى بىلمەيدۇ. ئاياللار تاش يۈرەك، ئۈجمە كۆڭۈل ئەرلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا خارلىنىپ قېلىۋاتىمىز. مەن سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن كۈننى ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭ تۇل ئۆتكەن ئۆمرۈم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، كۆزلىرىم ياشلىنىدۇ ... — تۇنساخان شۇنداق دەپ ئۆزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇرغان چىرايى ئۆزىگە ئوخشاش ئاق سۇزۇك، قاشلىرى سىدام كەلگەن ئايالغا شۇنداقمۇ دېگەندەك قاراپ قويدى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ بولالمىغان روزىگۈلنىڭ كۆڭلىدىن ھەر قىسما خىياللار كەچتى.

— گەپنى ئۇزارتماي، كېلىشتىكى مەقسىتىمنى ئوچۇقلا دەي قىزىم، يېنىمدا ئولتۇرغان بۇ خېنىم مېنىڭ بىر قور-

ساقتىن چىققان ئىگىچىم بولۇپ، ئۆزى ئارا ئاۋاتتىن كېلىدۇ... ئاچامنىڭ سىز دېمەتلىك بىر ئوغلى بارتى، ئويلىمىغان بىر كېلىشمەسلىك بىلەن ئاغىچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇڭا سىزنى كېلىن قىلىۋالساق نېمە دەركىن، دەپ ئالدىڭىزغا سۆز سالغىلى كېلىشىمىز.

— شۇنداق قىزىم ، — دېدى تۆردە ئولتۇرغان ئايالمۇ بىر ئاز جانلىنىپ ، — قولىدا گۇلدەك ياغاچچىلىق ھۈنىرى بار... ئۆي يېپىش دەمدۇ، ئۆي سايمانلىرى ياساش دەمدۇ، بازارلىق كاسىنە ئىش قىلىش دەمدۇ، ھەممىگە قولى كېلىدۇ. ھۈنىرى ئېقىپ تۇرغاچ، قولىدىن پۇل كام بولمايدۇ...

— قولىدا بىر نېنى بولسا، تەر ئاققۇزۇپ شۇ ناننى ئىككى قىلىپ ئاندىن بىرىنى يەيدۇ.

— گەپ ـ سۆزى جايىدا، تۆت ئادەم بار يەردە گېپىنى جايلاپ قىلالايدۇ.

— ئۆزى بېجىرىم، پۇت ـ قولى ئەيىبىناق ئەمەس، ھوش ـ كاللىسى جايىدا.

— خوتۇنغا ئامراق، كۆڭلىنىڭ كۆيۈمى بار.

— گەپ ـ سۆزى سەت ئەمەس، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىدۇ.

— ئاچچىقى كەلگەندە پۇت ـ قولى ئىتتىك ئەمەس، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ.

— ئېرىڭ بارمۇ دېسە، بار دېگىدەك...

— ھەر ھەپتىسى ئېشەك ھارۋىسىغا چىقىپ، دۈمبىسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بازارغا بېرىۋالغۇچىلىكى بار.

— كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىپ مەيدىسىدىن ئىتتىرسىمۇ، يامانلىۋالماي ئەر قىلىۋالغىدەك...





— ...

كۆڭلى پەرىشان تۇرغان تۇل جۇۋاننىڭ ئالدىدا چىرايى قۇيۇپ قويغاندەك بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككى مەزلۇم ئۆزى سايە قىلىپ كەلگەن ئەرنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاۋاتاتتى. ياش جۇۋاننىڭ بەدەنلىرى تىكەنلەشكەندەك، قۇيقا چېچى تىك تۇرغاندەك بولدى. ئەر... كۆيۈمچانلىق... خوتۇننى بېقىش... ئوھوي، قانداق ئۇلۇغ تەرىپلەشلەر بۇ! ئانىلار بىرى توختىسا بىرى، بىرى توختىسا يەنە بىرى سۆزلەۋاتاتتى. ئالەم ـ جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغاندەك، ئۆي ئوڭتەي ـ توڭتەي بولغاندەك بولدى... قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا تېرەك پوتلىسىنى قۇرت دەپ كۆتۈرۈۋېلىپ چوڭلىرى كىچىكلىرىنى قورقۇتۇپ يۈرگەن باللار چۇرقىراشقىنىچە كىرىپ كەلدى... باللار گويا بىر پارچە ئوت ئىدى. پەقەت ئاشۇ باللىرىلا يۈرىكى زېدە بولغان ياش ئانىنىڭ خۇشلۇقى، ئۈمىدى ئىدى.

قۇياش ئۇپۇققا باش قويدى. شۇ تاپتا ئالەم ـ جاھان زاۋالدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. زاۋال... زاۋالدا ئىشىك ئوچۇق قالسا يامان بولىدۇ. يەنە نۇرغۇن يامانلار بار، زاۋالدا ھويلا سۈپۈرمەيمىز، كىگىز قاقمايمىز... ھە راست، زاۋالدا ئۇخلىغىلىمۇ ياتمايمىز. زاۋالدا يەنە نېمە ئىش قىلسا يامانكەنە؟ ئېھتىمال زاۋالدا بىر كىم ئايال كىشىگە ئەلچى بولۇپ كەلسە، زاۋالدا ئەلچىگە ئۇچۇر بەرسىمۇ ياماندۇر... روزىگۇل ھاتەمدەك كاتتا ئوغلىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئانىلارنىڭ ئالەم ـ جاھان قىزىللىققا تولغان زاۋالدا كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئەجەب كۆڭلى زىل ئانىلار ئىكەن... ئۇ ئانىلارنىڭ سۆزىگە نېمە دەپ جاۋاب بەردىكىن؟ توغرا، ئەمدى ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئا-

نىلارغا ھېچنېمە دېمەپتۇ ھەم دېيەلمەپتۇ. پەقەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ. ئۇلار يۈرىكى قېتىپ قالغان بۇ جۇۋاننىڭ ئاغزىغا خېلى ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن كۆتۈرۈپ كەلگەن زەللىسىنى قولتۇقىغا مەھكەم قىسقىنىچە قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق كېتىپ قېلىشىپتۇ...

«مەن ئەرگە خۇشتارمىدىم؟ ياق، مەن ئاللىقاچان ئەر سىزىكىدىن چىقتىم. ئىشنىڭ ياخشىسى قارا كۆز باللىرىمنى باقاي ... — روزىگۈل ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى ، — يەنە مۇشۇ ھويلىدا ئولتۇرۇپ مېنى شۇنداق كۈنگە سالغان ئادەمنىڭ تاماشاسىنى كۆرەي...» جۇۋان كەچلىك تاماقنىڭ غېمىنى قىلغاچ ئۇزاق ئويلاندى. تۇرمۇشنىڭ غەم - غۇسسىلىرى ئىچىدە ئۆزىنى دەڭسەپ كۆردى.

كەچ، كۆكتە بىرئاز تۇتۇلۇپ تۇرغان ئاي ئۇيقۇسىز جۇۋاننى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى. بۇنداق ئايدىڭ كېچىدە گۈل - چېچەككە پۈركىنىش ئالدىدا تۇرغان باغ قانداق بولىدىكىن؟ ئۇزاق قىشتىن چىققان ئۆرۈكلەردىن باھارنىڭ ھىدى كېلەتتى. يەنە نەچچە كۈن ئۆتسە باغ قىزغۇچ ئاق چېچەككە پۈركىنىدۇ. قۇرت - قوڭغۇزلار تىرىلىپ چېچەك ھىدىدىن مەست بولىدۇ. كېلىش ئالدىدا تۇرغان چېچەك پەسلى جۇۋاننىڭ مىجەزىگە بەكمۇ خۇش كېلەتتى...

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرى ئۆرۈك تۈۋىدە بىر كۆلەڭگە ئايغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەپ غىڭشىپ تۇراتتى. روزىگۈل بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ ئۆزىگە كۈندەش مەغپىرەت ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ خوتۇن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىكىنە؟ ياكى يۈنۈس ئۆيدە بولمىسا يالغۇزسىراپ بۇ يەرگە چىقىۋالدىمۇ - يا؟ نەچچە ۋاقىتتىن ئۇ ئايالغا بەكرەكمۇ قاراپ باقمىغان روزىگۈلدە





تۇيۇقسىز بىر خىيال پەيدا بولدى. ئۇنىڭ مەغپىرەت بىلەن سۆزلىشىپ باققۇسى كەلگەن ئىدى:

— ناخشا ئېيتىۋاتامسەن؟

— يىغلاۋاتامدىكىن دېگەنمىدىڭ؟

روزىگۈل كۈندىشىنىڭ ئىنكاسىدىن چۆچۈپ قالدى. ئۇمۇ ئېرىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ غۇم ساقلاپ يۈرگەندەك پوزىتسىيەدە ئىدى. ئەمما ئاۋۋال گەپ تەشكەن روزىگۈلنىڭ بوش كەلگىسى كەلمىدى. شۇڭا:

— توۋا - ئىستىغپار ئېيتىۋاتامدىكىن دەپتىمەن ! — دېدى.

— نېمىشقا؟

— گۇناھىڭ ئۈچۈن!

مەغپىرەت سېغىزخاندەك شاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— گۇناھ... گۇناھ دېگىنىڭ كىمنىڭ ئاشنىسى ئۇ؟

— سارىڭ!

— سارىڭ دېسە، قولىدىكى ناننى جايلاپ يېيەلمىگەندەك، بىر ئوبدان ئېرىنى تارتقۇزۇپ قويغان ئاياللارنى دېسە بولىدۇ. سەن بۇنى مەندىن كۆرمە، ئۆزۈڭ ئۇنى رازى قىلالمىغان ھەقىچان...

— قانداق قىلسا ئېرىنى رازى قىلغان بولىدىكىنا؟

— ئېرىگە ئەرزىسە.

— سەن كىشىنىڭ ئېرىگە ئەرزىدىڭمۇ؟

— مەن ھەممە ئەرگە ئەرزىيمەن!

«سېغىزخان» كۈلۈپ كەتتى. بىراق بۇندىن ئىلگىرى گۈل- چېچەك ئېچىلماي تۇرۇپ سېغىزخان كەلمەيتتى. روزىگۈل بۇ رېئاللىقتىن باشقىچە بىر روھىي دۇنيانى، باشقىچە

بىر ھېسسىي قاراشنى چۈشەنگەندەك بولدى. شۇنىڭدىن قارىغاندا، يۈرەكنىڭ تۇزۇلۇشى ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى تۇيغۇ ئوخشىمىسا كېرەك. روزىگۈلنىڭ بۇنى ئېچكىرىلەپ بىلىپ باققۇسى كەلدى:

— سەن ئايالمۇ، ئايال ئالۋاستىمۇ؟

— كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قاراپ باققىنە!

— دېمەك سەنمۇ بىر ئايال.

— سەن قانداق ئايال؟

— مەن ھەممە ھېسابتا بار ئايال!

— سەن ھەر كىمنىڭ كۆزى چۈشىدىغان مال ـ ئۇلاغمۇ؟

— مەن ھەركىمنىڭ كۆزى چۈشىدىغان ئالتۇن!

— سېنىڭ قىممىتىڭ نېمىدە؟

— مېنىڭ قىممىتىم ئاپتاپتەك ئىللىق چېھرىمدە، ھەسەلدەك شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىمدە.

— سەن قىممەت جەھەتتە ئەرلەرگە مال بولامسەن؟

— مەن ئەرلەرنى مال قىلىمەن!

روزىگۈل سۈزۈلۈۋاتقان ئايدىڭدا كۈندىشىنىڭ چىرايىغا سەپ سالدى. بۇ چىرايدا نە بىر رەنجىش، نەر بىر قېيىداش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. بۇ چىراي گويا قىماردا ئۇتۇۋالغان غالىبلارنىڭ چىرايىغا ئوخشايتتى. روزىگۈلنىڭ بۇ غالىبلىققا ھېچبىر تەن بەرگۈسى كەلمىدى:

— يۈزۈڭ ئۇيالمامدۇ؟

— نېمىدىن؟

— نومۇسسىزلىقىڭدىن!

— ھى... ھى... ھى ... — «سېغىزخان» يەنە ئۇنلىدى ، — مەن ساڭا دەي قارا، بۇ دېگەن رىزىق!





— رىزىق؟ باشقا بىر ئايالنىڭ ئېرى قانداقلارچە سېنىڭ رىزقىڭ بولىدۇ؟!

— ئوۋچىنىڭ ئولجىسى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ رىزقى بولىدۇ ـ دە!

— سەن ئوۋچىمۇ؟

— مەن ئۇچۇن ھايات بىر ئوۋ!

روزىگۈل ئالدىدىكى ئايالنىڭ جاۋابىدىن چۆلغىنىپ كەتتى:

— ئۇنداقتا، سەن نېمە ئوۋلاۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟

— مەن ئۆز بەخت قۇشۇمنى ئوۋلايمەن.

— ياق، سەن قىزلىقىدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ خۇۋلىقىنى كۆرمىگەن، يۈرىكى جاراھەتكە تولغان بىر ئايالنىڭ، يەنە نارەسىدە ئىككى بالىنىڭ بەخت قۇشىنى ئوۋلىدىڭ!

— ھا... ھا... ھا... ئاران شۇنى دەۋاتامسەن؟ مەن ئۆز بەختىم ئۇچۇن سېنى يەنە بىر ئۆمۈر دوزاخ ئوتىدا كۆيدۈرىمەن!

روزىگۈلنىڭ بېشى پىرقىرىغاندەك بولدى، ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ سورىدى:

— سەن ئالۋاستىمۇ؟

— مەن پەرىزات.

— سەن يالماۋۇزمۇ؟

— مەن پەرىشتە.

— سەن قانداقلارچە پەرىزات، پەرىشتە بولىسەن؟

— ماڭا كۆيگەن ئەرلەر شۇنداق دېگەن.

— سەن شۇ ئەرلەرنىڭ كۆزىنى باغلىۋاپسەن؟!

— ھەر نېمىلەرنى دەۋەرگىن... سەن نېمە دېگەن بىچارە،

ھە ! — مەغپىرەت كۇلۇپ كەتتى.

ئاي ئولتۇردى. ئايدىڭ غايىب بولدى.

ئىككى قورۇنىڭ ئارىلىقىدىكى تار ئۆتۈشمىدىن كالاپ - كۇلۇپ قىلغان ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلاندى. روزىگۈل ئۆزىنى ئۆرۈكنىڭ دالدىسىغا ئالدى ھەم زېھنىنى يىغىپ كەلگۈچىلەرگە دىققەت قىلدى ھەم ئەجەبلەندى. يۇنۇس بىلەن غوجىخان ئالا - تاغىل سۆزلەپ بىر - بىرىنى يۆلىگەنچە ئارقا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان بۇ ئىككى بەندە نېمە كويىدا شۇنچە ئۆلپەتلىشىپ قالدىكىن؟! يەنە كېلىپ ھاراقنى كۆرسە ھارام دەپ ئالتە كۇنلۇك يەرگە قاچىدىغان ئاۋۇ مۇسۇلمان...

## 76

يۇسۇپنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان ھەسەن خالۋاپ ئۇنى باشقىدىن سېغىنىپ كەتتى. بالا ئۆتكەن يىل يازلىق تەتىلنى تۈگىتىپ بىر كەتكەنچە قىشتىمۇ كەلمىدى.

ئۇنىڭ خېتىنى مەكتەپتىكى شەھەرلىك خانىمچاق ئوقۇپ بېرىپ تۇردى. يۇسۇپ بۇ يىل چوڭ ئىمتىھان بېرىدىغانلىقىنى دەپتۇ. تەنتەربىيە دەمدۇ، قانداقتۇر بىر چوڭ ھەرىكەتلەر بولىدىغان بولغاچقا، ئىمتىھان ۋاقتى ئالدىغا سۈرۈلگەنمىش. ئۇ ئەمدى مۇشۇ ئىمتىھان نەتىجىسى چىققاندىن كېيىن ئەڭ كاتتا مەكتەپلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ ئوقۇيمەن، دەپتۇ. ئادەمنىڭ ئەقلى سىغمايدىغان ئىش: ئىلگىرى قۇمئاۋاتلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆتىنچى، بەشىنچى سىنىپلارنى پۈتتۈرۈپلا كەتمەن چاپقان، تېرىغان يېرىدىن نەچچە جىڭ بۇغداي، نەچچە جىڭ قوناق





چىققانلىقىنى بىلەلەيدىغان ساۋاتلىق دېھقان بولغان، ئىلگىرىكىدەك ئانچە چارەك بۇغداي چىقىپتۇ - يەي، مانچە چارەك قوناق چىقىپتۇ - يەي دېگەندەك كونىچە ھېسابلار بىلەن خوشلاشقان. بەكرەك ئوقۇغانلار بولسا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇپ كېلىپ ئۇششاق باللارغا مۇئەللىم بولۇپ ئىككى - ئۈچيۈز كوي ئايلىق ئېلىپ جېنىنى جان ئېتىپ يۈرۈيدۇ. بۇ بالا بولسا ئەجەب تۈگىمەس ئوقۇشقا قالدى. شۇنداق ئوقۇغىلى تۇرسا يەنە نەگىچە ئوقۇيدىكىن - تاڭ!

يۇسۇپ ئىلگىرى چوڭ بولسام يا مۇئەللىم، يا دوختۇر بولىمەن دەيدىغان. ئەمدىلىكتە ھەر قېتىملىق خېتىدە مۇھىت دەمدۇ، سۇ ئىنشائاتى دەمدۇ، ئىشقىلىپ شۇنداقراق بىر ئوقۇشتا ئوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. شۇنداق كەسپلەردە ئوقۇپ كېلىپ قۇمئاۋاتنى قۇم بېسىپ كېتىشتىن توسۇيمەن... دېگەندەك بەڭگىنىڭ خىيالىنى يېزىپ ئەۋەتىپتۇ! ئادەم باللىسى ئۆزى دەسسەپ تۇرغان زېمىنغا قاراپ ئاق قىلىمەن، كۆك قىلىمەن دەپ ئاغزىغا كەلگەن مۇقامنى توۋلاش قىپقىزىل ساراڭلىق. ئۇششاق باللار بىلىپ - بىلمەي ئېغىز باتۇرلۇق قىلىپ ناشايان گەپ قىلىپ قويىدۇ. يەر - زېمىننىڭ ئاۋات بولۇشى، چۆللىشىشى ياراتقۇچىنىڭ ئىلكىدىكى ئىش. مەن ئېسىمنى بىلگەندىن بېرى بۇ يەردە زېمىننى تىترەتكىدەك قەبىھ ئىشلار يۈز بەردى. يامانلار ياۋاشلارنى ئانى تاپتى. ئەينى يىللاردا كاللىسى قىزىپ قالغان بىر توپ ساراڭلار يېڭىگە قىزىل لاتا قاداپ قولىغا مىلتىق، تاياق - توقماق ئېلىپ يەر - جاھاننى تەتۈر چۆرگىلەتتى. قىمار، كەيىپ - ساپا، زىناخورلۇق جاھاننى خىرەلەشتۈردى. پاك زېمىن ئۆز قوينىدىكى پەسكەشلىكلەرنى كۆتۈرەلمىگەندەك ئاستا - ئاستا قۇرۇشقا

باشلىدى... بۇرۇنقى ئىشلارغۇ شۇنداق ئىگە ـ چاقىسىزلا كەتتى. هازىرقى ئىشلارنى تىلغا ئالسىمۇ كىشىنىڭ تىلى كۆيىدۇ: ئانىسى كىندىكىنى پۇلدا كەسكەن بەندىلەر قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى نەچچە مىڭ مو ئورماننى ھېلىقى شەھەر كۆرگەن خوجايىنغا سېتىۋەتتى. هازىر ئۇ يەر تراكتورلار بىلەن تۇرتىلىپ ـ تۈزلىنىپ تېرىلغۇ يەر قىلىندى. قۇمئاۋات، ئاراۋاتنىڭ سۈيى شۇ تەرەپكە قايدۇرۇلۇپ ھېلىتتىن يامانلىقتىن بېشارەت كەلدى... بۇنداق ئىشلارنى خىيال قىلغان، ئۆكۈنگەن بىلەن تۆت ئادەم بار يەردە دېگىلى بولاتتىمۇ! شۇڭا، مەكتەپتىكى قىسما ـ قىسما شوئارلار بىلەن كىتابتىكى ئۆزگىچە خەتنى ئوقۇش، يېزىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قىزىل گۆش چۈجىنىڭ ئوقۇپ كېلىپ ئۇنى قىلىمەن، بۇنى قىلىمەن دېگىنى ئەجەب قىزىق. باخشىنىڭ شەھەرلىكنىڭ جىنى چاپلىشىۋاپتۇ، دېگىنى راستىمۇ ئوخشايدۇ. خەتنى بىزگە ئوقۇپ بەرگەن ھېلىقى شەھەرلىك مۇئەللىم يۈسۈپنىڭ نادان خىيالىنى غوجىخاندەكلەرگە دەپ قويىمىغىدى...

— بۇ قاغجالىملىقتا چاتىرىقىڭىزغا قاراپ ئولتۇرۇپ نېمە خىياللارنى قىلىۋاتىسىز ھەسەنكا؟

ھەسەن خالۋاپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. نېمىدىن قاچسا شۇ پەيدا بوپتۇ، دېگەندەك ئۇنىڭ بېشىدا غوجىخان قاراپ تۇرۇپتۇ.

— كەمبەغەلنىڭ خىيالى، سېكرېتار...

— كەمبەغەلنىڭ خىيالى باينىڭ ھوزۇرىغا، دەپتىكەن. قانداق، گېپىڭىز بىر يەرگە قولاشتىمۇ؟

— قايسى گەپنى دەيدىلىكىن، سېكرېتار؟

— بىزنىڭ خوتۇن سىلىنىڭ خوتۇنغا ئۇچۇر قىلغان





ئىشنى دەيمەن.

ھەسەن خالۋاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئالدىدىكى بۇ بەندە بىلەن قۇدىلىشىشتا ئۇنى بىر خىل ئىشەنچسىزلىك، دىلىغۇللۇق ئارامسىزلاندۇراتتى.

— مەن سىزدىن گەپ سوراۋاتىمەن ؟ — غوجىخان تاماكىسىغا ئوت ياقتى. ھەسەن خالۋاپ مەجبۇرەن ئېغىز ئاچتى:

— كەمبەغەلنىڭ ئىشى تەسكەن قارىسىلا. كەمبەغەل باينىڭ ئىشىكىگە باراي دەپ جابدۇنسا ئېشىكىنىڭ توقۇمى پۈتمەسمىش، توقۇمى پۈتسە تويلۇقى پۈتمەسمىش!

— باي ئۈچۈن كەمبەغەلنىڭ توقۇپ جابدۇغان چامبۇل ئېشىكى بىلەن تاۋار ـ دۇردۇنى كېرەك ئەمەس، كېرەك بولىدىغىنى...

— ھە راست، مەنمۇ باينىڭ دەپىن ـ دۇنياسى ئاسماندىن چۈشىدۇ، دەپ ئاڭلىغۇدىم ، — دېدى ھەسەن خالۋاپ غوجىخاننىڭ كۆزىگە قارىماي تۇرۇپ ، — باينىڭ قازىنىدا بەتتە پولۇ، كەمبەغەلنىڭ كەپىسىدە ئۇماچ ـ يوبدان قايىنىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك؟

غوجىخان ھەسەن خالۋاپنىڭ سامانلىنىڭ تېگىدىن سۇ قويىغىنىغا كۈلۈپ كەتتى. كۈلگەندە خېلى كۈچىنىپ كەتكەنلىكتىن كۈل رەڭ سارجا چاپىنىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قورسىقى ئاستىن ـ ئۈستۈن لىغىلداپمۇ كەتتى ھەم گەپنى يىغىشتۇرماقچى بولغاندەك:

— كەمبەغەلنىڭ ئۈمىچى باينىڭ چىشىغا دورا دېگەن گەپمۇ بار خالۋاپ ئاكا. باي بولسا نېمە، كەمبەغەل بولسا نېمە تتى ، — دېدى.

بۆرە پاقلان گۆشىگە ئامراق بولغاچقا، قوي بىلەن

دوستلاشماقچى بولىدىكەن. ئەمما بۆرىنىڭ قوي بىلەن دوست بولالىغىنىنى ھېچكىم ئاڭلىغان ئەمەس. لېكىن، كەتمىنىگە تايانغىنىچە ئېتىزلىق بىلەن قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ھەسەن خالۋاپ خىزمەت تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن ئۆزىگە يولۇققان غوجىخان بىلەن خۇددى بۆرە بىلەن قوي مۆكۈدىشىپ قالغاندەك ئۇزاق مۆكۈدىشىپ تۇرۇپ قالدى. ئارىدا سوغۇق گەپمۇ، چاقچاقمۇ بولدى. ماھىيەت، بۆرە قويغا تۇغقان بولايلى دېگەندەك، قۇمئاۋاتتا ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىغان غوجىخان خۇددى بىر كىمنىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇۋاتقاندەك گەپنىڭ تېگىنى ئاچتى:

— ئىككى مەزلۇمنىڭ لەۋزىگە ئاساسەن ھەرقايسىلىرىغا ئىشتىھا ساقلاپ باشقا سۆز تاشلىغانلارغا قۇلاق سالماي ساقلاپ تۇردۇق.

— مەن سىلىنى مەزلۇم كىشىنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ دەپ ئاڭلىمىغان، ئەمدى ئۇ بويىچە بولسا، مەزلۇم خەقنىڭ پۈتۈشكەن ئىشىغا شەيتان ئارىلىشىپ قويارمىكىن، سېكرېتار؟

— شەيتانغا تاش ئاتىدىغان سىلە - بىز بار ئەمەسمۇ!

— بۇ...

— ئەمدى تىللىرىنى چايناۋەرمەي بەللىرىنى باغلىسىلا.

«بۆرە» «قوي» نى ئۆزى بىلەن تۇغقان بولۇشقا زورلاپ تۇرۇۋالدى. «قوي» بىچارىلىك بىلەن «بۆرە» گە تەزىم قىلدى:

— ماقۇل، ماقۇل بەل باغلاي...

ئىش تامام ۋەسسالام، ئىككىيلەن خوشلاشتى. خەيرىيەت، بولغۇسى كېلىن توغرىسىدا خالۋاپنىڭ قۇلىقى ئېتىك. ئۇ ئەردىن چىققان جۇۋان توغرىسىدا بەس - مۇنازىرىلەردىن يىراق.





— ماڭ، بېرىپ داستىخىنىڭنى قوي، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئۆيگە كېلىپ، — تاپقان ئىشىڭنى بىر باشقا ئېلىپ چىق!

— قايسى ئىشنى؟ — دېدى نازىلىخان ئېرىنىڭ زەردە قىلىشىدىن سەل چۆچۈپ.

— ھۇسىيناخۇنغا خوتۇن ئېپ بېرىدىغان ئىشنىچۇ؟

— ئەمىسە چېچىلماي گەپ قىلمامدىلا؟ — نازىلىخان بىردىنلا كەينىگە يالتايغان ھېسسىياتقا كېلىۋالدى، — ئۇ ئىشنى مېنى تاپتى دېسىلە، مەن ھېلىھەم ئارقامغا يېنىغلىق!

نازىلىخان گۈل تېرىشقا تەييارلانغان يەرگە مۇچ ئۇرۇقى چېچىپ قويۇپ، ئەمدى ئۇ يەردىن گۈل ئۈنمەيدىغان بولسا ئاق قىلىمەن، كۆك قىلىمەن دېگەندەك بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلىپ غۇدۇڭشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇرۇقنىڭ چېچىلغىنى چېچىلغان، بىخلانغىنى بىخلانغان...

نىھايەت، داستىخان ئاپىرىلىپ، قىزنىڭ بېشى باغلاندى. مەسلىھەت چايلىرى بولۇپ، تويلۇق پۈتۈم قىلىندى. يازلىق ئورمىنىڭ ئالدىدىكى چارشەنبە كۈنى نىشانلىنىپ باغاقلار يېزىلماقچى، سەۋزە - گۈرۈچلەر ھازىرلانماقچى، كالا - قويلار سويۇلماقچى، مەشرەپلەر ئوينالماقچى بولدى. ئەلۋەتتە، ھەسەن خالۋاپنىڭ ئىقتىسادتىن قىسىلىپ قالىدىغان يېرىگە سېكرېتارنىڭ قەرز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنماي قالمىدى.

— مەسلىھەتىمىز بەلەن بولدى، — دېدى ھەسەن خالۋاپ ئاخىرىدا — ئەمما لېكىن مېنىڭ بىر ئويۇم: بۇ تويغا نەغمىچى قىچقارمىساق، مەشرەپ سالمىغان بولساق...

— نېمىشقا دەيلىكىن؟ — دېدى غوجىخان باش ئۇستى-

دىلا ئېسىلىپ تۇرغان كۈچلۈك ئېلېكتىر چىراغ نۇرىدا كۆزدىنى پارقىرىتىپ. ھەسەن خالۋاپ ئۇنى پۇتۇپ قالغان ئادەمدەك گېلىنى قىرىپ قويدى ھەم ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ:

— ئەمدى دېمىسەكمۇ ئايان، ئۆيىمىزدە مۇسىبەت بولۇپ ئوغلىمىزنىڭ ئاغىچىسىنى كۆمۈپ قويغىلى تېخى ئالتە ئاي بولمىدى. شۇڭا، ھېلىتىن قۇلىقىمىزنى ئېتىۋېلىپ ئەزان توۋلاپ يۈرسەك، ئەل - جامائەت ئىچىدە ياخشى بولماس.

— ئاھاي... شۇ گەپمىدى ، — دېدى غوجىخان ئېتىزلىقتا ئىش باشقۇرۇۋاتقاندەك قاتتىق تەلەپپۇزدا ، — بىزنىڭ قۇمئاۋاتلىقلار مەشرەپ ئوينىسا گۆردىكى ئۆلۈكلەرمۇ تىرىلىپ چىقىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ دەيدىغان گەپ بار. مېنىڭ قىزىمنىڭ تويىدا مەشرەپ قىلمىساق، مەن غوجىخان قانداقمۇ توي قىلغاندەك بولىمەن؟

— ھوي، بىزنىڭ رەھمەتلىك كېلىنىمۇ ھەر قېتىم تويغا ئاپارسام ئۇسسۇلدىن قالمايتتى، بولۇپمۇ دولان پەدىلىرىگە ئوينىغىلى ئۇستىدى ، — دېدى نازىلخان ئەرلەرنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىپ. ھەسەن خالۋاپ خوتۇنىغا يەرنىڭ تېگىدىن ئالىيىپ قويدى. ئۇ ئەرلەر سۆزلىشىۋاتقاندا ئايالLAR گەپ قىستۇرسا بەك ئاچچىقى كېلەتتى.

— مەن بۇ قېتىم تويىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ كاتتا قىلمىسام كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ ، — دېدى غوجىخان تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى پەگاغا تاشلاپ ، — ئادەم دېگەننىڭ دوست - دۈشمىنى بار، بىز ئۇنلۇكرەك كۇلمىسەك خەقنىڭ كۆزىدىن ياش چىقمايدۇ!

— ئەمىسە كۆڭۈللىرىچە بولسۇن ، — دېدى ئىلاجىسىز قالغان ھەسەن خالۋاپ چالا كۇلۇپ.





مەسلىھەت پىشتى. باشۋېغى كىشى قولىغا ئۆتۈپ قالغان تۆگىدەك ھېچبىر ئىشى ئۆز ئىختىيارىچە بولمايۋاتقان ئاتا قاراڭغۇدا كەينىدە كېلىۋاتقان باللىرىنىڭ ئانىسىغىمۇ قارىماستىن مۆدۈرۈپ - مۆدۈرۈپ ماڭغىنىچە مەھەللە تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى.

## 77

كىم ئېيتتىكىن تۇل خوتۇننىڭ چاچلىرى ھەلەپ سېۋىتىدەك چۇۋۇق بولارمىش، تۇل خوتۇننىڭ چېھرى قىشنىڭ كۈنىدەك سوغۇق بولارمىش، تۇل خوتۇننىڭ كۆڭلى يەنە دەز ئەينەكتەك سۇنۇق بولارمىش... دەپ. روزىگۈل ئەينەككە قاراپلار چۆچۈپ كەتتى. توغرا، ئۇنىڭ بەختىگە چاڭگال سالغان ھېلىقى ئالۋاستى روزىگۈلگە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

مەن تۇل خوتۇنمۇ؟ ياق، مەن ئۆز بەختىنى ئۆزگىلەرگە تارتۇق قىلىۋەتكەن بەختسىز ئايال. مەن گۈل - چېچەكلەرنى پايخان قىلغان توپا - تۇمانلار ئارىسىدىن يوقاتقان نەرسىسىنى ئىزدەۋاتقان ئايال.

جۇۋان ئىزتىراپلىق ھېسلار قايىنىمىدا ئۈزۈپ، تەئەججۇپ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ، باشاقلىرى ئالا بۆرەك بۇغداي ئېتىزلىرىدىن، قىزغۇچ قۇم دۆڭلىرىدىن ھالقىپ، قۇمبۇلاقتىكى خەلىچە بۇۋىنىڭ يىگانە ھويلىسىغا كەلدى. قولتۇقىغا قىستۇرۇپ كەلگەن بىر خون نان، ئىككى بولاق قەنت، بەش سوم پۇلنى بۇۋىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— نېمەڭ يوق، بالام ؟ — ئىبادەتتە ئولتۇرغان بۇۋىم

قارا رومال توسۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېچىپ سورىدى. ئۇ ئادەتتە ئاياللارنىڭ ئالدىدا يۈزىنى ياپمايدتى. روزىگۇل ئېغىز ئاچقىچە موماي ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى، — ئالتۇن پالتاڭدا خەق كۆتەك يارغىلى تۇرۇپتىغۇ، بالام!

روزىگۇلنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. ئانىسىغا دەرد تۆكمەكچى بولغان ناتىۋان قىزدەك ھەسرەتلىك كۆزلىرىدىن مۆللىدە ياش ئېتىلىپ چىقتى.

— يىغلىما، يىغلىما، پالتاڭ تېخى كۆزۈڭدە باركەنغۇ، ئوغرى ئۇنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ ئىشلىتىۋېتىپتۇ! سەن ئۇمچىيىپ قاراپ قاپسەن ـ ھە!

روزىگۇل بىرئاز مەڭدەپ قېلىپ ئاندىن ھەئە، دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— پالتاڭ ئۆزۈڭگە لازىم بولۇپ قېلىۋاتامدۇ، بالام؟

جۇۋان يەنە بېشىنى لىڭشىتتى.

— ۋاي ئىش كۆرمىگەن بىچارە شۇم، — بۇۋىم كۆزلىرىنى يۇمۇپ مۈگدىگەندەك ئولتۇرۇپ توختىماي تەسۋىي سىيرىشقا باشلىدى. يالغۇز مەھەللە، قۇملۇق باغرىدىكى سىرلىق بۇلاق، ئۆمۈچۈك تور تارتقان كونا ئۆي، سىرلىق بېشارەتلەر يىراق ـ يېقىنغا بۇۋىمىنىڭ داڭقىنى چىقارغان ئىدى، — ئۆزۈڭ ياۋاش، دىلىڭ ئاق، كەڭ قورساق، كىشىگە زەھىرىڭ يوق كۆرۈنىسەن، ئەمما...

— ياۋاشلىقىمدىن كەتتى، پالتاڭ دېگەنلىرى شۇ ئېرىمنى دېگەنلىرىغۇ؟ كۆزۈم كۆرۈپ تۇرغاچ، قۇلىقىم ئاڭلاپ تۇرغاچ، يۈرىكىم چىدىمايۋاتىدۇ.

بۇۋىم جۇۋاننىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بەرمىدى. ئۇزۇندىن





ئۇزۇن بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ ئولتۇردى. كېيىن ئاستا بېشىنى بۇراپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈردى:

— ئۇنىڭدىنمۇ سوۋۇدى دەيدۇ، بالام... سورۇلۇپ ـ چېپىلىپ يۈرگەچ موھتاجلىققا قاپتۇ. يوقسىزلىق دەردىدە ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپتۇ. شۇنداق يۈرۈپ رايى يېنىپ كەتكەچكە، ئۆز ئۆۋىسىنى سېغىنغان دەممەدەك ئۇ يەردىنمۇ تېزىپ كېتەي دەپ قاپتۇ، — جۇۋان مومايىنىڭ سۆزلىرىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سالدى، — ئەمدى ساڭا يولى كەلدى قەلەمقاش، تاختا ـ نوغۇچنى جۈپلەپ سۇپىرىغا يۆگە. تۈزلۈق قاپاقنىڭ نوگىيىنى قاپاقتىن نېرى قىلما، ناماز خۇپتەندىن ناماز بامداتقىچە ھاۋانچىنىڭ تېشىنى ھاۋانچىدىن چىقارما، يىڭنىنى يىپسىز ساقلىما، چاپاننىڭ تۈگمىسى ئېتىكسىز قالمىسۇن، كېپىشىڭنىڭ ساڭ پېيى بوسۇغىدا...

بۇۋىم يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن، ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان شەرتلەرگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان جۇۋان يەنە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى، يەنە ئىسسىتقۇ قىلىشقا ئامال بار ـ يوقلىقىنى سورىدى.

— ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ چېھرىڭدىن ئاپتاپ ئۆچمىسۇن. ھەر كۆرگەندە مۇلايىم كۆزلىرىڭ بىلەن بىر قېتىم قىيا باق. لەۋلىرىڭدىن بال تېمىپ تۇرسۇن. ئارتۇقچە گەپ ئورنىغا تاتلىققىنە بىر كۈل، شۇنىڭدا جادۇ كۆزلىرىڭگە تەسلىم بولغان بىر يىگىلگۈچىنى كۆرىسەن. بۇ ئالەم ئازغۇنلار ئۈچۈن پۇشايمان ئالىمىدۇر. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئەل بولغان باتۇرنى يۆلىۋالغان چېغىڭدا ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنى يۈزىگە سالغۇچى بولما. شۇندىلا سەن دۈشمىنىڭنىڭ بەختىنى ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ بەختىنى كۆرىسەن. مانا بۇ ئەڭ يامان ئىسسىتقۇ... بار-

غىن بالام.

جۇۋان قۇشتەك يېنىكلەپ قالدى. كۆز ئالدىدىكى چۆل، قۇم بارخانلىرى، يۇلغۇن، قامغاق، چاكاندا، سوي، ياۋا ئوت - چۆپلەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە گۈل بولۇپ كۆرۈندى.

روزىگۈل ئۆيگە كېلىپ چۆگۈندە سۇ ئىسسىتتى، سەۋەبسىز يۇيۇنغىلى ئۇيۇلۇپ تۇرۇپ بويىنى سۇغا سالدى، پۈتۈن بىر قىش تارغاق تەگمىگەن چاچلىرىنى تاراپ جىگدە يىلىمىدە قاتۇردى، پەرۋىشسىز قالغان مايسىدەك قاراپ باقمىغىلى ئۇزۇن بولغان قاشلىرىغا ئوسما قويدى، كۆلۈشنى ئۇنتۇپ قالغان كۆزلىرىگە سۈرمە تارتتى، ئاپتاپتا كۆيۈپ قورۇق شامالدا يېرىلغان يۈزىگە ماي، ئۇپا سۈرۈپ، ئەسلىدىنلا توغاچتەك قىزغۇچ كەلگەن ئىككى مەڭزىگە ياراشتۇرۇپ ئەڭلىك ئېتىپ تالاغا چىقتى.

— كۈن قاياقتىن چىقتى، چىرايلىق جۇۋان ؟ — گۈل - چېچەككە پۈركىنىپ تۇرغان جاھان ئۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ سورىدى. روزىگۈل كۈلۈپ كەتتى:

— كۈن چىقىشتىن.

— چېھرىڭدىكى كۈلكەڭچۇ؟

— يۈرىكىمدىن.

— پايە قەدىمىڭنى نەدىن سورايمىز؟

— ئۆز ئەركىمدىن.

— ئەركىڭ نېمىدە؟

— ئۈركۈپ كەتكەن بەخت قۇشۇمدا.

— بەخت قۇشۇڭ قايان كەتتى؟

— زىمىستانغا.

— ئۇ كېلەمدۇ؟





— كېلىدۇ!

— كېلىشىگە ئىشەنچىڭ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار..

— ۋەجى نېمىكىن؟

— ئۇ باھارنى سېغىنىدۇ.

— باھار قەيەردە؟

— باھار ئۇنىڭ ئۆز ئۇۋىسىدا.

— ئۇنىڭ ئۇۋىسى بارمىكىن؟

— بار، بار.

كۈلۈپ تۇرغان قۇياش، كۆپكۆك ئاسمان، كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتەرلەر، قۇملۇق باغرىغا پاياندار بولغان بۇغداي ئېتىزلىرى، قۇمساڭغۇ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى سۇۋادانلار... ھەممىسى جۇۋاندىن گەپ سورىدى. جۇۋانمۇ كۆز ئالدىدىكى گۈزەل دۇنيا بىلەن مۇڭداشتى:

— سىلەر قاچاندىن بېرى مۇشۇنداق گۈزەللىشىپ كەتتىڭلار، گۈل - چېچەكلەر؟

— سەن بىزگە گۈزەللىك نەزىرىڭ بىلەن باقاندىن بېرى، ئالتۇن جۇۋان.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

— شۇنداق، سەن بىر دەشتى چۆلنى كېزىپ بىزگە يەتتىڭ. سەن جەبىر - زۇلۇم چەكتىڭ، خورلۇق تارتتىڭ. باغۇ بوستانلىقتا تۇرۇپ ئازغان تىكىنىگە ئىلىنىشىپ قالدىڭ، باغۇ بوستانلىقتا يۈرۈپ دەشتى چۆلگە تاشلاندىڭ. شۇڭا ھايات ساڭا چۆل بولۇپ كۆرۈنگەن.

— ئەمدىچۇ؟

— ئەمدى ئۆزۈڭنى تاپتىڭ. دەشتى چۆلدىن يېنىپ

گۈلزارلىقتا قەدەم قويدۇڭ... قارا، گۈل بىلەن رەڭ تالىشىۋاتقان چېھرىڭگە.

جۇۋان راستىنلا گۈلدەك چېھرىنى كۆرگەندەك بولدى ھەم سوراپ باققۇسى كەلدى:

— ھايات گۈلزارلىقىمدا يەنە ئازغان تىكىنى بارمىدۇ؟

— تىكەن ھەر يەردە بار.

— مەن يەنە تىكەنلەر ئارىسىدا قانسىراپ قالارمەنمۇ؟

— بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا. سەن گۈل بار يەردە ھامان تىكەننىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالما.

— شۇنداقمۇ...

روزىگۈل تىكەنلەر ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ گۈلىنى ئۈزۈشكە ئىشەنچ قىلدى.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. روزىگۈل بۇرنىنىڭ ئۇچىدا، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ۋىلىقلىشىپ يۈرگەن شېرىن شېكەرلەرنىڭ شىرنىسىنىڭ ئېچىغانلىقىنى — زېمىستاندىن ئەمدى ئۇزاپ چىققان يۇنۇس بىلەن مەغپىرەتنىڭ قەلب ئېتىزىدا خوخا ـ تىكەن بىخلانغانلىقىنى بىلدى. مانا خېلىدىن بېرى يۇنۇس كۆرۈنمەيدۇ. مەھەللىنى ھەلەق قىلىپ يانمۇ يان مۈرىدىشىپ مېڭىشلار، پىخىلداپ كۈلۈشلەر كۆلدەك توزۇپ شامالدا غايىب بولغان. چىرايدىن كۈلكە ئۆچكەن مەغپىرەت يالغۇز قالغان ئاغمىخاندەك تامنىڭ كەينىدە ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قالغان ئىدى.

قۇملار، ئېتىزلار، باغلار، ئۆيلەر، ئادەملەر يەنە بىر تۈن قوينىغا كىرىپ كەلدى. گۈل ـ چېچەكلەرنى ئۇچۇرۇپ تۇرغان سېرىق شامال بىلەن تەڭ بىر يېلىنجاپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان بىر ئوت توچكىسى باغدا خۇشپۇراق كەندىر ھىدىنى قالدۇرۇپ





ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى... نازلىق كۈلكە، كالتە يۆتەل، خىرقىراپ كۈلۈشلەر ھايالسىز كۆتۈرۈلگەن قارا بوراندا قالدى.

يۇنۇس نېمىشىنىمۇ يىراقىراق يەردىن ئۆي تۇتمىغان بولغىيدى! پەسكەشلىكلەرگە گۇۋاھ بولۇپ ئاچچىق يۇتۇپ چىقىدىغان روزىگۈلنىڭ بىر تۈرۈپ يۇنۇسقا ئاچچىقى كېلەتتى، بىر تۈرۈپ ئۇنىڭغا ھېيداشلىقى تۇتاتتى. ئۇ بۇزۇقلارغا ئۆي بىكارلاپ بېرىپ نەلەردە يۈرىيدىكىن؟ ئېھتىمال تۇرمۇش غېمى بىلەن چېپىپ يۈرگەندۇ. ئۇ يېقىندىن بېرى ئىنىسى ھۆسىيىناخۇن بىلەن ئانىبە ـ مۇنچە ھال ـ مۇڭ بولۇپ يۈرگەندەك قىلغان، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئىنىسى بىلەمدىكىن ـ يا؟

بوران بارغانچە كۈچەيدى.

## 78

توي مەشرىپى قىزىپ كەتتى.

غوجىخاننىڭ ئۈچ مو كەلگىدەك كەڭرى باغ ـ ۋارانلىق ھويلىسى مېھمانغا لىق تولغان، پېشايۋان ئالدىدىكى كەڭ سەينادا توي ئەھلى قىزىق مەشرەپكە چۈشكەن ئىدى. نەمەت بۇرۇت باشچىلىقىدىكى سازەندىلەر باراڭ تۈۋىدىكى رىشاتكىغا تاقاپ قويۇلغان چوڭ كارىۋاتقا جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار باشقا تويلارغا قارىغاندا بەكرەك قىزىۋالغان، قوشاقلىرىمۇ يېڭى ئىدى:

ئۆيۈڭنىڭ كەينىدە باغ يوق،
كېچە بارسام قۇمغا پاتتىم.
شەپە بەرسەم چىقمايسەن،
تاڭغىچە داغدا ياتتىم.

يۇمىلاققا ـ يۇمىلاق، يۇمىلاققا ـ يۇمىلاق،
مەھەللىڭىزگە بارغۇم بار،
كۆڭلىڭىزنى ئالغۇم بار.
بىزنى سەت دەپ نېرى قاچماڭ،
بىر سىزنىلا ئالغۇم بار.

يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يىغىنغا بارغاندا كىيىدىغان ئاپئاق
كۆڭلەك، يېڭى بادام دوپپىسىنى كىيىپ ھاكىمدەك سۆلەتلىك
بولۇپ كەتكەن غوجىخان قولىدا بىر پار ـ پۇر چەينەك، پىيالە
دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانا ئۆيدىن چىقتى ھەم
سازەندىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆز قولى بىلەن چاي قۇيۇپ
قويدى. نەمەت بۇرۇت قولىدىكى كىچىك ئەمما ئاۋازلىق مەش-
رەپ دېپىنى بىر قوللاپ چېلىپ تۇرۇپ ئالدىدىكى پىيالىنى
ئالدى ـ دە، پىيالىدىكى داغ چاينى قولىغا ئېلىپ گۇپپىدە
كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ خۇددى زەھەر ئىچىپ سالغاندەك پۈرۈلگەن
چىرايىغا زورۇقۇپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ ھەمراھلىرىغا قارىدى ۋە:
«ئىچمەمسىلەر؟» دېگەن ئىشارىنى قىلىپ كۆزىنى قىسىپ
قويدى. كوسا غىجەكچى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قولىدىكى كا-
مالچىنى ئاستىلاتتى ـ دە، ئالدىدىكى پىيالىغا قولىنى ئۇزى-
تىپ، چاينى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. كۆتەك ساقال راۋابچى بى-
لەن يۇمۇق كۆز نەيچى چايغا ئىلتىپاتسىزلا قاراپ قويۇپ چې-
لىشنى داۋاملاشتۇردى.

— نەمەت بۇرۇت دورىسىنى ئىچىپ، مىجەزىنى تەڭشىۋال-
دى. ئەمدى توختىماي چالىدىغان بولدى، — دېدى سورۇننى
چۆرىدىشىپ تۇرغانلار بىر ـ بىرىگە ئېغىز ـ قۇلاق يېقىشىپ.

— نېمە دورا، ئۇ؟ — دېدى بەزىلەر بۇنىڭ نېمە گەپلى-
كىنى تازا ئۇقماي.





— كۆزۈڭلارنى ئېچىپ قاراڭلار، چەينەكتىكىسى چاي ئە-
مەس، ھاراق.

— ھاراق؟

— ھەئە، نەمەت بۇرۇت داپنى ئوتقا قاقلاپ سازلىغاندەك،
بۇنداق سورۇندا ئاز ـ تولا ئىچىپ ئۆزىنىڭ مىجەزىنىمۇ تەڭ-
شىۋالمىسا سورۇننى قىزىتالمايدۇ. ئەمما جامائەت بار يەردە
ئالدىغا بوتۇلكىنى تىكلەپ قويۇپ ئىچىشتىن نومۇس قىلىپ،
ئاشۇنداق چەينەك بىلەن ئىچىدىكەن.

— ئوھوي... يا خەقنىڭ قىلماس قىلىقى يوقكەن ـ ھە!

— تېخى ئىلگىرى جاھان كەڭرىچىلىك ۋاقتىدا چىلىم
بىلەن چېكىۋېلىپ چالاتتى، دېيىشىدۇ!

— ۋاي تېخى.

— سېكرېتار بولارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىكەن، ھە.

— سېكرېتار بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچقان بولسا،
ئۇنداقتا ھېلىغىچە توي مەشرىپىنى ئۆزى قىزىتىدىكەن ـ دە.

— ئۇنداق ئىشىمۇ بارمۇ تېخى؟

— بۇ ئادەمنىڭ جىق ئويۇنلىرى بار، جۇما!

— ئەمىسە تاماشا كۆرىدىغان ئوخشايمىز، بىردەم كەتمەي
تۇرايلى.

ئۆگزەڭدە ئۇچار كەپتەر،
تەڭدىن تولىسى دەمدەر.
گەپ بار دېسەم، چىقمايسەن،
سىرىڭنى ماڭا دەپ بەر.
تومىلاققا ـ تومىلاق، تومىلاققا ـ تومىلاق،
بېغىڭىزغا بارغۇم بار.
كۆڭلىڭىزنى ئالغۇم بار،

بىزنى چوڭ دەپ گەپ تاپماڭ،
شۇ سىزنىلا ئالغۇم بار.

مەشرەپ ئەۋجىگە چىقتى. غوجىخانىنىڭ قويغان قىرتاق چېيى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

كۈن چۈش بولاي دېگەندە مېھمانىنىڭ قەدىمى ئاۋۇدى. بولۇپمۇ بىر - بىرىدىن يوغان قىلىپ داستىخان كۆتۈرگەن ھەم بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇۋالغان ئايالار رەڭگا رەڭ تۈرقى بىلەن ھويلىنى بىر ئالدى. ئون نەچچە ئېغىز ئۆي، كەڭ تاشا پېشايۋان، ئالدى - ئارقا ھويلا، ھەتتا باغدىكى غۇچچىدە غورىلىغان ئۆرۈكلەرنىڭ سايىسىغىچە مېھمانلار جايلاشقان ئىدى. ئوغۇل، قىزلىق ئىككى تەرەپتىكى قۇدىلار بىر - بىرىدىن ئالدىراش پۇتى يەرگە تەگمەي قالغان بولۇپ، ئۆز مېھمانلىرى ئۈچۈن چېپىپ يۈرۈشەتتى.

ھەسەن خالۋاپىنىڭ ئوغلىنىڭ توي خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۇچادىن قايتىپ كەلگەن ئىنىسى ھەمزىخان، خوتەندىن كەلگەن تۇغقانلار، قۇدىسى ئابباسخان، قۇدىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان، باجىسى كېرىماخۇن، كۇيئوغلى ھاپىز قارىي شۇنىڭدەك بىر مەھەللىدىكى ئەر قولۇم -قوشنىلىرى بولۇپ بىر مۇنچە ئادەم دەرۋازا ئالدىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ۋادەككە مىخلانغان ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كەلگەن مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ، كەتكەنلەرنى ئۇزىتىۋاتاتتى. بېشىغا نىمكەش بادام دوپپا، ئۇچىسىغا سۇس قارا يوللۇق يەكتەك كىيىۋالغان ھەسەن خالۋاپىنىڭ مىس رەڭ قىزغۇچ چىرايىدىن ھارغىنلىق ئالامەتلىرىمۇ، خۇشال بولغانلىق ئىپادىلىرىمۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھارغىنلىقىنىڭ سەۋەبى، ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى توي تەييارلىقى ئۈچۈن چېپىپ يۈرۈپ بەك





ھاردۇق يېتىپ كەتتى. ئەتىگەن يەنە زو ۋاقتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مەسچىت جامائىتى ئۈچۈن ئېسىلدىغان قازان ئۈچۈن پولۇچى ئۇستىلار بىلەن پالاقلىدى. جامائەت ئالدىدا ئوغلىغا نىكاھ ئوقۇتۇش، تىز چاينىتىش... دېگەندەك بىر قاتار ئىشلاردىمۇ ئاتا بولغۇچى دەرقەمدە تۇرىدىغان گەپ. شۇڭا ئۇ توي يېرىملاشماي تۇرۇپ ھارغان، ئاچقان ئىدى. ئۇنىڭ خوش بولغىنى يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تويغا كەلدى، ئەتىگەندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ چېپىشىپ تۇغقانچىلىقنى ئوبدان يەتكۈزدى. يەنە تېخى نەچچە ئايدىن بېرى ئاتا - بالىلىقتىن كەچكەندەك ئۆزىنى كۆرسەتمەي يۈرگەن يۇنۇس ئۇلۇشكۇن ئاخشام ئاسماندىن چۈشكەندەك ھويلىدا پەيدا بولدى ھەم: «ھە، مەن نېمە ئىش قىلىمەن دادا، ئانا؟ » دەپ نەدە ئىش بولسا، شۇ يەردە پالاقلاپ كەتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى يىگىتلەرگە باش بولۇپ ئىنىسىنى نىكاھقا ئەكىلىش، ماشىنا تېپىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرۈيدۇ. ھۇسىناخۇننىڭ يېنىدا ئۇ بولغاچقا، چوڭلار بۇ يەردە خاتىرجەم مېھمان ئۇزىتىپ يۈرۈيدۇ. يۇنۇس ئەسلىدىمۇ تېگىدىن ئەقلى بار، ئىنسابلىق بولغان، قارىغاندا ماڭغان يولىغا، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلغان ئوخشايدۇ، ئادەم بولاي، ئەسلىمنى تاپاي دېگەن ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاستا - ئاستا خوتۇنى بىلەن يارىشىپ بالىلىرىنىڭ بېشىنى سىيلىسا ياخشىدى... بۈگۈنكى يەنە بىر خۇشاللىق، يىراقتىكى يۇسۇپمۇ تويغا ئۇلگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئىلگىرىكى خېتىدە يازغىنىدەك، ئىمتىھانىنى ھەم بالدۇر ھەم بەلەن بېرىپتۇ. مەكتەپنىڭ قويۇپ بېرىشى بىلەن ئاكىسىنىڭ تويىغا ئۈلگۈرۈپ كەپتۇ. مانا، ئائىلىدىكى بىر قاتار كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاق كۆڭۈل يەڭگە ئاچىسى پىن-

نەخاننىڭ ئۆلۈمى، يۇنۇس ئاكىسىنىڭ ئۆيىنىڭ بۇزۇلۇپ، بالىلىرىنىڭ يېتىم بولغانلىقى، قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى مۆجىزىلىك ئورمانلىقنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقى... دېگەندەك ئىشلارنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۈن - كۈنلەپ قۇملۇقتا چىقىپ ئولتۇرۇۋالغان بالىنىڭ بۈگۈن تويغا ئەرمەك بولۇپ خېلى كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى...

بىر كەمدە ئايالالارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلاندى. ھەسەن خالۋاپ بۇرۇلۇپ يول تەرەپكە قارىدى. كوچا ئاغزىدا قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئاياللار جاۋۇلداشقانچە كېلىۋاتاتتى. كەيپى ئالاھىدە سازلىشىپ قالغان نازىلخان تەڭگە گۈللۈك مايسارەڭ چىكەندىن ئۇشۇقىنى ياپقىدەك ئۇزۇن كۆڭلەك كەيگەن، چېچى ئاقىرىۋاتقان بېشىغا كۆڭلىكىنىڭ رەڭگىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان پارقىراق پىستانلىق رومال سېلىپ، يۈزلىرىنى ئاپئاق، كالپۇكىنى شاپتۇل چېچىكىدەك قىزىل قىلىۋالغان ئىدى. نازىلخاننىڭ ئوڭ يېنىدا داستىخان كۆتۈرۈۋالغان ئاغىچىخان، سىڭىللىرى نايىمخان، خانزۆھرەملەر، سول يېنىدا بالا كۆتۈرۈۋالغان شەرۋانەم، خوتەن، كۈچادىن كەلگەن تۇغقانلار، ئۇلارغا ياندىشقان روزىگۈل، نۇربۇۋى، ئاغىچىخاننىڭ قىز - كېلىنلىرى راھىلە، ھاۋا قىز قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە يەنە ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنا - قولۇم ئاياللار كېلىۋاتقان بولۇپ، ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغاچقا، نازىلخان ئۇلارنى پىيادە باشلاپ كەلگەن ئىدى. ياز كىرگەندىن بېرى ساقىسىز بولۇپ يېتىپ قالغان ھەمىدىخان تويغا كېلەلمىگەن ئىدى.

قارشى تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا كەنت مۇدىرى ئەستىللاخۇن، مەھەللە باشلىقلىرى ۋە باشقا بىرنەچچە ئۆلپەتلىرى بى-





لەن ئولتۇرغان غوجىخان ئايال قۇدىلارنى كۆرۈپ خۇشياقمىغاندەك ئورنىدىن نۇردى ھەم ھويلا تەرەپكە بويۇنداپ ئايالىنى توۋلىدى:

— ھوي ئانىسى، ھوي سۇلتانبۇۋى! چاقىقان بولۇڭلار، مېھمانلىرىڭلار كەلدى.

— ئوۋ!... — ھويلىدىن سۇلتانبۇۋىنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى ،

— بوشراق توۋلىسىلا، پوقاقلىرى چىقىپ قالمىسۇن يەنە!

— ما خوتۇننى... ھەي بولۇڭلار دەيمەن! ئاۋۇ ھەرقايسى داۋزا ئالدىدا ساقلاپ قالدى.

— ساقلىغانغ زەللە ئالمايمەن، يەنە بىردەم ساقلاپ تۇرسۇن، ئالدىغا چىقىشقا ھايىلىم بار.

— ئاممىچا... ما خوتۇننى!

مېھمانلىرىنى باشلاپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ چوڭ قوش قاناتلىق دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان نازىلخاننىڭ چىرايىدىكى ئەزىز مېھمانغا خاس كۈلكە يامغۇر ئاپتىپىدەك ئۆچتى. ئىككى يېنى ۋە كەينىدە تۇرغان قۇدىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئالدىدا چالمىسى سۇغا چىلاشقاندەك بولۇپ ئەلەم ئىچىدە كۆزلىرىنى لىپىلدىتىپ قالدى. ئايالالارنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت - نەزىرى چۈشۈپ قالغان غوجىخان يەنە ھويلىغا بۇرۇلۇپ:

— ھوي ئانىسى، بولۇڭلار دەيمەن! مۇشۇ خوتۇن خەقنىڭ قىلىقىنى-زە ... — دېدى.

— ھە ماقۇل، ماقۇل، ماقۇل! ئادەم بىر قولىنى ئون قىلالمايۋاتسا، ئوتلاق قېقىپ ئالدىرىتىۋېرىدىكەنسىلە خۇددى، ئىشىكىمىزگە ھاتەم كەپتىكەنمۇ - يا؟ ! — سۇلتانبۇۋى بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ ئۆزىگە ئوخشاش قۇچاقتا بىر كەلگىدەك ئون - ئون ئىككى بودەك ئايال بىلەن سەپ تۈزۈپ چىقىپ

كەلدى. نازىلخان قالتىس ياسىنىۋالغان مەزلۇم قۇدىسىنىڭ سوغۇقلا ئەلپازىنى كۆرۈپ، ئۇنى مېھمان كۈتكىلى ئەمەس، ئۆزى بىلەن چاچ يۇڭداشقىلى چىقتىمىكىن دەپ تۇرغان يېردە بىر چۆلغۇنۇپ قالدى... خۇدىنى يوقىتىپ قويغان بىچارە نازىلخان ئايال قۇدىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتىمۇ ياكى پۇتاق – چوماقلىرى قىر قويۇپ تۇرغان بىر كۆتەكنى قۇچاقلىدىمۇ، ئىشقىلىپ ئېسى تازا جايىدا ئەمەس، ئىشىنىڭ بىسمىللىسىدا مېھمانلىرىنىڭ ئالدىدا سۇنۇپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى بىئارام بولدى...

سۇلتانبۇۋى قۇدىلارنى باشلىغىلى ئۆي بوشتالماي قالدىمۇ ياكى ئۇنىڭ قۇدا – باجا دېگەنگە ئىلتىپاتى شۇنچىلىكمۇ ئىشقىلىپ نازىلخانلارنى پېشايۋاننىڭ ئېغىل-قوتان تەرەپكە يانداشقان تۇزۇككىنە جابدۇلمىغان بىر سۇپىسىغا باشلاپ قويۇپ توپ – توپ ئايالىلار ئارىسىدا غايىب بولدى. نازىلخاننىڭ مېھمانلىرى بىر – بىرىگە قارىشىپ قويۇپ سەل خاپا بولۇشقاننى قىلدى ھەم بىر – بىرىگە ئېغىز – قۇلاق يېقىشىپ كۇسۇر – كۇسۇرغا چۈشتى. ھەممىشە ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ شاپاشلاپ كەلگەن نازىلخان توپا – چاڭ ئۆرلەپ تۇرغان كونا كىگىزدىكى مېزى ساڭگىلاپ قالغان ئەسكى كۆرپىدە ئولتۇرغىنىچە ئىزا – ئەلەم دەستىدىن تامدەك تاتاردى، تېگىدە قۇرت ئۆمىلەۋاتقاندەك قىمىلداپ ئولتۇرالماي قالدى. نازىلخان ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئايىغىدىراق ئولتۇرغان شەرۋانەمگە بويۇندى. ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەپ بىرنەرسە دەڭ، دېگەندەك كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ھەممىنى چۈشىنىپ ئولتۇرغان شەرۋانەم ھەنىپەمنى نۇربۇۋىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. سۇپىدىن پەگاغا چۈشۈپ، پەرتۇقىنى چىڭىتقاچ يورغىلاپ يۈرگەن





بىر چوكاننىڭ ئالدىنى توستى:

— خېنىم ھۆي، بىزنىڭ ئورنىمىز مۇشۇمىكەن ؟ — گەپ سۆزلىرى ھېلىتىن كۇچا ئاھاڭىغا كېتىپ قالغان شەرۋانەمنىڭ قاش – قاپىقى نازىلخاندىنمۇ ئۆتە تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. چوكان ماڭغان ئىزىدا توختاپ بىر مېھمانلارغا، بىر شەرۋانەمنىڭ نارازىلىق ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى ھەم دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى.

— ھەر قايسىلىرى بىزنى جاڭگالدىن كەلدى دەپ قالمىغانلا؟ ھۆپۈپ پاختەكنى ياراتمىغاندەك، ھويلىغا ئەكىرىپلا ئارقا دەڭگە ماڭىدىغان كامارنىڭ تۈۋىدىكى يىرتىق كىگىزگە باشلاپ قويۇشتىلا، ماڭسىلا سۇلتان بۇۋىنى قىچقارسىلا ، مېھماننى مېھمانلىق ئۆيگە، قۇدىنى كۆرپىلىك تۆرگە باشلىسۇن!

— ماقۇل، مەن سۇلتانبۇۋى ئاچامغا دەي.

چوكان شۇنداق دەپ چوڭ دەرۋازا تەرەپتىكى ئۆي تەرەپكە ماڭدى. نازىلخان بىر ئاز جانلىنىپ، ئەجەب ئوبدان ئەدەپىنى بەردىڭىز ئۇكام، دەپ مىننەتدار كۆزلىرىنى شەرۋانەمگە تىكتى. بىراق، نازىلخاننىڭ مىننەتدارلىقى ئارتۇقچە بولۇپ، سۇلتانبۇۋى يەنە قارىسىنى كۆرسەتمىدى. بايىقى چوكانمۇ قۇمغا سىڭگەن سۇدەك توي ئەھلى ئارىسىدا قايتا كۆرۈنمەي قويدى.

توي داۋام قىلىۋاتاتتى.

نەغمىچىلەر قۇمئاۋاتنى ئۆرە – تۆپە قىلىۋەتكىدەك تۇۋلىشاتتى:

ھويلاڭنىڭ تېمى بەش قۇر،
سەكرەشكە بويۇم پەستۇر .
كۆڭلۈمنى ساڭا بەردىم،

ئىشەنسەڭ سۆزۈم راستتۇر .
يۇمىلاقتا يۇمىلاق، يۇمىلاقتا يۇمىلاق،
ھويلىڭىزغا كىرگۈم بار،
بويىڭىزغا سۆيگۈم بار.
بىزنى بوش دەپ خام چەكمەڭ،
بىر سىزگىلا كۆلگۈم بار.

سازەندىلەرنىڭ ناخشىسى تارتىملىق، ئاھاڭى ناھايىتى شوخ ئىدى. مېھمانلار ئارىسىدا قەدىرسىز مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇۋېرىپ ئىچى پۇشقان روزىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— جۇرۇڭلار چوكانلار، ئۇسسۇل ئوينايمىز!

— بېشىڭىز چۆرگىلەپ قالمىغاندۇ، — دېدى شەرۋانەم روزىگۈلگە بۇرۇلۇپ ، — بۇ خەقنىڭ بىزنى مۇشۇنداق كۆزگە ئىلماي ئانى تاپقىنىغا خۇش بولۇپ ئويناپ كېتەمدۇق؟

— تۆي كۆرمىگەن ئادەمدەك گەپ قىلماڭا، — دېدى روزىگۈل ھېچنېمىنى پەرۋايىغا ئالماي ، — سىز - بىزنىڭ تويىمىزدا بۇنداق پاتىپاراقچىلىق بولمىغانمۇ؟ قۇدىلار شۇ تاپتا بىزگە ئۆي بىكارلاپ، خان تەتىللاسىدىن تىكىلگەن پاختىسى پوم قۇدا كۆرپىسى تەييارلاۋاتقاندۇ تايىنلىق!

— شۇنداق قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ھۇسىيناخۇننىڭ ھېلىقى بودەك قېيىنئانىسى كۆرپە تىكىش ئۈچۈن زەيچىنىڭ قېشىغا پاختا ئاتتۇرغىلى كەتكەن ئوخشايدۇ!

شەرۋانەمنىڭ كىنايىسى سۇپىدا ھارسىنىپ ئولتۇرغان ئاياللارنى كۈلدۈرىۋەتتى.

— خاپا بولماڭا بولدى، سىزنى ئەرگە بەرگەندە ئولتۇرۇۋالارمىز قۇدا كۆرپىسىدە.

— ئۆزىڭىزگىمۇ ئەپ قويۇپ گەپ قىلارسىز، جۇما.





— مەن ھېچ ئەرگە تېگىدىغاندەك چۈش كۆرمەيمەن، قارىغاندا باللىرىمنىڭ دادىسى بىلەن يارىشىپ قالىدىغاندەك قىلىمەن.

— يارشىسىڭىز توي قىلارسىز، كۆرپە سالارسىز؟

— بۇرۇن قىلغان تۇرساق، تويىنى...

— ۋىيىەي، كىچىكرەك بولسىمۇ توي قىلمىسىڭىز، ھېچ بولمىغاندا نامازشام تويى قىلىپ تۆت ئادەمگە بولسىمۇ قازان ئاسمىسىڭىز بولماس!

— ۋاقتى كەلسە ئۇنى شۇنداقلا ئۆيگە ئەكىرىۋالارمەن دەپتىم، قارىغاندا سىزگە كۆرپە سالماي، چاي قۇيماي قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن.

— شۇنداق قىلىسىز - دە، ئەلۋەتتە.

— تۇرۇڭا ئەمىسە، ئۇسسۇل ئوينايمىز.

— قىلچىمۇ زەردىڭىز يوقكەن ، — دېدى شەرۋانەم يىغلاپ قەغىش قىلىۋاتقان ھەنىپەمنى قولىغا ئېلىپ ، — ئىشقىلىپ خەق بۇنداق قىلىۋاتسا مەن ئۇسسۇل ئوينىيالمايمەن!

— ئۆزۈم ئويناي ئەمىسە.

— ئويناڭ، سورۇندىن ئوت چىقارغىدەك ئويناڭ... كۆڭلىڭىزدە بىر خۇشاۋۇق بار ئوخشايدۇ، سىزنىڭ.

روزىگۈل ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇسسىسى ئېقىپ تۇرغان قاشلىرىدىن، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرىدىن، كۈلكە ئوخچۇپ تۇرغان زىناقلىرىدىن، بادام گۈللۈك مارجان دوپپىسىدىن، تال چىۋىقتەك ئىككى يانغا تەڭ تاشلىنىپ تۇرغان ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىدىن، ئۇسسۇل قەدەملىرى بىلەن تەڭ ھەر خىل شەكىل ھاسىل قىلىنىپ تۇرغان كەڭ ئىتەكلىك سېرىق ئەتلەس كۆڭلىكىدىن... ئىشقىلىپ پۈتۈن ئۇزايىدىن

ئۇسسۇل تۆكۈلەتتى.

ئاھاڭلار ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرمەكتە، قەدەملەر توختاۋسىز قىزىماقتا، بەدەنلەر چاقپەلەكتەك پىرقىرىماقتا ئىدى. ئولتۇرغان جايىنى تاشلاپ سازەندىلەر بىلەن ئۇسسۇلچىلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان توي ئەھلى شۇ تاپتا توختىماي ئۇسسۇل ئويناۋاتقان روزىگۈلنىڭ كۆزلىرىنىڭ بىر كىمنى ئىزدەۋاتقاندەك ھەممە ئادەمگە بىر - بىردىن قاراۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى.

— ئا چوكاننىڭ شوخلۇقىنى كۆرۈڭ ، — دېدى قارىشىپ تۇرغانلارنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ، — ھەممىسىدىن چىرايلىق ئوينايدىكەن.

— يۇنۇساخۇننىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى.

— ئەرگە تەگكەندۇ؟

— ئولتۇردىغۇ.

— تۇل بولغاچقا بەك ئوينايدىكەن - دە!

— قىشنىڭياقى يۇزىنى يۆگەپ يۈرەتتى بولمىسا.

— ئەمدى ئېچىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

كۈن پېشىندىن ئۆتكەندە يىگىتلەر كەلدى. ئادەتتىن تاشقىرى شوخلىشىپ كەتكەن بۇ ياشلار ئارىدىن بىرىنىڭ يان تېلېفونىدىن چىقىۋاتقان توي نەغمىسىگە ئۇسسۇل ئوينىغىنىچە ھويلىغا كىرىپ كەلدى .

— كىم مەشرەپ قىلىڭ دېدى، سىلەرنى؟! — ئاچچىقتىن تىنالماي تۇرغان ھەسەن خالۋاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى .

— مەشرەپ قىلمىدۇق، مۇنداقلا ... — يۈزى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن يۇنۇس دادىسىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى، — ئازراق ياشچىلىق قىلىپ قويدۇق شۇ، بىركىمنىڭ مېيىت نامىزىغا كەلمىسەك - يا، بىز...

— شۇ... شۇ... چېچىلماڭا، ھەسىنكا ، — يىگىتلەر ئالا تاغىل مەرەشتى ، — ھۇسىيناخۇن قۇمئاۋاتنىڭ مەزىنىگە ئەمەس، شۇجىسىغا دۇيئوغۇل بولدى ئەمەسمۇ!

— ھۇسىيناخۇن ئەمەس، ھۇسەنجان!

— ھە راست، ھۇسەنجان... ئەمدى ئۇنى كونا پەتىۋالىردىڭىز بىلەن ئېتىكابتا ئولتۇرغۇزىۋالسىڭىز بولمايدۇ. ئەتە تۇرۇپ ئۆگۈنلۈككە ۋېيىنئاتىسى بىلەن ئۇلپەتلىشەلمىسە، ئىغۇنچە قىزغا ئەر بىرلالمايدۇ، ھا ... ھا... ھا ...

— ھۇ دەيۇزلەر، قىيامەتنىڭ توڭگۇزلىرى... ھەممىسى ئېشەك سۈيدۈكىنى ئىچىپتىمۇ دەيمەن ! — ھەسەن خالۋاپ چوڭ ئوغلىنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىكى ئېچىق پۇراقتىن سەسكىنىپ كەينىگە داجىدى، — ئەمدى ئاۋۇ ئەخمەقنىڭ نىكاھى ھارام بولىدىغان بولدى، ئېسىت!

يىگىتلەرنىڭ كېلىشى بىلەن مەشرەپ تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. پۇت - قولىنىڭ قىچىقى بار ئىككى - ئۈچەيلەن روزىگۈلنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۇنۇسنى ئىتتىرىپ، كۆتۈرۈپ دېگەندەك سورۇنغا چىقىرىپ قويدى. روزىگۈلمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك شوخ ئۇسسۇللىرى بىلەن ئۇنى ئايلىنىپ ئويناپ سورۇندىن قاس چىقىرىۋەتتى. شەرۋانەم، نۇربۇۋىلەر كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ كەتتى، سورۇنغا قىستىلىپ كېلىپ ئۇلارنى تەبرىكلىگەندەك چۇرقىراشتى. ئادەتتىن تاشقىرى شوخ بولۇپ قالغان يۇنۇس بىرئاز كەيىپ ئىدى. ئۇ ئارىدا ھېچبىر ئىش بولۇپ ئۆتمىگەندەك روزىگۈلدىن سورىدى:

— ھا... ھازىرمۇ مەن بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغۇڭ كېلەمـ-

دۇ، روزىگۈل؟

— نېمىشقا كەلمەيتتى؟ — دېدى روزىگۈل پۈت ئالماپ ئۇنىڭغا ئىگىلىپ، — مەن سىزگە تەگكەندە ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمەيدىكەنمەن؟

— بىلمەيتتىڭ.

— ھەببەللى، ماڭا بۇ ئىشقنى ئۆزىڭىز سالغان، ئۆزىڭىز ئۆگەتكەن، ئەمدى ئويىنماي تۇرالمايمەن.

— راست دەۋاتامسەن ؟ — يۇنۇسنىڭ چېھرىدىكى كۈلكە بىردىنلا خۇرسىنىش، ئەلەمگە ئورۇن بوشاتتى .

— مېنىڭ سىزگە يالغان سۆزلىگەن يېرىم بارمۇ؟

يۇنۇس كۈلدى، ئەمما ئۇنىڭ كۈلكىسى كۈلكىگە ئوخشىمايتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ئىچىمدە يىغا قايناپ قالدى؟

— بۇ يىغلايدىغان يەر ئەمەس.

— كۆڭۈل بۇزۇلغاندا سورۇن تاللىغىلى بولامدۇ؟

— سىز بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستىڭىز.

— مەن ھازىر بۇرۇنقى مەن ئەمەس.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، سىزنىڭ ئاتا - ئانا، ئاغا - ئىنىلىرىڭىز بار. يەنە سىزگە تەلمۈرۈپ تۇرغان باللىرىڭىز بار.

يۇنۇس گەپ قىلمىدى. ئۇ بىردەم پىرقىراپ ئويىنغاندىن كېيىن ئابدۇراخماننى سورۇنغا تارتىپ قويۇپ ئۆزى سورۇندىن چىقىپ كەتتى.

روزىگۈلمۇ راھىلەنى ئۇسسۇلغا تارتتى ھەم ئۆزى سورۇندىن چۈشۈپ تەرىنى سۈرتتى.





— بۇ توي يۇنۇساخۇن بىلەن سىزگە بولۇۋاتامدۇ قانداق ؟

— دېدى شەرۋانەم روزىگۈلنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئويناپ كەتكىنىگە ھەيران بولۇپ ، — كونا قەدىناسلار دېيىشەلمىگەن گېپىڭلارنىمۇ سورۇنغا چىقىۋېلىپ دېيىشتىڭلار.

— بۇگۈن پەيتى كېلىپ قاپتىكەن قاراڭ ، — دېدى روزىگۈل كۈلۈپ ، — پۇرسەت كەتسە بولماس ، — ئۇ شۇنداق دەپ، بازارغا ئايلانغان ھويلىدىن تالاغا — ئۆينىڭ كەينىدىكى بۇغدايلىققا چىقتى.

بۇغدايلىقنىڭ ئۇ چېتىدىكى قۇم باغرىدا قېيىنئىنىسى يۇسۇپ ھاۋا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇ بىگىز بارمىقى بىلەن قۇم دۆڭلىرىنى كۆرسىتىپ، قىزغا ھە دەپ بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

روزىگۈل بويىغا يېتىۋاتقان بۇ يىگىت بىلەن قىزنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دەپ كەينىگە ياناي دەپ تۇرۇشىغا يۇنۇس چىقتى. يۇنۇس روزىگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. كەيپلىكتىن بىرئاز يېشىلىپ قالغان يۇنۇس بىر تاغار گېپى باردەك روزىگۈلگە ئۈمچەيدى، لېكىن گەپ قىلىشنى ئەپسىز كۆرگەندەك پۇتىنىڭ ئۇچىدىكى بىر تال خوخا ئوتقا تىكىلگىنىچە ئۇن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى. شۇنداق، ئۇنىڭ نۇرغۇن گەپلىرى بولسىمۇ ئاغزى گەپكە كەلمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. روزىگۈل بۇرۇندىن ئۆزى ياخشى كۆرگەن بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس ئىدى. ئۇ بىلىدۇ، باللىرىنىڭ دادىسى كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېزىپ كەتتى. ئۆزىنى پەرىزات دەپ يۈرگەن بىر ئالۋاستى ئۇنىڭ قېنىنى شوراپ بولغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارە قىلدى. ئۇنىڭغا بىر تۆشۈكنى ئىككى كۆرسەت-

تى، ھەققى - ھۆرمىتىگە قارا ساندى، خىيانەت قىلدى. ئىززەت ھۆرمىتى، ئەرلىك غۇرۇرى سۇنغان يۇنۇس بولسا نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ خوتۇنىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەيتتى .

— مە... مەن، مېنى قارا باستى ! — دېدى يۇنۇس ئاخىرى بوغۇلۇپ ، — مەن مۇشۇ كۈنلەردە روھىم چىقىپ كەتكەندەك لاكاتلىشىپ كەتتىم، مەن ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىغا كىرىپ قالدىم.

— ئالۋاستى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا كۈن ئالالمايدۇ، — دېدى روزىگۈل يىراقتىكى قۇم دۆڭلىرىگە قاراپ ، — ھەر قانچە يامان ئالۋاستى بولسىمۇ ئەدەپ - جازاسىنى يەيدۇ.

— مە... مەن قانداق قىلسام بولار ؟ ئۇنى بوغۇپلا ...

— ياق، ياق ! — دېدى روزىگۈل بىردىنلا سەزگۈرلىشىپ، — ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ .

— ئەمىسە، قانداق قىلسام بولىدۇ؟

— بىر مەزگىل ئۇنىڭدىن نېرى تۇرۇڭ، ئۆينى كەڭرى تاشلاپ بېرىڭ .

— نى... نېمىشقا؟

— يامان يول ياماننى ھامان ھالاك قىلىدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈم تويۇپ تۇرىدۇ ...

يۇنۇس ئۈندىمىدى.

كۈن پېتىش ئاسمىنىدا ئاستا - ئاستا قىزىللىق پەيدا بولدى. ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۈچى شامالدا تەۋرىنىشكە باشلىدى. بۇ قارا بوراننىڭ شەپىسى ئىدى.

— بوران ! — روزىگۈل چۆچۈپ تۆت ئەتراپقا قارىدى ، — ۋاي ئېسىت، تويىنى بۇزىدىغان بولدى.

ئۇلار ئېغىنچە قۇملۇققا قاراپ قىزىق پاراڭغا چۈشكەن





يۇسۇپ بىلەن ھاۋانى چاقىرىۋالدى - دە ، ھويلىغا قاراپ يۈگۈردى...

ھويلىدا مەستى بولۇپ قالغان غوجىخان تاماشا چىقىرىۋاتاتتى. ئۇ بېشىدىن ياغلىقنى چۈشۈپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن سۇلتانبۇۋىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇسسۇل ئوينايمىز دەپ سۆرەپ يۈرەتتى:

— چال، چالە دېپىڭنى ھە قېنى ھە...
تامدىن ئېگىز چىتلارنىڭ،
بارسام قاۋايدۇ ئىتلارنىڭ.
ساراڭ جۇمباق...

...

— ھاي... ھاي... سېكرېتار ، — كەنتنىڭ چوڭلىرىدىن بىر نەچچەيلەن كېلىپ غوجىخانغا ئېسىلدى. ، — ما ئىشلىرى قاملاشمىدى، ئا مېھمانلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدۇ. ماڭسىلا پەم بىلەن ئۆيگە كىرىپ يېتىۋالسىلا...

قارا بوران بېسىپ كەلدى. توي ئەھلى پاتىپاراقچىلىققا چۈشتى. يەرنى ئويۇپ ياسالغان ئوچاقلارغا ئېسىلغان قازانلاردىكى پولۇنى قۇم - توپا باستى. قايانغا قېچىشىنى بىلەلمەي قالغان كىشىلەر بوراندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان دوپپا، ياغلىقلىرىنى قوغلىشىپ، يىغلىشىۋاتقان باللارنى ئىزدەپ قىيا - چىياغا چۈشتى. ئەمدى تېخى قول چايقاپ داستىخان سېلىنىشنى كۈتۈپ ئولتۇرغان نازىلخان ئۇچۇپ كەتكەن روملىنى قوغلاپ ھويلىنىڭ ئىچىنى نەچچە پىرقىرىدى ھەم ئاغزىنى بۇزۇپ كىملەرنىدۇر تىللىدى. بىر - بىرلەپ جېنىنى ياقىغا ئالغان، تارقاپ كېتىشىۋاتقان يىگىت قولداشلىرىغا قاراپ تۇرغان ھۆسىناخۇن يىگىت كۆرپىسىدىمۇ ئولتۇرماستىن

ئاسمانغا قاراپ تۇتۇلۇپ تۇراتتى.

ئالەم - جاھان ئاستا - ئاستا قاراڭغۇلاشتى. قىيا - چد-
يالار ئىچىدە قېتىپ تۇرغان ھەسەن خالۋاپ كۆزىنى يۇمۇپ
ئاستا پىچىرلىدى... توپان بالاسى ھاياتلىق دېڭىزىنى تىندۇرۇپ
ئاخىرقى چەككە يېتەي دېگەندە، ئوغۇللىرىنى مەھكەم قۇ-
چاقلاپ يۇم - يۇم ياش تۆكۈۋاتقان بىر ئاتا بىلەن بىر ئانا قۇم
دۆڭلىرى ئىچىدىن بېشىنى چىقىرىپ كۆككە قاراپ ئاخىرقى
قېتىم نىجاتلىق تىلىگەنمىش، ئانىنىڭ يىغىسىنى كۆرگەن
تەڭرى غەزىپىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغانمىش... ئاند-
نىڭ كۆز يېشىدىن قۇملۇقتا بۇلاق ھاسىل بولۇپتۇ، ئاتا كەت-
مىنى بىلەن ئېرىق چېپىپ، بۇلاقنىڭ سۈيىنى قۇملۇق باغرد-
دىكى ئاخىرقى ھاياتلىق ئىزلىرىغا باشلاپتۇ... كېيىن بۇ يەردە
ناھايىتى ئۇزۇن بىر دەريا ھاسىل بولۇپتۇ، ھاياتلىق قايتا
كۆكلەپتۇ...

بوۋاي قىزىللىق ئىچىدە بوراننىڭ تېزرەك ئۆتۈپ كېتد-
شىنى، تۈپىنى تىنچ - ئامان يۆتكىۋېلىشنى، يىراق - يېقىندىن
كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلارنى خاتىرجەم ئۇزىتىۋېلىشنى تىلەيت-
تى.





# خاتىمە

كىشىلەر سارغىيىپ توزۇۋاتقان گۈل-گىياھلارغا، يوپۇر-
ماقلارغا قاراپ كۈز پەسلىنى خازان پەسلى دېيىشىدۇ. ھالبۇكى
قۇمئاۋات، ئاراتاۋلارنىڭ كۈز پەسلى بەكمۇ چىرايلىق كېلد-
دۇ. ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بوران تىنجىپ ھاۋا
ئېچىلىپ كېتىدۇ. كىلىمات بىرئاز نەملىشىپ، ھەر كېچىسى
زىرائەتلەرگە خۇددى يامغۇر ياغقاندەك تەكشى شەبنەم چۈشىدۇ.
كۈزلۈك مېۋە-چېۋىلەر، زىرائەتلەر بالقىپ تۇرغان قۇياش نۇ-
رىدا ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرىدۇ، ھوسۇلى يىغىۋېلىنغان يەر-
گە بۇغداي ئۇرۇقى چېچىلىدۇ، ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرىغا چۆ-
مۈلگەن مايسىلار كېيىنكى باھار ئۈچۈن تۇپراققا يىلتىز تار-
تىدۇ.

ئەنە شۇ چىرايلىق كۈنلەردە ھەسەن خالۋاپ، ئاباسخانلار-
نىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن خۇشاللىقلار كەلدى.
نۇربۇۋى پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ، قۇدا-باجىلارنىڭ رىشد-
تىنى بىر - بىرىگە چىڭىتتى. ئىككى ئائىلە شۇ خۇشاللىق
ئىچىدە تۇرغاندا يۇسۇپ بىلەن ھاۋانىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە
بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى ئەڭ كاتتا ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل
قىلىنغانلىق توغرىسىدا چاقىرىق كەلدى.

خۇشاللىقلار بۇلا ئەمەس، ئالدىراپ - تېنەپ ئادەم يارىتىپ
قالمايدىغان شەرۋانەم قۇمئاۋات، ئاراتاۋلاردىن ئەر تېپىلمد-

غاندەك شوخلۇق قىلىپ كۆچالىق بىر تۇماقچىغا تېگىشۋالدى.

هەمزىخان خالۋاپ جەمەتىگە لايىق ئىش قىلىش ئۈچۈن ئاكىسى هەسەن خالۋاپ بىلەن بىرلىشىپ ئانىسىنىڭ هويلىسىدا دۇكان قۇرۇپ خالۋاپلىق هۈنىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. خۇشاللىقنىڭ چوڭى ئەلۋەتتە يۇنۇسنىڭ بوينى قىسىلىپ يۈرگەن باللىرى ئۈچۈن بولدى. روزىگۈل ئاخىرى ئېرىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىۋالدى.

تۇرمۇشتا يەنە خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق قوش كېزەك بولىدىكەن. ئېگىز شاخقا ئېسىلىپ نوچى يەردىن كېلىن ئەكىرگەن نازىلخان بۇرۇنقى ياۋاش – يۇمشاق كېلىنى پىننەخاننىڭ خارلىقىنى تارتىپ، يېڭى كېلىننىڭ يۈندىسىنى تۆكىدىغان يامان كۈنگە قالدى. مانا ئەمدى پىننەخاننى ياد ئەتكەن بۇ بىچارە ئايالنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرىمايدىغان بولدى.

بۇ كۈنلەردە غوجىخاننىڭ هالىنى كۆرسىڭىز، ناشايانخۇمار ئادەملەرنىڭ هامان كۆرگۈلۈكى بارلىقىغا چىن پۈتىسىز. خالۋاپ جەمەتىنىڭ كونا رەقىبىدىن قۇدا – باجىسىغا ئايلانغان بۇ نوچىنى بېشەم خوتۇنى سۇلتانبۇۋى هېلىقى ئارقا ئۆيدە مەغپىرەت بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ئەل – جامائەت ئالدىدا بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا شەرمەندە قىلدى هەم روزىگۈلدىن ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ رىزقىغا ئېغىز ئاچقان مەغپىرەتنىڭ چاچلىرىنى يۇڭداپ، يۇزىگە تۈكۈرۈپ قۇمئاۋاتتا تۇرغۇسىز قىلىپ قوغلىۋەتتى. شۇ ئىشلارنىڭ كاساپىتىدىن قىلغان – ئەتكەنلىرى پاش بولغان غوجىخان ئىززەت – ئابرويىدىنمۇ، هوقۇقىدىنمۇ چۈشۈپ، يېگەن – ئىچكەنلىرىنى قۇمئاۋاتلىق ئالدىدا بىراقلا قۇستى. ئۇ هازىر موللام مۇشۇك بولۇپ، بىر چەتتە شۈمشىيىپ قالدى.

سېنتەبىرنىڭ باشلىرىدا قۇمئاۋاتلىقلار بىلەن ئارائاۋات-





لىقلار يۈسۈپ بىلەن هاۋانى جاهاننىڭ شەرقىدىكى چوڭ شەهەرلەرگە ئۈزىتىپ قويدى . ئۆمرى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئۆتكەن هەسەن خالۋاپ بۇنىڭ ئاخىرلىشىش ئەمەس، بەلكى باشلىنىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئەلۋەتتە، باللار ئەمدى بۇرۇنقىدەك هەقسىز ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى بىلەن خوشلىشىپ، هەق تۆلەپ ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا قەدەم قويغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن 10 مىڭ سوملاپ پۇل تەقلەش بۇ دېھقان ئائىلىلىرى ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمىدى. شۇنداقتىمۇ جان بولسا جاهان، ئاش بولسا قازان بولىدىكەن. ئاتباسخاننىڭ يېنى خېلى توم، ئابدۇراخمان، راهىلەدەك مائاشلىق باللىرى بولغاچقا قىزى هاۋانى ئوڭايلا يولغا سالدى. هەسەن خالۋاپلار بولسا جىق ئاۋارىچىلىقلار تارتتى. ئۇ يۈسۈپنىڭ ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ۋە ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلىغا تاياندى...

بۈگۈن يەنە بانقىچە چىرايلىق كۈن بولدى. هەسەن خالۋاپ ئەتىگەندە نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈپ پادىنى هەيدەپ قۇملۇق باغرىغا چىقتى.

— بوبا، بوبا... ئەمدىغۇ چۆچەك ئېيتىپ بېرەرسىز ؟ — ياسىن بۇرۇنقىدەك بوۋىسىغا ئېسىلدى ، — سىز ماڭا مۇشۇنداق يەكشەنبە كۈنلىرى مەكتەپكە بارمىغان چېغىمدا مال باققاچ چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن، دېگەن!

— ئېيتىپ بېرەي بالام ، — هەسەن خالۋاپ پادىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، ئالدىدىكى دۆڭدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى بولسا هامان يىراقلارغا تىكىلەتتى.

— چاققان بولۇڭە...

— ئېيتىلىشىچە ، — دەپ گەپ باشلىدى بوۋاي نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ ، — كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بۇ زېمىن يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە شىمالىي دېڭىزغا تۇتىشىدىغان بىپايان دېڭىز بولغانمىش. دېڭىزنىڭ ئەتراپى ئورمانلار، دەريا ۋە كۆللەر بىلەن قاپلانغان مۇنبەت سۇلۇق تۈزلەڭلىك بولۇپ، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق قىلىشقا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدىكەنمىش. چەكسىز كەتكەن بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان خەلق تەبىئەتنىڭ بىھېساب ھىممىتى ئىچىدە ياشاپ، نۇرغۇنلىغان چوڭ شەھەرلەرنى، بەگلىكلەرنى بەرپا قىلغانمىش. مۇكەممەل ھالەتتە ياسالغان كوچىلار، سودا - كارۋان يوللىرى شەھەر ۋە يېزىلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، تىرىكچىلىك ۋە مەدەنىيەت يۇقىرى پەللىگە چىققانمىش. كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ھايات، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ۋە ئادەم بىلەن ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى بىلىملىرى ناھايىتى مول ۋە توغرا بولغانمىش... شۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار كېيىن قۇم ئېراسى باشلىنىپ، توپان بالاسى بېسىپ كەپتۇ، تاغلار ئوت بولۇپ يېنىپ، سۇلار ھورغا ئايلىنىپتۇ، زېمىن قۇرۇشقا باشلاپتۇ. جانلىقلار، ئادەملەر قىرىلىشقا باشلاپتۇ. جان ساقلاش كويىغا چۈشكەن كىشىلەر ئامالسىز تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈشكە باشلاپتۇ... بۇ يەردە قالغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئەسلىدىكى ھاياتلىق بۆشۈكى ۋە ياشاش ئاساسىدىن ئايرىلىپ، ئىپتىدائىي ئۇسۇل بىلەن تا بۈگۈنگە قەدەر ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەپتۇ.

ئەمدى ئاشۇ ھەممەتلىك دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ ئىزناسى چەكسىز قۇم بارخانلىرىدا قېتىپ قالغان، قۇملۇق باغرىدىكى سارغۇچ ئېكىنزارلىقلار دېڭىزنى، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. ھالبۇكى، قۇم بارخانلىرىدا قېتىپ قالغان تارام - تارام دولقۇن ئىزلىرىدا يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق ئاددىي بىر ھايات كارتىنىسى ھېلىھەم كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ، قەلبىمىزگە كىرىپ كېلىدۇ...





بۈگۈن بۇ يەردىن يۇسۇپ ئاكاڭدەك، ھاۋا ئاچاڭدەك ئوت يۈرەك باللار چىقتى. ئۇلار ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتنىڭ، تەبىئەتنىڭ نىداسىنى، ھاياتلىقنىڭ سىرىنى چۈشەندى. ياشلىقىنى تەبىئەتكە ئاتاپ قۇم ئېراسىدىن يېڭى بىر ھاياتلىق ئىزىنى ئىزدەش ئىرادىسىگە كەلدى... كېيىن يەنە بۇ يەردىن ياسىن، روشەن، ھەنىپىخان ئىسىملىك باللار يۇسۇپ ئاكىسىنىڭ، ھاۋا ئاچىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدۇ، بالام!

— ھە، بىزمۇ؟

— شۇنداق، سىلەر بالام!

زۇمچەك - زۇمچەك قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. يىراقلارغا سوزۇلۇپ ياتقان قۇملۇق ئالتۇن رەڭگە كىردى. مۇلايىم كۆزلىرى قۇم قۇيۇلغاندەك قىزىرىپ چىققان ئاتا قۇچىقىدىكى نەۋرىسىدىن نەزىرىنى ئۈزۈپ كۆز ئالدىدىكى قۇياشقا قارىدى. قۇياش قۇم دۆڭلىرىدە قىزغۇچ مىس لېگەندەك تىكلىنىپ، زېمىنغا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك بىردەم قىزىرىپ تۇردى - دە، كۆككە ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى.

2007 - يىلى سېنتەبىر، يەكەن

تەكلىپلىك تەھرىر: مۇھەممەدسالىھ مەتروزى
مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : ياقۇپ مۇھەممەتروزى

ئابدۇكېرىم قادىر

# تۆتىنچى ئېراغا سەپەر

(رومان)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010—64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2009-يىل3- ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2009-يىل 3- ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 19.625
سانى : 0001—4000
باھاسى : 32.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-09838-5/I・2025 (维 228)

特约编辑 ：买买提沙力
责任编辑
责任校对 ：牙库甫

图书在版编目（CIP）数据

第四纪之行：维吾尔文/阿布都克热木·喀迪尔著.
一北京：民族出版社，2008.12
ISBN 978-7-105-09838-5

Ⅰ.第… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 213942 号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2009 年3月第 1 版　2009 年3月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：19.625
印　　数：0001—4000
定　　价：32.00 元

ISBN 978-7-105-09838-5/I·2025（维 288）